# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## ONLY ONO HOTAN IN THE WORLD

ئەدەبىيات - سەنئەت


تۈزگۈچى: ئابدۇللا سۇلايمان

BY

ABDULLA SULAYMAN



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

天下只有一个和田.5,文学、艺术/阿布拉·苏莱满编著.
—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.8
ISBN 7-228-08242-7

Ⅰ.天... Ⅱ.阿... Ⅲ.①和田地区—概况—维吾尔语
(中国少数民族语言) ②文学—概况—和田地区—维吾尔语
(中国少数民族语言) ③艺术—概况—和田地区—维吾尔语
(中国少数民族语言) Ⅳ.K924.52
中国版本图书馆CIP数据核字(2003)第074073号

责任编辑:穆娜尔江·托呼塔洪
责任校对:穆尼热·木沙江
封面设计:艾克拜尔·沙力

天下只有一个和田
——文学、艺术

阿布都拉·苏莱满 编著

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市解放南路348号邮编830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐仁祥印务有限公司印刷
880×1230毫米 大32开本 13.75印张 插页2
2003年8月第1版 2003年8月第1次印刷
印数:0001—3800册

ISBN 7-228-08242-7
(民文)总定价(共六册):98.50元

## مۆھتەرەم ئوقۇرمەن
# خوتەننى بىلگىڭىز بارمۇ؟

*خوتەن مۇلكىكى جەننەتتىن نىشاندۇر،*
*سەۋادى ئۇزرە جەننەت جان فىشاندۇر.*
*(نەۋائى)*

«دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» — بۇ چىن پىششىق گەپ. چۈنكى خوتەنلىكلەر «بىرنى بىر» دەيدۇ.

خوتەن — ئۆز دىيار، تارىخى ئۇزۇن دىيار؛ خوتەن — تارىختا ئىچكىرىكى چىن ئۈچۈن غەربكە كۆزنەك دىيار؛ شۇڭا، نۇرغۇن سالنامىلەر، سەيياھلارغا دېڭىزدەك كەڭ سۆزلەك دىيار.

خوتەنلىكلەرنىڭ ئاتا - ئاغۇنلىرى ئۇزاق ئۆتمۈشتىن تارتىپ، قاراقۇرۇم ئېتەكلىرىدە، گازۇن - چىرىلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ، بارخانلارنىڭ ھۇجۇملىرىنى كەتمەن بىلەن توسقان ۋە قورام تاشلارنى دومىلاتقۇدەك دەھشەتلىك قاش ئۆكۈز ئېقىنلىرىنى بويسۇندۇرغان، تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئەقىل- ھۈنەر بىلەن ئېچىپ، تەبىئەتنى ئۆزىنىڭ قانۇنى بىلەن ئىگىلىگەن ھەم ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتنى جەمئىيەتنىڭ نىزامى بىلەن يۈكسەلدۈرگەن. شۇنداق قىلىپ، جەننەت مەسەل خوتەن بوستانلىقىنى ئەھياغا كەلتۈرگەن. بۇ ھەقىقەت توغرىسىدا، ئالتە جىلدلىق ئەمەس، ئاتمىش جىلدلىق قامۇس تۈزۈپمۇ بايانىغا يەتكىلى بولماس.

تالانتلىق شائىر، ئىجتىھاتلىق پروفېسسور ئابدۇللا سۇلايمان قەلىمىگە مەنسۇپ بۇ يۈرۈشلۈك كىتاپلار خوتەننى ھەر جەھەتتىن بىلگۈسى كەلگەن ھەرقانداق ئوقۇرمەن ئۈچۈن قىممەتلىك دەستۇردۇر. ئۇنىڭ تەشەببۇسى ۋە تەشكىللىشى- تەھرىرلىشىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن بۇ دەستۇر، ئاساسەن، ئۆز ئانا يۇرتىدا تۇغۇلغان ۋە ئۆز ماكانىنىڭ ئۆتمۈشى ھەم ھازىرىنى ئوبدان ئۆگەنگەن، پىششىق بىلگەن قەلەمكەشلەرنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرىنىڭ شىلدىر - شىكەر مېۋىسىدۇر. بۇ كىتابنىڭ ئالتە جىلدى بىر - بىرىگە ئۆزۋى باغلانغان ھەم ھەر بىر جىلدى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ئەسەردۇر. ھەر جىلدىنى ۋاراقلىغىنىڭىزدا، رىۋايەتتىن

تاكى ئەمەلىيەتكىچە، ئىجادىيەتتىن تاكى رېئاللىققىچە بولغان كارامەتلەر تەسۋىرى كۆز ئالدىڭىزدىن خۇددى كارتىنىدەك بىر - بىرلەپ ئۆتىدۇ؛ سىزنى نەچچە مىڭ يىللىق تىلسىماتنىڭ قاپقىسىنى ئېچىپ، ئاجايىب رەڭگارەڭ ۋە ئىنسانىيەتكە ھەمىشەك خەزىنىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر قىلىدۇ؛ سىزنى ھېكايەت باياۋانىنى كەزدۈرۈپ، ھاياتلىق خىيابانىغا يەتكۈزۈپ، خوتەن توغرىسىدىكى بىلىم تەشنالىقىڭىزنى شېرىن تىل بۇلاقلىرىدىن قاندۇرىدۇ.

ئىگىلىك تەمىر قىلىشتا تۆھپىكار، مەدەنىيەت - مەرىپەتنى گۈللەندۈرۈشتە كەشپكار، مەنىۋى ئۇزۇقلۇق يارىتىشتا سەنئەتكار، يۇرت - ماكانىنى قوغداشتا پىداكار خوتەنلىكلەرنىڭ مۇلايىم چېھرىسى كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاراقۇرۇمدەك چىڭ ئىرادىسىگە ۋە ئالەمشۇمۇل ئەمگەك مېۋىسىگە قايىل بولىسىز ۋە ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئوقۇيسىز.

نۇرغۇن - نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەر ۋە كۆرمىڭ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن خوتەنلىكلەرنىڭ ھازىرقى بوغۇنلىرى يىرىم ئەسىردىن بۇيان قەدىمكى ئوغۇش- ئاغۇنلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئانا يۇرتىنى ئەقىل - پاراستى ۋە ئەمگەك تەرى بىلەن تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش يولىدا جان پىدالىق كۆرسىتىپ كەلمەكتە. قەدىمكى خوتەننىڭ پارلاق مەدەنىيىتىگە ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلغان يېڭى خوتەن پەن - تېخنىكا ۋە ئۇچۇر مۇلازىمەت ئەسرى بولغان 21 - ئەسىرگە يېڭىچە قىياپەت بىلەن گىگانت قەدەم باستى.

قەدىمدىن تارتىپ كىيلىۋاتقان ئۇدۇم ـــ «يۇرت ئاتىسى نېمىگە مايىل بولسا يۇرت ئەھلى شۇنىڭغا ياندىشىدۇ» دېگەن ھېكمەتنى ۋە «يادلاپ ئالغان كېتىدۇ، يېزىپ قويغان قالىدۇ» دېگەن تەمسىلنى ياخشى چۈشەنگەن خوتەن رەھبەرلىرىدىن ئۆمەر ئابدۇللا، جۈملىدىن يالقۇن قادىر ھەم مۇھەممەت چاۋار ئەپەندىلەرنىڭ قەلەمكەشلەرنى قوللىشى بىلەن بۇ دەستۇر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان. بۇ ئەپەندىلەرنىڭ ھىممىتىگە ۋە قەلەمكەشلەرنىڭ غەيرىتىگە كەڭ جامائەتچىلىك باركاللا دەيدۇ ۋە ئوقۇرمەنلەر جامائەسى ئالقىش بىلدۈرىدۇ دەپ ئىشىنىمەن.

ئېھتىرام بىلەن: **ئىمىن تۇرسۇن**

2003 - يىل، ئىيۇن

## مۇندەرىجە

قەدىمكى خوتەننىڭ بۇددىزم بەدىئىي سەنئىتى ..........
ئابابەكرى جاپپار .............................. 1
بۇددىزمنىڭ خوتەنگە تارقىلىشى .................. 3
1. ئۇدۇندىكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكىللىرى .............. 3
2. بۇددىزمنىڭ خوتەنگە تارقىلىشى .................... 6
3. ئۇدۇندا بۇددىزمنىڭ كېڭىيىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان شەخسلەر .................................... 12
بۇددىزمنىڭ ئۇدۇندا ئەۋج ئېلىشى ........................ 15
1. بۇددىزمنىڭ ئاممىباب ئەقىدە-قاراشلىرى ............... 16
2. بۇددىزمنىڭ ئۇدۇندا ئەۋج ئېلىشى ..................... 19
3. مۇرەككەپ بىرىكمە مەدەنىيەت ئىپادىسى ................ 27
بۇددىزمنىڭ سىرتقى ئەللەرگە كېڭىيىشى............. 37
1. ئۇدۇننىڭ سىرتقى ئەللەر بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋىتى ...................................... 37
2. بۇددىزمنىڭ ئۇدۇننى مەركەز قىلىپ سىرتقا كېڭىيىشى ... 40
3. تەرجىمە ۋە شەرھشۇناسلارنىڭ ئاكتىپ تەسىرى .......... 46
4. بۇددىزمنىڭ ئۇدۇندىن سىرتقا كېڭىيىشىدىكى ئىجتىمائىي ئامىللار .................................... 51
ئۇدۇن بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتى ....................... 53
1. ئۇدۇن ئىپتىدائىي بەدىئىي سەنئىتى ھەققىدىكى مۇلاھىزە... 53
2. ئۇدۇن بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى... 58
3. ئۇدۇن رەسساملىقىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بولغان تەسىرى .................................... 64
بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ ئۇدۇندىكى نامايەن-دىلىرى ........................................ 71

1. تەسۋىرىي سەنئەتتە ئۇدۇن ئۇسلۇبىنىڭ ئىپادىلىنىشى ...... 72
2. قەندىھار ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرلىك ئىپادىلىنىشى........ 76
بۇددىزمنىڭ ئۇدۇندا خارابلىشىشى ........... 81
1. بۇددىزمنىڭ ئۇدۇندىكى ئاخىرقى تەقدىرى........ 81
«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»غا كىرىش سۆز........
......... ئەنۋەر بايتۇر، خەمىت تۆمۈر 87
تەۋارىخي مۇسىقىيۇن .........
......... موللا ئىسمەتۇللا بىننى نېمەتۇللامۇجىز 103
ئىزاھلار......... 120
نەۋائى ۋە خوتەن ......... ئىمىن تۇرسۇن 133
ئىجادىيەت ئاسمىنىدا چاقناپ ئۆتكەن چولپانلار ........
......... ئابدۇللا سۇلايمان 143
ئىزدىنىش يولىدىكى ئىزگۈ قەدەملەر .........
......... مۇھەممەتتوختى ئەھمەد 237
سېيت ھاجىدىن نىياز ھېكىمبەگكىچە ...... ئابدۇللا مەتقۇربان 259
شېئىرىي گۈزەللىك ۋە شېئىرىي ئىجادىيەت .........
......... مۇھەممەت چاۋار 279
«بەش تۈپ سەگۈ تېرەك» دىن «يېڭى قوشنا»غىچە .........
......... ئەنۋەر ھوشۇر 305
تىرىشچان يازغۇچى، پەرۋىشكار باغۋەن......... ياسىن زىلال 319
«مۇھەببەتنىڭ كۆزى يوق» ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز.......
......... مۇھەممەت كامال (خۇشخۇي) 325
خوتەن خەلق ناخشا - كۈيلىرىنىڭ تارىخي، بەدىئىي قىممىتى
ھەم پېشۋالار ......... ئابدۇللا سۇلايمان 331
خوتەن خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭ ئالاھىدىلىكى .........
......... تۇرسۇنجان ئابدۇللا 391
خوتەن مۇقاملىرى ......... ئابدۇللا مەجنۇن 403
خوتەن سانائىنەفىسەنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى ........
......... ئابدۇللا سۇلايمان 427

# 目 录

古代和田的佛教艺术 ………………………… 阿巴白克·加帕尔 1
佛教传入于阗 …………………………………………………… 3
1. 于阗的原始崇拜形式 ……………………………………… 3
2. 佛教传入于阗 ……………………………………………… 6
3. 于阗佛教兴盛时期起重要作用的人物……… 12
于阗佛教的兴盛 ……………………………………………… 15
1. 佛教的通俗信仰观念 …………………………………… 16
2. 佛教在于阗的兴盛 ……………………………………… 19
3. 复杂汇集文化的表现 …………………………………… 27
于阗佛教的外传 ……………………………………………… 37
1. 于阗对外关系种种 ……………………………………… 37
2. 于阗为中心的佛教外传 ……………………………… 40
3. 佛学翻译家、经济学家的积极作用 ……………… 46
4. 于阗佛教外传的社会原因 …………………………… 51
于阗佛教的造型艺术 ……………………………………… 53
1. 于阗原始艺术的谈讨 …………………………………… 53
2. 于阗佛教造型艺术的形成 …………………………… 58
3. 于阗绘画艺术对中原的影响 ………………………… 64
于阗佛教造型艺术之范例 ………………………………… 71
1. 造型艺术中的于阗风格 ……………………………… 72
2. 犍陀罗造型艺术风格的动态表现 ………………… 76
于阗佛教的衰亡 ……………………………………………… 81

1. 佛教在于阗的最后命运 …………………… 81
“乐师史”之出版序言 … 安瓦尔·巴依土尔、海米提·铁木尔 87
乐师史 ………………………………………… 尼默吐拉默吉孜 103
“乐师史”注释 ……………………………………………… 120
那瓦依与和田 ……………………………… 伊明·吐尔逊 133
已故文坛名人录 …………………………… 阿不都拉·苏莱满 143
探索中的足迹 ……………………… 买买提托合提·艾合买提 237
话说色依提阿吉和尼牙孜阿奇木佰克 ……………………
…………………………………………… 阿不都拉·买提库尔班 259
诗歌美与诗歌的创作 ………………………… 买买提·乔瓦 279
从“五棵青扬”到“新邻居” ………………… 安瓦尔·吾守尔 305
勤奋的作家，勤劳的园丁 ………………… 牙生·孜拉力 319
略论“爱情无眠” ……………………………… 买买提·卡玛力 325
和田民间歌曲的历史价值及艺术名人 ……………………
……………………………………………… 阿不都拉·苏莱满 331
和田民间歌典的音乐特点 ………… 吐尔逊江·阿不都拉 391
和田姆卡木 ……………………………… 阿不都拉·买吉农 403
和田文工团的成立及其发展 ………… 阿不都拉·苏莱满 427

ئابابەكرى جاپپار

# قەدىمكى خوتەننىڭ بۇددىزم بەدىئىي سەنئىتى

دىن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تۈنجى بەلگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز نۆۋىتىدە ئىنسانىيەت مەدەنىيلىك تۇرمۇشىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ، ئىنسانىيەتنى مەنىۋى جەھەتتە كونترول قىلغۇچىلىق رولىنى ئوينىغان. ئىپتىدائىي دىن تۇتېمنى ئۆزىگە بەلگە قىلغان. بۇ مەزگىلدە ھەرقايسى قوۋم، مىللەت دائىرىلىرى ئۆزلىرىگە ياشاش مۇھىتى ئىزدەش داۋامىدا ئۇچراتقان تەبىئەتتىكى مۇرەككەپ ماھىيەتلىك ھەم ئەزەلىيلىك ئاساسىغا ئىگە بولغان شەيئى، جىسىم ۋە ھادىسىلەرنى ئۆزىگە تۇتېم قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىياتىنى ئەنە شۇ تۇتېم ئارقىلىق چۈشەنگەن ھەم ئەۋلاتلارغا شەرھلىگەن بولسا، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، تەبىئىي بېسىم ھەم تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش داۋامىدىكى جاپا - مۇشەققەتلىك، ئازاب - ئوقۇبەتلىك سەرگۈزەشتىلىرى داۋامىدا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى مەنبە قىلغان تەبىقە، قاتلام، سىنىپىي مۇناسىۋەتلەردىن كەلگەن، ئېزىلىش ھەم چەتكە قېقىلىشتىن كەلگەن بېسىم ئىنسانىيەت ئېتىقادىنى يېڭىلاش ئېھتىياجىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، ئەقىدە - ئېتىقاد جەھەتتە ئۆزلىرىگە مەنىۋى تۈۋرۈك بولۇپ، خۇشاللىق - قايغۇسىغا ئورتاقلىشالايدىغان، ئەڭ مۇھىمى ئۆزلىرىگە تەسەللىي بولالايدىغان تەبىئىيلىكتىن ھالقىغان «ئىلاھ» نى ئىزدەش ئېڭىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئىنسانىيەت تاغ، ئۆڭكۈر تۇرمۇشىنى ئاخىرلاشتۇرغان مەزگىللەردە ئىنسانىيەتنى ئىككى قۇتۇپقا ئايرىشنى نىشان قىلغان سىنىپىي مۇناسىۋەت ئىپادىلەنگەن ھەم گەۋدىلەنگەن.

ئارخېئولوگىيىلىك ھەم ئېتنىك تەتقىقاتلارنىڭ ئورتاق يەكۈنى شۇ بولغانكى، ھەرقانداق بىر ھۆكۈمران سىنىپ، ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئۆزىگە قاراشلىق ئاۋامنى كونترول قىلىشتا كۈرۈنمەس زەنجىر بىلەن ئۆزىنى ئۆزىگە باغلاتقۇزۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان. بۇ دەل دىنىي ۋاستە قىلغان. شۇ سەۋەبلىك دىن ئەڭ ئاۋۋال كۆپىنچە ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، مۇئەييەن تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىنىپ، دىنغا ئائىت قانۇن - نىزاملار ئارقىلىق ئاۋام ئارىسىغا مەجبۇرلاش ئاساس قىلىنىپ تارقىتىلغان. ئىنسانلار ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت قاتلىمىدا بىر قەدەر كەڭرى ئاساسقا ئىگە بولغان، شۇنداقلا بىر قەدەر ئۇزاق تارىخىي جەرياننى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ سىستېمىلىق نەزەرىيە بىلەن يەككە ئېتىقاد دەۋرىنى بېسىپ ئۆتكەن دىنلاردىن شامان دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە ئىسلام دىنى ۋۇجۇدقا كەلگەن. تارىخىي مەلۇماتلاردىن مەلۇمكى، ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنلار ئاساسەن بىر رايون ۋە رايون بىلەن رايون ئوتتۇرىسىدا ئىختىيارىيلىقنى، قىزىقىشنى ئاساس قىلىپ، يېڭى مەدەنىيەت ئېلېمېنتى سۈپىتىدە تارقالغان ھەم مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىغان. جۇملىدىن يۇقىرىقى دىنلارنىڭ بېسىپ ئۆتكەن مۇھىتى، مەۋجۇتلۇق دەۋرىمۇ ھەرقايسى رايونلاردا تەكشى بولمىغان.

قەدىمكى خوتەن، يەنى ئەينى دەۋر ئاتالمىسى بويىچە ئۇدۇن (تارىخىي باسقۇچلاردا ئوخشىمىغان تىللاردىكى ئوخشاش بولمىغان ئىپادىلەشلەر ئارقىلىق قەدىمكى خوتەننىڭ نامى ئۇدۇن ئاتالمىسىدىن باشقا، جۇسادەننا، تەننا، چۇدەن، يۇتيەن، قوردان، قۇستانە، گۇستانە، يوتقان (يوتكان)، چىنماچىن، توققۇز خاقان ... قاتارلىق ناملاردا («تارىخنامە» ۋە «خەننامە» لەردە ئاساسەن ئۇدۇن دەپ ئېلىنغان) ئاتالغان. بۇ جايلاردا شامانىزم ۋە مانى دىنى بىر مەھەل روناق تاپقان. بۇددىزم گەرچە كەشمىر ئارقىلىق تارقىلىپ كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇددا دىنىنىڭ بۇ ئەلدىكى زور ئۇتۇقلىرى، يېڭىچە تەرەققىيات يوللىرى قەدىمكى خوتەننى قوشنا ئەللەرگە، شۇ ئاساستا قوشنا ئەللەر ئارقىلىق يىراق - يىراقلاردىكى يات ئەللەرگە تونۇتقان. دېمەك، بۇددا دىنىنى قەدىمكى خوتەن — ئۇدۇننى دۇنياغا تونۇتۇپ، ئاۋۋال ۋە ئاخىرىغا يەتكەن مەدەنىيەت ئىزلىرىنى قالدۇرغان بولسا، ئۇدۇن بۇددا دىنىنىڭ كېڭىيىش ۋە تارقىلىشتىكى ئىككىنچى مەركەز (غەربىي يۇرتقا نىسبەتەن ئەڭ چوڭ، تۇنجى مەركەز ھېسابلىنىدۇ) گە ئايلىنىپ، جاھان مەدەنىيىتىنىڭ كلاسسىك ئابىدىلىرى قاتارىغا

يېڭىچە بۇددىزىم بەدىئىي سەنئىتىنى كىرگۈزۈپ، بۇددا دىنىنىڭ ھازىرقى دۇنيادىكى تەسىرى زور بولغان ئۈچ خىل دىن (بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى، ئىسلام دىنى) نىڭ بىرى بولۇپ قېلىشىغا كاتتا تۆھپە قوشقان.

ئەلۋەتتە ھەرقانداق بىر دىن ئۆز تارىخىدا ئىستىخىيىلىك ھالەتتە تەبىئىي ئومۇملاشمىغان، بەلكى مەلۇم مەجبۇرلاش ۋاستىلىرىنى ئۆزىگە تۈرتكە قىلىپ، ئۆز تارىخىدا تارقىلىش، ئەۋج ئېلىش، قوشنا ئەللەرگە كېڭىيىش، ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت بەلگىلىرىنى قالدۇرۇش ۋە باشقا دىنلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، زاۋاللىققا يۈزلىنىشتەك تارىخىي باسقۇچلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشىغان قەدىمكى خوتەن — ئۇدۇندىكى بۇددا دىنىمۇ پەيدا بولۇشىدىن زاۋاللىققا يۈزلەنگۈچە بولغان جەرياندا يۇقىرىقى باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەن.

# بۇددىزىمنىڭ خوتەنگە تارقىلىشى

## 1. ئۇدۇندىكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكىللىرى

ئۇدۇندا ئەڭ دەسلەپكى دىن ئۆزىگە توتېمنى بەلگە قىلىپ، تەدرىجىي كۆپ خۇدالىق دىن ھالىتىدە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىغان. خېلى بىر مەزگىللەردىن كېيىن شامانىزىمنىڭ ئىپادىلىرى كۆرۈلۈشكە باشلاپ، خېلى بىر مەزگىللەرگىچە شامان دىنى ئاۋامنىڭ قوبۇل قىلىشىغا، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ قوللىشىغا، ھەتتا ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئىشلىرىدا شامان دىن پىرلىرىنىڭ پىكرىنى ئېلىشتەك يۇقىرى ئىناۋەتلەرگە ئېرىشكەن.

بۇ ھەقتىكى دەلىللىمىز:

1) خوتەن ۋىلايىتى دائىرىسىدىكى قىياتاش رەسىملىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يوغان مۈڭگۈزلۈك قوي سۈرىتى، شۇنداقلا نىيە، سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقلىرىدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمىي جەسەت ساندۇقلىرىدا ھەمدەپنە قىلىنغان قوي باش سۆڭەكلىرى؛

2) سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان، مىلادىيىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان ئارخېئولوگىيىلىك

تېپىلما — گۈللۈك ئىشتاندىكى «ئات ئادەم» سۈرىتى؛

3) نىيە خارابىسىدىكى خارابە تۈۋرۈك، ياغاچ جاھازىلار، ئۆي سايمانلىرىدىكى «ئات ئادەم» (يېرىم ئات، يېرىم ئادەم) سۈرەتلىرى؛

يۇقىرىقى نۇقتا ئۈستىدىكى تەھلىلدىن ئاۋۋال تۆۋەندىكى قىستۇرمىنى ئېلىش تازا مۇۋاپىق. «... سانجۇ قىيا تاش رەسىمى بار جاي سانجۇ دەرياسى جىلغىسىدىكى ئۆلاچى دېگەن جايدا بولۇپ، رەسىم قاتتىق نەرسە بىلەن (ئېھتىمال شۇ جايدىن چىقىدىغان گرانىت تاش بىلەن — ئەسلىي ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى) چوقۇپ سىزىلغان. رەسىمنىڭ مەزمۇنى ئوۋ ئوۋلاۋاتقان مەنزىرە بولۇپ، يانىڭ كىرىچىنى تارتىپ ئارقارغا ئوق ئۈزۈۋاتقان ئات مىنگۈچى، ئوت يەۋاتقان قوي، قاۋاۋاتقان ئىت، يەنە بەزىبىر مەنىسى ئېنىق بولمىغان بەلگىلەر بار. قوينىڭ شەكلىدىن قارىغاندا تاغ ئۆچكىسى، كىيىك، جەرەن قاتارلىقلار بار ...» «...بۇ قىيا تاش رەسىملىرىدە قىلچىمۇ دىن يوق، بولۇپمۇ بۇددا دىنىنىڭ ئىنكاسى يوق بولۇپ، قىيا تاش رەسىمىنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى يادىكارلىق دەپ قاراشقا بولىدۇ».①

توتېم ئېتىقادىنى ئىنسانىيەت ئەقلىي خۇلاسىسىنىڭ تۇنجى سادىدا ھالەتتىكى تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن چىقارغان يەكۇنى دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى، توتېم قىلىنغان شەيئى ياكى جانلىق ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق — ۋۇجۇدقا كېلىش مەنبەسىنى ئىزدىسە، يەنە بىرتەرەپتىن، توتېمنى خاتىرجەم ۋە كۆنسېرى ئەلۋەك داۋاملىشىۋاتقان تۇرمۇشنىڭ كاپالەتچىسى دەپ قاراپ كەلگەن. بۇ ئىككى سەۋەب يۈزىسىدىن توتېم بەلگىسى بولغان دەل ـ دەرەخ، ئۇچار قانات، ھايۋانلار ئەزىزلەنگەن. جۈملىدىن ھاياتلىققا ھەمراھلىقى بىلەن تىنچلىق، باياشاتلىق «ئاتا» قىلىنغانلىقتىن، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ھەمدەمپەنە قىلىنىشى دەل «ئۇ دۇنيا» دىمۇ تىنچلىق، باياشاتلىق ئاتا قىلىشنى ئۈمىد قىلىش قارىشىنى ئىپادىلىگەن.

«ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىچىدە ئۆچكىنى توتېم قىلغان ئۇرۇقلارمۇ بار ئىدى ... يازما يادىكارلىق ‹ئوغۇزخان› ئېپوسىدىمۇ بۇ نۇقتا گەۋدىلەنگەن بولۇپ، ‹ئوغۇزخان› مەزگىلىدىكى ئۆچكىنى توتېم قىلغان تۆت ئۇرۇق بولغانىدى. مۇھىم ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىدىغان يىغىن سورۇنلىرىدا ئۇلار ئاق ئۆچكە ۋە قارا ئۆچكىلەرنى

---

① لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى — ئۇدۇن» 53 ـ، 54 ـ بەتلەر.

ئېگىز ياغاچقا ئېسىپ قويىاتتى» . ①

ئالدىنقى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىكى ئالامەت بىلەن كېيىنكى قىستۇرمىدىكى بايان ماس كېلىدۇ. قىيا تاش سىزىلمىلىرىدىن بىز ئىككىلەنمەيلا شۇ دەۋردە ئۇدۇنلۇقلارنىڭ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا ياشاۋاتقانلىقىنى ئىسپاتسىز ھېس قىلالايمىز. چۈنكى كىمرىچى تارتىلغان يادىن شۇڭغۇپ چىققان ئوقنىڭ ئارقارغا يۈزلىنىشى، ئاتلىق ئەر، ئىت، پادا قاتارلىقلار يۇقىرىقى ھۆكۈمىمىزنىڭ دەلىلى.

«ئات ئادەم» نىڭ گۈللۈك ئىشتاندىكى تەسۋىرى، خارابە قۇرۇلمىسىدىكى تەسۋىرى ئۇدۇنلۇقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، يېڭىچە ئىدىيىۋى قاراش ۋە ئىستېتىكىلىك ئېتىقادتىن نىشانلىق ھالدا ئىشەنچلىك بولۇشنى چىقىش قىلغان ئېتىقاد قارىشىنىڭ شەكىللىنىشكە باشلىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. «ئات ئادەم» تەسۋىرىدىن شۇ دەۋر ئېتىقادىغا شامانىزم ئەقىدىسىنىڭ تەسىرى زور بولغانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن، چۈنكى، شامانىزم ھەممە نەرسىدە روھ بولىدىغانلىقىنى تەرغىب قىلىش ئاساسىدا شەخسنى مەركەز قىلغان، ئەمما ئىپتىدائىي شەكىلدىكى ئەجدادقا چوقۇنۇشقا تۈپتىن ئوخشاشمايدىغان بىر خىل ئېتىقاد شەكلى بولۇپ، ئاساسلىق پائالىيىتى ئىلاھقا چوقۇنۇش، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈش، پال ئېچىش، جىننى قاچۇرۇش قاتارلىقلاردۇر. «ئات ئادەم» تەسۋىرىنى ئالدى بىلەن ئىلاھقا چوقۇنۇش بىلەن ئىپتىدائىي دىن شەكلى — ئاتنى بەلگە قىلغان توتېم ئېتىقادىنىڭ بىر گەۋدىدە ئىپادىلىنىشى دەپ قاراش مۇمكىن، بۇ ئەڭ چوڭ ئېھتىماللىق. ئۇنىڭدىن باشقا، بۈگۈنكى خوتەندە ھازىرغىچە ئەل ئىچىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «پىر ئويناش» ، چىراغ بېقىش (پال ئېچىش) ، توخۇ، قوي، ئۆچكە تېرىسىدىن مازارغا شەددە باغلاش (تۇغ - ئەلەم تىكلەش) ، ئۆزۈم باراڭلىرىنىڭ جاھازىلىرىغا ئېشەكنىڭ باش سۆڭىكىنى ئېسىپ قويۇپ ھوسۇلدىن ئۈمىد كۈتۈش، كېپەك سېلىپ جىننى قاچۇرۇش، ئۆچ قويۇش (ئۆچلانغان پاختا بىلەن داۋالانغۇچىنىڭ دۈمبىسىگە ئوت كۆيدۈرۈش) ، ئوت قېقىش، قىزىتىلغان كەتمەنگە دەسسىتىش، كېسەلمەن ئۈچۈن ئاق ياكى قارا ئۆچكە (ئۆچكە ئورنىدا ئادەتتە قارا قويمۇ قوبۇل قىلىنىدۇ) قۇربانلىق

---

① ياڭ شىڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» 298-بەت.

قىلىپ ئەرۋاھ، ئىلاھقا سىغىنىش قاتارلىق ھەم دىن، ھەم ئادەت تۈسىنى ئالغان پائالىيەتلەر ئۇدۇندا ئەينى دەۋردە بۇددا دىنىدىن ئاۋۋال توتېم ۋە شامان دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلىش ئەھۋاللىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى دەلىللەيدۇ.

«... شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، شۇنچە كۆكۆل قويۇپ تاللانغان قىيا تاشلارغا شۇنچە قىيىن ھەم مۇشكۈللۈكتە چېكىپ ئىشلەنگەن بۇ قىيا رەسىملىرى ئەينى زاماننىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئاكتۇئال ۋە مۇقەددەس مەسىلىلىرىنى چۆرىدىگەن. ئۇ بىزدىن ئاددىيلا كۆز تاشلاپ قويۇشنى ئەمەس، بەلكى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىزدىنىشنى، تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ». [1] ئەمەلىيەتتە ئۇدۇنغا بۇددىزم تارقىلىشتىن ئاۋۋالقى ئاۋامنىڭ ئېتىقاد شەكلى، ئېتىقادىدىكى ئۆزگىرىش ۋە بەلگىلەر ھەققىدە تېخى ئىلىم نوپۇزلۇقلىرى كونكرېت ئىزدەنگىنى يوق. ئەمما رىۋايەت شۇ دەۋر تارىخىنىڭ ئۇچۇرى، تۇرلۇك شەكىل ۋە بەلگىلەر شۇ دەۋر تارىخىنىڭ يېزىقسىز تامغىسى، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار شۇ دەۋر مەدەنىيىتىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادقا قالدۇرغان مەقسەتسىز ھۆججىتى ھەم پاكىتى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بىز يۇقىرىقى يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويالايمىز.

## 2. بۇددىزمنىڭ خوتەنگە تارقىلىشى

تۈرلۈك تارىخنامىلەردىن مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇدۇن بۇددا دىنىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى مەركىزى بولۇشتەك ئورنى بىلەن بۇددا نوملىرىنى ھىندى تىلىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش ۋە بۇددا نوملىرىغا تەپسىر ئېيتىپ، شەرھ يېزىش بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا تونۇلغان. ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا ئەللەر بۇددا دىنىنى ۋاستە قىلىپ ئۇدۇن بىلەن سودا ـ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرغان بولسا، ئۇدۇن بۇددا دىنى ئارقىلىق قوشنا ئەللەرگە تونۇلغان.

ئۇدۇندا مىڭ يىللاپ دەۋر سۈرگەن بۇددا دىنى ئەسلىدە ھىندىستاندا بارلىققا كەلگەن، ئۇ قانداقتۇر «ساماۋى ۋەھيي» نىڭ يازما تارقىلىشى ۋە ئىنسان ھەرىكىتىدىكى ئىجراسى بولماستىن،

---

[1] ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا».

بەلكى نورمال ئاددىي ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان مۇھىت - ماكان ۋە ئۆزى تەئەللۇق زاماندىن قۇتۇلۇشقا بولغان ئارزۇ - ئىستىكىنىڭ تەسەۋۋۇر ئاساسىدىكى ئەمەلىيەتكە باغلانغان تەپەككۇر جۇغلانمىسىدىن ئىبارەت.

بۇددا دىنىنى مىلادىيىدىن 480 — 560 - يىللار ئىلگىرىكى دەۋردە ياشىغان سىددىخارتاگائۇتاما تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان.

سىددىخارتاگائۇتاما — ھىندىستاننىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى كاپىلوۋاستۇ (Kaplawastu) نامىدىكى دۆلەتنىڭ (كىچىك شەھەر دۆلىتى) شاھزادىسى بولۇپ، ئۇرۇق ئەجدادى: دادىسى كاپىلوۋاستۇ، پادىشاھى سۇدھۇدانا (净饭王 Suddhodana)، ئانىسى ئەينى دەۋردىكى گۈزەللەردىن خانىكە مايا (摩耶 Maya) ئىدى دېگەن قاراش ئومۇملاشقان. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇددا رىۋايەتنامىسى «لالىتاۋىستارا» (Lalitawistara) دا، سىددىخارتا دۇنياغا كېلىش ئالدىدا ئەرشتىكى ئىلاھ ۋە ھۆر - پەرىلەرنى يىغىپ بۇددا تەلىماتى سۆزلىگەن، ئۇلارغا كەلگۈسىنىڭ بۇرھانى مايىتىرىنى تونۇشتۇرغان. خانىكە مايا تەۋەللۇت مەزگىلىدە پۈتۈن جاھان تەنتەنىگە تولغان، كۆللەردە نىلۇپەر گۈللىرى ئېچىلىپ كەتكەن. خانىكە مايا تەۋەللۇت قىلغان قەسىر گۈمبىزىنىڭ ئۈستىدە قۇشلار پەرۋاز قىلىشقان. خانىكە لۇمبىنى (Lumbini) باغچىسىغا كىرگەندە، ئۇنىڭ ئوڭ بېقىنىدىن سىددىخارتا ئاپئاق پىل بالىسىدەك تۇغۇلغان، تۇغۇلغاندىن كېيىن براخما دىنىدىكى ئىككى ئالىي ئىلاھ ئىندىرا بىلەن براخما قارشى ئالغان ۋە قولىغا ئېلىپ تۇتۇپ تۇرغان. ئەجدىھا مۇئەككىلى نەندا (龙王难陀 Nanda) بىلەن ئۇپاناندا (优难陀 UPananda) ئەرشتىن يېرىم گەۋدىسىنى زېمىنغا چۈشۈرۈپ، ئۇنى يۇيۇندۇرغان. شۇندىن كېيىن بۇ بوۋاق تۆت تەرەپكە يەتتە قەدەمدىن ئېلىپ دۇنيانىڭ تۆرىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان دېگەن رىۋايەتلىك ئۇچۇر قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئىلىم ئەھلىلىرى بۇنى سىددىخارتانىڭ تۇغۇلۇشىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئالاقىدار تارىخنى دەلىللەشتە قوللىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا سىددىخارتانىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ھايات پائالىيىتى ھەققىدە تەتقىقاتچىلارنىڭ ئورتاق يەكۈنى: سىددىخارتانىڭ كىچىكىدە ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، ئانىسىنىڭ سىڭلىسىنىڭ قولىدا بېقىلغان، مەكتەپتە ئوقۇغان مەزگىلىدە ئەقىل - ئىدراكتا ئۇستازلىرىنى ھەيران قالدۇرغان، بالاغەتكە يەتكەندە گويا ئىسىملىك

گۈزەل قىزغا ئۆيلىنىپ، ئۆيلىنىش ئالدىدىكى ئاتا مىراس غايەت زور ئوقيانى نىشانغا دەل ئېتىش، مۇشتلىشىشتا يېڭىش، قىلىچۋازلىق قاتارلىق ماھارەت كۆرسىتىش خاراكتېرلىك شەرتلەرنى ئورۇندىغان، 29 يېشىدا ماگادخا (摩揭陀国 Magadha) مەملىكىتىگە بېرىپ تەلىم ئالغان. 29 يېشىدىن 35 يېشىغىچە ئالتە يىل ساراي ئەيش - ئىشرەتىدىن ۋاز كېچىپ، دەرۋىشلىك ھاياتىدىكى ئوخشىمىغان جاپا- مۇشەققەتلىرىنى يېڭىپ، 35 يېشىدا ئادۋاتتاھا (菩提树 Advattaha) ناملىق پىكۇس دەرىخى تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، ئىدراك جەھەتتە ئۆزىنى تاۋلىغان. مەنبەلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇ دەرەخ ئاستىدا بىر ئاي (بەزى مەنبەلەردە ئۈچ ئاي دېيىلگەن) ئولتۇرۇپ، ئەقىل- ئىدراك بىلەن ھېس - تۇيغۇ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلىك تەپەككۇر ئارىسىدا 56 قېتىم ئۆلۈپ - تىرىلگەنلىكى، ھەر قېتىم ھەر خىل كەسىپ، ھۈنەردىكى، ھەر خىل ياش، تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ شەكلىدە ئۆلۈپ - تىرىلگەنلىكى قەيت قىلىنغان. بولۇپمۇ ئۇ دەرەخ ئاستىدىكى ئىستىقامەتلىك مەشغۇلاتىدا، ئالۋاستىلارنىڭ تۈرلۈك بەتبەشرە، قورقۇنچلۇق ھەم ھەممىنى مەھلىيا قىلغۇچى گۈزەل سىياقتا كېلىپ قىلغان بارلىق يېقىنلىشىش، ئورۇنۇشلىرىنىڭ ھەممىسىنى يەڭگەنلىكى ئالاھىدە قەيت قىلىنىدۇ.

دېمەك، سىددىخارتا يۇقىرىقىدەك رىۋايەتلىك تارىخىي مەنبەلەرگە تايانغاندا 35 يېشىدا دەرەخ ئاستىدا ئولتۇرۇپ بۇددا تەلىماتىنى ياراتقان. كېيىنكى 45 يىللىق ئۆمرىدە بۇددىنى تەشۋىق قىلىپ كېڭەيتىشنى باشلىۋەتكەن، يۇرتىدىن چىقىپ كەتكەن. شۇ ۋەجىدىن دادىسى سىددىخارتانىڭ شاھزادىلىك نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. لېكىن تەرىقەت يولىدا ئۇچراشقان قىزى چالى گائۇتاما (乔达摩 Gautama) تەرىپىدىن «ساكيامۇنى» دېگەن (ساك قەبىلىسىنىڭ شاھزادىسى دېگەن مەنىدە. بەزى ماتېرىياللاردا «ساك قەبىلىسىنىڭ ئەۋلىياسى، ساك قەبىلىسىنىڭ دانىشمىنى، ساك قەبىلىسىنىڭ پەيغەمبىرى» دېگەندەك ئوخشىمىغان ناملاردا ئاتالغان ھەم مەنە تەرجىمىسى بېرىلگەن. تەتقىقات نەتىجىسىدىن قارىغاندا بىر قەدەر توغرىراقى — ساك دۆلىتىنىڭ شاھزادىسى دېيىش مۇۋاپىق) نامدا ئاتىلىشقا باشلىغان.

تارىخچى لىيۇ زېشاۋنىڭ قارىشىچە، «سىياسىي كۈچ بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىدا ئارقا تېرەك بولغان» چۈنكى كۇشان خانلىقىنىڭ غەربكە ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىشكە ئىنتىلىشى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ

چەكلىنىشكە ئۇچرىغانلىقتىن، يۆنىلىشىنى شەرققە ئۆزگەرتكەن. بۇ جەرياندا ئاساسلىقى تەكلىماكان قۇملۇقى تارىملىغىنىڭ جەنۇبىنى ئاساسلىق تارقىلىش ئېغىزى قىلغان. بۇددا دىنىنىڭ تەكلىماكان جەنۇبىغا تارقىلىپ كىرىشىدە «يىپەك يولى» ئۇنۇملۇك رول ئوينىغان.

بۇ مەسىلىدە لىۋ زېشاۋ ئەپەندى بۇددا دىنىنىڭ تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىغا تارقىلىش يوللىرى ئۈستىدە توختالغاندا، تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل لىنىيىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن:

بىرىنچى لىنىيە: ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئامۇ دەرياسى ۋادىسىدىن باشلىنىپ بەدەخشان ئارقىلىق پامىر ئېگىزلىكىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلارنى ئاخىرقى مەنزىل قىلىدۇ. بۇ جەنۇبىي لىنىيە دېيىلگەن.

ئىككىنچى لىنىيە: ھىندىستاننى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، ئافغانىستان ۋە ئۆزبېكىستاننىڭ سەمەرقەند، توقماق رايونلىرى ئارقىلىق ئىسسىق كۆلنى بويلاپ شەرققە سۇرۇلۇپ، پامىر ئېگىزلىكى ئارقىلىق ھازىرقى شىنجاڭنىڭ قەشقەر رايونىغا، ئاندىن كېيىن تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىنى بويلاپ كۇچار، تۇرپان ئويمانلىقىغا كىرىدىغان يول. بۇ شىمالىي لىنىيە دېيىلگەن.

ئۈچىنچى لىنىيە: ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، ۋاخان تاغلىق رايونى ئارقىلىق پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ ھازىرقى شىنجاڭنىڭ تاشقورغان ۋە قەشقەرگە كىرىدىغان يول.

تۆتىنچى لىنىيە: ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال رايونىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، كەشمىر ۋە لاداخ ئارقىلىق كوئېنلۇن تېغىدىن ئۆتۈپ خوتەنگە كىرىدىغان يول...

يۇقىرىقى لىنىيە كۆرسەتمىلىرى ئىچىدە ئۇدۇنغا تارقىلىپ كىرگەن بۇددا دىنىنىڭ يوللىرى ئۈستىدە تارىخنامىلەردە ئەڭ كۆپ قەيت قىلىنىۋاتقىنى تۆتىنچى لىنىيە بولۇپ، ئاساسەن كەشمىردىن كۇشان خانلىقى دەۋرىدە تارقىلىشقا باشلىغان.

بۇددا دىنىنىڭ ئۇدۇنغا زادى قاچان تارقىلىپ كىرگەنلىكى ھەققىدە ھەر خىل مەنبەلەردە ئوخشىمىغان ۋاقىت كۆرسەتكۈچلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. لېكىن رەسمىي تارىخلاردا بۇ ھەقتە ئېنىق يازما مەنبە ئۇچۇرى يوق. ئۇنىڭسىز ھازىرغىچە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتتا تىبەتچە ۋە خەنزۇچە ئىككى چوڭ سىستېمىدىكى يازما ئىسپاتلار تەتقىقات ئاساسى بولۇپ كەلسىمۇ، ئەمما كۆپ قىسمى رىۋايەت تۈسىنى

ئالغان بولغاچقا، ئېنىق تارىخىي پاكىت ئورنىدا قوللىنىشقا بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇچۇرنىڭ تارىختا شەكىللەنگەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئىلمىي، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ئارقىلىق ئورتاق بىر خۇلاسىگە كېلىمىز.

خەنزۇچە سىستېمىدىكى يازما ئىسپاتلار: مىلادىيە VI ئەسىردە يېزىلغان «سۇڭ، يۈن ساياھەت خاتىرىسى» ۋە مىلادىيە VII ئەسىردە يېزىلغان «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» قاتارلىقلاردىكى رىۋايەت خاراكتېرىدىكى تارىخىي ئۇچۇر، تىبەتچە يازما مەنبە، «ئۇدۇننىڭ بۇددىزم تارىخى» (VIII، IX ئەسىرلەردە يېزىلغان)، «ئۇدۇن دۆلىتىدىكى راھىبلارنىڭ نام - ئەمەل رىسالىسى» قاتارلىق ئەسەرلەر ۋە بۇنىڭدىن باشقا ئۇدۇنغا ئالاقىدار ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن رىسالە، سالنامىلار. تارىخلاردىن، «كېيىنكى خەننامە، بەنلياڭنىڭ تەرجىمىھالى» «كېيىنكى خەننامە» «لوياڭ ساڭراملىرى خاتىرىسى» «لياڭنامە، غەربىي شىمالدىكى روڭلار تەزكىرىسى» قاتارلىق تارىخ ئىزلىرىدا بۇددا دىنىنىڭ خوتەنگە تارقىلىپ كىرگەن ۋاقتى توغرىسىدا ئاز دېگەندىمۇ ئون خىلدىن ئارتۇق ئوخشىمىغان قاراشلار بولۇپ، يىل پەرقى مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 623- يىلدىن مىلادىيە 20 - يىلغىچە. بۇ ئىككى ۋاقىت ئارىسىدىكى پەرق بەكلا چوڭ. بۇ ئوخشىمىغان ۋاقىت تىزىمىسى — ساكيامۇنىنىڭ نىرۋاناغا يەتكەن يىلى، قەدىمكى ئۇدۇندا لى دۆلىتى قۇرۇلغان ۋاقىت، ئۇدۇندا خانلىق قۇرۇلۇپ نەچچە يىلدىن كېيىن بۇددا تەلىماتى تارالغان («ئۇدۇن دۆلىتىدىكى راھىبلارنىڭ نام - ئەمەل رىسالىسى» دىكى يۇقىرىقى چاتما ھېسابلاش ئۇسۇلى، ھازىرقى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئۇچۇن بىر قەدەر ئىشەنچلىك دەلىل بولۇپ قالدى) لىقى قاتارلىق يىلنامىلار. چاتما ھېسابلاشلاردىن كېيىن ساكيامۇنى يەنى بۇددىنىڭ نىرۋاناغا يەتكەن ۋاقتىدىكى ئەڭ ئېنىق ۋاقتى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 486 - يىلى، بۇددا نىرۋاناغا يېتىپ تەخمىنەن 350 يىللاردىن كېيىن، يەنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىرلەردە ئۇدۇنغا تارقالغان.

بۇ نۇقتىدا شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش كېرەككى، «كېيىنكى خەننامە، بەنلياڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا، بەنچاۋ ئۇدۇندىكى سەپەر خاتىرىسىنى قالدۇرغاندا، ئۇدۇنلۇقلارنىڭ ئادىتىدە پېرىخونغا ئىشىنىش، دۆلەتتە شامانلارنىڭ ھاكىمىيەتنى تىزگىنلەش ئەھۋالى توغرىسىدا ئۇچۇر قالدۇرغان (بۇ خاتىرە مىلادىيىنىڭ 73 - يىلى

ئەتراپىدا قالدۇرۇلغان). بۇنى ئەقلىي ۋە ئىلمىي خۇلاسىلىگەندە تۆۋەندىكىدەك چۈشىنىش مۇمكىن: بەنچاۋ ئۇدۇنغا كەلگەن ۋاقىتىدا ھېچقانداق دىن شەكىللەنمەستىن، بەلكى كۆپ خۇدالىق دىن مەۋجۇت بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبلىك كۆپ خۇدالىق دىن ئاساسىدا پىرىخونلۇق شەكىللەنگەن، پىرىخونلۇقتىن تەدرىجىي ھالدا شامان ئەقىدىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ شامان پىرىخونلىرى بارلىققا كەلگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. بولۇپمۇ لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قازغان 1 ـ نومۇرلۇق ۋە 16 ـ نومۇرلۇق قەبرىلەرگە بىردىن ئاق ئات (بېشىغا پەي قىستۇرۇلغان) ھەمدەپنە قىلىنغان. پەي قىستۇرۇش ۋە كۆمۈلگەن ئات رەڭگى، كۆمۈلگەن ھايۋاننىڭ ئاق بولۇشى قاتارلىق ئامىللار يۇقىرىقى سۆزىمىزنى دەلىللىگەندىن باشقا، بۇ يەكۈن بىز «ئۇدۇندىكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكىللىرى» دېگەن تېمىدا ئوتتۇرىغا قويغان قارىشىمىز بىلەن ئوخشاش. بۇنىڭدىن باشقا، جىيەنگو دەۋرى (مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 476 ـ يىلى) دىن ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرى (مىلادىيە 220 ـ يىللار) گىچە ئارىلىققا تەۋە دەپ قارالغان نىيە، لوپلاردىن قېزىۋېلىنغان قەبرىلەردىن چىققان بۇيۇملاردا بۇددا دىنىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ياكى بۇددا دىن ئەقىدىسىنى ئىسپاتلايدىغان بەلگە ـ ئالامەتلەر يوق. بۇنىڭغا ئۇلاشتۇرۇپ، ئىككى «خەننامە» دىكى «خان بۇددىغا ئىشەنمەيدىغانلىق» ھەققىدىكى ئۈچۈر ھەم بۇددا دىنىغا ئائىت خاتىرىلەرنىڭ بولماسلىقى مەسىلىسى يىل پەرقى مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، باشتا بىز بۇددا دىنىنىڭ ئۇدۇنغا كىرگەن ۋاقتى توغرىسىدىكى مۆلچەرلىك قارىشىمىزنى ئىنكار قىلىدۇ.

ئەمما بۇ مەسىلىنى تۆۋەندىكىدەك چۈشىنىش ئەقىلگە مۇۋاپىق. يەنى، مەلۇم دۆلەتنىڭ مەلۇم خىل دىننى قوبۇل قىلىشى بىلەن ئۇنى ئۆز تېررىتورىيىسى دائىرىسىدە ئومۇملاشتۇرۇشى ئىككى خىل مەسىلە بولۇپ، قوبۇل قىلىش بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش ئوتتۇرىسىدا يىل پەرقى چوڭ بولىدۇ. قوبۇل قىلىنغان ھامان پۈتۈن تېررىتورىيىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. ئومۇملاشمىغان ئورۇندىكى ئېتىقاد شەكلىگە قاراپ، يۇقىرىقىدەك بۇددا دىنىنى تېخى قوبۇل قىلمىغان دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بىر دۆلەت، بىر يۇرتقا نىسبەتەن مەلۇم رايوندا ئومۇملاشقىنى مەلۇم رايون ئۈچۈن يېڭىلىق ھېسابلىنىشى تەبىئىي ئەھۋال.

يۇقىرىقى بايانلار بۇددا دىنىنىڭ ئۇدۇنغا زادى قاچانلاردا

تارقىلىپ كىرگەنلىكىگە ئالاقىدار تەپسىلات. ئەمدىكى گەپ، بۇددا دىنى ئۇدۇنغا زادى كىم ئارقىلىق قەيەردىن كىرگەن دېگەن مەسىلە.

بۇ ھەقتە ئوخشاش بولمىغان تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇددا دىنىنى ئۇدۇنلۇقلار سىرتقى جايدىن قوبۇل قىلىپ كىرمەستىن، بەلكى چەت جايدىن كەلگەن ئارخات (راھىب) نىڭ تارقىتىشى بىلەن تارقالغان دېگەن قاراش بىلەن بىرلىكتە، تارقاتقۇچىنىڭ كەشمىرلىك ئىكەنلىكى، ئىسمىنىڭ ۋىروجىنا ئىكەنلىكى (مەنبەلەردە ۋايرۇتچانا، ۋىجانايا دېگەندەك ئوخشىمىغانناملاردا ئاتالغان. بۇ ھەر قايسى ئاپتورلارنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىكى پەرق دەپ قاراشقا بولىدۇ) ئومۇملاشقان. چۈنكى «سۇڭ، يۈەن ساياھەت خاتىرىسى» دە دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ ئورنىنى «يات ئەل» دېگەن بولسا، «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە «كەشمىر دۆلىتىدىن كەلگەن» دېگەن.① بۇ بىزنىڭ يۇقىرىقى سۆزىمىزنى ئىسپاتلايدۇ.

## 3. ئۇدۇندا بۇددىزمنىڭ كېڭىيىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان شەخسلەر

دىن ئىنسان ئىدېئولوگىيىسىدىكى ئىشەنچسىز ئىشەنچنىڭ ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ مەلۇم ماھىيەتنى نەزەرىيە ئاساسى، مەلۇم سىياسىي كۈچنى ئۆزىگە ئارقا تىرەك قىلىدۇ. بولۇپمۇ «ئۇچ زامان» ئوتتۇرىسىدىكى مەۋھۇم چۈشەنچىلىك دىنلاردا بۇ خىل ئالامەت گەۋدىلىك بولىدۇ.

نېمىلا بولسۇن، ئۇدۇنغا بۇددا دىنى مىلادىيىدىن بىر ئەسىر ئاۋۋال كىرگەنلىكى تارىخنىڭ ئىسپاتى ھەم تارىخچىلارنىڭ يەكۈنى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇدۇندا دۆلەت قۇرۇلۇپ، 165 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى خوتەن پادىشاھى ۋىيسارا سامبھاۋانىڭ تۇنجى بولۇپ بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن كىرىپ كەلگەن ھەمدە پادىشاھ ۋىيسارا سامبھاۋا ساكيامۇنىنىڭ خىيالەن ئوبرازىغا سەجدە قىلىپ، ئارخات ۋىروجىنا ساڭرام ئورمانلىقىنىڭ تۆرىدە ئولتۇرۇپ ئىستىقامەت قىلغان ئۆرۈك دەرىخى ئورنىغا تۇنجى چوڭ ئىبادەتخانا — سارمابھارا (赞摩大寺) نى سالدۇرۇپ، كۆپلەپ راھىب

---

① لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى — ئۇدۇن».

ma—kazan - تۇپلاپ بەرگەن① (ستەين ھازىرقى چالما قازان
دېگەن جايدا بۇ ساڭرام خارابىسى بارلىقىنى ئىسپاتلىغان) .
«تىبەت تەزكىرىسى» ، «فاشيەننىڭ تەرجىمىھالى»
شۇەنزاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى
قاتارلىق مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ۋېيسارا سامبىۋاۋانى
سالدۇرغان سارما ئىبادەتخانىسىدىن كېيىن يەتتە ئەۋلاد
زامانىسىدا يېڭىدىن بۇددا ئىبادەتخانا (بىھارا) سېلىنمىغ
ئۇدۇننىڭ سەككىزىنچى ئەۋلاد پادشاھى ۋېيسارا ياۋىريا زامانىس
قۇم ستىر ( 库恩斯德 ) ئىبادەتخانىسى سېلىنغان. بۇتىھاتۇدا (
陀修德 ) ئىسلمىك راھىبنى مەركەز قىلىپ سومۇنا نامىلىق يەنە
ئىبادەتخانا سالدۇرۇلغان («فاشيەننىڭ تەرجىمىھالى»
يۇقىرىقىلاردىن باشقا خانلىق يېڭى بىھارا ( 王新寺 ) سېلىنغانل
ھەققىدىكى ئۇچۇر بېرىلگەن) . بۇنىڭدىن باشقا، تارىخنامىلەردە :
كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغىنى ۋېيسارا ياۋىريانىڭ گوفىرخا ( 牛头山
دېگەن تاغلىقتىكى جىلغا ئىچىگە گوماتى ( 瞿摩帝 ) ئىبادەتخانىس
سالدۇرغانلىقى، گوماتى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھازىرقى ئورنىنى س
لېۋى قاراقاش دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى قومار ( 和玛利 ) تېغىدا د
كۆرسەتكەن بولسا، ستەين يوتقان خارابىسىنىڭ (شەھىرىنىڭ
غەربىدىكى «سوميا» يېزىسى يۇقىرىدىكى سومۇنا ئىبادەتخانىسىن
ئورنى دەپ مۆئەييەنلەشتۈرگەن. ۋېيسارا ياۋىريادىن ئۈچ ئەۋ
كېيىنكى ئۇدۇن پادشاھى ۋېيسارا جايا مازا بىھارا ( 麻射
سالدۇرۇپ، پىلە مەلىكىسى خاتىرىلەنگەن. ۋېيسارا جايادىن كېيىن
خان ۋېيسارا دارمانىڭ ئىنىسى دون درۇس ( 旦德利斯 ) ھ
دىستاندىن تەكلىپ قىلىنغان ھىنايانا مەزھىپىنىڭ داڭلىق راھىب
مانتاشىدى ( 曼特喜德 ) ئۈچۈن سوگتىر ( 系梯尔
ئىبادەتخانىسى سالدۇرغان. بۇ ۋاقىت مىلادىيىنىڭ 423 - يىللى
بولۇپ، يۇقىرىقىلاردىن «مازابىھارا» ئىبادەتخانىسىنىڭ ئورنى
ھەققىدە ستەين ھازىرقى «قۇم شەھىدان» دەپ ئىزاھات بەرگە
دېمەك، يۇقىرىقى بىھارانىڭ سېلىنغان ۋاقتى تەخمىنەن 350 ي
ئەتراپىدا بولۇپ، ئارىلىقتا ئىككى، ئۈچ يۈز يىل ئەتراپىدا بۇ
دىنىنىڭ ئۇدۇندىكى تارقىلىشى تەكشى بولمىغان. گەرچە «فاشيەنن

① ئا. مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتى». 96 - بەت (خانىنىڭ
قوبۇل قىلغانلىقىغا دائىر مەنبەلىرىدە تۈت خىل رىۋايەتلىك ھېكايەت تارقىلىپ ئومۇملاشقان. بۇ
بۇ ھېكايەتلەر ئۇقۇۋرمەنلەرگە تونۇشلۇق بولغىنى ئۈچۈن قىسقارتىلىپ، قىسقىچە مەزمۇن بېرىلد

تەرجىمىھالى» دا ئېيتىلغان زامان (مىلادىيە 401 ـ يىللىرى) دا ئۇدۇندا بۇددا دىنى ئەۋجىگە چىقىپ، «مەمۇرچىلىق بىلەن تولغان، خەلقى پاراۋان، بۇددىزم گۈللەنگەن، دىن بىلەن كۆڭۈل ئېچىش بىرلەشكەن يۇرت بولغان، ھىنايانا ئۇستۇنلۇكنى ئالغان» بولسىمۇ ھەمدە داڭلىق «بۇد سەيلىسى» دە سەيلىگە قاتنىشىدىغان 14 چوڭ بىھارا (بۇتخانا) بارلىقى، سەيلىگە قاتناشمايدىغان كىچىك بىھارالاردىن نۇرغۇن ئىكەنلىكى① ھەققىدە ئۇچۇر بەرسىمۇ، ئەمما ئۇدۇننىڭ ئۇچىنچى خانى ۋىيسارا سامبىھاۋادىن كېيىنكى سەككىزىنچى خانى ۋىيسارا ياۋىريا زامانىغىچە سىلىنغان ساڭرام، بىھارالار ھەققىدە ۋە ياكى بۇددا دىنىغا ئائىت ھەرقانداق كەڭ، كوللېكتىپ دائىرىلىك پائالىيەتلەر توغرىسىدا ئىشەنچلىك ھەم ئېنىق ئۇچۇر يوق.

دېمەك، بۇنىڭدىن قارىغاندا بۇددا دىنى خوتەن رايونىغا تارقىلىپ دەسلەپكى مەزگىلدە. ئۇدۇن خانلىرىنىڭ قاتتىق ھىمايىسىگە ئېرىشكەنلىكى ئېنىق. چۈنكى ئەمدىلەتىن قۇرۇلغان ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ ئىجتىمائىي ھۆلى ئاجىز، ئۇملۇك تولۇق ئەمەلگە ئاشمىغان، ئاۋام ئارىسىدا قارشى پىكىر ئېقىملىرى يوق دېگىلى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا خانغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغىنى دەل ئۆز خەلقىنى ئۇيۇل تاشتەك بىرلىككە ئىگە قىلالايدىغان مەنىۋى ھىماتچى ئىدى. بۇددا دىنىنىڭ ئەقىدە، تەلىماتلىرى دەل ئۇدۇن خانلىرىنىڭ يۇقىرىقى ئېھتىياج ئىزدىنىشلىرىگە ماس كەلگەن. ئەمما ئارىدا بۇددا دىن مۇخلىسلىرىنىڭ ئېلىپ بارغان تەشۋىقاتىنىڭ سۈسلىشىشى ۋە ئېتىقادىنىڭ تەبىئىي سۇسلىشىش قاتارلىق ئامىللار سەۋەبىدىن ئارىدا ئىككى ـ ئۈچ يۈز يىل مىقداردا بۇددا دىنى سۇسلىشىپ قالغان. ئەلۋەتتە بۇ خىل سۇسلىشىپ قېلىشنى ئومۇمىيۈزلۈك دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. بۇ ھەقتە «شاھنامە» دە رىۋايەت تۈسى كۈچلۈكرەك بولغان بىر ھېكايەت بايان قىلىنغان. يەنى «شاھنامە» نىڭ 61 ـ بېتىدە، ئىران، توران ئوتتۇرىسىدىكى جەڭلەر داۋامىدا، ئىران شاھزادىسىنىڭ خوتەنگە كېلىپ خوتەن مەلىكىسى پەرىدەخت بىلەن تونۇشقانلىقى، كېيىنكى قېتىم ئىران شاھزادىسى سام ئۇدۇنغا كەلگەندە مىنىپ كەلگەن ئېتىنى بۇتخانا ئىچىگە باغلاپ قويۇپ، پەرىدەخت بىلەن كۆرۈشكەنلىكىگە ئائىت تەپسىلات بېرىلگەن. بۇ تەپسىلاتتىكى ئىران-توران جېڭىدىكى سەركەردە سامغا بولغان ھېسداشلىق، مايىللىقنى

---

① ئا. مۇھەممەتئىمىن «غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتى» 97 ـ، 98 ـ بەتلەر

نەزەرگە ئالمىغاندا، سامىنىڭ مىنىپ كەلگەن ئىتىنى بۇتخانا ئىچىگە باغلاپ قويۇشنى ئالاھىدە ئويلىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا بىرسى، بۇددىزم قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن بىر مەزگىل تاشلىنىپ قالغان؛ يەنە بىرى، بۇددىزم قوبۇل قىلىنىپ، ئۇدۇننىڭ سەككىزىنچى خانىغا قەدەر ئارىلىقتىكى ئۆزۈلگەن تارىختا بەلكىم ئۇدۇن سىرتىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالغان. ئۈچىنچى بىر ئېھتىماللىق، ئۇدۇندا ئىپتىدائىي دىن ئېتىقادچىلىقى مەزگىلىدە شامان مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن سىلىنغان ساڭرامىلار «شاھنامە» دە «بۇتخانا» دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئومۇمەن، ئۇدۇندا بۇددىزمنىڭ تەرەققىياتى تەكشىسىز بولغان بولۇپ، باشتا بىز ئوتتۇرىغا قويغاندەك قوبۇل قىلىش بىلەن ئومۇملىشىش ئىككى ھادىسە. بىر مەزگىل تېزلا ئوردا ئىچىدە مەجبۇرىي ۋاستىلەر بىلەن بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغان. ئەمما بۇددىزمدىن ئىلگىرىكى كۆپ خۇدالىق دىنىنى ئېتىقاد ۋە شامان پىرىخونلىرىنىڭ ئەل - ئاۋامنى ئەتراپىغا يىغىپ كۈشكۈرتۈشى نەتىجىسىدە بۇددىزمنى كېڭەيتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش كۆرۈنەرلىك توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان. ئەمما، خوتەندە كەڭ تارقالغان ماھايانا مەزھىپىگە قىسمەن زىت. لېكىن ماھىيەت نەزەرىيىسى بىر ئۇل ئۈستىگە قۇرۇلغان. يەنى، ھىنايانا مەزھىپىنى كەشمىرلىك ئارخات ۋىروجىنا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، تەدرىجىي ھالدا بۇددا دىنىنىڭ تەرەققىياتى كۈچىيىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى تازا گۈللەنگەن دەۋرگە قەدەم قويغان.

## بۇددىزمنىڭ ئۇدۇندا ئەۋج ئېلىشى

بۇددىزم ئىدىيىسى ساكيامۇنى تەرىپىدىن بارلىققا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، ئىنساندىكى مەۋجۇت ئادىمىيلىك ھېسسىي خۇسۇسىيەتنى، ھېسسىي خاھىشچانلىقنى چەكلەپ، شۇ ئارقىلىق ئازابلىق دۇنيادىن خالىي بولۇش توغرىسىدىكى ئىپتىدائىي بۇددىزم ئەقىدىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى بۇددا دىنىنىڭ ئۆزى دەپ قارالغان بولسا؛ كېيىنكى مەزگىلدە قۇلدارلىق فورماتسىيىسىدىن فېئودالىزم (تەبىقە ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك) فورماتسىيىگە ئالمىشىش

داۋامىدىكى ئىجتىمائىي پەرق، بۇ پەرقلەرنى شەرھلەش ئېھتىياجى، شۇنداقلا بۇددا دىنىنىڭ باشقا ئەللەرگە تارقىلىش داۋامىدا تەرجىمە، شەرھى، مەختەسىر يېزىش داۋاملىرىدا مۇكەممەللىشىپ، دىنىي ئىسلاھات خاراكتېرىدە مەزھەپ - تارماقلارغا بۆلۈنگەن. بۇنداق روشەن ئۆزگىرىشلەردە ئۇدۇننى ماھايانا مەزھىپىنىڭ ئەڭ چوڭ مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇددا دىن ئەقىدىلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ، بېيىپ، تولۇقلىنىشىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان دەپ قارايمىز.

## 1. بۇددىزمنىڭ ئامىباب ئەقىدە - قاراشلىرى

ئۆزىنىڭ پارلاق ئىزلىرى بىلەن «ئۇدۇن» نامىدا خوتەننى ئېلىمىزدىن ھالقىپ خەلقئاراغا تونۇتقان، شۇنداقلا جۇڭگو ۋە خەلقئارادىكى مەدەنىيەت ئىزچىلىرىنى «ئۇدۇن» خارابىسىگە جەلپ قىلىپ، چۆل گىرۋەكلىرىگە ئۆز بوستانلىقى بىلەن يېشىل جىيەك تۇتقان بۇگۈنكى خوتەننى مەدەنىيەت ئەندىزىسىنىڭ قىزىق لىنىيىسىگە ئايلاندۇرغان بۇددا دىن ئەقىدىلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈش زۆرۈر.

بۇددىزمنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرى «تۆت ساتيا» (因圣谛) نى ئۇل قىلغان بولۇپ، «تۆت ساتيا» دېگەن بۇ ئاتالغۇ تۆت ھەقىقەت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار «ئازاب، سەۋەب، خالاس، يول» (道,灭,集,苦) دىن ئىبارەت.

«ئازاب» دۇنيا ئازاب دېگۈزىدۇر، تۇغۇلماق، قېرىماق، ئاغرىماق، ئۆلمەك ئازابلىقتۇر، دېگەن كىشىلىك قارىشىنى مەنبە قىلىدۇ①. «ئازاب ھەقىقەت» قارىشى ئۆز ئىچىدىن ئىنسان تەبىئىتىگە باغلانغان ئازاب قاراشلىرىدىن، «ئىككى ئازاب» (بەدەن ئىچى ۋە بەدەن سىرتىدىن كېلىدىغان ئازاب)؛ «ئۈچ ئازاب» (ئاچ - يالىڭاچلىق ئازابى، باياشادلىقتىن كېلىدىغان ئازاب، بەخت ۋە مۇھەببەتنىڭ بىقارارلىقىدىن كېلىدىغان ئازاب) قارىشىنى؛ كىشىلىككە ياتىدىغان ئازاب چۈشەنچىسىدىن «تۆت ئازاب» (تۇغۇلماق، قېرىماقلىق، كېسەل بولماقلىق، ئۆلمەكلىك ئازابى) بىلەن بۇ تۆت

---

① ئا. مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تالڭ كېمىر سەنئىتى»، 50 - بەت.

ئازابقا ئۇلانغان (تولۇقلانغان) «سەككىز ئازاب» (ئاۋۋالقى تۆت ئازابتىن باشقا ھىجران ئازابى، رەقىب ـ كۆشەندىلەر ئازابى، خاھىشقا ئېرىشەلمەسلىك ئازابى، بەش سەزگۈنىڭ ئاچ كۆزلۈكىدىن كېلىدىغان ئازاب) قارىشىدىن ئىبارەت.

«سەۋەب» «ئاچ كۆزلۈك»، «ھەسەتخورلۇق»، «نادانلىق» تىن ئىبارەت ئۈچ مەنبەگە يىغىنچاقلانغان. كېيىنچە بۇددا مۆتىۋەرلىرى ئەمەلىي ئېتىقاد داۋامىدىكى شەرھ، مەختەسىر يېزىش داۋامىدا بۇ «ئۈچ سەۋەب» نى بېيىتىپ، «ئون ئىككى سەۋەب» قارىشىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان.① بۇ «ئون ئىككى سەۋەب» ئېپتىدائىي بۇددىزم مەزگىلىدىكى ھىنايانا مەزھىپى ئەقىدىلىرى ئاساسىدا تولۇقلانغان.

«خالاس» ئىنسانلار پانى دۇنيا ئازابلىرىدىن خالاس بولمىقى، قايتا تۇغۇلۇۋېرىش ئازابىدىن قۇتۇلۇشى ۋە ئازابسىز نىرۋانا (涅槃) جەننىتىگە كىرىشى مۇمكىن دېگەندىن ئىبارەت.

«يول» نىرۋاناغا مۇيەسسەر بولۇش تەرىقىتىدىن ئىبارەت. پەقەت بۇددا تەربىيە مەشىقى ئېلىپ بېرىپ، بارلىق ئارزۇ ھەۋەستىن قولنى ئۈزگەندە، قايتا تۇغۇلۇۋېرىش ئازابىدىن قۇتۇلۇپ، باقىي ئالەم نىرۋاناسىغا ئېرىشىش مۇمكىن دېگەن قاراشتۇر. ھىنايانا ئەقىدىچىلىرى بۇ خىل «يول تۇتماقلىق» ھەقىقىتىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، «توغرا يول» نىڭ سەككىز خىل ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېيىتقان. بۇلار، توغرا زېھىن، توغرا تەپەككۇر، توغرا سۆز، توغرا پائالىيەت، توغرا ياشاش، توغرا پەرق ئېتىش، توغرا ئەقىدە، توغرا ئىستىقامەتتە ئولتۇرۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.②

ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ھىنايانا مەزھىپى ئەقىدىلىرى بۇددىزمنىڭ ئەسلىي ئېتىقاد مەزمۇنى، شۇنداقلا ناتۇرال ئېتىقاد ئەندىزىسى. ئەمما ئۇ تۇنجى ئېتىقاد ئەندىزىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇددىزمنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدا ئۇل خاراكتېرلىك رول ئوينىغان. بولۇپمۇ «يول ھەقىقىتى» گە يېتىشتىكى سەككىز خىل ئۇسۇل كېيىنكى بۇددىستلارنىڭ، ئېنىقراقى ئارخات، بىكسۇ (راھىبە) لارنىڭ قاتتىق كۆرسەتكۈچلۈك ئىجرا مىزانى، تالىپلار ئۈچۈن «سىناق» ئۆلچىمى بولۇپ كەلگەن.

---

① ئا. مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتى» 51 ـ، 52 ـ بەتلەر.

② سەككىز خىل ئۇسۇلنىڭ كونكرېت مەزمۇنى ماقالە ھەم ھەجىم ئېھتىياجى بىلەن تەپسىلىي ئېلىنمىدى.

يۇقىرىقىلار بۇددىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي قائىدىلىرى بولۇپ، بۇ قاراشلار ھىنايانا (كىچىك كۆلەڭگۇ 小乘教) ئېتىقادىنىڭ ئۇلى ئىدى. ۋاقىت ھەم ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بۇددىزمدا ماھايانا (چوڭ كۆلەڭگۇ 大乘教) ئېتىقادى پەيدا بولدى. گەرچە ماھايانا مەزھىپى ھىنايانا مەزھىپىنى چۆكتۈرۈش ئۈچۈن كۈچەپ تەرغىبات ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ھىنايانا مەزھىپىنىڭ كۆرۈنەرلىك راۋاجلىنىشىدىن ئىبارەت ئىدى».

بۇددىزم ئېتىقادىدىكى بۇ خىل يېڭىلىنىش، تولۇقلىنىش جەريانلىرىنى «بۇددا مۇتەپەككۇرلىرى ئېپتىدائىي بۇددىزمنى ئازاب دېڭىزىدىن ئۆزىنى ئازغىنە كىشىنى قۇتۇلدۇرىدىغان كىچىك ھارۋا ياكى كىچىك قېيىققا ئوخشايدۇ دەپ قاراپ، ‹ھىنايانا، › » دېگەن نامنى بەرگەن①. ئېپتىدائىي دىندىن كېيىن، ھىنايانا ئەقىدىلىرى ئاساسىدا تولۇقلىنىپ، بېيىغان بۇددا ئەقىدىلىرىنى نۇرغۇن كىشىنى ئازاب دېڭىزىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان چوڭ ھارۋا ياكى چوڭ قېيىققا ئوخشىتىپ، ماھايانا دېگەن ئاتالغۇنى قوللىنىپ شۇ نام بىلەن ئاتالغان②.

ئەمەلىيەتتە، ھىنايانا مەزھىپى بىلەن ماھايانا مەزھىپىنىڭ ئېتىقاد نەزەرىيىسىدە كۆرۈنەرلىك پەرق مەۋجۇت. ھىنايانا مەزھىپى ساكيامۇنىنى بىردىنبىر بۇددىھا دەپ قارىسا، ماھايانا مەزھىپى «ئۈچ ئۆتكۇ» (ئۈچ زامان) قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ساكيامۇنى ھەر قانچە كامىل بولسىمۇ، ئۇ بىردىنبىر ئەمەس. «ئۈچ ئۆتكۇ» نىڭ ھەرقايسىسىدا يەنە نۇرغۇن بۇددىھالار مەيدانغا كەلگەن ھەم كېلىدۇ، دېگەن قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ھىنايانا بۇدساتۋالىق مۇقامىنى تەكىتلىسە، ماھايانا بۇدساتۋالىققا يېتىشتىكى ھەم بۇدساتۋادا بولۇشقا تېگىشلىك نىجاتلىققا ئىنتىلىش روھىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ھىنايانا مەزھىپى، ئوبيېكتىپ دۇنيا ئۆزگەرمەيدۇ، مەڭگۇ مەۋجۇت، دېگەن قاراشنى تەرغىپ قىلسا، ماھايانا مەزھىپى، ھەممە شەيئىنىڭ كۆرۈنۈشى ئەسلىي شەكلىدىن ساختا كۆرۈنۈش، ماھىيەتتە ھەممە يوقىلىدۇ، دېگەن ماتېرىيالىستىك قاراشنى تەرغىپ قىلىدۇ. شۇ ئاساستا ماھايانا بۇددىزمى «باشقىلارغا ئىچ ئاغرىتىش ۋە ھېسداشلىق

① ئا. مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتى» 53 - بەت.
② ئا. مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتى» 53 - بەت.

قىلىشنى، يامان ئىشلارنى قىلماي، ياخشى ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشنى، ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ئويغانغان ئاڭلىق ئادەمنىڭ ئۈچ مۇھىم ئەخلاق ئىدىيىسى دەپ قارايدۇ»①.

دېمەك، يۇقىرىقىدەك ئوخشىمىغان ئىقىم، مەزھەپلەر توقۇنۇشى داۋامىدا، ئۇدۇن بۇددا ئۆلىمالىرى ماھايانا نوم سوترالىرىنى كۆپلەپ تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلىشقان. شۇنداقلا بۇ جەرياندا ئۆزلىرىگە خاس (جانلىق، قوللىنىشچان ھالەتتە) بۇددا ئەسەرلىرى يېزىشقان. شۇ ئاساستا خوتەن پۈتۈن شىنجاڭدا (غەربىي يۇرتتا) ماھايانا بۇددىزمنىڭ مەركىزى ۋە كونا ماكانىغا ئايلانغان.

## 2. ئۇدۇندا بۇددىزمنىڭ ئەۋج ئېلىشى

بۇددا ئەقىدىسىنىڭ ئەسلىي پەيدا بولغان ماكانى ھىندىستان بولۇپ، دەسلەپىدە مەھەللىۋى ئېتىقاد شەكلىنى ئېلىپ، ئېتىقادچىلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، رايون، مەملىكەت خاراكتېرلىك، ھەتتا خەلقئارادا زور تەسىرلىك دىنغا ئايلانغان. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشىغان ئۇدۇندا بۇددا دىنى دەسلەپىدە ئىپتىدائىي شەكىلدە قوبۇل قىلىنىپ، خان ئوردىسى دائىرىسىدىن ئاۋام ئومۇمىي ئېتىقادىغا ئايلىنالمىغان (بۇ ھەقتىكى مەسىلىلەر ماقالىنىڭ باش قىسمىدىكى مەزمۇنلاردا بايان قىلىندى)، ئەمما تەبىئىي ئىنتىلىش، بۇددا تەلىماتى بويىچە «ئۆزىنى قۇتقۇزۇش» ئېڭىنىڭ تۈرتكىسىدىن كۆرە، ئىجتىمائىي كەيپىيات، ئىپتىدائىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئاساسىدا ئارخاتلارنىڭ سىڭىپ كىرىشى بىلەن بۇددا دىنىغا بولغان ئىككىنچى قېتىملىق ئېتىقاد قىزغىنلىقى مەيدانغا كەلگەن.

ئۇدۇندا بۇددىزمنىڭ قايتا ئەۋج ئېلىشى، كۇشان خاقانى كانىشكا يېتەكچىلىكىدىكى كەشمىردە ئېچىلغان 4 - قېتىملىق بۇددا قۇرۇلتىيى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بەلكى بۇ قۇرۇلتاي ئۇدۇندىلا ئەمەس، پۈتۈن بۇددىزم تارىخىدا يېڭى باشلىنىش بولدى دەپ قاراش كېيىنكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولسا كېرەك.

ئۇدۇندا بۇددىزملىق ئېتىقادنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە ئۇدۇننىڭ

---

① ئا. مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتى» 53 - بەت.

ماھايانا ئېتىقادىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ قېلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب تۆۋەندىكىچە:

1) ئۇدۇندا قۇرۇلغان ياش خانلىق ھۆكۈمرانلىق فۇنكسىيىسىنى دەخلىسىز يۇرگۈزۇشتە ئاۋامنى ئىتتىپاقلاشتۇرالايدىغان، نىيەت، پىكرىنى خالىسلىقتا باشلىيالايدىغان ئېتىقاد بىرلىكىگە موھتاج بولغان. بۇ خىل مەنىۋى موھتاجلىقنى كۆپ خۇدالىق ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد ۋە پېرىخون، كاھىنلارنىڭ سۇرە - ئەپسۇنلىرىغا بېقىنىپ ئالدىن بېشارەت بېرىشتەك ئەمەلىيەتتىن چەتنىگەن ئېتىقاد شەكلى قامدىيالمىغان. ئەمما بۇددىزمدىكى، بولۇپمۇ ماھايانا مەزھىپىدىكى تۆت ھەقىقەتنىڭ بىرى بولغان «يول ھەقىقىتى» گە بېرىلگەن سەككىز خىل شەرھدىكى مەزمۇنلار، ئەل ئاۋامنى شۇكۇر-قانائەتكە، ياۋاش - رايىشلىقتا، توغرا نىيەت، ھەققانىي ھەرىكەتكە ئۇندەپ، ئويغانغان ئاڭلىق ئادەمنىڭ ئۆچ مۇھىم ئەخلاقى ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. دېمەك بۇ، شەخسنىڭ ئۆز- ئۆزىنى كونترول قىلىشقا نىسبەتەن بۇددا دىنىنىڭ ئىنساندىن كۈتكەن شەكسىز تەلىپى. شۇ سەۋەبلىك ماھايانا مەزھىپى ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ ئىرادىسى ئاساسىدا ئۇدۇندىكى ئاۋامنىڭ چەكسىز قوللىشىغا ئېرىشكەن.

2) كەشمىردە ئېچىلغان بۇددىستلارنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىدا مىلادىيە I ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر بۇددا ئالىمى ئاسۋاگوشا نىڭ «ماھايانا بۇددىزمى» نىڭ ئېتىقاد شەكلى، تاۋاپ، ئىستىقامەت قاتارلىق تەرەپلەردىكى يېڭى نەزەرىيىسى ئاساسىي ئورۇنغا كۆتۈرۈلدى. شۇنداقلا شۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا «بۇددىزمنى قوبۇل قىلىش شەرتلىرىنى ئۇڭايلاشتۇرۇپ، تەركىدۇنياچىلىق، يىراق تاغلىقلار ۋە غارلاردا ئىستىقامەت ئېلىپ بېرىش، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكتە قاتتىق تەقۋادار بولۇش قاتارلىقلارنى ئىسلاھ قىلىپ، بۇددا دىنىنىڭ، بولۇپمۇ ماھايانا مەزھىپىنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا يول ئاچقانلىقى[1]» ، ئۇدۇندا بۇددا دىنىغا بولغان قايتا قىزغىنلىقنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى بىر سەۋەب.

3) مەشھۇر بۇددىزم تەتقىقاتچىسى لۇي جىن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ مەنبەلىرى ۋە تارماقلىرى» دېگەن كىتابىدا كەشمىر خاقانى كانىشكانى جىنتەنلىك ( 真揀 ) خوتەنلىك دەپ

① ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى».

مۇئەييەنلەشتۈرگەن، شۈنداق① بولغاندا كانىشكانىڭ خوتەنلىك (ئۇدۇن جەمەتىدىن) بولۇشى، ئۇنىڭسىز ئۇدۇن بىلەن كەشمىرنىڭ يېقىن قوشنا ئەل بولۇشى ئېھتىمال ئۇدۇن بۇددىستلىرىنىڭ كەشمىردىكى 4- قېتىملىق قۇرۇلتايغا قاتنىششىغا شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. بۇ ھەقتە يۈيجى، لياۋدى قاتارلىق بەزى ئالىملار، خوتەن ئەسلىي «چىن» يېپەك ئېلى (بۇ ھەقتە ھىندىستاننىڭ ئەڭ قەدىمكى «مانۇ قانۇنى» دا تىلغا ئېلىنغان، ماھايانا مەركەزلىرىدىن بىرى بولغانلىقى شاراپىتى بىلەن «ماھاچىن» «ئۇلۇغ چىن» دەپ ئاتالغان) دەپ ئاتالغان، دەپ قارىشىدۇ.② دېمەك، بۇ خىل دىپلوماتىيە جەھەتتىكى قولايلىق ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى سودا - ئالاقە، يۈرۈشلەرگە ئەگىشىپ، بۇددا دىنى ئېتىقادىنىڭ كۆپلەپ كىرىشىگە كەڭرى شارائىت ھازىرلىغان.

يۇقىرىقى قاراشلىرىمىز، ئۇدۇندا بۇددا دىنىنىڭ ئەۋجىگە چىقىشىدىكى ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي سەۋەبلەر.

ئۇدۇندا بۇددىزمنىڭ راۋاجلىنىپ ئەۋج ئالغانلىق توغرىسىدا، تارىختا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلگەن سەيياھ، دىپلومات (ئەلچى-لەر)، راھىبلارنىڭ قالدۇرغان خاتىرىلىرى (كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى) يېتەرلىك ئىسپات بولالايدۇ.

«ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، ئۇدۇندا «بۇددىزم ئەقىدىسىگە ئەھمىيەت بېرىدىكەن. بۇتخانا، مۇنار، راھىب، راھىبەلەر كۆپ ئىكەن. خان بۇدداغا بەك ئىخلاس قىلىدىكەن. ئۇ ھەر پەرھىز كۈنىدە ئۆزى سۇ سېپىپ ۋە سۇپۇرۇپ، پەرھىز تائامى ئىنئام قىلىدىكەن» دېيىلگەن. مىلادىيە VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇدۇنغا كەلگەن تاڭ شۈەنزاڭ ئۇدۇن دۆلىتىدە، «ساڭرامىلىرى 500 دىن ئاشىدىكەن» «راھىبلار بەش مىڭدىن ئاشىدىكەن» دېگەن خاتىرىنى قالدۇرغان («ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»). مىلادىيە V ئەسىرنىڭ بېشىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئۇدۇنغا كەلگەن فاشيەن ئۇدۇن ھەققىدە: «... ھەممىسى بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. بۇددا نەغمىلىرى بىلەن كۆڭۈل ئاچىدىكەن. راھىبلىرى بىر نەچچە ئون مىڭغا بارىدىكەن. كۆپىنچىسى ماھايانا مەزھىبىدە، ئوپچى تاماق يەيدىكەن ... ھەممە ئائىلىلەر ئىشىك ئالدىغا كىچىك

① لۈي جىن: «ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ مەنبەلىرى ۋە تارماقلىرى».
② ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى».

مۇنار سالغان بولۇپ، ئەڭ كىچىكلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى غۇلاچ ئەتراپىدا كېلىدىكەن» دەپ خاتىرە قالدۇرغان. فاشىيەنىنىڭ قالدۇرغان خاتىرىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، شۇ ۋاقىتتا ئۇدۇندا ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئوپچى تاماق يەيدىغان، يەنە كېلىپ بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ مىڭ راھىبە سىغىشىپ ئولتۇرۇپ تاماقلىنالايدىغان ئىبادەتخانىلاردىن ئاز دېگەندىمۇ 14 ئورۇندا زور ئىبادەتخانا (بەزى يازمىلاردا 17 دەپ ئېلىنغان. ئەمەلىيەتتە بولغىنى يەنىلا 14) بولغاندىن سىرت، كىچىك ئىبادەتخانىلار نۇرغۇن بولغان. بۇ بايانلاردىن يەكۈن شۇكى، ئۇدۇندا بۇددا دىنى روناق تاپقانلا ئەمەس، بەلكى ئەۋجىگە چىققان. ھەرقانداق بىر مەنبەدە بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ مىڭ راھىبە تاماقلىنالايدىغان بۇتخانىدىن 14ى سېلىنغان ئەل توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرۇلغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، ئائىلىلەر بويىچە بۇددىستلىقنى ئىپادىلەيدىغان «ئىشىك ئالدىدىكى مۇنار شەكىللىك بۇد تەكچىسى» نىڭ ئومۇملىشىشى ئۆز زامانىسىدا ھەرقانداق جايدا كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ. يەنە كېلىپ، ھەر پەرھىز كۈنى خانىنىڭ ئۆزى سۇ سېپىپ - سۇپۇرۇپ، «بىر كۈن راھىب بولسا، بىر كۈن داڭ ئورۇش» تەك ئېتىقاد خالىسلىقى بولغان بۇددا دىنى دۆلەت دىنىغا ئايلىنىپ، خانلىق تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى «خان ھەرىكىتى ئارقىلىق ئېلان قىلىنىدىغان قانۇن» غا ئايلانغان. بۇ سۆزىمىزنى تۆۋەنكى پاكىتلىق خاتىرىلەر ئىسپاتلايدۇ:

«جۇشىشىڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا بايان قىلىنىشىچە، جۇشىشىڭ مىلادىيە 260- يىلى ئۇدۇنغا كېلىپ، براخما كىتابىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنىڭ 90 بابىغا ئېرىشكەن. بۇ دەل ماھايانا مەزھىپىنىڭ نومى «پىراجنا پاراھىتا» بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئۇدۇندا ھىنايانا مەزھىبى ھۆكۈمران ئورۇندا بولغاچقا، ھىنايانا مەزھىپىدىكىلەر جۇ شىشىڭنىڭ ماياھانا نومىنى ئالغانلىقى ۋە يولغا چىقماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، خانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ نەسىھەت قىلىپ چەكلەشنى ئۆتۈنۈپ مۇنداق دېگەن: «خەنزۇلار ئىلىنىڭ سىرامانى براخمالارنىڭ كىتابى ئارقىلىق رەسمىي كىتابلىرىمىزدىن ئازماقچى بولۇۋاتىدۇ. خان ئالىيلىرى سىلى يۇرتىمىزنىڭ باش ئىگىسى، ئەگەر بۇ ئىشنى چەكلىمىسىلە قائىدە - قانۇنلىرىمىزنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ، خەنزۇلارنىڭ يۇرتى گاس ۋە قارىغۇدەك بولۇپ قالىدۇ. بۇ سىلىنىڭ سەۋەنلىكلىرى بولىدۇ» . بۇ خاتىرىدىن قارىغاندا گەرچە شۇ مەزگىلدە

گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرۇۋاتقىنى ھىنايانا مەزھىپى بولسىمۇ، لېكىن بۇددا ئۆلىمالىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، ھەتتا خانغىمۇ تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن. ئەمما فاشىيەنىنىڭ V ئەسىردە قالدۇرغان خاتىرىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ ئۇدۇنغا كەلگەن مەزگىلدە ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇپ، جۇشىشىڭ قالدۇرغان خاتىرىنىڭ ئەكسىچە ماھايانا مەزھىپى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئۆتكەن. خانمۇ ماھايانا مەزھىپى راھىبلىرىنى ھۆرمەت قىلغان. كېيىنكى چىن پادىشاھلىقىنىڭ خوڭشى 2- يىلى (تەخمىنەن 400- يىللىرى) بىر نىيەت راھىبلاردىن خۇيجىڭ، داۋجىڭ، خۇيىيىڭ، خۇيۋېي قاتارلىق راھىبلار بىلەن چاڭئەندىن يولغا چىقىپ، ئۇدۇنغا كېلىپ، مەشھۇر «گومانى» ئىبادەتخانىسىغا چۈشكۈن بولغان ۋاقتىدا ئۇدۇن ماھايانا مەزھىبىدىكى بۇددىستلارنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە مۇنداق خاتىرە قالدۇرىدۇ: «گوماتى — ماھايانا مەزھىبىدىكىلەرنىڭ ئىبادەتخانىسى ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈچ مىڭ راھىبى بار ئىكەن، تاك - تاك ئورۇنلۇشى بىلەن ھەممىيلەن غىزالىنىشقا ئولتۇرىدىكەن. تاماقخانىسىغا سۈرلۈك قىياپەتتە كىرىدىكەن. ھەر كىم رېتى بويىچە ئولتۇرىدىكەن، شۇنداق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدىكەنكى، ھېچىرىنىڭ ئاۋازىمۇ چىقمايدىكەن ...» . بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۇددا دىنى ئېتىقاد شەكلىنى ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئامموۋى پائالىيەت، يەنە كېلىپ تۈزۈمى بولغان، تەرتىپلەشكەن، ھەممىيلەن ئاڭلىق ھەم قەتئىي ئىجرا قىلىدىغان دىنغا ئايلانغان.

بولۇپمۇ ئۇدۇندا يىلدا بىر قېتىم بۇت سەيلىسى بولۇپ تۇرغان (بۇت سەيلىسى پائالىيىتى تارىخىي مەنبەلەردە «بۇت يۆتكەش» «بورھان يۆتكەش» «بورھان يۇيۇش» دەپ بىرنەچچە خىل ئالغان. بۇ جايدا بىز كۆپرەك ئاتالغان «بورھان يۆتكەش» دېگەن نامىنى قوللىنىمىز) . فاشىيەن ئاتايىن مۇشۇ بۇت سەيلىسى بورھان يۆتكەش پائالىيىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇدۇندا ئۈچ ئاي ساقلاپ تۇرغان ھەم بورھان يۆتكەش پائالىيىتىنىڭ تەپسىلاتىنى قالدۇرۇپ مۇنداق يازغان: «ھەر يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، شەھەر كوچىلىرىنى سۈپۈرۈپ سۇ چاچىدىكەن، كوچا - كويلار ھەيۋەتلىك بېزەكلەر بىلەن ياسىلىدىكەن، شەھەر دەرۋازىسى ئۈستىگە دەرپەردىلەر ئېسىلىدىكەن، ھەممە نەرسىلەر پۇختا زىننەتلەش بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىكەن، خان ۋە خانىكە - كېنىزەكلەر شۇنىڭ ئىچىدە تۇرىدىكەن. راھىب گوماتى ماھايانا تەرەپدارى بولۇپ، خان ئۇنىڭ بەك

هۆرمىتىنى قىلىدىكەن. ئۇ ئاۋۋال بۇتنى ماڭغۇزىدىكەن. شەھەردىن ئۈچ ـ تۆت چاقىرىم كېلىدىغان يەردە تۆت چاقلىق بۇت هارۋىسى ياسىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ غۇلاچ (هارۋىنىڭ ئېگىزلىكى) دىن بولۇپ، بەئەينى بىر سارايىنى كۆچۈرۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ھەممە تەرىپى يەتتە گۆھەر (بۇ يەتتە گۆھەر ھەققىدىكى قاراش ئوخشاش ئەمەس. ئومۇملاشقىنى تۆت خىل قاراش بولۇپ، تۆت خىل قاراشتا، ئالتۇن، كۈمۈش، بىللۇر، سىرى سەدەپ، ھېقىق، مەرۋايىت، ئەتىرگۇل، ئەينەك، ئۈنچە ـ مارجان، قىزىل ئالتۇن، كەھرىۋا، مارجان قاتارلىق ئون ئىككى خىل بۇيۇم ئوتتۇرىغا چىققان. بۇلاردىن زادى قايسى يەتتە گۆھەر ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق) بىلەن ناھايىتى ھەشەمەتلىك بېزىلىدىكەن. شايى تۇغ ـ ئەلەم ۋە كۇنلۇك ئېسىلىدىكەن. بۇت هارۋىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىكەن. ئىككى بۇدساتۋا ئۇنى قوغداپ تۇرىدىكەن. ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان قورچاق پەرىشتىلەر، خىزمەتچىلەر ئېسىقلىق تۇرىدىكەن. بۇت شەھەر دەرۋازىسىغا يۈز قەدەم قالغاندا خان بېشىدىن تاجىنى ئېلىپ، يېڭى كىيىم كىيىپ گۈل ۋە كۈجە كۆيدۈرۈپ، يالاڭ ئاياغ مېڭىپ شەھەرنىڭ يان ئىشىكىدىن چىقىپ بۇتنى قارشى ئالىدىكەن. بېشىنى بۇتنىڭ پۇتىغا قويۇپ كۈجە كۆيدۈرۈپ، گۈل چاچىدىكەن. بۇت شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرگەندە دەرۋازا راۋىقىدا تۇرغان خانىكە ۋە ئۇنىڭ كېنىزەكلىرى گۈللەر چېچىپ، ئارقا-ئارقىدىن تۆۋەنگە چۈشىدىكەن. شۇنداق گۈزەل، ھەيۋەتلىك هارۋىلار بىر- بىرىگە ئوخشىمايدىكەن. بىر ساڭرام (بۇتخانا) بىر كۈن بۇت سەيلىسى قىلىدىكەن. بۇ 4- ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 4- ئاينىڭ 14- كۈنىگىچە داۋاملىشىدىكەن. بۇت سەيلىسى ئاياغلاشقاندىن كېيىن خان ۋە خانىكىلەر خان سارىيىغا قايتىدىكەن».

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، فاشيەن يەنە بىر بۇتخانىنى بايقىغانلىق خاتىرىسى قالدۇرغان بولۇپ، سىنىلىۋاتقىنىغا سەكسەن يىل بولغان. ئېگىزلىكى 25 غۇلاچ (ھەر بىر غۇلاچنى تەخمىنەن بىرىيېرىم مېتىر دېگەندە ئوتتۇرىچە 37 ~ 38 مېتىر ئېگىزلىكتە بولىدۇ)، لىم - تۈۋرۈكلىرىگە نەقىشلەر ئويۇلۇپ، نۇرغۇن جاۋاھىراتلار ۋە ئالتۇن - كۈمۈشلەر بىلەن زىننەتلەنگەنلىكى، راھىبلار قەسىرىمۇ شۇنداق گۈزەل بېزىلىپ، تۈۋرۈكلەرگە ئالتۇن قەغەز ئىشلىتىلگەنلىكى، بۇ ئىبادەتخانىنى سېلىشقا پامىرنىڭ شەرقىدىكى ئالتە دۆلەتنىڭ (قايسى

دۆلەتلەر ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، بەلكى ھەممىسى ئۇدۇن ئېلىگە قارايدىغان دۆلەتلەر بولسا كېرەك) خانلىرى قىممەتلىك گۆھەرلەرنى ھەدىيە قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

فاشيەن كېتىپ تەخمىنەن يۈز يىللاردىن كېيىن (مىلادىيە 518- يىلى) شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ شېنگۇي 1- يىلى خان ئانىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن غەربىي يۇرتقا نوم ئالغىلى بارغان سۇڭ، يۈن، خۇيشىڭ قاتارلىقلار ئۇدۇننىڭ شەرقى قىسمىدا 300 دەك راھىبى بار بىر ئىبادەتخانىنى كۆرگەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئىبادەتخانىدا بىر يېرىم غۇلاچ (ئالتە گەز) ئېگىزلىكتە بىر ئالتۇن بۇت بارلىقىنى، چىراي - تۇرقى مىسلىسىز بولۇپ، چىرايى نۇرانە ھەم گۈزەل، ھەمىشە شەرققە قاراپ تۇرىدىغانلىقى، بۇ بۇت ئەسلىي جەنۇبتىن ئۇچۇپ كەلگەن بولۇپ، خان يۈكتەكشكە ئامال قىلالماي، بۇتقا ئاتاپ مۇنار سالدۇرۇپ، بۇتخانىنىڭ تازىلىقىنى قىلىشقا 400 ئۆيلۈك ئاجرىتىپ بەرگەنلىكىنى، بىرەركىم ئاغرىپ قالسا ئاغرىق جايىغا ئۇدۇللاپ، بۇتقا ئالتۇن قەغەز چاپلاپ قويسا دەرھال ساقىيىپ قالىدىغانلىقىنى، كېيىنكىلەرنىڭ بۇتنىڭ يېنىغا ئالتە جاڭ ئېگىزلىكتە بۇت ۋە ئوردا مۇناردىن بىرقانچە مىڭنى ياساپ، تۇمەنلىگەن رەڭگارەڭ تۇغ - ئەلەملىرىنى ئېسىپ قويغانلىقىنى، ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاسقان تۇغ - ئەلەملىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى ... تۇغ - ئەلەملىرىنىڭ ئېسىلغان ۋاقتىنىڭ ياۋ، چىن زامانىسىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى خاتىرە قالدۇرغان.①

مىلادىيە 424 - يىلىدىن 453 - يىللىرىغىچە خېشى سىرامانى شى تەنشۇ، ۋېي دى قاتارلىق سەككىز راھىب بىرلىشىپ جاھان كېزىپ، يىراقلارغا بېرىپ نوم ئىزدىگەن. ئۇلار ئۇدۇنغا كەلگەندە دەل پانجاۋارىسكا يىغىلىشى (بۇ ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاممىۋى يىغىلىش بولۇپ، بۇددا دىنىنىڭ ھەر قايسى مەزھەبلىرى مۇنازىرىلىشىپ، ۋەز ئېيتىشىدىغان چوڭ يىغىلىش. مۇشۇ ۋاقىتتا كەلگەندە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ بۇدداشۇناسلىرى جەم بولۇپ بۇددا مۇنازىرىسىگە قاتنىشىدۇ) بولۇۋاتقانىكەن. خەنزۇلار يۇرتىدىن كەلگەن بۇ سەككىز راھىب ئۇدۇندا توختاپ، خان شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان پانجاۋارىسكا يىغىلىشىغا قاتنىشىپ، كەمتەرلىك بىلەن ھەرقايسى ئەل بۇددا ئالىملىرىدىن تەلىم ئالغان ...... ھەرقايسى

① لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى — ئۇدۇن» 154 -، 155 - بەتلەر.

قاراشتىكىلەرنىڭ ۋەزلىرىنى خاتىرىلىۋالغان. ئۇلار تۇرپانغا قايتقاندىن كېيىن ئۇدۇندىكى پانجاۋارىسكا يىغىلىشىدا خاتىرىلىۋالغانلىرىنى رەتلەپ بىر كىتاپ قىلىپ، «دانىشمەنلىك ۋە ئەخمەقلىق سۇترىسى» دەپ نام قويغان.

يۇقىرىقى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇددا ئېلى — ئۇدۇندا تەخمىنەن IV ـ V ئەسىرلەردە بۇددا دىنى ھەقىقەتەن كەڭرى راۋاجلىنىپ شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ھەتتا خان شۇ پائالىيەتكە بىۋاستە باشلامچىلىق قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئىزچىل 14 كۈن، ھەر يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە داۋاملاشقان. خۇلاسىمىز شۇكى: بۇددا دىنى ئۇدۇندا شۇ مەزگىلدە دۆلەت دىنى قىلىنغان ھەمدە بىر قىسىم قائىدە ـ تۈزۈملىرى (بۇددا پەرھىزلىرىدىن باشقا مۇھىمى بۇددا دىن پائالىيەتلىرىگە ئائىت) خېلى مۇكەممەل تۇرغۇزۇلغان. «بورھان يۇيۇش» مۇراسىمىنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن (شۇ قەدەر كاتتا، ھەشەمەتلىك بېزىلىپ، خانغا يارىغۇدەك داغدۇغا پەيدا قىلغاندىن قارىغاندا)، خان مەخسۇس مالىيە كۈچى ئاجراتقان.

فاشيەننىڭ «بۇت سەيلىسى» ھەققىدىكى خاتىرىسى ھەمدە ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «دەر ھەقىقەت بۇنىڭدىن ئارتۇق سەلتەنەتلىك بۇددا سەيلىسى ھەققىدە ھازىرغىچە باشقا بىرەر خاتىرەنامە يېزىلغانلىقىنى بىلمەيمىز».

فاشيەننىڭ كېيىنكى خاتىرىسىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى سېلىنىۋاتقىلى 80 يىل بولغان بۇ ئىبادەتخانا «ۋاڭ شىنىسىڭ» (خانلىق يېڭى ئىبادەتخانا) ئىبادەتخانىسى بولۇپ، قۇرۇلۇش جەريانى ئۇدۇننىڭ ئۈچ خانلىقىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ھەر ئۈچىلى خاننىڭ ئىزچىل كۈچىشى نەتىجىسىدە پۈتكەن. مەلۇمكى، مىسىردىكى غايەت زور ئەلئېھراملارنىڭ ئەڭ كاتتىسى شۇنچە تۈجۈپىلەپ ئىشلىنىپ ئون يىلدا پۈتكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇدۇننىڭ ھەقىقەتەن بۇددىنى ئۇلۇغلاش، بۇددا ئۈچۈن ئاجايىپ كاتتا قەسىرلەرنى (ئىبادەتخانا، بۇتخانىلارنى) سالدۇرۇپ، يېقىن ئەللەردىن باشقا، ھەتتا يىراق ئەل بۇددىستلىرىنىڭ تاۋابگاھى ۋە سەيلىگاھىغا ئايلاندۇرغانلىقى ئېنىق.

خېشى سىرامانلىرىنىڭ بايانلىرىدىن (يازمىلىرىدىن) قارىغاندىمۇ، ئۇدۇن ھەقىقەتەن بۇددا ئېلى بولۇشقا، بۇددا دىنىنىڭ ئىككىنچى مەركىزى بولۇشقا مۇناسىپ دەپ ئېيتالايمىز. چۈنكى بەش يىلدا بىر قېتىم مۇتىنىزم ھالەتتە بۇددا دىنى مەزھەپلىرىنىڭ قاراشلىرى، ئېتىقاد مەزمۇنلىرى ھەققىدە، بولۇپمۇ بىر دىن ئۈچۈن

ئېيتقاندا، دىن ئالىملىرىنىڭ ھەرقايسى ئەللەردىن بىر جايغا يىغىلىپ مۇنازىرە، مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشى بىر مۆجىزە. چۈنكى ھازىرغىچىلىك ھەر قانداق باشقا بىر دىندا بۇنداق زور كاتتا يىغىلىشنىڭ ئەنە شۇنداق ئېپتىدائىي مەزگىلدە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا يازما ئۇچۇر قالدۇرۇلمىغان.

بۇ تېمىدىكى سۆزىمىزنى بۇددا دىن تەتقىقاتچىسى، ئۇدۇن بۇددىزىم تارىخىنى سىستېمىلىق تونۇشتۇرغان لى يىنپىڭ ئەپەندىنىڭ سۆزى بىلەن قىسقىچە ئېخچاملىغاندا، «ئۇدۇن — ساڭراملىرى كۆپ، كۆلىمى زور، راھىبلىرى كۆپ، نوم بىتىكلىرى مول، دىن پائالىيەتلىرى ئاۋات، خان يۇقىرىدا نېمىنى قىلسا تۆۋەندىكىلەرمۇ ئۇنى دورىغان، بۇددا دىنى مەدەنىيىتى ھەرقايسى ساھەلەرگە سىڭگەن، كۆپلىگەن بۇددا دىنى كىتابلىرى چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن ھەم ئۇدۇندا تەرجىمە قىلىنىپ ئارقا - ئارقىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان، بۇددا تەلىماتىنى ئالماشتۇرۇش كۆپ ئېلىپ بېرىلغان، نوم سۇترالارنى تەرجىمە قىلىش ئىشىمۇ تەرەققى قىلغان».

## 3. مۇرەككەپ بىرىكمە مەدەنىيەت ئىپادىسى

ئۇدۇن مەدەنىيىتى ھىندىستان - كەشمىر مەدەنىيىتىنىڭ بۇددىزمغا ياندىشىپ ئۇدۇنغا كىرگەندىن كېيىن ئۇدۇندا يىلتىز تارتىپ ئۆزلىشىشى ياكى ئۇدۇنچە يېڭىدىن راۋاجلىنىشى ئەمەس، بەلكى ئۇدۇندا ئەسلىي ئەزەلىي - مەۋجۇت بولغان مەدەنىيەت ئامىللىرىغا بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى، سودا - ئالاقىدىكى ئىجتىمائىي يۇقۇندا، تۇرمۇش ئىشلەپچىقىرىشتىكى شاللاش ۋە تاللاش قاتارلىق ئامىللار سەۋەبىدىن ئۇدۇندا ئەسلىي مەۋجۇت بولغان مەدەنىيەتتۇر.

ئۇدۇننىڭ بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئاۋۋالقى مەدەنىيەت سىستېمىسى ,ھەققىدە كونكرېت يازما مەنبە يوق ھەم بۇ ھەقتىكى تەتقىقات بوش قالدۇرۇلغان. لۇشۇن ئەپەندى ئېيتقاندەك، «قەدەم ئىزى بىراۋنىڭ ماڭغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ»، شۇنداق ئىكەن، تۆۋەندە قەدىمكى ئەسەرلەردە قالدۇرۇلغان ئىزلارغا ئاساسەن، ئۇدۇننىڭ شۇ دەۋردىكى مۇرەككەپ بىرىكمە مەدەنىيىتى ھەققىدە ئىككى كەلىمە ئەقلىي يەكۈن چىقىرىلىدۇ. بۇ مەخسۇس مۇشۇ تېمىدا تەتقىقات ئېلىپ

بارغۇچىلار ئۇچۇن ئىزدىنىشتە ئىلھام بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.
ئۇدۇننىڭ بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى مەدەنىيەت ئامىللىرى، دەۋرنىڭ تۇرلۇك چايقاشلىرىدىن ئازغىنە بولسىمۇ ئامان قېلىپ، ئەينى دەۋر مەدەنىيىتىنىڭ شاھىدىنى كۆرسىتەلىگۇدەك تىپلىرى توغرىسىدا ھازىرقى خوتەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلار دائىرىسىدە قىسمەن ئۇچۇرلار قالغان.

## 1) گۇزەل - سەنئەت رەسساملىق

نۇرغۇن تارىخنامىلەردە ۋە بۇگۇنكى زامان تارىخ تەتقىقاتلىرىدا بايان قىلىنىپ چىقىرىلغان يەكۇن: ئۇدۇن مەدەنىيىتى — ھىندىستان، گرېك مەدەنىيىتىنىڭ جۇغلانمىسى، بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىشقا ئەگىشىپ قوبۇل قىلغان ھەم ئۇدۇن تۇپرىقىدا مەدەنىيەت ئامىللىرى سۇپىتىدە بىخ سۇرگەن، دېگەن قاراش. ۋەھالەنكى، مەسىلە ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. خېمىرتۇرۇچىسىز خېمىر بولدۇرۇلمىغاندەك، ئەسلىي مەدەنىيەت ئەندىزىسى، مەدەنىيەت تىپى بولمىغان ئۇدۇننىڭ بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىشقا ئەگىشىپ سىڭىپ كىرگەن مەدەنىيەتنى شۇنچە تېز سۇرئەتتە قوبۇل قىلىپ، شۇنچە ۋايىغا يەتكۇزۇپ سىستېمىلىق ھالدا ئىپادىلەپ، يىراق - يېقىندا داڭ چىقىرىشى، قوشنا ئەل ھېرىسمەنلىرىنى شۇ دەۋرنىڭ مۆجىزە خاراكتېرلىك مەدەنىيەت سەمەرىلىرى بىلەن تاڭ قالدۇرالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

«گۇما ناھىيىسىنىڭ سانجۇ دەريا ۋادىسىدىكى ئۇراچى قىياسىغا، كىيىكتۇزدىكى كۆكۇش قىيا تاشقا، قاناز قىيالىرىغا كۆپلىگەن قىيا تاش سىزمىلىرى سىزىلغان. ئۇلاردىن مۇھىملىرى خوتەن ئارقارلىرى، ئاتلىق ھەم پىيادە ئوۋ ئوۋلاش، ھەر خىل يالىڭاچ ئادەم سۇرىتى، ئىت قاتارلىقلار بىلەن قاناز قىيالىرىغا سىزىلغان ئىشىك ۋە سالاسۇنلۇق چىت - توساق ھەم ھەر خىل تامغا شەكىللىرىدىن ئىبارەت. كوئېنلۇن ئېتىكىدىكى بۇ قىيا تاش سىزمىلىرىدا ھېچقانداق بۇددىزم ئالامەتلىرى كۆرۈلمىگەن». (ئا. مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» 33 - بەت)

بىزدىكى ئەسلىي پاكىت ھازىرچە مۇشۇنچىلىك، ئەلۋەتتە. بۇنىڭدىن باشقا لوپ سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان جەسەت ساندۇقىدىكى تۇرلۇك نەقىش، بەلگە ئالامەتلەر، ھەمدەپنە بۇيۇملىرىدىكى بۇددىزىمغا ئائىت ياكى ئەمەسلىكى ئېنىق بېكىتىلمىگەن

بۇيۇملار مەۋجۇت بولسىمۇ، قىيا تاش سىزمىلىرىنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەنلىرىلا ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق بولۇشى ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتى، ئىنسان مەدەنىيىتىنىڭ دەرىجىسى ۋە شەكلىنىڭ ھەر خىللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇدۇن قۇم - تۇپراق ئاساس، چۆل- دالاسى كەڭ، قاتما تاش يوق دېيەرلىك زېمىن بولغاچقا، شۇ مۇھىتقا ماس ھالدا (باشقا ئورۇنلاردا تورپان، كۇچالاردا غار، ئۆڭكۈر، قىيا تاش رەسىملىرى سالماق ئورۇندا) ئۇدۇندا ساغرام - ئىبادەتخانا، بۇتخانىلار سالماق ئورۇن تۇتىدۇ. رەسساملىقمۇ شۇ دائىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. گوما ناھىيىسىدىكى ئۈچ ئورۇندىن بايقالغان قىيا تاش سىزمىلىرىدىكى ئوۋ ئوۋلاش، بولۇپمۇ بۇنىڭدىكى پىيادە ۋە ئاتلىق ئوۋ ئوۋلاش پائالىيىتىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىنى، بۇددا دىنىدىن ئاۋۋالقى ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇشىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى دەپ قاراش مۇمكىن. چۈنكى بىرىنچىدىن، بۇ بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئاۋۋالقى (خانلىق تۈزۈم ۋۇجۇدقا كېلىشتىن ئاۋۋالقى) پاترىئارخاللىق تۈزۈم دەۋرىدىكى تۇرمۇشنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى؛ ئىككىنچىدىن، ئەقەللىي ساۋات — بۇددا دىنىدا گۆش يېيىش، ھايۋاناتلارنى ئۆلتۈرۈش چەكلەنگەن. بۇنداق شارائىتتا قىيا تاش سىزمىلىرى ناۋادا بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ۋۇجۇدقا كەلگەن دېيىلسە، ئوۋچىلىق — ھايۋاناتلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئوۋ ئوۋلاۋاتقان سىزمىلارنىڭ روياپقا چىقىشى ياكى چىققان تەقدىردىمۇ ئەسلىي پېتىچە تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس.

قىيا تاش سىزمىلىرىدىكى يالىڭاچ ئادەم سۈرىتى گىرېك بۇددا دىنى مەدەنىيەتشۇناسلىرىنىڭ قارىشىچە، ھىندى - گىرېك مەدەنىيىتىنىڭ، بولۇپمۇ قەندىھار نۇسخىسىنىڭ ئۇدۇندىكى راۋاجى دەپ قارالسىمۇ، ئەمما رەسساملىق ئارخېئولوگىيىسى جەھەتتىن ئويلانغاندا، بۇ نۇقتا دەرۋەقە گۇمانلىق. چۈنكى، ئۇدۇننىڭ مەلۇم مەدەنىيەت تىپى بىر كۈندىلا ۋۇجۇدقا كەلگەن ئەمەس ھەم بىر كۈندىلا تەرەققىي قىلىپ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن ئەمەس. مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىن قارىغاندا تىپ دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈشكە بولىدىغان مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىپ، كامالەتكە يېتىكۈچە، ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ - تۆت ئەسىر، كۆپ دېگەندە توققۇز - ئون ئەسىر ۋاقىت كېتىدۇ. ئۇدۇنغا تەۋە يالىڭاچ رەسىم مەنبەسى مەسىلىسىدە ئېھتىماللىق قارىشىمىز مۇنداق: بىرىنچىدىن، تەسۋىرىي سەنئەتتە ئۇدۇن دەسلەپدىلا نوم - سۇترالاردىكى، قىسسەلەردىكى تۈرلۈك

ياخشى - يامان ئوبرازلارنى سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، تەسۋىرىي شەكىل بىلەن ئاجايىپ - غارايىپلاشقان ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاددىي ئىنسان شەكلىدە ئىپادىلەپ، ئۇدۇن خەلقىنىڭ پسىخىكىسىغا ماس ھالدا ئىلاھ، ئەۋلىيالار بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى پەرقىنى ئازايتىشنى ئىشقا ئاشۇرغان. بۇ جەھەتتە دەل رەسساملىقتىن پايدىلانغان. ئەگەر ئىلگىرى ئۇدۇندا رەسساملىق مەۋجۇت ئەمەس ئىدى دەپ قارالسا، ئۇنداقتا بۇددىزم كىرە - كىرمەستە بۇ خىل تەسۋىرىي شەكىل ۋۇجۇدقا كېلەلەمدۇ؟ بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە تۈرلۈك ئەۋلىيا، بۇددىۋالارنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى تاشقى كۆرۈنۈشىدىن ھېس قىلغىلى بولغۇدەك دەرىجىدە ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان سىزما ئىقتىدارنىڭ بولۇشى بىلەن، بۇددىزمغا تازا باب كېلەمەيدىغان، شامانىزمدىكى تراگېدىيىلىك ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرى تەسۋىرلەنگەن بالىبال قورچاقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن (مىلادىيە I ئەسىرگە تەۋە دەپ قاراۋاتقان بىر قىسىم قېزىلما بالىباللار خوتەندىن تېپىلغان. ھازىر ياپونىيە توكيو دۆلەت مۇزېيىدا ساقلانماقتا).

## 2) ھەيكەلتىراشلىق

ھەيكەلتىراشلىقنىڭ مەدەنىيەت دەۋرىنى بۇددا دىنىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن ئىزدەش ۋە ئويلىنىش مۇمكىن. چۈنكى باشقا قېزىلمىلاردىكى ھەمدەپنە قورچاق، بالىبال شەكلىدىكى بۇيۇملاردىن كۆرە، بىرىنچىدىن، تەبىئىي، ئاددىي ئىنسانىي ھېسسىيات، ئىچكى ماھىيەت، تاشقى كۆرۈنۈش ئارقىلىق تولۇق گەۋدىلىنىپ ياسالغان ئۈچ غۇلاچتىن ئارتۇق ئېگىزلىكتىكى بۇددا ھەيكەللىرى بىزنى بۇ ھەقتە ئويلاندۇرىدۇ. يەنى، ئىپتىدائىي ئاساس بولمىسا، كېيىنكى مەدەنىيەت ئىلگىرىكى مەدەنىيەتنىڭ ھامىلىسى بولمىسا، بۇنچە كاتتا ماھارەت بىر - ئىككى يىل ياكى بىرقانچە ئون يىلدا ۋۇجۇدقا كەلگەنمۇ؟ پەقەت بىرقانچە ئون يىلدا ۋۇجۇدقا كەلگەن تاراشلاش ماھارىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلگەن سەيياھلارنى شۇ قەدەر ھەيران قالدۇرالامدۇ؟ ئۇدۇندا شۇ خىل ماھارەتتىكى زور قوشۇن بارلىققا كېلەلەمدۇ؟ بۇ ئويلىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك؛ ئىككىنچىدىن، ياپونىيە توكيو دۆلەتلىك مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان، خوتەندىن تېپىلغان بالىبال قورچاق شەكلىدىكى نىقاب بۇيۇمنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ چىرايىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەندە ئوخشاش بولمىغان ھېسسىيات، ئوخشاش بولمىغان ساتىرىك تۈيغۇنى ھاسىل

قىلغان. يەنە كېلىپ بۇ ئوبرازلار كۆرۈنۈشى ساپال كۇپلەرنىڭ تۇتقۇچلىرىغا كۆپتۈرۈپ ياسالغان. يۇقىرىقى ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان رەسساملىق بىلەن ھەيكەلتىراشلىق قارىماققا ئىككىسى ئىككى خىل تۈر بولسىمۇ، لېكىن بىر - بىرىگە يېقىن ھەم ئۆزئارا تەقەززالىق سەنئەت.

يۇقىرىقى قاراشلىرىمىز بويىچە ئېيتقاندا، رەسساملىق بىلەن ھەيكەلتىراشلىقنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش تارىخىنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىن ئىزدەپلا قالماستىن، بەلكى تەرەققىيات، يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىپادىلەش ماھارەت مەزگىلىنى بۇددا دىنى ئۇدۇنغا كىرىشتىن ئاۋۋالقى مەزگىللەردىن ئىزدەش ئىلمىي ۋە ئەقلىي نۇقتىدىن بىر قەدەر مۇۋاپىق. شۇنداق بولغاندا ئاندىن كېيىنكى يەكۈنىمىز: ئەسلىدە مەۋجۇت مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرى ۋە خۇرۇچلىرىدىن پايدىلىنىپ، كېيىنكى (بۇددا دىنى قوبۇل قىلىنىپ دىن مەركىزىگە ئايلىنىشقا باشلىغان مەزگىلدىكى) ئالەمشۇمۇل تەسىرى زور مەدەنىيەت بىرىكمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن دېيەلەيمىز.

## 3) ناخشا - مۇزىكا سەنئىتى

ئۇدۇن ئۆز تارىخىدا مۇرەككەپ ھەم ئارىلاشما ئېتىقاد دەۋرلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن ھەم مۇشۇ ئېتىقاد قوبۇلچىلىقلىرىدا ئوخشىمىغان مەدەنىيەت تىپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش، بېيىتىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان. شۇنىسى ئايانكى، ناخشا - مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل ئۇدۇنلۇقلارغا ئۇزاقتىن بېرى ھەمراھ بولۇپ كەلگەن، بۇ نۇقتا ھەر كىشىگە ئايان. ناخشا- ئۇسسۇلنىڭ يىلتىزلىرىنى ئانىزم دەۋرىدىن سۈرۈشتۈرۈش مۇمكىن. چۈنكى ئوۋ ئوۋلاش شەكلىنى ئىپادە قىلغان (مەزمۇن قىلغان) تۈنجى قەدەمدىكى تىلسىز تراگېكومېدىيىنىڭ ئوينىلىشىدىن (ئوۋ ئوۋلاش جەريانى قەبىلە ۋە گۇرۇھقا قايتقاندىن كېيىن تەسەۋۋۇر ئاساسىدا ئۇسسۇل ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ ئىپادىلەپ، ھايۋانلارنىڭ بىچارە مەغلۇپ ھالىتى بىلەن ئىنساننىڭ «ئوۋچىنىڭ» غالىپ تەنتەنىلىك ھالىتى قايتا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن) سۇزۇپ ئېلىنغان قىيا تاش سىزمىسىدىكى (گۇما قىيا تاش سىزمىسى)، ئاتلىق ۋە ئاتسىز ئوۋچى، ئوق ئۈزۈۋاتقان كۆرۈنۈش، ھەرخىل ھايۋاناتلارنىڭ رەسىملىرىنى ئەنە شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتىنىڭ سەنئەتلىك

ئىپادىلىنىشى دەپ قاراش مۇمكىن.
ناخشا - مۇزىكىغا ياندىشقان ھالەتتىكى كومېدىيىلىك تەسۋىر دراماتىك ئىپادىلەشنى بۇددا دىنىغا بولغان ئېتىقادتىن بۇرۇن شەكىللەنگەن ھەمدە بۇنى روھىي ئوزۇق قىلغان دېيىش ئارتۇقچە بولمىسا كېرەك. چۈنكى شامان دىنىمۇ ئۇدۇندا خېلى بىر مەزگىل ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى. باخشىلار پال ئېچىش، جىن چاقىرىش - قوغلاش، روھ - ئەرۋاھلار بىلەن سۆزلىشىش، تەرسا، جاھىل جىنلارنى قامچا بىلەن قاتتىق ئۇرۇپ قوغلاش، پىر ئويناپ پىرقىراش قاتارلىق پائالىيەتلىرىدە تەبىئىي ھالەتتە ئۆزى بىلەن ئۆزى ئوخشىمىغان ئاۋاز، تەلەپپۇزدا سۆزلىشىش، پۇت - قوللىرىنى تەرتىپلىك ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ «ئۇسسۇل»، «ساما» شەكلىدە ھەرىكەتلەندۈرۈش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى بىشى - ئاخىرى بولغان ھالەتتە ئورۇندىغان. جۈملىدىن بۇ خىل ئورۇنداشتىكى ماھارەت دەرىجىسى پېرىخون، باخشىنىڭ «ئىقتىدار» نىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنىڭ ئۆلچىمى قىلىنىغانلىقتىن، ئىمكان بار ئەڭ سورلۇك، جەلپ قىلارلىق دەرىجىدە ئومۇملاشقان. بۇ مەزگىلدە داۋالىغۇچى (جىن چاپلاشقۇچى) روھىي جەھەتتىنمۇ تەسەللى ھېس قىلىپ، كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈش ئارقىلىق «كېسەل» ئازابىدىن يېنىكلىگەندەك بولۇپ، باخشىنىڭ «كارامىتى» نىڭ ھەقىقەتەن يۇقىرىلىقىغا ئىشەنگەن.
ئۇدۇندا بۇنىڭدىن سىرت يۇقىرىقىدەك ھەيكەلتىراشلىق بىلەن سەنئەت سۆيەرلىك زىچ گەۋدىگە ئايلانغان بولغاچقا، دۇنيا ھەيكەلتىراشلىقىنىڭ ئىپتىدائىي نەمۇنىسى، شۇنداقلا ئەڭ مۇكەممەل ئۆلگىسى يارىتىلغان. گوما قىيا تاش سىزمىسىدىكى بالىبال (ياپونىيە دۆلەتلىك مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان) لاردىن بىرىسىدە قولىدا چالغۇ تۇتۇۋالغان، تۇرقىدىن پەدە بېسىپ، چېكىپ چېلىۋاتقان كۆرۈنۈشتىكى بالىبال سۇرەتنىڭ بولۇشى بۇ سۆزىمىزنىڭ تىپىك دەلىلى.
لى يىنپىڭنىڭ «بۇددا ئېلى — ئۇدۇن» دېگەن ئەسىرىدە كۆرسىتىلگەندەك، مىلادىيىدىن ئىلگىرىلا ئۇدۇننىڭ ئۆز مۇزىكىسى بولغان. «كونا پېتىشتىكى ئاستانە خاتىرىلىرى» دە كۆرسىتىلىشچە، «7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كۇتكۇچى خېنىم بەيزى كۆل بويىدا ئۇدۇن نەغمىسى چېلىپ، گاۋدى خاننى كۈتتى» دېيىلگەن. خەنگاۋزۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 206 - يىلدىن 196-

يىلىغىچە دەۋر سۈرگەن. دېمەك، بۇنىڭدىن ئۇدۇن مۇزىكىسى مىلادىيىدىن ئىككى ئەسىر ئاۋۋال چاڭئەندىكى ئوردىغا تارقىلىپ، ئوردا نەغمىچىلىرى ئورۇندايدىغان نەغمىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. جۈملىدىن بۇ غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەنلىكىگە دائىر ئەڭ بالدۇرقى خاتىرە ھېسابلىنىدۇ.

## 4) ئېستېتىك تۇيغۇ ئىزنالىرى

نىيە خارابىسىدىكى بۇزۇلغان ئىمارەتلەردىن تام رەسىملىرى ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇلاردا ئايلانما نەقىش، بەش تىلىم گۈلى، بەلۋاغ بېزەك، نىلۇپەر قاتارلىق نەقىشلەر سىزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، سامپۇلدىكى قەدىمكى قەبرىدىكى بىر ئۆلگۈچىنىڭ قولىغا ئادەمنىڭ رەسىمى چېكىلگەن بولۇپ①، بۇ ئىككى خىل نەقىش بۇددىزىم سەنئىتىدىن خالىي، شۇنداقلا خېلىلا بالدۇرقى ئىجادىيەتلەر بولۇشى كېرەك.

بۇ ئىككى قېزىلما ئىسپاتىنى باغلاشتۇرۇپ ئىلمىي ئويلانغاندا، ئىنسانغا خاس ئېستېتىك تۇيغۇ، زوقلىنىش، زوقلاندۇرۇشنىڭ بىرلىكى ئۇدۇندا تۇرلۇك نەپىس نەقىش، گۈل ئويمىلار، گۈزەللىككە، كېلەچەككە تەلپۈنگەن روھىي سىمالار ئەكس ئەتكەندىن سىرت، ئىنساننىڭ ئۆز بەدىنىنى بايقىشى، شۇنداقلا ئۆز تېنىدىن زوقلىنىشىنىڭ ھەر خىل سىزمىلار، ئويمىلاردىن ھالقىپ چەكمە نۇسخىغا تەرەققىي قىلغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

## 5) گىرەلەشمە دىنىي ئېتىقاد

ئۇدۇن باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، دىن قوبۇل قىلىشتا ئىلمىيلىكنى نىشان قىلغىنىغا ئوخشاشلا، دىنىنىڭ تەركىبىدە ئۆزلەشكەن غەيرىي ساپ مەدەنىيەتلەردىن راۋاجلاندۇرۇشقا، ساقلاپ قېلىشقا بولىدىغانلىرىنى ئىزچىل قەدىرلەپ، يېڭى قوبۇل قىلغان دىنىي ئېتىقادقا نام - ئاتالغۇلاردىن تون كىيگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدە ساقلاپ كەلگەن.

مەسىلەن، مىلادىيە Ⅳ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۇدۇنغا چۈشكۈن قىلغان فاشيەن ئۆز خاتىرىسىدە، «بورھان يۆتكەش» پائالىيىتىنىڭ

---

① لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى — ئۇدۇن».

ھەر يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە داۋاملىشىدىغانلىقى، بۇ كاتتا مەرىكىدە ناخشا ـ ئۇسسۇل، نەغمە ناۋا بولىدىغانلىقى ئالاھىدە ھەيرانلىق بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئەمما بۇنىڭدىن باشقا ئورۇنلاردا بۇ خىل نەغمە ـ ناۋاغا ياندىشقان بۇت سەيلىسى بايرىمىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئۇچۇر يوق. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇدۇندا ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان ناخشا ـ مۇزىكا (يۇقىرىدا دەلىل ئالغىنىمىزدەك)، كېيىنكى بۇددىزم مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئۇدۇنچە بۇددىزم مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

ھازىرقى خوتەننىڭ قىسمەن رايونلىرىدا ھېلىغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئوتنى ئۇلۇغلاش، ئوتنى قەدىرلەش، ئوتنى خاسىيەتلىك دەپ ئېتىقاد قىلىش خاھىشىنىڭ ئىپادىسى بولغان ئۈچ يېقىپ جىنىنى ئۇچۇرغداش، گۈلخاندىن كېلىن ئاتلىتىش (بۇ ئازادلىق ھارپىلىرىغىچە مەشرەپ شەكلىدە ئىزچىللىشىپ كەلگەن) ئادەتلىرى بىلەن، V ئەسىرگە ئائىت، «ۋېينامە» دە كۆرسىتىلگەن «ئاتەشپەرەسلىك دىنى قەشقەر، خوتەن، قاراشەھەر، قۇجۇ، ئىئۇرغولدا سوغدىلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بۇخارا، سەمەرقەندلەردە ساقلانغان[1]» دېگەن ئۇچۇر بىلەن ماس كېلىدۇ.

ئۇندىن باشقا، لوپ سامپۇل قەدىمي قەبرىستانلىقى، نىيە قەدىمي قەبرىستانلىقىدىن قېزىلغان قەبرىلەردىكى جەسەتلەرنىڭ يېنىغا قويۇلغان ئارپا، بۇغداي، ئۈزۈم قاتارلىقلارنىڭ ئېتىمنىڭ مەنبەسىنى تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىدىن سۈرۈشتۈرۈپ كۆرگەندىن سىرت، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، ئاتەشپەرەسلىك دىنى بىلەن ئالاقىدار ئىكەنلىكى. چۈنكى ئاتەشپەرەسلىك دىنى تەشۋىقاتىدا باش تەڭرى ئاخۇرامازدانىڭ ئالتە سۈپىتى تەسۋىرلىنىدۇ (بۇ ئالتە سۈپەت بەزىدە ئالتە مۇئەككەل دەپ قارالغان بولۇپ، ھەر بىر مۇئەككەل ئۆز دائىرىسىدىكى ھاسىلاتقا باش بولغان بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى بەشىنچى سۈپەت بەشىنچى مۇئەككەل «ئامىرتات» ‹موردار› بولۇپ، ئۇ ئۆسۈملۈككە مۇئەككەل بولۇپ، ئۆلمەسلىككە مۇئەككەلدۇر[2]). شامان ئېتىقادى بويىچە قارىغاندا، ئۆلگۈچىنىڭ جەسىدى يېنىغا ئارپا، بۇغداي قاتارلىق ئۆسۈملۈك ئۇرۇقىنى ھەمدەپنە قىلىشتىن مەقسەت

① ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى».
② ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى».

ئاز دېگەندە ئىككى خىل بولۇشى مۇمكىن. بىرى، يۇقىرىقى بەشىنچى سۇپەتنىڭ مەنىسى بويىچە ئۆلگۈچىنىڭ روھىنىڭ مەڭگۈ ئۆزى بىلەن بىللە بولۇشىنى ھەمدە ئۇ دۇنيادا قايتىدىن تىرىلىپ، مەڭگۈ ياشىشىنى ئۈمىد قىلىش؛ يەنە بىرى، «رىگۋېدا» دەستۇرىدا تىلغا ئېلىنغان «يەر تەڭرىسىنىڭ مەدىتى بىلەن يەرلەرنى تىرىڭلار. بۇقۇسا تۇتۇپ يەر تىرىڭلار، تەييارلانغان يەرگە دان (ئۇرۇق) چېچىڭلار» دېگەن مۇقەددەس پەرمانغا ئاساسەن، بۇنى ئۆلگۈچىگە باقى ئالەم تىرىكچىلىكى ئۈچۈن قالدۇرۇلغان دان دەپ قاراش مۇمكىن. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ ھەرگىزمۇ بۇددا دىن مۇراسىمى (دەپنە مۇراسىمى) قائىدىلىرى بىلەن ئوخشىمايدىغان بىر خىل دەپنە مۇراسىم ئۇسۇلىدىن ئىبارەت.

بىر قىسىم دىنىي قاراش مەسىلىلىرى قەدىمدىن تاكى ھازىرغىچە ئۆزگىرىشچان دىنىي ئېتىقاد داۋامىدا نام، شەكىل جەھەتتە ئۆزگىرىپ، ئەسلىي مۇددىئاسى ئۆزگەرگىنى يوق. يەنى ستەين «قەدىمكى خوتەن» كىتابىنىڭ 169 ـ، 186 ـ بەتلىرىدە تىلغا ئالغان قاراقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى قومارى (和马剌 قومارى ترانسكرىپسىيىلىك ئوقۇلۇش ھەم خەنزۇچە يېزىلىشىدىن، شۇنداقلا تەسۋىرلەنگەن جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن قارىغاندا ھازىرقى كوھمارىم بولۇشى كېرەك) تېغىدىكى «تاش ئۆي» (石室) ھەققىدە تاڭ شۆەنزاڭ: تاغ قىيا جىلغىسىدا چوڭ بىر تاش ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭغا تاكى مايتىرى (弥勒) دۇنياغا كەلگۈچە كۈتىدىغان، ئۆلۈمگە بەل باغلىغان بىر ئارخات (阿罗汉) كىرىپ ياتىدۇ. ئۇنىڭغا تەھىر ئېھسان قىلىش ئۈچۈن ۋېيسارا ۋىرياخان مۇڭگۈز تاغ بىھارىسى سالدۇرغان، دەپ يازغان. بۇ ھازىرمۇ خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان خوتەن ۋارىيانتى. قاراقاش دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدا بىر تاش غار بولۇپ، ئۇنىڭدا رەسمىي قوراللانغان ئىمامى مەھدى ئاخىر زامان ئۇخلاۋېتىپتۇ، ئۇ ئويغىنىپ ئالەمنى ئۆز ئىلكىدە تۇتىدىكەن، دېگەن ئەپسانە بىلەن ئوخشاش؛ ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپىدە ئىمام مەھدىنى ئاخىر زامان خەلىپىسى (پەيغەمبىرى دېگۈچىلەرمۇ بار) دەپ تەرىپلىگىنىگە ئوخشاش؛ بۇددىزمدىمۇ مايتىرىنى «ئۈچ ئۆتكۈ» (ئۈچ زامان) نىڭ ئاخىرسى، كەلگۈسى زامانىنىڭ بۇددىھاسى (خوتەندە روناق تاپقان ماھايانا مەزھىپىنىڭ «ئۈچ ئۆتكۈ» تەلىماتىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن بۇددىھالىق تەسەۋۋۇر قارىشى)، ئۇ تېخى ئالەمگە

كەلمەي، يارالمىش جەريانىدا تۇرىدۇ، دېگەن ئەپسانە بار①.

بۇ جايدا ئوتتۇرىغا قويىدىغىنىمىز، ئۇدۇندا بۇددىزم ئەۋجىگە چىقىپ، بۇددىزم ئەقىدىسى گەۋدىلەنگەندە، ئۈمىدۋارلىق روھى كۆز قېنىغا سىڭگەن ئۇدۇن خەلقى كەلگۈسىدىكى قۇتقازغۇچى ھەم تېخىمۇ ياخشى يولغا باشلىغۇچى بۇددىھاغا بولغان سېغىنىشىنى يۇقىرىقى مايتىرى ئوبرازى ھەم بۇنىڭغا باغلانغان ئەپسانىلىك ئېتىقاد ئارقىلىق ئىپادىلىسە، ئىسلاملاشقاندىن كېيىن كەلگۈسى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىدە يەنە «مايتىرى» دېگەن نامنى «ئىمام مەھدى» دەپ ئۆزگەرتىپ، «جاھان بۇزۇلۇپ، ئىنساندىن ھايا كېتىپ، ئىماندىن يانغاندا ئىمام مەھدى ئاخىر زامان ئىستىقامەتتىكى ئورنىدىن تۇرۇپ، جاھاننى ئىلكىگە ئالىدۇ» دېگەن كەلگۈسىگە بولغان سېغىنىشلىق ئەپسانىگە ئالماشتۇرغان. دېمەك، ئۇدۇندا بۇددا دىنى تارقىلىشتىن ئاۋۋال ۋە كېيىن قوبۇل قىلىنغان ھەرقايسى دىنلاردىن ئوخشاش بولمىغان دىنىي مىستىك مەدەنىيەت قاراشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، گىرەلەشمە دىنىي مەدەنىيەت جۇغلانمىسى ھاسىل قىلىنغان.

ئىزاھاتلاشقا تېگىشلىكى، قەدىمىي قەبرىلەردىن چىققان تۇرلۇك مەدەنىيەت ئىزنالىرىنىڭ يىل دەۋرىنىڭ بۇددىزم دەۋرىگە توغرا كېلىشى بىلەنلا «بۇددىزم مەدەنىيىتى»گە تەئەللۇق دەپ يەكۈن چىقىرىش ئىلمىيلىك ئەمەس ھەمدە دىنىي ئېتنولوگىيىنىڭ مەنتىقىسى ئەمەس، چۈنكى شامانىزم دەۋرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۆلگۈچىلەرنى قويغان قەبرىستانلىقتا بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئۆلگۈچىنى دەپنە قىلىش تەبىئىي ئەھۋال، تارىختىمۇ دىنىي ئېتىقاد نۇقتىسىدىن زاراتگاھ ئايرىلغان ئەمەس.② ئۇنداقتا يىل دەۋرى يېقىن كېلىدىغان ئىككى خىل دىندىكى كىشىلەرنىڭ گەرچە ئېتىقادى ئىككى سىستېمىغا تەئەللۇق بولسىمۇ، ئۇرۇق ئەجدادى بىر بولسا، ئېنىقكى تۇپراق بېشى (دەپنە قىلىدىغان قەبرىستانلىقى) بىر ئورۇن بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا شۇ بىر قەبرىستانلىقتىن ئىككى خىل، ھەتتا بىر نەچچە خىل دىنىي ئېتىقادقا ئائىت دەپنە شەكىللىرى ۋە مەدەنىيەت ئىزنالىرى چىقىشى تەبىئىي ئەھۋال.

---

① ئا. مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتى».
② «قىسقىچە ئىسلام لۇغىتى»دىن ئېلىندى.

# بۇددىزمنىڭ سىرتقى ئەللەرگە كېڭىيىشى

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ئۇدۇن ھىندىستاننىڭ شىمالىدىن كېڭەيگەن بۇددا دىنىنى مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى I ئەسىرلەردە (تەخمىنەن مىلادىيىدىن 72 يىل ئاۋۋال) قوبۇل قىلغان ھەم ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي بۇددىزم ھىنايانا مەزھىپى ئاساسىدا تەدرىجىي ماھايانا مەزھىپى كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان. يۇقىرىسىدا خان ئۆز مەنپەئىتى نۇقتىسىدىن قوللىغان، تۆۋەندە ئاۋام ئۆزلىرىنىڭ نىجاتلىق ئارزۇلىرى ئاساسىدا مىسلىسىز راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. بۇددىزمنىڭ تېز سۈرئەتتە سىستېمىلىق كېڭىيىشى، گۈللىنىشى نەتىجىسىدە ھىندىستان بۇددا دىنىنىڭ بىرىنچى مەركىزىگە ئايلانسا، ئۇدۇن ئىككىنچى مەركىزىگە ئايلانغان. شۇنىڭدەك ئۇدۇننى مەركەز قىلىپ غەربىي يۇرتقا، ئىچكىرى جايلارغا، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئاسىيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر (چاۋشيەن، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەر) گىچە دىنىي مەدەنىيەت تەسىرىنى كۆرسەتكەن. بۇنچە زور تەسىرنىڭ روياپقا چىقىشىدا، بولۇپمۇ ئۇدۇننى مەركەز قىلىپ سىرتقى ئەللەرگە كېڭىيىشىدە، ئۇدۇننىڭ سىرتقى ئەللەر بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋىتى، بۇددىزمنىڭ دىن تەرغىبات يۆنىلىشىنىڭ ئۇدۇننى مەركەز قىلىپ سىرتقا يۈزلىنىشى، تەرجىمە ۋە شەرھشۇناسلار، سەنئەتكارلارنىڭ كاتالىزاتورلۇق رولى، بۇددىزمنىڭ سىرتقا كېڭىيىشىدىكى باشقا ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر ئارقىلىق شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئۆزئارا سودا ئالماشتۇرۇش، دىن بىلەن مەدەنىيەتنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى ۋە بۇددىزم ئېتىقادىنىڭ باشقا ئەللەردە تەدرىجىي كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇدۇن مەركەز قارىشىنىڭ شەكىللىنىشى قاتارلىق بىر قاتار ئامىللار ئالاھىدە رول ئوينىغان.

## 1. ئۇدۇننىڭ سىرتقى ئەللەر بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋىتى

ئۇدۇننىڭ سىرتقى ئەللەر بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەت تارىخنى ئىجتىمائىي فورماتسىيىدىكى ئۆزگىرىش ئاسسىمىلياتسىيە

قىلىش - قىلىنىش مۇناسىۋىتىدىن ئەمەس، بەلكى ئېتىقاد مەقسىتىدىكى مۇناسىۋەت تارىخىدىن سۆزلىنىشتۇرگەندە، بۇ ھەقتە رەسمىي تارىخقا ئېلىنغان سىستېمىلاشقان تارىخىي بايان كەم ئۇچرايدۇ. ئۇچرايدىغىنى پەقەت بىر قىسىم تارىخنامىلەر ھەم خاتىرىلەردىكى ئالاقە ھەققىدىكى يۈزەكى بايانلار. ۋەھالەنكى، ئۆز زېمىنىدا پەيدا بولمىغان دىننى دىن پەيدا بولغان ئەسلىي ماكانىدىن ئاشۇرۇپ مۇقامىغا يەتكۈزەلىگەن ھەم دىن ئىشتىراكچىلىرىنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرەلىگەن ئەلگە مۇناسىۋەتلىك قالدۇرۇلغان يۈزەكى خاتىرىلەرمۇ ئىسپاتلىق رول ئوينىيالايدۇ.

تارىخقا گۇۋاھلىق بېرىش ئاساسى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان تارىخنامىلەردىن «كېيىنكى خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» «ۋېي سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت خاتىرىلەردىن قىسقىچە بايان — غەربىي رۇڭلار ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق تارىخنامىلەردە قەيت قىلىنغان پاكىتلاردىن قارىغاندا، خەن مىڭدىنىڭ يۇڭپىڭ يىللىرىدىن بۇرۇن (مىلادىيە 58 ـ 75 - يىللارغىچە) كۆكئارتنىڭ (پامىر ئېگىزلىكىنىڭ) شەرقىدە پىشامشان ۋە ئۇدۇندىن ئىبارەت ئىككى كۈچلۈك خانلىق بارلىققا كەلگەن. بۇ دەۋردىكى ئۇدۇننىڭ زېمىنى شەرقتىن پىشامشانغا 1 مىڭ 500 چاقىرىم، جەنۇبتىن سۇۋارنا گۇترا (ئاياللار دۆلىتى) غا 2 مىڭ چاقىرىم، غەربتىن قارغىلىققا مىڭ چاقىرىم، شىمالدىن كۆسەنگە 1 مىڭ 400 چاقىرىم، زېمىنى مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق، پايتەختى قىلىنغان شەھىرى تۆت تەرەپكە سەككىز - توققۇز چاقىرىم، تەۋەلىكىدە بەش چوڭ شەھەر، ئون نەچچە كىچىك شەھەر بولغان، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇھىتلىق، كەڭرى قاراملىق ھالىتىدىكى خانلىق بولۇپ، ئۇدۇن بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەستە قوشنا ئەل ۋە يىراق يات ئەللەرنىڭ بېسىپ كىرىشى، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشى، ئۆزىگە قارام دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ قويۇشتەك ئۆزگىرىشچان دەۋرلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن.

ئۇدۇن يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي تۈگۈنىگە جايلىشىش ئەۋزەللىكى بىلەن سۇ ۋە ھاۋا قاتنىشى باشلىنىشتىن ئاۋۋال، خەنزۇلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر، جۈملىدىن ھازىرقى زامان تىجارەتلىرىدە يەھۇدىيلار ماھارىتى تىلدا داستان بولغىنىدەك، ئەينى دەۋر سودا - تىجارىتىدە ھەممىنى ھەيران قالدۇرغان سوغدىيلار، ئىران، پارس، بۇخارا... قاتارلىق ئەللەرنىڭ ھىندىستانغا قىلىدىغان تىجارەت ۋە ئېتىقاد مەنبەلىك سەپىرىنىڭ ھەر قاندىقىدا ئۆتەڭ رولىنى ئوينىغان-

ۋەھالەنكى، بۇ چاغدىكى ئۇدۇن قانداقتۇر پاسسىپ، زوْروْرىيەتلىك قونالغۇ خاراكتېرلىك ئۆتەڭ ئەمەس، بەلكى پەن - مەدەنىيەت، دىنىي ئېتىقادتا «ئالتۇن بوْشۇك» «تېۋىندۇرۇش» خاراكتېرىدىكى پائالىيەتچان «ئۆتەڭ» بولغان.

خاتىرىلەردىن مەلۇمكى، مانا مۇشۇ زېمىنغا كەلگەن سەيياھلار، دىپلوماتلار، دىن مۇخلىسلىرى، تىجارەتچىلەر ئۇدۇننىڭ گۈللەنگەن زېمىنىدىن بەھرە ئېلىش، راۋاجلىق ئىقتىسادىدىن نەپ ئېلىش مەقسىدىدىن باشقا، مۇھىمى دىنىي ئېتىقاد ئىزدىنىشلىرى يولىدا ئۇدۇندىن ئۆتكەن (ئەمەلىيەتتە ئۇدۇندىن ئۆتمەيمۇ ھىندى، كەشمىرلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئالاقىسى كۆچىيىۋەرگەن ھەم ئۇزۇلمەي داۋام قىلىۋەرگەن بولاتتى.) بۇ خىل ئۆتۈشۈشلەر داۋامىدا ئۇدۇن گەرچە بىر مەزگىل جورجان، ئىفتالىت، تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان① (بەزىدە قارامىلىق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن) بولسىمۇ، لېكىن يوْختا ئىقتىسادىي ئاساسى، مۇستەھكەم ئىجتىمائىي تۈزۈم كاپالىتىدىكى پادىشاھلىق ئاپپاراتى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئومۇمىي جەھەتتە ئىجتىمائىي تىنچلىق ئىزچىللىقىغا ئىگە بولغان. بۇلار ئۇدۇننىڭ ئېتىقاد، مەدەنىيەت گۈللىنىشىگە زور ئاساس بولغان.

مانا مۇشۇ «ئۆتەڭ» دىكى شەرق بىلەن غەربنىڭ ئۇچرىشىشلىرىدا ئۇدۇن بوْددىزمىنىڭ ئەقىدە - ئېتىقادىنى ئىچكى رايونلارغا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تارقاتسا، ھىندىستان، كەشمىرلەردە سىستېمىلىق تەلىم ئالغان بوْددا ئۆلىمالىرى ئۇدۇندا نوم - سوْترالاردىن لېكسىيە سوْزلەش، مۇھاكىمە قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇدۇننىڭ بوْددا مەدەنىيىتىنى شەرق - غەربكە تونۇشتۇرۇشى ھەم ئۇدۇننىڭ شەرق - غەرب مەدەنىيىتى، دىنىي ئېتىقاد نەمۇنىلىرى بىلەن تونۇشۇش ئىلمىي پائالىيەتلىرى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. ئومۇمەن، غەرب - شەرق ئۇچرىشىشلىرىدىكى مەركىزىي ئورۇن ئۇدۇنغا ئايلىنىپ، گوياكى بۇگۈنكى چەت ئەل سەيياھلىرى قەشقەرنى كۆرمىسە شىنجاڭغا باردىم دېيەلمىگەندەك، قەدىمىي ئۇدۇنغا چۈشكۈن قىلمىسا ھىندىستانغا نومغا، بوْددا ئىلىم تەھسىلىگە باردىم دېيەلمەيدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. ئاددىي بىر دەلىلىمىز: ئوتتۇرا ئەنەتكەك راھىبى دارما راكسا (مىلادىيە 385 —

① باشقا تارىخىي مەنبەلەردە بۇ تەپسىلىي بېرىلگەن بولغاچقا، بۇ جايدا كونكرېت بېرىلمىدى.

433- يىللار) تەخمىنەن مىلادىيە 421-يىل گۇزالق (ھازىرقى ۋۇۋېي) شەھىرىدە «نىرۋانا سۇترا» نى تەرجىمە قىلىش داۋامىدا بۇ سۇترانىڭ تولۇق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۆز يۇرتىدىن تېپىپ كېلىشكە قايتىش سەپىرىدە ئۇيلىمىغان يەردىن ئۇدۇندا چۇشكۇن بولغىنىدا ئۇنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئاخىر «نىرۋانا سۇتراسى» نىڭ 36 جىلدىنى تولۇق تەرجىمە قىلىپ تۈگەتكەن.

## 2. بۇددىزمنىڭ ئۇدۇننى مەركەز قىلىپ سىرتقا كېڭىيىشى

كەشمىردە ئېچىلغان بۇددا دىنىنىڭ 4- قۇرۇلتىيىدىن كېيىن كانىشكانىڭ ھەرقايسى ئەللەرگە مەقسەتلىك ھالدا بىۋاسىتە ئارخاتلارنى ئەۋەتىپ، مەلۇم مەنىدىن مەجبۇرەن تارقىتىلغان بۇددا دىنىنى ئۇدۇن ئۆز ئىدېئولوگىيىسىدە قايتا يۇغۇرۇپ ھەم پىششىقلاپ، ئۇدۇنچە بۇددىزم مەدەنىيىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۇرگەن. ئەمما ئوتتۇرا تۆزلەڭلىك رايونلىرىغا ئۇدۇننى مەركەز قىلىپ تارقاتقان بۇددا دىنىنى قانداقتۇر راھىب، ئارخاتلارنى ئۇدۇن خانىنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا تۆزلەڭلىك رايونىدىكى خانلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي فورماتسىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى، خان - پادىشاھلارنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقلىرىنى مۇستەھكەملەشتە ئەسلىي ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنىنىڭ بۇ ئېھتىياجنى قامدىيالماسلىقى، يېڭى بىر ئىدېئولوگىيىلىك بۇراشقا ھاجەتمەن بولغانلىقى ئاساسلىق سەۋەب بولغان. چۈنكى، بۇددىدىكى سەككىز چوڭ پەرھىزنى ئومۇملاشتۇرغاندا، ئىتائەتمەنلىك، خاسلىق، ساددىلىق ھەم بۇ دۇنيا غوۋغاسىدىن خالىي ئۆتۈپ، ئاخىرەتلىك (نىرۋانادىكى ياخشى ماكان چۈشەنچىسى) يولىنى تۇتۇش تەشۋىق قىلىنىپ، شەھۋەت، زىددىيەتلىك ئوي - خىيال، ھەرىكەتلەر چەكلەنگەن. بۇ دەل ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ ئاۋامنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، خاتىرجەم سەلتەنەت سۈرۈشىدىكى ئىزدىنىشىگە مۇناسىپ كەلگەن.

شۇ سەۋەبتىن، ئۇدۇن بۇددا دىنىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك ئىككىنچى چوڭ مەركىزىگە ئايلانغان. ئەمەلىيەتتىمۇ مىلادىيىدىن بىر ئەسىر بۇرۇن ئۇدۇننىڭ بۇددىزمنىڭ ھىنايانا مەزھىپىنى قوبۇل قىلىشى، شۇ ئاساستا كۆچىيىپ ماھايانا

مەزھىپىنىڭ ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈشى، خۇددى ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى ئېيتقاندەك: «...سىرىلانكا، بىرما، تايلاند، شىزاڭ قاتارلىق جايلارغا بۇددىزمنىڭ تارقىلىشى ۋە ھۆكۈمران ئورۇنغا كۆتۈرۈلىشىدىن خېلىلا ئىلگىرىكى ھادىسە ئىدى». لۇي جىن ئەپەندىنىڭ كۆرسىتىشىچە: «خوتەندىن تېپىلغان 50 نۇسخىدىن ئارتۇق ماھايانا دەستۇرىنىڭ خېلى بىر قىسمىنىڭ ھىندىستاندا ھېچقانداق سانسكرىتچە نۇسخىسى بولمىغان. مەلۇم مەنىدىن ئېيتىش مۇمكىنكى، كۇچادا بۇددىزم سەنئىتى ئوبرازلىق شەكىلدە ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن بولسا، خوتەندە بۇددىزم ئىلاھىيەت شەكلىدە ئابستراكت مۇھاكىمىلىق، تەرجىمىشۇناسلىق تەرىزدە ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. نىسپىي مەنىدىن شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، خوتەندىن تېپىلغان بۇددا بەدىئىي سەنئەت، مەدەنىيەت ئىزلىرى ئەينى دەۋر بۇددا بەدىئىي سەنئەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىلا ئەمەس، بەلكى ئالاھىدە سالماق ئورۇن تۇتقان، يەنە كېلىپ تەسۋىرىي سەنئەتتە مۆجىزە خاراكتېرلىك خوتەن رەسسامچىلىق ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەن

تۆۋەندە بۇددا دىنىنىڭ ئىلاھىيەت نەزەرىيىسىنىڭ، تەرجىمە - شەرھى - تەپسىر جەھەتتىكى يېتىلگەن بۇددالارنىڭ ۋاستىلىرى بىلەن ئۇدۇندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقىلىش ئەھۋالىنىلا دەلىللەپ ئۆتىمىز:

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تۇنجى بولۇپ ئۇدۇنغا نوم ئالغىلى كەلگەن راھىب جۇ شىسىڭ (بەزى مەنبەلەردە جۇ شىخاڭ دەپمۇ ئېلىنغان) نىڭ ئۇدۇندىكى پائالىيەتلىرى ھەققىدە «جۇ شىسىڭنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسەردە تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرۇلغان. بايان قىلىنىشىچە جۇ شىسىڭ ۋېي سۇلالىسىنىڭ گەنلۇ 5- يىلى (مىلادىيە 260- يىلى) شەرقتىن ئۇدۇنغا كەلگەن ھەم براخما كىتابىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنىڭ 90 بابىغا ئېرىشكەن. بۇ ماھايانا مەزھىپىنىڭ نومى (بىراجىنا پاراھتا) ئىدى. جۇشىسىڭ بۇددا مەدەنىيىتى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇدۇندىن كەتمەي 80 يېشىدا ئۇدۇندا ۋاپات بولغان.

جىن سۇلالىسىنىڭ تەيكاڭ 7-يىلى (مىلادىيە 286- يىلى) سىرامان جى فالىڭ ئۇدۇندىن «بۇددا ۋاتام ساكاما خاۋايىپوليا سۇترا» نى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئاپارغان. بۇنىڭدىن شۇ ۋاقىتتا 36 مىڭ ئايەت تەرجىمە قىلىنماي قالغان. كېيىن شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىيە 418 - يىلى) خانلىق مەخسۇس بۇددا بىخارىرا

قاتارلىق يۈز نەچچە كىشىنى تەشكىللەپ، كىتابنىڭ تولۇق تېكىستىنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بۇددا ئەھلى ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرغان.

لىياڭجۇ سىرامانى بىياۋسىبىڭ V ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۇدۇنغا كېلىپ، بىرقانچە ئاي تۇرۇپ ئۇدۇننىڭ نۇرغۇن بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى زىيارەت قىلغان. زامما ساڭرامىدىكى كارامەتلىك گۆھەر بۇتنى كۆرگەن.

مىلادىيە 400 ـ يىلى فاشيەن غەربكە نوم ئالغىلى بېرىپ، كېيىنكى يىلى ئۇدۇندىن ئۆتكەندە، ئۇدۇندا بىر قانچە ئاي تۇرۇپ، ئۇدۇننىڭ بۇددا دىنىغا ئائىت بەزى ئەھۋاللىرىنى خاتىرىلىگەن. شەرققە قايتقاندا كۆپلىگەن بۇددا نوم بىتىكلىرىنى ئېلىپ قايتقان.

IV ئەسىرنىڭ ئاخىرى V ئەسىرنىڭ بېشىدا لياڭجۇلۇق راھىب شى جىيەن، شىباۋيۈنلەر فاشيەنگە ئەگىشىپ «مۇقەددەس بۇددا ئېلى — ئۇدۇننى تاۋاپ قىلىش»قا كەلگەن.

يۈڭجۇ جىڭ جاۋ شىنفىڭلىڭ (ھازىرقى شىئەن ئەترابى) راھىب شى جىژمىڭ كېيىنكى چىن سۇلالىسىنىڭ 6- يىلى (مىلادىيە 404- يىلى) 15 راھىب بىلەن بىرلىكتە يولغا چىقىپ، بۇددا ئەللىرىنى كېزىپ، ئۇدۇندا توختاپ ئۇلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى تولۇق كۆزەتكەن.

ئۇندىن باشقا، خېشى سىرامانى شى تەنشۆ، ۋېي دې قاتارلىق سەككىز راھىب بىرلىشىپ نوم ئىزدەپ ئۇدۇنغا كەلگەن ھەمدە ئۇدۇنغا كەلگەن مەزگىلدە پانجاۋارىسكا يىغىلىشى (بەش يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇددىستلارنىڭ بۇددا ئەقىدىلىرى بويىچە بەس مۇنازىرە ـ مۇھاكىمە يىغىلىشى) غا قاتنىشىپ، ھەرقايسى ئەل بۇددىزم ئالىملىرىدىن تەلىم ئالغان ھەم بۇ جەرياندا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى توپلاپ بىر كىتاب تۈزۈپ چىققان. كېيىنكى مەزگىلدە پېيى خويلان بۇ كىتابقا «دانىشمەنلىك ۋە ئەخمەقلىق سۇترىسى» دەپ نام بەرگەن. كېيىنچە بۇ كىتابتىكى مەسەل ۋە ھېكايىلەر جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىغا مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەن. ھېچبولمىغاندا جۇڭگو ۋە چەت ئەل يازغۇچى، دراماتورگلىرى تەرىپىدىن بىر قىسىم ھېكايىلىرى سەھنىلەشتۈرۈلگەن①.

يۇقىرىقى بىر قاتار دەلىللەرنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە

① لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن».

تۆۋەندىكىلەرنى ئېلىش بىر قەدەر مۇۋاپىق: مىلادىيە 518-يىلى سۇڭ يۈن، خۇيشىڭ قاتارلىق راھىبلار غەربكە نوم ئالغىلى بارغان. ئۇلار سەپىرىدە ئۇدۇننىڭ شەرقىي چېگرىسىدا ئۇزۇن تات شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن 15 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا 300دىن ئارتۇق راھىبى بار بىر چوڭ ئىبادەتخانىنى كۆرگەن ھەم ئىبادەتخانىدىكى «خاسىيەتلىك ئالتۇن بۇت①» نى كۆرۈپ، بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلىك ئارقا كۆرۈنۈشنى يېزىپ، شۇ ئىبادەتخانا ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق بايان قىلغان: «كېيىنكىلەر بۇتنىڭ يېنىغا ئالتە جاڭ ئېگىزلىكتىكى بۇت ۋە ئوردا مۇنارىدىن بىرقانچە مىڭنى ياساپ، تۈمەنلىگەن رەڭگارەڭ ئۇزۇنچاق تۇغ ئەلەملەرنى ئېسىپتۇ. ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاسقان تۇغ - ئەلەملىرى يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىكەن. تۇغ - ئەلەمگە خەنزۇچە خەتنىڭ لىشۇ شەكلىدە تەيخې 19-يىلى، جىڭمىڭنىڭ 2-يىلى، يەنچاڭ 2- يىلى دەپ يېزىلغان. بىر تۇغ - ئەلەمنىڭ يىلنامىسىدىن قارىسام ياۋ چىن زامانىسىدىكى تۇغ - ئەلەم ئىكەن». ③ سۇڭ يۈننىڭ يۇقىرىقى خاتىرىسىدىكى تۇغ - ئەلەم يىلنامىسىدىن قارىغاندا Ⅳ، Ⅴ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق.

دېمەك، مىلادىيە 280-يىللاردىن ئىلگىرىلا ئۇدۇننىڭ بۇددا دىنى ئەقىدە - ئېتىقادلىرى خېلى مۇكەممەللىشىپ، بۇددا دىنى ئۇدۇندا ھۆرمەتلەنگەندىن سىرت، يات ئەللەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىرى ئۆز ئىلىدىكى بۇددا راھىبلىرىنى ئۇدۇندىن نوم ئېلىپ كېلىش ۋە نوم - سۇترالاردىن بىلىم تەھسىل قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. شۇنىڭدەك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى راھىبلارمۇ ئۇدۇننى، ئۇدۇن بۇددا دىن تەرىقىتىنى ئۇلۇغ بىلىپ، دىن تەلىماتى ئۈچۈن ئۇدۇنغا كېلىپ، قۇرۇق قول قايتمىغان. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئەللىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئۇدۇننىڭ گۈللەنگەن بۇددا دىنىدىن ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۈلگە ئالغان ھەم بۇ جايدىن ئېلىنغان ئۈلگىنى ئىشەنچىلىك، تولۇق دەپ قارىغان.

ئۇلار ئۇدۇندىن بۇددا، سىرامانىلارنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە، يەنى ئۆز دۆلەتلىرىگە ئۇستازلىق ۋە بۇددا نوم - سىرامانىلارنى تەرجىمە قىلىشقا تەكلىپ قىلىشقان. شۇنداقلا بىر قىسىملىرى ئۇدۇندا بۇددا، سۇترالارنى مەخسۇس ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگىنىپ، ئىلىم تەھسىل

---

① «ۋلى يېنىپىڭ: بۇددا ئېلى — ئۇدۇن».

قىلغان.

سۇڭ سۇلالىسى شاۋدى خانىنىڭ 1- يىلى (مىلادىيە 423- يىلى) جىن، سۇڭ سۇلالىلىرى ئارىلىقىدا ھەقسىز مەكتەپ راھىبى داۋ شىڭ ئۇدۇن سىراماني جى شىڭ قاتارلىقلارنى ياڭجۇننىڭ لوڭشىڭ ئىبادەتخانىسىدىكى يىغىلىشقا تەكلىپ قىلىپ، فاشيەن سىرىلانكىدىن (قەدىمدە شى دۆلىتى دېيىلگەن) ئېلىپ كەلگەن «ئەمرىمەرۇپ سۇترىسى» نىڭ 34 جىلدى ۋە «بىكشۇلار پەرھىز دەستۇرى»، «كارما» نىڭ بىردىن جىلدىنى تەرجىمە قىلدۇرغان. شىمالىي لياڭ سۇلالىسىدىن جۇرچى جىنشىڭ نوم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن غەربكە قىلغان سەپىرىدە، ئۇدۇن گۇماتى ئىبادەتخانىسىگە چۈشكەن ھەم بۇ جايدا ئەنەتكەكلىك ماھايانا ئۇستازى بۇددا سىنانى ئۇچرىتىپ ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغان. ئۆگەنگەنلىرى ئاساسىدا جۇرچى جىنشىڭ «دېيانا تەلىماتىدىن مۇھىم چۈشەنچە» نىڭ ئىككى جىلدىنى ئۆزلەشتۈرگەن.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، نوم، سۇترالار ئۇدۇندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا كۆپلەپ ئېلىپ بېرىلغاندىن سىرت، نوملارنى سانسكرىت - ئەنەتكەك تىلىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشقا يەنە ئۇدۇن بۇددىستلىرى تەكلىپ قىلىنغان.

ئەلۋەتتە، شۇ دەۋردە ھىندىستان، كەشمىرلەردىمۇ بۇددا دىنى كەڭرى راۋاجلانغان، نوم -سۇترالار كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن. ئەمما، لى يىنپىڭ ئۆز كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويغاندەك، شۇنداقلا بۇددا مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ناملىق كىتابىدا ئىشەنچلىك ھالدا دەلىللىگەندەك ۋە لىي جىن ئەپەندىنىڭ «ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ مەنبەلىرى ۋە تارماقلىرى» دېگەن كىتابىدا خاتىرىلەنگىنىدەك، ئوتتۇرا ئەنەتكەك راھىبى دارماراكسا مىلادىيە 421-يىلى خېشىدىكى جۇرچى مۇنسۇن ئەتراپىدىن گاۋزاڭ (ھازىرقى ۋۇۋېي) ئىبادەتخانىسىغا نوم تەرجىمە قىلىشقا ئېلىپ كېلىنگەن. ئەمما «نىرۋانا سۇترىسى» نىڭ تۇر، سانى تولۇق بولمىغان. دارماراكسا چالا قىسمىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئۆز ۋەتىنىگە قايتىشتا ئۇدۇندىن «نىرۋانا سۇتراسى» نىڭ 50 نەچچە خىل نۇسخىسىنى تاپقان (مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، «نىرۋانا سۇترىسى» نىڭ بۇ 50 نەچچە خىل نۇسخىسىنىڭ سانسكرىتچە نۇسخىسى ئەنەتكەكتىمۇ يوق ئىكەن). شۇنىڭ بىلەن شۇ جايدىن

ئېلىپ كېتىپ، قالغان 36 جىلدىنى تەرجىمە قىلىپ تۈگەتكەن.
بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئەللەرگە يەتكۈزۈلگەن نوم - سۇترالارنىڭمۇ ئەڭ تولۇق، ئىشەنچلىك نۇسخىسى يەنىلا ئۇدۇندىن ئۆلگە ئېلىنغان بولۇپ، بۇددا دىنىنىڭ ئەسلىي ماكانى بولغان ئەللەردىن تېپىلمىغان نوم - سۇترالار ئۇدۇندىن تېپىلغان، ھەتتا نوم - سۇترالاردىن باشقا بۇددانىڭ ئەتىۋارلىق ساقلاندىلىرىنىمۇ تەۋەرۈك سۈپىتىدە ئۆزلىرى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ كەتكەن. يەنى مىلادىيە 475-يىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك راھىبى فاشيەن مۇقەددەس يادىكارلىقلار زىيارىتىگە جىنلىڭدىن يولغا چىقىپ غەربكە بارغان. ئۇدۇندا توختىغان مەزگىلدە ئۇدۇندىن «لىن خۋا چېچەك ئۆزەكى ئېتىكى يارا تېغى دىۋاداتتا ئاتلىق نوم بىتىگ» ۋە «بۇدساتۋانىڭ تۆۋە قىلىپ گۇناھىدىن پارىغ بولىدىغان ئەپسۇن سۇترىسى» نىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنىڭ بىردىن جىلدىنى، بۇددانىڭ چىشىدىن بىر تال، ساربىراسىدىن 15 دانە ئېلىپ يۇرتقا قايتقان. بۇددانىڭ فاشيەن ئېلىپ قايتقان شۇ بىر تال چىشى ھازىر بېيجىڭنىڭ شىشەن تېغىدىكى لىڭ گۇاڭ ئىبادەتخانىسىدا ساقلىنىپ، بۇددا دىنىدىكىلەرنىڭ ئەڭگۈشتىرى بولۇپ قالدى.
VI ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى گاندىرالىق مۆتىۋەر راھىب جىنانا گۇپتا شاگىرتلىرىنى ئېلىپ، جاھان كېزىپ بۇددا دىنىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ھىندىقۇش تېغىدىن ئۆتۈپ ئۇدۇنغا كەلگەن.
خولاسە شۇكى، ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئۇدۇننىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بۇددا دىن تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى زور بولغان. بۇ داۋامدا «پىراجىينىيا پارامىتا سۇتراسى» «بۇددا ۋاتامىلكا ماخاۋا ئىيويا سۇتراسى» قاتارلىق ھىنايانا نوملىرى ھەم «ئەقىللىق ۋە ئەخمەقلىق سۇتراسى» قاتارلىق ھىنايانا نوملىرىنىڭ كۆپلىگەن نۇسخىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ كېتىيگەن. ئەلۋەتتە بۇ ھەقتە تارىخنامىلاردا خاتىرىلەنگەنلىرى يۇقىرىقىلار. ئەمما بۇ ھەقتىكى يەنە نۇرغۇن پاكىتلىق ئەھۋاللار تارىخقا خاتىرىلەنمىگەن. بۇنداق بولۇشى تۆۋەندىكى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. ئۇدۇندا مۇكەممەل ئوردا تارىخى ئاساسەن پۈتۈلمىگەن، شۇنداقلا قوشنا ۋە يىراق - يېقىن ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت (باردى-كەلدى) ئەھۋاللىرىنىڭ خېلى بىر قىسىم خاتىرىلىرى، جۇرجانلارنىڭ ئىككى يىل ئەتراپىدىكى ۋەھشىلەرچە بۇلاڭ - تالىڭى، ئۇرۇپ - چېقىش، ئوت قويۇشلىرىدا كۆلگە ئايلانغان. يەنە نۇرغۇن

شاھىدلىق تەۋەرۇكلەر بەلكىم چوڭقۇر يەر تەكتىــــدە ھېلىــــھەم يېتىۋاتقاندۇر.

## 3. تەرجىمە ۋە شەرھشۇناسلارنىڭ ئاكتىپ تەسىرى

بۇددىزمنىڭ، بۇددا بەدىئىي سەنئىتىنىڭ سىرتقــى ئەللەرگە تارقىلىشىدا يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغىنىمىزدەك، ئۇدۇننىڭ سىرتقى ئەللەر بىلەن بولغان تۈرلۈك سودا ـ ئىقتىساد، مەدەنىــيەت ۋە ئىجتىمائىي فورماتسىيىدىكى دىپلوماتىك، قارامىلىق مۇناسىۋەتلىرى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئۇدۇننى نىشان قىلىپ، بۇددا ئىلمىنــى تەھسىل قىلىش، نوم ـ سۇترا ئىزلەپ كېلىش جەريانىــدىكــى ئالاقىلەردىن باشقا، مۇھىمى، ئۇدۇندىكــى ۋە ئۇدۇندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغان نوم ـ سۇترا تەرجىمــەشۇناسلــرى، شەرھشۇناسلىرىنىڭ ئوينىغان كاتالىزاتورلۇق رولىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنىڭدىن باشقا، بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ كاتتا شۆھرەتلىك پېشۋالىرىنىڭمۇ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىسى سالمىقى ئالاھىدە بولۇپ، بۇ ھەقتە كېيىنكى تېمىلاردا مەخسۇس توختىلىمىز.

بۇددىزم بەدىئىي سەنئىتىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشىدا بىۋاستە رول ئوينىغانلاردىن گىتامىت، دىۋاپراجنا ( 提云般若 ) سىكسانانىدا ( 实叉难陀 شىكانانىدۇ دەپمۇ ئېلىنىدۇ) VII ئەسىردىكى تايۇن تاناخۇ ( 提云它那若 )، VIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا لوڭشىڭ ئىبادەتخانىسىگە باش ئۇستاز، باش راھىب بولغان بىشبالىقلىق شىرۇدامۇ ( 尸罗达摩 ) ئاسۋاگوشا ( 尉迟名 ) نىڭ «بۇددىھاغا قەسىدە» ناملىق ئەسىرىنى تەرجىمە قىلغان خوتەن خانى ۋىساراسرو (ۋىيساراسورا 迟尉尸罗 )، بۇددىھا باھادرا(佛陀跋陀罗)، داراماناتى ( 达磨摩提 ) گۇنا باھادرا ( 求那跋陀 ) قاتارلىق تەرجىمىشۇناسلار كۆپ تىلغا ئېلىنغاندىن باشقا، يەنە بىر قىسىم مەنبەلەردە كۆپلىگەن تەرجىمىشۇناسلار ئۇچرايدۇ.

«بۇددا ئېلى — ئۇدۇن» دا تىلغا ئېلىنىــشىــچە، جىن سۇلالىسىنىڭ تەيكاڭ 7- يىلى (مىلادىيە 286- يىلــى) ئۇدۇن سىرامانى جىتتامىلا (نۇرنىڭ پىراجنىياغا مەدھىيە ئوقۇشى) نىــڭ

براخمانچە نۇسخىسىنى ئېلىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ «بۇددا ۋاتام ساكاماۋغا ۋاپپولىيا سۇترا» (ساپ دىل ۋە باراۋەرلىك سۇتراسى) ئىچىدىكى ماھايانا سۇترالىرى ۋە ئاگاما سۇترالىرى ئىچىدىكى ھىنايانا سۇترالىرىنى تەرجىمە قىلغان.

ۋېيسارا كويىجى (尉迟基 مىلادىيە 598 ـ 682) ئۇدۇنلۇق بولۇپ، خان جەمەتى ۋېيسارا كىلتىنىڭ نەۋرىسى. مىلادىيە 615 ـ يىلى ئۇدۇن رەسساملىرى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە بارغان. ئاساسلىقى بۇددا رەسساملىقى ۋە نوم ـ سۇترا تەرجىمىچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان. تەرجىمە ساھەسىدىكى نەتىجىلىرى، تۆھپىلىرى گەۋدىلىك بولغانلىقتىن، سۇلالە باش راھىبى تاڭ شۈەنزاڭنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن شۈەنزاڭ قەسرىدە تۇرغان. بۇ مەزگىلدە «نوقۇل تۇتۇش نەزەرىيىسى ھەققىدىكى بايانلار خاتىرىسى» ناملىق 20 جىلدلىق بۇددا كىتابىنى يېزىپ ھىنايانا ۋە باشقا ئېقىمدىكىلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان نەزەرىيىسى ئاساسىدا فاشاڭزۇڭ مەزھىپىنى ئىجاد قىلغان. مىلادىيە 661 ـ يىللىرى تاڭ شۈەنزاڭ بىلەن بىرگە «بەس ـ مۇنازىرىنىڭ چېكى توغرىسىدا»، «بەس مۇنازىرىنىڭ چېكى نەزەرىيىسىگە مەدھىيە»، «غەيرى مەزھەپلەر ئاساسىي مەقسىدىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقى توغرىسىدا»، «نوقۇل 20 تونۇش توغرىسىدا»، «تەڭداشسىز قانۇنىنىڭ چەك ـ چېگرىسى توغرىسىدا» قاتارلىق بۇددا دىنى ۋە ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى ھەققىدىكى كىتابلارنى بىۋاسىتە ھالدا سانسكرىت تىلىدىن خەنزۇچە تىلغا تەرجىمە قىلىپ شەرھى يازغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ «مۇرەككەپ توپلام نەزەرىيىسى ھەققىدىكى بايانىنامە خاتىرىلىرى»، «سەۋەب ـ نەتىجە بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدا بايان»، «ئەقىل ـ پاراسەتلىك ۋېيسارا پىراجىنا سۇتراسى ھەققىدىكى تەپسىر»، «مايتىرىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ھەققىدىكى سۇترا»، «بۇددا تەلىماتىدىكى پاك نوملارغا ئوقۇلغان مەدھىيە بايانلىرى» قاتارلىق 14 كىتاب يازغان. كېيىنچە بۇ كىتاب بۇددىستلار تەرىپىدىن ئۇلۇغلىنىپ، «100 قىسىملىق بايانىنامە ئاساسلىرى» دەپ ئاتالغان.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇ ئىجاد قىلغان فاشاڭزۇڭ مەزھىپى بىر مەزگىل چاڭئەندە زور ئۇتۇق بىلەن كۆپلىگەن بۇددا راھىبلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. تەرجىمە، شەرھىدىن باشقا، مۇھىمى دىنىي

تەلىمات، دىنىي ئېتىقاد مەزمۇنلىرى ئىچىدىكى سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى (دىئالېكتىك مۇناسىۋەت قارىشى) ھەققىدىكى يازغان كۆز قاراشلىرى تاكى ھازىرغىچىلىك بۇددىستلارنىڭ نوم ـ سۇترا شەرھى ـ چۈشەندۈرۈشلىرىدە، مىسال ـ دەلىل رولىنى ئويناپ كەلمەكتە.

سىكساناندا مىلادىيە 652 ـ 710 ـ يىللىرىغىچە ياشىغان. سۇلڭ سۇلالىسى فىڭچى 988 ـ يىللىرى ئەتراپىدا يازغان «بۈيۈك سۇلڭ دەۋرىدىكى ئالىي راھىبلارنىڭ تەرجىمىھالى» ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيىۋەن 18 ـ يىلى (مىلادىيە 703 ـ يىللىرى) جىشىڭ يازغان «كەيىۋەن يىللىرى ئىزاھلانغان ئوقۇتۇش خاتىرىلىرى» ناملىق بۇددا نوم خاتىرىسىنىڭ 7 ـ جىلدىدا خاتىرىلىنىشىچە، سىكساناندا ئۇدۇنلۇق. ئۇدۇندىكى بۇددا دىنى ئۆلىماسى ھەم مەشھۇر رەسسام ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇدۇندىكى مەزگىلدە مەشھۇر گۇماتى ئىبادەتخانىسىنىڭ تەرجىمان، رەسسامى بولۇشتەك ئورنى بىلەن شۆھرەتلەنگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئۇدۇنغا كەلگەن ئاقارىلار، سەيياھلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن سىكساناندانىڭ شۆھرەتلىك نامى لوياڭغا يېتىپ بارغان. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ۋۇزېتيەن سىكساناندانىڭ ئالدىغا ئادەم ۋە ئات ئەۋەتىپ، لوياڭغا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەلگەن. سىكساناندا لوياڭغا ئۆزى بىلەن ئۇدۇندىن «بۇددىخارتا سامبىھاۋا پۇليا سۇترا» ناملىق 60 جىلدلىق سانسكرىتچە نومنى ئېلىپ بېرىپ، باشقىلار بىلەن تۆت يىل ئىچىدە بۇ نومنى تەرجىمە قىلىپ تاماملىغان. كېيىنچە ۋۇزېتيەننىڭ تەشەببۇسى بىلەن «لانكاراتانىڭ ماھايانىغا كىرىش سۇترىسى»، «مانجۇ سۇرى تاپشۇرغان خاتىرە نوملىرى» قاتارلىق 107 جىلدلىق نومنى سانسكرىت تىلىدىن بىۋاستە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئىزاھلىق شەرھى يازغان. شۇ سەۋەبلىك لوياڭلىقلار ئۇنى «شەرھى ئۇستازى» دەپ ئاتىغان.①

سىكساناندانىڭ لوياڭدىكى پائالىيىتىدىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىنكى، بۇددا دىنىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان تاڭ خاندانى ئۇچۇن يات تىلدىكى نوملارنى پەقەت خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىشلا كۇپايە قىلمايتتى. چۈنكى نوم ـ

---

① ئا. سايرامى: ـ «سۈي، تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر».

سۈترالاردىكى ئەقىدە - ئېتىقادقا، ئەقىدە - ئېتىقاد قارشىدىكى سەۋەب - نەتىجىلىك باغلىنىشلىق (دىئالېكتىكىلىق) مۇناسىۋەتلەرگە نىسبەتەن ئېنىق چۈشەنچىلىك شەرھى يېزىش بۇددا دىنىنىڭ شۇ جايدا ئومۇملىشىشىدىكى زۆرۈر شەرت ئىدى. بۇ خىزمەتتە سىكساناندا تولۇق ئاساستا ئېھتىياجنى قامداپ، كاتتا شەرھشۇناس دەپ نام قازانغان.

مەشھۇر بۇددىست فاشۇن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خۇيىيەنزۇڭ مەزھىپىنى ئىجاد قىلغۇچىلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئۆزى دىن تارقىتىش، ساۋاب تېپىش ئۈچۈن چاڭئەنگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. نۇرغۇن نوملارنى سانسكرىت تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان. چاڭئەندە مۇدەررىس بولۇپ بۇددا تالىپلىرىغا تەلىم بەرگەن. شۆھرىتى ۋە ئەجرىگە مۇناسىپ ھالدا تاڭ تەيزۇڭ ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ، «خاننىڭ سىردىشى» دېگەن نامنى ئىنئام قىلغان. ئۆزى تەرغىب قىلغان خۇيىيەنزۇڭ تەلىماتىنىڭ نەزەرىيە ئاساسىنى تۈنجى قەدەمدە دىئالېكتىك نۇقتىدىن شەرھلەپ، «سەۋەب ئارقىلىق نەتىجىنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەش» نى تەشەببۇس قىلغان. بۇ خىل تەشەببۇس ساكيامۇنىدىن كېيىنكى بارلىق تەلىماتلارنىڭ جەۋھەرلىرىدىن ئاساس تاپقاچقا، پەقەت تاڭ سۇلالىسى دائىرىسىدىلا قوللاپ - قۇۋۋەتلىنىپ، قوبۇل قىلىشقا ئېرىشىپلا قالماي، كورىيە، ياپونىيىدىن راھىبلار كېلىپ بۇ تەلىماتنى بەش يىلدەك تۇرۇپ ئۆگىنىپ، كېيىنچە كورىيە ۋە ياپونىيىگە تارقاتقان. فاشۇن ئىجادىيىتىدىكى خۇيىيەنزۇڭ مەزھىپىنىڭ تەسىرى ۋە ئەينى شەكلى تاكى ھازىرغىچە ياپونىيىلەردە ساقلىنىپ كەلگەن.

بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئادەتتىكى دىن تەرغىباتچىسى سالاھىيىتى بىلەن تەرجىمەشۇناسلىق قىلغان راھىبنىڭ خان سىردىشى (خان كۆڭلىگە ياققان ئادەم) بولالىشى، ئۇ ئىجاد قىلغان ئېتىقاد سىستېمىسىنىڭ بازار تېپىپ، خەلقئاراغا يۈزلىنىشى شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئاجايىپ كاتتا ئىش، كەم ئۇچرايدىغان شۆھرەتلىك نەتىجە. شۇنى تونۇپ يېتىش كېرەككى، غەربىي يۇرتتىن چاڭئەنگە بېرىپ، نۇرغۇن تالىپقا مۇدەررىس بولۇپ، نومدىن تەلىم بېرىش ھەر كىشىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ئۇ كاتتا ئىستېدات ۋە مول بىلىم تەلەپ قىلىدۇ. دېمەك، شۇ دەۋر ئۇدۇندىكى بۇددىزم ئېتىقادچىلىقى مۆلچەردىن يۇقىرى دەرىجىدە جانلىنىپ، مىڭلاپ - مىڭلاپ بۇددىزم

نومشۇناسلىرى، شەرھشۇناسلار، تەرجىمەشۇناسلارنى بارلىققا كەلتۇرگەن. بۇ زور قوشۇندىكى كامالەتكە يەتكەنلەر دىن تارقىتىپ، «ساۋاب» تېپىش ئۈچۈن چاچقەن، لوياڭلارغا بارغان. كۆپ قىسمى شۇ جايدا ماكانلاشقان ھەم ماكانلاشقىنىغا مۇناسىپ تەرجىمە ۋە شەرھى بىلەن ئۆز نامى ۋە ئۆز نامى ئارقىلىق ئۇدۇننىڭ نامىنى يىراق - يېقىنغا تونۇتقان.

ئۇدۇندا رەسسام ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، كېيىنچە ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتە ئۇنتۇلغۇسىز ئىزلارنى قالدۇرغان دىھارماچىن ھەققىدە «ئۆتكەن سۇلالىلەردىكى ئۈچ گۆھەر خاتىرىسى»، «كېيىنكى رەسسام خاتىرىلىرى»، «ئۆتكەن سۇلالىلەردىكى مەشھۇر رەسساملەر خاتىرىسى» «سۇي - تاڭ دەۋرىدىكى رەسساملارنىڭ رەسمىي تارىخقا يېزىپ قالدۇرۇلمىغان ۋەقەلىرى» «راھىبلار تەرجىمىھالى» قاتارلىق تەرجىمىھال تارىخىي خاتىرىلەردە قالدۇرۇلغان قىسقىچە خاتىرىدىن قارىغاندا، دىھارماچىن ئۆز تىلىدىن باشقا سانسكرىتچە، خەنزۇچە تىللارغا ئاجايىپ پىششىق، ئەقىدە - ئېتىقاد تەلىپىدە كاتتا، سانسكرىتچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشتا راۋانلىقى بىلەن شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شياۋجىڭدىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ، شىمالىي ۋېينىڭ داڭلىق تەرجىمانى سۈپىتىدە يېقىن - يىراققا تونۇلغان.①

بۇ تېمىدىكى دەلىللەردىن ھاسىلات شۇكى، ئۇدۇن بۇددا دىنىنىڭ تەرەققىي قىلىپ، ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەن مىڭلىغان ئالىم، تەرجىمىشۇناس، شەرھشۇناس، ئون مىڭلىغان راھىبلىرى يېتىشىپ چىققان، بۇددا دىنىنىڭ سىرتقى ئەللەرگە كېڭىيىشىنىڭ ئىككىنچى «ئوچىقى» بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك رايونلىرىغا تارقىلىشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان بولسا، ئەنە شۇ «ئوچاق»تا يېتىشىپ چىققان بۇددىزم ئالىم - ئۆلىمالىرى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك رايونغا بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى، تاكامۇللىشىشى، ھەتتا ھازىرغىچە ساقلىنىپ، دۇنياۋى ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ بىرى بولۇپ، كېڭىيىش ئاساسىنى يارىتىشتا ۋاستىلىق رول ئوينىغان.

---

① ئا. سايرامى: «سۇي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخىي شەخسلەر».

## 4. بۇددىزمنىڭ ئۇدۇندىن سىرتقا كېڭەيىشىدىكى ئىجتىمائىي ئامىللار

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ھەم كەلتۈرگەن دەلىللەردە ئىسپاتلىغىنىمىزدەك، بۇددىزمنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانىدانلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىدا ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش، ئاۋامنى ئېتىقاد نەزىرىيىلىرى ئارقىلىق بىخۇدلاشتۇرۇپ رايىش قىلىش، كۈنسېرى يېتىلگەن ئورنى، ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتنى چۈشىنىش ئېڭىدىكى ئېتىقادنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئېھتىياجلىرى ئاساسلىق سەۋەب بولغان. بۇ جەرياندا يۇقىرىقىدەك بۇددىزم ئالىم - ئۆلىمالىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە دىن تارقىتىپ ساۋاپ تېپىش نىيىتىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىدىن كۆرە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاقانلىرىنىڭ تەكلىپ، تەلەپلىرى ئاساسلىق ئامىل بولغانىدى. تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئامىللار نۇقتىسىدىن ئويلانغاندا، يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى بىرقانچە ئامىلنى نەزەردىن ساقىت قىلىش ئىلمىيلىق ئەمەس.

1) شەھەر مەدەنىيىتى. ساكيامۇنى نىرۋاناغا يېتىپ تەخمىنەن ئىككى يېرىم ئەسىردىن كېيىن ئۇدۇندا تۇنجى خانلىق قۇرۇلدى دېگەندىمۇ، ئۇدۇننىڭ شەھەر مەدەنىيىتى قىسقا مۇددەتتە تەرەققىي قىلغان. بۇ خىل يۈنىلىشلىك تەرەققىيات باشقا شەھەرلەردىن كۆرە بىناكارلىقتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەنبەلەردە دەلىل كەلتۈرۈلگىنىدەك، ھۆكۈمران كۈچلەر ھۆكۈمرانلىق ئاساسىنى مۇستەھكەملەشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ قوبۇل قىلغان بۇددا دىنى رايون دائىرىسىدە تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن باسقۇچقا يەتكەندىن كېيىن، ئېتىقادلىق ئېھتىياج بىلەن نۇرغۇن ئىبادەتخانىلارنى سېلىش، يەنە كېلىپ بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ مىڭ راھىب سىغىشىپ ئولتۇرۇپ تاماقلىنالايدىغان، ئېگىزلىكى 25 غۇلاچقا يەتكەن زور كۆلەملىك ئىبادەتخانىلارنى سېلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان. بۇ زۆرۈرىيەت جەددىيچىلىكىدە قۇرۇلغان ئىبادەتخانىلار، ئېتىقاد چوڭقۇرلىقى ۋە ئېتىقاد مەنبەلىك مەدەنىيەت تەسىرى بىلەن، يۇقىرى سەۋىيە، كامالەتكە يەتكەن ماھارەتلىك بېزىلىشىنى، كۆركەملەشتۈرۈلۈشنى تەلەپ قىلغان. مانا شۇنداق زەنجىرسىمان ئېھتىياج، تەرەققىيات تەلەپلىرى بىلەن 20 مىڭ نوپۇسلۇق ئۇدۇندا ئاز دېگەندە بەش يۈزدەك زور ئىبادەتخانىلار قەد كۆتۈرگەن. بۇ دىن

تەلەپكارلىرىنىلا ئەمەس، باشقا سەيياھ، سودىگەرلەرنىمۇ تەبىئىي
ھالدا ئۆزىگە جەلپ قىلغان. نەتىجىدە، كېلىپ - كېتەرلەرنى بۇ خىل
غايەت ئىبادەتخانىلار، ئىبادەتخانىلاردىكى «ئۈچ مىڭ راھىب بىر
ۋاقىتتا تاماقلانسىمۇ چوكىنىڭ تىرىقشىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايدىغان»
ھالەتتىكى ئېتىقاد بىرلىكى، چوڭقۇرلۇقى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. بۇ
تەدرىجىي ھالدا بۇددا دىنىنىڭ باشقا ئەللەرگە، بولۇپمۇ ئوتتۇر
تۈزلەڭلىكتىكى دۆلەتلەرگە تارقىلىشىدا دەسلەپكى قىزىقتۇرۇش
رولىنى ئوينىغان. دېمەك، ئالدى بىلەن دىن ئېتىقادىدىن كۆرە شەھەر
مەدەنىيىتىنىڭ ئىنكاسلىق تەسىرى ئاساسلىق رول ئوينىغان.

2) سودا ئالماشتۇرۇش. ئالدىنقى تېمىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن
دەك، ئۇدۇننىڭ يىپەك يولىدىكى ئوتتۇرا تۈگۈن ئۆتەڭلىك رولىنى
سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. بۇ جەرياندا سودىگەرلەر، ئېلىپ - ساتارلار،
سەيياھلار ئۇدۇندىن سودا جەھەتتە دەسمايىلىك بولۇشتىن سىرت،
ئىدىيە جەھەتتە مەدەنىيەت تولۇقلىغۇچى دىنىي ئېتىقاد، مەدەنىيەت
مۇئەسسەسە جەھەتتىكى ئۇچۇر ھەم يۈكسىلىشلەرنى ئۆز دۆلىتىگە
ئېلىپ قايتقان. بۇ كېيىنكى مەزگىلدە ئاشۇ خانلىقلارنىڭ ئۇدۇنغا
مەقسەتلىك ھالدا ئەلچى (دىپلومات)، سەيياھ، دىن مۇخلىسلىرىنى
ئەۋەتىشىگە سەۋەب بولغان.

3) يۇقىرىقىدەك ئىككى خىل ئاساس باشقا ئەللەرگە ئاكتىپ
تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇدۇن مەركەزلىك دىن تارقىتىش، تەرغىب
قىلىش ئورنى بولۇشتەك سالاھىيەتتىن باشقا، مۇھىمى، ئۇدۇنچە
مەدەنىيەتنىڭ سىرتقا تارقىلىش ۋە تارقىتىش سالاھىيىتىنى
ھازىرلىغان. دېمەك، دىن بىلەن مەدەنىيەت بىر گەۋدە بولغان ھالدا
سىرتقى ئەللەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن. چاڭئەندىكى
سەھنىلەردە ئۇدۇن نەغمىسى، ئۇدۇنچە رەقساسلارنىڭ پەيدا بولۇشى،
ھەتتا «باھار ناۋاسى»غا ئوخشاش مۇزىكا، كۈيلەرنىڭ ھېلىغىچە
ئورۇندىلىپ كېلىشى ئاددىي بىر دەلىل.

4) ئۇدۇننىڭ بۇددىزمنىڭ ئىككىنچى ئوچىقى بولۇشتەك
سالاھىيىتىگە ماس ھالدا تىبەت، ئەنەتكەكلەردىن تېپىلمىغان بىر
قىسىم نوم - سۇترالارنىڭ ئۇدۇندا ساقلىنىشى، تېپىلىشى؛ بەش يىلد
بىر ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان دىن مۇھاكىمە يىغىلىشى ۋە ئۇنىڭ
تەسىرى؛ يېتىلگەن تەرجىمىشۇناس، شەرھشۇناسلارنىڭ ئەسلىي نوم
بىتىكلەرنىڭ مەزمۇنىغا باب ھالدا شەرھى يازغاندىن سىرت، ئۇدۇنچە
بۇددىزم نەزىرىيىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، نەزىرىيە، شەرھىدىكى

بوشلۇقنى تولدۇرۇش قاتارلىق ئېتىقاد تولۇقلىمىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك دىن مۇخلىسلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، ئۇلارنى ئۇدۇنغا يۈزلەندۈرگەن.

## ئۇدۇندا بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتى

ئۇدۇن بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتى دېگەن بۇ ئاتالغۇ تەبىئىي هالدا بۇددىزم مەنبەسىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن تەسۋىرىي سەنئەت دېگەن چۈشەنچىنى پەيدا قىلىدۇ. تارىخىلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ قەلەم تەۋرىتىش قىيىن بولغان بىر تېما. يەنى زامانىسىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە، كورېيە، ياپونىيە مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتەلىگەن، جۇملىدىن سانسىز مىڭ ئۆي بېزەكچىلىكىگە يېتەكچى، هەيدەكچى بولغان ئۇدۇن تەسۋىرىي سەنئىتى نوقۇل بۇددىزمنىڭ، بۇددىزملىق تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ مەهسۇلىمۇ؟ بۇددىزم بەدىئىي سەنئىتىنىڭ ئېھتىياجلىق تەرەققىيات يۈزلىنىشىدىن ئاۋۋال، ئۇدۇندا بۇنىڭغا مەنبە بولغان بەدىئىي سەنئەت ۋۇجۇدقا كەلگەنمۇ؟ بۇددىزم بەدىئىي سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىدىن ئاۋۋال ئۇدۇندا بەدىئىي سەنئەتنىڭ ئىپتىدائىي تەركىبىي قىسمىنىڭ شۇنچە شۆھرەتلىنىشىدىكى سەۋەب نېمە؟ دېگەندەك سوئاللار قېزىلما پاكىتلىق ۋە ئىلمىي مۇلاھىزە يەكۈنلۈك جاۋاب تەلەپ قىلىدۇ. مانا مۇشۇ جاۋاب بىزدىن ئۇدۇننىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى، يەنە كېلىپ بىرقانچە ئەسىر ئىلگىرىكى مەدەنىيەت تارىخى هەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

### 1. ئۇدۇن ئىپتىدائىي بەدىئىي سەنئىتى هەققىدىكى مۇلاھىزە

تارىخىي نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ بىر قەدەر مۇرەككەپ هەم ئىلمىيلىق تەلەپ قىلىدىغان تېما. چۈنكى بۇنىڭدا ئۇدۇننىڭ بۇددىزمدىن ئاۋۋالقى ئىپتىدائىي بەدىئىي سەنئىتىدىن ئۇچۇر ئېلىشتا ياكى ئېرىشكەن ئۇچۇردىن مۇۋاپىق، تەۋرەنمەس يەكۈن چىقىرىشتا ئاز دېگەندە ئىككى تۈرلۈك تەبىئىي توسالغۇغا دۇچ كېلىمىز.

بىرىنچى، قىيا تاش بەدىئىي سەنئىتىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنىڭ مەدەنىيەت تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم تەركىبىگە ئايلىنىشى تېخى 1878 يىلى فرانسىيىدىكى ئالتا مىرا ئۆڭكۈر - غار سىزمىلىرى تېپىلغاندىن بۇيان تەتقىقات قىزغىنلىقىغا ئايلانغان بىر يېڭى تېما. شۇنىڭدىن بۇيانقى بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىكى بىر قانچە قېتىملىق قېزىش، ئىلمىي تەكشۈرۈش نەتىجىسى ۋە تېپىلمىلار، ئۇدۇننىڭ ئىپتىدائىي بەدىئىي سەنئىتىنىڭ جانلانغان ياكى ئىزچىللىقىغا ئىگە بولغان بىر پۈتۈن ھاياتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، بىرىنچى، بىر قانچە قېتىملىق قېزىش پائالىيىتىنىڭ تۈنجى قەدىمىنى ئىلمىي تەتقىقات نۇقتىسىدىن دېگەندىن كۆرە، قىممەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ بارغان چەت ئەللىك ئارخېئولوگلار باشلىغان. بۇ خىل قىممەت نۇقتىسىدىن قېزىۋېلىنغان ماددىي بۇيۇملارنىڭ مەدەنىيەت باغلانمىسى، مەدەنىيەت ئىزچىللىقى نۇقتىسىدىن كۆرە، ماددىي بۇيۇم ۋۇجۇدقا كەلگەن دەۋر نۇقتىسىدىن كۆزىتىلىشى، تەتقىق قىلىنىشى تەبىئىي؛ ئىككىنچى، ئىلمىي نۇقتىدىن ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت ئىزلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات ئاساسلىقى مەملىكىتىمىز تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن. لېكىن بۇ تېخى ئازادلىقتىن كېيىنكى يېڭى باشلىنىش بولۇشىغا قارىماي، يەنە كېلىپ، چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ماڭغان ئىزدىن قايتا مېڭىپ كۆرۈشتىن باشقا يېڭىلىق يوق. چۈنكى چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى بەرگەن ئۇچۇر ئىزلىرىدىن باشقا تا ھازىرغىچە يېڭى ئۇچۇر ياكى ئالاھىدە دىققەتنى تارتقۇدەك يېڭىچە بايقاش يوق؛ ئۈچىنچى، ئۇدۇن قەدىمىي بەدىئىي سەنئىتىگە، بەدىئىي سەنئەتنىڭ شانلىق تارىخىغا ئىسپات بولالايدىغان نامايەندىلەر، بايقالمىلاردىن ھازىرغىچە گەۋدىلىك بولغىنى گۇما ناھىيىسىنىڭ سانجۇ دەريا ۋادىسىدىكى ئۇراچى قىيالىرىغا، كېيىكتۇزدىكى كۆكۈش قىيا تاشقا، قاناز قىيالىرىغا قالدۇرۇلغان سىزمىلاردىن باشقا ئابىدە خاراكتېرلىك ئىپتىدائىي ئۈلگە - نەمۇنە بايقالغىنى يوق. لېكىن بۇ پەقەت بۇنىڭدىن باشقا مەدەنىيەت ئىزى يوق دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى جۇغراپىيىلىك مۇھىت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇدۇن تۇپرىقىنىڭ قۇمساڭغۇ، يۇمشاق بولۇشى، تاغ ئۆڭكۈرلىرىنىڭ ئاز ياكى مەۋجۇتلىرىنىڭ قېزىشقا ئەپسىز بولۇشى تاغ - ئۆڭكۈر مەدەنىيىتىگە ئائىت ئىزلارنىڭ كەم ئۇچرىشىدىكى ئوبيېكتىپ تەبىئىي سەۋەب. ئىجتىمائىي نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇددىزمدىن ئاۋۋالقى مەدەنىيەت

بۇزغۇنچىلىقىدىن كۆرە (بۇددىزمدىن ئىلگىرىكى بۇددىزمغا يات بولغان دىن، ئېتىقادقا ئالاقىدار مەدەنىيەتكە نىسبەتەن بۇددىستلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى بولمىغان دەپ كەسكىن هۆكۈم چىقىرىش ئىلمىيلىك ئەمەس)، بۇددىزمدىن كېيىنكى بۇزغۇنچىلىق بۇ جەھەتتىكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ يوقىلىشىدا ئاكتىپ رول ئوينىغان دېيىشكە بولىدۇ. يەنى، بۇددىزمنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىكى جورجانلارنىڭ بۇلاپ، تالىشى، بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى ۋەيرانچىلىقى، ئىسلامىزمدىن كېيىنكى بۇددىزمغا ئالاقىدار دەپ قارالغان بارلىق مەدەنىيەت ئابىدىلىرى، هاسىلات، ساقلانمىلارنى تولۇق بىر قېتىم ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى «يەر يۈزىدىن يوقىتىش» ھەرىكىتى، ياقۇپبەگنىڭ ئالتە شەھەر هاكىمموتلەقلىق زامانىسىدىكى خوتەنگە بەگ بولغان نىياز ئاتلىق (تارىخنامىلار كۆپىنچە نىياز هېكىمبەگ دېگەن نامنى دەلىللەيدۇ) زاهىرى پەرىشتىدەك، باتىنى هازازۇل شەيتاندەك هاكىمموتلەق زامانىسىدىكى تازىلاش، ئۇنىڭدىن باشقا ئالدىنقى ئەسىرنىڭ بېشىدىكى چەت ئەللىكنىڭ بىر قانچە قېتىملىق قانۇنسىز قېزىش، يۆتكەشلىرى، ئاخىرىدا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى «سىبىرىق مەزمۇن»، «ئەجنەبىي تەشۋىقات» مەزمۇنغا باغلانغان هالدىكى چوڭ يوقىتىش، سوپۇرۇپ تاشلاش قاتارلىق دەۋر ئېقىمىغا ماسلاشقان سىياسىي تولغاقلار بىز ئېرىشمەكچى بولغان مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ يوقىلىشىدىكى كۆز يۇمۇش تەس بولغان ئىجتىمائىي سەۋەب.

لېكىن، پاكىت ئاز بولسىمۇ، ئۇ ئەمىلىيلىككە، ھەقىقىيلىككە ئىگە؛ ئۇچۇر رىۋايەت تۇسىنى ئالغان بولسىمۇ، ئۇ تارىخىيلىققا ۋە تارىخ ئىزلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. بىز گويا قىيا تاشلىرىدىكى بۇددىزملىق ئېتىقادتىن خالىي بولغان مەدەنىيەت ئىزلىرىنى قەدىمكى ئۇدۇن مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسى ھەم بىردىنبىر ئىزدىنىش ئىزناسى دېيەلمىگىنىمىزدەك، ئەينى زاماندا غەربىي يۇرتقا كېلىپ، كۆزى قىيمىغان هالدا ئۆز يۇرتىغا يانغان ئاقارى، دىپلومات (ئەلچى)، سەيياهلارنىڭ ئۇدۇن ھەققىدە قالدۇرغان خاتىرىلىرىنى ئوخشاشلا تارىخنىڭ گۇۋاهچىسى ئەمەس دېيەلمەيمىز.

ئالدىمىزدا ئىككى خىل پاكىت تۇرۇپتۇ. بىرى، قەدىمكى نىيە خارابىسىگە ئائىت بولغان قېزىلمىلاردىكى بىناكارلىق ـ نەققاشلىق ئىزلىرى، خارابىدىن تېپىلغان، يىل دەۋرى مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينى دەپ قارالغان تۆمۈر تاۋلاشتا كېرەكلىك بولغان سايمانلاردىن

ئىسكىنە، تاش بولقا، تاۋلاش ئۈچىقى، پۈۋلەشكە ئىشلىتىدىغان كۆيەك، كۆيەك كانايچىسى قاتارلىقلار؛ سامپۇل قەۋرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان، يىل دەۋرى جيەنگو دەۋرىگە تەۋە دەپ قارالغان ياغاچ ئەسۋابلارنىڭ تېپىلىشى (تېخنىكىلىق باھالاش نەتىجىسى: بۇ ياغاچ بۇيۇملارنىڭ سۈركەپ سىلىقلاش ئۇسۇلىدا ئەمەس، بەلكى مىتال بۇيۇم بىلەن يونۇپ سىلىقداش ئارقىلىق ئەينى زاماندا ئىشلىتىلگەنلىكىنى دەلىللىگەن)، بولۇپمۇ سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن ۋە باشقا جايلاردىن قېزىۋېلىنغان ھەمدەپنە بۇيۇملار ئىچىدىكى ياغاچتىن ياسالغان گۈرجەك، جام، تارغاق، ئاياغ، موكا، ئۇتىغۇچ، ھاسا، ئوقيا قاتارلىقلارنىڭ ئايلانما چاق (ھازىرقى توك ھەرىسى ياكى قوم چاقىقا ئوخشاش) ۋە مىتال ئەسۋاب بىلەن يونۇپ سىلىقدىلىشى؛ نىيە خارابىسى ۋە سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان فارفور لوڭقا، كوزا - كومزەكلەرنىڭ ئوتتا تاۋلاپ پىشۇرۇلۇشى ۋە لوڭقا، كوزا - كومزەككە قېلىپ ئارقىلىق بېسىپ گۈل چىقىرىلىشى؛ سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن 1984 - يىلىدىكى قېزىشتا چىققان توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى ۋە بۇ بۇيۇملارنىڭ رەخت توقۇش تېخنىكىسى، ماتېرىياللىرىنىڭ سۈپەت دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا قارىماي، دەۋرىنىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا توغرا كېلىشى؛ توقۇلمىلارنى نوقۇل مەشغۇلات ئېھتىياجى، تۇرمۇش ئېھتىياجى نۇقتىسىدىنلا توقۇماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى ئالدىن ئويلىشى، بولۇپمۇ رەڭنى قېنىق، سۇس بېرىش ئارقىلىق ستېرېئولۇق تۈيغۇ - كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىش قاتارلىق تېخنىكىلىق مەھسۇلات يادىكارلىقلىرى؛ بولۇپمۇ بۇ يادىكارلىق ئالاھىدىلىكىدىكى كۆزگە چېلىقىدىغىنى، ياغاچ قىيمىچىلىقىنىڭ سۈپىتىنىڭ، توقۇمىچىلىقتا ھىلىھىلە رەختلەرنىڭ توقۇلۇشىنىڭ، ماتېرىيالىغا يۇڭ، پاختا ئىشلىتىلىشىنىڭ، شۇنداقلا بوياق سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنىڭ (يەنى بويالغان رەختلەرنىڭ رەڭگىنىڭ تېخى ھېلى بويالغاندەك شوخ بولۇشى) ھازىرقى زامانىدىكىسى بىلەن ئوخشاشلىقى.

بۇنىڭدا تۆۋەندىكى بىر نۇقتىنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرەيلى: سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان بۇيۇملار ئىچىدىن ساپال قاچىدىكى بېسىپ چىقىرىلغان نەقىش، بولۇپمۇ ئاتنىڭ شەكلىنى قېلىپ بىلەن بېسىپ چىقارغان تېخنىكىلىق يادىكارلىق ئۇچرايدۇ.

بۇنىڭدا ئىنسانىيەت تۇركۇمى شەكىللەنگەندىن كېيىن تۇنجى ئېستېتىك قىزىقىش، تەبىئەتنى ئۆز قولىدا قايتا يارىتىش ئارزۇسىدىكى تەبىئەت كۆرۈنۈشىنىڭ نەقىش ئاساسىدىكى ئىپتىدائىي كۆچۈرۈلمە نەقىشچىلىكىدە، نەقىشچىلىكنىڭ تەرەققىياتى بولغان قول سىزمىسىدىكى نەپىسلىكتىن، ئويمىچىلىققا ئۆتۈشكۈچە، ئويمىچىلىقتىن تامغا مەدەنىيىتىگە قەدەم قويۇپ، تامغا شەكلىدىكى باسما بۇيۇمىدىن پايدىلىنىپ، ئوخشاش شەكىل، ئوخشاش ئۆلچەمدە ئىشلەش قاتارلىق بىرقاتار باغلىنىشلىق تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرۈشكە ئەڭ تېز بولغاندىمۇ ئىككى ئەسىر جەريان كېرەك. ۋەھالەنكى، بۇ بۇيۇملارنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدە دەپ قارالغان. ئالدى - كەينىدە دەپ قارىلىشىدا يېڭىدىن ياسالغان بۇيۇملار بىلەن كونا بۇيۇملار ئايرىلىشىپ كەتكەن، شۇنداقتىمۇ ئۇلاردا بۇددىزملىق ئېتىقاد ئالامىتىنىڭ ئىزنالىرى يوق.

ئىككىنچى بىرى، ماتېرىيالنىڭ يۇقىرىقى قىسمىدا تىلغا ئېلىنغان فاشيەن، تاڭ شۈەنزاڭ قاتارلىق دىن سەيياھلىرىنىڭ ئۇدۇندىكى ھەيران قالارلىق مۆجىزە خاراكتېرىدىكى كۆرۈنۈشلەردىن قالدۇرغان خاتىرىلىرى. تىبەتچە ۋە خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى ئۇچۇرلاردىن قارىغاندا، ئۇدۇننىڭ بىناكارلىق، نەققاشچىلىق، ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق ھۈنەر - سەنئىتى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، چوڭلۇقى «بىرلا ۋاقىتتا 3000 راھىب بىرلىكتە تاماقلىنالايدىغان»، ئېگىزلىكى «25 غۇلاچ» كېلىدىغان ئىبادەتخانىلارنىڭ بولۇشى، «14 غۇلاچ ئېگىزلىكتە» بۇددساتۋالارنىڭ ھەيكىلىنىڭ تۇرلۇك مىمىكىلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىنىپ ياسىلىشى، نەققاشچىلىقنىڭ «تام تورۇسلارغا ئۇلىما نەقىش» شەكلىدە ئۆزلەشتۈرۈلۈشى، رەسىملەرنىڭ رەڭ پەرقى بىلەن ستېرېئولۇق تۇيغۇ بېرىشى، ئويمىچىلىقنىڭ ئەسلىدىكى تۈز تەكشىلىكتە سىزىقچىلار ئارقىلىق ئۈستىخاننى گەۋدىلەندۈرۈشتىن بىۋاسىتە ھالدا ھەر قايسى بۆلەكلەرنىڭ ئايرىلىپ، قاپارتما شەكىللىك ئويۇلىشى قاتارلىق مەدەنىيەت ھاسىلاتلىرى ھەققىدە تارىخىي ئىسپاتلار ئۇچرايدۇ. ئاددىي تەپەككۇر بىلەن خۇلاسە چىقارغاندا، ئۇدۇن بۇددىزمنى قوبۇل قىلىپ ئەسىر ھالقىماستا بۇددىزم ئەقىدىسىگە ماسلاشقان ياكى بۇددىزم ئەقىدىسى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىپ، شۇ دەرىجىدە تاكامۇللىشىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭدا جەزمەن بۇددىزمدىن ئاۋۋالقى تەسۋىرىي

سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ خېلى يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەي تۇرالمايمىز. ئەمەلىيەتتىمۇ يېقىنقى ئۈچ - تۆت ئەسىرلىك تەرەققىياتقا نەزەر سالساق، ئىپتىدائىي دەۋردىكىدەك 5 غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئەمەس، بەلكى 10 - 12 غۇلاچ ئېگىزلىكتىكى بىنانىڭ خوتەن زېمىنىدا قەد كۆتۈرۈشى تېخى يىگىرمە نەچچە يىل ئاۋۋالقى ئىش.

يۇقىرىقى مۇلاھىزىلەردىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىش مۇمكىنكى، ئۇدۇندا بۇددىزمدىن ئاۋۋالقى ئىپتىدائىي بەدىئىي سەنئەت، بولۇپمۇ تەسۋىرىي سەنئەت بارلىققا كەلگەنلا ئەمەس، بەلكى تەرەققىي قىلىپ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. بۇددا دىنى ئۇدۇنغا كىرگەندىن كېيىن ئىپتىدائىي تەسۋىرىي سەنئەتتىكى كامالەت بۇددىزملىق تەسۋىرىي سەنئەت شەكلىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئىپتىدائىي تەسۋىرىي سەنئەت بىلەن ئۇدۇن بۇددىزم مەزمۇنىدىكى تەسۋىرىي سەنئەت ئىككىسى ئىككى خىل ھادىسە. بۇنى تارىخىي ھادىسە نۇقتىسىدىن كۆزەتمەستىن، بەلكى مەدەنىيەت ھادىسىسى نۇقتىسىدىن، مەدەنىيەت تارىخى بويىچە كۆزىتىش ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم. ئۇدۇنغا بۇددىزم كىرگەندىن كېيىن تەسۋىرىي سەنئەت بۇددىزم ئەقىدىسىنى شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەش ئېھتىياجىدىن بارلىققا كەلگەن دېيىش بىلەن ئۇدۇندىكى تەسۋىرىي سەنئەتنى ھىندى - گرېك مەدەنىيىتىدىكى تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ ئۇدۇنچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان باغلىنىشچان تەرەققىياتى دەپ قاراشنىڭ ھەر ئىككىسى بىتەرەپلىمىلىكتۇر. شۇڭلاشقا، قېزىۋېلىنغان ماددىي بۇيۇملاردىكى تۈرلۈك ئىزنالار ئاساسىدا شۇنداق يەكۈنگە كېلىشكە بولىدۇكى، ئۇدۇن بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتى ئۇدۇن ئىپتىدائىي تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ راۋاجى، شۇنداقلا ئېتىقاد ئېھتىياجى بىلەن ئۆزگىچە شەكىل ئارقىلىق جۇلالىنىشى. ئۇنداقتا ئۇدۇندا بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتى قانداق شەكىللەنگەن؟ بۇ ئايرىم تېما ھەم رېئال تېما.

## 2. ئۇدۇن بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى

بۇ نۇقتىدا ئىزدىنىش ۋە ئويلىنىشتىن ئاۋۋال مۇنداق ئىككى

نۇقتىنى، يەنى بۇددىزم ئېتىقادىنىڭ ئۇدۇندا پەيدا بولۇشى بىلەن بۇددىزملىق بەدىئىي سەنئەت — تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن ئىبارەت ئىككى خىل تېماتىك مەسىلىنى ۋە بۇنىڭ پەرقىنى ئېنىق ئاجرىتىش زۆرۈر. ئالدىنقىسى بىۋاسىتە ئېتىقاد مەسىلىسى، ئىدېئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش جەريانى (بۇ ھەقتە ئالدىنقى مەزمۇنلاردا تەپسىلىي چۈشەنچە بېرىلگەن)؛ كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنى ئۆزىگە مەنە ئاساسى قىلغان، تەسەۋۋۇرغا باغلانغان سەنئەتلىك ئىپادىلىنىش شەكلى. ناۋادا بۇ ئىككى مەسىلە بىر خىل مەۋقەدە كۆزىتىلسە، ئۇنداقتا ئۇدۇننىڭ بۇددىزمدىن ئاۋۋالقى ئىپتىدائىي سەنئەت ئاساسى ئىنكار قىلىنغاندىن سىرت، بۇددىزم دەۋرىدە، بولۇپمۇ مىلادىيىنىڭ VI، VIII ئەسىرلىرىدە يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ، تىبەت، ئەنەتكەكلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن بۇددىزم بەدىئىي سەنئىتى پۈتۈنلەي كۆچۈرۈلمە سەنئەت، يەنى ھىندىستان بەدىئىي سەنئىتىنىڭ ئېشىندىسى، ھىندىستان، گرېك، ئىران تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ ئۇدۇن مۇھىتىدا قايتا ئەكس ئېتىشى دېگەن چۈشەنچىنى ھاسىل قىلىدۇ.

بۇددىزملىق بەدىئىي سەنئەتنىڭ شىمالىي ھىندىستاندا ئاسوكا ئېلان قىلغان پەرمانىنىڭ (بۇددىزم ۋە مېھرى - شەپقەت تەرغىب قىلىنغان) تاشقا ئويدۇرۇلۇشىنى ئۆزىگە تۇنجى بەلگە قىلغان ھالدا ئىپتىدائىي شەكلى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 272 - يىلىدىن 232 - يىلىغىچە ئارىلىقتىكى جەريان ئىدى. ئەمما تاشقا ئويۇلغان پەرمان، تۈزدۈرگەن ئۈچ نوم بىردەك پالى يېزىقىدا پۈتۈلگەن بولۇپ، سانسكرىت يېزىقىدىكى سۇترالار مەيدانغا كەلمىگەن. بۇنىڭدىن تەخمىنەن ئىككى يېرىم ئەسىر كېيىن كەشمىردە كانىشكا رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلغان 4 - قېتىملىق بۇددا قۇرۇلتىيىدىن كېيىن بۇددىزم سەنئىتى ھەقىقىي راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ، بۇددىزم سەنئىتى يېڭى كلاسسىك باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. ئاسوكا دەۋرىدىن كانىشكا دەۋرىگىچە ئارىلىقتىكى ھىندىستان بۇددىزم سەنئىتى تۆۋەن بېسىم ھالىتىدە تەرەققىي قىلىپ، ئاساسلىقى ئىبادەتخانىنىڭ تۈۋرۈك، مۇنارلىرىغا ئىشلەنگەن نەقىش، قاپارتمىلىق ۋە ھەيكەل شەكىللىك ھايۋان كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولسا، كانىشكا زامانىسىغا كەلگەندە بۇددىزم سەنئىتى يېڭى كلاسسىك باسقۇچقا قەدەم قويۇپ، قەندىھار ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈردى. قەندىھار ئۇسلۇبى

تۈنجى بولۇپ ساكيامۇنى قاتارلىق ئىنسانىي ئوبرازلارن
ئىلاھلاشتۇرۇپ تەسۋىرلەشنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. كانىـ
دەۋرىدىكى بۇددىزمنىڭ ھەرقايسى ئەللەرگە، بولۇپمۇ غەربىي يۇ
تارقىلىش ئېھتىياجى بۇددىزمنى سەنئەتلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بول
بولسا، بۇ خىل سەنئەتلەشتۈرۈلۈپ تارقىتىلغان بۇددىزم ھەرقاي
ئەل، بولۇپمۇ غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن كۆرۈنەرلى
تەسىر كۆرسەتتى. ئەلۋەتتە، بۇ دىففۇزىيىلىك تەسىر (مەدەنىيەتن
مەلۇم قىسمىنىڭ مەلۇم بىر رايون، مىللەتتە پەيدا بولۇپ باش
رايون، مىللەتنىڭ شۇ پېتى قوبۇل قىلىشى ياكى ئەينەن تارقىلىشى
ئەمەس، بەلكى بەدىئىي سەنئەت تولۇقلىمىسى. چۈنكى ھەر بىـ
رايون، مىللەت يېڭىدىن قوبۇل قىلغان مەدەنىيەت تىپلىرىنى ف
پېتىچە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قارىشى
مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتى ئاساسىدا قوبۇل قىلىدۇ
ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، ئاسۇ
زامانىسىدا تۈنجى قەدىمىنى باسقان بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتـ
مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىگىچە، ئېنىقراقى مىلادىيە I ، II ئەسـ
ئارىلىقلىرىغىچە كۆپ يۈكسىلىشكە ئىگە بولالمىغىنىدەك، بۇددىزمـ
دەخلىسىز ھالدا كەڭرى تارقىلالمىغان، مىلادىيە I ئەسىرنىڭ
ئاخىرى، II ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كانىشكا ۋاستىسى بىلەن يېڭ
تەسۋىرىي سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، مىسلىسىز كېڭەيگەن ھە
تەرەققىي قىلغان. ئەمما بۇ مەزگىل ئۇدۇندا بۇددىزم ئۇللۇق ئاساس
ئىگە بولۇپ، ھىنايانا مەزھىپى غوللۇق ئېقىم ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان
كاتتا بېزەلگەن ساڭرام - ئىبادەتخانىلار قەد كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغا
مەزگىل ئىدى. ئۇنداقتا، ئۇدۇن بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتىنى نوقۇل
ھىندىستان بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ ياكى كانىشكا دەۋرىد
كېيىنكى قەندىھار ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرى ياكى ھامىلىسى دېيىش
ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس.

ئۇدۇندا بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتى قايسى زۆرۈرىيەت تۈپەيل
قانداق شەكىللەنگەن؟ بۇ مۇشۇ تېمىدىكى نۇقتىلىق ھەل قىلىنىدىغا
مەسىلە. بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش زۆرۈرىيە
ئاساسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، بۇددىزم ئەقىدىلىرىنى ئوبرازلى
تۈستە چۈشەندۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى دەپ قاراش ئەڭ مۇۋاپىق. چۈنك
بۇددىزم ئېتىقادى ئۇدۇنغا كىرگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇدۇ

خەلقىنىڭ قوبۇل قىلىشىدىن كۆرە، چۈشىنىشى قىيىنغا توختىغان. بۇنىڭدا شەرھى، تەرجىمە نۇسخىلىرى مەلۇم رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن توپ نېگىزىدىن چۈشىنىشى يېتەرلىك بولمىغان. مانا مۇشۇ ئەھۋالدا ئۇدۇندا نىسبەتەن ئومۇملاشقان، تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيەت تەكشىلىكىدىن ھالقىغان رەسساملىق سەنئىتى غايەت زور رول ئوينىغان. بۇ خىل ۋاستىلىك رول ھىندى - گرېك ئۇسلۇبىدىن ھالقىپ كەتكەن، قەندىھار ئۇسلۇبىغا يېقىنلىشىدىغان، ئەمما ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان ئەت سىزمىسى ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرگەن. بولۇپمۇ بۇددانىڭ شەھۋەتتىن خالىي، ئېتىقادى چوڭقۇر ھەم تەۋرەنمەس، تەبىئىي سالماق ۋە قەيسەر ھالىتىنى ئىپادىلەش، بۇددا دىنىدا تەرغىپ قىلىنىدىغان پەرھىزلەرنى تەسۋىرىي نۇسخىدا ئىپادىلەش، قىسقىسى، بۇددانىڭ يارالمىش قىسمەتلىرىگە باغلانغان ھىكايەتلەر دەل ئۇدۇن رەسساملىرىنىڭ قولىدا ۋۇجۇدقا كېلىپ، ئۇدۇن رەسساملىرىنىڭ قولى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى ئەللەرگە تارقالغان (ئەلۋەتتە كۆچا تاش كېمىرلىرىدىكى ئالامەتلەر، ساقلانمىلار كۆچانىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سەنئەت ئابىدىلىرى ئىچىدە رەسساملىقنىڭ تەڭداشسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىسىمۇ، لېكىن ئۇدۇنغا، ئۇدۇن رەسساملىقىغا خاس بولغان بىرقانچە خىل ئۇسلۇبنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە كۆسەن تام رەسىملىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشىنىلا ئەمەس، بەلكى خېلى ھالقىلىق رول ئوينىغانلىقىنى سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە قالدۇرۇلغان تۇرلۇك تارىخنامىلەردىن سىرت، مۇھىمى كۆسەن تاش كېمىرلىرىدىكى گەۋدىلىك ئىزنالار ئىسپاتلايدۇ). لېكىن، لى يىنپىڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «بۇددا ئېلى — ئۇدۇن» ناملىق ئەسىرىدە بۇ دەۋر ئۇدۇن بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتىنى نوقۇل ھالدا «ھىندىستان شەكلى، قەندىھار ئۇسلۇبى» نىڭ تىپىك ئىپادىسى دەپ ئېنىقلا مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بۇ تارىخىي ئىزچىللىق نۇقتىسىدىن، مەدەنىيەت ئاسسىمىلياتسىيىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا توغرا يەكۈن. لېكىن، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، مەدەنىيەت قوبۇل قىلىش ئېستېتىكىسى نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئاخىرقى يەكۈن ئەمەس. بۇنداق بولۇشى بىر تەرەپتىن، لى يىنپىڭ ئەپەندى ئاۋرېل ستەيىن تەمىنلىگەن قېزىپ تەكشۈرۈش ساياھەتنامىسىدىكى باشلانغۇچ يەكۈننى ئۆز تەتقىقاتىنىڭ خۇلاسە ئاساسى قىلغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن، شەرقشۇناسلىق ئىلمى ئۆزىنىڭ «بالا» لىق دەۋرىدىن ئەمدىلەتتە

بالاغەتكە يېتىپ، ھەر كىم ئۆز مەنپەئەتى نۇقتىسىدىن ئەمەس، بە
مەدەنىيەت تارىخىي نۇقتىسىدىن ئىلمىي باھاغا ئېرىشىش باسقۇچ
قەدەم قويىدى. ئۇنداقتا تۇنجى قەدەمدىكى «ئىز»لار ھەققىدىكى مە
خاراكتېرلىك يەكۇندىن كۆرە، مۇلاھىزە خاراكتېرلىك يەكۇننە
ئېنىقلىق دەرىجىسى ئىنتايىن تۆۋەن.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئاۋرېل ستەيىن ئىككى يىل «جاپال
قېزىش» ئارقىلىق، تەكشۈرمەيلا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بىھېسا
ئابىدە - ئىزنالارنىڭ شەكىللىرى ھەققىدىكى ئۆزىنىڭ تەتقىق
دوكلاتلىرى ھازىرقى ئۇدۇن بۇددىزم تارىخىنىڭ تەتقىقات ماتېرى
ئاساسى ۋە يەكۈن ئاساسى بولۇپ قالغان. ۋەھالەنكى ستەيىن «قۇم
كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى» نامىدىكى 1900 - ، 1901 - يىللىر
خوتەندە قىلغان ئېكسپېدىتسىيىسىدىن يازغان كىتابىنىڭ ئۆ
قەلىمىدە يازغان كىرىش سۆز ئورنىدىكى ئاپتور ئىلاۋىسىدە
«... ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، يېرىم ھۆكۈمەت مەۋقەسىدە تۇر ۋ
پاكىتلارنى خاتىرىلەش» ئارقىلىق، ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ
«پائالىيىتى» نى زورزور خىراجەت ۋە سىياسىي ياردەملەر بىلەن تولۇق
قوللىغان ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە بولغان «تەشەككۈر ئېيتىش
مەجبۇرىيىتى» ئىكەنلىكىنى يازغان. ئۇنىڭ شۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش
خاتىرىسىنى قالدۇرۇشى (ياكى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى رەتلەش
داۋامىدا ئۆزى ئۇچراتقان ھەر بىر مەدەنىيەت ئۆرنەكلىرى ئۈستىد
ئويلانغىنىدا، سېلىشتۇرما مەدەنىيەت تەتقىقات نۇقتىسىدىن ئەمەس
بەلكى ھىندىستان مەركىزىي مەدەنىيەت دىففۇزىيىسى نۇقتىسىدىن باھ
بەرگەن. مەسىلەن، ئۇنىيە قەدىمىي خارابىسىدىن تاپقان تارىخ
پۇتۇكلەر تەھلىلىدە، بۇ جايدا قەغەز پۈتۈكلەر ئۇچرىمىغانلىقىنى
چۈنكى ھىندىستاندا بۇددا نوملىرى تۇنجى قەدەمدە ئەنە شۇ خىل پالم
يوپۇرمىقى ۋە دەرەخ قوۋزىقىغا يېزىلغانلىقىنى دەلىل قىلىدۇ. ب
نۇقتىدا، شۇ مەزگىلدە خوتەن قەغەزچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ تارىخ
دىققەت قىلمىغان. يەنە بىرى، شۇ جايدىن بايقالغان نەقىشلى
ئورۇندۇقتىكى «ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە بېشى ۋە مەيدىسى ئادەمگ
ئوخشايدىغان، بېلىنىڭ تۆۋىنى كۆرۈنەرلىك قۇشقا ئوخشايدىغان
پۇتى ئاتنىڭكىگە ئوخشايدىغان، تۇياقلىرى ناھايىتى كۈچلۈك غەلىت
ئەركەك - چىشى بىر جۈپ مەخلۇق» نىڭ سۈرىتى نەقىشلەنگەنلىكىنى
خاتىرە قالدۇرغان. ئۇ ئورۇندۇقنىڭ پۇتىنىڭ شىرنىڭ ئۆرە تۇرغا
شەكلىدىكى نەقىشكە قاراپ «ھىندىستان ئويمىلىرىدىكى شىرنى

شەكلىگە تەقلىد قىلىپ ياسالغانلىقى ئېنىق» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن، بۇ خىل تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ ئېتنوگرافىيە ھەققىدىكى خۇلاسىمىز مۇلاھىزىسىدە «بۇ بىر جۈپ غەلىتە مەخلۇق ھىندىستان رىۋايەتلىرىدىكى كىنناراننىڭ ئېتىمىدۇ ياكى تېخىمۇ يىراق بولغان گرېتسىيىدىكى يېرىم ئادەم، يېرىم شىر تەنلىك غەلىتە مەخلۇقمىدۇ؟»① دەپ ئوتتۇرىغا قويغان قارىشى ئارقىلىق، تىپىك ھىندىستانچىلىق قارىشىنى ئىپادىلىگەن. بۇ نۇقتىدا، شىر تەنلىك ئادەم ھەيكىلىنىڭ قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك تەسىرى ئىكەنلىكى بىلەن ئەينى ئورۇندىن تېپىلغان ئورۇندۇقتىكى سىزمىدا ئەكس ئەتكەن قوش تەنلىك، ئات تۇياقلىق ئادەم تەسۋىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ھەققىدە ئويلانمىغان. بۇ ھەقتىكى قايتا، چوڭقۇر ئويلىنىش بىزگە ھېچنەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەن تەقدىردىمۇ، يەنە كېلىپ ئۇدۇندا ئەسلىدە ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ۋە ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش ئۇسلۇبى بولغان دېگەن قاراشنى ئىلمىيسىزلىك بىلەن ئىنكار قىلغاندىمۇ، نېمىلا بولسۇن، ئۇدۇننىڭ غەيرىي مەدەنىيەتنى ھېچ بولمىغاندا تەسۋىرىي سەنئەت شەكلىدە بولسىمۇ ئەينەن كۆچۈرۈپ قوللانمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىن كۆپ مىسال ئېلىش ئىمكانىيىتىمىز يوق. چۈنكى ئەينى زامان نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ، خوتەندە تارتىنماستىن، بىمالال ھالدا «قېزىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغۇچىلار» نىڭ ھېچ بىر ئەندىشىسىزلا چەتكە يۆتكەپ كېتىشى ۋە ئىسلامىزم دەۋرىدىكى ئېتىقاد توقۇنۇشلىرىدا كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىش سەۋەبلىرىدىن نۇرغۇن - نۇرغۇن شانلىق ھەم خاس مەدەنىيەت ئىزلىرى يوقالغان. شۇنداقتىمۇ تامچە سۇدا قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆرگىلى بولغاندەك، ئەجداد مەدەنىيىتىدىن يارالمىش مەدەنىيەت ئابىدىلىرىنىڭ قۇمغا كۆمۈلۈپ، بىزنىڭ تەتقىقاتىمىزنى ۋە توغرا مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىزنى كۈتۈپ ياتقان ئازغىنە قېزىلما ئېشىندىلىرى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە بۇ جەھەتتە غايەت رول ئوينىغان سەنئەتكارلار شەجەرىسىدىن قالدۇرۇلغان تارىخ ئۇچۇرلىرىدىن، بىز ئۇدۇننىڭ بۇددىزم ئىدىيىسىدىكى تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ قانداقتۇر بۇددىزم ئۇدۇنغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن ۋۇجۇدقا كەلمىگەنلىكىنى، بەلكى ئۆزىدە مەۋجۇت تەبىئەت ئىپادىچىلىك ئۇسلۇبىنىڭ دىنىي مىستىك تۈس ئېلىپ، كېيىنكى

① ئا. ستەين: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى».

مەزگىلدە قوبۇل قىلىش، تەسىر كۆرسىتىش جەريانلىرىنى بىسى
ئۆتۈپ، تەسۋىرىي سەنئەت تىمىسالىغا ئايلانغانلىقىغا ھۆكۈم قىلى
مۇمكىنلىكىگە ئىگە بولىمىز.

## 3. ئۇدۇن رەسساملىقىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بولغان تەسىرى

ئۇدۇن رەسساملىقى ئۇدۇن بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتى
تەتقىقاتىنىڭ ئاساسى. ئەينى دەۋر ئۇدۇن رەسساملىقى بۇددىز
تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ يۈكسەك شۆھرىتى ھەققىدە چەت ئەللى
تەتقىقاتچىلارنىڭ «يات ئەل» پوزىتسىيىسى ۋە سىياسىي غەرەزد
بەرگەن «چەت ئەلچە» تەبىر خاراكتېرلىك مۇلاھىزىسىدىن كۆرە،
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى سۇلالە، بولۇپمۇ زاماندا
سۇلالىلەردىكى تارىخچىلار پۈتۈپ قالدۇرغان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلى
زامانداشلىرى تەرىپىدىن بېرىلگەن تولۇق باھالار ئارقىلىق، دەۋردى
دەۋرىمىزگىچە پەخىرلىك نامى يادلىنىپ كەلگەن سەنئەتكارلار -
رەسساملارنىڭ ئىپتىخارلىق ئىزنالىرىدىن ئارتۇق دەلىل بولماس.

بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتىدە ئۆزى يېتىلگەن زېمىنىنى
مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئاساسىي رامكا قىلىپ، ئاۋۋال ئۆز دۆلىتىد
نام قازانغان، تەدرىجىي ھالدا بۇددا دىنىنى تەرغىب قىلىپ، ساۋاب
تېپىش مەقسىتىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ، پادىشاھ، خانلارنى
ئەتىۋارلىشى، بۇددا مۇخلىسلىرىنىڭ قەدىرلىشىگە مۇشەررەپ بولغان
نوپۇزلۇق رەسساملار، بىر تەرەپتىن، ئۇدۇن رەسساملىق
گۈرۈھىنى شەكىللەندۈرۈپ، شەرق رەسساملىق ئەندىزىسىنى
بارلىققا كېلىشىگە تۆھپە قوشقان بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن،
ئۆزلىرىدىكى ئۆزگىچە ئۇسلۇب، ئىستېدات بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلى
رەسساملىقىنىڭ راۋاجلىنىشى، كېڭىشىگە تۈرتكە بولغان. ناھايىت
ئېنىقكى، كېيىنكىلەرنىڭ روشەن خاھىشچانلىقىغا ئىگە ھەر خىل
ئۆزۈندىن ئۆزۈن تەھلىلىدىن كۆرە، ئەينى دەۋر كەيپىياتىدى
قالدۇرۇلغان، قىسقا، ئەمما رېئال باھا خاتىرىلىرىنىڭ تارىخى
ئىسپاتلىق رولى مۆلچەرلىگۈسىزدۇر. چۈنكى ئۇ ئۆزگىنىڭ بىۋاسىت
ئېتىراپ قىلىشىدىن پۈتۈلىدۇ.

ئۇدۇن بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتى سۈرەتچىلىكىدە ئوتتۇر

تۇزلەڭلىكتە نام چىقىرىپ، تۇرلۇك رىسالە، تارىخنامىلەردا مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنلەردىن دىھمارا چىن، ۋېيسارا كىلتى، ۋېيسارا ۋازېكنا، ۋېيسارا ئىراساتكا (ۋېيسارا ۋېچىر)، ۋېيسارا كۈيجى، ياڭ شىدەن، سىكساناندا قاتارلىق مەشھۇر رەسسام، سەنئەتكارلار بولۇپ، بۇلار تەرجىمە ساھەسىدە تونۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى رەسساملىق ساھەسىدىمۇ غايەت زور نەتىجىلەرنى يارىتىپ، بىر قىسمى ئوردا رەسسامچىلىرىنىڭ ئۇستازى بولسا، بىر قىسمىلىرى چاڭئەن، لوياڭلاردا رەسساملىق ئېقىمىنى شەكىللەندۈرۈپ، تەسىرى ھەتتا ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك دۆلەتلىرىدىن ھالقىپ كەتكەن.

دىھمارا چىن ئۇدۇن خان جەمەتىدىن. شەرقىي ۋېي سۇلالىسى شياۋجىڭدى يۈەن شىڭنىڭ دەسلەپكى يىللىرى (تەخمىنەن مىلادىيە 539 ـ يىللىرى) ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە بېرىپ، تەرجىمە ھەم رەسساملىق بىلەن شۇغۇللانغان. «ئۆتكەن سۇلالىلەردىكى ئۈچ ئۆرنەك خاتىرىسى» (历代三宝记)، «كېيىنكى رەسىم ئەسەرلىرى» (后画品)، «ئۆتكەن سۇلالىلەردىكى مەشھۇر رەسىملەر خاتىرىسى» (历代名画记)، «سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدىكى رەسساملارنىڭ رەسمىي تارىخىغا يېزىپ قالدۇرۇلمىغان ۋەقەلەر» (唐画家轶事)، «ئالىي راھىبلار تەزكىرىسى» (高僧传) قاتارلىق ئەينى دەۋر رەسساملىرى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردا تولۇقسىز خاتىرىلەنگەنلىرىدىن قارىغاندا، دىھمارا چىن ماھايانا مەزھىپىگە ئائىت دىنىي رەسىم ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش رەسىملىرىنى سىزىشقا ئۇستا بولۇپ، مىلادىيە 539 ـ يىللىرى بىر تۈركۈم راھىب، رەسساملار بىلەن ساۋاب ئىزدەپ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە بارغاندا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شياۋجىڭدىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ، ئوردا رەسسامى بولغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن راھىب يەنزۇڭ يازغان «كېيىنكى بۇيۇم رەسىملىرى» دېگەن كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە، ئۇنىڭ جاڭ گۇڭ قاتارلىق ئون نەچچە داڭلىق شاگىرتلىرى بولغان. «جىنگۈەن يىللىرىدىكى ئومۇمىي رەسىملەر ۋە خۇسۇسىي رەسىملەر تارىخى» ناملىق ئەسەردە كۆرسىتىلىشىچە، دىھارا چىن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، كەيىپىسى ئىبادەتخانىسى (开业寺)، چىڭ چەنسى ئىبادەتخانىسى (清禅寺)، يەنشىڭسى ئىبادەتخانىسى (延兴寺) قاتارلىق ئىبادەتخانىلاردا تۇرغان ھەم ئىبادەتخانا تاملىرىغا رەسىم سىزغان.

تۇرلۇك تارىخنامىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، دىھمارا چىن نامـ
كىچىك دائىرىدىكى نۇرغۇن بېزەكچىلىكتىن باشقا ئىلگىرى - ئاخـ
بولۇپ، «باھار سەيلىسى سۇرىتى» قاتارلىق مەشھۇر رەسىملەردىـ
16 پارچە سىزىپ، بىر قەدەر زور تەسىرگە ئىگە بولغانلىقى ئېنىق
ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ھاياتىدا نۇرغۇن رەسىم سىزغان بولسىمۇ، لېكىـ
تۇرلۇك سىياسىي - ئىجتىمائىي ئاپەتلەر داۋامىدا يوقىلىپ
ئۆرنەكلىرى يىتكەن. بىراق ئەينى دەۋر رىسالىچىلىرى تەرىپىدىـ
قالدۇرۇلغان خاتىرىلەردە رەسىملەرنىڭ مەزمۇنى ۋە ئەينى دەۋ
رەسسىملىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى تىلغا ئېلىنغان.

دىھمارا چىن ئۇسلۇبىدىكى بىردىنبىر ئالاھىدىلىك، نوم
سۇترالاردىكى قىسسە، رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ
خاراكتېرى، ھېسسىياتىنى ئۆزىنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇرىغا تايىنىپ
ئېنىق ئىپادىلەش. بۇ ھەم شۇ دەۋر نوم - سۇترالىرىنى ئوقۇپ
چۈشىنىش جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، نوم - سۇترا تەپسىرىگە
شەكلەن شەرھى بولسا، ھەم شۇ دەۋر خان - بەگزادىلىرى مەركىزىي
پروتوتىپ بولغان رەسساملىق يۈزلىنىشىگە يېڭى بىر ئۇسلۇبنى
سىڭدۇرۇپ كىرگۈزگەنلىكىدۇر.

**ۋېيسارا ۋازېكنا** ئۇدۇن رەسسامچىلىقىنىڭ پېشۋاسى.
تەخمىنەن مىلادىيە 575 - يىللىرى ئۇدۇندا تۇغۇلغان. تاڭ سۇلالىسى
دەۋرىدىكى جاڭ يەنيۈەن يازغان «ئۆتكەن سۇلالىلەردىكى مەشھۇر
رەسىملەر خاتىرىسى» ناملىق ئەسەر، شۇنداقلا «كېيىنكى رەسىملەر
خاتىرىسى»، «تاڭ سۇلالىسىدىكى مەشھۇر رەسىملەر خاتىرىسى»
قاتارلىق ئەسەرلەردىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، مىلادىيە 607 - يىلى
سۈي سۇلالىسى پادشاھى سۈي ياڭدى ئۇدۇنغا ئەۋەتكەن ئون نەچچە
راھىب، ئۇدۇندىن «ئۆلچەملىك تەڭرى سۇرىتى» نىڭ نۇسخىسىنى
ئېلىپ (چۈنكى شۇ مەزگىلدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە بۇددانىڭ
ئۆلچەملىك، بىرلىككە كەلگەن سۈرەت نۇسخىسى بولمىغاچقا، بۇددا
ئىخلاسمەنلىرىدە تەڭرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى توغرىسىدا گۇمان
شەكىللەنگەن. ھەر خىل شەكىلدىكى تەڭرى سۇرىتىنى بىرلىككە
كەلتۈرۈشتە، «ئۆلچەملىك تەڭرى سۇرىتى» نۇسخىسىنى تېپىش
ئېھتىياجى تۇغۇلۇپ، بۇددىزمغا ماس ھالدا بۇددىزم تەسۋىرىي
سەنئىتى راسا گۈللەنگەن ئۇدۇنغا تەلىم ئېلىش ۋە تەڭرىنىڭ
ئۆلچەملىك سۇرىتىنى تېپىپ كېلىشكە ئون نەچچە راھىبنى ئەۋەتكەن)
قايتىشىدا سۈي ياڭدىنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن شۇ دەۋر ئۇدۇن

رەسسامچىلىقىنىڭ پېشۋاسى ۋېيسارا ۋازېكنانى لوياڭغا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ قايتقان. سۈي ياڭدى ۋېيسارا ۋازېكنانىڭ ئالدىغا ئوردا ۋەزىر، ئۆلىمالىرى ۋە خاس نەۋكەرلىرىدىن بولۇپ 400 دەك ئادەم بىلەن چىقىپ، ئوردا رەسسامى ھۆرمىتىدە كۈتىۋالغان ھەم ئوردىغا تەكلىپ قىلغان. تەكلىپكە بىنائەن پادىشاھلىق ئىبادەتخانا «بەيماسى» غا ئەڭ ئاۋۋال تەڭرىنىڭ ئەڭ ئۆلچەملىك سۈرىتىنى سىزىپ بەرگەن. كېيىنرەك سۈي سۇلالىسى ئوردىسىدىكى يېڭى قۇرۇلغان مەدەنىيەت مەھكىمىسىگە مەسئۇل بولغان ھەم لوياڭدىكى رەسساملارغا باش ئوقۇتقۇچى بولغان. ئىلگىرى كېيىن بەيماسى ئىبادەتخانىسىدىن باشقا، شاۋلىن ئىبادەتخانىسى، لوڭمىن مىڭ ئۆيى، شاڭ تاڭشەن مىڭ ئۆيى قاتارلىق ئىبادەتخانا، ئىستىقامەتخانىلارغىمۇ نۇرغۇن رەسىم سىزغان. ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرىدىن ھەتتا ھىندىستاندىن لوياڭغا بارغان رەسسام ساپۇدۇمۇ ئۇسلۇب جەھەتتە ئۈلگە ئالغان. ئۇ سىزغان «ئون ئالتە ئارخات» سۈرىتى بىلەن ئەسلىدىكى نامى بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ، لوياڭغا قايتا تونۇلغاندىن سىرت، خىيالىي تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ، ئوبرازلاشتۇرۇپ سىزىش ئۇسلۇبى باشقا رەسساملارغا ئۈلگە بولغان.

**ۋېيسارا ئىراساتكا** (ۋېيسارا ۋىچىر) ئۇدۇنلۇق مەشھۇر رەسسام. ئۇدۇن ۋېيسارا خان جەمەتىدىن. باشتا تىلغا ئالغان ۋېيسارا ۋازېكنا (بەزى مەنبەلەردە، ۋېيسارا باجىنا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ ئوغلى، غەربىي يۇرتتىلا ئەمەس، ئوتتۇرا شەرقتە ئالاھىدە ھۆسۈن قوشقان. ئويما - قوپما ئۇسۇلى ( 凹凸法 ) نىڭ ئىجادچىسى. بۇ ھەقتە رىسالىچى يەنچىڭ ئۆزىنىڭ «خوتەن ۋىساخانلىق جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى ھەققىدە مۇھاكىمە» ( 于阗尉迟王家世系考述 ) ناملىق ئەسىرىدە توختىلىپ مۇنداق بايان قالدۇرغان: «... ۋېيسارا ئىراساتكا غەربىي رايوندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ كەلگەن بۇ يېڭى رەسساملىق تېخنىكىسى ۋە ئۇسلۇبى يالغۇزلا ئېلىمىز گۈزەل - سەنئەت تارىخىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى چاۋشيەن، ياپونىيە قاتارلىق شەرق ئەللىرىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى»، «... يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تاڭگۇنىڭ ئېيتىشىچە، كورىيە ( 高丽 ) نىڭ بۇددا رەسسامچىلىقى تاڭ دەۋرىدىكى بۈيۈك رەسسام ۋېيسارا ئىراساتكانىڭ بىۋاستە تەسىرىدىن باشلانغان. ياپونىيىنىڭ يەنلاڭ زامانىسىدا سېلىنغان فالۇڭ ئىبادەتخانىسى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئالتۇندەك كۆز قاماشتۇرىدىغان نەپىس سىزما سۈرەتلەر، غەربىي

رايون ئۇسلۇبى ۋە ۋېيسارا ئىراساتكانىڭ ئويما ـ قوپما ئۇسۇلىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى①» «ئۆتكەن سۇلالىلەردىكى مەشھۇر رەسساملار خاتىرىسى» ناملىق كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە، تاڭ سۇلالىسى (جىن گۇەننىڭ 6 ـ يىلى مىلادىيە 632 ـ يىلى) پادىشاھ تاڭ تەيزۇڭ (لىشىمىن) خوتەنگە نۇرغۇن ئات ـ ئۇلاغدا سوۋغا بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ، ۋېيسارا ئىراساتكانى چاڭئەنگە تەكلىپ قىلغان. كېيىنچە لوياڭ، چاڭئەنلەردە ئابرۇي قازىنىپ، داڭلىق شاگىرتلىرى 700 دىن ئېشىپ كەتكەن. 70 يىل ۋاقىتنى رەسساملىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ، كۆپ قىسىم ۋاقىتنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۈزەل ـ سەنئەت تەرەققىياتىغا بېغىشلىغان ۋېيسارا ئىراساتكانىڭ نام ـ شۆھرىتى بارغانچە ئېشىپ، ئۇ سىزغان رەسىملەرنىڭ باھاسىمۇ ئۆرلىگەن. شۇ زاماندا ئۇنىڭ گۈل ۋە قۇشنىڭ سۈرىتىنى چۈشۈرۈپ سىزغان بىر پارچە سۈرىتىنىڭ باھاسى نەق 10 مىڭ سەر كۈمۈشكە توختىغان. ئەمەلىيەتتىمۇ تاڭ دەۋرىدىكى گۈزەل ـ سەنئەت تارىخچىسى كاڭ چەنيۈەن «ئۆتكەن سۇلالىلەردىكى مەشھۇر رەسساملار خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە ۋېيسارا ئىراساتكا ھەققىدە «چەت ئەل رەسساملىرىغا (غەربىي يۇرت كىشىلىرىنىڭ تۇرلۇك ئادەت، خاراكتېر، مەدەنىيەت كۆرۈنۈشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەسىملەرنى شۇ زاماندا چەت ئەل رەسىملىرى دەپ ئاتىغان) ۋە بۇددا رەسىملىرىگە قەۋەتلا ماھىر، زامانداشلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن تەڭلىشەلەيدىغىنى يوق» دەپ خاتىرە قالدۇرغان. ئېھتىمال ئالاھىدە بولغىنى، شۋېتسىيىلىك ئالىم شى لوڭرىن يازغان «جۇڭگو رەسساملىكى» ناملىق كىتابتىن مەلۇم بولۇشىچە، ۋېيسارا ئىراساتكانىڭ كۆپلىگەن رەسىم نۇسخىلىرى چەت ئەلگە تارقالغان. بۇلاردىن گەۋدىلىك بولغىنى، ئۇنىڭ «ئۇيغۇر راھىبى سۈرىتى»، «تىبەت خانى سۈرىتى»، «ساماۋى خان سۈرىتى» قاتارلىق تۆت پارچە سۈرىتى شى لوڭرىننىڭ «جۇڭگو رەسساملىكى» ناملىق كىتابىغا قىستۇرما سۈرەت شەكلىدە كىرگۈزۈلگەن. بولۇپمۇ ۋېيسارا ئىراساتكانىڭ «كۇسەن قىزى» ناملىق سۈرىتىدىكى ئۇسلۇبىنىڭ قىزىل ۋە قۇمتۇرا مىڭ ئۆيلىرىدە ھېلىمۇ بارلىقىنى داڭلىق ئارخېئولوگ، بۇددا رەسىم تەتقىقاتچىلىرىدىن لوئىس بىلەن ئەنگلىيىلىك ئاۋرېل ستەين تەپسىلىي كۆزىتىپ تېخنىكىلىق باھالاشتىن كېيىن مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

① ②ئا. مۇھەممەت سايرامى «سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى»

ئومۇمەن ئالغاندا، ۋېيسارا ئىراساتكا رەسساملىقتا دىنىي تەرغىباتنىڭ ئوبرازلىق شەكلى رەسساملىقنى ئۆز ئۇسلۇبىدىكى «ئويما - قوپما ئۇسۇلى» ئارقىلىق يۇقىرى ئېستېتىك زوق دەرىجىسىگە كۆتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن نوقۇل غەربىي يۇرت ئۇسلۇبى، ئۇدۇن رەسساملىق ئۇسلۇبى بولغان ئىلاھنى ئادەملەشتۈرۈش، ئادەملەشتۈرۈلگەن بۇددا ئوبرازلىرىنى ئادەتتىكى ئاددىي تۇرمۇش ئىچىدە ئەكس ئەتتۈرۈشتەك ئىجادىيەت خاسلىقى ئارقىلىق، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ رەسساملىق تەرەققىياتىنىڭ ئالەمچە شۆھرەتلىنىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

ۋېيسارا كۈيجىي ئۇدۇنلۇق مەشھۇر تەرجىمان ھەم رەسسام. تەخمىنەن مىلادىيە 598 - يىللىرى تۇغۇلغان. 615 - يىلى چاڭئەنگە بېرىپ، دىن تارقىتىش، تەرجىمىشۇناسلىق، رەسساملىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، چاڭئەن باش راھىبى شۆەنزاڭنىڭ ئىلتىماسى بىلەن بىر ھوجرىدا بىرگە تۇرغان. كېيىنچە ئۇ فاشاڭزۇڭ مەزھىپىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ماسلاشقان بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر رەسىملەرنى سىزىپ، چاڭئەندە فاشاڭزۇڭ مەزھىپىنىڭ زور دەرىجىدە يۈكسىلىشىگە ئاساس سالغان.

ياڭ شىدەن ئەسلىي فامىلىسى ۋېيسارا. ئەمما سۈي سۇلالىسى تەرىپىدىن تۆھپىسىگە لايىق ياڭ شىدەن دېگەن نام بېرىلگەچكە، كېيىنچە ئۇ مۇشۇ خىل خەنزۇچە نام بىلەن تارىخنامىلەردە قەيت قىلىنىپ كەلگەن. ئۆزى ئۇدۇندىن، بۇددا رەسسامچىلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ سىزغان بىر تۈركۈم ئەسەرلىرىدە ئاساسلىقى غەربىي يۇرت ئۇسلۇبى بولغان ئىلاھنى ئادەملەشتۈرۈش، نىرۋانانى تەبىئەت، رېئال شارائىت بىلەن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش، شۇ ئارقىلىق دىندىكى ياخشىلىق، يامانلىق قىلمىشىنىڭ ئاقىۋىتى ۋە بۇ ھەقتىكى تەرغىباتنى جانلىق ھالدا سىمۋوللاشتۇرۇپ ئىپادىلەشتەك ماھارەتلىرى بىلەن سۈي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى رەسساملار ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا زور شۆھرەت تاپقان. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ يازغان بىر قىسىم ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇن، ئۇسلۇبى تارىخنامىلەردە، پۈتۈكلەردە ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ نەق ئۆزى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

بۇلاردىن باشقا يەنە شۇ دەۋردە نۇرغۇن تەرىقەتچى رەسساملار بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇدۇن، كۆسەنلەردىن بېرىپ،

چاڭئەن، لوياڭلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئاز بىر قىسمىنى ئۆرنەكلىك تۆھپىلىرى تارىخ، سالنامە، تەزكىرىلەردە خاتىرە ئېلىنغان. كۆپ قىسمى سەنئەت ئابىدىلىرىنى قالدۇرۇپ، نام نىشانسىز «نىرۋانا» غا يەتكەن. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ياڭ شىدەننىڭ كېيىنكى تەقدىر - قىسمەتلىرى ھەققىدە ئۇچۇر قالمىغان.

ئومۇمىي نۇقتىدىن قارىغاندا، يۇقىرىقىدەك بىر قاتار پاكىت ئىسپاتلىق مۇلاھىزىمىزدىن ئاخىرقى يەكۈن شۇكى، ئۇدۇن بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتى خۇددى ئاۋرېل ستەيننىڭ مەۋقەسىدە تۇرۇپ كۆزىتىپ، پىكىر بايان قىلغان بىر قىسىم ئالىم، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئاخىرقى يەكۈنىدەك قانداقتۇر ھىندىستان مەدەنىيىتى، ھىندىستان بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتى ياكى قەندىھار نۇسخىسىنىڭ ئەينەن تەسىرى بولماستىن، بەلكى ئەسلىي ساپ ئۇدۇنچە مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە. كېيىنچە كۇسەندە يېڭىلانغان ئېستېتىك ئېھتىياج ۋە بېزەكچىلىك تەرەققىياتىنىڭ تۈرتكىسىدە دىنىي ئەقىدىگە زىچ گىرەلىشىپ سىڭىپ كىرگەن غەيرىي مەدەنىيەتنى ئىجادىي قوبۇل قىلىپ، ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇشتىن ھاسىل بولغان مەدەنىيەت.

ناھايىتى ئېنىقكى، دۇنيادا ساپ قانلىق مىللەت بولمىغىنىدەك، ھەرقانداق مىللەت، رايون گەۋدىسىدە «بۇلغانمىغان، ساپ» مەدەنىيەتمۇ مەۋجۇت ئەمەس. ئومۇمىي دائىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەندىمۇ قىسمەن دائىرىدە ساقلىنىشى، ئارىلىشىشى، مۇرەككەپ تەركىبلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. دەرۋەقە، بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغان ئۇدۇن خانلىقى قانچىلىك مەدەنىيەتلىك خانلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزى قوبۇل قىلغان بۇددا دىنى ئەقىدىسىگە ئەگىشىپ كەلگەن «مېھمان» مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلماي، كەسكىن رەت قىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئەمەلىيەتتىمۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر دىننىڭ تەرەققىي قىلىپ، كېڭىيىش جەريانىدىن قارىغاندا، دىنىي ئىدىيە مەيلى مەجبۇرىي، مەيلى ئىختىيارەن تارقىتىلسۇن، ئۇ ھامان يەرلىك خەلقنىڭ مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەتلىرىگە بېقىنغان، ئېستېتىك قىزىقىش ئىنتىلىشلىرىگە بېقىنغان ھالدا قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتى دائىرىسىدە تارقالغان.

بۇنداق ئىمكانىيەتلەر ئۇدۇن بۇددىزم دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنىڭ قىسمەن مۇرەككەپ تەركىبلىك ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنى ئالدى بىلەن مەدەنىيەتنىڭ ئىلغارلىقى نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندىن كۆرە، گويا XIV , XV ئەسىر مۇتەپەككۇرى نەۋائىنىڭ ئۆزىنىڭ بۈيۈك

ئەسىرى «ئىككى تىل مۇھاكىمىسى» دە، «ئىككى تىل» (ئەرەب، ئۇيغۇر (تۈرك) تىلى) تەڭ بەيگىگە چۈشكەن ھالەتنى تەسۋىرلەپ، «ئۆزى تۈرك شائىرلارنىڭ ئەرەب تىلىدا ئىجاد قىلىشى تىلىنىڭ مۇكەممەل ھەم ئىپادىلەشكە باي بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى شۇ شائىرلارنىڭ ئۆزلىرىنى بىلەرمەن، بىلىملىك قىلىپ كۆرسىتىشىنىڭ ۋاستىسى بولغانلىقىدىن» دېگەن ئەمەلىيەتنى يەكۈنلىگىنىگە ئوخشاش، قىسمەن رەسسام، ھەيكەلتىراشلاردىكى ئۇسلۇبسىزلىق، ئىجادچانلىقنىڭ كەملىكىنى ھىندى - گرېك - قەندىھار بىرلەشمە، ئارىلاشما ئېلىلىنىزملىق مەدەنىيەتنى ئەينەن قوبۇل قىلغانلىق نۇقتىسىدىن كۆزىتىش كېرەك. لېكىن، بۇنى ئومۇملاشقان ھادىسە دېيىش رېئاللىققا ئۇيغۇن ئەمەس.

ۋەھالەنكى، قوبۇل قىلىنغان بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ توغرىدىن توغرا ئۇدۇن مەدەنىيىتىگە كومپاسلىق رول ئوينىيالىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئەينى دەۋر ئۇدۇن - ھىندىستان مەدەنىيىتى سېلىشتۇرما تەتقىقاتى ئىسپاتلىغان. ئەلۋەتتە دىنىنىڭ دەسلەپكى ئانا ماكانى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھىندى مەدەنىيىتى، مەدەنىيەت تۈسى قويۇق بولغان دىنىي ئېتىقاد ئەينى دەۋر ئۇدۇن مەدەنىيىتىنىڭ بارومېتىرى بولغان. بۇنىڭدىن يەنە شۇنداق يەكۈن چىقىرىش مۇمكىنكى، بارومېتىر كۆرسەتكۈچى ئۆرلىگەن مەزگىلدە ئۇدۇن بۇددا دىنىنىڭ ئىككىنچى تارقىلىش مەركىزىگە ئايلىنىپ، شەرق - غەرب، يىراق - يېقىن مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچرىشىش مەركىزىگە ئايلانغان. بۇنداق ئەھۋالدا ھىندى مەدەنىيىتىنىڭ يەنىلا ئۇدۇن مەدەنىيىتىگە تېڭ لىنىيىلىك تەسىر كۆرسىتەلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

# بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ ئۇدۇندىكى نامايەندىلىرى

يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك، تۈركۈملىگەن رەسسام، تەرجىمان بۇددىستلار مەيلى ئۇدۇن، ياكى كۇچا (كۈسەن) دا بولسۇن ۋە ياكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك (ۋېي، جىن، شىمالىي، جەنۇبىي سۇلالىلەر ھەمدە سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى) زېمىنلىرىدا بولسۇن، بىھېساب سەنئەت نەمۇنىلىرىنى يارىتىش بىلەن تالاي ئۈلگىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ خىل تەسۋىرىي سەنئەتنى نىشان قىلىپ ھاسىل

بولغان نامايەندە خاراكتېرلىك سەنئەتلىك تەسۋىرلەر تەبىئىي ھالەت
غەربىي يۇرت نامىدا ئاتالغان ئۇدۇن ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۇرگەن.
بۇ ھەقتە سۆي، تاڭ دەۋرىدىكى بىۋاسىتە خاتىرىلەردە قالدۇرۇلغا
باھا قاراشلاردىن باشقا، خەلقئارادىكى نوپۇزلۇق ئالىملارنىڭ ئۇدۇ
ئۇسلۇبى ھەققىدە بەرگەن باھالىرىمۇ كىشىنى سۆيۈندۇرىدۇ.

## 1. تەسۋىرىي سەنئەتتە ساپ ئۇدۇن ئۇسلۇبىنىڭ ئىپادىلىنىشى

تەسۋىرىي سەنئەتتە ئۇدۇن ئۇسلۇبىنىڭ ئىپادىلىنىشى دېگەن مەسىلە بىلەن ئۇدۇندا تەسۋىرىي سەنئەتتىكى ساپ ئۇسلۇب دېگەن مەسىلە ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلماسلىقى ھەمدە ئايرىم - ئايرىم كۆزىتىلىشى كېرەك. ئۇدۇل مەنىسىدىن قارىغاندا، ھەر ئىككىسى ئۇدۇن بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتىدە ئىپادىلەنگەن ئۇدۇنغا خاس بولغان ئۇسلۇب دېگەن يەكۈننى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما، كونكرېت ئورۇندا كونكرېت مەنە تەلەپ قىلىپ، تەسۋىرىي سەنئەتتە ساپ ئۇدۇن ئۇسلۇبىنىڭ ئىپادىلىنىشى دېگەن مەسىلە نوقۇل ئۇدۇن دائىرىسىدە ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئۆزلەشلىك رايونلىرىدىكى ئىپادىلىنىشى، ھەتتا ھىندى مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ كېيىنكى مەسىلە بولسا، مۇشۇ خىل ساپ ئۇسلۇبنىڭ پەقەت ئۇدۇن زېمىنى ئىچىدىكى ئىپادىلىنىشى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ نۇقتىدا بۇ ئىككى مەسىلە ھەققىدە ئايرىم - ئايرىم، كونكرېت توختىلىشقا ماقالىمىزنىڭ ھەجىم چەكلىمىسى يار بەرمەيدۇ. شۇڭلاشقا، تەسۋىرىي سەنئەتتە ساپ ئۇدۇن ئۇسلۇبىنىڭ ئىپادىلىنىشى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

تەسۋىرىي سەنئەتتە ساپ ئۇدۇن ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۇرگەن ئاساسىي ئۇسلۇبقا ئويما - قويما ئۇسۇلى بىلەن ھۆل كىيىم كىيىمسىزلەندۇرۇش ئۇسۇلىنى ئەڭ چوڭ نامايەندە دەپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسلۇبنىڭ ئىجادچىلىرى مەيلى قايسى خىل مەدەنىيەت، قايسى خىل تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ ئىجابىي تەسىرىگە ئۇچرىسۇن، بۇ رايون نۇقتىسىدىن پۈتۈنلەي خاسلىققا ئىگە بولغان ئۇسلۇب ئىكەنلىكىنى، يەنە كېلىپ بۇ خىل ئۇسلۇبنىڭ تەسىرىنى

ئۆز دائىرىسىدىلا ساقلانماستىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە شۇ پېتىچە ئۆزلىشىپ كىرىپ، بۈددىزىم مەزمۇنىدىكى تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىگە ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتكەنلىكى تارىخ ئىزلىرىنىڭ گۇۋاھلىقى ۋە تارىخنامىلەرنىڭ ئىسپاتلىشىدىن ئۆتكەن.

«ئويما ـ قوپما ئۇسۇلى» ( 凹凸法 ) ، رەسساملىقتىكى ئىلمىي كەشپىيات بولۇپ، ئادەتتە بوشلۇق كۆرۈنۈشى ھاسىل قىلىشنىڭ ئەڭ ئاددىي، ئەمما ئەڭ تىپىك ئۇسۇلى. بۇ خىل ئۇسۇلدا سىزىلغان رەسىملەردە بىر خىل رەڭ ئىشلىتىلىپ، بوشلۇقتىكى شەيئىنىڭ يىراق - يېقىنلىق ئورنىغا ئاساسەن قېنىق، سۇس رەڭ بېرىش ئارقىلىق بىر تەكشىلىكتە ياتقان بىرقانچە خىل شەيئىنىڭ ئورنىنىڭ يىراق - يېقىنلىقىنى ھېس قىلدۇرىدىغان، كىشىگە چەكلىك تەكشىلىك ئارقىلىق چەكسىز بوشلۇق سېزىمى بېرىدىغان ئۇسۇل. بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ سىزىلغان سۈرەتتىكى تەسۋىر ئوبيېكتلىرىنىڭ ئارىلىقىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈشتە رولى چوڭ بولغاندىن سىرت، كىشىگە بېرىدىغان ئېستېتىك زوق قىممىتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، بۇ تېخنىمۇ ئىزچىللىقتا تايىنىپ ئىگە بولغان تەرەققىياتىدا مۇكەممەل ھالەتتە شەكىللەنگەن ھازىرقى ستېرېئولۇق كۆرۈنۈشنىڭ ئىپتىدائىي ئۇلىنى ھازىرلىغانىدى.

مانا مۇشۇ ئۇسۇل، بۇددىزمنىڭ تەسىرىدە ھىندى - گرېك، قەندىھار ئۇسلۇبىدىن ئېقىپ كىرگەن بىر خىللىقتا ئىگە مىخانىك ھالەتتىكى تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىشىغا ئاساسىي جەھەتتىن خاتىمە بېرىپ، غەربىي يۇرت خوتەننى دۇنياغا تونۇتسا، يەنە بىر جەھەتتىن تاڭ دەۋر تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ پارلاق سەھىپىسىنى ئېچىپ، تاڭ دەۋر تەسۋىرىي سەنئىتىنى پۈتكۈل ئوتتۇرا شەرق تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندۇرغان. ھەتتا بۇنىڭ تەسىرى ياپونىيە، كورېيىلەرگىچە تارقىلىپ، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەردە ھېلىغىچە بۇنىڭ ئىزنالىرى ساقلىنىپ كەلگەن.

پېشقەدەم پروفېسسور جاڭ گۇاڭفۇنىڭ كۆرسىتىشىچە: «بۇ خىل يېڭى ئۇسلۇب جۇڭگو رەسساملىقىدا زور تەسىر پەيدا قىلغان بولۇپ، ئۇ ھىندىستاننىڭ ئاجانتا مىڭ ئۆيلىرىدىكى ئويما - قوپما ئۇسۇلىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ.» [1]

بۇ يېڭىچە ئالاھىدە سەنئەتلىك ئۇسۇل ئۇدۇن خان جەمەتىدىن كېلىپ چىققان ۋېيسارا ئاتا - بالا تەرىپىدىن، بولۇپمۇ ۋېيسارا ئىراساتكا تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن بولۇپ، ئالاھىدە بىر خىل

سەنئەت ئىلمى سۇپىتىدە نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە بولغان. جۈملىدىن «ئويما - قوپما ئۇسۇلى» نىڭ تەرەققىياتى كېيىنكى «سۆڭەكسىز سۈرەتلەش» ئۇسلۇبىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان.

«سۆڭەكسىز سۈرەتلەش ئۇسۇلى» قارىماققا «ئويما - قوپما ئۇسۇلى» غا ئوخشىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما روشەن پەرقكە ئىگە، «ئويما - قوپما ئۇسۇلى» دا بوشلۇق تۇيغۇسىنى ئويغاتسا «سۆڭەكسىز سۈرەتلەش» ئۇسۇلىدا تەسۋىرلەنگەن ئوبيېكتنىڭ دائىرىسى، ھەرقايسى بۆلەكلىرىنىڭ تۇتاشقان ئورنىنى روشەن سىزىقچىلار ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى بېرىلگەن رەڭنىڭ قويۇقلۇق دائىرىسى ئارقىلىق ھېس قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

قانداقلا بولسۇن، «ئويما - قوپما ئۇسۇلى» غەربىي يۇرت (ئۇدۇن) رەسساملىقىدىكى بىر كەشپىيات بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىمۇ ئۇدۇن رەسساملىرىنىڭ قولىدا ۋايىغا يەتكەن. بۇ خىل ئۇسلۇبتا سىزىلغانلىرى گويا ئادەمگە ھاياتتەكلا تۇيغۇ بەرگەن.

بېلگىيىلىك يىغىپ ساقلىغۇچى بىرلونىس ئەسلىي نۇسخىسىنى ساقلاۋاتقان «كۆسەن قىزى سۈرىتى» بىلەن، ۋاشىنگتوندىكى پولىر گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىخانىسىدا ئەسلىي نۇسخىسى ساقلىنىۋاتقان «ساماۋى خان سۈرىتى» يۇقىرىقى «ئويما - قوپما ئۇسۇلى» دا سىزىلغان. «كۆسەن قىزى سۈرىتى» دە، يېڭى تۇغۇتلۇق ئايال (سۈرەت قىسمىدىن ۋە ئىپادىلەنگەن مەزمۇنىدىن قارىغاندا، يېڭى تۇغۇتلۇق ئايال كۆسەن قىزى شۇ بولۇشى مۇمكىن) ئەتراپىدىكى خانىش، شاھزادە، مۇزىكانت قاتارلىق ھەر خىل ئورۇن، ئوخشىمىغان ھېسسىيات كۆرۈنۈشىدىكى كىشىلەر، مۇنداقچە ئېيتقاندا بىر - بىرىگە باغلانغان زەنجىرسىمان مۇناسىۋەتتىكى كۆرۈنۈش بوشلۇقتىكى ئورنى بويىچە جانلىق سىزىلغان.

«ساماۋى خان سۈرىتى» دە، مەغرۇرانە ئولتۇرغان ساماۋى خان ئالدىدىكى ئۇسسۇلچى ۋە مۇزىكانتلارنىڭ ھەرىكەتلىك كۆرۈنۈشى سىزىلغان بولۇپ، بۇ رەسىمدە خان، مۇزىكانت، ئۇسسۇلچىلار مۇئەييەن ئارىلىق (بوشلۇق) سېزىمىغا ئىگە قىلىنغان ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلسە، يەنە رەسىمدە ئىپادىلەنگەن كۆرۈنۈش كىشىگە گويا بىر قاراشتىلا ئوبرازلار ھەرىكەت ھالىتىدە قېتىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

«ساماۋى خان سۈرىتى» ھەققىدە مىلىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى

خوش خەت ۋە رەسىم ھەۋەسكارى جاڭ تىيۇ: «قەلەم راۋان، بوياق قېنىق، شايىغا سىزىلغاندەك سىلىق ھەم سىپتا» ، دەپ باھا بەرگەن.

«يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن گۈزەل سەنئەت ھەۋەسكارى تاڭ گۇ ( 汤垢 ) دېگەن كىشى بۇ خىل ئۇسلۇبتا سىزىلغان مەشھۇر ئەسەرلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. شۇنداقلا بۇ خىل ئەسەرگە: «شايى ئەتلەسكە گۈل باسقاندەك سىلىق ھەم نەپىس بولۇپ، كۆپلىگەن ئىسىل رەڭ بىلەن سىزىپ، ئاندىن بوياق بېرىش بىلەن تاماملىغان» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن.

بۇ خىل رېئاللىق ھەم باھالاردىن شۇ نەرسە ئايانكى، بىرى «ئويما - قوپما ئۇسۇلى» كۆرگەن كىشىنى تاڭ قالدۇرغۇدەك خاسلىقنى نامايان قىلسا، ئىككىنچى بىرى، باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، «ئويما - قوپما ئۇسۇلى» ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىپ كاراممىتىنى كۆرسەتكەن «ئەتىسىز سىزىش ئۇسۇلى» ئالماس ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويغاندەك، تەسۋىرىي سەنئەتنى تەڭ كامالەتكە يەتكۈزگەن. بۇ ھەقتە يەنە ئاۋرېل ستەيىن نىيە 15-نومۇرلۇق خارابىسىدىن تېپىلغان تارىشا پۈتۈكتىكى پېچەتلەرگە بېسىلغان تامغا ھەققىدە توختىلىپ، بەزى پۈتۈكلەرنىڭ پېچەتلەنگەن يېرىگە بېسىلغان تامغىلاردىكى سۈرەتتە خوتەننىڭ يەرلىك ئۇسلۇبتىكى، كىشىگە ستېرېئولۇق تۇيغۇ بېرىدىغان ياۋايى ئادەملەر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ سۈرىتى سىزىلغانلىقىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ.

«ھۆل كىيىم ئۇسۇلى» غەربىي يۇرتقا خاس بولغان يەنە بىر سەنئەتلىك نامايەندە. ھۆل كىيىم ئۇسۇلى كۆپىنچە ھەيكەلتىراشلىق تەسۋىرىي سەنئىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئادەتتە ھىندىستان، گرېك، قەندىھار نۇسخىلىرىغا يات ھالدا، قارىماققا ئۈستىدە كىيىم بار ھالەتتە تاراشلانمىغاندەك، ئەمما ئىنچىكە كۆزەتسە، بويۇن، قول بېغىشى ۋە قىسمەن پاسون كۆرۈنۈشلىرىدىكى بەلگە خاراكتېرلىك ئىزنالاردىن باشقا قىسمى، بەدەننىڭ تاشقى فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئەگەشكەن ھالدا گويا سۇدىن سۇزۇۋېلىپ بەدەنگە يېپىشتۇرۇپ قويغاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان ھالەتتە تاراشلاش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. بۇ خىل ئۇسۇلدىكى ھەيكەللەرنىڭ كۆپ قىسمى خوتەندىكى سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقى، راۋاق بۇددا مۇنارى، دەندان ئۆيلۈك قاتارلىق خارابە ئىزلىرىدا كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ بۇ خىل ئالامەت راۋاق بۇددا مۇنارىدىكى راۋاق تېمىغا ئورنىتىلغان بۇددىھا، بۇدساتۋالار ۋە ئاستى قىسمىدىكى كىچىك بۇتلارنىڭ سىرتقى تەسۋىرى، دەندان ئۆيلۈك خارابىسىدىن ئاۋرېل ستەيىن يۆتكەپ كەتكەن، تام ئاستىغا

قىستۇرۇلغان بۇت قاپارتما نەقىشلىرى قاتارلىقلاردا بىر قەدەم گەۋدىلىك.

ئۇدۇن تام سۈرەتچىلىكى، گەرچە بۇددا ماكانى ھىندى مەدەنىيىتىدىن نىسپىي ئۆرنەك ئالغان بولسىمۇ، لېكىن يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىپ تەسۋىرلەپ، ئۆزگىچە كىيىم - كېچەك تەسۋىرى ۋە ئىپادىلەش ماھارىتى بىلەن ئۇدۇن ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرگەن. بولۇپمۇ دەندان ئۆيلۈك خارابىسىدىن ستەين يۆتكەپ كەتكەن «مىلك بورھان» تەسۋىرىي سۈرىتى؛ «بۇددانىڭ قايتا يارالمىش قىسمىتى» گە ئائىت مەزمۇندىكى سۈرەت (بۇلار ھازىر ئەنگلىيە — بۈيۈك برىتانىيە مۇزىيىدا ساقلانماقتا)؛ دەندان ئۆيلۈك خارابىسىنىڭ بۇتخانىسىدىن تېپىلغان يۆتكەلمە پەشتاقتىكى ئىلاھىي ھەيكەل (ستەين يۆتكەپ كەتكەن، ستەين بۇ جايدا مايتىرى بۇت ھەيكىلىنىڭ ئادەتتە باشقا بۇددىھالارنىڭ ھەيكىلىدەك نىلۇپەر ياپرىقىنىڭ ‹بەرگىدە›، ئەمەس، بەلكى مۇستەھكەم تەگلىك — سۇپ بورا ئۈستىدە ئولتۇرغان ھالەتتە تەسۋىرلىنىدىغانلىقىنى ئۇنتۇغان) — مايتىرى بۇت ھەيكىلى؛ تاختايغا سىزىلغان ئۇسسۇلچى قىز سۈرىتى؛ بۇددا سارىيىنىڭ شەرقىي تېمىنىڭ ئاخىرىغا سىزىلغان قوغدىغۇچى بۇدساتۋا ھەيكىلى؛ مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى II ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدىغان ئۇدۇن — ھون توقۇنۇشىدىن تارقالغان رىۋايەت ئاساسىدا تەسۋىرلەنگەن چاشقان باشلىق، ئادەم تەنلىك ئىلاھىي ھەيكەل سۈرىتى قاتارلىق تېپىلمىلارنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاش دەرىجىدە تەسۋىرىي سەنئەتتىكى ئۇدۇن ئۇسلۇبى ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن.

ئىتالىيە رىم ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورى مالىئاۋ بورساگىلى ئۇدۇن ئۇسلۇبى ھەققىدە مۇنداق يازغان: «ئوتتۇرا ئاسىيادا پەقەت بىرلا رەسساملىق گۈرۇھى ئۆزىنىڭ گۈزەل، نەپىس تام رەسىملىرى ۋە ياغاچ ئويما گىرافىكالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇلۇغ ئەسەرلىرى بىلەن ئىپتىخارلىنىشقا مۇناسىپ بولۇپ، ئۇ ئەسەرلەر جۇڭگو سەنئەتچىلىرى ۋە تەقلىدچىلىرى تەرىپىدىن ماختالغان. ئۇ بولسىمۇ خوتەن رەسساملىق گۇرۇھىدىن ئىبارەت.»

## 2. قەندىھار ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرلىك ئىپادىلىنىشى

ھازىرغىچىلىك ئۇچۇرى بولغان تېپىندىلارنىڭ بىر قىسمىدا

بولۇپمۇ ئۇدۇن تەسۋىرىي سەنئەت ئۇسلۇبىدا قەندىھار ئۇسلۇبىنىڭ روشەن ئالامەتلىرى ۋە ئىجادىيلىقتا ئىگە ئۆزگەرتىلگەن ئاكتىپ تەسىرلىك تەسۋىرىي سەنئەت نامايەندىلىرىنى ئۇچرىتىمىز.

بۇ نۇقتىدا شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ھازىرغىچە چەت ئەل ۋە ئېلىمىز تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئۇدۇن بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتى ھەققىدىكى نۇرغۇن تەتقىقات ماتېرىياللىرى ۋۇجۇدقا چىقتى. چەت ئەل قازغۇچىلىرى مەيلى مەدەنىيەت - ئۇچۇر تەتقىقاتى ئۇچۇن بولسۇن، مەيلى سىياسىي مەقسەت ئۇچۇن بولسۇن، دۇنخۇاڭدىن ئۇدۇنغىچە ئاربىلىقتىكى بۇددا خارابىلىرىنى تەپسىلىي قىدىرىپ، جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى، تارىخىي ئىزنالىرى، مەدەنىيەت تىپ - دەرىجىسى قاتارلىقلار ھەققىدە ئىزدەندى، ھۆججەت - ئىسپاتسىز ھالدا ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن ھۆكۈمەتنىڭمۇ، يۇقىرىلارنىڭمۇ ئۇغىسىنى قايناتتى. مەدەنىيەت ئەسلىي تىپىنىڭ قىممىتى ئارتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇغرىلانغان بۇ قېزىندىلار بىر - بىرلەپ يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشقا باشلىۋىدى، ئىچىمىز ئېچىشتى، قايىندۇق، ئۆزىمىزدىن رەنجىدۇق. ۋەھالەنكى، قوم ئاستىدا ھەقدارلىرىنى كۈتۈپ ياتقان پارلاق مەدەنىيەت شاھىدلىرىنى رەتلەش، قېزىش خىزمىتى دەسلەپكى قەدەمدە بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، تەتقىقات تەلىپىگە ماسلىشىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۇچۇن مۇرەككەپ تەركىبلىك مەدەنىيەت ئىزلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتتا ھە دىگەندە رەتلىك، تەپسىلىي، تولۇق سېلىشتۇرۇلماسلىق، ھەتتا بەزىدە زور مەنپەئەتلىك قېزىندىلاردىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك نەزەردىن ساقىت قىلىنىش ئەھۋاللىرىنىڭ كۆرۈلۈشى تەبىئىي. بولۇپمۇ ئۇدۇن تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ ساپ ئۇسلۇبى بىلەن بۇنىڭغا ئېتىقاد ئارقىلىق يۇقتان ھىندى، گرېك، قەندىھار تەسۋىرىي سەنئەت ئۇسلۇبىنىڭ ئامىللىرىنى تۇر - تارماقلىرى بويىچە ئاجرىتىشتا، تېپىلما ئىسپاتلارنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىشتە سان جەھەتتىن ئاجىز كېلىشىمىز تەبىئىي ئەھۋال.

ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان تېپىلمىلاردىن ئۇچۇر بولغىنىدىن بولمىغانلىرى كۆپ (ھازىرغىچىلىك قېزىۋېلىنغان تۇرلۇك تېپىلمىلاردىن ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنىڭ رايونىمىز ۋە مەملىكىتىمىزدە قېپقالغىنىدىن باشقا، ئاساسلىق قىسمى لوندون، بېرلىن، دېھلى، توكيو، كيوتو، نارسۇن (ئامېرىكا)، سىرنوسىچ (پارىژ)، لېنىنگراد، ستوكھولم مۇزېيلىرىدا ۋە يەرلىك، چەت

ئەللىك توپلىغۇچى، يىغىپ ساقلىغۇچى، ھەتتا قىلچە ئەھمىيىتى
تىيىنچە قىممىتىنى چۈشەنمىگۈچىلەرنىڭ قولىدا ساقلانماقتا) . ئۇچر
بولغانلىرىدا ئىپادىلەنگەن تەسۋىرىي سەنئەت ئىپادىلىرىدىن قارىغاندا
باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، ساپ ئۇدۇن ئۇسلۇبلىرىدىن تاشقىر
ھىندىستان، قەندىھار تەسۋىرىي سەنئەت ئۇسلۇبىمۇ ئۇچرايدۇ.

شۇنى كۆرسىتىش لازىمكى، ھىندىستان بۇددىزم تەسۋىر
سەنئىتىدە بۇددىھالارنى ئىپادىلەشتە، ئەڭ دەسلەپ پىلەكسىمان گۈ
نۇسخىلىرى، پىكۇس دەرىخى، نىلۇپەر گۈلى ياپرىقى قاتارلىقلا
ئارقىلىق سىمۋوللۇق ئىپادىلەشكە دىققەت قىلغان، بۇددا ئىلاھلىر
بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا ھېسسىيات جەھەتتە توسۇ
شەكىللەندۇرگەن. كانىشكا دەۋرىدىن كېيىن گرېك - ئىرا
مەدەنىيىتىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئىلاھلارنى غايىۋىلەشتۇرگەن ھال
تىپىك گرېك ئۇسلۇبىنى ئاساس قىلىپ قاناتلىق ئەۋلىيالار، بۇددانىڭ
يارالمىش قىسمەت ھېكايىلىرىنى سۆزىت قىلغان سىمۋوللۇق ھايۋا
(پىل، شىر، بۇركۇت، يىلان، ئات، كالا، ئۆچكە، تاشپاق
قاتارلىق) كۆرۈنۈشلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن، بۇددىھ
ھەيكەللىرىنى قاپارتما شەكلىدە ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. شۇنداق
نەقىشلەرمۇ ماس ھالدا رەڭلىك بەت ئۈستىگە قاپارتما شەكىلد
بېرىلگەن.

بىراق، ئۇدۇن ئۇسلۇبىدا بولسا ئىلاھ، بۇددىھا - بۇدساتۋالارنىڭ
كۆرۈنۈشىدە روشەن ئۆزگىرىشلىك ئىپادىلەر بولغاندىن سىرت
ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئېنىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى، ئىلاھ بىلەن ئىنسا
ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يېقىن ھالەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن
بۇنىڭدا ئاساسلىقى، تەسۋىرلەنگەن بۇددىھالار ئۇدۇن يەرلى
ئادەملىرىنىڭ نۇسخىسىدا (تۇرلۇك قىياپەت - پورترېتى، كىيى
-كېچەكلىرى) تەسۋىرلىنىپ، ئىلاھ بىلەن ئىنسان ئارىلىق
يېقىنلاشتۇرۇلۇپ، ئىلاھنى ئادەملەشتۇرگەن. بۇددىھالارنى يەك
تەسۋىرلەشتىن كۆرە، رېئال تۇرمۇشتىكى ھەر خىل تەبىقىدىك
كىشىلەر ئارىسىغا قويۇپ تەسۋىرلىگەن. بۇ خىل كۆپ تەركىبل
قىياپەتلىك تەسۋىرلەردە بۇددىھا، ئەۋلىيالارنى باشقا ئادد
كىشىلەردىن پەرقلەندۇرۇشتىمۇ، قەندىھار ئۇسلۇبى بولغان قاپار
ھالقا ئىچىگە ئېلىشتىن، پەرقلىق ھالدا باش قىسمىنى چىكىتلىك ن
ھالقىسى ئىچىگە ئېلىش ئارقىلىق بېشارەت بەرگەن.

بۇ خىل ئۆزگىرىش بۇددىھالارنىڭ كىيىنىشىدە روش

ئىپادىلەنگەن. دەسلەپكى يوشۇرۇن ئەت سىزمىسىدا كېيىندۇرۇلگىنى ئۇدۇنچە بولسا، ئەت كۆرۈنۈشلۈك تەسۋىردە يالىڭاچ، يېرىم يالىڭاچ ئۇسلۇب شەكىللەنگەن. كېيىنچە سەنئەتلىك ئىپادىلەشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ «هۆل كىيىم ئۇسلۇبى» دا تەسۋىرلەش ئومۇملاشقان.

بۇددىھانىڭ چىراي قۇرۇلمىسىدىمۇ ئۇدۇنچە تۇس قويۇق بولغان. يەنى ئەسلىدىكى (قەندىھار، ھىندى ئۇسلۇبىدىكى) سوقىچاق (ئورچۇق شەكىللىك) كۆز يوغان - يۇمىلاق ھالەتكە، يوغان بۇرۇن تەبىئىي قاڭشارلىق كىچىك بۇرۇن ھالىتىگە، ئاستىنقى لىۋى قېلىن، بىر قەدەر ئۇزۇنچاق ھالەتتىكى ئېغىز كىچىكلىتىپ، ئاستىنقى لەۋ نېپىز، يۇمىلاق ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن، ھەتتا بۇددىھانىڭ ئەسلىدىكى بۇدرە چاچلىق، بۇرۇتسىز ھالەتتىن تاقىر باش، بۇرۇتلۇق ھالەتتە ئىپادىلەشمۇ قىسمەن پەيدا بولغان.

ماسلاشتۇرۇپ بېرىلىدىغان نەقىشلەردە بولسا، ئەسلىدىكى قاپارتما نەقىشلەر قىسمەن ساقلانغاندىن سىرت، تەكشى سىزىق ئارقىلىق تەسۋىرلەش، ئويما نەقىش بېرىش، گىرەلەشتۈرۈپ سىزىش ئۇسۇللىرى ۋۇجۇدقا كەلگەن. نەقىش ئۆرنەكلىرىدىكى نۇسخا ئېلىنىدىغان بۇيۇملاردا ئۇدۇنچە تۇس قويۇق بولۇپ، تال يوپۇرمىقى، ھەشقىپېچەك، غولسىمان گۈل، گۈل ياپراقچىلىرى گىرەلەشتۈرۈلگەن ياكى ئايرىم بېرىلگەن.

نەقىش ئورنى جەھەتتە، ھىندى، قەندىھار ئۇسلۇبىنىڭ ئەسلىدىكى ئىلاھ ئىبادەتخانىسى، بۇددىھا ئۆيلىرى، ئىبادەتخانا، ئىلاۋەتخانا تاملىرىغا سىزىشقا تۈپتىن ئوخشىمىغان ھالدا ئېگىز راۋاق، گۈمبەزلەرنىڭ تۈرۈسلىرىغا گىرەلەشمە سىزىش بىلەن پەرقلەنگەن.

بۇ ھەقتە فاشىيەن، شۈەنزاڭلارنىڭ قالدۇرغان خاتىرىلىرى (بولۇپمۇ گۇماتى ئىبادەتخانىسى بىلەن ۋاڭ شىنسىنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ھەققىدە) شۇنداقلا ستەين، لىكوكلارنىڭ ئېكسپېدىتسىيىلىك خاتىرىلىرىدىن ئېنىق ئىسپات ئېلىش مۇمكىن.

تولۇقلاشقا تېگىشلىك ئىككى نۇقتا شۇكى، بىرى، ھىندىستان قەندىھار ئۇسلۇبىدا بۇددىھا، بۇدساتىۋالار تۆت بۇرجەك، ئۈچ بۇرجەك ۋە پاراللېل تۆت تەرەپلىك ئىچىگە ئېلىنىپ تەسۋىرلەنگەن بولسا، غەربىي يۇرتتىن تېپىلغان تەسۋىرىي سەنئەتلىك تېپىندىلاردا بۇددىھا، ئەۋلىيالار رومبا ئىچىگە ئېلىنىش بىلەن ئۇدۇنچە شەكىل ھاسىل بولغان. يەنە بىرى، ھىندىستان، قەندىھار تەسۋىرىي سەنئىتىدىكى

مەيلى قاپارتما، مەيلى تەكشىلىكتىكى سىزمىدا بولسۇن، بۇدساتۋا باشقا ئەۋلىيالارنىڭ تەسۋىرىي سۈرەتلىرى كۆپىنچە ئايال جىنسلىق يەنە كېلىپ تولغان؛ بەستلىك تەسۋىرلەنسە، ئۇدۇندىن تېپىلغا بۇيۇملارنىڭ كۆپ قىسمىدا ئەرلەر ئاساس بولغان. سىزىلغان ئايا جىنس ئوبرازلار تولغان، بەستلىك ھالەتتە ئەمەس، بەلكى ياش ئۆسمۈرلۈكنىڭ ئاخىرقى دەۋرى ھالىتىدە بېرىلگەن. مانا بۇلار مۇش خىل سىزمىلارنىڭ ھەرقاندىقىدا ھىندىستان، قەندىھار ئۇسلۇب تۈپتىن ئوخشىمايدىغان پەرق. ھىندىستان، قەندىھار ئۇسلۇبىدىك تەسۋىرىي سەنئەت شۆھرەتلىرىدە سەنئەتلىك ئالاھىدىلىك كەمچىل نوقۇل ئىپادىلەش ئۈچۈن تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، قوپال ھالەت «Z» ئەگمىسىنى ھاسىل قىلغان. بىراق، لىكوك ۋە ستەيننى قاتتى ھەيران قالدۇرغان نەپىسلىكتە، تەڭدىشى يوق ئۇدۇن تا سىزمىلىرىدىكى يالىڭاچ سۈرەتلەر ئىپادىلەش نۇقتىسىدىنلا ئەمەس مۇھىمى ئېستېتىك زوق نۇقتىسىدىن ئەۋرىشىملىكنى چىقىش قىلى «S» شەكلىدە تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئىپادىلەشتىكى يۇقىرى بەدىئى ماھارەتنىڭ جانلىق پاكتى، ئەلۋەتتە.

ئاخىرىدا شۇنى ئىزاھلاش كېرەككى، ئادەمزات ئايىغى يەر شارى ئىز سالغاندىن ھازىرغىچە، مەيلى ئالدىنقى ئىرادىكى ئاخىرقى نامايەندە مىسىر مەدەنىيىتى بولسۇن ياكى كېيىنكى ئىرادىكى مىسىرن ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت چوڭ مەدەنىيەتلىك دۆلەتتە بولسۇن، جاھا مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان مۇنداق غايە تەسىرلىك مەدەنىيەت ئىشىكنى تاقاپ، «ساپ نەسىل»لىك يەكك ھالەتتە ياكى پۈتۈنلەي سىرتتىن قوبۇل قىلىپ، تەقلىدچىل ھالىتىدە بارلىققا كەلگەن ئەمەس.

بۇددىزم بارلىققا كەلگەن ھىندىستان مەدەنىيەت قاتلىم مۇرەككەپلىككە ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن تارىختا ئۆ تەسىرىنى قوشنا ئەللەرگە كۆرۈنەرلىك سىڭدۈرگەن. رەت قىلغىلى بولمايدىغان تەسىرى بىلەن ئۇدۇنغا سىڭىپ كىرگەن بۇددىز ئەقىدىسىنىڭ ھىندىستان مەدەنىيىتىنى، بولۇپمۇ تىل - يېزىق ئۆرپ- ئادەت، ئىدىيە، تونۇش قاتارلىقلارنى مەركەز قىلغان تەسۋىر سەنئىتىنى ئۇدۇنغا ئېلىپ كىرىشى مۇقەررەر يۈزلىنىش. بۇ خى مۇقەررەر يۈزلىنىش غەربىي يۇرتنى، بولۇپمۇ ئۇدۇننى بىر مەزگى غەرب - شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچرىشىشىدەك ئەۋزەللىك بىلە تەمىن ئەتكەن. ئۇندىن باشقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۇدۇندىن كېيى

گۈللىنىشكە باشلىغان بۇددىزم سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجى تۇپەيلىدىن، ئۇدۇن بىلەن سۇي، تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا سەنئەتلىك ئۇچرىشىشلار خېلى ئۇزاق، قويۇق داۋاملاشقان. مانا مۇشۇنداق تارىخىي مۇقەررەرلىك، ئۆتەڭلىك سالاھىيەتكە ئىگە بولغان ئەۋزەللىك كېيىنكى سەنئەتلىك ئۇچرىشىشلار داۋامىدا ئۇدۇن بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتى ئۆزىنىڭ ئېپتىدائىي تەسۋىرىي سەنئەت ئادىتىنى ئاساس، باشقا مۇرەككەپ تەركىبلىك مەدەنىيەت تەسۋىرلىرىنى ئوزۇق قىلىپ، تەرەققىي قىلىش، ئاخىرىدا يوقىلىشقىچە بولغان مۆجىزىلىك مەدەنىيلىك ھاياتىدىن قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا مول ئابىدىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ھازىرقى ۋاقىتتا بۇ مەدەنىيەت ئابىدىلىرى نوقۇل خوتەننىڭ بۇنىڭدىن ئون نەچچە ئەسىر ئاۋۋالقى دىنىي ئېتىقادىنى ئەمەس، بەلكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىشلەپچىقىرىش، ھۈنەرۋەنچىلىك، بولۇپمۇ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

# بۇددىزمنىڭ ئۇدۇندا خارابلىشىش

بۇددىزم ئەقىدىلىرى قوبۇل قىلىنىپ، ئۇدۇندا دۆلەت دىنى سەھنىسىگە قەدەم قويغاندىن تاكى بۇددىزمغا يات بولغان يەنە بىر خىل ھۆكۈمران دىن — ئىسلام دىنى تەرىپىدىن غۇلىتىلغىچە ئارىلىقتا ئۇدۇن تەخمىنەن مىڭ يىل بۇددا دىن ئېتىقادچىلىقى بىلەن ئۆتتى. بۇ مەزگىللىك تەرەققىياتتىكى بۇددا دىنى ئۇدۇن ئۈچۈن ھەم ئامەت، ھەم ئاپەت ئېلىپ كەلدى.

تۈرلۈك تارىخنامىلەردا قەيت قىلىنغىنىدەك، ئەسلىي مىللەت تەركىبى، ئېتنىك مەۋجۇتلۇقىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇدۇن شۇ دەۋرلەردە يايلاق مەدەنىيىتى تۇرمۇشىدا ياشاۋاتقانىدى. بۇددا دىنىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى، بۇددا دىنىنىڭ زىددىيەتسىز مەزھەپلىرىنىڭ تولۇقى بىلەن تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىقلىرى بىلەن بولغان دىنىي ۋاستە قىلغان مەدەنىيەت ئالاقىلىرى كۈچەيدى. قوبۇل قىلىش ۋە تەسىر كۆرسىتىشتىن ئىبارەت دىئالېكتىك جەريان ئۇدۇن مەدەنىيىتىنى، بولۇپمۇ تەسۋىرىي سەنئەت ساھەسىنى كەسپىي ئىلىم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ھەم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تەسىر كۆرسەتتى، ھەم ئۆز مەدەنىيەت

قاتلىمىنى بېيىتتى. بۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئۇدۇندىكى شەھەر - قەل
مەدەنىيىتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىلا ئەمەس، بەلكى مۆجىزىلە
تەرەققىياتلارنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە توختاۋسىز تۈرتكە بولدى.

ۋەھالەنكى، IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى بۇددىزمغا باغلانغان ھال
يارىتىلغان ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت ئابىدىلىرى ئىسلام دىنى تەرىپىدى
تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى بۇ زېمىندىن غايىپ قىلىندى، دۇن
مەدەنىيەت سەھنىسىدە شۆھرىتىنى جۇلالاندۇرغان ئابىدە - ئۆرنەكلە
رەھىمسىزلەرچە چېقىپ تاشلاندى، كۆيدۈرۈلدى.

ئومۇمىي نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇددىزملىق سەنئەتنىڭ ھەمم
غەيرىي بۇددىزملىق سەنئەتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىپ، تەرەققىي قىلىشى
بۇددىزم ئېتىقادى، بۇددا دىنى بىۋاستە رول ئوينىغان بولسا
كېيىنكى مەزگىلدە بېھساب گۈللەنگەن تەسۋىرىي سەنئەت
ئابىدىلىرىنىڭ يەر بىلەن يەكسان بولۇشىغا بۇددىزم ئېتىقادى، بۇدد
دىنى سەۋەبكار بولسىمۇ، شۇ دەۋر بۇددىزمنىڭ ۋە بۇددىزم مەنبەلىك
تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ خاراپلىشىشىنى تۈپ نىگىزىدىن ئالغاندا،
ئىسلامىزم ۋە ئىسلام ئېتىقادى كەلتۈرۈپ چىقاردى دېسەك، تارىخىي
رېئاللىق بۇنى قوبۇل قىلالايدۇ.

# 1. بۇددىزمنىڭ ئۇدۇندىكى ئاخىرقى تەقدىرى

ئىلگىرى - ئاخىر مىڭ يىلدەك داۋاملاشقان بۇددىزم ئەينى
ۋاقىتتا ئۇدۇندا ئاجايىپ ئېسىل تەسۋىرىي سەنئەت نەمۇنىلىرىنى
بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. ئەمما ئۇ مۇنداق تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئاپەت
سەۋەبىدىن ۋەيران بولدى.

## 1) تەبىئىي ئاپەت

ئۆز مۇساپىسىدە بوستانلىق مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئۇدۇن
خانلىقى دەريا - ئېقىن بويلىرىنى ئاساسلىق ماكان قىلغان. سۇبى
ھېدىن ۋە ئاۋرېل ستەيىنلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ۋە ئارخېئولوگىيىلىك
تەكشۈرۈشىدە بايقالغانلىرىمۇ دەل قۇرۇپ قالغان دەريا - ئېقىن
بويلىرىدىكى بۇددىزم يادىكارلىقلىرى. ئۆز دىنىنى ساقلاپ قېلىش
مەقسىتىدىكى ئېتىقاد كۆرشىدىمۇ ئاخىرقى جەڭگاھ بولغان چىر
چاقاردىكى قەلئەنىڭمۇ جەنۇب تەرىپىدىن باشقا ئۈچ تەرىپىنىڭ كەڭرى
كەتكەن ئېقىن ئىزى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى جۇغراپىيىلىك يەكۈ

بۇنىڭ دەلىلى. مانا مۇشۇ ئېقىن بويلاپ ئورۇنلاشقان دىنىي ئېتىقاد مەركەزلىرىدىكى تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ ئاجايىپ ئېسىل ئۆرنەكلىرى سۇنىڭ تارتىلىپ كېتىشى، كۆچمە قوم، ئۈزۈلمەس بورانىنىڭ سەۋەبلىرىدىن، شەھەر خەلقىنىڭ كۆچۈشى بىلەن تاشلىنىپ قالغان قەلئەلەر بىلەن بىللە قوم ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان.

### 2) ئىجتىمائىي ئاپەت

بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى مەسىلە گەۋدىلىك:

(1) ئىسلام ئىستىلاسى. ئىسلام دىنىدا بۇتقا چوقۇنۇش، جانلىقلارنىڭ رەسىمىنى سىزىش خۇدالىق دەۋاسى قىلغانلىق، ئىمانسىزلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ قارالغاچقا، ئالدى بىلەن ئىسلام ئىستىلاچىلىرىنىڭ قەدىمى يەتكەن جايدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغىنى، دەل بۇددىزم مەزمۇنىدىكى تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ جەۋھەرلىرى بولغان. بۇتلار چېقىلغان، تام رەسىملىرى چېقىلغان - بۇزۇلغان، بۇتخانىلار كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. بۇنىڭغا پاكىت سۈپىتىدە جەڭنامە بايانلىرىدىن سىرت، ھېلىغىچە كۆزگە چېلىقىدىغان كۆيۈك ئىزلىرى، كۆيگەن خارابىلەر، بولۇپمۇ ئاق سىپىلدىكى كۆيدۈرۈش خاراكتېرلىك ۋەيرانچىلىقنى كۆرستىش مۇمكىن بۇ، ئىنسان قولى بىلەن ياسالغان تەڭداشسىز جەۋھەرلەرنى ئىنسان قولى بىلەن يوقىتىشنىڭ تۇنجى باشلىنىشى بولغان.

(2) ستەين، لىكوك قاتارلىق ئارخېئولوگ نامىدىكى «مەدەنىيەت ئوغرى» لىرىنىڭ ئۇچرىغانىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېتىشى پەقەت مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا قىممىتى دېيەرلىك بولمىغان سېپىل، قەلئە خارابىلىرىدىن باشقا بارلىق ماددى ئىسپاتلىق بويۇملارنىڭ ئۆز ماكانىدىن ئايرىلىپ كېتىشى، بۇددىزمغا ئائىت بارلىق مەنبەلىرىنىڭ ئاساسەن يوقىلىشىنىڭ ئاخىرقى چېكى بولۇپ قالغان.

شۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىللەردە شەرق ئەنئەنىسىگە خاس ھالدا ئېتىقاد ۋە ئېتىقادقا باغلانغان مەدەنىيەتتە تەدرىجىي ھالدا ئىسلام دىنىنىڭ تۈرلۈك ئالامەتلىرى ئۆز ئىپادىسىنى كۆرستىشكە باشلىغان. بۇددىزم ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ ئارىدىن يەنە مىڭ يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە بۇددىزملىق مەدەنىيەت ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، ئېتىقاد نىشانى بويىچە دېگەندىن كۆرە، مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدىكى مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر

قاراشقا ئىگە بولۇپ، كۆپ مىللەتلىك جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە يارقى[n]
سەمەرلىك تۆھپە قوشۇش، قەدىمكى خوتەننى دۇنياغا قايتىـــدى[n]
تونۇتۇش دېگەن تۇرزۇك.

2002 ـ يىلى نويابىر ـ دېكابىر

پايدىلانمىلار:

1. لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى ــ ئۇدۇن». 1995 ـ يىلى 8ـ ئاي، شىنجاڭ خە[لق]
نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

2. ھاجى نۇرھاجى، چېن گوگوڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى». 1995 ـ يىلى 11
ئاي مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

3. ھاجى نۇرھاجى: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىلار». 2001 ـ يىلى 8 ـ ئا[ي]
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

4. رىشات گەنجى: «قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى». 1990 ـ يىلى 3 ـ ئا[ي]
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

5. ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» (1 ـ قىسىم). مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىل[ى]
10 ـ ئاي.

6. موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى». مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل[ى]
12 ـئاي.

7. موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ئەمنىيە». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988
يىلى 11 ـ ئاي.

8. مارك ئاۋرېل ستەين (ئەنگلىيە): «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى». شىنجا[ڭ]
خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 1 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى.

9. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى». 1997 ـ يىلى 8 ـ ئاي
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

10. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تلش كېمىر سەنئىتى».

11. چېن ۋېنلى: «قىسقىچە ئىسلام تارىخى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995
يىلى 10 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى.

12. ئا. ن. كوروپاتكىن: «قەشقەرىيە». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل[ى] 3
ئاي نەشرى.

13. ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «سۈي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغ[ۇر]
شەخسلەر». 1999 ـ يىلى 7 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى.

14. ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: ««سۈي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھ[ۇر]

ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى» . 1993 - يىلى 10 - ئاي مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى.
15. «ئىسلام مەدەنىيىتىگە دائىر بىلىملەر» . جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۇنيا دىن تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىسلام دىنى تەتقىقات بۆلۈمى تۈزگەن. مىللەتلەر 1995 - يىلى 5 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى.
16. چيەن بوچۇەن: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىلى 10 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى.
17. گۇاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» (1 - قىسىم) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 4 - ئاي ئۇيغۇرچە (تەرجىمە) نەشرى (ئەسلىي 1990 - يىلى) .
18. ياڭ شېڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 - يىلى 8 - ئاي ئۇيغۇرچە (تەرجىمە) نەشرى (ئەسلىي جىلەن مائارىپ نەشرىياتى 1991 - يىلى 5 - ئاي) .
19. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىلى 3 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى.
20. لىن گەن، گاۋزىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» . 1994 - يىلى 10 - ئاي ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتىنىڭ نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە. 2000 - يىلى 12 - ئاي نەشرى (ئۇيغۇرچە) .
21. 魏长洪 (ۋېي چاڭخوڭ) : «غەربىي يۇرت بۇددا دىن تارىخى» . شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى 1998 - يىل 10 - ئاي خەنزۇچە نەشرى.
22. H . J 林凯特 ، (چاۋچوڭمىن 赵崇民) تەرجىمە قىلغان: «قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت» . شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت نەشرى ياكى 1994 - يىلى 8 - ئاي خەنزۇچە نەشرى.
23. ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى 7 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى.
24. چېن ۋېيجۇن: «شىنجاڭدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ھەيكەللەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» . شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ژۇرنىلى 1986 - يىلى 3 - سان.
25. رەجەپ يۈسۈپ: «قەدىمكى خوتەن ۋە خوتەن بۇددىزمى توغرىسىدا» . شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ژۇرنىلى 1986 - يىلى 3 - سان.
26. ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «قەدىمكى خوتەن بۇددىزم بەدىئىي سەنئىتى توغرىسىدا» . شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ژۇرنىلى 1988 - يىلى 2 - سان.
27. لى يۈيچۈن: «نىيە خارابىسىدىن چىققان مۇھىم يادىكارلىقلار» . شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ژۇرنىلى 1988 - يىلى 4 - سان.
28. مۇھەممەتجان مۆمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەتقىق قىلىش ئەھۋالى» . شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ژۇرنىلى 2000-

يىلى 3 - سان.

29. قۇربان تۇران، «بۇددا دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشى توغرىسىدا ئىزدىنىش». شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ژۇرنىلى 2000 - يىلى 4 - سان.

---



*ئابابەكرى جاپپار 1971 - يىلى 1 - ملي قاراقا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1989 - يىلى سېنتەبىردە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر تىل ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇش كىرگەن. 1993 - يىلى ئۆكتەبىردە قاراقاش ناھىيىلىك 1 ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان. ھازىرغىچە شۇ مەكتەپتە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. «قەدىمكى خوتەننىڭ بۇددىزم بەدىئىي سەنئىتى» ناملىق بۇ ئەسەر ئاپتورنىڭ تۇنجى ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ئەسىرى.*



ئەنۋەر بايتۇر
خەمت تۆمۈر

# «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» غا كىرىش سۆز

بىز ئۇقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرمەكچى بولغان «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (مۇزىكىچىلار تارىخى) رىسالىسى خوتەن شەھىرىدە ئۆتكەن موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا موجىزى تەرىپىدىن يېزىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ بىز ئاساسلانغان قولىيازما نۇسخىسى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «كۇللىيات» ناملىق دىۋانىنىڭ بىر قولىيازما نۇسخىسى بىلەن قوشۇپ تۈپلەنگەن بولۇپ، ھازىر جۇڭگو ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا. كىتاب نومۇرى 909.217/149 . قولىيازما خوتەننىڭ پاتلىق سامان قەغىزىگە خەتتى نەستەلىك ئۇسلۇبىدا كۆچۈرۈلگەن، جەمئىي 39 بەت. ھەر بىر بەتنىڭ ھەجمى 22×15cm ، ھەر بىر بەتتىكى تېكىست ھەجمى 19×9cm ، ھەر بىر بەتكە 15 قۇردىن خەت يېزىلغان. قولىيازمىنىڭ تېكىستى قارا سىياھدا، كىچىك ماۋزۇلىرى قىزىل سىياھىدا قومۇش قەلەم بىلەن كۆچۈرۈلگەن. قولىيازما قوشۇپ تۈپلەنگەن كىتابنىڭ مۇقاۋىسى جىگەررەڭ قىرىم بىلەن قاپلانغان، يۈزىگە ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدا چىرايلىق نەقىش ئىشلەنگەن.

ئاپتور بۇ ئەسەرنى:

*پۇتنۇك تارىخىن دېپ ئىدىم،*
*بىلەلمەسمىكىن دېپ ئەجەب غەم يېدىم.*
*تۇگەت سوزنى موئجىز غەرىب بىناۋا،*
*ئۇلۇغ يولغە كىرگىل بولۇپ ماسىۋا.*

دېگەن شېئىر بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان. بۇ شېئىرنىڭ «پۇتنۇك تارىخىن دېپ ئىدىم» دېگەن مىسراسىدىكى كېيىنكى «تارىخىن» سۆزى ئەبجەت

بىلەن ھېسابلاش ئۇسۇلى بويىچە ھىجرىيە 1271- يىلىغا توغ
كېلىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا يەنە قىزىل سىياھدا كونىچە «71
سىنە» دېگەن يىل نامىمۇ يېزىلغان. دېمەك، موجىزنىڭ بىز
قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ يادنامىسى ھىجرىيە 1271- يىلى (مىلادى
1854 — 1855- يىلى) دۇنياغا كەلگەن.

قولىيازمىنىڭ ئىملاسىغا ئاساسەن، ئۇنى كۆچۈرۈلگەن دەپ پەر
قىلىشقا بولىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ۋە خەتتا
توغرۇلۇق ئېنىق مەلۇمات يوق. قولىيازمىنىڭ باش بېتىگە: «ئۇشبۇ
تەۋارىخى مۇسىقىيۇن كىتابىنى پۈتتۈرگەن ئەلىشىر ھېكىم بېگىمگە
يۈز رەھمەت قىلغاي، ماڭا بۇ رىسالەنى دۇۋەل ئەزىمشا بېگىم تەقدى
قىلدى، دەپ مۆھۈر باسقۇچى مۇفتى مۇھەممەت ئىمىن ئىبنى
باقىدۇر، 1338 سىنە» دېگەن سۆزلەر يېزىلىپ، مۇفتى مۇھەممە
ئىمىن ئىبنى باقىنىڭ سوقىچاق موھۇرى بېسىلغان. بۇنىڭدىن بى
قولىيازمىنىڭ ئەڭ كېيىن بولغان تەقدىردىمۇ ھىجرىيە 1338- يىلى
(مىلادىيە 1919 — 1920- يىلى) دىن بۇرۇن كۆچۈرۈلگەنلىكىنى
بىلگىلى بولىدۇ.

بىز تۆۋەندە بۇ ئەسەر توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرىمىزنى ئوتتۇرىغ
قويىمىز.

1

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» رىسالىسىنىڭ XIX ئەسىرنىڭ
ئوتتۇرىسىدا دۇنياغا كەلگەنلىكى تاسادىپىي بىر ئىش ئەمەس. ئۇيغۇر
ئەدەبىيات - سەنئىتى XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمىتىنىڭ جوڭغار ئاقسۆڭەكلىرى بۆلۈنمىچىلىكىنى ۋە ئاپپاق
خوجا ئەۋلاتلىرىدىن بولغان چوڭ خوجا بۇرھانىدىن بىلەن كىچىك
خوجا خوجا جاھان بۆلۈنمىچىلىكىنى باستۇرۇپ، شىنجاڭ رايونىنى
بىرلىككە كەلتۈرۈش بىلەن بارلىققا كەلگەن نىسپىي تىنچ شارائىتتا
يەنە بىر قېتىم گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، XIX ئەسىرگ
كەلگەندە چىرىكلەشكەن چىڭ ھۆكۈمىتى ئەمەلدارلىرى بىلەن يەرلىك
فېئودال كۈچلەرنىڭ پاجىئەلىك زۇلۇم - سىتەملىرىگە قارشى
كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىغا ماسلىشىپ راسا يۇقۇرى پەللىگ
چىققانىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ بۇ قېتىمقى تەرەققىيات

دولقۇنى يەكەن خانلىقى (مىلادىيە 1514- 1678- يىللار) ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ھەمدە ۋەيران بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىيات- سەنئىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتەك ئومۇمى ئىستەكنىڭ تۈرتكىسى بىلەن باشلانغان بولسا، خەلقنى نادانلىق ۋە قالاقلىقتىن قۇتقۇزۇش، مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، مىللى زۇلۇم ۋە فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى مىللىي دېموكراتىك ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەۋجىگە چىقتى.

بۇ دەۋر ئىچىدە نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر يازغۇچى، شائىرلار ئەدەبىيات سەھنىسىگە چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ خىلمۇخىل ژانىر ۋە مەزمۇندىكى ئەسەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆركەم مەنزىرىسىنى مەيدانغا كەلتۈردى. موللا ئەلەم شەھيارى ۋە ئۇنىڭ مىلادىيە 1761- يىلى يېزىلغان «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق پوئېمىسى، لۈكچۈنلۈك شائىر ئەھمەت غوجام نىياز ئوغلى (1827- يىلى ۋاپات بولغان) ۋە ئۇنىڭ «رەۋزەتۇلزۇھرا» ناملىق شېئىرىي داستانى، مۇھەممەت سىدىق بەرشىدى ۋە ئۇنىڭ «سىدىقنامە» ناملىق ئەسىرى، شائىر موللا رىھىم ۋە ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە» ناملىق داستانلىرى، يەركەنلىك شائىر ئۆمەرباقى ۋە ئۇنىڭ 1792- يىلى نەسرىي - نەزمىي شەكلىدە يېزىلغان «پەرھاد - شىرىن ۋە لەيلى - مەجنۇن» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، قۇمۇللۇق شائىر زۇھۇرى ۋە ئۇنىڭ «دىۋانى زۇھۇرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، موللا يۇنۇس يەكەندىن ۋە ئۇنىڭ 1807- يىلى يېزىلغان «يۇسۇپ - زۇلەيخا» داستانى، موللا سىدىق ياركەندى ۋە ئۇنىڭ 1813- يىلى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «خەمسە» سىدىكى بەش داستان ئاساسىدا يېزىپ چىققان «نەسرىي مۇھەممەت ھۇسەيىنبەگ» ناملىق توپلىمى، ئىمىرى (1822- يىلى ۋاپات بولغان) ۋە ئۇنىڭ «دىۋانى ئىمىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، قەشقەرلىق نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائى ۋە ئۇنىڭ «مەھزۇنۇلۋائىزىن» ناملىق ئىپىك داستانى، ئابدۇرىھىم نىزارى (1845- يىلى ۋاپات بولغان) ۋە ئۇنىڭ «پەرھاد - شىرىن»، «مەجنۇن ۋە لەيلى»، «شاھ بەھرام ۋە دىلئارام»، «ۋامۇق - ئۇزرا»، «چاھار دەرۋىش» ( «ئازات بەخت» )، «مەھزۇن ۋە گۈلنىسا»، «رابىئە - سەئىدىن»، قاتارلىق داستانلار توپلىمى بىلەن «دۇررىنىنەجات» ناملىق ئەسىرى، تۇردۇش

ئاخۇن كاتىپ غېرىبى (1802- يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان) ۋە ئۇن
«شاهزادە مەسئۇد ۋە دىلئارا» ، «كىتابىي غېرىب» ناملىق داستان
مولاا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ (1824 — 1899- يىللار) ۋە ئۇن
1851- يىلى ئىشلەنگەن «غەزەلىيات» ناملىق شېئىرلار توپلىمى
1875- يىلى يېزىلغان «غازات دەر مۈلكى چىن» ناملىق داستانى
1881- يىلى يېزىلغان «چاڭمۇزا يۇسۇپخان» ناملىق داستانى
1882-يىلى يېزىلغان «نۇزۇگۇم» ناملىق قىسسىسى، موللا شاك
ۋە ئۇنىڭ «زەپەرنامە» ناملىق تارىخىي داستانى قاتارلىق يازغۇچى
ئەسەرلەر شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىزگە مەلۇم بولغا
مۇهىم نامايەندىلىرىدۇر.

بۇ دەۋر ئىچىدە ئۇيغۇر مۇزىكا - ناخشىلىرىدىمۇ بىر مۇنچ
جانلىنىشلار بولدى. مىلادىيە 1820 — 1828- يىللاردا قەشقە
دېهقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان قەهرىمان ئۇيغۇر قىزى نۇزۇگۇ
هەققىدە توقۇلغان «نۇزۇگۇم» قىسسىسى بىلەن «نۇزۇگۇم» ناخشىسى
شىنجاڭنىڭ هەممە يېرىگە تارقالدى.①خوتەن «قاراقاش ناخ
شىسى» قەشقەر «قىزىلگۈل ناخشىسى» ، تۇرپان «مايىمخان
ناخشىسى» ، قۇمۇل «يار سەنەم ناخشىسى» ، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ
«ئانارخان» ، «ئۇينالىڭ تورەم» ، «بىۋاپا نادان يارىم» ، «خارابىلىڭ
مەن» ، «دادەي» ، «سارىخان» ، «ئاللا يارىم» ، «هاي - هاي ئۆلەن»
قاتارلىق ناخشىلىرىمۇ كەڭ تارقالدى.②ئۇلۇغ ئالىم ئەبۇ نەسر
فارابىنىڭ «رىسالەئى مۇغەننىيۇن» «كىتابۇلمۇسىقى»
«كالامىغۇلمۇسىقى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن زاهىرىددىن
مۇهەممەت بابۇرنىڭ «ئەسرارى مۇسىقى» ناملىق كىتابى شۇ چاغدىكى
ئۇستا خەتتاتلار تەرىپىدىن قايتا كۆچۈرۈلۈپ چىقىلدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتى بويىچە كۆتۈرۈلگەن بۇ قېتىمقى
تەرەققىيات دولقۇنىنىڭ يەنە بىر ئالاهىدىلىكى شۇكى، يەرلىك
هۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىكى بىر قىسىم ئوقۇمۇشلۇق زاتلارمۇ بۇ سەپك
قوشۇلۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن
بەلگىلىك تۆهپە قوشتى. بۇ يەردە 1811- يىلى زۇهۇرى، ئىمىرى

① موللا بىلالنىڭ «غازات دەر مۈلكى چىن» داستانىغا ۋە مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي هەمىدى
سىگە قارالسۇن.

② «شىنجاڭ تارىخىي تەكشۈرۈش كۆرۈپىسى ماتېرىياللىرى» دىن ئېلىنىدى.

قاتارلىق شائىرلارنى ئوردىسىغا توپلاپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋالىرىدىن بولغان لۇتفى ۋە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ شېئىرلىرىدىن ھەم ئىران شائىرلىرىدىن ھاپىز شىرازى قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنە ئېلىپ «باياز» ناملىق بىر توپلام تۈزدۈرگەن قۇمۇل ۋاڭى ئەردىشىر 1813- يىلى موللا يۇنۇس ياركەندىنىڭ ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «خەمسە» سىنى نەسرىيلەشتۈرۈپ چىقىشىغا تەشەببۇسكار بولغان يەركەن ھاكىم بېگى مىرزا ھۇسەيىنبەگ، 1841- يىلى تۇردۇش ئاخۇن كاتىپ غېرىبىنىڭ «كىتابىي غېرىب» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىقىشىغا تەشەببۇسكار بولغان قەشقەر ھاكىم بېگى زۇھۇرىددىن، 1839- يىلى ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «مۇھەببەتنامە» ناملىق داستانلار توپلىمىنى يېزىپ چىقىشىغا تەشەببۇسكار بولغان تۇرپان ۋاڭى ئەپرىدۇن ۋە مەزكۇر «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» رىسالىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە تەشەببۇسكار بولغان خوتەن ھاكىم بېگى مۇھەممەت ئەلىشىر بىننى ئابدۇ مومىنبەگ (ئەلشىر ھېكىم بەگ) لەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

دېمەك، قولىمىزدىكى «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» رىسالىسى ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ XVIII ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلىنىپ، XIX ئەسىردە يۇقىرى پەللىگە چىققان تەرەققىيات دولقۇنىنىڭ سەمەرىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 2

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» نىڭ ئاپتورى موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا موجىزىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا ھازىرچە مۇشۇ ئەسەردىكى بايانلاردىن باشقا مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. بىراق، مۇشۇ ئەسەردىكى ماتېرىياللارنىڭ ئۆزىمۇ بىزنىڭ موجىزى ئوبرازىنى خېلى روشەن ھالدا كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشىمىزگە ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

موجىزى ئۆز رىسالىسىنىڭ كىرىش قىسمىدا مەزكۇر رىسالىنى يېزىش ئۈچۈن «تارىخىي رەشىدى»، «تەۋارىخى رەۋزەتۇسسەفا»، «تەۋارىخى ئەجەم» قاتارلىق پارس تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەردىن ۋە «تەۋارىخى تەبىرى»، «تەۋارىخى ھۆكەما»، «تەۋارىخى ئەرەب» قاتارلىق ئەرەبچە يېزىلغان ئەسەرلەردىن پايدىلانغانلىقىنى، فارابىنىڭ

ئەرەب تىلىدا يېزىلغان «رىسالەئى مۇغەننىيۇن» ناملىق كىتاب
تەرجىمە قىلىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. بىز بۇ ھايانلار
ئۇنىڭ ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ پۇ
ئىگىلىگەن مەلۇماتلىق بىر كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

موجىزى ئۆز ئەسىرىنىڭ كۆپ جايلىرىدا ئەلىشىر نەۋائى
«پىرىم»، «ئۇستازىم» دەپ ئاتايدۇ ۋە ئۇنىڭ «كۇللىيات» «چا
دىۋان» «خەمسە» لىرىدىن ھەم بۇلاردىن باشقا ئىلگىرى - كېيىن بول
يازغان 36 پارچە كىتابىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇنىڭ خىسلەت
ئىشقى مۇھەببىتىدىن خەۋەردار بولدۇم، دەپ يازىدۇ. ئۇ يەنە لۇتفى
ئابدۇراخمان جامى، مۇھەممەت كۇشتىنىگىرلەرگە باھا بەرگەند
ئۇلارنىڭ ئالىيجانابلىقىغا نەۋائىنىڭ ئۇلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى
پاكىت قىلىدۇ. مانا بۇلاردىن موجىزىنىڭ نەۋائىغا چەكسى
ئىخلاسمەنلىكىنى، نەۋائىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتىگىلا ئەمەس
بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيىسى بىلەن ئالىيجانا
پەزىلىتىگە قايىل ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

موجىزى فىساغۇرس (پىفاگور) ئۇستىدە توختالغان ۋاقتىدا
ئۇنىڭ ئاغزىدىن «ئۆزۈڭنى تۈزلىمەي تۇرۇپ كىشىگە نەسىھەت قىلما
ئەيىبىڭنى ساڭا كۆرسەتكان كىشىنى دوست بىلىپ ئەزىز تۇت
چىرايلىق لىباس كىيىپ يۈرگىچە چىرايلىق سۆز قىلىپ يۈرۈش
ئورگانگىل؛ ياخشى سۆزنى ئەيتۇرغە قۇدرەتىڭ بولماسا، ياخشى
سۆزنى ئېيتقۇچىدىن ئورگانگىل؛ ئىلىم ئورگانىشدىن نومۇس قىلما
ئىلىمسىزلىكتىن نومۇس قىل......» دېگەن ھېكمەتلىك سوزلەر
كەلتۈرىدۇ. فارابى ئۇستىدە توختالغىنىدا بولسا، ناھايىت
باتۇرلۇق بىلەن ئۇنىڭ «يۈز يىل ئىبادەت قىلىپ ئاللىمىغ
فەيزنى مىنىڭ قانۇنۇمنىڭ (قالونۇمنىڭ) سىملارىدىن
ئالغايسىزلار» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. ھازىرمۇ ئۆزىنى
ئەھمىيىتىنى يوقاتمىغان بۇ ھىكمەتلىك سۆزلەر ئەمەلىيە
موجىزىنىڭ ئۆز دۇنيا قارىشىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، بۇ يەردە ئۇلار
ئەينى زاماندىكى نادانلىق، تەركىدۇنيالىق ۋە قۇللۇقنى تەشەببۇ
قىلغۇچى جاھىل كۈچلەرگە قارىتىپ ئېيتىلغان ئوق، خەلق ئاممىسى

① ( ) نىڭ ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەرنى نەشرگە تەييارلىغۇچى قوشقان.

بىرىلگەن سەممىي مەسلىھەت سۇپىتىدە قوللانغان.

موجىزىنىڭ قىبئوداللىق دىنىي چەكلىمىلەر، بولۇپمۇ تەرىقەتچىلىكنىڭ چەكلىمىلىرى تۇپەيلى تارىختا كۆمۈلۈپ قالغان مۇزىكا ئالىمى ۋە شائىرە ئامانىنىساخان نەفىسىنى تارىختىكى 17 نەپەر مۇزىكا پىرى قاتارىغا كىرگۈزۈپ، زور ھۆرمەت بىلەن خالايىققا تونۇشتۇرۇشىمۇ ئۇنىڭ شۇ دەۋردىكى تەرەققىپەرۋەر زىيالىلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا پۈتۈنلەي مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

موجىزى «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» نىڭ مۇقەددىمىسىدە ئاللاغا مۇناجات قىلىپ «ئاسى قۇلۇڭدۇرمەن فەقىر، جافى قۇلۇڭدۇرمەن ھەقىر، غەم ئىلكىدە بولدۇم ئەسىر، سەنسەن ماڭا فەريادىرەس» دېگەن مىسرالارنى يازىدۇ ۋە ئۆز ئەسىرىنى «تۇگەت سوزنى موجىز غەرىپ بىناۋا، ئۇلۇغ يولغە كىرگىل بولۇپ ماسىۋا» دېگەن بېيىت بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. بىز بۇ مىسرالاردىن ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» رىسالىسىنى يازغانلىقىنىڭ فېئوداللىق دىنىي پرىنسىپلارغا، بولۇپمۇ تەرىقەتچىلىك پرىنسىپلىرىغا زىت كېلىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئېنىق بىلىپ تۇرغانلىقىنى ۋە شۇ چاغلاردا يەنىلا خېلى سالماقنى ئىگىلەپ تۇرغان مۇتەئەسسىپ جاھىل كۈچلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن ئۆز ھەرىكىتىنى مۇشۇ يول بىلەن ئاز - تولا نىقابلىغانلىقىنى كۆرىمىز.

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» نىڭ تەشەببۇسچىسى ئەلىشىر ھېكىم بەگ موجىزىنى «سەنئىم كەسبىڭ ھەم مۇسىقىدۇر ھەم ئەبيات مەملىكەتىنىڭ بۇلبۇلۇۋار سۇلتانى، ئەبيات مۈلكىنىڭ تۇتى شىرىن لىسانىدۇرسەن ھەم خۇش پۈتكۈچى ھەم دىلكەش ئەيتقۇچى سەندۇرسەن» دەپ تەرىپلەيدۇ. گەرچە بۇ سۆزلەر ئىنتايىن مۇبالىغىچىلىك بىلەن ئېيتىلغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا موجىزىنىڭ شۇ دەۋردە داڭلىق كەسپىي مۇزىكانت ھەم نۇرغۇن ئەسەرلىرى بىلەن تونۇلغان مەشھۇر شائىر بولۇپ ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ باشقا ئەسەرلىرى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن ياكى تېخى قولىمىزغا چۈشمىگەن.

3

موجىزى ئۆز ئەسىرىدە تونۇشتۇرغان 17 نەپەر مۇزىكا پە
ئىچىدە ئۇنىڭ قىدىرخان ياركەندى بىلەن ئامانىنساخان نەفىس
توغرىسىدىكى مەلۇماتلىرى بىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدا مۇھ
ئورۇن تۇتىدىغان بۇ شەخسلەر توغرىسىدىكى تۇنجى يازما مەلۇم
بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

موجىزى قىدىرخان ياركەندىنىڭ نادىر مۇزىكا ئالىمى
تەڭداشسىز ناخشىچى ۋە ئۇستا شائىر ئىكەنلىكىنى، راۋاپ بىلە
ھەشتارنى كەشىپ قىلغانلىقىنى، «ۋىسال» ناملىق بىر مۇقامنى ئىجا
قىلغانلىقىنى، مۇزىكا ئىلمى توغرىسىدا كۆپلىگەن مېغىزلى
ماقالىلەرنى يازغانلىقىنى، «دىۋانى قىدىر» ناملىق شېئىرلار توپلىمى
چىقارغانلىقىنى، يەكەن خانلىقىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر پادىشاھى سۇلتان
ئابدۇرەشىتخاننىڭ كىچە - كۈندۈز ئايرىلمايدىغان ئەڭ يېقىن كىشىسى
بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى ۋە ئىران، ئىراق، تەبرىز، خارەزىم،
سەمەرقەند، ئەنجان، ئىسلامبۇل (ئىستانبۇل)، كەشمىر، بەلخ،
شىراز قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن شاگىرتلىرى بولۇپ، ئۇلارغا
مۇزىكا ئىلمىدىن دەرس بەرگەنلىكىنى يازىدۇ. لۇتفى ئۇستا
توختالغىنىدا ئۇ: «ئالىملىقىدا ھەزرەتى ئەبۇ نەسىر فارابىدىك،
ھەكىملىقىدا ھەزرەتى ئىبنى سىنادەك، شائىرلىقىدا ھەزرەتى ئەمىر
نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىدەك، مۇغەننىلىقىدا تەخى قىدىرخاندەك
ئىردىلار» دەپ قىدىرخاننى شۇ زاماننىڭ ئەڭ كاتتا ئالىملىرى قاتارىدا
قويىدۇ. بىز موجىزىنىڭ بۇ بايانلىرىدىن XVI ئەسىردە ئۆتكەن بۇ
ئۇيغۇر ئالىمى ھەققىدە خېلى تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە بولىمىز. بۇ
يەنە يەكەن خانلىقىنىڭ پايتەختى يەكەن شەھىرىنىڭ شۇ دەۋرلەردە
پۈتۈن شەرق ئەللىرىنىڭ بىر مۇزىكا ئۆگىنىش يۇرتى بولغانلىقىدىن
دېرەك بېرىدۇ.

موجىزىنىڭ فېئوداللىق دىنىي چەكلىمىلەر تۇپەيلى نەچچە ئەسى
كۆمۈلۈپ قالغان شائىرە، مۇزىكا ئالىمى ئامانىنساخان نەفىسىنى
يورۇق دۇنياغا چىقارغانلىقى ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا قوشقان
يەنە بىر زور تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىر مۇنچە پاكىتلا
موجىزىنىڭ ئامانىنساخان نەفىسى توغرىسىدىكى بايانلىرىنىڭ
ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بىرىنچىدىن، 1956 — 1959- يىللىرى سابىق جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىنىڭ شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر جەمئىيىتى ۋە تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن ئامانىسا بېگىم ناملىق بىر شائىرە توغرىسىدا بەزى ھېكايە - رىۋايەتلەرنى توپلىغانىدى. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدە ئامانىسا بېگىمنىڭ يەركەن خانلىقى زامانىدا ئۆتكەن قىدىرخان ياركەندىنىڭ قىزى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ سۇلتان ئابدۇرىشىتخانغا ياتلىق قىلىنغانلىقى، نۇرغۇن شېئىر - داستانلار يازغانلىقى، «ئىشرەت ئەنگىز» ناملىق① بىر مۇقام ئىجاد قىلغانلىقى، كېيىن تۇغۇتتا ۋاپات بولغانلىقى، ئارىدىن يۈز يىل ئۆتۈپ ئاپپاق خوجا تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ خەلق ئىچىگە تارالغان بارلىق شېئىر- غەزەللىرى كۆيدۈرۈلۈپ، «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنى ئېيتىشمۇ چەكلەنگەنلىكى، سۇلتان ئابدۇرىشىتخانىنىڭ «دىۋانى رەشىدى»، «غەزەلىياتى رەشىدى»، «سىلاتىنىنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ. دېمەك، موجىزىنىڭ ئامانىساخان ھەققىدىكى بايانى ئاساسي جەھەتتىن مۇشۇ رىۋايەتكە ئوخشايدۇ. بىراق، موجىزىنىڭ بايانىدا ئامانىساخان قىدىرخان ياركەندىنىڭ قىزى ئەمەس، بەلكى تارىم بويىدىكى ئوتۇنچى مەخمۇتنىڭ قىزى دېيىلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، مەخمۇت جوراس ئۆزىنىڭ «تارىخي رەشىدى - زەيلى» ناملىق ئەسىرىدە تارىخچى مىرزا ھەيدەر تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخي رەشىدى» ناملىق ئەسەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، سۇلتان ئابدۇرىشىتخان «ھەر كارۇدىيارىدا بەمەسەلمانىدا ئىدى، يەنى ھەم تېگى يوق ئىدى، ئىلمى مۇسىقىدا ماھىر ئىدى، بەلكى مۇسەننەف ئىدى، ئىشرەت ئەنگىز دەپ بىر ساز پەيدا قىلىپ ئىدى» دەپ يازىدۇ. XIX ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامىمۇ ئۆزىنىڭ «تارىخي ئەمىنىيە»، «تارىخي ھەمىدى» ناملىق ئەسەرلىرىدە «ئابدۇرىشىتخان...... موللا فازىل شائىر، فارسى ۋە تۈركى نەزمىنى ياخشى ئەيتۇر ئىدى، ئىلمى مۇسىقىدا گۇياكى فىساغورس سانى ئىدىلەر، ئىشرەت ئەنگىز دەپ بىر مۇقام ئىختىرا

① ئىشرەت ئەنگىز- شادلىق قوزغىغۇچى دېگەن مەنىدە.

قىلدى» دەپ يازىدۇ. بۇ بايانلار بىر تەرەپتىن، سەنئەتپە ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئاماننىساخاننى ئۇچرىتىپ ئۇنىڭ چالغان تەمبۇر ۋە ئېيتقان غەزەلىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، ئۇنى ئەمرىگە ئالغانلىقىنىڭ مەنتىقىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن ئىكەنلىكىن ئىسپاتلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاماننىساخان ئىجاد قىلغان «ئىش ئەنگىز» مۇقامىنى ئابدۇرىشىتخان ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان ئىشىنە ھەقىقەتتە بولغان ئىش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئاماننىساخان نەفىسى تەكلىماكان بويىدىكى كەمبەغەل ئوتۇن مەخمۇتنىڭ قىزى بولۇپ، 13 ياش چېغىدىلا ئۇستا مۇزىكانت، شائ ۋە خەتتات بولۇپ يېتىلگەن. پۇقراچە ياسىنىپ ئۇلارنىڭ ئۆي كەلگەن ئابدۇرىشىتخان ئۇنىڭ چېلىپ بەرگەن تەمبۇرىنى ئابدۇرىشىتخانغا بېغىشلىغان بىر غەزىلىنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭغا ئاش بولىدۇ. ئابدۇرىشىتخان ئۇنىڭ يازغان خەتلىرىنى كۆرۈپ، خەتلەرنى شۇنچىلىك كىچىك بىر قىزنىڭ يازغانلىقىغا ئىشەنمەي ئۇنىڭدىن شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە خەت يېزىپ بېقىشنى تەلەپ قىلغاند ئاماننىساخان دەرھال «يارەپ بۇ بەندە ئەجەپ قىلدى سوئىزەن ماڭ گويا بۇ ئويگە ئوندى بۇ ئاخشام تىكەن ماڭا» دېگەن① ھازىر جاۋا بېيتىنى يېزىپ ئابدۇرىشىتخاننى مات قىلىدۇ. ئابدۇرىشىتخاننى قىزغا بولغان مۇھەببىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ، شۇ كېچىسىلا ئەلچ ئەۋەتىپ قىزنى ئۆز نىكاھىغا ئالىدۇ.

ئاماننىساخان خەلق ئانىسى، خەلق نەغمىچىلىرىدىن ئىبارە ناخشا - مۇزىكا بۇلىقىدىن بىۋاستە ئوزۇقلىنىپ يېتىلگەن تالانتل مۇزىكانتتۇر. 13 ياشلىق بىر يېزا قىزىنىڭ مۇزىكىدا شۇنچىل كامالەتكە يېتىشى ئۇيغۇر ناخشا - مۇزىكىلىرىنىڭ شۇ دەۋرد يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنى، جەمئىيەتنىڭ ھەم قاتلاملىرىغىچە ئومۇملاشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئاماننىساخان نەفىسىنىڭ ئابدۇرىشىتخان سارىيىدا تۇرغ مەزگىللەردە ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى بولغان داڭل مۇزىكا ئالىمى قىدىرخان ياركەندىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ مۇز ۋە ئەدەبىيات جەھەتتىكى بىلىم ۋە ماھارىتىنى تېخى

① خۇدا، بۇ بەندە ماڭا تولىمۇ گۇمانلىق كۆزدە قارىدى، گويا بۇ ئۆيدە بۈگۈن ئاخشام ئوچۇن بىر تىكەن ئوندى.

ئۇستۇرگەنلىكى، قىدىرخان ياركەندى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى رەتلەش ۋە كېڭەيتىش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلىگەنلىكى شۈبھىسىز. ئامانىيساخان توغرىسىدىكى رىۋايەتتە ئۇنىڭ قىدىرخان ياركەندىنىڭ قىزى دەپ ھېكايە قىلىنىشى تاسادىپىي ئىش ئەمەس. مۇنداق رىۋايەتنىڭ تارقىلىشىغا، بىر تەرەپتىن، ئامانىيساخانىڭمۇ خۇددى قىدىرخاندەكلا ئۇستا مۇزىكانت بولۇپ يېتىلگەنلىكى سەۋەب بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ قىدىرخان بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەمگەكلىرى سەۋەب بولغان.

لېكىن ئامانىيساخان نەفىسىنىڭ مۇزىكا ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى پائالىيەتلىرى جەمئىيەتتىكى، ھەتتا ئابدۇرېشىتخان ئوردىسىدىكى مۇتەئەسسىپ جاھىل كۈچلەرنىڭ قاتمۇقات توسقۇنلۇقلىرىغا دۇچ كەلگەن، ئۆزىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكى بىلەن شۆھرەت قازانغان ھەم ئامانىيساخاننى جېنىدىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرىدىغان ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئامانىيساخان ئىجاد قىلغان «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنىڭ ئامانىيساخان نامىدا تارقىلىشىنى مۇۋاپىق كۆرمەي، ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلمۇۋالغانلىقىدىن ئىبارەت مۇشۇ پاكىتلا ئامانىيساخاننىڭ قانچىلىك توسقۇنلۇقلارغا دۇچ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ ساھەدىكى نۇرغۇن پائالىيەتلىرى خاتىرىلەنمىگەن. تۈرلۈك توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ، جەمئىيەتكە تارقالغان ئەسەرلىرىمۇ كېيىنكى كۈنلەردە جاھىل كۈچلەرنىڭ قاتتىق بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان. موجىزىنىڭ بىزگە بەرگەن مەلۇماتلىرى شۇ بۇزغۇنچىلىقلاردىن ئامان قالغان، ئەڭ مۇھىمى، خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ قالغان ماتېرىياللارنى ئاساس قىلغان. شۇ سەۋەبتىنمۇ بۇنى ھەسسىلەپ قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

4

«تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» دىكى بەزى ماتېرىياللار ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى بولۇپمۇ، ئۇيغۇر خەلق كىلاسسىك مۇزىكىسى — ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز ئۈچۈن بىزنى مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

«تەراۋىخىي مۇسقىيۇن» نى ئوقۇغاندا، موجىزىنىڭ «مۇ
سۆزى ئۈستىدىكى چۈشەنچىسى بىزنىڭ دىققەت - ئېتىبارىمىز
قوزغايدۇ. موجىزى ئۆز ئەسىرىدە «راك» «ئوشاق» «ئۆزھ
«چول ئىراق» «ئەجەم» «ناۋا» «ۋسال» «چاھار زەر
«چاھارگاھ» «دۇگاھ» «پەنجىگاھ» «مۇشاۋرەك» «بەيادە
«سىگاھ» «بايات» «ئىشرەت ئەنگىز» دىن ئىبارەت 16 مۇقامنى ت
ئالىدۇ، لېكىن ئۇ ھازىرقى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ناملىر
ئاساسەن ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ناملارنى يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن «چ
نەغمە» «داستان» ۋە «مەشرەپ» تىن ئىبارەت 3 قىسىمغا بۆلۈ
ھەربىر قىسمى بىر قانچىلىغان نەغمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چ
تىپتىكى مۇزىكا مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى ئېششىپ كەتسە بىر نەغ
مەرغۇلى بولغان بىر يەككە نەغمە مەنىسىدە تىلغا ئالىدۇ. مەسىلەن
ئۇ فارابى ئۈستىدە توختالغىنىدا، ئۇنىڭ «راك» ، «ئوشاق»
«ئوشاق» نىڭ مەرغۇللىرىنى ئىجاد قىلغانلىقىنى، «ئۆزھال
مۇقامنى بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى مەرغۇللىرىغىچە ئىج
قىلغانلىقىنى يازىدۇ؛ مۇھەممەت كۆشتىنگىر ئۈستىدە توختالغىنىدا
ئۇنىڭ چارىگاھ مۇقامىنى ئىجاد قىلىپ ئۇنىڭغا مەۋلانە تۈتىنىڭ بى
غەزىلىنى سالغانلىقىنى، دۇگاھ مۇقامىنى ئىجاد قىلىپ ئۇنىڭ
مىرخىسراۋ دېھلىۋىنىڭ بىر غەزىلىنى سالغانلىقىنى، پەنجىگا
مۇقامىنى ئىجاد قىلىپ ئۇنىڭغا مەۋلانە كاتىبىنىڭ بىر غەزىلىن
سالغانلىقىنى يازىدۇ. مەلىكە ئامانىسساخان ئۈستىدە توختالغىنىدىمۇ
ئۇنىڭ يولۇچى سۈپىتىدە ئۆيىگە كىرگەن سۇلتان ئابدۇرشىتخا
پەنجىگاھ مۇقامىغا تەمبۇر چېلىپ بېرىپ، بۇ مۇقامغا ئۆزىنى
ئابدۇرشىتخانغا بېغىشلاپ يازغان بىر غەزىلىنى سېلىپ ئوقۇغانلىقىن
يازىدۇ. مانا بۇ مىساللاردىن كەپنىڭ بىر يۇرۇشلەشتۇرۇلگ
نەغمىلەر سىستېمىسى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى ئايرىم بىر نەغ
ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنىدۇ.

موجىزى «مۇقام» دەپ ئاتاۋاتقان بۇ يەككە نەغمىنى ھازىر
يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن مۇقاملاردا باشلىنىش مۇزىكىسى دېيىلىدىغ
چاچما ئۇدارلىق (داپ چېلىنمايدىغان) نەغمە دەپ ھۆكۈم قىلىن
بولىدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، «مۇقام» سۆزى ھازىرمۇ ئەل ئىچ
چاچما ئۇدارلىق باشلىنىش مۇزىكىسى مەنىسىدە قوللىنىلىد

مەسىلەن، قۇمۇل مەشرەپلىرىنىڭ يالغۇز غىجەك بىلەن ئورۇنلىنىدىغان چاچما ئۇدارلىق باشلىنىش مۇزىكىسى ئادەتتە «مۇقام» دەپلا ئاتىلىدۇ. دولان مۇقاملىرىدىمۇ باشلىنىش مۇزىكىسى «مۇقام» دەپلا ئاتىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، موجىزى «مۇقام» سۆزىنى هامان «ناخشا»، «ئاهاڭ» سۆزلىرى بىلەن قاتار قويىدۇ، مەسىلەن، مۇهەممەت كۆشتىنگىر ئۈستىدە توختالغىنىدا، ئۇنىڭ «بىهەد ۋە بىئەدەد غەزەل، مۇقاملار، ئاهاڭلار ئىجاد قىلغان» لىقىنى يازىدۇ. مانا بۇنىڭدىن ئۇنىڭ «مۇقام» سۆزىنى باشقا نەغمىلەردىن پەرقلىق بولغان بىر نەغمە مەنىسىدە ئىشلىتىۋاتقانلىقى ناهايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ؛ ئۈچىنچىدىن، موجىزى «مۇقام» ئۈستىدە سۆزلىگىنىدە هامان ئۇنىڭغا قايسى شائىرنىڭ قايسى غەزىلى سېلىنغانلىقىنى ئېيتىپ، مۇقامنىڭ سۈپىتىنى ئۇنىڭغا سېلىنغان غەزەلنىڭ سۈپىتى بىلەن ئۆلچەيدۇ. تېكىستنىڭ رولىنى ئالاهىدە گەۋدىلەندۈرىدىغان بۇ خىل ئەهۋال تولاراق چاچما ئۇدارلىق نەغمىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، چۈنكى بۇ خىل نەغمىلەر ئادەتتە ساتار، غىجەك ياكى تەمبۇر قاتارلىق بىر ئاساسىي ساز بىلەن يالغۇز كىشى تەرىپىدىن ئورۇنلىنىدىغانلىقى، چاچما ئۇدارلىق بولغانلىقى هەم تاللانغان غەزەللەر سېلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ دىققىتى مۇزىكىدىن كۆرە كۆپرەك تېكىستكە مەركەزلىشىدۇ.

موجىزى تونۇشتۇرغان 17 نەپەر مۇزىكا پىرىدىن 14 نەپىرىنى XV، XVI ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق شائىرلار تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان 16 مۇقامدىن 13 ى مۇشۇ شائىرلارنىڭ نامى بىلەن باغلانغان. موجىزى يەنە نەۋائىنىڭ هەر كېچىسى سەتار ياكى تەمبۇر بىلەن ئۆزى يازغان غەزەللەرنى ئوقۇپ بىهوش بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى يازغان.

يۇقىرىدىكى ئەهۋاللارغا ئاساسەن مۇنداق خۇلاسىگە كېلىشىمىز مۇمكىن: بىرىنچىدىن، «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» دا «مۇقام» دەپ ئاتالغان بۇ چاچما ئۇدارلىق نەغمىلەر شۇ دەۋردە كۆپرەك شائىرلار دائىرىسىدە ئەۋج ئالغان بولۇپ، تېخى خەلقنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيانقى مۇزىكا بايلىقىنىڭ جەۋهىرى سۈپىتىدە تاللىنىپ يۈرۈشلەشتۈرۈلۈۋاتقان چوڭ نەغمىلەر تەركىبىگە كىرگۈزۈلمىگەن؛ ئىككىنچى، هازىرقى «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى

يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن چوڭ نەغمىلەر ھازىرقى نامى بىلەن ئاتالمى
ئۇلار ھازىرقى نامىغا شۇ نامدىكى چاچما ئۇدارلىق يەككە نەغمىلەر
كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلارنىڭ باشلىنىش مۇزىكىسى قىلىـ
كىرگۈزۈلۈشى بىلەن ئېرىشكەن، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىـ
ئېيتقاندا، «مۇقام» ئاتالغۇسى XV، XVI ئەسىرلەردە، ھ
ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى مەلۇم دەۋر ئىچىدە پەقەت تار مەنىـ
قوللىنىلىپ، چاچما ئۇدارلىق نەغمە ئۇقۇمىنى ئىپادىلىگ
كېيىنكى دەۋرلەردە شۇ چاچما ئۇدارلىق نەغمىلەرنىـ
يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن چوڭ نەغمىلەرگە باشلىنىش مۇزىكىسى قىل
كىرگۈزۈلۈشى بىلەن كەڭ مەنىدە يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن چوڭ نە
مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدىغان بولغان؛ ئۈچىنچى، «ئون ئىككى مۇقا
تەركىبىدىكى چوڭ نەغمىلەر ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرىنىڭ ئۇز
ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى، ئۇلار ئاساسەن خە
ئىجادىيىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، لېكىن ئۇلارغا ھەر قايسـ
دەۋرلەردىكى ئايرىم شەخسلەرنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىمۇ سىڭگەن

5

بۇ ئەسەرنىڭ تىلى ئاساسىي جەھەتتىن XIV ئەسىردىن X
ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قوللىنىلغان ئۇيغۇر يېزىق تىلى — چاغات
تىلىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن، زور دەرىجىدە شۇ دەۋردىكى جانلى
ئۇيغۇر تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇلغان، بەزى قىسىملىرى، مەسىلەن
ئامانىيساخان قىسمى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا دېگۈدەك
يېزىلغان؛ قولىيازمىنىڭ ئىملاسىدا چاغاتاي يېزىقىنىڭ ئىمـ
قائىدىلىرىدىن چەتنەپ جانلىق تىلغا يېقىنلاشتۇرۇلغان جايلار تېخى
كۆپ. مەسىلەن، چاغاتاي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى بويىچە «چالىب
«بارىب» «بولغانىنى» «چالماقىدىن» «قىلماغايسىزلار» «الالماغان
شەكلىدە ئاجىزلاشتۇرۇلماي يېزىلىشقا تېگىشلىك سۆزلەر بەزى
جايلاردا «چىلىب»، «بىرىب»، «بولغىنى»، «چالمىقىدىن»
«قىلمىغايسىزلار»، «الالمىغان» شەكلىدە ئاجىزلاشتۇرۇ
يېزىلغان؛ «نامۇس»، «شاگىرد»، «امر» شەكلىدە يېزىلىشقا
تېگىشلىك سۆزلەر بەزىدە جانلىق تىلدىكى تەلەپپۇزى بويىچـ
«نومۇس»، «شاگىرت»، «امرى» قىلىپ يېزىلغان. چاغاتاي

يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسىگە توغرا كەلمەيدىغان بۇ خىل ئەھۋاللار قولليازما كېيىن كۆچۈرۈلگەندە يۈز بەرگەن بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. مەيلى قانداق بولسۇن، بۇ ئەسەر ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ چاغاتاي تىلى دەۋرىنى، بولۇپمۇ چاغاتاي تىلىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ئۆرۈن بېرىش جەريانىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

6

«تەۋارىخى مۇسقىييۇن» رىسالىسى بىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزنى، بولۇپمۇ مۇزىكا تارىخىمىز بىلەن ئەدەبىيات تارىخىمىزنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى خېلى مۇھىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدىغان ياخشى ئەسەر بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۇقسانلاردىنمۇ خالىي ئەمەس. موجىزى پەقەت كۆپرەك شائىرلار ۋە زىيالىيلار دائىرىسىدە ئەۋج ئالغان چاچما ئۇدارلىق يەككە نەغمىلەرنىلا (تار مەنىدىكى «مۇقام»لارنىلا) مۇزىكا ھېسابلاپ، خەلق مۇزىكىلىرىغا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئىچىدە ئەسىرلەردىن بۇيان ئىجاد قىلىنىپ، رەتلىنىپ، يۇرۇشلەشتۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان چوڭ نەغمىلەرگە (كەڭ مەنىدىكى «مۇقام»لارغا) پۈتۈنلەي ئېتىبارسىز قارىغان، شۇڭا پەقەت شۇ چاچما ئۇدارلىق يەككە نەغمىلەرنىڭ ئىجادچىلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەنلا بولۇپ، خەلق مۇزىكىلىرىنىڭ، يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن چوڭ نەغمىلەرنىڭ ئاساسىي ئىجادچىسى بولغان خەلق ئاممىسىنى، خەلق مۇزىكىچىلىرىنى نەزەرگە ئالمىغان؛ بىر مۇنچە جايلاردا ئاساسسىز، ھەتتا ئەپسانىلەشتۈرۈلگەن رىۋايەتلەرنى ھەقىقىي پاكىت سۈپىتىدە ئۆز ئەسىرىگە كىرگۈزگەن، مەسىلەن، نەينىڭ كەشىپ قىلىنىشىنى جەمشىتنىڭ خوتۇنى مەلىكە دىلسۇزغا، داپنىڭ كەشىپ قىلىنىشىنى دۆلەرگە باغلاپ قويغان؛ مەۋلانە ساھىب بەلخىنىڭ تەمبۇر چېلىشتىكى يۈكسەك ماھارىتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، مەۋلانە ساھىب بەلخى بابۇر شاھنىڭ كابۇل شەھىرىدىكى بىر باغدا ئۆتكۈزگەن شاھانە ئولتۇرۇشىدا تەمبۇر چالغاندا بىر بۇلبۇل ئۇچۇپ كېلىپ تەمبۇرنىڭ قولىقىغا قونغانلىقىنى ۋە ئۆزىنى بىر نەچچە قېتىم تەمبۇرغا ئۇرۇپ ئۆلگەنلىكىنى، بۇ ھالنى كۆرۈپ ئولتۇرۇشتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھوشسىزلىنىپ كەتكەنلىكىنى يازغان؛ كۆپچىلىك ئىسلام

تارىخچىلىرىغا ئوخشاش، موجىزىمۇ ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى نوھ ۋە ئۇنىڭ ھام، سام، يافەس ناملىق ئوغۇللىرى توغرىسىدىكى يەھۇدى ـ خرىستىئان دىنىي رىۋايەتلىرىگە تاقاپ، مۇزىكىنىڭ پەيدا بولۇشىنىمۇ شۇلار بىلەن باغلىغان، بەزى يەر ئىسمى ۋە يىلنامىلەرنى خاتا قىلىپ قويغان، ۋەھاكازا.

بىز «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» رىسالىسىنى ئوقۇغان ۋاقتىمىز ئۇنىڭغا تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۇنى ئوبدان تەھلىل قىلىشىمىز، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم.

سەۋىيىمىز چەكلىك بولغانلىقى سەۋەبىدىن بىزنىڭ بۇ ئەمگەكتىكى ئۇستىدىكى مۇلاھىزىمىز، قولىيازمىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى، تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتلىرىدا كەمچىلىك، خاتالىقلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي. ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى تەنقىدىي پىكىرلىرىنى سەمىمىي قارشى ئالىمىز.

1982 ـ يىلى، ئىيۇن، بېيجىڭ



## موللا ئىسمەتۇللا بىننى نىمەتۇللا موجىزى

# تەۋارىخى مۇسىقىيۇن

مېھرىبان، شەپقەتلىك ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئەي «خۇدا»* ، ھىكمەت كۆرسىتىپ گۈلگە پۇراق ۋە رەڭ بەردىڭ، بۇلبۇلنى چىمەندە يېقىملىق سايرايدىغان قىلدىڭ. سېنىڭ قۇدرىتىڭدىن راۋاپ، تەمبۇر، دۇتار، سەتتار، ئۇد، قالۇن ۋە چاڭلار نالە قىلىدۇ.

خۇدا②، شەۋقىڭنىڭ چىمەنزارىدا گۈل - چېچەكلەرنى كۈلدۈرگۈچىسەن؛ گۈل ئىشقىدا بۇلبۇل، تۇتىلارنى سايراتقۇچى، يىغلاتقۇچىسەن. لەيلىنىڭ چېچىنى مەجنۇننىڭ كۆڭلىگە سىرتماق قىلغاندەك، پەرھاتنىڭ قېنىدىن شىرىننىڭ لېۋىنى قىزارتقاندەك، ئۇزرا جامالىنىڭ ئوتى ھارارىتىدىن ۋامۇقنىڭ تېنىنى ياش گىرداۋىغا غەرق قىلغاندەك، زوھرانىڭ ئىشقىدا تاھىرنى ساندۇققا سولاپ تارىمغا ئېقىتقاندەك، يۇسۇپ ھۆسنىدىن، زۇلەيخا ئىشقىدىن گۈزەل ھېكايە تۈزگەندەك مېنى ئۇ نىگار ئىشقىدا ئەسىر ۋە سەرگەردان قىل؛ ئۇ قۇياش ئەتراپىدا مەندەك بىر زەررىنى تاقەتسىز ئاشىق قىل؛ مەن شۇنداق دەرىجىگە يېتەيكى، ئۇنىڭ ئىشقىدا تەمبۇرۇمنى قولۇمغا ئالاي؛ ئۇنىڭ سۆزىنى سېغىنغاندا ئۇنى چالاي؛ گاھى نەۋائى ① بېيىتلىرىدىن ھەمىد «ئاللاغا مەدھىيە» ئىلغاپ، بەزەن لۇتفى ② شېئىرلىرىدىن نەئىت «رەسۇلۇللا تەرىپلەنگەن مىسرالار» يادلاپ، تەمبۇرۇم سىملىرىغا زەخمەك ئۇراي؛ ئۇ مېھىر نىگارىم شەۋقىدە باغرىمنىڭ قارا قېنىنى سىياھ قىلىپ ئېزەي، ئۇنىڭ ئىشقىدا چۆل-باياۋاننى كېزەي، سېنى مەدھىيىلەپ بېيىتلار يازاي، ھەبىبىڭنى تەرىپلەپ شېئىرلار يازاي.

---

* تېكىستتە « » ، نىڭ ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەرنى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار قوشقان.

② قارا ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىي ئەسەردە قىزىل سىياھ بىلەن يېزىلغان.

# مۇناجات

ئەي خۇدا، سەن مېنىڭ مەقسۇدىم سەن،
مېنىڭ ئىبادەت قىلىدىغىنىم سەن،
مېنىڭ سەجدە قىلىدىغىنىم سەن،
سەن مېنىڭ مەدەتكارىمسەن.

مەن سېنىڭ ئاسىي قۇلۇڭمەن،
مەن سېنىڭ گۇناھكار قۇلۇڭمەن،
مەن غەم ئىلكىدە ئەسىر بولۇپ قالدىم،
سەن مېنىڭ مەدەتكارىمسەن.

ئەي قەدىمدىن رىزىق بەرگۈچى،
كېچىرگۈچىسەن، ئەي رەھىم،
مېنى ھاجەتتىن چىقارغىن، ئەي كەرىم،
سەن مېنىڭ مەدەتكارىمسەن.

ئىشقىڭنى دىلىمغا كىرگۈزگىن،
مەن سەتار بىلەن دۇتارنى چالاي،
مەندە خاتالىق بار، ئەپۇ قىلغىن،
سەن مېنىڭ مەدەتكارىمسەن.

مەن موجىزى تاقەتسىز ئاشىق بولدۇم،
سەن بىر ئاللاغا يالۋۇردۇم،
رەھمىتىڭگە ئىنتىزار بولدۇم،
سەن مېنىڭ مەدەتكارىمسەن.

‹ئايەتنىڭ مەنىسى› :

«ماختاش پۈتۈن ئالەمنى تەربىيىلىگۈچى تەڭرىگە خاستۇر، رەھمە
ۋە تىنچلىق پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ غوجىسى ‹مۇھەممەد› گە
ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئات ۋە ھەمراھلىرىنىڭ ھەممىسىگە بولسۇن
ھەمىد ۋە نەئىتتىن كېيىنكى سۆز شۇكى، ئادال

مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ كاتتا پادىشاھى، سەخىيلىك كېچىسىنىڭ تولۇن ئېيى، ئېسىللىق چىمەنزارىنىڭ گۈزەل سەرۋى، ئۇلۇغلۇق دېڭىزىنىڭ بىردىنبىر گۆھىرى، غېرىپ - يېتىملارنىڭ ئاتىسى، پېقىر - مىسكىنلەرنىڭ يېتەكچىسى، جەمشىتتەك ③ سۆلەتلىك، سۇلايماندەك ④ دۆلەتلىك، يولۋاستەك غەزەپلىك، ئىسكەندەردەك ⑤ مەرتىۋىلىك، خاقان سۈپەت، دەرۋىش مىجەز، ۋەتىنىنىڭ چىرىغى، خوتەننىڭ شاھى ئەلىشىر ھېكىم بېگىم ⑥ ھەزرەتلىرى قۇياشىدىن مەندەك بىر ئەرزىمەس غېرىپ - بىچارە، جۇدالىق دەشتىدە ئاۋارە، غەم ئىلكىدە ئەسىر، بارچە ئادەمدىن تۆۋەن ‹كىشىگە› **يەنى موللا نىمەتۇللا ئوغلى موللا ئىسمەتۇللا موجىزىگە** بىر يورۇق نۇر چۈشۈپ، مەندەك بىر زەررىنى پەلەك قۇياشىدىن ئۆتكۈزۈپ شۇنداق يارلىق بولدى: «مۇزىكا - كۈي خۇشاللىق ۋە تۇرمۇش ھۇزۇرىنىڭ سەۋەبچىسىدۇر، شۇڭا پادىشاھدىن گادايغىچە، ئەۋلىيادىن خىرىستىيانغىچە ھەممە ئىنسان بۇ پەندىن شاتلىنىدۇ. ئەمما، بۇ پەننىڭ ئالىملىرى ۋە كەسپىياتچىلىرى كىملەر، ئىخلاسمەن يېتەكچىلىرى كىملەر، ئۇستىلىرى كىملەر، بۇنى كۆپ سازەندىلەر تا ھازىرغىچە بىلمەيدۇ. سەن بولساڭ مۇزىكىنى كەسىپ قىلغانسەن ھەم بېيىت مەملىكىتىمىزنىڭ بۇلبۇلدەك سۇلتانى، ئەدەبىيات دۆلىتىمىزنىڭ شېرىن سۆزلۈك تۇتىسىدۇرسەن، شۇنىڭدەك خۇش پۈتكۈچى ۋە دىلكەش ئىبتىقۇچىدۇرسەن. مۇشۇ غېرىب پەننىڭ كەسپىياتچىلىرى تارىخىدىن بىر رىسالە پۈتۈپ باشقا سازەندىلەرگە يادىكار قىلساڭ قانداق؟» ‹بۇنىڭ بىلەن›، گويا بىر غېرىب چۈمۈلە ئۈستىگە تاغ يۈكلەندى. گويا بىر زەئىپ بىچارە ئۈستىگە ئاسمان يىقىلدى. بۇ بۈيۈك ئەمرىنى ئىجرا قىلغۇدەك قۇۋۋەت ‹مەندە› يوق ئىدى، ئۆزرە ئېيتىپ باش تارتقۇدەك قۇدرەتمۇ ‹مەندە› يوق ئىدى! ھەيرەت دېڭىزىغا غەرق بولۇپ ‹تۇرغىنىمدا›، «دېگىنكى، ئاللاغا، ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان باشلىقلارغا بويسۇنۇڭلار» دېگەن ئۇلۇغ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ئېسىمگە كەلدى - دە، بۇ ۋاجىب ئەمرىنى ئىجراسىز قالدۇرۇشقا چارە تاپالمىدىم. تەۋەككۈلنى تەڭرىمگە قىلىپ، بۇ ئالىي ئەمرىنى بىجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇناسىپ تارىخ - تەزكىرىلەرنى يىغىپ، «تارىخى رەشىدى» ‹رەشىدى تارىخى› ⑦، «تەۋارىخى تەبىرى» ‹تەبىرى تارىخى› ⑧، «تەۋارىخى رەۋزەتۇسسەفا» ‹ساپالىق باغ تارىخى› ⑨، «تەۋارىخى ھوكەما» ‹دانىشمەنلەر تارىخى› ⑩، «تەۋارىخى ئەجەم»

‹ئەجەم تارىخى›، ⑪، «تەۋارىخى ئەرەب» ‹ئەرەب تارىخى›، ⑫ لەردە ‹ئاساس›، تاللىدىم ھەم زور ئالىم، مۇزىكا ئۇستازلىرىدە فىساغورس⑬، فارابى⑭، پەھلىۋان مۇھەممەت كۆشتىنىگىر⑮ ئەمىر نىزامىددىن ئەلشىر نەۋائى پىرىمنىڭ بۇ پەن ھەققىدە يازغا كىتاب ۋە رىسالىلىرىدىن پايدىلاندىم. ئاخىر قۇدرىتىمگە لايىق قابىلىيىتىمگە مۇۋاپىق بۇ رىسالىنى يېزىپ، ئالەم خەلقىگە سوۋ قىلدىم. بۇ رىسالىگە «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ‹مۇزىكىچىلا تارىخى› دەپ ئات قويدۇم.

ئەقىل ئىگىلىرىگە، چوڭ - كىچىك سازەندىلەرگە، مەرتىۋىلىك ۋە ئادەتتىكى كىشىلەرگە، شاھ ۋە گادايلارغا نامەلۇم قالمىسۇنكى؛ تارىخىي رەۋزەتۇسسەفا ۋە تارىخىي رەشىدىدە مۇنداق يېزىلغان: نوھ ⑯ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يافەسنىڭ⑰ تۈرك⑱ ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى، خۇدايىتائالا ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل بەردى. ئۇ بۇ ئوغلىنىڭ ئىسمىنى خەرىز⑲ قويدى. بۇ ئوغۇل چوڭ بولغاندا تۈلك تۇتۇپ، ئۇنىڭ تېرىسىنى كىيىم قىلىپ كىيىشنى، غىزاغا تۇز سېلىپ يېيىشنى، تەمبۇر، بەربەت، ئۇدلارنى ياساپ چېلىشنى كەشىپ قىلىپ ئالەم خەلقىگە ئۆگەتتى. ئۇ زاماندا ئاتا - ئانىسى، باللىرى ئۆلگەن كىشىلەر مۇسىبەت ماتەمدە تەمبۇر چېلىپ يىغلاپ، ئاندىن ئۆلۈكنى كۆيدۈرىدىغان قائىدە بار ئىدى. خەرىز يافەس ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ئىدى. يەكەن، خوتەن رايونلىرىنى شۇ خەرىزنىڭ ئەۋلادلىرى ئاۋات قىلغان، دېمەك، بىز يەكەنلىك ۋە خوتەنلىكلەر خەرىزنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىمىز. ئۇ زاماندىن ھازىرغىچە 5 مىڭ 850 يىل ئۆتكەن. ئۇ چاغلاردا تەمبۇرغ قوي - ئۆچكىنىڭ ئۈچەي - پەيلىرىدىن تار ئېشىپ سالاتتى.

مۇزىكا ئىلمىنىڭ ئىككىنچى پىرى فىساغورس بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ كىشى سۇررى ⑳ شەھىرىدىن ئىدى. ئ ساياھەتچىلىكنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇ خەلقنى ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىشقا، ياخشى پەزىلەتلىك بولۇشقا ئۈندەيدىغان، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان كىشى ئىدى. ھەرگىز ساۋاب تاما قىلمايتتى ۋە گۇناھىدىنمۇ قورقمايتتى، بىراق ساۋاب - جازاغا قايىل ئىدى شەھەرمۇشەھەر يۈرۈپ ئىلىم ئۆگىنەتتى. ئۇنىڭ خۇشال بولغىنىنىمۇ، خاپا بولغىنىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ، مال - دۇنيا كىشى ئۈچۈن دوست - دۈشمەننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان نەرسە دەيتتى... ھەر قاچان، ھەر جايدا بولسۇن، ئۇ بار يەردە كىشىلەر بى

مۇھىم ئىشقا دۇچ كەلسە، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايتتى. ھازىرقى پەرەڭىستان ئۇ چاغدا ئەنتاكىيە[21] شەھىرى دەپ ئاتىلاتتى، ئۇ شۇ يەرگە بىرىپ ئۆزى كەشىپ قىلغان سەتارنى چىلىپ شىئىر ئوقۇدى. بۇ شىئىر «سەن ئۆزۈڭنى تۈزىمەي تۇرۇپ باشقىلارغا نەسىھەت قىلما؛ ئەيىبىڭنى كۆرسىتىپ بەرگەن كىشىنى دوست بىلىپ قەدىرلە؛ ئىسىل كىيىملەرنى كىيىپ يۈرگىچە، ئىسىل سۆزلەرنى قىلىپ يۈرۈشنى ئۆگەن؛ ياخشى سۆزلەرنى قىلالمىساڭ، ياخشى سۆزلەرنى قىلالايدىغان ئادەملەردىن ئۆگەن؛ ئىلىم ئۆگىنىشتىن نومۇس قىلما، ئىلىمسىزلىكتىن نومۇس قىل؛ ھايۋان تىلسىزلىقتىن جاپا - مۇشەققەتكە ئۇچرايدۇ، ئىنسان ئۆز تىلىدىن بالا - مۇسىبەتكە ئۇچرايدۇ» دىگەن مەزمۇندا ئىدى. ئەنتاكىيە شەھىرىدە شۇ چاققىچە شىئىر، مۇزىكا بولۇپ باقمىغانىدى. كىشىلەر 25 ياشلىق بىر يىگىتنىڭ غارايىپ سۆزلەرنى قىلىپ، ئاجايىپ بىر نەرسىنى چالغىنىدىن ھوزۇرلىنىپ ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالدى، ئۇ كىشىلەرگە چوڭقۇر مەنىلىك ۋە نەسىھەت خاراكتىرلىك سۆزلەردىن تۈزۈلگەن شىئىرلارنى سەتار بىلەن ئوقۇپ بىرەتتى. بۇ ۋەقە پادىشاھقا ئاڭلاندى. پادىشاھ دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن بىللە چىقىپ، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قاتتىق ھەيران بولدى ‹ ھەيرەت قولىنى تەئەججۈپ چىشلىرى بىلەن چىشلىدى› ، ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ ئىلىپ كەتتى. شاھ ئىزادىمۇ، يىتىش - قوپۇشتىمۇ ئۇنىڭدىن ئاجرىمايدىغان بولدى، ئۇنى پەرزەندىم دەپ ئاتىدى. مۇزىكا ئىلمىنى تارقىتىش ئۇچۇن جاي راسلاپ، ئەنتاكىيە خەلقىگە بۇ ئىلىمنى ئۆگىنىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. ئون يىل ئىچىدە 40 مىڭ شاگىرت مۇزىكا ئىلمىدە يىتىشىپ چىقتى. فىساغۇرس پادىشاھدىن رۇخسەت سوراپ ھىندىستانغا كىلىپ ئىلمىي نۇجۇم ‹ئاسترونومىيە› ئۆگەندى، ھىندىستان خەلقى فىساغۇرستىن مۇزىكا ئۆگەندى. جەمشىت، كەيقىباد[22] پادىشاھلاردىن كىيىن ئالەمگە مۇزىكىنىڭ ئۇرۇقىنى سالغان دانا ئالىم فىساغۇرس بولۇپ ھىسابلىنىدۇ. ئۇ ھىندىستاندىن يىنىپ مىسىرغا بىرىپ سىھىرگەرلەردىن سىھىر ئىلمى بىلەن ئۈچ يىل يىزىق ئۆگەندى. ئوتكۈنچى دۇنيادىن مەڭگۈلۈك دۇنياغا سەپەر قىلىش ۋاقتىدا، ئۇنىڭ 500 شاگىرتى بار ئىدى. پىشقەدەم تالىپلىرىدىن بىرى: «بىز ‹سىزدىن كىيىن قالغاندا› قانداق ئىش تۇتۇشىمىز كىرەك» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «خالايىققا پايدىسى تەگمەيدىغان سۆز ۋە ھەرىكەتلەرنى قىلماڭلار» دەپ كۆز يۇمدى. ئۇ

ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ ۋاپاتىدىن بىر يىل كېيىن ۋاپات بولدى. يىل ئۆمۈر كۆردى. كىشىلەرنىڭ قۇدرىتى يەتمىگەن ئىشلارنى قىلى بېرىشنى، مۇھتاجلارغا ساخاۋەت قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى.

ئۇچىنچى پىرى ئالتاينىڭ بالاساغۇن㉓ دېگەن يېرى ئۆتكەن **مەۋلانە شەيخ ئەبۇ نەسىر فارابىدۇر**. بۇ ئەز ھەزرىتى ئىمام مۇھەممەت غەززالى㉔، ھەزرىتى ئىمام پەخر رازىلاردىن㉕ ئارتۇق كامالەت تاپقان، دىنىي ئىلىملەردە يۇقىر سەۋىيىگە يەتكەن، پەننى ئىلىملەردە ئىبنى سىنادىنمۇ㉖ ئۈستۈ ئىدىكى، شەرىئەت ئىلمى، تەرىقەت ئىلمى، تەفسىر ، قۇرئاننىما شەرھى، ، ھەدىس، تېۋپلىق، پەلسەپە، ئىدېئولوگىيە، ئەدەبىيات ھەتتا شاھمات، نەرد ئويۇنلىرىغىچە بىلمەيدىغىنى يوق ئىدى جۈملىدىن مۇزىكا ئىلىمىدىمۇ ناھايىتى يېتىلگەنىدى. قالۇننى ئۆ قولى بىلەن ياساپ، سىم تارتىپ چالغان ۋە سازەندە شاگىرتلىرىغ ئۆگەتكەنىدى. راك، ئۇشاق مۇقاملىرىنى ۋە ئۇشاقنىڭ مەرغۇللىرىنى ئىجاد قىلىپ ئالەمگە تاراتقان ھەم شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەنىدى. ھازىرمۇ ھەممە سازەندىلەرگە مەلۇم بولغان ئۆزھال مۇقامىنى ۋ ئۇنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۇچىنچى مەرغۇللىرىنى كەشى قىلغانىدى. «رىسالەئى مۇغەننىيۇن» ، سازەندىلەر رىسالىسى، دېگەن كىتابىدا: «مۇزىكىنىڭ تىلسىز مۇڭلىرى ئىنساننىڭ روھىغا مەنىۋ ئوتنى تۇتاشتۇرغۇچى ئامىلدۇر، ئەگەر ئۇنىڭغا شېئىر ، تېكىست، قوشۇلسا، ئۇ مۇڭنىڭ نىمە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ» دەپ ئېيتقان ۋە يەنە: «يۈز يىل ئىبادەت قىلىپ ئالالمىغان پەيزىنى مېنىڭ قالۇنۇمنىڭ سىملىرىدىن ئالغايسىزلەر» دېگەن. بۇ ئەزىز تۈرلۈك ئىلىملەر ھەققىدە 114 پارچە كىتاب يازغان. بۇ كىتابلارنىڭ بىرى «رىسالەئى مۇغەننىيۇن» دۇر. لېكىن بۇ كىتاب ھازىرغىچە ئەرەبچىدۇر. مۇشۇ رىسالىنى تامام قىلىپ بولغاندىن كېيىن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ۋە ۋاقتىمنىڭ بارىچە شۇ كىتابنى تۈركچىگ تەرجىمە قىلىشنى نىيەت قىلىۋاتىمەن، خۇدايىم بۇيرۇسا.

بۇ پەننىڭ تۆتىنچى پىرى **مەۋلانەئەلى ھەزرەتلى**رىدۇر㉗. ئۇ خۇراساننىڭ ㉘ شابۇك دېگەن يېرىدىن ئىدى ئۇ بۇ پەندە ئۆز ئەسىرىنىڭ تەڭداشسىزى ئىدى، بۇ پەن ھەققى «ئەسلۇلۋەسىل» ، ۋەسلىنىڭ نېگىزى، ئاتلىق بىر كىتاب يازغان كېيىن «مۇرتاز» ، نەپسىدىن كەچكۈچى، ئاتلىق يەنە بىر كىتا

يازغانىدى. نەغمىچىلەر ئىچىدە مەشھۇر بولۇپ كېلىۋاتقان چۆل ئىراق مۇقامىنى شۇ كىشى ھەج سەپىرىدە ئىراق چۆلىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئىجاد قىلىپ، شۇ نام بىلەن ئاتىغان. دۇتارنىمۇ شۇ كىشى كەشىپ قىلغان. ئۇ شېئىر يېزىش ۋە مۇزىكا ئۆگىتىشتىمۇ ئۆز زامانىنىڭ تەڭداشسىزى ئىدى. ئۇ باشقا ئىلىملەر بويىچىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلىك ياخشى كىتابلارنى يازغان. ئاخىرقى ئۆمرىدە كۆپيۈننى كۆپ ئىستېمال قىلغان سەۋەبتىن ئەقلىنى يوقىتىپ ۋاپات بولغان.

**بەشىنچى پىرى خوجە شاھابىدىن** ㉙ بولۇپ، بۇ پەندە ئۆز ئەسرى بويىچە بىردىنبىر ئىدى، ئۇ بۇ پەن بويىچە 200 دىن ئارتۇق شاگىرت يېتىشتۈردى ھەم رىسالىلەر يازدى.

**ئالتىنچى پىرى ئابدۇللا مەرۋارىت** ㉚ ھەزرەتلىرى بولۇپ، سەمەرقەندتىن ئىدى. بۇ ئەزىزمۇ بۇ پەننىڭ ئۇستازلىرىدىن ھېسابلىناتتى. بۇ پەن ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ياخشى رىسالىلەرنى يازغان ھەم 100 دىن ئارتۇق شاگىرت چىقارغانىدى. ئۆز زامانىسىدە ناھايىتى داڭلىق مۇزىكىچىلاردىن بولغانىدى. ھىجرىيە 881- يىلى (مىلادىيە 1476- يىلى)، ھىسار ۋىلايىتىدە㉛ دەپنە قىلىندى.

**يەتتىنچى پىرى ھەزرىتى مەۋلانە نۇرىددىن ئابدۇراخمان جامى** ㉜ ئىدى. بۇ ئەزىزنىڭ خىسلەت - پەزىلەتلىرى خىلمۇخىل كىتابلاردا تەرىپلەنگەن. ئۇنىڭ قانچىلىك قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئۇ ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋائىدەك ئالىمغا ھەممە ئىلىم ۋە ئەمەللەر بويىچە ئۇستاز بولغان. نەۋائىدەك زاتنىڭ ئۇنى ئۇستازىم، پىرىم دېگەنلىكى ئۇنىڭ سۈپەت ۋە تەرىپى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. نەۋائىي ھەزرەتلىرى ئۆز «خەمسە» سىدە بەش جايدا بۇ ئەزىز ئۈستىدە توختالغان بولۇپ، نېمە دەپ تەرىپلىگەنلىكىنى ئۇزۇنلار كۆرۈۋالساڭلار بولىدۇ. بۇ ئەزىز ھەممە ئىلىمدە ھەزرىتى فارابىدەك ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ شائىر ھەم ئالىم بولغىنىدىن مەپتۇنلۇقى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. تەمبۇر، سەتار، قالۇن قاتارلىق بارلىق سازنى ئۆز قولى بىلەن چالالاتتى. ئەجەم دېگەن بىر مۇقامنى ھەم ئۇنىڭ ئىككى مەرغۇلىنى ئىجاد قىلدى. نۇرغۇن شاگىرتلارنى مۇزىكا ئىلمىگە مۇكەممەل قىلىپ چىقاردى. بۇ پەن ھەققىدە «رىسالەئى دەۋۋار» (دەۋر قىلغۇچى رىسالىسى) ناملىق بىر كىتاب يازدى. ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىمۇ بۇ پەننى ھەزرىتى جامىدىن ئۆگەندى. ھەزرىتى جامى 898- ھىجرىيىدە (مىلادىيە 1492-

1493، 79 يېشىدا خوراساننىڭ ھىرات㉝ شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

سەككىزىنچى پىرى ھەزرىتى ئەمىر نىزامىددىن ئەلىش... نەۋائىدۇر. بۇ ئەزىزنىڭ ھەممە پەزىل ـ شاراپەتلىرى ئۆزى ياز... شېئىر كىتابلىرىدىن ئايان بولىدۇ. مەن ئۇنىڭ «كۇللىيات... «چاردىۋان» لىرىدىن، «خەمسە» سىدىن ھەم بۇلاردىن باشقا ئىلگ... كېيىن، ئاز ـ كۆپ بولۇپ پۈتكەن 36 پارچە كىتابىدىن بەھرىمـ... بولۇپ، ئۇنىڭ خىسلەت ۋە ئىشقى ـ مۇھەببىتىدىن خەۋەردار بولدۇ... ئۇ مۇشۇنداق قىممەتلىك ئىلىملەرنىڭ ئۈستىگە يەنە ئۆزىنىڭ پ... ئۇستازى بولغان ھەزرىتى مەۋلانە نۇرىددىن ئابدۇراخمان جامىدـ... مۇزىكا ئىلمىنى ياخشى ئۆگەندى. ھەر كېچىسى سەتار ياكى تەمبۇ... چېلىپ، ئۆزى يازغان غەزەللەر بىلەن ھەممىد ئېيتىپ بىھوش بولۇ... كېتەتتى. ناۋا دېگەن بىر مۇقامنى ئىجاد قىلىپ ئالەمگە تارقاتتى. بۇ ئەزىز ھىجرىيە 843ـ يىلى (مىلادىيە 1439ـ يىلى)، 6ـ ئايدا دۇنيا... كېلىپ، 63 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، 63 پارچە كىتاب يېزىپ، ھىجرىـ... 906ـ يىلى (مىلادىيە 1500ـ يىلى)، ھىرات شەھىرىدە سەك... (مېڭگە قان چۈشۈش)، كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدى.

توققۇزىنچى پىرى ئۇستاز مۇھەممەت خارەزمى ㉞ ... بولۇپ، ئۆز ئەسىرىدە مۇزىكا پېنى بويىچە كۆپ تىرىشچانلىق ۋ... ماھارەتلەر كۆرسەتتى. 200 دىن كۆپرەك شاگىرتنى يېتەكلە... ئۇستىلاردىن قىلىپ چىقاردى. بۇ پەننىڭ چوڭقۇر سىرلىرى ھەققىـ... رىسالە يازدى. ھىجرىيە 852ـ يىلى (مىلادىيە 1448ـ يىلى)، ۋاپا... بولدى.

ئونىنچى پىرى مەۋلانە نامان سەمەرقەندىدۇر. ㉟ بۇ ئەز... ئۇستا قارى بولۇپ، 500 كىشى نۆۋەت بىلەن ئۇنىڭدا قۇرئان ... ئالغانىدى. ئۇ شۇنداقلا ناھايىتى ئۇستا ناخشىچى ھەم دىلكەش... چالغۇچى ئىدى. ئالىملار سۆھبىتى ۋە ماشايىخلار ئولتۇرۇشلىرى... ساز چېلىپ ناخشا ئېيتاتتى. بىر كۈنى سەمەرقەند ئالىملىـ... ئولتۇرۇشىدا مەۋلانە شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ㊱ غەزەللىرىنى ئوقۇ... سەتارىنى سايراتتى. ئالىملار بىردىن باشلىرىنى تۆۋەن قىلىپ ئوي... چۆمۈپ كەتتى، ئون نەچچە كىشى بىھوش بولدى، مەۋلانە ئەل... ھەزرەتلىرى بىھوش بولغىنىچە شۇ ئولتۇرۇشتا ئالەمدىن كەتتى. خەۋەر ھەممە ياققا تارقىلىپ كەتتى، پادىشاھ ئاڭلاپ، بۇ ئەزىز... زىندانغا ھۆكۈم قىلدى. ئۇ 5 يىل زىنداندا يېتىپ ھىجرىيە 865...

يىلى (مىلادىيە 1461- يىلى) ۋاپات بولدى. بۇ ئەزىزنىڭ تەربىيىسىدە 300 دىن ئارتۇق نەغمىچى مۇزىكا ئىلمىدە كامالىغا يەتكەننىدى. بىر نەچچە يۈز كىشى شەرىئەت ئىلمىدە ئالىم بولدى، نەچچە مىڭ سوپىلىرى بار ئىدى. ئۇ تەرىقەتى چەشتىيە㊲ ماشايىخلىرىدىن ئىدى. مۇزىكىنىڭ تەرىقەت ئەھلىگە بەخش ئەتكەن نەتىجىلىرى توغرىسىدا «مىئىرا جۇسسالىكىن» (سوپىلىق يولىنى تۇتقۇچىلارنىڭ شوتىسى) ناملىق بىر كىتاب يازغاننىدى.

**ئون بىرىنچى پىرى مەۋلانە ساھىپ بەلخى** ㊳ ھەزرەتلىرىدۇر. بۇ ئەزىز مۇدەررىس ئىدى، بەش - ئالتە يۈز تالىپ ئۇنىڭ تەربىيىسىدە كامالىغا يەتكەنىدى. ئۇ تەمبۇرنى سېھىرلىك بىر تەرىزدە سۆزلىتەتتى. بابۇر شاھ㊴ ئۇنىڭدىن بىردەممۇ ئايرىلمايتتى. ئۇ كېيىن مۇدەررىسلىكتىن بوشىنىپ زاھىرىددىن بابۇرنىڭ ھۇزۇرىدا قالدى. بىر كۈنى كابۇل㊵ شەھىرىدىكى بىر باغدا شاھانە ئولتۇرۇش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلۇغ زاتلار، ئەمىر - ۋەزىرلەر، ئۆلىما ۋە ئەۋلىيالارنىڭ ھەممىسى يىغىلدى. تۇرلۇك - تۇرلۇك تائاملار تارتىلىپ، داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن بابۇر شاھ مۇزىكىغا ئىشارەت قىلغاننىدى، بۇ ئەزىز تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ، چول ئىراق مۇقامىغا چېلىشقا باشلىدى، مۇزىكا ئىككىنچى ئەۋجىدىن ئۆتۈپ ئۈچىنچى ئەۋجىگە يەتكەندە بىر بۇلبۇل كېلىپ تەمبۇرنىڭ قولىقىغا قونۇۋېلىپ سايراشقا باشلىدى. مەجلىس ئەھلى چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈشتى، بىر مۇنچە كىشىلەر يىغلاپ بىھوش بولۇپ يۇمىلىنىشقا باشلىدى، بۇلبۇل يىراقتىن ئۇچۇپ كېلىپ تەمبۇرغا ئۆزىنى ئۇرۇشقا باشلىدى ۋە يەتتە - سەككىز قېتىم ئۆزىنى تەمبۇرغا ئۇرغاندىن كېيىن يەرگە چۈشۈپ ئۆلدى. بەك تەسىرلىنىپ كەتكەن مەۋلانە تەمبۇرنى تاشلاپ يىغلىغىنىچە بىھوش بولدى. بىر ئازدىن كېيىن بىھوشلارغا گۇلاپلار سېپىلدى، شادلىق شارابلىرى ئىچۈرۈلدى، بىھوشلار ھوشىغا كەلدى، لېكىن مەۋلانە ساھىپ بەلخى ھوشىغا كېلەلمىدى، ھېكىملار ھەر قانچە چارە - تەدبىر قىلىشقان بولسىمۇ پايدا چىقمىدى. شۇنداق قىلىپ، مەۋلانە ھىجرىيە 844- يىلى (مىلادىيە 1440- يىلى) ئالەمدىن كەتتى. بابۇر شاھ يازغان «ئەسرارى مۇسىقى» (مۇزىكىنىڭ سىررى)، ناملىق رىسالىدە بۇ قىسسە ئالاھىدە تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

**ئون ئىككىنچى پىرى شەيخ سەفايى سەمەرقەندى** ㊶ ھەزرەتلىرىدۇر. بۇ ئەزىزنىڭ بىلمەيدىغان مۇقام ئاھاڭلىرى،

چالالمايدىغان چالغۇ ئەسۋاپلىرى يوق دېيىشمۇ بولىدۇ. بۇ پەن بو
ئىككى يۈزدىن ئارتۇق شاگىرتنى ماھىر قىلىپ چىقاردى. «نەشا
مۇسىقى» ‹مۇزىكىنىڭ ئۇنۇمى›، ناملىق بىر رىسالە يازدى، بىر ق
تۇرلۇك ناخشا - غەزەللەرنى ئىجات قىلدى. ھىجرىيە 869- ي
‹مىلادىيە 1464 — 1465- يىلى› ئەللىك ئالتە يېشىدا پالەچ كېس
بىلەن ۋاپات بولدى.

**بۇ پەننىڭ ئون ئۈچىنچى پىرى قىدىرخان ياركەندىد**
(42). بۇ پەندە بۇ ئەزىزدەك ماھارەت كۆرسەتكەن ئۇستاز ئاز. بۇ ئەز
كۆپرەك ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرىنى
غەزەللىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتاتتى. ئالەم ئۆتۈپ ئۇنىڭدەك خۇ
ئاۋاز ئادەم بولمىغان دېيىشكە بولىدۇ. ئىراقتىن، ئىراندىن
تەبرىزدىن(43)، خارەزم، سەمەرقەند، گەنجان، ئىسلامبۇل(44)
كەشمىر، بەلخ(45)، شىراز(46) قاتارلىق يىراق شەھەرلەردىن مۇز
ئۆگىنىشكە كەلگەن شاگىرتلىرى بار ئىدى. راۋاپنى ۋە ھەشت
‹سەككىز تارلىق بىر خىل چالغۇ› نى بۇ ئەزىز كەشىپ قىلدى.
يەنە شائىر ئىدى، «دىۋان قىدىرى» ‹قىدىرخان شېئىرلىر
توپلىمى› بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇزىكا ئىلم
ھەققىدىكى رىسالىلىرىدە چوڭقۇر مەنىلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇر
قويغانىدى. جەندە - كۇلاھ كىيىپ يۈرەتتى. داڭلىق سۇلتا
ئابدۇرىشىتخان(47) غىزادىمۇ، يېتىپ - قوپۇشتىمۇ قىدىرخاندى
ئاجرىمايتتى. قىدىرخان ۋىسال ناملىق بىر مۇقامنى ئىجاد قىل
شاگىرتلىرىغا ئۆگەتتى. ئۇ ئابدۇرىشىتخان پادىشاھدىن ئىككى ي
كېيىن ئالەمدىن كەتتى.

**بۇ پەننىڭ ئون تۆتىنچى پىرى ھەزرىتى پەھلىۋ**
مۇھەممەت كۇشتىنگىردۇر. خۇدايىتائالا ئۆز ئۇستۇنلۇكى
كارامىتى بىلەن بۇ كىشىگە شۇنداق بىر قابىلىيەت ئاتا قىلغانكى،
ھەم ئۇلۇغ ئۆلىما، ھەم ئەڭ كاتتا ئەۋلىيا، ھەم زەبەردەست پەھلىۋ
ئىدى. مىڭ يىللار ئۆتۈپ ئۇنىڭدەك پەھلىۋان چىقمىغان. ئۇ ھ
شائىر، ھەم نەغمىچى، ھەم زور باي ئىدى، شۇنىڭغا مۇۋاپى
ئۇنىڭدەك خوش خۇلۇق، خوش سۆز ئادەم يوق ئىدى. ئۇ يۇقۇر
ئىسمى ئېيتىلغان ئۇلۇغ ئۇستازلار باراۋىرىدە مۇزىكا ئىلمى ھەقق
ئەسەرلەر يازدى، پائالىيەتلەر ئېلىپ باردى، تۇرلۇك - تۇرل
ناخشا، سۆز، ئاھاڭلار ئىجاد قىلدى. ئۇ ئىشلىگەن مۇقام كۇيلىرىنى

بىرى چاھارزەرب بولۇپ، ھەممە ئۇستازلارنىڭ كۆيلىرىدىن ياخشى ھەم يېقىملىق بولغان ۋە تېزلا داڭ چىقارغانىدى. مەشھۇر ئىجادىي مۇقاملىرىنىڭ بىرى چاھارزەرپ، بىرى چاھارگاھ مۇقامى ئىدى. چاھارگاھقا مەۋلانە تۇتى㊽ ئەلەيھىررەھمىنىڭ مۇنۇ غەزىلىنى سالغانىدى (باشلانما بېيىتىنىڭ مەنىسى):

*ئەي ساقى، ئەجەپكى ئەتىنىڭ دەھشەتلىك ئىشلىرى ئامەلۇم كېتىۋاتىدۇ،*

*بۇگۈن ئۇزىمىزنى خۇش تۇتايلى، ئەتىنى كىم بىلىدۇ.*

بۇ مىربۇزرۇك تىرمىزى㊾ نامىغا باغلىنىپ تولىمۇ مۇۋاپىق ئىش بولغان، شۇڭا خۇراسان مەملىكىتىدە، ئىراق، سەمەرقەند ۋە يەركەن خەلقى ئىچىدە بۇنى بىلمەيدىغان نەغمىچى يوق. يەنە بىرى دۇگاھ مۇقامى بولۇپ، بۇنىڭغا مىرخىسراۋ دېھلىۋىنىڭ㊿ مۇنۇ شېئىرىنى سالغانىدى (شېئىر):

*ئەي، سېنىڭ مەڭزىڭنىڭ نۇرىدىن ھەر بىر ئوي يورۇپ كەتتى،*
*سېنىڭ چېچىڭنىڭ ھەر بىر بۇدرىسى ئۇچۇن بىر كوڭۇل ۋەيرانە ۋە ئەسىردۇر.*

بۇ بابۇر سۇلتان نامىغا باغلىنىپ تولىمۇ تەسىرلىك ھەم مۇۋاپىق مۇقام بولغان. يەنە پەنجىگاھ مۇقامىنى ئىجاد قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەزرىتى مەۋلانە كاتىبىنىڭ(51) بىر شېئىرىنى سالغان ئىدىكى، ئۇنى ئاڭلىغان كىشى ھوزۇرلىناتتى. بۇ مۇقام ئەجەم، ماۋەرەئۇننەھرى (52) شەھەرلىرىدە مەشھۇر بولدى. مەۋلانە كاتىبىنىڭ بۇ شېئىرىنىڭ باشلانما بېيىتى مۇنداق (مەنىسى):

*سېنىڭ رەڭگىڭ بەزىدە ئادەم ئولتۇرىدىغانلار قىياپىتىگە كىرىپ قالىدۇ،*

*بىر تەلەيىڭ كۇۋاچىلىقى ئۇچۇن يۈز شەھىت كېلىدۇ.*

ئۇ بۇ شېئىرنى سىلىشتا ئۇنىڭ مۇنۇ چۇشۇرگە بېيىتىنى كۆزلىگەن ئىدى (مەنىسى):

*كاتىبىدەك ئاخشىمى غەم قىلساڭ، ئاڭدا ئۇمىت قىل، بۇ دۆلەتكە سۇلتان ئەبۇ سەئىد كەلدى.*

بۇ سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا(53) نامىغا باغلىنىپ بەكمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولغان ۋە شۇنىڭ بىلەن خەلقى ئالەم ئىچىدە

شۆھرەت تۇتقان. بۇ ئەزىز بۇلاردىن باشقا يەنە بىھىساپ غەزەل
مۇقام، ئاھاڭلار ئىجاد قىلدى، مەشھۇرلىرى مۇشاۋرەك، بايادەك ۋ
يۇقۇرىدا ئېيتىلغان چاھارزەرب، دۇگاھ، سىـــــگاھ، چاھارگاھ
پەنجىگاھلار بولۇپ، غەرپ ۋە شەرق ئوتتۇرىســـــدا مەشھۇردۇر
ھەممىسىنى بۇ قىسقا رىسالىگە سىغدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئەزە
ئاۋال بابۇر شاھنىڭ ھۇزۇرىدا خىزمەت قىلدى، كېيىن مىرزا ئەب
سەئىدنىڭ بارگاھىدا يۇقۇرى ئورۇن تۇتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇلتا
ساھىپ قىران ھۇسەيىن باھادىرخاننىڭ(54) دەرگاھىدا مەھرەم بولدى.
بۇ ئەزىزنىڭ ئۇلۇغلۇغىنى شۇ يەردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇ ئەمى
نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋائى ھەزرەتلىرىدەك ئالىيجاناب زات بىلەن 40
يىل ھەمسۆھبەت، دوست بولۇپ ئۆتتى. ئەگەر بۇ كىشىنىڭ
تەبىئىتىدە زەررىچە ئەيىپ بولسا ئىدى، نەۋائى ئۇنى دوستلۇققا قوبۇل
قىلمىغان بولار ئىدى. ئەكسىچە، نەۋائى: «مەن پەھلىۋان مۇھەممەد
كۆشتىنگىر بىلەن 40 يىل ھەمسۆھبەت بولدۇم، بۇ جەرياندا كۆڭلۈم
مالال بولغۇدەك ھىچقانداق ئىش ئۆتۈلمىدى، بەلكى دوستلۇق
مۇھەببىتىمىز كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ باردى» دەپ يازغان. مانا
بۇنىڭدىن بۇ ئەزىزنىڭ خۇي - پەيلىنىڭ نەۋائىغا ناھايىتى يارىغانلىقىنى
كۆرگىلى بولىدۇ. نەۋائىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، بۇ
ئەزىزنى تەرىپلەپ تارىخ، ھېكايە يازغانلىقى بۇ ئەزىزگە بېرىلگەن ئەڭ
يۇقىرى باھا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەزىز شېئىـــرىي مۇئەمما
(مەنىسى يوشۇرۇن شېئىر)، ئىلمىدە دەۋرىنىڭ يېگانىسى، زامانىنىڭ
نادىرى ئىدى. بۇ پەن توغرىسىدا نۇرغۇن كىـتابلار يازدى. شۇ
زاماندىكى شائىرلارنىڭ يۈزدىن بىرىدە مۇنداق قابىلىيەت يوق ئىدى.
شائىرلار ھەر قانداق شېئىر يازسا، پەھلىۋانغا كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ
پىكرىنى قوبۇل قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ پەندىكى سەمىمىيىتىنى ئۇنىڭ
كۆشتىنگىر تەخەللۇسى بىلەن يازغان بىر شېئىرىنىڭ مۇنۇ باشلانم
بېيتىدىن كۆرگىلى بولىدۇ (مەنىسى):

*— مەن ئۇنىڭغا: كىشتى ئالىمىدە مېنىڭ كىشــــىم غە*
*يىپىشتۇر، دېدىم. ئۇ ھىراتتىكى بىر چوڭ يولنىڭ بويىغا 5000*
*كىشىلىك ئۇي - باغلاردىن تەركىب تاپقان زور بىر ئىـــمارە*
*سالدۇردى، بۇ بىر مۇساپىرخانا بولۇپ، ئۇنىڭغا «نىمەتى ئابات» دە*
*نام بەردى. پېقىرلار، دەرۋىشلەر، مۇساپىرلار ۋە يولۇچىلار كېلى*
*بىر ئاي، ئىككى ئاي، ھەتتا بىر يىل، ئىككى يىل تۇرۇپ قالاتتى*
*ئۇلارغا ھەر كۈنى ئۇچ قېتىم ئۇچ تۇرلۇك ئالىي تاماق بېرىلەتتى*

*ئۇلاقلىرىغا ئارپا - يەمچان تەييار ئىدى. كاتتا - كىچىك ھىرات خەلقى نىمەتى ئاباتتىن ئاماق يەيتتى، پېقىرلاردىن باشقا بايلار، شاھزادىلەر، ۋەزىرلەرمۇ ئاماق يەيتتى، ھەتتا سۇلتان ھۇسەيىن باھادىرخانمۇ تەييار بولغان ئاماقتىن ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم يەتكۈزۈلەتتى. تەرىپ - تەرەپتىن كەلگەن ماشايىخ ۋە ئۆلىمالار ھەزرىتى پەھلىۋاندىن تەلىم ئېلىپ بەش - ئون يىل تۇرۇپ قالاتتى. ئۇ سېپىلىقتا ھاتەم تەيدىنمۇ [55] ئېشىپ كېتەتتى. ئۇ ھەزرىتى جامى بىلەن يېقىن ئۆتەتتى، تەساۋۋۇپتا ئۇنىڭدىن مەخسۇس ئىلتىپاتلار كۆرگەنىدى. ئاللاتائالا بىر قەترە خۇندىن تۆرەلگەن بىر بەندىسىگە شۇنچىلىك كامالەت ۋە قابىلىيەت ئاتا قىلغانىدىكى، ئۇ بىردىنبىر يارىتقۇچىغا يۈز مىڭ ھەمدۇ سانا ئوقۇش كېرەك! بۇ ئەزىزنى پادىشاھدىن گادايغىچە دوست تۇتمايدىغان ئادەم يوق ئىدى. ھەر قانداق كىشى ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلسا، پەھلىۋاننىڭ مەندىن يېقىن دوستى يوق، دەپ ئويلاپ قالاتتى. مىڭ - مىڭلىغان كىشىلەر بۇ ئەزىزنىڭ قولىدا قۇرئان ياد ئالدى، ئەرىئەت ئىلمىنى ئۆگىنىپ ئالىم بولدى. ئۇ ھەربىي ئىلىمدە سۇلتان ھۇسەيىن باھادىرخاننىڭ پۈتۈن قوشۇنىغا ئۇستاز ئىدى. ئۇ شاگىرلارنىڭمۇ ئۇستازى ئىدى. مۇزىكا ئىلمىدىمۇ ھەر خىل مۇقاملارنى ۋە مىڭلىغان شاگىرتلارنى يادىكار قىلدى. تەرىقەتتە ھەر خىل ئۇلۇغ شەيخ ۋە ھۆرمەتلىك ئەۋلىيالارنىڭ پىرى ئىدى. شۇ زاماندا دۇنيا بويىچە ئۇنىڭدەك باي يوق ئىدى. ھۇسەيىن باھادىرخان ئۇنىڭسىز ئولتۇرۇش ئۆتكۈزمەيتتى، ئۇنىڭ مەسلىھەتىسىز ئىش قىلمايتتى. پەھلىۋان بىر كۈنى تويۇقسىزدىن بىھۇش بولۇپ يىقىلغىنىچە ئالەمدىن كەتتى. پادىشاھدىن گادايغىچە پۈتۈن خوراسان خەلقى ھازىدار بولۇپ، گويا قىيامەت قايىم بولغاندەك بىر ئەھۋال يۈز بەردى. ئۆزى ھايات ۋاقتىدا راسلاپ قويغان ۋە ھەر كېچىسى كىرىپ ئىستىقامەت قىلىپ كەلگەن نىمەتى ئاباتتىكى يەرلىكىگە ھىجرىيە 899- يىلى (مىلادىيە 1443 — 1444-يىلى) دەپنە قىلىندى. (ئايەتنىڭ مەنىسى) «بىز ئاللانىڭ، ئاللا تەرەپكىلا قايتىمىز».*

ئون بەشىنچى پىرى ھەزرىتى مەۋلانە لۇتفىدۇر. بۇ ئەزىز مۇشۇ موغۇلىستاندىن[56] ئىدى، ئۇ ئالىملىقتا ھەزرىتى ئەبۇ نەسىر فارابىدەك، ھېكىملىقتا ھەزرىتى ئىبنى سىنادەك، شائىرلىقتا ھەزرىتى ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋائىدەك، نەغمىچىلىكتە قىدىرخاندەك ئىدى. بۇ ئەزىز بىلمەيدىغان ئىلىم يوق ئىدى. زاماننىڭ

ئەڭ كاتتا ئالىمى ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا 500 دىن ئارتۇق ئالىم
قارى تەربىيىلىنىپ چىقتى، 200 چە كىشى مۇزىكا ئىلمىدە كامال
تېپىپ ماھارەت كۆرسەتتى. ئۇ 20 دىن ئارتۇق كىتاپ يازدى
ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائى ئىلمىي پاساھەتتە، ئىستىلىستىكا ئىلمىد
بۇ ئەزىزنى ئۇستازىم دەيتتى. لۇتفى بولسا ھەزرىتى نەۋائىنى
مېنىڭ ئۇستازىم دەيتتى ۋە «مېنىڭ ئۆمۈر بويى يازغان 10 م
مىسرا شېئىرىمدىن سېنىڭ ئىككى مىسرا شېئىرىڭ ئارتۇق» دەيتتى
ھىجرىيە 878- يىلى (مىلادىيە 1473-يىلى) ۋاپات بولدى.

ئون ئالتىنچى پىرى ھەزرىتى يۈسۈپ سەككاكىدۇر.
بۇ ئەزىزمۇ ھەممە ئىلىمدە ھەزرىتى فارابى ۋە ھەزرىتى لۇتفىدە
ئىدى. مىڭلىغان تالىپلار ئۇنىڭ قولىدا تۈرلۈك - تۈرلۈك ئىلىملەر
ئۆگىنەتتى. مەنتىق ئىلمىدە، ئىلمىي پاساھەت ۋە ئىلمىي بەلاغە
(ناتىقلىق ئىلمى)، دە ئەسىرنىڭ يەكتاسى ئىدى؛ شېئىرىيەت ئىلمى
بۇ موغۇلىستاندىن چىققان مۇتەپەككۇرلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئۇستۇ
ئىدى، غەتى ھەققىدە «تەلخىس» (ئومۇمىي بايان)، ناملىق بىر كىتا
تۈزدى، مۇزىكا ئىلمى بويىچە رىسالىلەر يازدى. ھازىرغىچ
نەغمىچىلەر ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ كېلىۋاتقان بايات ناملىق مۇقامنى
شۇ ئەزىز ئىجاد قىلىپ شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەنىدى.

ئون يەتتىنچى پىرى مەلىكە ئامانىسا خېنىم ⑲ ئىدى
بۇ خېنىم سۇلتان ئابدۇرىشىتخاننىڭ خانىشى ئىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ
يېگانە شائىرەسى بولۇپ، «دىۋان نەفىسى» (نەفىسى شېئىرلىر
توپلىمى)، ناملىق شېرىن بىر كىتابنى يازغانىدى. خەتتاتلىقتا ئۇستو
ماھارەتكە ئىگە ئىدى، مۇزىكا ئىلمىدىمۇ شۇنداق كامالەت ئىگىس
ئىدىكى، سۇلتان ئۇنىڭغا تاقەتسىز ئاشىق ۋە ئىختىيارسىز شەي
بولغانىدى. سۇلتاننىڭ بۇ مەلىكىنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىش ۋەقەس
مۇنداق بولغانىدى: سۇلتان ئۆز ۋەزىر - ئەمىر ۋە لەشكەرلىرى بىلە
پايتەختتى يەركەندىن ئاتلىنىپ چىقىپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ
تەكلىماكان دەشتىگە شىكارغا يۈزلەندى ۋە نەچچە كۈن شۇ ئەترا
بولدى. سۇلتاننىڭ كېچىلىرى دېھقانچە ساددە كىيىملەرنى كىيى
قونغۇچى مۇساپىر سۈپىتىدە سەھرا ياقىلىرىدىكى ئۆيلەردە غېرىب
قونىدىغان ۋە شۇ يول بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ رەئىيەلەرگە زۇلۇم
ستەم قىلغانلىقىنى تەكشۈرىدىغان ئادىتى بار ئىدى. بىر كۆ
سۇلتان شۇ يوسۇندا ئەكرەم ئاتلىق بىر مەھرىمى بىلەن بىر خار

ئۆيگە قونغۇچى سۈپىتىدە كىردى. بۇ گۆي مەھمۇت ئاتلىق بىر ئوتۇنچىنىڭ ئۆيى ئىدى، بۇ مەلىكە بولسا شۇ مەھمۇتنىڭ قىزى ئىدى. سۇلتان ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا تۇرغان تەمبۇرنى كۆرۈپ قېلىپ مەھمۇتتىن تەمبۇر چېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مەھمۇت: «مەن تەمبۇر چېلىشنى بىلمەيمەن، مۇشۇ قىزىمىز ماڭا تەمبۇر ئېلىپ بەر دەپ خاپا قىلىپ ئالدۇرغان، قىزىم چالىدۇ» ـ دەپ جاۋاب بەردى. سۇلتان: «ئەمىسە، قىزىڭىز چېلىپ بەرسۇن»ـ دېدى. مەھمۇت قىزىغا ئەمىر قىلدى. قىز تەمبۇرنى ئېلىپ پەنجگاھ مۇقامىغا شۇنداق چالدىكى، سۇلتان ھەيران قالدى، بولۇپمۇ قىز ئۆزى يازغان بىر شېئىرنى مۇقامغا سېلىپ ئوقۇغاندا، سۇلتان قىزنىڭ مۇھەببىتىدە كۆيۈپ، بىھوش بولۇپ كەتتى. شېئىرنىڭ باشلانما بېيىتى مۇنداق ئىدى (مەنىسى) :

*خۇدا ساڭا يۈز شۈكرى، بىزگە ئادىل پادشاھ بەردىڭ،*
*يېتىم ـ مىسكىنگە ئابدۇرشىتخاننى پاناھ قىلدىڭ.*

بۇ غەزەلنىڭ چۇشۇرگە بېيىتى مۇنداق باغلانغانىدى. (مەنىسى) :

*ئەي نەفىسى، ئۆلۈغ تەڭرىگە كېچە ـ كۈندۈز دۇئا قىلغىن،*
*ئەگەر شاھ ھەققىدە دۇئا قىلمىساڭ، قاتتىق گۇناھ قىلغان بولىسەن.*

غەزەل تامام بولۇشىغا سۇلتان ئالدىراپ: «نەفىسى دېگەن شائىر كىم؟ سىز بۇ غەزەلنى نەدىن ئۆگەنگەن؟» دەپ سورىغانىدى، قىز: «خەقنىڭ غەزىلىنىمۇ ياد ئېلىپ ئوقۇمدىكەن، مەن نەۋائى، فۇزۇلى ⑤⑨، زەلىلىنىڭ⑥⓪ شېئىرلىرىدىن باشقىنى ئوقۇمايمەن، بۇ غەزەل ئۆزۈمنىڭ، نەفىسى مېنىڭ تەخەللۇسۇم» دەپ جاۋاپ بەردى. سۇلتان ئۇنىڭ نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنى سورىدى. ئاتىسى: «13 ياشقا كىردى» دەپ جاۋاپ بەردى. سۇلتان تېخىمۇ ھەيران بولدى. ئاڭغىچە، ئامانىسا خېنىم قوپۇپ، ئۆزى يازغان بىر نەچچە شېئىرلارنى ئەكېلىپ كۆرسەتتى. خېتىنىڭ ھۆسنى ئۆزىنىڭ ھۆسنى بىلەن بەسلىشەتتى. پادشاھنىڭ بۇ خەتنى شۇنچە كىچىك نارىسىدىنىڭ يازغىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمەي: «قېنى ئەمىسە، مەن قاراپ تۇراي، بىر شېئىر يېزىپ بېقىڭ» دېگەنىدى، قىز دەۋەت ـ قەلەم ۋە قەغەز ئېلىپ كېلىپ، تۆۋەندىكى بېيىتنى يازدى (مەنىسى) :

*خۇدا، بۇ بەندە ماڭا تولىمۇ گۇمانلىق كۆزدە قارىدى،*

*گويا بۇ ئۆيدە بۈگۈن ئاخشام مەن ئۈچۈن بىر تىكەن ئۈندى.*

سۇلتان كۈلۈپ: «ئىشەندىم، مېنى مەسخىرە قىلماڭ»- دې
ۋە مەھرىمى بىلەن تاشقىرىغا چىقىپ: «بىز ھېلى كېلىمىز» د
كېتىپ قالدى. ئۇ لەشكارگاھىغا بېرىپ، ۋەزىر - ئەمىرلەرگە بولغ
ئەھۋالنى بايان قىلدى. بېشىغا تاج كېيىپ، ئۈستىگە داۋاج ياپتى
دەرھال ئۇن قوي ۋە شايى - ئەتلەسلەر تەييارلاندى، تۈن يېرىم
قىرىق كىشى مەھمۇتنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مەقسەتنى بايان قىلدى
پادىشاھ ئۆزىنى ئاشكارا قىلىپ، توي قىلىپ قىزنى نىكاھىغا ئالدى
بۇ مەلىكە 20 يىل پادىشاھنىڭ نىكاھىدا تۇردى. خۇدايىتائالا بۇ قىز
شۇنداق ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلغانىدىكى، تەرىپلەپ ئولتۇرۇشنى
ھاجىتى يوق. «دىۋان نەفسى» نى يازدى، خوتۇن - قىـــزلار
نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدا «ئەخلاقىي جەمىلە» ، گۈزەل ئەخلاق
نامىلىق بىر كىتابنى يازدى، «شورۇھۇلقۇلۇپ» ، قەلبلەر شەرھى
نامىلىق بىر رىسالە يازدى، شائىرلىق، نەغمىچىلىك ۋە خەتتاتلى
توغرىسىدا بۇنىڭدەك مەنىلىك كىتاب ئاز. «ئىشرەت ئەنگىـــز
، شادلىق قوزغىغۇچى، نامىلىق بىر مۇقامنىمۇ بۇ مەلىكە ئىجا
قىلغانىدى. كۈچلۈك رەشك يۈزىسىدىن سۇلتان بۇنى ئۆز نامى
قىلىۋالغان ۋە شۇ بويىچە نەغمىچىلەرگە ئۆگىتىلگەن. بۇ مەلىكە 4
يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولغان، دېيىلىدۇ. مەلىكە ئالەمدىن ئۆتكەندى
كېيىن سۇلتان ئۆزىنى ئۆلتۈرگۈدەك ھالەتكە يېتىپ، سەۋدايىلىق
كېسىلىگە مۇپتىلا بولدى، سۇلتان ئاخىر يىغلاپ ئالەمدىن ئۆتتى،
دېيىلىدۇ.

بۇلاردىن كېيىن مۇقام، غەزەل ئىجاد قىلغۇدەك بىر ئۇستازنىڭ
ئالەمگە كەلگەنلىكى مەلۇم ئەمەس. شۇنى بېلىش كېرەككى، نەينى
جەمشىت پادىشاھنىڭ مەشھۇر خوتۇنى مەلىكە دىلسوز[61] كەشىپ
قىلدى. سۇنەينى ئاۋۋال كەيقباد شاھنىڭ نەزىرىدە لەشكەرلىــرى
ئارىسىدا ئەردىشىر ئاتلىق بىر كىشى بۇغا مۈڭگۈزىدە ياساپ چالدى.
نوشىرۋاننىڭ[62] زامانىسىدا ياغاچتا سۇناي ياساپ چالدى. داپنــى
سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا دىۋىلەر ياساپ بەردى. ناغرا ئىسكەندەر
زۇلقەرنەيىن زامانىدا كەشىپ بولدى، دېيىلىدۇ. ، دۇئانىڭ مەنىسى،
«بۇ كىتاب بەك بىلگۈچى ئاللانىڭ ياردىمى بىلەن ئاياغلاشتى. »

*

*

يەنە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مۇزىكا ئىلمىنىـــــڭ

ئۇستازلىرى ھەر ئەسىر، ھەر شەھەردە يۈزلەپ بەلكى مىڭلاپ ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئەھۋالاتىنى بايان قىلساق بۇ قىسقا رىسالىگە سىغمايدۇ. شۇڭا، مىڭدىن بىرى تاللاپ ئېلىندى، يەنى بىرەر ناخشا - مۇقام ئىجات قىلغان ياكى بىرەر چالغۇ ئەسۋابى ياسىغان ياكى بۇ ئىلىم توغرىسىدا بىرەر رىسالە يېزىپ داڭ چىقارغانلىرىلا قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى.

*خۇدايىمغا يۈز مىڭ سانا ۋە تەشەككۇر،*
*يەنە ئۇنىڭغا چەكسىز ھەمدى ۋە شۇكۇر.*
*ئەلىشىر ھېكىم بەگكە ئەمەل بەردى،*
*ئۇنى خوتەن خەلقىغە پادىشاھ قىلدى.*
*ئۇ مېنى بۇ شاھ دەۋرىدە تۆرەلدۈردى،*
*بېشىمغا كۈلاھ، ئۈستۈمگە جەندە كىيگۈزدى.*
*زامانە ئادالەتلىك شۇ قەدەر،*
*بۆرى ھەم قويلارغا باج تۆلەر.*
*ماڭا ئەمىر بولدىكى، تارىخنى يازغىن،*
*قولۇڭغا دەۋەت ۋە قەلەمنى ئالغىن.*
*مەن بۇ ئەمىرگە ئىتائەت قىلدىم،*
*شېرىن سۆزلەرنى يىغىپ جەم قىلدىم.*
*نەغمىچى ھەققىدە رىسالىلا بولسا،*
*تارىخ ئېيتى بار كىتابلا بولسا،*
*يىغىپ تۈزدۈم بۇ تارىخنى مەن،*
*ياخشى دېگەي بۇنى ئوقۇپ ئەھلى خوتەن.*
*بولسىمۇ ئەقلىم قىسقا، بويۇم پاكار،*
*خوتەنلىككە قىلدىم بۇنى يادىكار.*
*سەۋەب بولدى بۇنىڭغا ئەلىشىر ھېكىم،*
*كۆپ ئەجرى بەرگەي ئاڭا ئاللا كەرىم.*
*ئوقۇپ ئاڭلىغانغا شۇدۇر ئىلتىجا:*
*ئەلىشىر ھېكىمگە قىلىڭلار دۇئا.*
*يەنە مېنىمۇ تۇتۇڭلار ئەستە،*
*سىبخىي كۆلسە بولۇر ئورنى جەننەتتە.*
*تارىخنىڭ پۈتۈلگەن ۋاقتىنى تارىخىن دېدىم،*
*بىلەلمەسمىكىن دەپ بەكمۇ غەم يېدىم.*

*تۈگەت سۆزنى موجىزى غەرىب بىناۋا،*
*باشقىچە ئىش تۇت، كىمى ئوغلۇغ يولغا.*

1271 ـ يىلى

ئىزاھلار:

① نەۋائى — ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائى مىلادىيە 1441ـيىلىدىن 1501ـيىلىغىچە ياشاپ، ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋرىنى ئاچقان بۈيۈك ئالىم، مۇتەپەككۇر، شائىر، دۆلەت ۋە جامائەت ئەربابى.

نەۋائى مىلادىيە 1441ـيىلى 2ـ ئاينىڭ 9ـ كۈنى بۇرۇنقى غەربى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھىرات شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئەرەب، پارس، تىللىرىنى، شەرق ئەللىرى تارىخىنى، ئىسلام پەلسەپىسى ۋە قانۇنلىرىنى، يۇنان پەلسەپىسى ۋە مەدەنىيىتىنى، شۇنىڭدەك جۇغراپىيە، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە) ۋە تۈرك، پارس، ئەرەب ئەدەبىياتلىرىنى تولۇق ئۆگەنگەن. مىلادىيە 1472ـ يىلى ئۆزىنىڭ ساۋاقدىشى، خوراسان پادىشاھى ھۈسەيىن بايقارا (مىلادىيە 1470ـ1505ـيىللىرى) نىڭ باش ۋەزىرى بولۇپ تەيىنلەنگەن. 1476ـيىلى بۇ ۋەزىپىدىن ئىستېپا بېرىپ، ھىراتتا «ئىخلاسىيە»، «ئۇنسىيە» خانىقالىرىنى قۇرۇپ، مەخسۇس يازغۇچىلىق ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

نەۋائى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن تۈركى ئەدەبىي تىل — چاغاتاي تىلىدا بىر مۇنچە ئالەمشۇمۇل ئەسەرلەرنى يېزىپ، جاھان ئەدەبىياتى غەزىنىسىگە باھالىق تۆھپىلەرنى قوشقان. نەۋائى مىلادىيە 1501ـ يىلى ھىراتتا ۋاپات بولغان.

② لۇتفى — ئەبەيدۇللا لۇتفى مىلادىيە XIV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى، XV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشاپ، مىلادىيە 1465ـ يىلى ۋاپات بولغان. لېكىن بۇ ئەسەردە ھىجرىيە 878ـ يىلى (مىلادىيە 1473 — 1474ـيىلى) ۋاپات بولدى دەپ يېزىلغان.

لۇتفى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن تۈركى ئەدەبىي تىل ـ چاغاتاي تىلىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» ناملىق 2 مىڭ 000 مىسرالىق داستانى ئېينى زاماندا پۈتۈن شەرق ئەللىرىگە مەشھۇر ئىدى. ئۇ يەنە مەشھۇر تارىخچى شەرەفىددىن ئەلى يەزدى (مىلادىيە 1454ـيىلى ۋاپات بولغان) نىڭ تومۇرلەڭ (مىلادىيە 1335ـ1404ـيىللىرى) ھەققىدىكى «زەپەرنامە» ناملىق پارسچە ئەسىرىنى چاغاتاي تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

لۇتفى 99 يىل ئۆمۈر كۆرگەن بولۇپ، ئۆز ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى شۇ زاماندىكى مۇھىم مەدەنىيەت شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولغان ھىراتتا ئۆتكۈزگەن. نەۋائى لۇتفى بىلەن ئىسرار بولغان بولۇپ، ئۇنى «ئۇستازىم» دەپ ئاتىغان ھەم شۇ زاماننىڭ «مالىكۇلكالامى» (سۆز پادىشاھىسى)، «ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ ماھىرى، تۈرك تىلىنىڭ ئۈستىسى» دەپ

تەرپىلەنگەن.

③ جەمشىت. مىرزا ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» دېگەن كىتابىدا قەدىمكى ئىران رايونىدىكى پىشادىيان (پىشدادىيان) سۇلالىسىنىڭ 4- پادىشاھسى، شاھ تومرسىنىڭ ئوغلى دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. رىۋايەتتە ئۇ ناھايىتى باتۇر، قەيسەر، ھۈنەرۋەن بىر شاھ بولۇپ، ئىستەخرى شەھرىنى بىنا قىلدۇرغان، ئىچىملىكنى ۋە ھېيت - بايرام قىلىشنى كەشىپ قىلغان دەپ سۆزلىنىدۇ. «شاھنامە» دېگەن كىتابتا يەنە جەمشىتنىڭ مەملىكىتىمىز جۇڭگو، بولۇپمۇ شىنجاڭ رايونى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىمۇ بايان قىلىنغان. مەسىلەن، تەخمىنەن مىلادىيىدىن X ئەسىر بۇرۇن جەمشىت ماچىن پادىشاھسى ماخاننىڭ بىر قىزىغا ئۆيلەنگەن. ئۇنىڭدىن بەدىئۇل، ھۇمايۇن دېگەن ئىككى قىز تۇغۇلغانىكەن.

④ سۇلايمان —داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى، يەھۇدى ۋە ئىسلام رىۋايەتلىرىدە پۈتۈن ئىنسانىيەت، ھايۋانات ۋە جان - جانىۋارلارنىڭ ھەم دو - پىرى ۋە مالايىكلارنىڭ پادىشاھسى دەپ تەسۋىرلىنىدۇ.

⑤ ئىسكەندەر — ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، ئىسكەندەر رومى، ئالىكساندىر ماكىدونسكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قەدىمقى ماكىدونىيە پادىشاھسى فىلىپ I نىڭ ئوغلى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 356- يىلى ماكىدونىيە پايتەختى پىلا شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 336- يىلىدىن 323- يىلىغىچە ماكىدونىيە پادىشاھسى بولغان. ئىلگىر- ئاخىر بولۇپ قەدىمكى يۇنان (گرېتسىيە)، ئانا تولى (ھازىرقى تۈركىيە)، ئەرەب دۆلەتلىرى، شىمالىي ئافرىقا، ئىران، خوراسان، سىستان، بەلخ، ھىرات قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 323- يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خارەزىم ۋە سوغدى رايونلىرىغا قىلغان ھەربىي يۈرۈشىدە مەغلۇپ بولۇپ ۋاپات بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىمپېرىيىسىمۇ پارچىلانغان.

⑥ ئەلىشىر ھېكىم بەگ — مۇھەممەت ئەلىشىر بىننى ئابدۇ مومىنبەگ. مىلادىيە 1828- يىلى دادىسى ئابدۇ مومىنبەگنىڭ ئورنىغا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن خوتەن ھاكىم بېگى قىلىپ تەيىنلەنگەن. 1864- يىلى خوتەندە مۇفتى ھەبىبۇللاخان ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ھاكىم بەگلىك مەنسىپىدىن قالدۇرۇلغان. 1865- يىلى ياقۇپبەگ (بەدۆلەت) مۇفتى ھەبىبۇللاخاننى ئۆلتۈرۈپ، خوتەننى بېسىۋالغان. ياقۇپبەگ ھۆكۈمىتى يوقىتىلغاندىن كېيىن ئەلىشىر ھېكىم بەگ يەنە ھاكىم بەگلىك مەنسىپىگە تەيىنلىنىپ، 1882- يىلى ۋاپات بولغان.

⑦ «تارىخىي رەشىدى» . تۇغلۇق تۆمۈر (مىلادىيە 1331_1363_يىللىرى) خاندىن باشلانغان موغۇلىستان خانلىقى (مىلادىيە 1348_1514_يىللىرى) دەۋرى ۋە يەركەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرى (مىلادىيە 1514_1551_يىللىرى) دىكى شىنجاڭ رايونىنىڭ بىر قەدەر مۇپەسسەل تارىخى بولۇپ، قەشقەرلىق مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر (مىلادىيە 1500_1551_يىللىرى) تەرىپىدىن پارس تىلىدا يېزىلغان.

بۇ ئەسەر مىلادىيە 1838- يىلى مۇھەممەت نىياز بىننى غوپۇر بەگ تەرىپىدىن ئۇيغ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ھازىر بۇ تەرجىمە نۇسخىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنل ئاكادېمىيىسى ئاسىيا خەلقلىرى تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

⑧ «تەۋارىخى تەبىرى» . مەشھۇر ئەرەب تارىخچىسى ئەبۇ جەئفار مۇھەممە بىننى جەرىر بىننى زەيىت تەبىرى (مىلادىيە 922-يىلى ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن يېزىلغ 4 توملۇق دۇنيا تارىخى. ئەسەردە ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتىدىن تارتىپ ئاپتورن ۋاپاتىغىچە بولغان تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان، بولۇپمۇ ئەرەب خەلىپىلىرى، ئوتتۇ ئاسىيا ۋە شىنجاڭ قاتارلىق جايلارنىڭ تارىخى خېلى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. بۇ ئە مىلادىيە 963- يىلى ئەرەب تىلىدىن پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. مەشھۇر ئۇيغ تارىخچىسى مۇھەممەت سادىق قەشقەرى (مىلادىيە 1849- يىلى ۋاپات بولغان) شۇ چاغدىك قەشقەر ۋالىي تاجىبەگ بىننى ئىسكەندەر بەگ بىننى ئايمان خوجىنىڭ پەرمانى بىل پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ «تارىخىي ئىسكەندەرى ۋە تاجنامەئى شاھى» دە نام قويۇپ تارقاتقان.

⑨ «تەۋارىخى رەۋزە تۇسسەفا» . بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلىي نامى «رەۋزە تۇسسەفا فى سىرەتولئەنبىيا ۋە مۇلكى ۋە ئەلخەلافا» بولۇپ، ئىران تارىخچىسى مۇھەممەت ئىب خاۋەند شاھ ئىبنى مەھمۇت مىرخوند (مىلادىيە 1498-يىلى ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن ئەلش نەۋائىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئەلشىر نەۋائىنىڭ «ئىخلاسىيە» خانىقاسىدا يېزىلغان 6 توملۇ ئەسەر. ئەسەردە ئادەم پەيدا بولغاندىن باشلاپ ئاپتور ياشىغان زامانغىچە بولغان ئەر ۋە ئىران تارىخى بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى تارىخ ئەھۋاللىرىغىمۇ ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن.

⑩ «تەۋارىخى ھۆكەما» . ئەسلىي نامى «تەۋارىخى ھۆكەمائى سەلەف» بولۇ بەزىدە «قۇدۇۋەتۇلمۇ ئەررىخىن» دېيىمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئەرەب تارىخچىسى مەۋلانە شەمسىد مۇھەممەت شەھرۇدى (شەھرى زۇرى دېيىمۇ ئاتىلىدۇ) يازغان ئىككى توملۇق ئەسەر. تومىدا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى پەيلاسوپلار تارىخى، 2- تومىدا ئىسلام دەۋرىدىكى پەيلاسو تارىخى بايان قىلىنغان.

⑪ «تەۋارىخى ئەجەم» . ئەلشىر نەۋائى تەرىپىدىن يېزىلغان ئىران تارىخى بولۇ ئەسلىي نامى «تەۋارىخى مۇلكى ئەجەم» (ئىران شاھلىرى تارىخى) دەپ ئاتالغان.

بۇ يەردىكى «ئەجەم» سۆزى ئەسلىدە ئاسىيادىكى غەيرىي ئەرەب مىللەتلىرى ئومۇمىي نامى بولۇپ، كېيىنچە پەقەت ئىران ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللىنىل ئاخىرىدا پۈتۈن ئىران زېمىنىنىڭ ئومۇمىي نامىنى بىلدۈرىدىغان بىر جۇغراپىيىلىك ئات بولۇپ قالغان.

⑫ «تەۋارىخى ئەرەب» . مۇنداق نامدىكى كىتابلار كۆپ بولۇپ، موجىز قايسى بىرىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىقى مەلۇم ئەمەس.

⑬ فىساغورس . يۇنان ئىدىئالىست پەيلاسوپى پىفاگور (مىلادىيىدىن بۇر

580ـ500ـيىللىرى) نىڭ ئەرەبچە ئاتىلىشى. پىفاگور ماتېماتىكا، مۇزىكا، بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق ۋە ئاسترونومىيە قاتارلىق پەنلەرنىمۇ تەتقىق قىلغان. پىفاگور پەلسەپىسىنىڭ ئىسلام ئەللىرىگە جۇملىدىن، ئۇيغۇر پەلسەپىسىگە بولغان تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان.

«تەۋارىخى مۇسقىييۇن» دا «فىساغورس ھەزرىتى ئىسكەندەردىن بىر يىل كېيىن ۋاپات بولدى» دېيىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 323ـيىلى ۋاپات بولغان بولۇپ، فىساغورسنىڭ ۋاپاتىدىن نەچچە يۈز يىل كېيىنكى ئىش.

⑭فارابى ــــ ئەبۇ نەسىر مۇھەممەت بىننى تارخان بىننى ئۇزلۇغ فارابى. بۇ مەشھۇر ئالىم مىلادىيە 870ـيىلى دەسلەپتە قارلۇق خانلىقىغا (مىلادىيە 766ـ940ـيىللىرى)، كېيىنچە قاراخانىلار سۇلالىسىگە مەنسۇپ بولغان فاراب (ئوترار) شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ ئىلمىنى شۇ جايدا ئۆگىنىپ، كېيىن ئىران، باغداد قاتارلىق جايلارغا بېرىپ پارس، ئەرەب تىللىرىنى ئۆگەنگەن، پەلسەپە، جۇغراپىيە، زوئولوگىيە، تېبابەتچىلىك، مۇزىكاشۇناسلىق بويىچە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ 80 يىللىق ھاياتىدا 120 دىن ئارتۇق چوڭ تومluق ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ پەقەت «كىتابۇلئەلختابە» ناملىق بىر ئەسىرىلا 20 تومدىن ئىبارەت ئىدى. فارابى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى دەمەشقتە ئۆتكۈزۈپ، مىلادىيە 950ـ يىلى شۇ جايدا ۋاپات بولغان. فارابىنىڭ جىنازا نامىزىنى ئەينى زاماندىكى ھەمدان پادىشاھلىقىنىڭ ئۈچىنچى پادىشاھسى، فارابىنىڭ شاگىرتى ئەبۇلھەسەن ئەلى بىننى ئابدۇللا بىننى ھەمدانى سەيپۇلدەۋلە (دۆلەت ئىگىسى) چۈشۈرگەنىدى. ھازىر فارابىنىڭ قەبرىسى دەمەشقتىكى بابۇلسىغىر دېگەن جايدا.

فارابى ئۆز دەۋرىدە شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران ۋە ئەرەب ئەللىرىگە مەشھۇر ئالىم بولۇپ، ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى قەدىمكى يۇناندىكى ئارىستوتېل پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ۋە بىر مۇنچە پەلسەپە ئەسەرلىرىنى يېزىپ، «ئىككىنچى ئارىستوتېل» دەپ شۆھرەت قازانغان. ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ، شۇنىڭدەك ئەينى زاماندىكى مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ پەلسەپە ئاساسىنى ئورناتقان بۈيۈك ئالىمدۇر. كېيىنكى دەۋرلەردە فارابىنىڭ نامى ۋە ئەسەرلىرى ياۋروپا ئەللىرىگە كەڭ تارالغان بولۇپ، ئەرەب ۋە ياۋروپا تارىخىي ھۆججەتلىرىدە «ئەلفارابىئۇس» دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ.

⑮ پەھلىۋان مۇھەممەت كۈشتىنگىر. بۇ كىشى توغرىسىدا «تەۋارىخى مۇسقىييۇن» نىڭ ئۆزىدە خېلى تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن.

⑯ نوھ ئەلەيھىسسالام. يەھۇدى، خرىستىئان دىنلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئىنجىل» دىكى ئەپسانە بويىچە، توپان سۈيى يەر يۈزىدىكى بارلىق ھاياتلىقنى ۋەيران قىلغاندىن كېيىنكى ئىنسانىيەتنىڭ ئەجدادى. «ئىنجىل» دا رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئاللا ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىق ئىشلىرى سەۋەبىدىن يەر يۈزىنى توپان بالاسى بىلەن ۋەيران قىلىش ئالدىدا، نوھ ئەلەيھىسسالامغا بىر كېمە ياساپ پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن شۇ كېمىگە چىقىۋېلىش

ۋە ھەر جىنستىكى ھايۋانلاردىن بىر جۈپتىن ئېلىۋېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. نەت
يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ھاياتلىق توپان سۈيىدە ھالاك بولۇپ، پەقەت نوھ ئەلەيھىسسالا
ئائىلىسى بىلەن كېمىگە چىقىرىۋېلىنغان جان - جانىۋارلارلا ئامان قالىدۇ. 150 كۈ
توپان بالاسىدىن كېيىن نوھ بىر كەپتەرنى قويۇپ بېرىدۇ. كەپتەر بىر تال پىگى ز
شېخىنى چىشلەپ قايتىپ كېلىدۇ. نوھ توپان بالاسى ئاخىرلىشىپ جاھان تىنچلانغا
بىلىدۇ ۋە ئالالا تېغىدا قىرغاققا چىقىدۇ. يەر يۈزىدە ئىككىنچى قېتىملىق ھايات باش
ياۋروپالىقلارنىڭ كەپتەرنى تىنچلىق سىمۋولى قىلىشى ئەنە شۇنىڭدىن قالغان.

بەزى رىۋايەتلەردە نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھام، سام، يافەس ناملىق ئۈچ ئوغلى بو
ھازىرقى ئىنسانىيەت شۇ ئۈچ ئوغۇلدىن بولغان، تۈركى خەلقلەر يافەسنىڭ ئەۋلادى،
بولسا خەرىزدىن تۇغۇلغان دەپ سۆزلىنىدۇ. ئىسلام تارىخچىلىرى ئىنسانىيەتنىڭ
بولۇشىنى ھامان مۇشۇ رىۋايەت بويىچە چۈشەندۈرىدۇ، جۈملىدىن «تەۋارىخى مۇسىقى
نىڭ ئاپتورىمۇ مۇشۇ رىۋايەتنى ئاساس قىلغان.

⑰ يافەس. ئىزاھ ⑯ غا قارالسۇن.

⑱ تۈرك. ئەسلىدە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالى، موڭغۇل يايلاقلىرى
سىبىرىيىنىڭ جەنۇبى، ھازىرقى شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا جايلاردا ياشايدىغان ت
تىل سىستېمىسى تۈركى تىللىرى ئائىلىسىدىكى قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى بو
دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىي ھۆججەتلىرىدە «دى» (狄) «بېي دى» (北狄) ،
لى» (狄历) ، «دىڭ لىڭ» (丁零) ، «تېي لې» (铁勒) «تۈرك» (突厥)
تىلغا ئېلىنغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى «تۈرك» سۆزىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بو
تۈركلەر مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ قەدىمكى قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ بىرى. تۈركلەر مىلا
552- يىلى شەرقتە چاۋشيەن، غەربتە كاسپىي دېڭىزى، جەنۇبتا سەددىچىن، شىمالدا ب
كۆلىگىچە بولغان جايلاردا تۈرك خانلىقىنى قۇرغان. مىلادىيە 630-659-يىللىرى ئارىلا
تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان. لېكىن «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دا تۈرك يافەس
ئوغلى دەپ كۆرسىتىلگەن.

⑲ خەرىز. ئىزاھ ⑯ غا قارالسۇن.

⑳ سۇررى. ھازىرقى لىۋاننىڭ پايتەختى بېيرۇت شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى
قەدىمىي شەھەرنىڭ نامى. تارىخىي ھۆججەتلەردە بۇ شەھەر مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1
يىلى بىنا قىلىنغان دېيىلىدۇ. بۇ شەھەر مىلادىيە 1202- يىلى قاتتىق يەر تەۋرەشتە ۋ
بولغان. «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دا فىساغورس سۇررى شەھىرىدىن ئىدى، دەپ يېز
لېكىن ئىشەنچلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، فىساغورس قەدىمكى يۇناننىڭ
شەھىرىدە (ئانا تولى يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىدە گرېتسىيىگە قارايدىغان بىر ئارال)
كەلگەن.

㉑ بۇ يەردە پەرەڭگىستاننىڭ بۇرۇنقى نامى ئەنتاكىيە دەپ ئاتىلاتتى، دېيىلگەن.

ئەمەلىيەتتە پەرەڭستان بىلەن ئەنتاكىيە تارىختا باشقا - باشقا جايلارنىڭ نامى. «پەرەڭستان» دېگەن سۆز ئەسلىدە «ئېۋروپېيەن» (ياۋروپالىقلار) سۆزىنىڭ ئەرەبچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولغان «ئېفرەنج» سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، دەسلەپتە ئەرەبلەر بىلەن كۆپرەك ئالاقە قىلىپ تۇرىدىغان شەرقىي ياۋروپا ۋە جەنۇبىي ياۋروپا زېمىنىنى كۆرسەتكەن. كېيىنكى زامانلاردا بولسا، پەقەت فرانسىيىنىلا كۆرسىتىدىغان جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ بولۇپ قالغان.

«ئەنتاكىيە» بولسا، ھازىرقى تۈركىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بىر قەدىمىي شەھەرنىڭ نامى.

㉒ كەيقىباد. مىرزا ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى تەرىپىدىن يېزىلغان «شاھنامە» ناملىق ئەسەردە قەدىمكى ئىران كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھى دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. رىۋايەتتە ئۇ ئەفراسىياپ ئىراندىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تەختكە چىققان، دېيىلىدۇ. بەزى رىۋايەتلەردە بۇ كەيقىباد قەدىمكى ئىران مىدىيا (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 10ـ6ـ ئەسىرلەر) سۇلالىسىنىڭ بىر ھۆكۈمرانى بولۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 700ـ يىللىرى ئەتراپىدا تەختكە چىققان ھەم ئىراندىكى ھەمەدان شەھىرىنى بىنا قىلغان دېيىلىدۇ. شۇنىڭدەك قەدىمكى رىم (ۋىزانتىيە) پادىشاھلىقىنىڭ 10ـ پادىشاھى غىياسىدىن كەيخىسرو. ئالائىددىن كەيقىباد ئەۋۋەل (مىلادىيە 636ـ يىلى ۋاپات بولغان) دېگەن كىشىلەرمۇ ئۆتكەن. «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» دا قايسى كەيقىباد نەزەردە تۇتۇلغانلىقى نامەلۇم.

㉓ بالاساغۇن. ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىسسىق كۆل بويىغا جايلاشقان توقماق شەھىرى يېنىدىكى بىر قەدىمىي شەھەر. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ شەھەر تۈرك قەۋملىرىگە مەنسۇپ بولغان بويىلاسانغۇن (بويىلا جاڭجۇن) تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان. بۇ شەھەر تارىختا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ قارلۇق خانلىقى (مىلادىيە 766ـ940ـ يىللىرى) ، قاراخانىلار سۇلالىسى (مىلادىيە 932ـ1219ـ يىللىرى) ، غەربىي لياۋ خانلىقى (مىلادىيە 1131ـ1219ـ يىللىرى) نىڭ پايتەختى بولغان. «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» دا بالاساغۇن ئالتاي تەۋەسىگە كىرگۈزۈلگەن، بۇ يەردە قارلۇق قەبىلىسىنىڭ ئەسلىي ماكانى نەزەردە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

㉔ ئىمام مۇھەممەت غەززالى —زەينىددىن ئەبۇھامىد مۇھەممەت ئىبنى ئەخمەت تۇسى. مىلادىيە 1059ـ يىلى خۇراساننىڭ تۇس شەھىرىگە قاراشلىق غەززالە دېگەن جايدا دۇنياغا كېلىپ، مىلادىيە 1111ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ، شۇ چاغدىكى مەشھۇر ئىسلام پەيلاسوپى بولۇپ، تەرىقەتچىلىك (سوفىزم) بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ «ئەنئەنىچىلەر» دەپ ئاتالغان سۈننىي مەزھىپىنىڭ كۆز قاراشلىرىدىكى بىرلىكنى تەكىتلەپ، تەرىقەتچىلىكنىڭ مۇھىم كۆز قاراشلىرىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى.

㉕ ئىمام پەخرى رازى — ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەت بىنىنى ئەلتەملىكە بىرى پەخرى رازى. مىلادىيە 1149ـ يىلى دۇنياغا كېلىپ، 1209ـ يىلى ھىراتتا ۋاپات بولغان مەشھۇر

ئەرەب پەيلاسوپى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە ئاساسەن ئىسلام پەلسەپىسى (تەفسىرچىلـ
تىبابەتچىلىك، ئىلمىي رىيازەت (ماتېماتىكا)، ئىلمىي مەنتىق (لوگىكا) قاتارلىق پەن
تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان ۋە بىر مۇنچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىمۇ يازغان. ئ
ئۆمرىدە 100 دىن ئارتۇق كىتاب يېزىپ «شەيخۇل ئىسلام» دېگەن شۆھرەتكە ئىگە بو

㉖ ئىبنى سىنا — ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا. ئۇ مىلادىيە 980- يىلى بۇ
سامانىلار سۇلالىسى (مىلادىيە 875—999-يىللىرى) نىڭ پايتەختى بۇخارانىڭ يېنىدىكى
قىشلاقتا دۇنياغا كەلگەن. مىلادىيە 999- يىلى قاراخانىلار سۇلالىسى سامانىلار سۇلالـ
ئۆزىگە قاراتقاندىن كېيىن ئىبنى سىنا بۇخارا، ئۇرگەنچ قاتارلىق جايلاردا ئۆگىنىش ۋە ئ
تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىنچە ئىراندىكى ئىسپاھان، ھەمەدان قا
جايلاردا تىبابەتچىلىك، فىزىكا، ماتېماتىكا ۋە پەلسەپە پەنلىرىنى تەتقىق قىلىش بـ
شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «ئەلقانۇن» «كىتابۇلشىپاھ» قاتارلىق ئەسەرلىرى پۈتۈن شەرق ئە
تىبابەتچىلىكى، جۇملىدىن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئاساسىنى ئورنىتىش بىلەن بىللە، د
تىبابەتچىلىكى ۋە ئىسلام پەلسەپىسىگىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئىبنى سىنا مىلا
1037- يىلى ھەمەداندا ۋاپات بولغان.

㉗ مەۋلانە ئەلى. خوراسان پادىشاھى ھۈسەيىن بايقارا زامانىدا (مىلاد
1470—1505-يىللىرى) ئۆتكەن ئىران شائىرى بولۇپ، ھۈسەيىن بايقارانىڭ دىۋانخانـ
خەتتاتلىق ۋە مۇغەننىچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. شۇنىڭدەك ئۇ يەنە باشقا بىر مۇنچە لىر
غەزەللەرنىمۇ يازغان. ئۇنىڭ «ئەسلۇلۋەسل» ۋە «مۇرتاز» ناملىق ئەسەرلىرى كەڭ تارالغا

㉘ خوراسان. قەدىمكى زاماندا ھازىرقى ئىراننىڭ شەرقى، ئافغانىستاننىڭ غەرب
ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنىڭ ئومۇمىي نامى ئىدى. «خوراسان» دېگەن س
پارسچە «خور» (قۇياش) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «قۇياش دۆلىتى» يا
«شەرق دۆلىتى» دېگەن مەنىدە. «خوراسان» دېگەن نام ئىران ساسانىلار سۇلالىسى دەۋر
(مىلادىيە 224—651-يىللىرى) پەيدا بولدى. تۆمۈرلەنگ زامانىدا خوراسان غەربىي چاغ
خانلىقىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان. مىلادىيە 1451- يىلى تۆمۈرلەنگ ئەۋلادى ئەبۇ سە
بىننى مۇھەممەت بىننى ئەمىرانشاھ بىننى تۆمۈر ئۆز ئالدىغا مۇستەقىللىق ئېلان قىل
خوراسان دۆلىتىنى قۇردى. بۇ دۆلەت مىلادىيە 1510- يىلى ئىران سافاۋىلار سۇلالـ
(مىلادىيە 1502—1722-يىللىرى) تەرىپىدىن يوق قىلىندى.

㉙ خوجا شاھابىددىن — شاھابىددىن ئەبۇ ھەفس ئۇمەر بىننى مۇھەممەدۇلبەك
مەشھۇر ئىران شائىرى، تەرىقەتچىلىك نەزەرىيىچىسى. ئۇ ئۆز ھاياتىدا ئىسلام پەلسەپ
بولۇپمۇ ھەدىس ۋە تەسەۋۋۇپچىلىق ھەققىدە بىر مۇنچە ئەسەرلەرنى يازغان. مىلادىيە 44
يىلى ئىراننىڭ شۇھرەۋەزدى شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، مىلادىيە 1534- يىلى باغدادتا ۋ
بولغان.

㉚ ئابدۇللا مەرۋارىت. سەمەرقەندلىك مەشھۇر شائىر ۋە خەتتات بولۇپ،

مەزگىل ئىران قاتارلىق جايلاردا ياشىغان. خوراسان پادىشاھى ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئوردىسىدا بىر مەزگىل مۇنشى (بلش كاتىپ) بولۇپ ئىشلىگەن. «بابانى» دېگەن تەخەللۇس بىلەن «تارىخىي شاھى» «خىسرو ۋە شىرىن» ناملىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان. مىلادىيە 1516- يىلى ھىساردا ۋاپات بولغان. لېكىن «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دا ئۇ ھىجرىيە 881- يىلى (مىلادىيە 1476-يىلى) ۋاپات بولدى دەپ يېزىلغان.

㉛ ھىسار. ئاسىيادا بىرقانچە شەھەر بۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى بۇخارانىڭ شەرقىدىكى قەدىمكى بىر شەھەر. ئىككىنچىسى ھىندىستاندىكى دېھلىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر قەدىمكى شەھەر. يەنە ھازىرقى تۈركىيىدە «قارا ھىسار» دەپ ئاتالغان بىر شەھەرمۇ بار. شىنجاڭدا «يېڭى ھىسار» (يېڭىسار) دېگەن جايمۇ بار. بۇ يەردە بۇخارانىڭ شەرقىدىكى ھىسار شەھىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

㉜ جامى. نۇرىددىن ئابدۇراخمان جامى، مەشھۇر تاجىك ئالىمى، پەيلاسوپى، يازغۇچىسى، تىلشۇناسى ۋە تارىخچىسى. جامى مىلادىيە 1414- يىلى ئەسلىي چاغاتاي خانلىقى تەۋەلىكىدىكى ھىرات شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ خوراسان پادىشاھى ئەبۇسەئىد ۋە ھۈسەيىن بايقارا ئوردىسىدا ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىگەن. جامى ئۆز ئۆمرىدە «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» قاتارلىق مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، پۈتۈن مۇسۇلمان ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا داڭ چىقارغان. ئەلشىر نەۋائى جامىنى ئۆز ئۇستازلىرى قاتارىدا ھېسابلايتتى. جامى مىلادىيە 1492- يىلى ھىراتتا ۋاپات بولغان.

㉝ ھىرات. ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەربىدىكى قەدىمكى بىر شەھەرنىڭ نامى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى II ئەسىردىن مىلادىيە I ئەسىرگىچە باكترىيە سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولغان ۋە «ھىرى» دەپ ئاتالغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىردە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنغان. مىلادىيە VII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئەرەب خەلىپىلىكى تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئاسىيا قىتئەسىدە مۇھىم ئىسلام مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. مىلادىيە XV ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا خوراسان دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان.

㉞ مۇھەممەت خارەزمى. غەربىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ مەشھۇر ئىسلام پەيلاسوپى بولۇپ، مىلادىيە 1448- يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ تەفسىرچىلىكتە ناھايىتى شۆھرەت قازانغان ۋە «ئۇستاد مۇھەممەت» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ چاغاتاي تىلىدا يازغان بىر مۇنچە شېئىر - غەزەللىرى شۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ناخشا - مۇقام تېكىستلىرى قىلىنغانىدى.

㉟ نەمان سەمەرقەندى. مىلادىيە XV ئەسىردە غەربىي چاغاتاي خانلىقىدا ئۆتكەن مەشھۇر شائىر، غەزەلچى، مۇزىكا ئۇستازى ھەم مەشھۇر ئىسلام پەيلاسوپى. ئۇ مەۋلانە شەمسىددىن تەبرىزى بىلەن بىللە ئىمام مۇھەممەت غەززالى ۋە جالالىددىن رومى (مىلادىيە 1207—1273-يىللىرى) قاتارلىقلارنىڭ ئىسلام پەلسەپىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىسلام دىنى سۈننىي مەزھىپى بىلەن تەرىقەتچىلىكنىڭ قارىمۇقارشىلىقىنى كېلىشتۈرۈشكە ئۇرۇنغان. ئۇ

يەنە ملادىيە X ئەسىردە ئەرەب خەلىپىلىكىدە پەيدا بولۇپ، كېيىنچە ئافغانىستان، پاك ۋە غەربىي ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا تارالغان تەرىقەت مەسلىكى ـ «چەشتىيە» مەزھ كېڭەيتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ھەرىكەت قىلغان. ملادىيە 1461ـيىلى سەمەرقەندتە بولغان.

㊱ مەۋلانە شەمسىددىن تەبرىزى — شەمسىددىن مۇھەممەت بىننى ئەلى ب مۇلك. ملادىيە XV ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر تەرىقەت نەزەرىيىچىسى، ئالىم مۇھەم غەززالى ۋە جالالىددىن رومى قاتارلىقلارنىڭ تەرىقەتچىلىك نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسلىق ۋار ئۇ كۆپرەك ۋاقتىنى سەمەرقەندتە ئۆتكۈزۈپ، مەۋلانە نەمان سەمەرقەندى بىلەن ب تەرىقەتچىلىكنى كېڭەيتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان ۋە نۇرغۇن شېئىر ـ غەزەل يازغان. ئۇ نامەلۇم بىر شەخس تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. تۇغۇلغان ۋە ئۆلگەن ۋاقتى نامە

㊲ چەشتىيە. ملادىيە X ئەسىردە تەرىقەت ئۇستازلىرىنىڭ بىرى ئۇۋج ئە شامى (ملادىيە 940ـيىلى ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان تەرىقەتچىل مەزھەپلىرىدىن بىرى، ئىزاھ [53]گە قارالسۇن.

㊳ مەۋلانە ساھىپ بەلخى. تارىخىي ھۆججەتلەردە يېزىلىشىچە، ئۇ ملادىيە V ئەسىردە ئۆتكەن ئىران شائىرى بولۇپ، ھۈسەيىن بايقارا ھەم ئەلىشىر نەۋائى قاتارلى بىلەن سۆھبەتداش بولغان، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن مەجلىسلىرىگە قاتناشقان. «تەۋارىخ مۇسىقىيۇن» دا ئۇنىڭ كابۇلدا بابۇر شاھ ھۇزۇرىدا ئىشلىگەنلىكى ۋە ھىجرىيە 844ـيى (ملادىيە 1440ـيىلى) نەغمە ئۇستىدە ۋاپات بولغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ يەردە ئېنىقسىزلىق بار. چۈنكى بابۇر شاھ ملادى 1482ـ يىلى دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇن كابۇلدا تۇرغان ۋاقتى ملادىيە 1504ـ يىلىدىن كېيىنكى يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

㊴ بابۇر شاھ — زاھىرىددىن مۇھەممەت بابۇر شاھ. ئاتا جەمەت تەرەپتىن غەرب چاغاتاي خانلىقىنىڭ تۇنجى پادىشاھى تۆمۈرلەڭنىڭ ئەۋلادى، ئانا جەمەت تەرەپتە مۇغۇلىستان خانلىقىنىڭ 9ـپادىشاھى ئۇستاز يۇنۇسخاننىڭ نەۋرىسى. بابۇر شاھ ملاد 1482ـيىلى مۇغۇلىستان تەۋەلىكىدىكى پەرغانىدا دۇنياغا كەلگەن. 1492ـيىلى دادىسى ئۇ شەيخ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، پەرغانە ۋالىسى بولۇپ تەيىنلەنگە كېيىنچە ئۆزبېك خانلىقىدىن شەيبانىخان (ملادىيە 1450ـ1510ـيىللىرى) سەمەرق رايونىنى بېسىۋېلىپ، غەربىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغان ھەم مۇغۇلس تەۋەلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ، بابۇر شاھنى پەرغانىدىن قوغلاپ چىقارغان. بابۇر شاھ كېيى ھازىرقى ئافغانىستان، پاكىستان، كەشمىر، ھىندىستان قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىل مۇغۇلىستان خانلىقىغا تەقلىد قىلىپ بۈيۈك مۇغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان. ئۇنىڭ «بابۇرنا ناملىق چاغاتاي تىلىدا يازغان مەشھۇر ئەسىرى تا ھازىرغىچە زور قىممەتكە ئىگە. ئەسەرنىڭ شۇ چاغدىكى يەركەن خانلىقىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتى ئۈچ تەسىرى چوڭ بولغاندى. بۇ ئەسەر بابۇر شاھنىڭ «ئەسرار مۇسىقى» ناملىق مۇزىكا كىت

بىلەن بىللە تېزلا شىنجاڭ رايونىغا تارالغانىدى. ھازىر «بابۇرنامە» نىڭ پارسچە، ئىنگلىزچە، رۇسچە تەرجىمىلىرى بار. بابۇر شاھ مىلادىيە 1530- يىلى ۋاپات بولغان.

㊵ كابۇل. ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ پايتەختى. قەدىمكى زاماندا شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا ئاساسىي قاتناش تۈگۈنى بولغان. مىلادىيە 1504- يىلى زاھىرىددىن مۇھەممەت بابۇر شاھ تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ، ئىككى ئەسىرگىچە موغول ئىمپېرىيىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولۇپ كەلگەن.

㊶ شەيخ سەفائى سەمەرقەندى — ناسىر بىننى مۇھەممەت بىننى ئىبراھىم شەيخ سافائى سەمەرقەندتە. مىلادىيە 1408-يىلى سەمەرقەنتتە دۇنياغا كېلىپ، 1469-يىلى ۋاپات بولغان. لېكىن «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دا ھىجرىيە 869-يىلى (مىلادىيە 1464—1465-يىلى) ۋاپات بولدى دەپ يېزىلغان. ئۇ مەشھۇر دىنىي پەيلاسوپ ۋە ئەدىب بولۇپ، «ئەلبوستان» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

㊷ قىدىرخان ياركەندى —يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، شائىر ۋە مۇزىكاشۇناس. ئۇ سۇلتان ئابدۇرشىتخان ئوردىسىدا بىلش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، سىياسىي جەھەتتە يەركەن خانلىقىنىڭ بىرلىكى، تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان ھەم ئۇيغۇر شائىرى مەۋلانە خۇلقى، ئايازى، نەفسى (ئامانىنساخان)، مىرزا مىرەك چالىشى قاتارلىقلار بىلەن بىللە يەركەن خانلىقىنىڭ مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇنىڭ «دىۋان قىدىرى» ناملىق بىر شېئىرلار توپلىمى بار ئىدى. قىدىرخان ياركەندى مىلادىيە 1572-يىلى يەركەندە ۋاپات بولغان.

㊸ تەبرىز. ھازىرقى غەربىي شىمالدىكى قەدىمكى بىر شەھەرنىڭ نامى.

㊹ ئىسلامبۇل. ھازىرقى تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرى. ئەرەبلەر دەسلەپتە بۇ شەھەرنى «مەدىنەئى قۇستانتىن» دەپ ئاتىغان. مىلادىيە XI ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيا ياي‌لاقلىرىدا ياشايدىغان ئوغۇز قەبىلىسىدىن بۆلۈنۈپ چىققان سەلجۇق تۈركلىرى ئىران، ئەرەب خەلىپىلىكىنى ئىشغال قىلىپ بۇ جاينى بېسىۋالغان. مىلادىيە 1453-يىلى 5-ئاينىڭ 29-كۈنىدىن باشلاپ ئوسمان تۈرك سۇلالىسىنىڭ پايتەختى قىلىپ بەلگىلەنگەن ۋە «ئىستانبۇل» ئەرەبچە «ئىسلامبۇل» دەپ ئاتالغان. ياۋروپالىقلار يەنىلا «قونستانتىن» دېگەن نام بويىچە «كونستانتىنپول» دەپ ئاتايدۇ.

㊺ بەلخ. ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى بىر شەھەر بولۇپ، مىلادىيە 1221-يىلى چىڭگىزخان تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنغان. مىلادىيە 1370- يىلى تۆمۈرلەڭ تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنغان. كېيىنچە ئىسلام دۇنياسىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان.

㊻ شىراز. قەدىمكى ئىراننىڭ مۇھىم سىياسىي، مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ، مىلادىيە VII ئەسىردە ئىسلام دىنى ئىرانغا تارالغاندىن كېيىن ھەججاج بىننى يۇسۇپنىڭ تاغىسى مۇھەممەت بىننى قاسىم بىننى ئەقىل تەرىپىدىن بىنا قىلدۇرۇلغانىكەن.

بۇ شەھەر ئىراندا ھۆكۈم سۈرگەن تۈرك ئاتابېكان سۇلالىسى (ﻣ...
1150ـ1393ـ يىللىرى) نىڭ پايتەختى بولغان.

㊼ سۇلتان ئابدۇرشىتخان — يەكەن خانلىقىنىڭ تۇنجى پادشاھى م...
سەئىدخاننىڭ چوڭ ئوغلى. مىلادىيە 1510ـيىلى موغۇلىستان خانلىقى تەۋەسىدىكى پە...
شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن، باللىق ۋە ئوقۇش يىللىرىنى پەرغانە ۋە تاغىسى بابۇر شا...
كابۇلدىكى ئوردىسىدا ئۆتكۈزگەن. مىلادىيە 1514ـيىلى يەركەن خانلىقى قۇرۇلغاندىن ك...
دادىسى سۇلتان سەئىدخان بىلەن بىللە قەشقەر ۋە يەكەنگە كەلگەن. بىر مەزگىل يە...
خانلىقىغا تەۋە يەتتە سۇ رايونى (ھازىرقى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى)
سەرتاپلىغىغا (بلش ۋالىيلىقىغا) تەيىنلەنگەن. بۇ چاغدا ئابدۇرشىتخان ئەمدىلا 20 ...
كىرگەن بولۇپ، ھەربىي ئىلىم، پەلسەپە، ئەدەبىيات، مۇزىكا جەھەتتە زور ماھارە...
كۆرسەتكەنىدى. مىلادىيە 1533ـيىلى سۇلتان سەئىدخان شىزاڭغا قىلغان بىر ھەر...
يۈرۈشىدە ئىس تېگىپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن يەكەن خانلىقىغا سۇلتان بولۇپ تەيىنلەنگ...
يەكەن خانلىقىنىڭ يۈتۈنلۈكى، ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن بىر مۇنچە پايدى...
تەدبىرلەرنى قوللانغان.

سۇلتان ئابدۇرشىتخان بولۇپمۇ يەكەن خانلىقىنىڭ پەن، مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇ...
ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان. بەزى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ «دىۋان رشىدى»
«سىلاتىننامە» «مەشۇقنامە» «غەزەلىيات رشىدى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بولغان.

㊽ مەۋلانە تۇتى. مىلادىيە XV ئەسىردە ئۆتكەن ئىران شائىرى. مىلاد...
1481ـيىلى ھىراتتا ۋاپات بولغان.

㊾ تىرمىزى — ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەت بىننى ئەلى تىرمىزى. مەشھۇر ئە...
پەيلاسوپى، ھازىرقى سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى تىرمىز شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن.
شېئىر ـ غەزەلچىلىكتىمۇ خېلى مەشھۇر. مىلادىيە 869ـيىلى تىرمىز شەھرىدە ۋاپات بولغا...

㊿ خىسرو دىھلىۋى — ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان «لاچىن» قەبىلىس...
مەنسۇپ بولۇپ، ھىجرىيە 651ـيىلى (مىلادىيە 1253ـيىلى) كەش شەھرىدە دۇنياغا كەلگە...
كېيىنچە ھىندىستاندا ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇھاجىرلىق تۇرمۇشىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، ھىجر...
725ـيىلى (مىلادىيە 1325ـيىلى) 72 يېشىدا دېھلىدە ۋاپات بولغان. ئۆز ھاياتى...
«ئىسكەندەرنامە» ، «لەيلى ۋە مەجنۇن» ، «شىرىن ۋە خۇسرەۋ» ، «تۇغلۇقنامە» ، «تارى...
دېھلى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(51) مەۋلانە كاتىبى — مىلادىيە XV ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئىران شائى...
ھىجرىيە 839ـيىلى (مىلادىيە 1435ـيىلى) ئاستراباتتا ۋاپات بولغان. «ھەسەن ۋە ئىش...
، «ناسىر ۋە مەنسۇر» ، «بەھرام ۋە گۈلەندەم» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

(52) ماۋەرائۇننەھرى. قەدىمكى يۇنانىنىڭ تارىخ ۋە جۇغراپىيە كىتابلى...
«ترانسئوكسانىيە» (ئوكس ـ ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپى) دېمەك ئاتالغان. مىلا...

VIII ئەسىردە ئىسلام دىنى بۇ جايلارغا تارالغاندىن كېيىن، ماۋەرا ئۇننەھرى (دەريانىڭ نېرىقى تەرىپى) دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى جايلارنى كۆرسىتىدىغان جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ بولۇپ قالغان.

㊼ سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا — ئەبۇ سەئىد بىننى مۇھەممەت بىننى ئەمرانشاھ بىننى تۆمۈر. خۇراسان دۆلىتىنىڭ بىرىنچى پادىشاھى بولۇپ، ھىجرىيە 855-يىلى (مىلادىيە 1451-يىلى) تەختكە چىققان. ھىجرىيە 873-يىلى (مىلادىيە 1468-يىلى) قاراباغ دېگەن جايدا ئەزەربەيجان ۋالىسى ئۇزۇن ھەسەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

㊽ سۇلتان ساھىب قىران ھۈسەيىن باھادىرخان — ھۈسەيىن بىننى مەنسۇر بىننى بايقارا بىننى شەيخ ئۆمەر. تارىخىي ئەسەرلەردە ھۈسەيىن بايقارا دەپلا ئاتىلىدۇ. بۇ خۇراسان دۆلىتىنىڭ ئۈچىنچى پادىشاھى بولۇپ، مىلادىيە 1470-يىلى تەختكە چىقىپ، مىلادىيە 1505-يىلى ھىراتتا ۋاپات بولغان. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ياردىمى ئاستىدا خۇراسان دۆلىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر مۇنچە پايدىلىق ئىشلارنى قىلغان. ئۆزى مەشھۇر شائىر بولۇپ، بىر مۇنچە شېئىر ۋە غەزەللەرنى يازغان.

㊾ ھاتەم تەي. ئەبۇئەدى بىننى ئابدۇللا بىننى سەئىد ھاتەم تەي، قەدىمكى زاماندىكى مەشھۇر ئەرەب شائىرى. ئۇ رىۋايەتلەردە ئۆزىنىڭ سېخىلىقى بىلەن داڭ چىقارغان.

㊿ مۇغۇلىستان. ئەسلىدە شەرقتە قارا شەھەر، غەربتە ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە شەھىرىنىڭ غەربى، شىمالدا كوكچە دېڭىز (بالقاش كۆلى)، جەنۇبتا قارا قۇرۇمغىچە بولغان ھەم شىمالىي شىنجاڭدىكى جۇڭغار ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ (ماڭلاي سۇيە) قاتارلىق رايونلار تارىختا «مۇغۇلىستان» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ موڭغۇللار (چاغاتاي ئەۋلادى) ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايون دېگەنلىك بولىدۇ. مىلادىيە 1348-يىلى چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈر (مىلادىيە 1331—1363-يىللىرى) بۇرۇنقى چاغاتاي خانلىقى تەۋەلىكىدىكى بىر قانچە پادىشاھلىق ۋە بەگلىكلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بىر خانلىق قۇرغان. بۇ خانلىق «مۇغۇلىستان» دەپ ئاتالغان. مۇغۇلىستان خانلىقى مىلادىيە XV ئەسىردىن باشلاپ پارچىلىنىشقا باشلىغان. مىلادىيە 1514-يىلى تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلادلىرىدىن سۇلتان سەئىدخان مۇغۇلىستان خانلىقىنىڭ پارچىلانغان بىر قانچە رايونلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ يەكەن خانلىقىنى قۇرغان. مىلادىيە 1678-يىلى يەكەن خانلىقى ئاپپاق خوجا ۋە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان.

(51) يۇسۇپ سەككاكى. XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XV ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە بىر مۇنچە شېئىر ۋە قەسىدىلەرنى يازغان. ئۇنىڭ «دىۋان سەككاكى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى تا ھازىرغىچە كەڭ تارقالغان. ئەلىشىر نەۋائىي سەككاكىنى لۇتفى بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ، «ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ ماھىرى، تۈرك تىلىنىڭ ئۇستىسى» دەپ تەرىپلىگەن. سەككاكى مىلادىيە 1468-يىلى ۋاپات بولغان.

ئامانىنسا خېنىم. مۇشۇ كىتابنىڭ ئۆز مەلۇماتلىرىغا قارالسۇن.
⑤⑨ فۇزۇلى. ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلغان «چاغاتاي» ئەدەبىياتىنىڭ ئاساس
ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ مىلادىيە 1504-يىلى ھازىرقى ئىراقتىكى باغدادتا جەنۇبىغا جايلاش
كەربالا شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى سۇلايمان ھەزرەت باغدادنىڭ جەنۇبىد
ھىلە شەھرىنىڭ مۇفتىسى بولغان. فۇزۇلى ئۆز ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى باغداتتا ئۆتكۈز
شۇ جايدا شۆھرەت قازانغان. شۇڭلاشقا «فۇزۇلى باغدادى» دېيىمۇ ئاتىلىدۇ. فۇزۇلى
ئانا تىلى «چاغاتاي» تىلىدا نۇرغۇن شېئىر - غەزەللەرنى يازغاندىن تاشقىرى، يەنە پا
تىلىدىمۇ نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. شېئىرىيەتتە «نەۋائى سانى» (ئىككىنچى نەۋائى) د
ئاتالغان. ئۇنىڭ «دىۋان فۇزۇلى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەك
فۇزۇلى مىلادىيە 1562-يىلى باغداتتا ۋاپات بولغان.
⑥⓪ زەلىلى . قولىمىزدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، «زەلىلى» تەخەللۇس
ئىككى شائىر ئۆتكەن. بىرى، مىلادىيە 1743-يىلى ۋاپات بولغان يەكەنلىك مۇھەممەت سىد
زەلىلى؛ يەنە بىرى، مىلادىيە 1790—1844-يىللاردا ئۆتكەن تۈركمەن شائىرى مەختۇم قو
زەلىلى، بۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئامانىنسا خېنىمدىن تەخمىنەن ئىككى ئەسىر كېيىن ياشىغا
دېمەك، بىر بولسا، بۇ يەردىكى «زەلىلى» ئاپتور ياكى خەتتاتنىڭ سەۋەنلىكى بىلەن خ
يېزىلىپ قالغان، بىر بولسا، ئامانىنسا خېنىم ياشىغان دەۋردە ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىر
تېخى مەلۇم بولمىغان باشقا بىر زەلىلى ئۆتكەن.
⑥① مەلىكە دىلسۇز. مىرزا ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ناملىق كىتاب
تەسۋىرلەنگەن شاھ جەمشىتنىڭ خوتۇنى، رىۋايەتتە ئۇ ناھايىتى گۈزەل، ئەقىللىق، جە
ۋە خەلقپەرۋەر شائىرە، غەزەلچى دەپ سۆزلىنىدۇ.
⑥② نۇشىرۋان. قەدىمكى ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ 20-پادىشاھىسى. ئۇ ئىرا
ماۋەرە ئۇننەھرى ۋە ئەرەب دۆلەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. مىلادىيە 531-يىلى تەخ
چىقىپ، مىلادىيە 579-يىلى ۋاپات بولغان.

---

*تۈزگۈچىنىڭ ئىزاھاتى: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (تەرجىمە نۇسخىسى) ناملىق ئە*
*بىلەن ، «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» غا كىرىش سۆز، ناملىق ماقالە ھەمدە «تەۋارىخ*
*مۇسىقىيۇن»غا بېرىلگەن 62 ئىزاھ بۇ يۇرۇشلۇك كىتابلارنى تۈزۈش داۋامىدا ئالىم*
*مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەسلىھەت - تەلىپىگە ئاساسەن، مۆھتەرەم ئۇستاز ئەن*
*باتۇر، خەمىت تۆمۈر تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىد*
*1982-يىلى 6 - ئايدا نەشر قىلىنغان 1-نەشرىدىن ئەينەن ئېلىندى.*

ئىمىن تۇرسۇن

# نەۋائى ۋە خوتەن

ئالەمشۇمۇل ئەدىب ئەلىشىر نەۋائى «ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن» «كىچىك باخشى» «غىياسىدىن باھادىر» نىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى ئىدى. ئۇ ھىراتتا 1441 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1501 - يىلى ۋاپات قىلغان. بىرەر زاتنىڭ مىللىي مەنسۇپلۇقى تۇغۇلغان يېرى بىلەن ھۆكۈم قىلىنمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان.

ئۆز ئانا تىلى ئۇچۇن قاتتىق كۈرەش قىلغان ئەدىبلەرنىڭ پېشۋاسى، تۈركىي تىل، جۈملىدىن ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسىلىشىدە چوڭ رول ئوينىغان بۇ مۇتەپەككۇر شائىر، تۈركىي ئەدەبىيات تارىخىدا XV ئەسىردە ئۆتكەن ئۆزىگە زامانداش ئەدىبلەر ئىچىدە، ئەسەرلىرىنىڭ تېماتىكىسى ۋە بەدىئىي تىلى جەھەتلىرىدىن ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن بايراقدار دەپ ئاتالدى.

تېماتىكا جەھەتتىن، ئىپىك ئەسىرى «خەمسە» نى ئالساق، نەۋائى ئۆزىدىن ئىلگىرى «خەمسە» يازغان شائىرلارنىڭ، بولۇپمۇ ئىلياس يۇسۇف ئوغلى نىزامىي گەنجەۋىي، ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىيلەردىن ئۆزگىچە يول تۇتقان. بۇ ھەقتە نەۋائى مۇنداق ئەسكەرتكەن:

*خۇش ئەرمەس ئەل سوغىچە رەخش سۈرمەك،*
*يولىكىم ئەل يۈگۈرمىشدۇر يۈگۈرمەك.*

نىزامىي گەنجەۋىي «خۇسرەۋ ۋە شېرىن» داستانىدا، خۇسرەۋ دېھلەۋىي «شېرىن ۋە خۇسرەۋ» داستانىدا ئەجەم مۈلكىدىن خۇسرەۋنى باش قەھرىمان قىلىپ تاللىغانلىقىغا تەنقىدىي نەزەر بىلەن قاراپ، ئۇلار ماڭغان يولدىن ماڭماي، ئۆزىنىڭ «فەرھاد ۋە شېرىن» داستانىدا ۋەقەلىكنىڭ يىلتىزىنى ۋە باش قەھرىماننى چىن دىيارىدىن تاللىغان.

دەرۋەقە، ئۇ زامانلاردا ئىران - خوراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا

ئەدىبلىرى چىن مەملىكىتىنى دۇنيانىڭ ئىقتىسادى گۈللەنگەن، ت
تېخنىكىدا ئاجايىپ يېڭىلىقلار يارائقان، قۇدرەتلىك، مەدەنىيەتلى
مەرىپەتلىك مەملىكەت دەپ ئۇلۇغلايتتى. يەنە كېلىپ خوتەن ديار
ئۇلۇغ چىن مەملىكىتىنىڭ كۆزىنكى دەپ تەرىپلەپ، «ماچىن» د
ئاتايتتى. ئەمەلىيەتتە، قەدىمكى «ئۇدۇن» ئۆزىنىڭ قاشت
مەدەنىيىتى، توقۇمىچىلىق (جۇملىدىن گىلەمچىلىك، يىپەكچىلى
مەدەنىيىتى، تەسۋىرىي سەنئەتكارلىق ھۈنەرلىرى بىلەن تونۇلغا
شۇنداقلا قۇچۇ، كۇچا، كاشىغەر كېبى قەدىمكى مەدەنىي
مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. شۇڭا، ئەدىبلەر، شائىرلا
سەنئەتكارلار نەزەرىدە، خوتەن گۈزەللىكنىڭ تىمسالى ئىدى؛
ئەسەرلىرىدە ئەڭ گۈزەل - ساھىبجامالارنى «خوتەن رەنالىرى»
«خوتەن خوبلىرى» دېگەن تەسۋىرىي ئىبارە بىلەن قوياش دېيىشنى
ئورنىغا «خوتەن خاۋەرى» ياكى «شاھى خوتەن» دېگەن تەشبىھ بىلە
تەسۋىرلەيتتى. مەسىلەن:

*«بۇ نەۋگە گويۇدۇمكىم، مېنى گويىغانتقوچى تاڭلا*
*يۈز سىيغىشانلىغ بىلە شاھى خوتەن گەردى»*
*«ئەي خوتەن جەيرەنلەرى، نېتكەي بۇ مەجبۇن كۆڭلۈمە،*
*نەفئەگى يەتكۈزسەڭىز مۇشكىن غەزالىمدىن گەھى»*

— نەۋائى

ئەلىشىر نەۋائى «خەمسە» سىنىڭ گۈل تاجى بولغان داستانىغ
ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغ
ھاياتىي كەچۈرمىشلىرىنى ۋە مۇھەببەتتىكى قايغۇ - ئەلەملىرىنى
ئىپادىلەشكە ۋاستە قىلىپ، «مەھزۇن فەرھاد» ئوبرازىنى كۆيۈ
پىشىپ تەسۋىرلەشتە، بارچە ماھارىتىنى دېگۇدەك بېغىشلىغان
ئوبرازىنى چىن مەملىكىتىدىن تاللاشتا، ئۇنىڭ ئۇلۇغ سىما ۋە چ
ئاشىقنىڭ ئۆلگىسى، مەرىپەتلىك، ئالىيجاناب ئىنسان زاتىنى
نامايەندىسى ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش ئىدى.

نەۋائى «خەزايىنۇل مەئانى» دىۋانىغا كىر گۈزگەن بە
غەزەللىرىدە، گۈزەللەرنى، سۆيۈملۈك يارنى «بۇتى چىن» «لۇئبى
چىن» «غەزالى چىن»، گۈزەللەرنىڭ چاچلىرىنى «مۇشكى چى
دېگەندەك گۈزەل تەشبىھ بىلەن تەسۋىرلىگەن.

«فەرھاد ۋە شېرىن» داستانىدا كىرىشمە بابلاردىن باشقا، پۈ

ۋەقەلىك ۋە ئېپىزوتلار بايان قىلىنغان 40 بابتىن ئولىلغان بابتا چىن مەملىكىتى، فەرھادنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە ھەر خىل بىلىم - ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىشى، ئاتىسى خاقان بىلەن ھەربىي يۈرۈشلەرگە قاتنىشىشى ۋە فەرھادنىڭ تىلسىمنى ئېچىشى، خاقان ئۆز ئوغلى فەرھادنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇتۇش ۋە ئۇنى غايىبانە ئاشىقلىق ھەۋىسىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن يىلنىڭ تۆت پەسلى مەنزىرىسىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان تۆت قەسىر سالدۇرۇشى قاتارلىق ۋەقەلەرنى نەۋائى گوياكى ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتىغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىدەك، ئوتلۇق ئىشتىياقى ۋە كۈچلۈك ھېسسىياتى بىلەن ئاجايىپ تەشبىھلەر ئارقىلىق تەسۋىرلىگەن. نەۋائى داستانىدا چىن مەملىكىتىنى ئۇلۇغلاپ يازغان بابتىن بەزى ئۈزۈندىلەرنى كەلتۈردۇق:

*بۇ چىنى ھۆللەرغە بولغان رەقەمكەش.*
*يۈزىن بۇ تەرھ ئىلە قىلدى مۇنەققەش ...*
*كى چىن مۈلكى كى رەشك نەقشى چىندۇر،*
*سەۋادى غەيرەئى خۇلد بەرىندۇر ...*
*ئىكى ئالەمچە مۈلكى ۋۇسئەت ئىچرە،*
*يەتى گەردۇنچە تەختى رىفئەت ئىچرە.*
*سىپاھى يەر يۈزىدە قۇم ھېسابى،*
*نەقۇم، گەردۇن ئۆزەئەنجۇم ھېسابى.*
*تەجەممۇل ئاندا ئەفرىدۇنچە يۈز مىڭ،*
*خەزانى مەخزەنى قارۇنچە، يۈز مىڭ ...*
*زەمانە تاق ئافاق ئەيلەپ ئانى،*
*بارى خانلار ئارا تاق ئەيلەپ ئانى ...*

چىننى ئەنە شۇنداق باي، قۇدرەتلىك چوڭ مەملىكەت دەپ تەسۋىرلەش بىلەن بىللە، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت - سەنئەت جەھەتلىرىدىمۇ ئاجايىپ كەشپىياتلار يارانقان مەرىپەتلىك ئەل ئىكەنلىكىنى مۇنداق تەرىپلىگەن:

*خىتا مۈلكىدە ھەر نەۋئى غەرايىب،*
*كى، مۇمكىن بولماغاي ئانداغ ئاجايىب.*
*سۇ مەنبەلەرى بارى زىباۋۇ نازۇك،*
*ھۈنەرۋەرلەر بەغايەت چۇستۇچابۇك ...*

*قىلىپ تۈننى يورۇق، كۈننى قاراڭغۇ،*
*سۇدىن ئوت ياندۇرۇپ، ئوتتىن سىپىپ سۇ.*
*كۆكەرتىپ شۆگىلەلىق ئوتتىن سىپەندان،*
*ئاسىپ ئۆزگەچى تارى بىرلە سەندان.*

دىققەتكە سازاۋەر يەنە بىر مەسىلە شۇكى، نەۋائى بۇ داستاندا «چىن مۇلكى» ، «خىتا مۇلكى» بىلەن «خوتەن مۇلكى» دېگەن خاس نامىلارنى مەنىداش نام قىلىپ قوللانغان. ئاندىن يەنە، چىن خاقانى فەرھادقا ئاتاپ ياساتقان ئاجايىپ ھەشەمەتلىك تۆت قەسىرنىڭ چارباغ خوتەن دىيارىدا ئىكەنلىكى، فەرھادنىڭ ئالەم بىلەن خوشلاشقاندا بەھرامغا يەل ئارقىلىق يوللىغان سالىمىدا، خوتەننى ئەسلەپ ئېيتقان ئاتەش مەسەللىك بېيىتلىرىدىن مەلۇم، فەرھاد دەيدۇ:

*خوتەن مۇلكىكى جەننەتتىن نىشاندۇر،*
*سەۋادى ئۆزرە جەننەت جان فىشاندۇر.*
*ھەم ئاندا تۆرت باغى رەۋزە ئايىن،*
*ئىچىندە تۆرت قەسىرى خۇلد تەزيىن.*
*كى بولمىش ئەردى ھۆكمىدىن مۇھەييا،*
*ئۇلۇ ئەسنارى ئانداقكىم سۇرەييا.*

بۇنىڭدىن باشقا، نەۋائى «خەمسە» سىنىڭ تۆگەللى خاراكتېرىدىكى داستانى بولغان «سەددى ئىسكەندەر» دە، چى مەملىكىتىنى تىنچلىق ۋە دوستلۇقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قۇدرەتلى مەملىكەت دەپ تەسۋىرلىگەن. «يەتتە ئىقلىم» غا جاھانگىر بولۇ نىيىتىدە يۈرۈشلەر قىلىپ، ئىران - خوراسان، كەشمىر ھىندىستانلارنى ھەربىي كۈچ بىلەن ھۆكۈمرانلىقى ئاستى كىرگۈزگەن ئىسكەندەر ئۆزىنى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ۋە شاھلار شاھ دەپ چاغلىسىمۇ، لېكىن نەۋائىنىڭ قەلىمىدە، بۇ جاھانگىر پادىش ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ ۋە مەدەنىيەتلىك ھەم قۇدرەتلىك مەملىكەت - چىن بىلەن ئۇرۇشۇشتىن تەپ تارتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بى ئىسكەندەر چىن خاقانى بىلەن دوستلۇق ئورنىتىدۇ. نەۋائىنى يېزىشىچە، چىن خاقانى بىلەن ئىسكەندەر كۆرۈشكەندە، خاقانى ئۇلۇغلاپ مۇنداق دەيدۇ:

*سېنىڭكىم ھەق ئەتتى بۇ نەۋكى ئەرجۇمەند،*
*كى، بەستىلىڭ دۇرۇر بويلە مەندەك بەلەند ...*

ئىسكەندەر خاقانى چىنغا ھۆرمەت - تازىم بىجا كەلتۈرۈپ، سوۋغا - سالام سۇنغاندىن كېيىن، خاقانى چىننى ئاتا ۋە تاجدار، ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئوغۇل ۋە سىپەھدار ئورنىدا كۆرىدۇ.

*ئىسكەندەر دېدى: جەمشىد قىلغىلى كۆڭۈل،*
*ئىكى، دەھر ئارا سەن ئاتا، مەن ئوغۇل ...*
*قىلىپ ساڭا پەرزەنتىدەك پايىبۇس،*
*دەيىنكىم تىنرىلدى مەلىك فەيلەقۇس.*
*سەن ئەت مەسنەد ئۆزرە كۈلاھدارلىق،*
*مەن ئاللىڭدا ئەيلەي سىپەھدارلىق.*

خاقانى چىنمۇ ئىسكەندەرنى ئىززەتلەپ مېھمان قىلىدۇ، ئۇنىڭغا «ئايىنەئى چىن» ۋە «لۇئبەتى چىن» دېيىلگەن جاھاندا مىسلى يوق ئاجايىپ ئىككى نەرسە سوۋغات قىلىدۇ.

«ئايىنەئى چىن» — «ئىككى يۈزى ئاي ۋە كۈندۈزدەك يورۇق بولغان، ھەر قانداق ئادەمنىڭ تۇرقى - ئەپتىدىن نىيىتىنىڭ قانداقلىقىنى ۋە ھەر قانداق قاراڭغۇلۇقتا يوشۇرۇنغان نەرسىنىمۇ ئاشكارا كۆرسىتىپ بېرىدىغان خىسلەتلىك چىن ئەينىكى».

«لۇئبەتى چىن» — «خىتايى نەسەب، شوخى چىنىي نەۋاد، جەمالىغە ھۆرۇپەرى خانەزاد» بولغان «چىن گۈزەلى». ئىسكەندەر غەربكە قايتارىدا، مورلار مەملىكىتىدە زور دېۋە سۇپەت قوشۇنغا دۇچ كېلىدۇ، ئىسكەندەر بارلىق باتۇر ۋە سىپەھرىگەرلىرىنى ئىشقا سېلىپمۇ بۇلارنى بويسۇندۇرالماي بېشى قېتىپ تۇرغاندا، «چىن ماچىن» — خوتەن دىيارىدىن ئاتلانغان بىر «يىگىت» — نىقابلانغان ۋە تۈركى ئارغىماققا مىنگەن پەھلىۋان ھازىر بولۇپ، مور قوشۇنىنى تارمار قىلىدۇ. ئاخىرىدا، بۇ نىقابلانغان «يىگىت» ھېلىقى «لۇئبەتى چىن» بولۇپ چىقىدۇ.

نەۋائىنىڭ چىن ۋە خوتەن توغرىسىدىكى بايانلىرىنىڭ ماھىيىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرراق ھەم ئەتراپلىقراق تەتقىق قىلىپ، ئېنىق يورۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەمدى نەۋائىنىڭ ئەدەبىي تىلىدىكى ئالاھىدە بىر ئۆزگىچىلىك،

يەنى «خاقانىيە تىلى» ، جۈملىدىن «ئورتاق تۈركىي ئەدەبىي تىل نىڭ بىر شېۋىسى بولغان «خوتەن تىلى» بىلەن يېقىنلىقى يا ئوخشاشلىقىغا دائىر بەزى خۇسۇسىيەتلەرگە ياندىشىپ كۆرەيلى.

ئۇيغۇر تىلى ئاساس بولغان «خاقانىيە تىلى» قاراخانىلار گورخانىلار زامانى ئاياغلىشىش بىلەنلا ئۈزۈلۈپ قالماي، ئەھمە يۈكنەكى، ئەھمەد يەسەۋى، ناسىرىددىن رابغۇزى ئەسەرلىرى كۆۋرۇ بولغان ھالدا، XV ، XVI ئەسىرلەردىمۇ يەنىلا «ئوتتۇرا ئاسىيا ئورتا ئەدەبىي تىلى» رولىنى ئۆتەپ كەلدى. بولۇپمۇ، خاقانىيە تىلىنىڭ فونېتىكا، گراماتىكا ۋە لېكسىكا جەھەتلىرىدىكى ئۆزگىچىلىكلىر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، جۈملىدىن ئۇنىڭ چوڭ شېۋىلىرىد بىرى بولغان «خوتەن تىلى» دا ئەينەن ساقلىنىپ قالغانلىقى جانلىق تىلدا كەڭ ئىپادىلىنىۋاتقانلىقىغا دائىر تىل پاكىتلىرى بو ئىسپاتلىماقتا. مەسىلەن، ئىسىملار ۋە ھەرىكەتناملارنىڭ ئېنىق ياك ئېنىقسىزلىق، بېقىندىلىق كاتېگورىيىسىدە، شۇنىڭدەك ئىسىملاردى بىرەر ئىش - ھەرىكەتنىڭ خاسلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرن ياساشتا، نەۋائى ئەدەبىي تىلىدىمۇ خۇددى «كاشغەر تۈركچىسى جۈملىدىن «خوتەن تىلى» دىكىگە ئوخشاش «لىغ \ لىگ» (ھە جاراڭسىز ۋە لەۋلەشكەن تۈرلىرى — «لىق \ لىك» ۋە «لۇغ لۇق» ، «لۇگ\لۇك» ) قوشۇمچىسى ئىشلىتىلگەن. «فەۋائىدۇ كىبەر» دىۋانىدىن مىسال:

*ئانچە مەھزۇن كۆڭلۈم ئۆلمىش ئىشقىدىن ئازارلىغ،*
*كىم، قىلۇرمەن يىغلابان، ھەركىمنى كۆرسەم، زارلىغ.*

*..............................................*

*باغىسى ئەرمىش يىغلاماقلارغا بولۇپ كۆڭلى زەئىف،*
*ئاشىقىكىم، فۇرقەت ئىچرە چەكسە كۆپ بىمارلىغ ...*
*چۇن نەۋائى يارىدۇر ئىشرىتنو لەيلىدەك، نەتالى.*
*ئەيلەر فەرھاد ۋەشلىغ، يوقسە مەجنۇنئۋارلىغ.*

شۇنىڭدەك، نۇرغۇن غەزەللىرىدە «خوتەن تىلى» دىكىدە «ئىسسىغ، قىزىغ، سارىغ، ئارىغ، ئاچچىغ، قاتتىغ، قىلىغ» «سالىغ، ساتىغ - ئالىغ، سىلىغ (سۆز) » دەپ ئىشلىتىلگەن. يەنە مىسال:

*ئەي ئەقىل، قىلماغىل كۆپ تەئۋسانلىغنو ھوزۇرنلۇق،*
*كىمر، گىشتىق بىزگە سالدى ئاجىزلىغنو زەبۇنلۇق.*
*تا گىشتىق ئىسدەتمدىن تەئشۇەلمەس ئادەمنزاد،*
*تائادەمىيلىق ئاندىن كەتمەس يىراقنو دۇنلۇق.*

بۇنداق غەزەل قاپىيىسىدە كەلگەن سۆزلەرنىڭ لەۋلەشمىگەن تۈرلىرىنى «مەھرەملىق، ھەمدەملىق، ئادەملىق، مەھكەملىق» شەكىللىرىدە ئىشلەتكەن.

«ق \ غ» لىق قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئۈچى تاۋۇشلۇق شەكىللىرى بىلەن كەلگەن سۆزلەرنى «تىك»، «بىيىك»، «يىرىك (ئىرىك)»، «ئىلىك» دەپ يازغان بولسا، ئۇ سۆزلەرنىڭ سۈپەت شەكىللىرىنى «ئىنتىك»، «تىرىگ» دەپ ئىشلەتكەن. بۇ يەردە شۇنى ئەسلىتىشكە توغرا كېلىدۇكى، ئۇ زاماندا ئەدىبلەر ئاساسەن ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەرنىلا ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن «ب» ھەرپىنى «ب» ھەم «پ» ئورنىدا، «ك» ھەرپىنى «ك» ھەم «گ» ئورنىدا ئىشلەتكەن. يەنە كېلىپ، بەزى كاتىپلارنىڭ ئۆز تەلەپپۇزى بويىچە كۆچۈرگەنلىكى ئۈچۈن، گاھى غەزەللەردە ياكى بېيىتلەردە «گ» نى «ك» قىلىپ يېزىش ئەھۋاللىرىمۇ بار.

نەۋائى ئەدەبىي تىلىدا، خۇددى «خوتەن تىلى» دىكىدەك، كىچىك تىل تاۋۇشلىرىدىن «غ» ياكى «ق» بىر سۆزدە قاتار تەكرار كەلمەيدۇ. تەبىئىي يوسۇندا، سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا «ق» ياكى جاراڭسىز باشقا تاۋۇش كەلسە، كېيىنكى بوغۇمىدا «غ» كېلىدۇ. مەسىلەن:

*ئاقساغ، قورساغ، چاغلىق، يارۇغلۇق،*
*شەيخ بىرلە خانىقاھدىن چۈن يارۇغلۇق تاپمادىم،*
*دەير پىرى خىزمەتىغە كويىي خەممار گىستەدىم.*

— نەۋائى

«خاقانىيە تىلى» دىن تارتىپ «چاغاتاي ئۇلۇسى تىلى» دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا قېلىپلاشتۇرۇپ بەرگەن بىر قائىدە بار. يەنى، بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى ئورۇنداش ئىشلىگۈچىنىڭ بۇرچى ئىكەنلىكىنى، ئىشلىگۈچىنىڭمۇ، ئىشلەشنى

قارار قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان كەلگۈسى زامان سۈپەتداشنى
بۇيرۇق شەكلى ئاخىرىغا «غۇلۇق \ گۈلۈك» قوشۇلىدىغان قائىد
نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىزچىل كۆپ ئىپادىلەنگەن. بۇ خۇسۇسىيە
ئۇيغۇر تىلىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ خوتەن شىۋىسىدە كۆپ ئۇچرايد
نەۋائى:

*سەبرۇ قەرارۇ ھۇشنى ئالماقلىغىلىق نەدۇر،*
*ئەي جانلار ئافەتى ساڭا جانىمدۇر ئالغۇلۇق.*
*مۇغ كويى ئەزمىدىن مىنى مەنئ ئەتمە، ئەي رەفىق*
*بۇ يول ئىبرۇرچۇ ئەھلى مەلامەتغە بارغۇلۇق.*
*(«بەدايىئۇل ۋەسەت»)*

*دىدى: ئولىيان جەنبەت سۇرگۇلۇكدۇر،*
*بۇ ئىش ئەر ۋاقىئ ئولسا كۆرگۇلۇكدۇر.*
(«فەرھاد ۋە شىرىن»)

پېئىل كاتېگورىيىسىدە يەنە بىر مۇھىم ئۆزگىچىلىك شۇكى،
مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دا خاقانىيە تىلىنىڭ زامان
كاتېگورىيىسى ھەققىدە بايان قىلىنغان خۇسۇسىيەت نەۋائىنىڭ
ئەدەبىي تىلىدىمۇ ئىزچىللاشقان. بۇ خۇسۇسىيەت پېئىلنىڭ زامان
كاتېگورىيىسى ئىككى، يەنى ئۆتكەن زامان بىلەن كەلگۈسى زامان
ئىكەنلىكى بىلەن خاراكتېرلەنگەن. سۆزلەپ ياكى ئىشلەپ تۇرغان
چاغقىچە ئۆتكەن زامان، سۆزلەپ ياكى ئىشلەپ تۇرغاندىن كېيىنكىسى
كەلگۈسى زامان. بۇ ھال «خوتەن تىلى» دا ناھايىتى ئېنىق
كۆرۈنىدۇ.

نەۋائى ئەسەرلىرىدە پېئىلنىڭ سۈپەتداش شەكلى (-غان\-قان
ياكى -گەن\-كەن) دىن كېيىن، بىۋاستە خەۋەرگە باغلانغان ھالد
خەۋەرنىڭ ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بىرىكمىلىرىگە كۆپىنچ
رەۋىشداش قوشۇمچىسى (پ\ىپ) ئۇلانغاندىن كېيىن، « مەن\سەن
« دۇر\دۇرلەر» ياكى «ئەردى\ئىدى» قاتارلىق ياردەمچى پېئىللا
ئارقىلىق ئۆتكەن زاماننى بىلدۈرىدىغان شەكىللەر كۆپ ئۇچرايدۇ.
نەۋائىدىن مىساللار:

*«بۇ فەقىر بۇ فەن ئۇسۇلىدىن ھاسىل قىلغانىدىمىز»*
*(«مىزانۇل ئەۋزان»)*

*«زامانىنىڭ پەھلىۋان ۋە مۇسەللەم كۈشتىنگىرى گەركەندۇر. چۈن قابىلىيەتى بەلەند تۈشكەندۇر ۋە مۇلايىمەتى تەبىگىي بارچە فۇنۇنغا مۇناسىپ ۋە بەھرىمەند ۋاقىڭ بولغاندۇر.»*

*(«ھالاتى پەھلىۋان مۇھەممەد»)*

*«ھەر كويدا يۈگۈرۈپمەن ۋە ئالەم گەھلىدىن ھەر نەۋگى ئەلگە گۈزۈمنى يەتكۈزۈپمەن؛ ياخشى - يامانىنىڭ ئەفئالىن بىلىپمەن ۋە يامان - ياخشى خىسلەتلەردىن تەجرىبە قىلىپمەن.»*

*(«مەھبۇبۇل قۇلۇب»)*

*«ئالەر مىكرى تەگرىفىدە كۆپ ئۇلۇملۇق دەنا ۋە كۆپ دىققەتلىغ ھۆكۈما كىتابلار تەسنىف ئىتىپدۇرلەر ۋە مۇجەللەد بىتىپدۇرلەر»؛ «ئاندىن چىقمايدۇر ئەردى، بۇ ئۇتتۇز يىلنى يانى ئاستىدا بىر بورىيا ۋە باشى ئاستىدا بىر خىشتىت بىلە ئۆتكەرىپ ئەردى»؛ «بىر قەرنە بولاي دىبدىكىم، مۇستەقىل ھالدا ئەمىرلىك ۋە مۇقىم ھالدا پادشاھقا ئاگىبلىق قىلىپ تۇرىدۇ.»*

*(«مەجالىسۇن نەفائىس»)*

*«ئاسمانچە تەخت ئەمىرلىرىنىڭ ھەممىسىدىن يۇقىرىراق ئورۇندا ئولتۇرۇپتىمەن» («رەۋزەتۇس سەفا»دا نەۋائىي سۆزىدىن نەقىل).*

*«خوتەن تىلى» دىمۇ پېئىلنىڭ بۇ شەكىللىرى «بىرىپدى» (بېرىپ ئىدى)، «بەرگەنىدى»، «كېلىپ تۇرىتۇ» (كېلىۋاتىدۇ، كېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ)، «ئۆيىنى يىقىپدى» (يىقىپ ئىدى)، ۋە باشقىلار.*

نەۋائىي ئەدەبىي تىلىدا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بولۇپمۇ قۇمۇل شېۋىسىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىر شەكىل، يەنى سۇپەتداشتىن كېيىن «غاي\قاي» قوشۇمچىلىق ياردەمچى پېئىل كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

*«پەرەزىم شۇكى، ماڭا قىلغان بەزى دۇئالەرى ئىجابەت بولغان بولغاي»* *(«مەجالىسۇن نەفائىس»)*

بۇلار پەقەت يۈزەكى تەتقىقاتتىن ھاسىل قىلىنغان دەسلەپكى چۈشەنچىلەر. نەۋائىنى مەخسۇس تېمىلار بويىچە ئەتراپلىق، چوڭقۇر ھەم پىلانلىق - باسقۇچلۇق تەتقىق قىلىپ، مۇھىم مەسىلىلەرنى

يورۇتۇش ئىشى تىلشۇناس، ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ تەتقىق
كۈنتەرتىپىگە كىرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

---



ئالىم، ئەدىب ئىمىن تۇرسۇن 1925 - يىلى 10
ئۆكتەبىر ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئىجادىي ھاياتى دۇ
ۋە شېئىرىيەت بويىچە جۇشقۇنلۇق ۋە جەڭگىۋارلىققا تولغا
بولۇپ، 1947 - يىلى «دەۋرانى» تەخەللۇسى بىلەن يازغا
«كۆلۈم»، «دەردىم ۋە دەرمانىم» قاتارلىق شېئىرلىر
ئالاھىدە خاراكتېرلىقتۇر. شائىرنىڭ 1957 - يىلى ئىيۇ
يازغان «چىمەنگۈل» ناملىق قىسقا لىرىك شېئىرى ئۇنىڭ
زور شۆھرەت ئاتا قىلغان. 1976 - يىلىدىن كېيىن ئۇ شې
ئىجادىيىتىدە يېڭىمۇ بۇكسىلىپ «كەلدى نورۇز»، كۈلدە
غۇنچە» قاتارلىق شېئىر، باللادا، مەسەللەرنى ئېلان قىلغا
ئۇنىڭ ئەدەبىي تەرجىمە ساھەسىدىكى ئەمگەكلىرى
ئالاھىدە گەۋدىلىك «قىزىل بايراق شەجەرىسى»، «قىزىل قويلاش» قاتارلىق رومانلارنى
تەرجىمە قىلىش بىلەن بىرگە «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «غەربكە ساياھەت» قاتارلىق زو
ھەجىملىك رومانلارنى تەرجىمە قىلىپ تەھرىرلەشكە قاتناشقان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»
، «قۇتادغۇبىلىك» ۋە نەۋائى تەتقىقاتىدا سەمەرىلىك ئىلمىي ئەمگەكلەرنى قىلغان. «تارىخ
تەبەرى»، «زەلىلى دىۋانى»، «دىۋانى ھېكمەت» قاتارلىق قىممەتلىك مىراسلارنى نەشرگ
تەييارلىغان. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىغا ياردەملىشىپ، بۇ ئورۇ
ساقلىنىۋاتقان قەدىمىي قولىيازما ۋە چاپىي نۇسخا ئەسەرلەرنىڭ مىڭ پارچىدىن ئارتۇقراقىن
كۆزدىن كۆچۈرۈپ رەتلەپ، ئىلمىي قىممىتىنى بېكىتىپ چىققان.
ئالىم، ئەدىب، تىلشۇناس، تەرجىمشۇناس ئىمىن تۇرسۇن «ھەۋەس»، «سەھى
سەزگۈلىرى» ناملىق شېئىر، نەسر ۋە دراما توپلىمى، «تارىمدىن تامچە» قاتارلىق كى
ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى، «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى»، «12 مۇقامنىڭ مىللى
خاسلىقى»، «بىلىم ئېگىزىدىن تېرىلگەن باشاقلار» قاتارلىق ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى روھ
چىقارغان.
ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى؛ جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيە
تەتقىقاتى جەمئىيىتى، جۇڭگو مىللىي تىللار جەمئىيىتىنىڭ، تۈركىي تىللار تەتقىقاتى ئىلمى
جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ تارىخ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى؛ جۇڭگو مىللى
قەدىمكى يېزىقلار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ۋە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ پەخرى
ھەيئەت ئەزاسى، 12 مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «تارىم» ژۇرنىلىنى
تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى.

ئابدۇللا سۇلايمان

# ئىجادىيەت ئاسمىنىدا چاقناپ ئۆتكەن چولپانلار

«رىۋايەتتىكى جەننەتنىڭ ئورنى — هازىرقى خوتەن» ناملىق ماقالە (مۇشۇ يۇرۇشلۇك كىتابنىڭ 1 - توم، 33 - بەت) نىڭ ئۇچىنچى تارمىقىدا، نوھ ئەلەيھىسسالام كېمىسىنىڭ تارىم دەرياسى ئېقىنىدا لەيلەپ ئاققانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىرمۇنچە دەلىللەر كەلتۈرۈلگەن بولۇپ: «نوھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرى كېمىدىن چۈشكەندە كېمىگە چۈشكەن جاينى كونا نامى بويىچە ‹ئېدۇن› دەپ ئاتاپ كېلىنىۋەرگەن. بۇ هازىرقى ئۇدۇن قەدىمىي شەھىرىدىن ئىبارەت. ‹ئۇدۇن›، ‹ئېدۇن› نىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ هەرگىز شۇنداقلا ئۇدۇل كېلىپ قېلىش ئەمەس»، «... سۇ بارا-بارا پەسىيىپ 10 - ئاينىڭ باشلىرىدىكى بىر كۈنى تاغ چوققىسى كۆرۈندى...» دېگەن بايانلار بار. رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرگىنى قۇرۇم تاغلىرىنىڭ چوققىسى بولۇپ، تىك چوققىدا بىر ئادەم قىمىيالىغاچ هالەتتە يىراققا تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇ بەكمۇ هەيران بولدى ۋە هېلىقى ئادەمدىن سورىدى:

— سەن كىم؟ يەر يۈزىدە هاياتلىق قالمىغان تۇرسا، قانداقلارچە ئامان قالدىڭ؟

تاغ چوققىسىدىكى ئادەم مۇنداق دېدى:

— مەن شائىر، ئاللا مېنى توپان بالاسىدىن ساقلاپ، ئالەمگە هىدايەت نۇرى تارقىتىپ، هەق - ئادالەتنى سۆزلەشكە بۇيرىغان.

نوھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا هۆرمەت - ئېلتىپات كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، زېمىنغا بىللە ئاياغ باستى ...»

بۇ رىۋايەت ئېچىدىن تۇغۇلغان رىۋايەت. قىياسىمىزنى بۇ رىۋايەتنىڭ داۋامىغا ئۇلاپ تەسەۋۋۇر قىلغىنىمىزدا، بۇ شائىر — زېمىنىنىڭ، تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا خوتەننىڭ تۇنجى شائىرى.

ئۇنىڭ ئاۋازى قارا قۇرۇم تاغلىرىنى، قىيا - ئىدىرلارنى ئويغاتقان ئۇنىڭ يالقۇنلۇق نەپەسى يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاش دەرياسىنىڭ ئۈزۈلمەس ئېقىنلىرىغا قوشۇلۇپ مىڭلىغان - مىليونلىغان قەلب ئېتىزىغا سىڭىپ، ئىجادىيەت بىخلىرىنى كۆكلەتكەن، ياشناتقان چېچەكلەتكەن. بۇ قەدىمىي خوتەن بوستانلىقىدا يارىتىلغان پارلاق مەدەنىيەت دۇردانىلىرى ئەنە شۇ يىراق ئەجدادلىرىمىزدىن ھازىرغىچە ياشاپ ئۆتكەن قەلەم ساھىبلىرىنىڭ ئەجىر - ئەزمىلىرى بىلەن جۇغلانغان، بېيىغان ۋە راۋاجلانغان.

ئالەمنىڭ ئىنسان ئۈچۈن قونالغۇ، ئۆمۈرنىڭ ئاشۇ قونالغۇنىڭ مېھمىنى ئىكەنلىكى ۋەجىدىن كۆڭۈلگە پۈككەن نىيەت - ئىقبالىمىز ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئالدىراپ، يېڭى ئىلمىي ئەمگەككە تۇتۇنغىنىمىزدا، مۇشۇ دىياردا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن ئەشۇ مەرىپەتلىك ئوغلانلار ئالدى بىلەن كۆز ئالدىمىزدا زاھىر بولدى. ئادەمنىڭ قايسى جايدا، قايسى دەۋردە تۇغۇلۇشى مۇھىم بولماي، قانداق ياشىغانلىقى مۇھىم بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ بۇ مۇقەددەس زېمىننىڭ ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىپ، سۈيىدىن ئىچىپ، ئوتىدا كۆيۈپ، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى تۇپرىقى، خەلقى بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ، ئۆمۈر مۇساپىسىدىن قالدۇرغان ئۆچمەس ئىزلىرى، يەنى ئىجادىي ئەمگەكلىرى قەلبىمىزنى لەرزىگە سالدى. ئۇلارغا بولغان ھۆرمەت - ئېھتىرامىم، ئۇلارغا بولغان سېغىنىشىم ھەسسىلەپ ئاشتى.

يۇرت مۇھەببىتى ۋەتەن مۇھەببىتىنىڭ يادروسى. ئۇلارنىڭ ھەر قايسى دەۋر - زامانلاردا ياشاپ، ئۆزلىرىنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن ئانا يۇرتىنىڭ ئىشقى پىراقىدا كۆيۈشلىرى، تىنىمسىز ئىزدىنىشلىرى بۇ قەدىمىي دىيارنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك ئۆتمۈشىنىڭ، بۈگۈنكى يېڭى تارىخىي تەرەققىيات پۇرسىتىنىڭ سەمەرىلىك خاتىرىسى بولۇپ قالدى. مەلۇم بولغىنىدەك، ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق كۆرەش تارىخى ئۆزلىرىنى يارىتىش تارىخى بولۇپ، ھەر قايسى پەن ۋە ئىدېئولوگىيە سىستېمىلىرى ئادەمنى مەقسەت ھەم مەركەز قىلغان ھالدا ئوخشىمىغان نۇقتىلار بويىچە ئىزدەندى ۋە قىممەت ياراتتى. دىيارىمىزدا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن بۇ مۆھتەرەملەر مەنىۋى قىممەت يارىتىشتا، ئۆزلىرىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتقا، ئۆزلىرى تەۋە بولغان سىنىپ ۋە تەبىقىگە، ئىشقىلىپ رېئال تۇرمۇشنىڭ ئەڭ كىچىك جەريانلىرىغىچە تەپەككۇر يۈرگۈزدى. ماددىي قىممەت يارىتىش يولىدىكى جاپالىق مېھنەتنىڭ

ئىشتىراكچىلىرى، شاھىتى بولدى ھەمدە ئىككى خىل قىممەتنىڭ نېگىزى بولغان ئۆزىنى ياراتتى.
ئۇلار ئالدى بىلەن قېتىرقىنىپ ئىلىم - پەن ئۆگەنگەن مەرىپەتلىك كىشىلەر ئىدى. قەدىمكى ئەسىرلەردىن مىلادىيە 1930-يىللارغىچە بۇ دىياردا ئىپتىدائىي دىنلاردىن تارتىپ بۇددىزم ۋە ئىسلام دىنىنىڭ مەنىۋى مۇھىتى ئۇلارنى ئاشۇ دىنلار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئىلىملەر بويىچە تەربىيە ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىلىم - پەن ئۆگىنىش ئۇچۇن ئۆز مەھەللە - يۇرتلىرىدىن يىراق ئەللەرگىچە بېرىشى، راھەت - پاراغىتى، ئەمىنلىكىدىن كۆرە ھەر قايسى پەن تۈرلىرىدە جاپالىق ئىزدىنىشى ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئۇچۇن پۇختا ئاساس ياراتتى. 30 -، 40 - يىللاردا بۇ زېمىندىكى ھەر بىر يېزا - ئايماقلاردىن خەت ساۋادى بار كىشىلەرنىڭ پەقەت بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا بولۇشى، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ پەقەت ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر بىلەنلا چەكلىنىشى ئاشۇ مۆھتەرەملەرنىڭ ئۆز زامانىسىدا ئىلىم - پەن ئۆگىنىپ، يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.
ئۇلار ئىرادىلىك، پەزىلەتلىك كىشىلەر ئىدى. ئادەمنى يېزىش، ئادەمنى ئانالىز قىلىشنى مەقسەت قىلغان بۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئاشۇ مەرھۇملار ئۆزىدە زور غەيرەت - شىجائەتنى ئۇرغۇتۇپ، زامان بوران - چاپقۇنلىرىدا تاسقىلىپ، ئۆمرىنى ئىگەكلەش بەدىلىگە خەلقنىڭ داد - پەريادىنى، ئىنتىلىشىنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى، دەۋر تەلىپىنى خاتىرىگە ئېلىپ زامانلاردىن ھالقىتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاق - پەزىلىتى بىلەن ئەتراپىدىكى ئاۋامنى تەسىرلەندۈردى ۋە تەربىيىلىدى. ئۇلارنىڭ ئاددىي - ساددا تۇرمۇشى، مال - دۇنيا، ئەمەل - مەنسەپ دەۋالىرىدىن يىراق تۇرۇشى كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتىگە ھەمدە ئىجادىيىتىگە پۈتمەس - تۈگىمەس مەنبە ھازىرلاپ بەردى.
ئۇلار ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى مەرىپەت مەكتەپلىرىنىڭ ئۇستازلىرى ئىدى. ئۇلار ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى مەرىپەت باغچىسىنىڭ باغۋەنلىرى ئىدى. ئۇلار ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ئەينىكى ئىدى. ئۇلار خۇددى كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش يولىدىكى تەنھەرىكەتچىگە ئوخشاش قولىدىكى كالتىكىنى، يەنى قەلىمىنى كېيىنكىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. كلاسسىكلىرىمىز ئاچقان ئاشۇ تاراملار، ئەنئەنىلەر بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ، بۇ ئۈزۈلمەس ئىجادىيەت

ئېقىنى ھېلىھەم خەلقىمىزنىڭ مەنىۋىيەت تۇپرىقىغا ئاقماقتا.

بىر يۇرت، بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى بولمىسا، ئاشۇ ئەل يۇرتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا، پادىشاھ بىلەن ئەدىبنىڭ ئورنى، ھۆرمىتى توغرىسىدا، ئەدىب ئەمگىكىنىڭ ئۇلۇغلۇق توغرىسىدا پەيغەمبەرلەر، ھۆكۈمالار ۋە دانىشمەنلەرنىڭ ھېكمەتلىر نۇرغۇن. بۇلارنى بىر - بىرلەپ نەقىل كەلتۈرۈش ھاجەتسىزكى، دىيارىمىزدا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن بۇ ئەدىبلەر تۈركۈمىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ۋە تېخى تونۇگۇنلا بىز بىلەن بىللە بولۇپ، ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىگىچە ئىپادىلەپ يازغا ئەسەرلىرىنىڭ پەقەتلا ئومۇمىي مۇندەرىجىسى ئىشلەنسە، زو ھەجىملىك قامۇس پۈتىدۇ. ۋاقىت ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرالىسىمۇ سەلتەنەت سۈرگەنلەرنىڭ ئەيش - ئىشرەتلىك ئۆمرى، ھەر يىل تەكرار ئىشلەپ چىقىرىلىپ، تەكرار ئىستېمال قىلىنىدىغان ئاش ئوزۇقلار ۋە باشقىلار تۈگەپ كەتسىمۇ، ئاشۇ ئىلمىي، ئەدەبىي ئەسەرلەر مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بۇ قەدىمىي دىياردا غايەت زو ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ھەر مىللەت خەلقى قول تۇتۇشۇپ ئورتاق ئىلگىرىلەپ، ئەگرى - توقاي كۈرەش مۇساپىلىرىنى بېسىپ ئىسلاھات - تەرەققىيات، مۇقىملىق ئېلىپ كەلگەن تارىخىي پۇرسەتنى كۈتۈۋالدى. بۇ زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەر قايسى تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا، بۇ دىياردىكى قەلەمكەشلەر ئالدىنقىلارنىڭ يېزىقچىلىق ئىستىلى، ئۇسلۇبلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، زامان - دەۋر بەرگەن ئىمكانىيەت ۋە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، سۈپىتى يۇقىرى، سانى كۆپ بولغان ھەر خىل ژانىرلىق ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇلار پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە قاراتقان تۈرلۈك فاڭجېن سىياسەتلىرىنىڭ قىزغىن قوللىغۇچىلىرى ۋە ئاكتىپ ئىجراچىلىرىدىن بولۇپ، ئۆخشىمىغان ساھە، ئوخشىمىغان كەسىپلەردە بەجانىدىل ئىشلەپ، ئۆز بۇرچىنى ھالاللىق بىلەن ئا قىلىشتىن تاشقىرى، ئۆزلىرى ئىشتىياق باغلىغان يېزىقچىلىق مەشغۇلاتى ئارقىلىق، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپە قوشتى.

بىز ماقالىمىزنىڭ تەلىپى نۇقتىسىدىن بۇ ئىجادكار تۈركۈمىنى تونۇشتۇرۇشتا، پەقەت خوتەندە ياشاپ ئىجاد ئەتكەنلە بىلەن كۇپايىلەنگەن بولساقمۇ، ئۇلار بىر پۈتۈن مىللەت، شۇندا

كۆپ مىللەتلىك ئېلىمىز ئەدەبىيات - سەنئىتى ئۈچۈن تەر تۆككەن ۋە ئاشۇ زور قوشۇنلۇق ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىدە مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە قەلەمكەشلەردۇر. گەرچە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى زامان چەكلىمىسى، ئەنىسىز يىللار داۋامىدىكى پاراكەندىچىلىكلەر قاتارلىق ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يىرىك ئەسەرلەرنى قالدۇرالمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ساپاسى نىسبەتەن تۆۋەن، سانىمۇ ئاز بولغان يازمىلىرىنى تارىخىي نۇقتىدىن باھالىغاندا يەنىلا شۇنچە قىممەتلىك ۋە شۇنچە قەدىرلىكتۇر.

مۇئەللىپ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ دىياردا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن بۇ قەدىردانلارنىڭ تەرجىمىھالى، ئەسەرلىرى ئۈستىدە خېلىلا ئىزدىنىشچانلىق كۆرسىتىپ ئىزدەنگەن بولسىمۇ، يىراق ئەسىرلەردىن ئۆچۈر بەرگۈچى مەنبەلەردە بۇ جەھەتتىكى مەلۇماتلارنىڭ تولىمۇ ئاز بولغانلىقى، كېيىنكى ئەسىرلەر داۋامىدا ياشاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولغان بىر قىسىم ئەدىبلەر تەرجىمىھالىنىڭ تولۇق ئەمەسلىكىدىن تولىمۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا، ھەر قايسى نەشر ئەپكارلاردا ھازىرغىچە ئايرىم ئېلان قىلىنغان تەرجىمىھاللارنى سىلىشتۇرۇش، دەلىللەش ھەمدە يېقىنقى يىللاردا ۋاپات بولغان ئىجادكارلارنىڭ تەرجىمىھالىنى قەلەمگە ئېلىش ئاساسىدا ماقالىغا مۇجەسسەملەش خىزمىتىنى خالىسلىق بىلەن بېجىردى. بۇ ئىجادكارلاردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن، بىلەلىگەن دائىرىدىن تاكى 2003 - يىلى ئەتىيازغىچە ياشىغان شائىر، يازغۇچى، تەرجىمان، تارىخچى، شەرھشۇناس، ئاسترونوم، شىپاھگەر، تەزكىرىشۇناس، تەتقىقاتچى، خەتتات قاتارلىقلاردىن 83 كىشىنىڭ تەرجىمىھالى بېرىلىپ، تۇغۇلغان يىل تەرتىپى بويىچە تىزىلدى. قەيت قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، خەلقىمىز ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلار ۋە نام - ئەمالى پىنھان بولغان يەنە نۇرغۇن قەلەمكەشلەر بۇ تۈركۈم ئىچىگە كىرمىگەنلىكى تەبىئىي. بىز پەقەت بۇ باشلانما ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ ئاشۇ مەرھۇملارنىڭ بەدىئىي، ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن يەنىمۇ بەھرە ئېلىپ، نام - شەرىپىنى يادلاپ تۇرۇشلىرى ھەمدە ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ، تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ ئۆچۈرلاردىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق، خالاس.

## ۋىيسارا باجىنا

ۋىيسارا باجىنا مىلادىيە VI، VII ئەسىرلەردە خوتەندە ياشىغان

ئاتاقلىق ئۇيغۇر رەسسامى، بۇددىزم دەۋرىدىكى تەسۋىرىي سەن
مەدەنىيىتىنىڭ داڭلىق نامايەندىلىرىدىن بىرى. ئۇ رەسىمنى ئو
ۋە ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنۈشتە، جانلىق قىياپەتتە گەۋدىلەندۈ
سىزىش ماھارىتى بىلەن شۆھرەت قازانغان.

ئۇ چاغلاردا رەسساملارنىڭ ئۆز رەسىملىرىنى كىشىلەر ك
يىغىلىدىغان ئاممىۋى زىيارەت ئورنى بولغان ئىبادەتخانىلارنى
تاملىرىغا سىزىشى ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئايلانغان. بۇ رەسساملار ئۆ
ئۆز ئىجادىيىتىنى خەلققە تونۇشتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇل
ھېسابلىناتتى. ۋېيسارا باجىنا ئۆز دەۋرىدە كەڭ تارقالغان بۇتلار
رەسىملىرى، بۇددا تەلىماتلىرىدىكى ھېكايىلەر، جەننەت ۋە دو
قاتارلىقلارنى سىزىش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى تەبى
مەنزىرىلىرى، كىشىلەرنىڭ رېئال تۇرمۇش مۇناسىۋەتلىرى، دەر
ۋە ئۆسۈملۈكلەر، ئۇچار قۇش ۋە ھايۋاناتلارنىڭ رەسىملىرىنى
كۆپلەپ سىزغان بولۇپ، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى رېئالىزمل
خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلغان.

ئۆز دەۋرىدىكى بۇددا رەسىمچىلىك سەنئىتىنىڭ ئەڭ يۇكسە
پەللىسىگە كۆتۈرۈلگەن ۋېيسارا باجىنا ۋەكىللىكىدىكى خوتە
رەسساملىرىنىڭ داڭقى - شۆھرىتى لوياڭ ۋە چاڭئەنلەرگىمۇ كە
تارقالغان. شۇڭا سۈي ۋە تاڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرى «نۇسخا بولۇش
ئەرزىيدىغان تەڭرى سۈرىتى» نى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن گ
كىشىلىرىنى ئۇدۇنغا ئەۋەتىشكەندى.

سۈي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى سۈي ياڭدى زامانىسىدا پايتەخ
لوياڭ شەھىرىنىڭ ئىبادەتخانا تاملىرىنى رەسىم بىلەن بېزەتتۈرۇ
ئۈچۈن ۋېيسارا باجىنا خان تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنىپ لوياڭ
كەلتۈرۈلىدۇ ۋە ئىبادەتخانا تاملىرىغا سىزغان «براخمانىنىڭ سۈرىتى
، «چەت ئەلنىڭ خاسىيەتلىك دەرەخلىرى» ، «ئالۋاستىنى تەسل
قىلىش» قاتارلىق سۈرەتلىرى ۋە بۇركۇت، تايغانلارنىڭ رەسىملىر
بىلەن شۆھرەت قازىنىدۇ. گۈزەل سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئەھۋا
توغرىسىدىكى جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخىي مەنبەلىرىدە ۋېيس
باجىنانىڭ نامى سۈي سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەڭ ئابرۇيلۇق بۇ
رەسسامى ۋە مۇھىم تارىخىي شەخس سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان.

## ۋېيسارا ئىراساتكا

ۋېيسارا ئىراساتكا تەخمىنەن مىلادىيە 610 - يىللاردا خوتە

دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە خوتەندە داڭ چىقارغان مەشھۇر ئۇيغۇر رەسسام ۋاجرا باجىنانىڭ ئوغلى، شۇنداقلا خوتەنگە 1200 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋېيسارا خانلىقىنىڭ جەمەتى ئىدى. ئۇ ئەينى زاماندا خوتەندە، جۈملىدىن غەربىي رايون ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە داڭ چىقارغان مەشھۇر رەسسام ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، كىچىكىدىن تارتىپلا رەسساملىققا كۈچلۈك ئىجتىھات باغلىغان ھەم ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەن. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ بوۋىسىمۇ (دادىسىنىڭ دادىسى) بىر ئۆمۈر رەسساملىق كەسپى بىلەن مەشغۇل بولغان بولۇپ، تاكى كەشمىرگىچە بېرىپ كۆپلىگەن بۇددىزم ھېكايەتلىك تام سۈرەتلىرىنى سىزغان، كېيىن ئانا يۇرتى خوتەنگە قايتىپ كېلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

ۋېيسارا ئىراساتكا كىچىكىدىنلا زېرەك ھەم تىرىشچان بولۇپ، تېخى ئون ياشقا توشماي تۇرۇپلا دادىسى بىلەن قەشقەر، كۇچا، تۇرپان، دۇنخۇاڭ قاتارلىق بۇددا دىن مەركەزلىرىگە بېرىپ، كۆپلىگەن ئىستىقامەت دەرگاھلىرى ۋە مىڭئۆي غار تاملىرىغا رەسىم سىزغان. دەسلەپتە ئۇ دادىسىدىن رەڭ تەڭشەش، ئۆلچەپ سىزىۋېلىش، ۋەقەلىكنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە بوياق بېرىشنى ئۆگەنگەن بولسا، كېيىنچە ئۆز ئالدىغا ۋەقەلىكنى تاللاش ۋە ئوبرازلاشتۇرۇش قاتارلىق بىر يۈرۈش مەشغۇلاتلارنى مۇستەقىل قىلالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن. ئۇ قىسقىغىنە ئون يىل ئىچىدە دادىسىنىڭ رەسساملىقتىكى سەۋىيىسىگە يېتىشىۋېلىشتىن سىرت، ئۇنىڭ بەزى تېخنىكا ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىكى مەخپىيەتلىكلىرىنىمۇ پىششىق ئىگىلىۋالغان، نەتىجىدە ئۇ 20 ياشقا توشماي تۇرۇپلا پۈتكۈل غەربىي رايون تەۋەسىدە يۇقىرى شۆھرەت تاپقان. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇ بىر تەرەپتىن، دادىسىنىڭ رەسساملىقتىكى يۈكسەك ماھارىتىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، خوتەندىكى يەرلىك رەسساملارنىڭ ماھارەت، ئۇسلۇب ۋە تېخنىكىلىرىدىن مول ئوزۇق ئالغان، ئۇنى ئۆزلەشتۈرگەن، يىغىنچاقلىغان ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ «ئويما - قوپما ئۇسۇلى»نى ئىجاد قىلغان.

جىنگۇەننىڭ 6 - يىلى (مىلادىيە 632 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ تەيزۇڭ (لى شىمىن) خوتەنگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ۋېيسارا ئىراساتكانىڭ چاڭئەنگە كېلىشىنى تەۋسىيە قىلغان ھەمدە ئۆز ئەلچىلىرىگە قوشۇپ ئات - ئۇلاغلىق نۇرغۇن سوۋغا - سالام يوللىغان.

ۋېيسارا ئىراساتكا دادىسى، ئۆدۈن خانى ۋېيسارا بۇددىچىنىڭ
نەسىھىتى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرىگە قوشۇلۇپ چاڭئەنگە قار
يولغا چىققان. ئەلچىلەر ئۇنى ئۆتەڭمۇئۆتەڭ ئاۋايلاپ ئىززەت بىلە
چاڭئەنگە تىنچ - ئامان ئېلىپ كەلگەن. پادىشاھ لى شىمىن ئۇ
قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن ئوردا ئەمەلدارلىرىنى باشلاپ چىقىپ
ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالغان. ئۇنىڭ شەرىپىگە تەبرىكلە
زىياپىتى ئۆتكۈزگەن ۋە مەدەنىيەت - سەنئەت مەھكىمىسى
ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلىگەن. ...جېنگۇەنىڭ 7 - يىلى (مىلادىيە 633
يىلى) غا كەلگەندە پادىشاھ لى شىمىن ئۇنى بىۋاستە مۇھاپىزەتچىلە
ئەمەلدارلىق مەنسىپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئوردا رەسساملىرىنىڭ باش
ئۇستازى قىلىپ تەيىنلىگەن. تاڭ دەۋرىدىكى سىزما رەسسامچىلىق
ئائىت بەزى ماتېرىياللاردا ۋېيسارا ئىراساتكانىڭ تالىپ - شاگىرتلىر
بولۇپ، يەتتە يۈزدىن ئاشاتتى دېيىلىدۇ.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا تارىخچىسى جيۇجىڭشۈەن يازغان «تاڭ
سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر رەسىملەر خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىد
كۆرسىتىلىشىچە، ۋېيسارا ئىراساتكا بىر مەزگىل شاۋيەت
ئىبادەتخانىسىدا باش ئوقۇتقۇچى بولۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بولۇپ
ئۇنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى.
شاگىرتلىرىغا تولىمۇ قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ئۇنىڭ رەسسامچىلىقتىكى
بىر يۈرۈش نەزەرىيە سىستېمىسى پۈتكۈل چاڭئەن شەھىرىدىكى
رەسساملارغا ئومۇملاشقان.

ۋېيسارا ئىراساتكا ئۆز ئۆمرىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 0
يىلدىن كۆپرەك رەسساملىق سەنئىتى ئىجادىيىتى بىلەن مەشغۇل
بولۇپ، 90 يېشىدا چاڭئەن شەھىرىدە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ جەسىت
چاڭئەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى مەشھۇر زاتلا
قەبرىستانلىقىدىن ئورۇن ئالغان.

ۋېيسارا ئىراساتكانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەرق رەسسامچىلىقى
ئاساس سالغان «ئويما - قويما ئۇسۇلى» پۈتكۈل شەرق ئەللىرىنى
بەدىئىي سەنئەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى ۋە ئىلگىرىكى بى
خىللىق قاتما ھالەتكە خاتىمە بېرىپ، يېڭى تېما، يېڭى ئۇسلۇ
تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ، رەسىمچىلىكتىكى
مەسىلىلەرنى ئىلمىي ئاساستا ھەل قىلدى.

مەشھۇر رەسسام ۋېيسارا ئىراساتكانىڭ ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆ
بولغان. ئۇنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرىدىن

«مائىتىرى بۇت سۈرىتى» ، «دىۋاندىكى بۇت سۈرىتى» ، «فۇسۇڭنىڭ سۈرىتى» ، «چەت ئەلچە فۇسۇڭنىڭ سۈرىتى» ، «ئۇلۇغ مېھرى - شەپقەت بۇتى سۈرىتى» ، «نۇرلۇق خان سۈرىتى» ، «چەت ئەل ئەربابلىرى سۈرىتى» ، «ئېتىكاپتىكى ئىلاھ سۈرىتى» ، «ئارخات ھوزۇرىدىكى خان سۈرىتى» ، «ئۇيغۇر راھىبى سۈرىتى» ، «تىبەت خانى سۈرىتى» ، «كۇسەن قىزى سۈرىتى» ، «ساماۋى خان سۈرىتى» ، «مىڭ پانارلىق مانجۇسىرى سۈرىتى» ، «لاكشىمى سۈرىتى» ، «مىڭ كۆز، مىڭ قوللۇق شەپقەتچى بۇت سۈرىتى» ، «شىر سۈرىتى» ، «ئىلاھى سۈرىتى» ، قاتارلىقلار بار.

## دىھارماچىن

دىھارماچىن خوتەنلىك مەشھۇر ئۇيغۇر تەرجىمىشۇناس ھەم داڭلىق رەسسام، ئۇ شەرقىي ۋېي سۇلالىسى (مىلادىيە 534 ـ 550ـ يىللار) پادىشاھى شياۋجىڭدىنىڭ يۈەن شىڭ يىللىرىدا (تەخمىنەن مىلادىيە 539 ـ يىللىرى) ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغان ھەمدە تەرجىمىشۇناسلىق، رەسساملىق جەھەتلەردە كىشىلەرنى قايىل قىلغاندىن كېيىن ئوردىغا تونۇشتۇرۇلغان. ئۇ شياۋجىڭدى پادىشاھنىڭ قىزغىن كۆتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولغاندىن كېيىن ئوردىدا ۋە پادىشاھلىق تەۋەسىدە تەرجىمىشۇناسلىق ۋە رەسساملىق بىلەن تونۇلغان.

دىھارماچىننىڭ ھاياتى، ئىجادىي مېھنەتلىرى ھەم ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ھازىرچە تولۇقراق ماتېرىياللارغا ئىگە ئەمەسمىز. «ئۆتكەن سۇلالىلەردىكى ئۈچ ئۆرنەك خاتىرىسى» (历代三宝记 »)، «كېيىنكى رەسىم ئەسەرلىرى» (« 后画品 »)، «ئۆتكەن سۇلالىلەردىكى مەشھۇر رەسىملەر خاتىرىسى» (« 历代名画记 »)، «سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدىكى رەسساملارنىڭ رەسىمى تارىخىغا يېزىپ قالدۇرۇلمىغان ۋەقەلىرى» ، «ئالىي راھىبلار تەزكىرىسى» قاتارلىق قەدىمكى رەسساملار تەرجىمىھالىغا ئائىت خاتىرىلەردە، ئۇنىڭ خوتەندە رەسسام ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەنلىكى، ئۇيغۇرچىدىن باشقا سانسكرىتچە، خەنزۇچە تىللارغىمۇ كامىل ئىكەنلىكى، بۇددا دىنىي ئەقىدىلىرىنى پىششىق بىلىپلا قالماي، يەنە سانسكرىت تىلىدىكى بۇددا نوم ـ سۇترالىرىنى خەنزۇچىغا راۋان تەرجىمە قىلالايدىغانلىقى، بۇددا ئەۋلىيالىرى ۋە باشقا مەزمۇنلار

ۋەقەلىك قىلىنغان رەسىملەرنى قەۋەتلا ئوخشىتىپ سىزالايدىغانلىق
تىلغا ئېلىنغان.

دىھارماچىن ئەينى زاماندا ساۋابلىق ئىش ھېسابلانغان بۇددا نوم
تەرجىمىلىكى ۋە رەسىمچىلىكىنىمۇ ئۆگەنگەن. بولۇپمۇ
رەسساملىق بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئالاھىدە قىزىقىپ، بۇددا دىنى
ماھايانا (چوڭ كۆلۈڭگۈ) مەزھىپىنى تەرغىپ قىلىدىغان دىنىي
رەسىملەرنى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا دائىر رەسىملەرنى ئىجاد قىلىش
سىزىشقا ئالاھىدە زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلغان. قورامىغا يەتكۈ
تەرجىمىشۇناسلىق ۋە رەسساملىق ساھەسىدىكى داڭلىق كىشى
ئايلانغان. كېيىنچە خوتەن، قەشقەر، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق جايلار
رەسىم سىزىپ يۈرۈپ، مىلادىيە 539 ـ 540 ـ يىللىرى بىر تۈركۈ
راھىب، رەسساملار بىلەن بىرگە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغان ھەم
شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شىياۋجىڭدىنىڭ قىزغىن قارش
ئېلىنىشىغا ئېرىشىپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەرجىمانى ۋە داڭلى
رەسسامى سۈپىتىدە پائالىيەت قىلغان، ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتى
ئۈچۈن شاگىرت ئېلىپ ماھىرلارنى تەربىيىلىگەن.

دىھارماچىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كەيىپىسى ئىبادەتخانى
( 开业寺 )، چىڭ چەنسى ئىبادەتخانىسى ( 清建寺 )، يەنشىڭ
ئىبادەتخانىسى ( 延惺寺 ) قاتارلىق ئېھرام ـ ئىبادەتخانىلاردا تۇرغا
ۋە تاملىرىغا رەسىم سىزغان. ئۇنىڭ رەسىم ئەسەرلىرى ۋە ئۇنى
مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: «ئاسوكا پادىشاھىنىڭ سۈرىتى»، «ئاسوكا ئانى
مەلىكىسى سۈرىتى»، «ھىندىستان راھىبلىرى»، «خوتە
بىكسۇنلىرى»، «ياكانىڭ سۈرىتى»، «خىروبىنىڭ سۈرىتى»
«جىنشۇيىڭنىڭ سۈرىتى»، «رىۋايەتتىكى كۆككۆك سۈرىتى»
«بۇددانىڭ ھىمايىچىسى ساراۋانى»، «ئالتە ياكا سۈرىتى»
«چىنمىڭخۇنىڭ ئاي نۇرى ئاستىدىكى سۈرىتى»، «لۇجۇڭدىك
ئەربابلار ۋە ئات ھارۋا سۈرىتى»، «شىمالىي چىدىكى ئوۋ ساياھە
سۈرىتى»، «گۇيتوپىڭدىكى بوران»، «باھار سەيلىسى سۈرىتى»
«مىڭتالىڭ بۇتخانىسىغا رەسىم سىزىش سۈرىتى» قاتارلىقلار.

دىھارماچىن تەسەۋۋۇر قىلىشقا ماھىر بولدى، كۆپىنچە ھاللا
نوم ياكى سۇترالاردا بايان قىلىنغان قىسسىلەرنى ياكى بىرەر ئەۋلى
ئىلاھلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتىنى، خاراكتېرىنى پىششى
بىلىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ باي، ئوبرازلىق تەپەككۇرىغا تايىنى
ئۇنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى، نېمە قىلماقچى بولغانلىقى ھەممە قانى

ئادەم ئىكەنلىكىنى خىيالىي يوسۇندا سىزىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ئىزاھات بەرگەن.

## ۋېيسارا ۋازېكىنا

ۋېيسارا ۋازېكىنا (尉迟质那) تەخمىنەن مىلادىيە 575 - يىللىرى ئەتراپىدا ۋېيساراخان جەمەتى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئەۋزەل ئائىلە شارائىتىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋېيسارا ۋازېكىنا كىچىكىدىن باشلاپلا رەسساملىققا قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان ھەم خوتەندىكى مەشھۇر رەسساملارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلاردىن رەسساملىققا ئائىت نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي بىلىملەرنى ئۆگەنگەن. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ دادىسىمۇ ئۆز دەۋرىدىكى داڭلىق رەسسام بولغاچقا، بالا ۋاقىتلىرىدىلا دادىسىغا ياردەملىشىپ رەڭ تەڭشەش، بوياق بېرىش، ئۆلچەپ سىزىش، شەخس ياكى سۈژېتلىق ۋەقەلىكلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلغان. دادىسىغا ئەگىشىپ خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلارغا تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇ جايلاردىكى ئىبرام - ئىبادەتخانىلار ۋە مىڭئۆي تام - تورۇسلىرىغا رەسىم سىزغان. ۋېيسارا ۋازېكىنانىڭ بىر قەدەر يۇقىرى بولغان كەسپىي بىلىمى ھەم بۇددا رەسىمچىلىكىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنى پۈتۈن غەربىي دىيارغا تونۇتقان. دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا خوتەن خانلىقىنىڭ رەسساملار پېشۋاسىغا ئايلىنىپ، بۇددا رەسىمچىلىكىدىكى پەخىرلىك نامى تاكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككىچە يېتىپ بارغان.

پادىشاھ سۇي ياڭدى (مىلادىيە 604 ـ 618 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان) مىلادىيە 607 - يىلى ۋېيسارا ۋازېكىنانى لوياڭغا تەكلىپ قىلغان، كېيىن چاڭئەندە تۇرغان. ئۇ لوياڭدىكى ۋاقىتلىرىدا ئاۋۋال پادىشاھ ھەم ئۇنىڭ يېقىنلىرى ھېسابلانغان دۆلەت ئەربابلىرى ئىستىقامەت قىلىدىغان «بەيماسى» قاتارلىق مەشھۇر ئىبادەتخانىلارغا «ئۆلچەملىك تەڭرى سۈرىتى» نى سىزىپ بەرگەن. كېيىن ھەرقايسى ئىبرام، ئىبادەتخانىلاردىكى باش راھىبلارنىڭ تەكلىپى بىلەن بىر قىسىم غەربىي دىيارچە بۇددا سۈرەتلىرىنى سىزغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇ پادىشاھ ئوردىسىدا شۆھرەت قازىنىپ، سۇي سۇلالىسىنىڭ ئابرۇيلۇق دۆلەت رەسسامىغا ئايلىنىپ قالغان. سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدىكى گۈزەل

سەنئەت تارىخىغا ئائىت بەزى ئەسەرلەردە، ئۇنىڭ لوياڭغا يېت...
بېرىپ، بىر يىلغا قالمايلا پادىشاھ سۇي ياڭدىنىڭ پەرمانى بىلەن مە...
سۇلالىسى ئورۇنلاشتۇرغان يىپەك قۇرۇلغان مەدەنىيەت (رەسىم، خۇ...
خەت قاتارلىقلارنى باشقۇرىدىغان) مەھكىمىسىگە مەسئۇل قىلىنىم...
لوياڭدىكى رەسساملارغا باش ئوقۇتقۇچى بولغانلىقى تىلغا ئېلىنمىد...

## ياڭ شىدەن

ياڭ شىدەن (فامىلىسى ۋېيسارا بولۇپ، سۇي سۇلالىس...
ئۇنىڭغا ياڭ شىدەن دېگەن ئىسىم قويۇلغاچقا، ئۆزىنىڭ ئەسلى...
ئۇيغۇرچە ئىسمى ئۇنتۇلغان ھەمدە خوتەنلىك ياڭ شىدەن دېگە...
خەنزۇچە ئىسىم بىلەن خاتىرىلىنىپ كەلگەن) خوتەنلىك ئۇيغۇ...
بولۇپ، بۇددا رەسساملىرىنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن بىرى.
ئېلىمىزنىڭ سۇي سۇلالىسى (مىلادىيە 581 ـ 610 ـ يىللار) ۋە تا...
سۇلالىسىدىن ئىبارەت ئىككى سۇلالىنى بېشىدىن كەچۈرگەن.
جەرياندا ئۇ چاڭئەن، لوياڭ قاتارلىق مەدەنىيەت مەركەزلىرى...
پائالىيەت قىلغان ۋە جوڭگونىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى بۇددىز...
مەدەنىيىتىگە، خۇسۇسەن بۇددا تام سىزما سۈرەتچىلىك سەنئىتىگە زو...
تۆھپە قوشقان.

ياڭ شىدەننىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي مېھنەتلىرى ۋە ئىجتىمائى...
پائالىيىتى ھەققىدە ھازىرچە تولۇق ماتېرىيال مەنبەسىگە ئىـ...
ئەمەسمىز. ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى تاڭ دەۋرىدە پۈتۈلگەن رەسساملىـ...
تارىخىغا ئائىت خاتىرىلەرنىڭ بەزىسىدە، ياڭ شىدەن ئاۋۋال كۆ...
خانلىقىغا كېلىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ، ئاندىن چاڭئەنگە كەلگە...
دېيىلسە، يەنە بەزىسىدە خوتەنلىك راھىبلار بىلەن بىللە چاڭئەن...
كېلىپ تۇرۇپ قالغانمۇ دېيىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ يېرىمىدى...
كۆپرەكىنىڭ چاڭئەندە ئۆتكەنلىكىدە باشقىچە گۇمان يوق. پادىشا...
سۇي ۋېندى (مىلادىيە 541 — 604 ـ يىللار) ۋە ياڭ جيەن تەختت...
ئولتۇرغان (581 — 604 ـ يىللار) ۋاقىتلاردا، ياڭ شىدەن دى...
تارقىتىپ «ساۋاب» تاپىدىغان بىر تۇركۇم راھىب، رەسساملار بىلە...
بىللە خوتەندىن چاڭئەنگە بارغان، ئۇ جايلاردىكى ئىبرام ـ ئىبادەتخ...
تاملىرىغا تۈرلۈك بۇددا رەسىملىرىنى سىزىپ بېرىپ، پايتەخ...
جامائەتچىلىكى ئارىسىدا تونۇلغان. كېيىن پادىشاھ سۇي ۋېندىنى...

قوبۇل قىلىشقا ئېرىشكەن.

ياڭ شىدەنىڭ سۇي سۇلالىسىدىكى پائالىيىتى، سۇي سۇلالىسىنىڭ ياڭدى پادىشاھى (مىلادىيە 605 — 618 - يىللىرى ئارىلىقىدا تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

تاڭ دەۋرىدىكى گۈزەل سەنئەت تارىخچىسى جاڭ يەنيۈەننىڭ «ئۆتكەن سۇلالىلەردىكى مەشھۇر رەسساملار خاتىرىسى» ناملىق ئۈچ قىسىملىق ئەسىرى بىلەن پېي شاۋيۈەن يازغان «جىنگۈەن يىللىرىدىكى ئومۇم رەسىملىرى بىلەن خۇسۇسىي رەسىملەر تارىخى» قاتارلىق كىتابلاردا كۆرسىتىلىشىچە، ياڭ شىدەنىڭ ئەسىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ بىر نەچچە رەسىم توپلاملىرى، نۇسخا دەپتەرلىرى ۋە بىر قىسىم مەشھۇر تام سۈرەتلىرى تاڭ دەۋرىگىچە يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ بىر رەسىملەر توپلىمىدا «سۇي سۇلالىسىدىكى رەسىمى ئۇچرىشىش سۈرىتى» «شىنلۇ سۈرىتى» «گۇيشۇدىكى كەچلىك بەزمە سۈرىتى» «ئۇلۇغ تۆت بۇدساتۋا سۈرىتى» «ئادەم يۈزلۈك گۈڭگۈك سۈرىتى» «تەقدىر ئىلاھى سۈرىتى» «نىرۋانا دۇنياسىدىكى ئىلاھ سۈرىتى» «كوچا راھىبلىرى سۈرىتى» قاتارلىق نەپىس رەسىملىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممىسىگە ياڭ شىدەن ئىزاھات بەرگەن ھەمدە ھەر بىر كۆرۈنۈش رەسىمنى قانچە قېتىمدا سىزىپ بولغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

## سىكساناندا

سىكساناندا (مىلادىيە 652 _ 710 - يىللار) مىلادىيە 652 - يىلى خوتەندە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى بۇددا دىنىنىڭ مەشھۇر تەقۋادارلىرى ھەم ماھىر بۇددا رەسساملىرىدىن ئىدى. سىكساناندا كىچىك ۋاقتىدىلا رەسساملىققا ئىشتىياق باغلاپ، دادىسىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن رەسىم سىزىشنى ئۆگەنگەن. ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن خوتەن بۇددىزمىنىڭ ھىنايانا (كىچىك كۆلەڭگۈ) مەزھىپىگە كۈچلۈك ئەقىدە باغلىغان بولۇپ، بالاغەتكە يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا نەچچە مىڭ جىلد نوم - سۇترالارنى ئوقۇپ تەپسىر ئېيتالايدىغان ۋە ئۇنى ئەينى زاماندىكى يەرلىك تىللارغا بىمالال تەرجىمە قىلالايدىغان بولغان. نەتىجىدە خوتەندىكى بۇددا ھىنايانا مەزھىپىنىڭ مەشھۇر ئىستىقامەت دەرگاھى ھېسابلانغان گوماتى ئىبادەتخانىسىنىڭ

تەپسىرچىسى ھەم داڭلىق رەسسامىغا ئايلانغان.

تاڭ سۇلالىسى كەييۈەننىڭ 10 - يىلى (مىلادىيە 30 - يى جىڭ شىڭ تەرىپىدىن يېزىلغان «كەييۈەن يىللىرىدا ئىزاھلا ئوقۇتۇش خاتىرىلىرى» ناملىق 20 جىلدلىق بۇددا نوم خاتىرىس 7 - جىلدىدا كۆرسىتىلىشىچە، سىكساناندانىڭ نام - شۆھرىتى لويا يېتىپ كەلگەن بولغاچقا، پادىشاھ ۋۇزېتىيەن (مىلادىيە 690 — 5 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان) ئۇنىڭ ئالدىغا ئادەم ۋە ئات - ئۇ ئەۋەتىپ، ئۇنى لوياڭغا كېلىشكە تەكلىپ قىلغان. بۇ ۋاقىتتا لوياڭغا «buddharatan saamahawaipulyasutra» ناملىق سانسكر تىلىدىكى 60 جىلدلىق سۇترانى ئالغاچ كەلگەن. جىڭ شىڭنىڭ تۇ يىلى (مىلادىيە 695 - يىلى) ئۇ خوتەندىن ئېلىپ كەلگەن يۇقىرىد نومنى بۇددىخىروس، بېيجىڭ، سالى ۋە فازاڭ قاتارلىقلار بىلەن بى داپيەن كوڭسى ئىبادەتخانىسىدا تەرجىمە قىلىشقا باشلاپ، شىڭ لىن 2 - يىلى (مىلادىيە 699 - يىلى) فوشۇۋچىسى ئىبادەتخانى تەرجىمە قىلىپ تاماملىغان. بۇ خەنزۇ يېزىقىدا 80 جىلدتىن ئاشقا كېيىن ئۇ ۋۇزېتيەننىڭ تەشەببۇسى بىلەن «لانكاراتانىڭ ماھاياذ كىرىش سۇتراسى» ۋە «مانجۇسىرى تاپشۇرغان خاتىرە نوملىرى قاتارلىق 109 قىسىم، 107 جىلدلىق بۇددا كالامىنى سانسكر تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان ھەم ئىزاھلىق شەرھى بەرگەن شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئۇنى «شەرھى ئۇستازى» دەپ ئاتاشقا

تاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن گۈزەل - سەنئەت تارىخچى جاڭ يەنيەننىڭ كۆرسىتىشىچە، سىكساناندا تاڭ دەۋرىدىكى رەساملى ساھەسىدە تونۇلغان ئەرباب، ئۇ چاڭئەنگە بارغاندىن كېيىن بىر زام تەرجىمانلىق قىلغان، كېيىن خوتەن ئۇسلۇبى بويىچە رەسىم سىزى كىرىشكەن. ئۇنىڭ «ئون ئىككى ئىلاھ»، «تۆت ساماۋ پادىشاھ»، «ئۇدۇل ئولتۇرغان بۇت»، «ساماۋى ئىلاھقا بالا تەقد قىلىش»، «ئالىي راھىبلار»، «كۆسەن نەغمىچىلىرى»، «خوت راھىبلىرى» ۋە «ئەلچىلەرنى كۈتۈۋېلىش» قاتارلىق رەسىملىر مەشھۇر سانالغاندى. بۇ رەسىملەرنىڭ كۆپچىلىكى ئىبادەتخانىلارنى راۋاق - تاملىرى ۋە ئىشىك - دېرىزە يېنىغا سىزىلغان.

## ۋېيسارا كۈيجى

ۋېيسارا كۈيجى (مىلادىيە 598 — 682 - يىللار) مىلادىيە 98

يىلى ئۇدۇن خان جەمەتى ۋىيسارا جىنزۇڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئۇيغۇرلار بولۇپ، كېيىنى زامان دىنىي مائارىپى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان ئاتاقلىق تەرەققىيپەرۋەرلەردىن ئىدى. «سۇڭ سۇلالىسىدىكى ئالىي راھىبلار تەزكىرىسى» نىڭ 4 - جىلدى بىلەن «بۇددا ئەجداتلىرىنىڭ ھەر قايسى سۇلالىلەردىكى ئومۇمىي خاتىرىسى» نىڭ 15 - جىلدىدا ۋىيسارا كۈيجىنىڭ فامىلىسى ۋىيسارا، ئىسمى كۈيجى، تەخەللۇسى تاشقىن، ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىنۋۇنى قوغدىغۇچى ئولۇغ قانات سانغۇنى ۋىيسارا جىنزۇڭنىڭ ئوغلى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلامچى سانغۇنى ھەم خوبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋالىيسى ۋىيسارا جىڭدېنىڭ نەۋرىسى دەپ خاتىرىلەنگەن.

ۋىيسارا كۈيجى مەرىپەتلىك ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا خوتەندىكى بۇددا ئۆلىمالىرىدىن دىنىي ئىلىم بويىچە تەلىم ئېلىشقا كىرىشكەن. ئۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە كەلگەندە نوم يادلاش، تەپسىر ئېيتىش ۋە ئىستىقامەتتە بولۇشنىڭ رەسىم - يوسۇنلىرىنى ئۆگەنگەن، مەشھۇر بۇددا رەسساملىرىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلاردىن رەسىم سىزىشنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن.

مىلادىيە 615 - يىلى ئۇ بىر تۈركۈم خوتەن رەسساملىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا چاڭئەنگە (بۈگۈنكى شىئەنگە) كەلگەن. ئۇ دەسلەپ چاڭئەندىكى گۇاڭفۇسى ئىبادەتخانىسىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ بۇددا رەسىمچىلىكى ھەم نوم - سۇترالارنى تەرجىمە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان ۋە بۇ جەھەتتە خېلى شۆھرەت تېپىپ، پۈتۈن چاڭئەن شەھىرىگە تونۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن باش راھىب شۈەن جۇاڭنىڭ تەكلىپى بىلەن دائېنى (ئۇلۇغ مېھرى - شەپقەت ئىبادەتخانىسى) غا يۆتكىلىپ بېرىپ 25 يېشىغىچە شۇ يەردە ئىشلەپ زور ئۇتۇقلارنى قازانغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تەرجىمىچىلىك ساھەسىدىكى بىلىمى يۇقىرى بولغاچقا، باش راھىب شۈەن جۇاڭ ئۇنى ئۆز ئوردىسىغا بىۋاستە تەكلىپ قىلىپ، بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتۈشنى ئۆتۈنگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۈەن جۇاڭنىڭ ئىلتىماسىنى ماقۇل كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرغان. 28 يېشىدا «نوقۇل تونۇش نەزەرىيىسى ھەققىدىكى بايانلار خاتىرىسى» ناملىق دۇنيا قاراش ھەققىدىكى 20 جىلدلىق بۇددا كىتابىنى يېزىپ، ھىنايانا (كىچىك كۆلەڭگە) مەزھىپى بىلەن باشقا ئېقىمدىكىلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، فاشاڭزۇڭ مەزھىپىنى ئىجاد قىلغان ۋە ئۇنىڭغا نەزەرىيىۋى ئاساس سالغان.

مىلادىيە 661 - يىلى ئۇ باش راھىب شۈەن جۇاڭ بىلەن

بىرلىشىپ «بەس ـ مۇنازىرىنىڭ چېكى توغرىسىدا» ، «بەمر
مۇنازىرە چېكى نەزەرىسىگە مەدھىيە» ، «غەيرىي مەزھەپلەر ئاسا
مەقسىدىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقى توغرىسىدا» ، «نوق
20 تونۇش توغرىسىدا» ، «تەڭداشسىز قانۇنىنىڭ چەك ـ چېگرى
ھەققىدە» قاتارلىق بۇددا دىنى دۇنيا قارىشى ھەققىدىكى بەس
مۇنازىرە بايان قىلىنغان كىتابلارنى سانسكرىت تىلىدىن بىۋاستە خەن
تىلىغا تەرجىمە قىلغان ۋە ئۇلارغا ئىزاھاتلىق شەرھى بەرگەن.

«بۇددا ئەجداتلىرىنىڭ ھەر قايسى سۇلالىلەردىكى ئومۇمى
خاتىرىسى» ناملىق 22 جىلدلىق بۇددىزم تارىخىي كىتابى
كۆرسىتىلىشىچە، ۋېيسارا كۇيجى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇ
«تەڭداشسىز قانۇنىنىڭ چەك ـ چېگرىسى ھەققىدە» ناملىق كىتا
ئىزاھات بېرىشتىن باشقا، نۇرغۇن بۇددا دىنىغا ئائىت كىتابلار
يازغان. ئۇ يازغان «مۇرەككەپ توپلام نەزەرىيىسى ھەققىدىكى بايانىنا
خاتىرىسى» ، «سەۋەب ـ نەتىجە بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسـ
بايان» ، «سىرلىق نىلۇپەر سۇتراسىغا مەدھىيە» ، «ئەقىل
پاراسەتلىك ۋېيسارا پىراجىھنا سۇتراسى ھەققىدىكى تەپسىر»
«مائىتىرىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ھەققىدىكى سۇترا» ، «بۇد
تەلىماتىدىكى پاك نوملارغا ئوقۇلغان مەدھىيە بايانلىرى» قاتارلى
بۇددا دىنىنىڭ سەۋەب ـ نەتىجە ھەققىدىكى 14 قىسىم كىتابىنى
ئومۇمىي نامى «يۈز قىسىملىق بايانناما ئاساسى» دەپ ئاتالغان.
ئۇزۇن مۇددەت ئۇلۇغ مىھرى ـ شەپقەت ئىبادەتخانىسىدا تۇرغانلىقى
ئۈچۈن تارىختىن بۇيان ئۇنىڭ نام ـ شۆھرىتى «مىھرى ـ شەپقەتلى
ئۇلۇغ ئۇستاز» دەپ ئاتالغان. ئۇ بۈيۈك تۇرنا مۇنارى ئىبادەتخانىسى
تۇرغاندا خۇيجاۋ ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى ئىدى.

ۋېيسارا كۇيجى يەنە مەشھۇر رەسسام ئىدى. ئۇ بۇد
رەسىمچىلىكىگە، بولۇپمۇ فاشاڭزۇڭ مەزھىپىنى تەرغىپ قىلىدىغا
بۇددا رەسىملىرىگە ناھايىتى كامىل بولغان. ۋېيسارا كۇيجى
تەڭداشسىز جەڭ ئىلاھىنى فاشاڭزۇڭ مەزھىپىگە سىمۋول قىلى
ئارقىلىق، بۇ مەزھەپنىڭ جەمئىيەتتىكى ئابرۇيىنى كۆتۈرگەن
نەتىجىدە چاڭئەندە بىر مەزگىل بۇددا دىنىنىڭ فاشاڭزۇڭ مەزھى
ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلىگەن.

مىلادىيە 630 ـ يىلى ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىر
سانغۇنلىرىدىن، شۇەنلىڭ، دورۇيسى، لى چىڭ، ۋېيسارا زۇڭدى
چىن جىياۋجىڭ، ۋېي چىڭ قاتارلىق 18 ئادەمنىڭ سۈرىتىنى سىزى

ئۇنىڭغا «خانلىق ئوردىدىكى 18 ئەمەلدار» دەپ ئىسىم قويغان.
«جىنگۇەن يىللىرىدىكى ئومۇمىي رەسىملەر بىلەن خۇسۇسىي رەسىملەر تارىخى» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ۋېيسارا كۆيجىنىڭ «تاڭ تەيزۇڭنىڭ مەپىدە مېڭىشى» ناملىق تارىخىي خاراكتېرلىك ئەسىرى ئۆز ۋاقتىدا ئوردا ئىچى - سىرتىدىكى كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغان. ئومۇمەن تاڭ دەۋرىدە يېزىلغان رەسساملىق تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەردىن ۋېيسارا كۆيجىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مەشھۇر رەسسام ئاتالغانلىقى ۋە جوڭگونىڭ تاڭ دەۋرىدىكى رەسساملىق تارىخىغا غايەت زور تۆھپە قوشقانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

## نەۋبەتى

ئۆزىنىڭ لىرىكىلىق ئەسەرلىرى بىلەن كلاسسىك ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھەسسە قوشقان شائىر نەۋبەتىنىڭ ئەسلىي ئىسمى بىزگە مەلۇم ئەمەس. دىيارىمىز خوتەندە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان «نەۋبەتى» تەخەللۇسلۇق بۇ شائىرنىڭ ھىجرىيە 1160 - يىلى (مىلادىيە 1747 - يىلى) ئاياغلاشتۇرغان شېئىرىي دىۋانىدا ئېيتىلغان:

*ئۆمرۈم ئەللىككە يېتىپ قالدى ھەنۇز[1] مەن ئەل ئەمەس،*
*قىلمادىم ياخشى ئەمەل، بىھۇدە ئۆمر ئۆتتى دەرىغ.*
*ئەي يارانلار، بىز ئۆلۈرمىز، يادىكار قالدى كالام،*
*كىشىدىن قالغاي جاھاندا بىر نىشانە ياخشى نام.*
*مىڭ يۈز ئاتمىش ئېردى پەيغەمبەر نەبىنىڭ ھىجرەتى،*
*بۇ كىتابى نەۋبەتى تەسنىفى بولدى ۋەسسالام.*

دېگەن مىسرالاردىن بىز ئۇنىڭ تەخمىنەن مىلادىيە 1690 - يىللىرى ئەتراپىدا تۇغۇلۇپ، 1750-يىللاردا ۋاپات بولغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز.
كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز سەھىپىسىدە ھۆرمەتلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ كېلىۋاتقان نەۋبەتىنىڭ «دىۋان نەۋبەتى» ناملىق بۇ لىرىك غەزەللەر توپلىمى ئەينى دەۋردە داڭدار خەتتاتلار تەرىپىدىن

[1] ھەنۇز — تېخىچە.

كۆچۈرۈلۈپ قولدىن ـ قولغا ئۆتكەن ھەمدە بۇ قولىيازمىلارنىڭ — نەچچە مۇكەممەل نۇسخىسى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن.
مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شائىر نەۋبەتى ئاخىرقى ئۆمرىنى تول غۇربەتچىلىكتە، دوراپۇرۇشلۇق ۋە خەتتاتلىق قىلىش بى ئۆتكۈزگەن. بۇ ھال ئۇنى خەلققە يېقىنلاشتۇرغان. ئۇنىڭ بىر بۆل لىرىك غەزەللىرى «ئون ئىككى مۇقام» ئاھاڭلىرىنىڭ تېكىس قىلىنىپ خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان.
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ لىرىك ئەنئەنىسىگە ۋارىس قىلغان شائىر نەۋبەتىنىڭ غەزەللىرى مەنتىقى راۋانلىقى، ئوخشىت ئىبارىلىرىنىڭ مەزمۇندارلىقى ۋە شەكلىنىڭ رەڭدارلىقى بى ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ.
نەۋبەتى ئىجادىيىتىدە مۇھەببەت تېمىسى ئاساسىي ئورۇ تۇرىدۇ. شۇنداقلا، ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ خاسىيىتى، ئىنسانىي ئەخلا ـ پەزىلەت، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى ئەكس ئەتتۇرگۈچ شېئىرلارمۇ مەلۇم سالماقچى ئىگىلەيدۇ. شائىرنىڭ ئىجادىيىت خەلققە ھېسداشلىق، ئاياللارنىڭ كەمسىتىلىشىگە نارازىلىق، ئىنسا مۇھەببەت، دوستىغا ساداقەت، ئۆزئارا مۇناسىۋەتتىكى سەمىمىيە قاتارلىق مەزمۇنلار كۈيلىنىدۇ. شائىر يەنە ئۆز يۇرتى خوتەنن ئالاھىدە ھۆرمەت ۋە زور ئىشتىياق بىلەن كۈيلەيدۇ.
نەۋبەتى ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبى تىلىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھەسسە قوشقان شائىرلىرىمىزنى بىرى. شۇڭا، كلاسسىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىسىن ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا شائىر نەۋبەتىنىڭ ئەسەرلىرى بىز ئۈچۈن قىممەتلىك ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ.

## ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى

1980 ـ يىلى دىيارىمىز خوتەندىن «دىۋان بىلالى» نامل قولىيازما توپلامنىڭ تېپىلىشى بىلەن شائىر ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇ خوتەنىنىڭ (80ـ يىللاردىن كېيىن نەشر قىلىنغان بىر قىسم كىتابلاردا شائىرنىڭ ئىسمىنى يەكىللىك بىلەن «موللا بىلال ئىبن يۇسۇپ خوتەنى» دەپ ئاتىغان، بۇ توغرا ئەمەس) نامى ئەدەبىياتىمىز مەلۇم بولدى.

قولىيازما تولپلام شائىرنىڭ ۋاپاتىدىن تەخمىنەن بىر ئەسىر كېيىن خەتتات موللا نىياز تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىكى بەزى پاكىتلىق ماتېرىياللار ھەمدە ئۇنىڭ ئىشلەتكەن تىل، ئەدەبىي ئۇسلۇبىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ، ئۇنى XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XVIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن شائىرلارنىڭ بىرى دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

«دىۋان بىلالى» قىرىق بىر بۆلۈم 1 مىڭ 138 مىسرا شېئىردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، ئوي-پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تېمىسىنىڭ خىلمۇخىللىقى، تىلىنىڭ يېنىك، راۋانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. شائىر ئۆز ئوي - پىكرى، قاراشلىرىنى ئىسپاتلاشتا يالغۇز مۇلاھىزىلەرگە تايىنىپلا قالماستىن، نۇرغۇن ئىبرەتلىك مەسەل، ھېكايە، داستانلارنى قىستۇرۇش ئارقىلىق ئۆز پىكىرلىرىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغان.

ئىبراھىم ئىبنى يۈسۈپ خوتەنىدىن ئىلگىرى مەشھۇر كلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن ئەلىشىر نەۋائى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان ھەم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان مەشھۇر شائىرلاردىن شەيخ پەرىدىددىن مۇھەممەد ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت - تەير» ناملىق ئەسىرىدىن ئىلھام ئېلىپ ھەمدە ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى (1491 — 1498-يىللار) پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا، جۈملىدىن خەلقىمىز ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان «لىسانۇت - تەير» («قۇشلار تىلى») ناملىق يىرىك پەلسەپۋى داستانىنى يېزىپ چىققانىدى. XVIII ئەسىرگە كەلگەندە، يەنى نەۋائىدىن ئاز كەم ئۈچ ئەسىر كېيىن ئىبراھىم ئىبنى يۈسۈپ خوتەنى خۇددى ئەلىشىر نەۋائىغا ئوخشاش ئەتتارنىڭ ئەسەرلىرىدىن زوق ئېلىپ، ئەينى دەۋر خوتەن لەھجىسى بىلەن 157 بۆلۈم، 4 مىڭ 670 مىسرا (بۇنىڭ ئىچىدە «لوقمان ھەكىمنىڭ ۋەسىيەتى» 86 مىسرا) دىن تەركىب تاپقان «مەنتىقۇت - تەير» («قۇشلار تىلى») ناملىق كاتتا ئەسەرنى يېزىپ چىققان.

شائىر بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ جانلاندۇرۇش ۋاستىسىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، سىمۋوللۇق خاراكتېردىكى بىر قانچە قۇشنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق ئىجتىمائىيەت، ئەخلاق، ھايات ھەققىدىكى پەلسەپۋى سىمۋولىستىك ئوبرازلار تەسۋىرى ۋە ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسۇل ئارقىلىق ئىخچام، جانلىق بايان قىلىپ، تاماخورلۇق، ئاچ كۆزلۈك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان نەپسانىيەتچى،

تويماس ئادەملەرنى قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ. بەزىدە ئاغز
ئىنساپ، دىيانەت چۈشەنچىسىدىن يىراق، ئەمەلىيەتتە بولسا زورلۇ
زالىملىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان ھاكىم - بەگلەر، ۋاپا
ئالدامچىلارغا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلىسە، يەنە بە
رىياللىقتا ئۇيغۇن ھالدا ئادالەتپەرۋەر ئادىل شاھ، ئەمەلدارلار
ئادىللىق، ۋاپادارلىقنى مەدھىيىلەيدۇ.

قولىيازمىدىكى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئىبراھىم ئىبنى يۈ
خوتەنى قەدىمكى ۋە كېيىنكى دەۋر ئۇيغۇر تىلىغا ناھايىتى پىش
بولۇشتىن سىرت، يەنە ئەرەب - پارس تىللىرىنىمۇ پۇختا ئىگىلىگە
شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ئەتتارنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىۋاستە ئىلھام ئېلىپ،
ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىققان بولسا، قولىيازمىنى
ئاخىرىغا كۆچۈرۈلگەن «لوقمان ھەكىمنىڭ ۋەسىيەتى» نى ئەر
تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئەۋلادلارنى لوقم
ھەكىمنىڭ ئەقلىيە سۆز خاراكتېرىنى ئالغان تەربىيىۋى ئەھمىيە
ئىگە پەند - نەسىھەتلىرى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئى
قىلغان. لوقمان ھەكىم تىلىدىن بېرىلگەن ئويلاپ سۆزلەش، نادان
بىلەن ھەمسۆھبەت بولماسلىق، دانىشمەنلەرنى دوست تۇتۇش
ئالىملارنى، ئۇستازلارنى، ئاتا - ئانىلارنى، دوستلارنى ھۆرمەتلەش
ئەۋلادلارنى ياخشى خۇلقلۇق قىلىپ تەربىيىلەش، ياشلىقنى
قەدىرلەش... قاتارلىق پەند - نەسىھەتلەرنى چىرايلىق ۋە يەڭگىل تى
بىلەن ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى - ئەخلاقى كۆزقاراشلىرى
بىۋاستە تەشەببۇس قىلىش ئىستىكىدە بولغان.

## مۇھەممەد سىدىق زەلىلى

مۇھەممەد سىدىق زەلىلى XVII، XVIII ئەسىرلەر ئۇيغ
ئەدەبىياتىنىڭ تونۇلغان نامايەندىلىرىدىن بىرى.

شائىرنىڭ ھىجرىيە 1157 - يىلى (مىلادىيە 1744 — 1745
يىللار) يازغان «تەزكىرەئى خوجە مۇھەممەد بۇزرۇكۋار» ناملى
داستانىدىكى «ئۆمرى يەتمىشكە يېتىپ مەرد ئولمادى»، «قىر
يىلدىن تابۇ دەمغە ھىر قەپۇش» دېگەن مىسرالار ھەمدە ھىجر
1131 - يىلى (مىلادىيە 1718 - يىل) يازغان «سەفەرنامە» سىد
«خەستە زەلىلىدۇر چۇ نادان ھۇنۇز، بولمادى قىرىق ياش
مۇسۇلمان ھۇنۇز» دېگەن مىسرالىرىدا قەيت قىلىنغان سانلار بوي

ھېسابلىغاندا، زەلىلىنى تەخمىنەن XVII ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى يەكەندە تۇغۇلغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئەمما، شائىرنىڭ قانچە يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، قاچان ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. شائىر ئۆز يۇرتى يەركەن شەھىرى توغرىسىدا:

*«مېنى ئەۋارە قىلغان يەركەند شەھىرىدە ماھىمدۇر،*
*قارالغۇ ئەيلەگەن ئالەمنى گويا دۇدى ئاھىمدۇر.»*

دېگەن مىسرالارنى تىزغان.

زەلىلى بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرلىرىنى يەكەندە ئوقۇش ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. زەلىلىنىڭ بىر غەزىلىدە «سەئىدىيە خانلىقى» نىڭ ئابدۇرەشىدخان زامانىسى (1533 — 1560- يىللىرى) دا تەسىس قىلىنغان «خانلىق مەدرىسە» ئالاھىدە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، «خانلىق مەدرىسە» زەلىلى ئاساسىي بىلىم ھاسىل قىلغان يۇقىرى ئوقۇش يۇرتى بولسا كېرەك. زەلىلى شېئىرلىرىدىكى ۋەقەلىك ۋە گۈزەل ئىبارىلەرنىڭ كۆپلۈكىگە قارىغاندا، زەلىلى ئەينى دەۋر ئەنئەنىۋى تەلىم ئۇسۇللىرى بويىچە ئەرەب - پارس تىللىرىنى خېلى پىششىق ئۆزلەشتۈرگەن، ئەرەب - پارس ئەدەبىياتىنىڭ تىپىك نەمۇنىلىرى، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن مەشھۇر شائىرلارنىڭ شاھانە ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان.

مىلادىيە 1682 - يىلى ھىدايىتۇللا ئىشان (ئاپئاق خوجا) قەبىھ ۋاستىلەر بىلەن «سەئىدىيە خانلىقى» نى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئالتىشەھەردە «ئاپئاق خوجا» نىڭ سۇلۇكى ئاساس بولغان ئىشانلىق يامراپ كەتتى. ھەر خىل ناملاردىكى، بولۇپمۇ ئىسلام تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر زاتلارنىڭ ناملىرى سۈيئىستېمال قىلىنغان تۇرلۇك «مازارلار» كۆرۈنگەنلا جايدا تىكلىنىۋەردى. قىسقىسى، سوفىلارچە تائەت - ئىبادەت ۋە مازار - ماشايىخلارنى تاۋاپ قىلىش بىلەن ئۇلارغا سەدىقە - ساخاۋەت قىلىشنى مۇسۇلمانچىلىقنىڭ بىردىنبىر يولى دەپ تەكىتلەيدىغان رىياكار ئىشانلارنىڭ تەرغىباتلىرى خەلقنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتتى. ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىنىڭ ئەڭ تەسىرچان قىسمى بولغان ئەدەبىيات مەزكۇر مۇھىت ئىچىدە خىلمۇ خىل ئىدىيىۋى تۈس ئالدى. زەلىلى مۇشۇنداق داۋالغۇپ تۇرغان زاماندا ۋە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇھىتتا ياشىغان ھەم ئىجاد قىلغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى.

زەلىلى راسا يېگىتلىك قىرانىغا يەتكەندە، «ئىشق ئېتىبارى»

بىلەن نەچچە ئون يىللاپ سەپەر مۇشكۇلىنى چېكىپ، نۇر
مەنزىللەرنى كېزىدۇ. قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچار، تۇر
قۇمۇللارنى ئايلىنىپ چىقىدۇ. بارغانلا يېرىدە «ئاشىق قىلەند
تەرزدە «مازارلار» نى تاۋاپ قىلىدۇ. 50 ياشلىرىدا خوتەنگە كېلە
ئۇزۇن مەزگىل شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ. خوتەندىكى ئىجادىي ھا
داۋامىدا زەلىلى ئىدىيىسىدىكى مۇرەسسەچىلىك خاھىشلىرى پەسلە
رېئالىزملىق خاھىش يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتىدۇ. نەتىجىدە شائىر
ئەسىردىكى ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلـ
ئايلىنىدۇ.

زەلىلى غەزەللىرى ئىچىدە بەش بېيىتلىك 70 غەزەل، يە
بېيىتلىك 65 غەزەل، ئۇنىڭدىن قالسا ئالتە بېيىتلىك 15 غەزە
سەككىز بېيىتلىك 13 غەزەل، توققۇز بېيىتلىك 51 غەزەل با
زەلىلىنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئەسەرلىرى ئاساسەن سەك
ژانىر (غەزەل، رۇبائىي، مۇخەممەس، مۇستەھزاد، قەسىـ
ساقىنامە، تەزكىرە ياكى داستان، سەفەرنامە) دىن تەركىب تاپقان
زەلىلى غەزەللىرىدىن نەغمىگە ئالاھىدە خۇشتارلىقى، نەغمە
ھاياتتىكى رولىنى ياخشى چۈشەنگەنلىكى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىد
ئوبدان خەۋەردار ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ:

*«مەجلىس ئىچىگە كوت سالۇر پەردەگى ئىراق*
*مەشتىق جۇنۇنىدىن ئەيلەگەچ سەۋتى تەرەننۇمى ئەجەم*
*ئەجايىپ مەجلىس كەرەم گولدى بۇ دەشتى بەيابانكىمىر،*
*نەۋاگى نالەگى مەجنۇن بىلەن ئاھۇ كەباب ئەردى.»*

زەلىلى غەزەللىرىدە بەزى ئىنچىكە مەنىلەرنى بايان قىلى
مۇنازىرىلىك سوراق ئۇسۇلى، تەمسىللەر بىلەن خۇلاسىل
ئۇسۇللىرى قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، ئىستىئارە - رەمزىلـ
تەسۋىرلەر، بولۇپمۇ ئوخشىتىش (تەشبىھ) ئاساسىدىك
ئىستىئارىلەر، يەنى ئىما - ئىشارەت ئۇقۇملىرىنى بىلدۈرىدىغ
چوڭقۇر مەنىلىك تەسۋىرىي ئىبارىلەر كۆپ قوللىنىلغان. شۇڭا زەل
تىلىنىڭ گۈزەللىكى، پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇق
ئوخشىتىشلىرىنىڭ چىرايلىقلىقى بىلەن ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئۇس
ياراتقان شائىر. شۇنى ئالاھىدە قىستۇرۇپ ئۆتۈش لازىمك
نەۋبىتىنىڭ بالاغەتكە يەتكەن چاغلىرىدا زەلىلىمۇ خوتەندە يەرلىك

ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ ئىككى مۆھتەرەم شائىرنىڭ ئۆچراشقان ياكى ئۇچراشمىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. شائىر زەلىلى خوتەن شەھىرى «ئالتۇنلۇق مازىرى» (ھازىرقى ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپ ئىچىدە) غا دەپنە قىلىنغان.

## سەدىرىدىن قاراقاشى

XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراقاش بۇدۇشۇق كەنتىگە قاراشلىق مۇغاللا مەھەللىسىدە ياشاپ، ئۆمرىنى ھەر قايسى پەنلەر بويىچە ئىلمىي ئىجتىھات ۋە ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ئالىم مەۋلانە سەدىرىدىن قاراقاشى ئۆز دەۋرىنىڭ يېتۇك مۇدەررىسلىرىدىن بولۇپ، كەڭرى نەزەر دائىرىسى، ئەل قايىل دىنىي ئەخلاقىي تەلىماتلىرى بىلەن شۆھرەت تاپقانىدى. ئالىمنىڭ يەنە جاي-جايلاردىن ئىلىم تەلەپ قىلىپ كەلگەن شاگىرت - تالىپلىرى بولۇپ، بۇ ھال ئالىمنى ئەل ئىچىدە «مەۋلانە» دېگەن ھۆرمەتلىك ئۇنۋانغا مۇشەررەپ قىلدى. بۇ ئالىم دىنىي مەشغۇلات بابىدا تالىپلارغا ئىلىم ئۆگىتىش بىلەن بىرگە، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى ۋە يەر تەۋرەش ئىلمى ھەققىدە ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان. بۇ ئەسەرلەردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگىنى كۈن، ئاي، پەسىل، يەر تەۋرەش قاتارلىقلار ھەققىدىكى ئومۇمىي ساۋاتلار ۋە پالچىلىققا ئائىت بەزى چۈشەنچىلەرنى ئۆزىگە جەم قىلغان 126 بەتلىك «نورۇزنامە»ناملىق قوليازمىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق ئەسەرلىرىنىڭ بارلىقى ۋە قاچان تۇغۇلۇپ، قاچان ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە پاكىتلىق ماتېرىيال يوق.

## مۇھەممەد نىيازى

XVIII ئەسىردە خوتەن شەھىرىدە ياشاپ ئىجاد ئەتكەن تالانتلىق شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمان موللا مۇھەممەد نىيازى (تەخەللۇسى نىياز، بەزى كىتابلاردا موللا نىياز دېيىلىدۇ) نىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. ئۇ خوتەن ھۆكۈمدارى مۇھەممەمەت ئەزىز ھوزۇرىدا كاتىپ بولغان ۋە ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «تارىخىي رەشىدىيە» نى ئەمىر مۇھەممەد ئەزىز نامىغا بېغىشلاپ تەرجىمە قىلغان. «ئەمىر ئابامۇسلىم» ناملىق قىسسىسىنى ئۇردا كاتىپى موللا

ھەيدەر (تەخەللۇسى مىسكىن) بىلەن بىرلىكتە نەزمىلەشتۈرگە
نۇرغۇن لىرىك شېئىرلارنى يازغان. يېقىندا تېپىلغان ئۈچ شا
(موللا مۇھەممەد نىيازى، موللا ھەيدەر، موللا سالىھ)نىڭ ز
ھەجىملىك بىر قولىيازما دىۋانغا ئۇنىڭ «ئەمىر ئابامۇسلىم» نامل
داستانى بىلەن 2 مىڭ مىسراغا يېقىن شېئىرى كىرگۈزۈلگەن
نىيازى يەنە خەتتات ۋە كىتاب چاپى قىلغۇچى (تۇپلىگۇچى) بولۇپ
ئۇنىڭ پاساھەتلىك قولىيازمىسى بىلەن كۆچۈرۈلگەن بىر قىسىم
كىلاسسىك كىتابلار بار.

## مۇھەممەت ئېۋەز قاراقاشى

شائىر، تارىخچى، ئاسترونوم ۋە ماتېماتىك مۇھەممەت ئېۋ
قاراقاشى قاراقاشنىڭ ماڭلاي يېزىسىدىكى موغاللا كەنتىدە تونۇلغا
ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان يىل
ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئۇ تەخمىنەن XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرى
مۇشۇ يۇرتتا ياشىغان ئالىمدۇر. مۇھەممەت ئېۋەزنىڭ تولۇق ئىس
مۇھەممەت ئېۋەز ئىبنى مەۋلانا سەدىردىن قاراقاشى بولۇپ، ئۇنى
دادىسى ئۆز دەۋرىنىڭ تونۇلغان مۇدەررىسلىرىدىن ئىدى. ئۇ كىش
ئاۋام ئىچىدە «مەۋلانە» دېگەن پەخرىي نام بىلەن ئاتالغان ۋە ئۆز
«قاراقاشى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان.

ئۆز ئائىلىسىدە تەلىم ئېلىپ يېتىلگەن مۇھەممەت ئېۋەز
كېيىن دادىسىنىڭ نىسبىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز ئەسەرلىرىن
«مۇھەممەت ئېۋەز قاراقاشى» يەنى «قاراقاشلىق مۇھەممەت ئېۋە
دېگەن نام بىلەن يازغان.

مۇھەممەت ئېۋەزنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن ئىككى چو
ئەسىرى بار، ئۇنىڭ بىرى «مەخدۇم ئەزەم» ناملىق كىتاب بولۇپ
بۇ ئۇنىڭ تارىخ ساھەسىدىكى مۇھىم ئەسىرىدۇر. بۇ ئەسەردە XVII
ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تيانشان
جەنۇبىي ۋە شىمالىدا يۈز بەرگەن زور ئىجتىمائىي، سىياس
ئەھۋاللار، تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدا مەلۇم
بېرىلگەن. شىنجاڭ تارىخىدىكى خوجىلار ھەرىكىتى، «ئاق تاغلىق
«قارا تاغلىق» لار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگە
«مەخدۇم ئەزەم» ناملىق كىتابنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى بۈگۈن

كۆندە ئۇيغۇر تارىخىنىڭ XVIII ، XIX ئەسىرلىرىنى يورۇتۇشتا ۋە ئۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىنى، پەلسەپە ئاساسلىرىنى تەتقىق قىلىشتا نوپۇزلۇق مەنبە بولۇپ خىزمەت قىلماقتا.

مۇھەممەت ئىبۋەزنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» («ھۆكۈملەر يىغىندىسى») ناملىق ئەسەردۇر. «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» 14 بابتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، خرونولوگىيە ۋە پىسخولوگىيە قاتارلىق پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىتابنىڭ ئاخىرىدا مۇئەللىپ ئۆزى بىلەن زامانداش بولغان ۋە ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن بەزى ئالىملارنىڭ ئىلمى پائالىيىتى توغرىسىدىمۇ بەزى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. مۇئەللىپنىڭ ئەينى زامانغا خاس بەزى خۇراپىي كۆز قاراشلىرى ۋە دىنىي - سىخولاستىك نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇھەممەت ئىبۋەزنى XVIII ئەسىرنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىلىك ئالىمى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئۆز ئەسىرىدە توققۇز پىلانېت، يەر شەكلى، يۇلتۇزلار ھەرىكىتى، كالېندار تۈزۈش توغرىسىدا، گېئومېترىيە، ئالگېبرا توغرىسىدا، جۇغراپىيە ۋە تارىخنى دەۋرلەرگە بۆلۈش توغرىسىدا، شۇنىڭدەك ئىنسان ئورگانىزمىدىكى پىسخىك ھالەتلەر توغرىسىدا ھازىرقى زامان ئىلمىي قائىدىلىرىگە خېلىلا ئۇيغۇن كېلىدىغان توغرا كۆز قاراشلارنى بايان قىلغان.

«مەجمۇئەتۇل ئەھكام» XVIII ئەسىر شارائىتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەبىئىي پەن ھەققىدە دادىل پىكىر يۈرگۈزۈلگەن ئىلغار كىتابتۇر. مۇھەممەت ئىبۋەز قاراقاشى ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرى ئارقىلىق تەبىئەتنى بىلىش جەھەتتە ئىسلام ئەقىدىلىرىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ ئۆتكەن. «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» ناملىق ئەسەردە بايان قىلىنغان ئىلمىي كۆزقاراشلار مۇئەللىپنىڭ ئىلىم - پەن تارىخىدىن خېلى ياخشى خەۋەردار ئىكەنلىكىدىن، ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئەرەب ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىملىرىنىڭ تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى ئەسەرلىرىنى پىششىق تەتقىق قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىلى 1 - سانىدا ئەدىب بارات ئىمىنىنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن ئۇنىڭ 1964 - يىلى ۋاپات بولغان مەشھۇر خەتتات سۇپۇرگە موللام كۆچۈرۈپ ساقلىغان «قۇچ» (سەككىز كۇپلېت)، «كاج پەلەك» (بەش كۇپلېت) ناملىق ئىككى پارچە مۇخەممەس ۋە 33 بېيىتلىق تۆت پارچە غەزەللىك ئۇقۇرمەنلەرگە سۇنۇلغان.

مۇھەممەت ئىبۋەز قاراقاشى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەشھ
تارىخىي شەخسلىرى قاتارىدا «بۈيۈك جۇڭگو قامۇسى»
كىرگۈزۈلگەن.

## ئەخمەتشاھ قاراقاشى

ساتىرىك شائىر ئەخمەتشاھ قاراقاشى تەخمىنەن 1740 - يى
قاراقاش ناھىيىسىنىڭ قاپاقلا كەنت ھالۇ (ھالبۈيى) مەھەللىس
مۇبارەكشاھ ئىسىملىك بىر دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان
شائىرنىڭ دادىسى مۇدەررىس بولۇپ، كۆپلىگەن تالىپلىرى بار ئىدى
بۇ مەدرىستە تالىپلار دىنىي ئىلىم ئۆگەنگەندىن، باشقا ئەرەب - پار
تىللىرى بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلاتتى. ئەدەبىيات، تارىخ ۋە ئىلم
نۇجۇم (ئاسترونومىيە) ئۆگىنەتتى. شائىر ياش چاغلىرىن
دادىسىنىڭ ئەنە شۇنداق ئەۋزەل شارائىتى ئاستىدا ئۆتكۈزدى ۋە
ۋاقىتتىن باشلاپ ئەدەبىيات ئىلمى تەرەپكە كۆپرەك قىزىقىش
بولدى.

شائىر 18 ياشقا كىرگەندە دادىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويى
قەشقەرگە بېرىپ «خانلىق مەدرىسە» دە ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ يەردى
قايناق ئىلمىي ھايات شائىرنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بىل
تەمىنلەپ، ئۇنى ئىلىم - بىلىمنىڭ كەڭرى شارائىتىغا، تەپەككۇر
پاساھەت ۋە بالاغەت مۇھىتىغا باشلاپ كىردى.

شائىر 24 ياشقا كىرگەن يىلى خانلىق مەدرىستىكى ئوقۇ
ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئانا يۇرتى قاراقاشقا قايتىپ كەلدى ھە
شۇ چاغدىكى يۇرت مۆتىۋەرى ئىنايىتۇللا مۇپتىنىڭ ئىشەنچىسى بوي
داڭلىق گۈزەر مەسچىتىگە ئىماملىققا تەيىنلەندى.

شائىر خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، شەرى
ئىشلىرىغا قاتناشقاندىن باشقا، ۋاقتىنى ئاساسەن ئىبۋىپلىق كەس
بىلەن ئۆتكۈزۈپ، كىتاب ئوقۇش ۋە يېزىقچىلىق ئىشلىرى بىر
مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدى. 1828 - يىلى 88 يېش
كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

شائىر ئەخمەتشاھنىڭ خەلق ھاياتىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەت
مەشھۇر شېئىرى «سالامنامە» بۈگۈنگە قەدەر ئۆزىنىڭ قەدى
قىممىتىنى ۋە گۈزەللىكىنى ساقلاپ، خەلقىمىزنىڭ ئەڭ ياخش

...رۇپ ئوقۇيدىغان مەنۋى مىراسى بولۇپ كەلمەكتە.

شائىرنىڭ نەسەب ۋارىسى ئابدۇقادىر ئاخۇننىڭ تەكىتلىشىچە، شائىرنىڭ تالىپلىرى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بىر دانە قولىيازما توپلىمى بار ئىدى. بۇ كىتاب 1968 - يىلى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» بورىنىدا يوق بولغان. ئۇنىڭدا 30 پارچىغا يېقىن غەزەل، مۇخەممەسلەر ۋە ھەجۋىيلەر بار بولۇپ، ئەڭ ئاياغ سەھىپىسىگە نەزەر مۇپتىنىڭ «ياپىلاق» دېگەن بىر ھەجۋىي پارچە شېئىرىمۇ كۆچۈرۈلگەن.

شائىرنىڭ «سالامنامە» (نەزەر مۇپتىغا خەت) ناملىق ساتىرىك شېئىرى توغرىسىدا مۇنداق بىر پارالڭ ساقلىنىپ كەلمەكتە: شائىر ئەخمەتشاھ قەشقەرىدىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ قايتىش ۋاقتىدا بىللە ئوقۇغان ئاقسۆلۇق ساۋاقدىشى نەزەر مۇپتىغا ياخشى بىر ئات ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپ پۇل ئەۋەتىدۇ. نەزەر مۇپتى ئەۋەتكەن ئات شېئىردا پاش قىلىنغاندەك ئەيىب - نۇقسانىغا ئىگە ئات بولغانلىقتىن، شائىر غەزەپلىنىپ «سالامنامە» نى يېزىپ نەزەر مۇپتىغا ئەۋەتىدۇ. نەزەر مۇپتى چوڭ بىر بەزمە ئۈستىدە ئولتۇرغاندا بۇ شېئىرىي سالامنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ خۇشاللىقىدا بىر تالىپقا ئۈنلۈك ئوقۇپ كۆپچىلىككە ئاڭلىتىشنى، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولۇشنى كۆزلەيدۇ. نەزەر مۇپتىنىڭ تالىپى شېئىرنى دېكلاماتسىيە ئاھاڭىدا ئوقۇپ ئوتتۇرا قىسمىغا كەلگەندە، نەزەر مۇپتىنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، ئىلگىرىكى خۇشاللىقتىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. ئۇ تالىپنىڭ پېشىنى نەچچە قېتىم تارتىسىمۇ بىر ئوقۇغىنىچە ئاخىرىنى تۈگىتىدۇ. نەزەر مۇپتى نەچچە كۈنگىچە كىبلىدىن غىزا ئۆتمەي قاتتىق ئازابلىنىدۇ. نەتىجىدە شائىر ئەخمەتشاھنى ھەجۋىي قىلىدىغان «ياپىلاق» ناملىق شېئىرنى يېزىپ ئەۋەتىدۇ. شائىرنىڭ تالىپلىرى كۆچۈرگەن توپلامغا نەزەر مۇپتىنىڭ ئەنە شۇ «ياپىلاق» شېئىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ توپلامنىڭ يوقىلىشى كىشىنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. لېكىن شائىرنىڭ «نەزەر مۇپتىغا خەت» ناملىق شېئىرى بۈگۈنگىچە خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مۆھۆر كەبى ئېنىق ساقلىنىپ كەلمەكتە.

كۆپلىگەن ئىخلاسمەنلەر شائىرنىڭ «پۇل»، «شاھ پولۇ»، «مېۋىلەردىكى جېدەل»، «دوڭغاق»، «ھەزرەت» قاتارلىق داڭلىق ھەجۋىيلىرىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنى خەلق زامانلاردىن بېرى ئوقۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.

ئىلىم سۆيگۈچى ئەۋلادلارنىڭ بۇ مەنىۋى بايلىقلارنى داۋاملىق ئىزدىنىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

## ئىسمائىل مەھزۇن

شائىر ئىسمائىلنىڭ («مەھزۇن» شائىرنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇ-
بولۇپ «غەمكىن»، دېگەن مەنىدە، ھازىرغىچە بولغان كىتابلار
«مەھزۇن خوتەنى» دەپ ئېلىنغان) تەرجىمىھالى مەلۇم ئەمەس. بە
شائىرنىڭ ھاياتى ۋە يۇرتىغا دائىر پاكىتلارنى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدە
ئالىمىز. شائىرنىڭ يۇرت كېزىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا ئۆز يۇرتىن
سېغىنىپ:

*«مېنى مەھزۇن نېتەي بۇ غۇربەت ئىچرە،*
*خوتەن مۈلكى مېنىڭ ئېردى دىيارىم.»*
*«مەھزۇن خوتەنگە ئالتىشەھەر چار باغىدىن،*
*كەچكىل مۇقامى ئەسلىغەيان، ئۆز دىيار خوپ.»*

دەپ يازغان مىسرالىرىدىن ۋە بىر شېئىرىدا XVIII ئەسىردە خوتەند
ئۆتكەن خوجا ئىسھاقنى تىلغا ئالغانلىقىغا ئاساسلىنىپ، مەھزۇن
تەخەللۇسلۇق بۇ شائىرنىڭ خوتەنلىك ئىكەنلىكىنى، XVIII ئەسىرنىڭ
ئالدىنقى يېرىمىدا ياشاپ ئىجاد ئەتكەنلىكىنى بىلىمىز.

شائىر شېئىرلىرىدىكى بايانلاردىن يەنە، خەلق ئېغى
قاششاقلىق، قاراڭغۇلۇقتا قالغان، نەپسانىيەتچىلىك، ئەمەلپەرەسلى
ئەۋج ئېلىپ كەتكەن، ئىجتىمائىي كەيپىيات بۇزۇلغان جەمئىيەت
روھىي جەھەتتە ئېغىر ئازابلانغان شائىرنىڭ يېشى ئەللىكتىن ئاشقان
«بەختسىز ئۆتكەن كۆڭگە رەنجىپ، «تاڭلا ئەۋلاد ئالدىدا گۇناھكا
بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن» يۇرتىدىن جاھانگەشتى بولۇپ چىقى
كەتكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

شائىر قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا قاتارل
جايلارنى كېزىپ يۈرگىنىدە، جەننەت سۈپەت دىيارى خوتەننى كېچ
كۈندۈز سېغىنىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ يۇرتىغا قايتىپ بارغانلىقى ياك
ئالتىشەھەرنىڭ بىرەرسىدە ۋاپات بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس
شائىردىن بىزگە قالغىنى ھەر خىل تېمىدىكى لىرىك شېئىرلارد

تۈزۈلگەن بىر قولىيازما دىۋان بولۇپ، دىۋاننىڭ باش ـ ئاخىرى تولۇق بولمىغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قاچان پۈتتۈلگەنلىكى، ئاپتور قەلىمىگە ياكى باشقا بىر كاتىپ قەلىمىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

شائىر دىۋانىدا ئۆزىنىڭ يۇرتىنى سىغىنىش مۇھەببىتىنى، سۆيگۈگە بولغان ساداقىتى ۋە يار ۋىسالىغا يېتىش يولىدىكى ئارزۇ-تىلەك، ئىنتىزارلىق كەيپىياتلىرىنى، زامان زۇلمىغا بولغان نارازىلىقىنى، هايات لەززەتلىرىنى ئەۋزەل بىلىشتەك پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى، كىشىلىك ئەخلاقى توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

«دىۋان مەهزۇن» 45 غەزەل ۋە مۇنازىرە تىپىسىدىكى بىر ئىبرەتلىك شېئىردىن تۈزۈلگەن. «قوغۇنلار ئۆزئارا هۆرمەت تالاشتى» دېگەن مىسرا بىلەن باشلانغان مۇنازىرە ژانىرىدىكى ئېپىك شېئىرىي ئەسەر تېپىگە كىرىدىغان ئاخىرقى شېئىرىدا، شائىر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا كۆزگە چېلىقىدىغان «مېۋىلەر مۇنازىسى» («شەكەرىستان») تىپىسىغا مۇراجىئەت قىلىپ، قوغۇنلارنى جانلاندۇرۇش ئارقىلىق خوتەن جەمئىيىتىدىكى چوڭ ـ كىچىك فېئودال هۆكۇمران، ئەمەلدارلارنىڭ خەلققە سالغان زۇلۇم ـ ستەملىرىنى، نەپسانىيەتچىلىك، ئاچ كۆزلۈك قاتارلىق رەزىل قىلمىشلىرىنى قاتتىق هەجۋى قىلىدۇ. ئەهۋالدىن قارىغاندا، شائىر بۇ شېئىرىنى خوتەندىن چىقىپ كېتىش ئالدىدا يازغان بولۇشى ئېهتىمالغا يېقىن.

شائىر ئىسمائىل مەهزۇننىڭ شېئىرلىرى ئاممىباب، تىلى يېنىك، راۋان بولۇشتەك، شۇنداقلا XVIII ئەسىر ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن شېۋىسىگە ئائىت بىر مۇنچە تەرەپلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەنلىكىدەك ئالاهىدىلىكلىرى بىلەن كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي تىل تەتقىقاتىمىزدا مەلۇم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە مىراس هېسابلىنىدۇ.

## قەلەندەر

شائىر قەلەندەرنىڭ ئىسمى، تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى هەققىدە مەلۇمات يوق. ئۇنىڭ دەسلەپ تېپىلغان تولۇقسىز دىۋانىنىڭ هىجرىيە 1221 ـ يىلى (مىلادىيە 1806 — 1796) خوتەن

ھۆكۈمدارى مۇھەممەد ئەزىز دەۋرىدە يازغان بىر قىسىم شېئىرلىرىد
(جەمئىي 11 پارچە) مەلۇم بولۇشىچە، شائىر قەلەندەر XVIII ئەسىرن
40 - يىللىرىدىن XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بىرىنچى چارەكىگ
بولغان مەزگىل ئىچىدە ياشاپ ئىجاد ئەتكەن. ئۇ ھازىرق
ئافغانىستاننىڭ قۇندۇز شەھىرىدە توغۇلغان بولۇپ، كېيىنكى ئۆم
خوتەندە ئۆتكەن، ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئىجاد
مىراسلىرىنىڭ ھەممىسى خوتەندە يېزىلغان ياكى توپلام قىلىنغان
شائىر قەلەندەرنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئىككى تولۇقس
دىۋانى ھەمدە كېيىن يېڭى تېپىلغان شېئىرلىرى (يەتتە غەزەل، تو
مەسنەۋى) دىن مەلۇمكى، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە غەزەل ئاساسىي ئورۇ
تۇتىدۇ. شائىرنىڭ شېئىرلىرى تامامەن دىگۇدەك مۇھەببە
لىرىكىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا سۆيگۈ تېمىسى ۋاپا
ساداقەت، ياخشىلىق، زامان جەبىر - جاپالىرى ئۈستىدىن شىكايەت
ئارزۇ - ئۈمىد قاتارلىق ئىجتىمائىي مەزمۇنلار گىرەلەشتۈرۈلگە
ھالدا يورۇتۇپ بېرىلگەن. شائىر ئۆزىنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكى يا
ۋە چوڭقۇر ھېسسىياتلىرىنى گۈزەل، ئوبرازلىق شېئىرىي تىل بىلە
ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ شېئىرىي تىلى ئۆزىنىڭ نەپىس ۋە جۇلالىقلىقى
مەجازى ۋاستىلەرنى ئۆزىدە تولۇق، ھەيران قالغۇدەك دەرىجىد
مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكى، رەڭدارلىقى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە جەل
قىلىدۇ①. ئالايلى:

*«ئاھ گۇتىدىن تولدى ئالەم، بولماسا يوق ئېردى ئوت،*
*كۆز ياشىم تا قويمادىم ھىجرىڭدە دەريا بولمادى.»*

(ئەسلىدە دۇنيادا ئوت يوق ئىدى، ئاھلىرىم بىلەن ئوتق
تولدى، جۇدالىقتا كۆز ياشلىرىمنى تۆكمىگەن بولسام
دەريامۇ بولماس ئىدى.)
لىرىك شائىر قەلەندەرنىڭ غەزەل، مۇخەممەس ۋە مەسنەۋىلىرى

① خوتەندىن دىسلەپ تېپىلغان تولۇقسىز قولىيازما دىۋان 149 غەزەل، 25 مۇخەممەستىن تەشكىل
تاپقان بولۇپ، «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981 - يىللىق 1 - سانىدا (ت. ئېلىيوپ نەشرگە تەييار-
لىغان) ۋە «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 3-سانىدا (ئىسراپىل يۇسۇپ نەشرگە تەييارلىغان)
ئېلان قىلىنغان. قەلەندەرنىڭ 1987-يىلى خوتەندىن تېپىلغان يەنە بىر تولۇقسىز قولىيازما دىۋانىدىكى
60 غەزەل «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988-يىللىق 3-سانىدا (مەتقاسىم ئەكرەم، مۇھەممەتئىمىن تۇردىلار
نەشرگە تەييارلىغان) ئېلان قىلىنغان. شېئىرلىرى «قەلەندەرنىڭ يېڭى تېپىلغان شېئىرلىرى» نامى
بىلەن (مەتقاسىم ئابدۇراخمان، توختىنىياز قۇربانلار نەشرگە تەييارلىغان) «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ
1991 - يىللىق 4 - ساندا ئېلان قىلىندى.

ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى نادىر دۇردانىلەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىزدا زور قىممەتكە ئىگە.

## سالىھ قاراقاشى

شائىر موللا سالىھ 1742 - يىلى قاراقاش تاخسا كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ قاچان ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق.

1855 - يىلى موللا ئىمىن ۋە موللا ياقۇپ ئىسىملىك خەتتاتلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن چوڭ ھەجىملىك بىر قوليازمىغا موللا ھەيدەر، موللا نىياز، موللا سالىھ قاتارلىق ئۈچ نەپەر شائىرنىڭ ئېپىك داستانلىرى ۋە بىر قىسىم لىرىك شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

بۇ يېگانە قوليازمىدىكى موللا سالىھنىڭ غەزەل، مەسنەۋى، مۇرەببە، مۇخەممەس، مۇستەھزاد ۋە كىچىك تىپتىكى شېئىرلىرى 3 مىڭ 500 مىسراغا يېتىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ يارقىن، تاتلىق شېئىرلىرىدا، ئەزىز دوستلىرىنى، سۆيۈملۈك يۇرتىنى تىلغا ئالغان. يەنى:

*كەلچى يۇرتىبان قاراقاش بىلەن شەھەر،*
*بارچە قاراقاش ئەھلىغە گۈل كۈنى يەتتى خەۋەر.*

ئۇ يەنە «دوستلار بايانى» سەرلەۋھىك شېئىرىدا:

*بىر كۈنى ئىزدەپ سوراپ كەلدى ئۇلار تاخسارىغە،*
*بىر قونۇپ ئېلىتىپ مىنى باردى ئېلىپ ئۆز سارىغە.*

دەپ يازىدۇ.

موللا سالىھ شېئىرلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئاپتور ئۆز يۇرتىدا ۋە ئائىلىسىدە يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقە، ھادىسىلەرنى ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئەينى زامان رېئاللىقىغا بولغان ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ۋە باھاسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا، ئۇنىڭ شېئىرلىرى رېئالىستىك روھ بىلەن

سۇغۇرۇلغان. مەسىلەن، شائىرنىڭ مۇھەببەت تۇيغۇلىرى ۋە جۇدا ئازابلىرى ئىپادىلەنگەن شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنىڭ ئاي ۋە پەرزەنتلىرىگە بېغىشلانغان. «موللا سالىھنىڭ چېچەكنى ھەجۋ قىلغانى» سەرلەۋھىلىك مۇخەممەسىدە شائىر ئۆز يۇرتىدا يۈز بەرگ چېچەك ۋاباسى سەۋەبىدىن بالىلارنىڭ مىسلىسىز كۆپ قىرىل كەتكەنلىكىنى، چېچەك ئەجدىھاسى بالىلارنىڭ «يۈزدىن بىرىن قويۇپ، قالدىسىنى ئېلىپمۇ تويمىغان» لىقىنى، يۇرتقا يىغا - زار ئاھ - پەرياد، ماتەم ئېلىپ كەلگەنلىكىدەك ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر تەسۋىرلىگەن. سالىھ شېئىرلىرىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك، ئەي دەۋر ئىجتىمائىي شارائىتىنى، جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا بىز مۇھىم تەپسىلاتلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ئۇنىڭ شېئىرلىرى تىلىنىڭ ئاممىباپلىقى، شېئىر پىكىرىنىڭ روشەنلىكى، بەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ مۇۋاپ ئىشلىتىلگەنلىكى، ۋەزىن ۋە شېئىر شەكىللىرىنىڭ كۆپ خىللىق بىلەن مۇھىم بەدىئىي قىممەتكە ئىگە.

## غەيرەتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان ھىجرىيە 1229 - يىلى (مىلادىيە 1813 — 1814) قومۇل ۋاڭ مۇھەممەد بەسىرنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن تۈزۈلگەن شېئىرلا توپلىمى (قولىيازما) «باياز» غا 33 نەپەر شائىرنىڭ ئەسىرى تاللا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ ئەسەرلەر ئىچىدە «غەيرەتى» تەخەللۇسلۇ شائىرنىڭ «خۇبمۇكىن» ناملىق مۇخەممەسمۇ بار.

«خۇبمۇكىن» سۆزى ھەم ماۋزۇ ھەم رادىپ قىلىنىپ يېزىلغ بۇ مۇخەممەس 48 كۇپلېت (240 مىسرا) دىن ئىبارەت بولۇپ يەكەندە يېزىلغان ۋە شائىرنىڭ يەكەندە تۇرۇشلۇق مەشۇق بېغىشلانغان. بۇنى شائىرنىڭ:

*«ياركەند شەھرىدە مەنزىلگاھ سىنىر،*
*تا تىرىكمەن بىر قىلىنىڭ پەرۋاھ سىنىر،*
*جىلۋە قەيلەپ كۆتسەڭىز ناگاھ سىنىر،*
*دەھر ئېلى ئەنجۇم كۆرۈنگەي، ماھ سىنىر،*

*ئاھ دەپ ئىشقىڭدا ئۆلسەم خۇبمۇكىن.»*

دېگەن مىسرالىرىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. شائىر ئۆز مۇخەممەسىدە يەنە:

*«بولدى ئۈچ يىل ئىلچىدىن بىز كەلگەلى،*
*يارنىڭ كويىدا مەن ئەمگەلگەلى،*
*كېچە - كۈندۈز يادىدا جان بەرگەلى،*
*تىل ئۇچىدا ھەر زەمان دان بەرگەلى،*
*يەر بېرىپ يۇرتۇمغا يانسام خۇبمۇكىن.»*

دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ يەكەنگە ئىلچى شەھىرىدىن كەلگەنلىكىنى ھەمدە ئۆز يۇرتىغا قايتىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.

«خۇبمۇكىن» ناملىق بۇ مۇخەممەس بىزگە شائىر غەيرەتىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە باشقا مەلۇمات بېرەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ تونۇلغان شائىرلار ئىجادىيىتىدىن تاللاپ تۈزۈلگەن توپلام ئىچىدىن ئورۇن ئېلىشى، ئۆز نۆۋىتىدە، شائىر غەيرەتىنىڭمۇ تونۇلغان ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ.

شائىرنىڭ ئىجادىي ھاياتى XVIII ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا توغرا كېلىشى مۇمكىن.① چۈنكى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغار يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلىرىنى ۋە چوڭ - كىچىك خوجا توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇپ، 1759 - يىلى شىنجاڭنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە بىر مەزگىل نىسپىي مۇقىملىق، جانلىنىش ۋە ئۆسۈش بارلىققا كەلگەن، سۇلتان سەئىدخان، خوجا جاھان ئەرشى دەۋرلىرىدىن باشلاپلا ئىلىم - مەرىپەت مەركىزى بولغان يەكەنگە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەر كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىشقانىدى. پەرىزىمىزچە، شائىر غەيرەتمۇ شۇ مەزگىللەردە يەكەنگە كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئۆز ئىجادى بىلەن تونۇلغان شەخسلەردىن بىرى بولۇشى مۇمكىن.

① شائىرنىڭ ئەسىرىنى نەشرگە تەييارلاپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلغان ۋە شائىرنى تونۇشتۇرغان ئابدۇقەييۇم خوجىمۇ «شائىر تەخمىنەن XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇغۇلۇپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان» دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## موللا نىياز بىننى قارى سابىر

شائىر ۋە تارىخچى موللا نىياز ھازىرقى «چىرا ناھىيىسىنىڭ چاقار يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئىلىم ئېگىلەشكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ، ياشلىقىدىلا ئەدىب ۋە تارىخچى سۈپىتىدە تونۇلغان. ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىدىن دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگىنى، 80 مىسرا شېئىردىن تەركىب تاپقان تارىخىي داستان «تەزكىرەئى ئىمام زەبىھۇللا» («تۆت ئىمام تەزكىرىسى») بىلەن، 48 مىسرادىن تۈزۈلگەن شېئىرىي ئەسەر «ئەرزنامە» ۋە «قىسسەسۇل غارايىپ» «دىۋان نىيازى»، «ۋاپانامە»، «ئات بىلەن تېۋە ‹تۆگە› نىڭ مۇنازىرىسى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

«تەزكىرەئى ئىمام زەبىھۇللا» مەزمۇن جەھەتتىن ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى قىسمى، ھەمدۇسانا، ئىككىنچى قىسمى داستاننىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى، يەنى جەنۇبىي شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئىسلامىيەت بىلەن بۇددىزم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر، قەشقەر يەكەننىڭ قايتىدىن ئىسلامغا كىرىشى، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ماۋەرائۇننەھىردىن كەلگەن ئىمام نەسرىددىن باشلىق تۆت نەپەر ئىماملىڭ ياردىمىدە، خوتەندە ئىسلام ئېچىش جەريانى رىۋايەت ئارىلاش بايان قىلىنىدۇ.

شائىر داستانىدا ئۆزى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

*«ئانا مۈلكۈم خوتەن چاقار تاغى،*
*تۆت ئىماملار مۇھەببى مەن داغى.*
*قارى سابىر كىچىك ئوغلىمىشمەن،*
*زەگىپۇ ـ ناتەۋان تۇغۇلمىشمەن.*

............

*شۈكۈر ئېتىپ تەربىيەت قىلىبدۇرلەر،*
*روز ـ شەب مەرھەمەت قىلىبدۇرلەر.*
*قويۇپ ئېرگەن ئاتىمنى موللا نىياز،*
*مېنى قىلمىش ئىماملارىمغە نىياز.*
*بەردى مەكتەبكە تۆرت ياشىمدا،*
*ئاتام ئېبردى ھەمىشە قاشىمدا.*
*مېنى دەپ كۈندە داخىلى مەكتەب،*

ئۇرگەتۇرگە ماڭا ئىلىمى ـ ئەدەب.
ياشىمى ئالتە ـ يەتتەگە يەتمىش،
بىئۇەپا دۇنيادىن ئاتام كەتمىش...

شائىر داستاننى يازغان ۋاقتى توغرىسىدا مۇنۇلارنى يازىدۇ:

بۇ تەپەككۇر بىلە قاتتىم باشىمى،
يەتتى ئاخىر يىگىرمەگە ياشىمى.
......
يەنە تارىخ بولمىش ئىبردى غەرىب،
نەشىردىن تاپتى نەزمغە تەرتىب.
ئاي ھەمەل ئىبردى يىل ھەمدۇنە،
ھەم تەمام ئولدى روز ئازىنە.

«غەرىب» سۆزى ئەبجەد ھىسابىدا ھىجرىيە 1211 - يىلىنىڭ 1 - ئېيى بولىدۇ. دېمەك، شائىر موللا نىياز بىننى قارى سابىر ئۆزىنىڭ تارىخىي داستانى «تەزكىرەئى ئىمام زەبىھۇللا» نى مىلادىيە 1796 - يىلى 7- ئايدا، يىگىرمە ياشلىق مەزگىلىدە يېزىپ چىققان. شۇ بويىچە ھىسابلىغاندا، شائىرنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى مىلادىيە 1777 - يىلى (ھىجرىيە 1191 - يىلى) بولىدۇ.

«ئەرزنامە» شېئىرى موللا نىيازنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان مەشھۇر ئەسىرىدۇر. ئېرىنىڭ ۋاپاسىز، زالىملىقى بىلەن ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان بىر بىچارە مەزلۇمەنىڭ ئاغزىدىن خوتەن ھاكىمىگە تۇتۇلغان ئەرز تەرزىدە يېزىلغان بۇ ئەسىرىدە شائىر ئاياللارنى خارلاپ، ئاياغ ئاستى قىلغان فېئوداللىق تۈزۈم ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلىدۇ. شېئىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئاياللارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلىپ يېزىلغان ئاكتىۋئال تېمىدىكى ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، شائىرنىڭ ئىلغار پىكىرلىك، خەلقپەرۋەر ۋە تەرەققىيپەرۋەر ئەدىب ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلغان.

## نىزامىدىن قاراقاشى

XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراقاشتا ياشاپ، ئۆمرىنى ئەدەبىي تەرجىمە ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن

ئۆتكۈزگەن مەشھۇر ئەدەبىي تەرجىمان ۋە شائىر خوجا نىزامىدىنىنى
نامى ئۇنىڭ دۇنياۋى مەشھۇر. ئەسەر «شاھنامە» نىڭ بىر قىسمىنى
يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيە ۋە پاساھەتلىك تىلدا مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرجىمە
قىلىنغانلىقى بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇ بۇ ئەسەرنى 1837 - يىلى «پارس
تىلى بىلەن بېزەلگەن داستانچىلىق لىباسىدىن چىقىرىپ، ئۇيغۇر تىلى
بىلەن تىكىلگەن نەسرىيلىك تونى كىيدۈرۈپ تەرجىمە قىلغانلىقى
ئۇچۇن، بۇنى يېرىم ئىجادىيەت دېيىشكە بولىدۇ.[①]»

ئەدىبنىڭ تەرجىمىسىدىكى تىل ئالاھىدىلىكى ۋە بەدىئىي
سۈپەتلەردىن ئۇنىڭ يېتىلگەن تىل ئۇستىسى، ئىقتىدارلىق ئەدىب
ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، ئەپسۇسكى، مۇھەممەت ئىمىن
خوجا نىزامىدىن قاراقاشىنىڭ ھاياتى ۋە باشقا ئەسەرلىرىگە ئائىت
تەپسىلىيرەك مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز.

## موللا ھەيدەر (مىسكىن)

يېقىندا تېپىلغان، ھىجرىيە 1275 - (مىلادىيە 1855 -) يىلى
سەپەر ئېيى (2 - ئاي) نىڭ بىر يەكشەنبە كۈنى خوتەنلىك موللا
ئىمىن ۋە موللا ياقۇپ ئىسىملىك ئىككى كاتىپ تەرىپىدىن
كۆچۈرۈلۈپ تاماملانغان زور ھەجىملىك قولىيازما ئۇيغۇر كلاسسىك
ئەدەبىياتى خەزىنىسىگە يەنە يېڭى دۇردانە بولۇپ قوشۇلدى
قولىيازمىنىڭ[②] باش قىسمى موللا ھەيدەر (تەخەللۇسى «مىسكىن»
نىڭ پارسچىدىن نەزمىلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلغان «جەڭنامە ھەزرەتى
ئەلى»، «رەزەتۇششۇھەدا» قاتارلىق ئىككى داستانىدىن؛ ئوتتۇرا
قىسمى موللا ھەيدەر، موللا سالىھ، موللا نىياز قاتارلىق ئۇ
شائىرنىڭ ھەر خىل شەكىلدىكى لىرىك شېئىرلىرىدىن؛ ئاخىرقى
قىسمى موللا ھەيدەرنىڭ موللا نىياز بىلەن بىرلىشىپ نەزمىلەشتۈرۈپ
چىققان «ئەمىر ئابامۇسلىم» ناملىق داستانىدىن تەشكىل تاپقان ھەمدە
بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى مىلادىيە 1785 - يىلىدىن 1795
يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان.

---

[①] تۇردى قادىر نازىرىنىڭ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1994 - يىلى 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان «ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنىڭ تارىخىي ئىزلىرى» ناملىق ماقالىسىدىن.

[②] بۇ ئەسەر ۋە ئۇنىڭ ئاپتورلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلار يولداش مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخ... تەرىپىدىن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي 21 - سانىدا ۋە 1988 - يىللىق 1 - سانىدا (ئومۇمىي 2... سان) بېرىلگەن.

«مىسكىن» تەخەللۇسى بىلەن ئىجاد قىلغان شائىر موللا ھەيدەر «رەۋزەتۇششۇھەدا» ۋە «ئەمىر ئابامۇسلىم» داستانلىرىنىڭ بەزى ئورۇنلىرىدا ئۆزى ھەققىدە قىسمەن مەلۇماتلارنى قالدۇرغان. ئۇلاردىن مەلۇم بولۇشچە، موللا ھەيدەر خوتەن (ئىلچى) شەھىرىدىن بولۇپ، خوتەن ھۆكۈمدارى ئەمىر ئەزىزنىڭ ھوزۇرىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ «رەزەتۇششۇھەدا» نى پارسچىدىن نەزمىي تەرجىمە قىلىشنى ۋە «ئەمىر ئابامۇسلىم» قىسسىسىنى نەزملەشتۈرۈشنى ئەمىر ئەزىزنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قىلغان. شائىر موللا ھەيدەرنىڭ قولىيازمىغا كىرگۈزۈلگەن لىرىك شېئىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يوقالغان بولۇپ، ساقلىنىپ قالغان ئاز بىر قىسىم شېئىرلىرى ئۇنىڭ بەدىئىي ئىستېدات جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ؛ يەنە بىر جەھەتتىن، قولىيازمىغا كىرگۈزۈلگەنلەر ئۇچ شائىرنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرىنىڭ توپلىمى بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەتتۇر. بۇ ھەقتە قولىيازمىنى تەييارلىغان كاتىپلار ئېنىق قىلىپ ئېيتىپ ئۆتىدۇ.

موللا ھەيدەرنىڭ تەرجىمە ئەسىرى «جەڭنامە ھەزرەتى ئەلى» 1500 مىسرادىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا خەلىپىلىك نۆۋىتى ھەزرەتى ئەلىگە يەتكەندە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىچكى جېدەل-ماجىرالار بايان قىلىنسا؛ «رەزەتۇششۇھەدا» دىكى شېئىردا ئىسلام دۇنياسىدا مەشھۇر بولغان كەربالا ئۇرۇشى بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ شائىر نىيازى بىلەن بىرلىشىپ نەزملەشتۈرۈپ يېزىپ چىققان «ئەمىر ئابامۇسلىم» داستانى ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر شەخس ئابامۇسلىم ۋە ئۇ ئېلىپ بارغان ھەربىي، سىياسىي كۈرەشلەر ئاساسىي تېما قىلىنىپ يېزىلغان زور ھەجىملىك ئەسەر بولۇپ، 15 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق.

## مۇھەممەت تۆمۈر قاراقاشى

مەۋلانا مۇھەممەت تۆمۈر قاراقاشى XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن تارىخچى ۋە شائىر. ئۇ قاراقاشتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە ئۆمرىنى ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ئىلمىي ئىجادىيەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغان. ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىدىن ھىجرىيىنىڭ 1234 - يىلى قاراقاشتا يېزىلغان

«تەزكىرەتۇلرىشات» ناملىق ئەسىرى بىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭدا تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادىدىن تارالغان خوجىلارنىڭ نەسەبنامىسى (شەجەرىسى) ھەم ئۇلارنىڭ ۋەقەلىرى سۆزلىنىدۇ.

«تەزكىرە تۇلرىشات» قا كىرگۈزۈلگەن بىر قىسىم شېئىرلاردىن ئوقۇپ كۆرسەك، مۇھەممەت ئىۋەز قاراقاشنىڭ يالغۇز تارىخچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار پىكىرلىك، ئادالەتپەرۋەر ھەم مەرىپەتپەرۋەر شائىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئۇ ھەق - ئادالەتنى نۇرلۇق قۇياشقا ئوخشىتىپ، ئەلنى ئادالەت بىلەن باشقۇرۇش لازىملىقى، تەڭسىزلىك، زوراۋانلىقنىڭ ئەلگە ئاپەت خارابلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلىرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

*ئەدلى نۇرى ئېرۇر جاھان ئافىرۇز،*
*پەرتەۋى مۇلىك ئىچرە زۇلمەت سۆز.*
*ئەدلى ئىلە مەملىكەت قارار تاپار،*
*بازۇيى سەلتەنەت مادار تاپار.*
*ئەدلىدىن خەلق كامىياپ بولۇر،*
*زۇلۇمنىڭ ئالىمى خاراب بولۇر.*
*زۇلۇمدۇر رەنج، ئەدلدۇر راھەت،*
*ئەدلدۇر نەفئى، زۇلۇمدۇر ئاپەت...*

شائىر ئىلىم - مەرىپەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

*ئىلىم بىناسى ئېرۇر ئانداغ بەند،*
*يەتمەس ئانىڭ كەڭرىسىگە كەمەند...*
*... بارچە ھۈنەرگە ئېرۇر گۈل تاج سەر-*
*گوخشىمىغاي ئىلىمگە ئۆزگە ھۈنەر.*
*گەرچە موھسىل جىگەردىن خۇن قىلۇر،*
*ئاخىر ئانىڭ تۇپراقىنى ئالتۇن قىلۇر...*

## ئاخۇنئاغىچا

ئاخۇنئاغىچا 1810 - يىلى ھازىرقى خوتەن ناھىيىسى باغ

يېزىسى ئاتچۇي كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ مەشھۇر خەلق داستانى «ئابدۇراخمان خان خوجا» دا مەدھىيىلەنگەن ياقۇپ بەگ ئىستىبلاچىلىرى تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان ئابدۇراخمان خان خوجا (1833 ــ 1863) نىڭ ئانىسى. ئاشۇ خەلق داستانىدىكى كۆپلىگەن قوشاقلار ئاخۇنئاغىچا تەرىپىدىن توقۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاخۇنئاغىچا كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان. ئۇنىڭ قوشاقلىرىدا قەھرىمانلىق ۋە خەلقچىللىق مەدھىيىلەنگەن، ھەسرەت - نادامەت تولۇق ئىپادىلەنگەن. بۇ ئەسەرلەر مەتبۇئاتلىرىمىزدا ۋە رۇس شەرقشۇناسى رادلوۋ ئەسەرلىرىنىڭ 6 - تومىدا ئېلان قىلىنغان.

## ئىسمەتۇللا بىننى نېمەتۇللا

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» («مۇزىكىچىلار تارىخى») ناملىق رىسالىسى بىلەن تونۇلغان موللا نېمەتۇللا ئوغلى موللا ئىسمەتۇللا (موجىزى) نىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى بىز ھازىرچە ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمە ۋە خاتىمە قىسمىدا بېرىلگەن بايانلاردىن ئېلىپ كېلىۋاتىمىز.

موجىزى «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» نى 1828 - يىلىدىن باشلاپ چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن خوتەنگە ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلەنگەن ئەلىشىرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مىلادىيە 1854 — 1855 - يىللىرى يېزىپ چىققان. بۇنىڭدىن، موجىزىنىڭ XIX ئەسىردە خوتەندە ياشاپ ئىجاد ئەتكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن.

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دا ئەلىشىر ھاكىمبەگ تىلىدىن موجىزى تەرىپىگە بېرىلگەن مۇنداق جۈملىلەر بار: «سەنكىم كەسبىڭ ھەم مۇسىقىدۇر ھەم ئەبيات مەملىكەتىنىڭ بۇلبۇلۇۋار سۇلتانى، ئەبيات مۇلكىنىڭ تۇتى شىرىن لىنسانىدۇرسەن ھەم خۇش پۈتكۈچى ھەم دىلكەش ئەيتقۇچى سەندۇرسەن». بۇ تەرىپلەردىن موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزىنىڭ ئۆز دەۋرىدە داڭلىق سازەندە، ئەدىب ھەمدە ئۇستا خەتتات، ماھىر ناخشىچى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىدىن پەقەت بىزگە تارىخىي - ئەدەبىي تەزكىرە تىپىدىكى ئەنە شۇ ئەسىرىدىلا يېتىپ كەلگەن.

## ئۇشۇراخۇن غەرىبى

خوتەندە تۇغۇلۇپ ياشاپ ئىجاد قىلغان شائىر ئاشۇراخۇن غەرىبى

1833 - يىلى تۇغۇلغان، تولۇق ئىسمى ئۇشۇرئاخۇن ئىبىن ئىسماي
ئىبنى مۇھەممەت بولۇپ، غەربىي ئۇنىڭ تەخەللۇسىدۇر. غەربىنىڭ
XIX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان «ئەمىر ئالى
ناملىق داستانىمۇ موللا بىلال نازىمى، موللا شاكىر، ئاسىيە
ئەسەرلىرىگە ئوخشاش 1864 — 1867 - يىللار ئارىلىقىدا شىنجاڭ
بولۇپ ئۆتكەن زور ئىجتىمائىي، تارىخىي ۋەقەلەرگە بېغىشلانغان
شائىر ئۆز داستانىدا ئەنە شۇ يىللاردا كۆتۈرۈلگەن خەل
قوزغىلاڭلىرى ھارپىسىدىكى خەلق تۇرمۇشىنى ناھايىتى ئېنىق
ئوبرازلىق قىلىپ تەسۋىرلىگەن:

*«ئالۇر ئېردى ئالباڭ قويۇپ نەچچە ئات،*
*كى بەرسە تۇگىمەس ئالور ئېردى يات.*
*كى خام، ياختا، ئايلىق، چاپانلىق يولى،*
*كى ئۇشرىكەتتىن ئالور بىر يولى.*
*كى يىغلار ئېردى كېچە - كۈندۇز ئېرىغ،*
*مۇسۇلمانلارنىڭ رەڭگى بولدى سېرىغ.»*

ئۇشۇراخۇن غەربىنىڭ خەلق دۈشمەنلىرىنىڭ ماھىيىتىگ
قارىتىپ ئېيتقان تۆۋەندىكى مىسرالىرى، خەلق ماقال - تەمسىللىرىنى
بەدىئىي ئەدەبىياتتا ئىجادىي پايدىلىنىشنىڭ ئۈلگىسىدۇر:

*«قارا يۈگنى ھەر قانچە يۇۋغان بىلەن،*
*ئاقارغايمۇ سۇ ئىچرە تۇرغان بىلەن.»*

شائىرنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى، باشقا ئىجادىي مىراسلىرى
ھازىرچە مەلۇم ئەمەس.

## سارىخان بانۇ

سارىخان بانۇ 1835 - يىلى خوتەندە تۇغۇلغان. ئۇ بالىلىق
ياشلىق مەزگىللىرىدە گوما، يەكەن قاتارلىق جايلاردا ياشاپ
يەكەندىكى خەلق ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ جەڭگىۋ
قوشاقلىرى ئارقىلىق خەلقنى ئويغاتقان ۋە جاسارىتىنى نامايا
قىلغان. ئۇنىڭ چىن ھېسسىياتقا باي ئوتلۇق شېئىرلىرى خەل
ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. بىر قىسىم شېئىرلىرىنى رۇسىيىلى

مەشھۇر شەرقشۇناس رادلوف ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ 6 - تومىدا ئېلان قىلغان.
جەڭگىۋار خەلق قوشاقچىسى سارىخان بانۇ 1865 - يىلى يەكەندە ئالەمدىن ئۆتكەن.

## دىلبەر دورغا

شائىر دىلبەر دورغا تەخمىنەن 1814 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ پۇرچاقچى يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، 1887 - يىلى 73 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇ كىچىكىدىنلا ئەقىللىق، زېرەك ئۆسكەن. ئۇ ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن ئۆز يېزىسى ۋە ناھىيە بازىرىدىكى داڭلىق مەدرىسلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ دىنىي ئىلىم بويىچە يۇقىرى مەلۇماتلىق بولغان. شائىر دىلبەر دورغا شوخ، چاقچاقچى، سۆزمەن ئادەم بولغانلىقتىن، يېزا بەگلىرى ئۇنى ئۆز يېنىغا تارتىپ مىرزابەگ ھەم دورغا (خىزمەتچى) قىلىپ تەيىنلىگەن.
شائىرنىڭ 70 ياشتىن ئاشقان نەۋرىسى مەتنۇرى دىلبەر شائىر ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: دادامنىڭ ئىسمى دىلبەربەگ، بوۋامنىڭ ئىسمى دىلبەر دورغا، ئاتا - بالا ئىككەيلەننىڭ ئىسمىنىڭ مۇنداق ئوخشاش بولۇشى بوۋام دىلبەر دورغىنىڭ شائىرلىق نامىنى كىچىكىمدە كۆپ ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭ قومۇش قەلەم بىلەن يازغان شېئىر كىتابلىرىنىمۇ كۆرگەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ كىتابلار يوقىلىپ تۈگىدى...
شائىر دىلبەر دورغىنىڭ 100 يىللاردىن بېرى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «مەزلۇملار ئاھى» ناملىق 21 كۇپلېتلىق شېئىرى تا بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن.
مۇبالىغىدىن خالىي بولۇشى، تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىكى پاك-سادىلىقى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان بۇ مۇخەممەسنىڭ نەشرىيات ياكى مەتبۇئات بولمىغان ئاشۇ زاماندا يېزىلىپ، تا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىشى تاسادىپىي ئەمەس. بۇ ئەسەر ئۆتمۈشتىكى ئېغىر كۈنلىرىمىزنىڭ جانلىق گۇۋاھچىسى بولۇش بىلەن تارىخىي قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ كىشىنى يىغلاتقۇدەك تەسىر كۈچكە ئىگە بولغانلىقى تۈپەيلىدىنمۇ قەدىرلىك ئەدەبىي مىراستۇر.

شائىر دىلبەر دورغىنىڭ بۇ ئەسەرنى مەيدانغا چىقارغان ۋاقت
جۇڭگو ئىمپېراتورى شۈەنتۇ دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.
تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، شۈەنتۇڭ خانىنىڭ دەۋر
(ھىجرىيە 1260 - يىلى) مىلادىيە 1844 - يىلى ئىچكى ۋە تاشق
جەمەتتىكى بەزى سەۋەبلەر بىلەن مەركەز شىنجاڭغا مالىيە جەمەتتى
ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىنى شىنجاڭدىكى ھەربىي ۋە مەمۇر
ئەمەلدارلارغا ئۇقتۇرىدۇ. بۇ ئەمەلدارلار يەرلىك ۋالى، بەگلەر بىلە
كېڭىشىپ ئىمپېراتورغا: «مەركەز ئىقتىسادىي خىراجەت بېرەلمىسە
شىنجاڭنى شىنجاڭنىڭ مالىيىسى بىلەن تەمىن ئەتسەك...» دە
ئىلتىماس سۇنۇپ، شۈەنتۇڭ خانىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالىدۇ. شۇنداق
قىلىپ ئالۋان - سېلىق كۆپىيىپ كېتىدۇ. شەھەر كوچىلىرىغا
«مۇنچە يامبۇ بەرگەن كىشىنى بەگ قىلىمىز»، «مۇنچە پۇل بەرگەن
ئادەمگە پالانى ئەمەلنى بېرىمىز» ۋەھاكازا دېگەن ئېلانلار چاپلىنىدۇ
پۇلى بار يامان ئادەملەر ئەمەلنى بەس - بەس بىلەن سېتىۋېلىپ ئىگ
بېرىنى ئون، بەلكى يۈز قىلىپ خەلق ئۈستىگە چاچىدۇ. بۇ مەزگىلد
ئالۋان - ياساق، ھاشار - سەيسە پۇللىرى ۋە ئاجايىپ - غارايىپ
ئىسىملار قويۇلغان باج - خىراجلار خەلق ئۈستىگە چېچىلىدۇ.
خەلقنىڭ دەرمانى قۇرۇيدۇ. ئادەملەر سىياسىي، ئىقتىسادىي زۇلۇمغ
چىدىيالماي ئۆز ماكانىنى، ئۆي - جايلىرىنى تاشلاپ ياقا يۇرتلارغ
قېچىپ بېرىپ تىلەمچىلەرگە ئايلىنىدۇ...
يەر - زېمىن ئىگىلىرى ئالۋاننىڭ كۆپلۈكىدىن تويىدۇ. يەر
سۇلىرىنى باشقىلارغا ئىجارىگە بەرسە ئالمايدىغان ئەھۋاللار تۇغۇلىدۇ.
بۇ زۇلۇملار راشىدىنخان غوجا باشچىلىقىدا قوزغالغان كۇچار دېھقانلار
قوزغىلىڭى (1864- يىللىرى) ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن خوتەن،
قەشقەرلەردە كۆتۈرۈلگەن خەلق ئىنقىلابىلىرىغىچە داۋام قىلىدۇ.
شائىر دىلبەر دورغا خەلق زۇلۇم چەككەن ئەنە شۇ زاماندا ياشىدى،
خەلقنىڭ ئاھۇ - زارىغا ھەمنەپەس بولدى. دىلبەرنىڭ «مەزلۇملار
ئاھى» ناملىق مۇخەممەس شەكلىدە يازغان شېئىرى ئەنە شۇ تارىخىي
كۆنلەرنىڭ ساداسىدۇر.

## قاسىمى

پاساھەتلىك غەزەللىرى ۋە نەزم - نەسرلىك ئەسەرلىرى بىلەن

ئۆزىنىڭ يۇقىرى ئىستىبداتىنى نامايان قىلغان قاسىمى 1850 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە ياشاپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى گۇما ناھىيىسى كىلىياڭ يېزىسىدا ئۆتكۈزگەن.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قاسىمى «تەزكىرىئى ئارسلانخان» ناملىق 2 مىڭ 112 مىسرالىق نەزمىي تارىخىي داستان يېزىپ، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ئارسلانخاننىڭ خوتەن رايونىغا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش جەريانلىرىنى تەسۋىرلىگەن.

قاسىمىنىڭ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىلى 3 - سانى ئارقىلىق، ئابدۇقادىر سادىر تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلىنغان «سۆيگۈ مەكتۇپلىرى» ناملىق نەسرىي - نەزمىي ئەسىرى ۋە 42 بېيىتلىق ئالتە پارچە غەزىلى كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

## مۇھەممەد رەسۇل شەۋقى

يېقىندا تېپىلغان «دىۋان شەۋقى» ناملىق قىممەتلىك كىتاب ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىي خەزىنىسىگە يېڭىدىن تىزىلغان بىر مەرۋايىتتۇر. دىۋاننىڭ ئاپتورى مۇھەممەد رەسۇل (شەۋقى قەلەم ئىسمى) 1853 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ قوشتاغ يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن.

بىزگە مەلۇم بولغان خېلى زور ھەجىملىك بۇ قوليازما غەزەللەرنى ئاساس قىلىپ، رۇبائىي، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەببەلەردىن تۈزۈلگەن دىۋاندۇر. خەلق ئارىسىدا ئابدۇرۇسۇل ئاخۇنۇم دەپ ئاتىلىدىغان بۇ زاتنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا كۆپىنچىسى دىنىي تېمىدىكى شېئىرلار بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم قائىدە - يوسۇنلىرىنى شەرھلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تارىخىي، ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شۇنداقلا مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان شېئىرلارمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. قوليازمىدىكى ئەسەرلەر پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تىلىنىڭ راۋانلىقى، قاپىيىسىنىڭ مۇكەممەللىكى، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى بىلەن ئاپتورنىڭ ئەينى دەۋردە يېتىلگەن ئالىم ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلىشقا مۇمكىنچىلىك بېرىدۇ. قوليازما ئىچىدە يەنە پارس تىلىدا يېزىلغان شېئىرلارمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

شائىر مۇھەممەد رەسۇل شەۋقىنىڭ «دىۋان شەۋقى» ناملىق كىتابىدىكى بىر بۆلۈك شېئىرلار «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 20 - سانىغا بېرىلىپ، كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. شۇ سان ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان 1 مىڭ 412 مىسرالىق غەزەل ۋە 42 مىسرالىق مۇسەببەدىن ئۇنىڭ يۇقىرى تالانتىنى ئەسەرلىرىنىڭ خەلقىمىز ئۈچۈن زور مەنىۋى بايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. نەشرگە تەييارلىغۇچىلار مۇنداق دەيدۇ: «بۇ قولىيازما شائىرنىڭ ھەممە ئىجادىي ئەمگىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تولۇق توپلام بولماستىن، بەلكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا كۆچۈرگۈچى تەرىپىدىن دىنىي مەزمۇندىكى شېئىرلىرىلا تاللىنىپ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى بولۇشى مۇمكىن. شائىرنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى، دىۋانىنىڭ باشقا نۇسخىلىرى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىش تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى».

ئومۇمەن، «دىۋان شەۋقى» دىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسنىڭ تېپىلىشى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا يەنە بىر يېڭى مەزمۇن قوشقانلىقى بىلەن خاراكتېرلىكتۇر.

## توخسۇن توختى

توخسۇن ھاجىم دېداكتىك شائىر ۋە تارىخچى. 1859 - يىلى چىرا ناھىيىسىنىڭ دامىكۇ يېزىسىدىكى چوقۇباش كەنتىدە توختىباي سوپى ئىسىملىك يوقسۇل ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئاتا - ئانىسىنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا دەسلەپكى ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىدىكى چىرا بازىرىدىكى مەدرىسلەرگە كىرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان. دىن، تارىخ، خەتتاتلىق، ئەخلاقشۇناسلىق پەنلىرى بويىچە يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغان ئاتىسىدىن غېجەك چېلىشنى ئۆگىنىپ، بۇ جەھەتتىمۇ بەلگىلىك ماھارەت يېتىلدۈرگەن. كېيىنكى ئۆمرىنى ئۆز يۇرتىدا مۇدەررىسلىك قىلىش ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكۈزگەن.

توخسۇن ھاجىم 1928 - يىلى ھەج سەپىرىگە ئاتلانغان ۋە سەپەر جەريانىدا «ھەجنامە» («سەپەر خاتىرىلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ناملىق

داستاننى يېزىپ چىققان. 206 بەت، 1 مىڭ 102 كۇپلېت، 4 مىڭ 408 مىسرادىن تەركىب تاپقان بۇ چوڭ ھەجىملىك داستاندا شائىرنىڭ تۇرمۇش كەچۇرمىشلىرى، ھەج سەپىرىدە كۆرگەن - بىلگەنلىرى تېما قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، دىنىي، ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرى ئۆزىگە خاس بەدىئىي يول بىلەن ئوبرازلىق، جانلىق ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. يىپەك يولىدىكى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ- ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، مەدەنىيىتى، ئېتنوگرافىيىسى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن.

شائىر يەنە ئۆز ئۆمرىدە «ۋەسىيەتنامە» ناملىق دىداكتىك ئەسىرىنى، كۆپلىگەن غەزەل، مەسنەۋىي، مۇرەببە، رۇبائىيلارنى، ئىسلام تارىخىغا ئائىت قىسسەلەرنى يېزىپ دىۋان قىلىپ قالدۇرغان. بىر قىسىم شېئىرلىرىنى ئۆزى ياساپ ساتقان يەلپۇگۇچلەرگە ھۆسنخەت قىلىپ يېزىپ چىققان.

شائىر يۇقىرىقىلاردىن باشقا، «قۇرئان كەرىم»، «مۇھەببەتۇل مەسلىمىن»، «كاسىپلار رىسالىسى»، «سۇلتان ئارىفىن»، «مىرغىياسىدىن» قاتارلىق كىتابلارنى پاتلىق خوتەن قەغىزىگە چىرايلىق قىلىپ كۆچۇرۇپ چىققان. ئۇ يېزىپ قالدۇرغان ۋە كۆچۇرۇپ چىققان ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى خىلمۇخىل سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن ئىز - دېرەكسىز يوقۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بىر قىسىملىرى ئۇنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى ئابدۇقادىر توخسۇندا ساقلىنىۋاتىدۇ.

شائىر توخسۇن ھاجىم 1942 - يىلى 23 فېۋرال (دۇشەنبە) 84 يېشىدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە ئۆز يۇرتىدىكى لەڭگەر زاراتگاھلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

## موللا قۇربان

شائىر موللا قۇرباننىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى ۋە «داستانىي ئىمام جەئفەرى سادىق» ناملىق داستانىدىن تەشكىل تاپقان بىر قولىيازما توپلىمى 1986 - يىلى خوتەن شەھىرىدىن تېپىلغان.

قولىيازما 200 بەتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ 152 بېتىگە موللا قۇرباننىڭ شېئىرلىرى ۋە داستانى كۆچۇرۇلگەن. قولىيازمىدىكى شېئىرلاردىن بۇرۇنراق يېزىلغىنى، 1854 - يىلى يېزىلغان بىر

مەرسىيە بولۇپ، شېئىرلارنىڭ 1859 — 1860 - يىللىرى، داستان
1870 — 1871 - يىللىرى كۆچۈرۈلگەنلىكىگە قاراپ، شائىر
قۇربانىنىڭ XIX ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن 70 - يىللىرىغىچە بول
ئارىلىقتا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ھېس قىلىش مۇمكىن.
شائىر موللا قۇربانىنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى ھەققىدە
ئېنىق مەلۇمات يوق. شائىرنىڭ چىرىيىدىكى ئىماملا مازىرىنى
تەرىپلەپ يازغان بىر شېئىرىدىكى:

*«تەمامى مىلك چىرا ـ گىت، قۇشلىرىدۇرمىز بۇ دەرگاھنىڭ*
*چىرا ئادەملەرى بولسۇن ۋەيا بولسۇن گۇلەخمارى» .*

دېگەن مىسرالاردىن ئۇنىڭ يۇرتىنىڭ چىرىيە ئىكەنلىكىنى پەر
قىلىش مۇمكىن. شائىر ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى كېرىيە
خوتەنلەردە ئۆتكۈزگەن. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازغان:

*«گاھى كەرىيە گاھى خوتەندە يۈرۈپ،*
*ئۆتمادىمۇ ئۆيىنۇ بىر ۋەتەندە يۈرۈپ.»*

شائىر موللا قۇربان ئۆز شېئىرلىرىدا يەنە ئۆزىنىڭ ئاتا
ئانىسىدىن كىچىك قىلىپ يېتىم قالغانلىقىنى، غېرىبلىقتا كۈن
ئۆتكۈزگەنلىكىنى يازغان ھەمدە ئۆز ئائىلىسىنىڭ غورىبەتلىك
تۇرمۇشىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

*«شەھرى غورىبەتكە تۇشۇپ بولمادى بىزگە كەتمەك،*
*تۇگەگەچ ئاشلىقىمىز بولدى بەغايەت تەڭلىك.*
*نەفسىگە بەرگەلى ھېچ نەرسە تاپالماي قۇربان،*
*خارلىقغە قالادۇر گاھى مۇبارەك رەمىزان.*
*بالالارغە بولادۇر كەرسەنەلىك بىرلە زۇلۇم،*
*گۆرۈپ ئالماققا ھۆكمۇم يوق، ساتىپ ئالماققا پۇلۇم.*
*تام تېشىپ قىلسام ئوغرىلىق تېخى ھەم بولماغودەك،*
*بەگلەرىم تۇتسە، تۇتۇپ جاننى تىرىك قويماغودەك.»*

شائىر موللا قۇربان ئۆز شېئىرلىرىدا زامانىسىنىڭ رى
زىددىيەتلىرىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشقان بولۇ

بۇ خىل ئىجابىي تەرەپلەر ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا كۆزگە خېلى كۆپ چېلىقىدۇ.

مولللا قۇربانىنىڭ شېئىرلىرىدىن، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىقتىدار ۋە ئۇرىگىناللىقتا ئىگە شائىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش مۇمكىن. بۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى شائىرنىڭ نەۋائىي غەزەللىرىگە يازغان مۇخەممەسلىرىدە روشەن كۆرۈلىدۇ. بۇ مۇخەممەسلەر مەيلى مەزمۇن ياكى شەكىل جەھەتتىن بولسۇن، ئاساسىي غەزەل بىلەن ياخشى ماسلاشقان.

## توختى غەرىبى

164 بەتلىك «تۇھفەتۇل ئۇششاق سانى» (ئاشىقلار تۆھپىسىنىڭ ئىككىنچىسى) ناملىق لىرىك غەزەللەر توپلىمىنىڭ ئاپتورى مولللا توختى غەرىبى (ئۆزىنى توختى خاكسار دەپمۇ ئاتىغان) 1861 - يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ جىيا يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. شائىرنىڭ بۇ كىتابىنىڭ باش قىسمى مۇخەممەس بولۇپ، 30 كۇپلېت (مۇقەددىمە سۇپىتىدە بىر كۇپلېت يازغان بولۇپ، جەمئىي 31 كۇپلېت) مۇخەممەسنىڭ ھەر كۇپلېتىنىڭ باش ھەرپىنى «ھۇرۇفى ھىجا» (ھىجا ھەرپلىك) شەكلىدە يازغان. قالغانلىــــرى مۇناجاد (مۇستەھزاد، مۇرەببە)، نەدامەت ئۇمىر مازى، سەرگۇزەشت، نەسىھەت، ئىشق مەجاز، مۇخەممەس نەدامەت، ھەسرەت قاتارلىق ماۋزۇلاردا يېزىلغان. شېئىرلارنىڭ تىلى تاۋلانغان، مەزمۇنى تىرەن بولۇپ، تەنقىــدىي رېئالىزىملىق پۇراق بىر قەدەر قويۇق، شائىر 1951 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇنىــڭ قەبرىـــسى يۇرۇڭقاش دەرياســىنىــڭ شەرقىـــي قىرغىقىدا.

## سۇپۇرگى سانجارى

XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشقان لىرىك شائىر مولللا سۇپۇرگى سانجارى (سانجارى شائىرنىڭ تەخەللۇسى) 1864 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ پىشنا يېزىسى قىشلاق ئالدى كەنتىدە ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇنىڭ دادىسى مولللا توختى مەرىپەتپەرۋەر ئادەم بولۇپ، ئەرەب،

پارس، ئوردۇ تىللىرىغا پىششىق، شەرئىئەت ئەھكاملىرىغا قابىل، ھۆرمەتكە سازاۋەر مۆتىۋەر ئىدى. موللا سوپۇرگى يېزىق ساۋاتىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن شۇ زاماندىكى ئوقۇمۇشلۇقلاردىن «ئېلىپبە»، «ھەپتىيەك»، «قۇرئان كەرىم»، «سوپى ئاللا يار»، «دىۋان ئەمىر نەۋائى»، «خوجاھاپىز» قاتارلىقلارنى پىششىق ئۆگەنگەنىدى. ئوغلىنىڭ بىلىمگە ئىشتىياقلىقىنى، زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى كۆرگەن دادا ئۇنى شۇ ۋاقىتتىكى مەشھۇر ئۆلىما مۇپتى ئىبراھىم ئەلەم ئاخۇنۇم ھوزۇرىغا تەربىيىلەشكە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. موللا سوپۇرگى بۇ يەردە بەش يىل تەلىم ئېلىش ئارقىلىق شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ چىقىدۇ. ئۇ ئىبراھىم ئەلەم ھوزۇرىدىكى ئوقۇشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، يەكەندىكى ئابدۇلمەجىت ھېسار دامولللىنىڭ مەدرىسىگە ئوقۇشقا بارىدۇ. ھېسار داموللا موللا سوپۇرگىنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنىڭ يۇقىرىلىقىنى، قەلەم جەھەتتىكى ئۆتكۈرلۈكىنى بايقاپ ئۇنى قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. موللا سوپۇرگى قەشقەردە ئابدۇقادىر دامولللا قاتارلىق ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن تونۇشىدۇ. ئۇ بۇ چاغلاردا ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق بىلىدىغان ھالەتكە يېتىدۇ. ئۇ 1885 - يىلى خانلىق مەدرىسىنى پۈتتۈرۈپ، مۇدەررىسلەر ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ دەۋىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىلىم مەركىزى «كۆكۆلداش» مەدرىسىگە كىرىپ ئوقۇپ، شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ۋە ئىسلام پەلسەپىسىنى مۇتائىلە قىلىشقا باشلايدۇ. موللا سوپۇرگى «كۆكۆلداش» نى تۈگەتكەندىن كېيىن، (1890 - يىلى) يۇرتى گۇمىغا قايتىپ كېلىپ، كېيىنكى ھاياتىنى مۇدەررىسلىك قىلىش، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش، تەرجىمانلىق، كىتاب توپلەش، مۇقاۋىلاش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈپ، 1936 - يىلى 72 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئاددىيغىنە قەبرىسى قىشلاق ئالدى كەنتىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

موللا سوپۇرگى سانجارىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىن باشلانغان بولۇپ، ئۇ دەسلەپكى ئىجادىيىتىنى ئۆز ئانا تىلىدا باشلىغان. كېيىن ئەرەب، پارس تىلى بىلەن ئەسەر يېزىشقا كىرىشكەن. ئۇ ھاياتىدا «دىۋان غىياس»، «دىۋان سوپۇرگى»، «غەرىب سانجارى»، «سوپۇرگى ئاسى غېرىب»، «مەرسىيە غېرىب» قاتارلىق نەزمە ئەسەرلەرنى يازغان.

ئۇ يەنە، ئابدۇراھمان جامىنىڭ «نەپھاتىل ئونس» (ئۇلۇغلارنىڭ تەزكىرىسى) ناملىق ئەسىرىنى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

موللا سۇپۇرگى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن «سانجارى»، «غېرىبى» قاتارلىق تەخەللۇسنى قوللانغان. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، موللا سۇپۇرگىنىڭ يۇقىرىقى نادىر ئەسەرلىرى ئاپەتلىك يىللارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەن، پەقەتلا «مەرسىيە غېرىب» ناملىق شېئىرىي دىۋانى ۋە «نەپھاتىل ئونس» ناملىق تەرجىمە ئەسىرىلا ساقلىنىپ قالغان.

## ئىسمائىل ھاجى

ئىسمائىل ھاجى 1867 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ قوشتاغ (قوش ئوتاغ) يېزىسى ئىسمىسەلاھ كەنتىدە ئىختىساسلىق ئائىلىدە تۇغۇلغان. ياش ۋاقىتلىرىدا گۇما، قاغىلىق، يەكەن قاتارلىق جايلاردا ئوقۇپ بىلىم ئىگىلىگەن. 40 يېشىدا ھەج سەپىرىگە چىقىپ، كۆپلىگەن مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە زىيارەتتە بولغان. 1950 - يىلى ئۆز يۇرتىدا ۋاپات بولغان.

يەرلىكتە ئىسمىسەلاھ ھاجى دېگەن نامى مەشھۇر بولۇپ، تىرىكچىلىكىدە تېۋىپچىلىقنى قوشۇمچە كەسىپ قىلغان.

ئىسمائىل ھاجىنىڭ پەزىلىتىنى شائىرلىقتا، ئالىملىقتا، تىل ۋە خەتتاتلىقتا، ۋەتەنپەرۋەرلىكتە ھەمدە جەمئىيەت پائالىيىتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە ئۇلۇغلاشقا ئاساس يېتەرلىكتۇر. ئۇ تەخمىنەن 60 يىلغا يېقىن ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ، ئادەم ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىسە ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدە كۆپ شېئىرلارنى يازغان. ئۇ ئۇيغۇر، پارس، ئەرەب تىلىدا باراۋەر يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا يازغان شېئىرلىرى (شائىر سانىسىزلىغان شېئىرلىرىنى دېگۈدەك يەككە - يەككە ۋاراقلارغا يازغان) مىڭ پارچە، پارس تىلىدىكى شېئىرلىرى بەش يۈز پارچە، ئەرەب تىلىدا يازغانلىرى تۆت يۈز پارچە دېگۈدەك كېلىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭدىن تەخمىنەن 13 مىڭ كۇپلېت، 180 مىڭ مىسرالىق ئۈنچە - دۇردانىلەر خەزىنىسى غەنىيمەت قالغان بولىدۇ.

ئىسمائىل ھاجى ئالىملىقتا يېتىلگەن كىشى بولۇپ، دىنىي ئىلىمدە، تىل ئىلمىدە، ئىلمىي، بەدىئىي ۋە ئىلمىي بالاغەتتە،

ئىلمىي مەنتىق، ئىلمىي نۇجۇم، ئىلمىي تىبابەتتە ناھايىتى كەڭرى مەلۇماتقا ۋە كىتابىي مەنبەلەرگە ئىگە ئىدى. شائىر ئۆزىنىڭ ئىلمىدىكى ئەنە شۇنداق يېتەرلىك پەزىلىتى بىلەن يۇقىرىدا نامى زىكىر قىلىنغان ئالىم - ئۆلىمالار بىلەن تەڭ ئورۇن ساقلىغان.

ئۇ ئۆزىنى زىيارەت قىلىپ كەلگەن تەلەپكارلارنى، دىدار ئىزدەپ كەلگەن ھەر قانداق بىر مېھماننى ئالدى بىلەن ياخشى قارشى ئالاتتى. ئاندىن ئۇلاردىن «ئەشئار بىلەمسىلەر، قايسى زۇباندا بىلىسىلەر» دەپ سورايتتى. ئۆزى بولسا ھەر قايسى تىللاردا ئېسىل مەنىلىك، شېئىر - ھېكمەتلەرنى ئوقۇپ بېرەتتى.

شائىر ئىسمائىل ھاجى ئۆز يۇرتىنى قەدىرلەيدىغان ئالىيجاناب ۋەتەنپەرۋەر، قولۇم - قوشنا، قېرىنداشلىرىنى ئەزىزلەيدىغان مۇھەببەتۋار كىشى ئىدى. ئۇ تۇغۇلغان يۇرتى گۇما، ئىسمىسەلاھ قاتارلىق جايلارنى ماۋزۇ قىلىپ نەچچە ئونلىغان قەسىدىلەرنى يازغان، كۆپ قېتىم ئۆزىنىڭ مال - دۇنيالىرىنى سەرپ قىلىپ، باشقىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتلەرنى توسۇپ قالغان، يۇرتى ۋە خەلقىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ئۆز بېشىغا كېلىدىغان ھەر قانداق خەۋپ - خەتەردىن قورقمىغان.

ئىلىم تارقىتىشتا قورقماس تەجەللى دۇنياۋى ئىلغار پەن بىلىملىرىنى ئۆز ۋەتىنىدە تەشۋىق ئەتكەنلىكى ۋە يۈكسەك شان - ئابرۇيغا نائىل بولغانلىقى سەۋەبلىك كۆپلىگەن ھەسەت ئوقلىرىغا، تۆھمەت تاشلىرىغا گىرىپتار بولۇپ قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، ئۇنى گۇمىغا يۆتكەپ كېلىپ قوشتاغدىكى ھاۋالىق جاي «كۆھتام» غا ئورۇنلاشتۇرۇپ بىر نەچچە يىل پەرۋىش قىلغان. بۇ ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ئارىدىكى مۇھەببىتى، سۆھبەت - مەئىشەتلىرى، ئىلمىي ھەمكارلىقى توغرىسىدا تەپسىلىي توختالمىسا، قىمۇ ھەر قايسى ئۇقۇرمەن ئۆز تەسەۋۋۇرلىرى بويىچە نەتىجىلەنسە ئارتۇق كەتمەيدۇ.

شائىر ئىسمائىل ھاجىنىڭ ھاياتى، ئىلمىي پائالىيەتلىرى، تۇرمۇش ئادەتلىرى، كونكرېت تەپسىلاتلىرى توغرۇلۇق تېخى ئىدىتلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىدى. پەقەت شائىرنىڭ تېپىلغان ئەسەرلىرى رەتلىنىپ، شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمىدىن تۈزۈلگەن دىۋانى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش ۋە شائىرنىڭ قەبرىگاھىنى ياساش ئىشلىرىغا ئەدىب مۇھەممەت چاۋار ئالاھىدە خالىسلىق كۆرسەتتى.

## هاپىز ئىبراھىم

گۇما ناھىيىسىنىڭ قوشتاغ يېزىسى ئىسىمسەلاھ كەنتىدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن كىلىياڭ ھاپىز ئاخۇنۇم دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بۇ ھۆرمەتلىك كىشى كەسپىي مۇدەررىس، شائىرلىقتا يۇقىرى ئىستىبداتقا ئىگە بولۇپ، كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان ۋە شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەن. خەلق ئارىسىدا يۇقىرى ھۆرمەتكە ئىگە بولغان كىلىياڭ ھاپىز ئاخۇنۇم 1870-يىلى تۇغۇلۇپ، 1945 - يىلى ۋاپات بولغان.

## سىدىق روزى

20 - ۋە 40 - يىللار ئىجتىمائىيىتىنى قويۇق لىرىك ھېسسىيات، يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە بىر قەدەر يۇقىرى بەدىئىي تىل ۋاستىسى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، يەڭگىل خەلق قوشاقلىرى شەكلى بىلەن بىر بۆلۈك شېئىرىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن شائىر سىدىق روزى 1875 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىدە تۇغۇلۇپ ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭ بىر دەپتەرلىك شېئىرىي ئەسەرلىرى بولۇپ، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 5 - سانىدا ماخمۇتجان ئىسلام تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ ئېلان قىلىنغان بەش پارچە شېئىرى (422 مىسرا) دىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىلغار پىكىر، خەلقچىللىق ۋە ھەققانىيەتنى ياقىلاش ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

سىدىق روزى 1950 - يىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## غەرىب خەستە

«ھەمزەنامە» ناملىق زور ھەجىملىك داستاننىڭ ئاپتورى غەرىب خەستە XIX ئەسىردە خوتەندە تۇغۇلۇپ ياشاپ ئۆتكەن. 1881 — 1882- يىلى كۆچۈرۈلگەن «ھەمزەنامە» داستانىدا، ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى مەشھۇر تارىخىي شەخس ئەمىر ھەمزە ساھىبقىراننىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى، ئاجايىپ - غارايىپ سەزگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن. داستاندا نۇشىرۋان ئادىل، ئىسكەندەر قاتارلىق نورغۇن تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن. بۇلار گەرچە

تارىخىي شەخسلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار شائىرنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماھارەتلىك قەلىمى ئاستىدا، بەدىئىي ئوبراز سۈپىتىدە يارىتىلغان.

## مۇھەممەت ئەيسا

مۇھەممەت ئەيسا 1884 - يىلى چىرا ناھىيە نۇرى يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1957 - يىلى 73 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.
شائىر ھىجرىيە 1351 - يىلى (مىلادىيە 1932 - يىلى) ھەجگە بېرىپ، ھىجرىيىنىڭ 1352 - يىلى (مىلادىيە 1933 - يىلى) قايتىپ كەلگەن. ھەج سەپىرى جەريانىدا ۋە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «تەئرىفاتىل ھەرەمەيىن» (ھەرەمنىڭ تەئرىپى) ناملىق ئەسەرنى يېزىپ تاماملىغان. شائىر «ھەج پەزىلىتىنىڭ بايانى» دېگەن چوڭ ھەجىملىك شېئىرىدىكى بېشارەتلەردىن شائىرنىڭ يەنە بىر دىۋانىنىڭ 40 - يىللار ئوتتۇرىلىرىدا ياكى ئاخىرلىرىدا تۈزۈلگەنلىكىنى ھەم شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىياتتىن يەكۈن چىقارغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.
مۇھەممەت ئەيسا ھاجىم ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە ئىجادىي پائالىيىتى داۋامىدا «مەجمۇئەتۇن نىسائىھ» (نەسىھەتلەر توپلىمى)، «تەئرىفاتىل ھەرەمەيىن» (ھەرەمنىڭ تەئرىپى) ناملىق ئىككى كىچىك دىۋان تۈزگەن. ئۇنىڭ 2 - دىۋانى «تەئرىفاتىل ھەرەمەيىن» نىڭ شائىر ئۆز قولى بىلەن رەتلىگەن نۇسخىسى چىرا ناھىيە نۇرى يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق پەرزەنتى سىراجىدىن ھاجىمدا ساقلانماقتا.

## مەخسۇت نۇرۇللا

ئۆزىنىڭ ئەتراپلىق بىلىمى، ئون نەچچە ئەۋلادتىن باشلاپ داۋاملاشقان تېبابەتچىلىك كەسپى بىلەن «تېببىي تەھشىرىھ» (تېببىي ئاناتومىيىسى)، «تېببىي خۇلاسە» (يېڭى رېتسىپلار توپلىمى)، «تاشقى كېسەللەرنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش» قاتارلىق مەزمۇنى كەڭ تېببىي ئەسەرلەرنى يازغان مەخسۇت ئاخۇنۇم 1888 - يىلى گۇما ناھىيىسىدە تېۋىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 17 يېشىدىن تارتىپ مەدرىسلەردە ئوقۇش داۋامىدا ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگىنىپ، شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىگە ئىشتىياق

باغلاپ، يەڭگىل ۋەزىنلىك شېئىرلارنى يازغان. شائىرنىڭ ئىجادىيەت مىۋىلىرى خېلىلا كۆپ بولسىمۇ، سورۇقچىلىقلار تۈپەيلىدىن يوقىلىپ كەتكەن. پەقەت 118 مىسرادىن ئارتۇق ئەسەرلىرى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا هازىرجاۋابلىق ۋە تېپابەت كەسپىگە زىچ ياندىششتەك ئالاھىدىلىكلەر بار.

كامالەتكە يەتكەن تېۋىپ ۋە شائىر مەخسۇت نۇرۇللا ئوغلى 1985- يىلى 3 - ئىيۇن 97 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## سىلىم ئەلەم

شائىر سىلىم ئەلەم 1889 - يىلى چىرا ناھىيىسىنىڭ ئىماملا (هازىرقى بوستان) يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۆز مەھەللىسىدە دىنىي ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن كېرىيە، خوتەن ۋە قەشقەردىكى داڭلىق مەدرىسلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ بىر قانچە يىللىق ئوقۇش هاياتىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، ئەرەب، پارس تىللىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن.

سىلىم ئەلەم ئۆزىنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، كۆپلىگەن شېئىر - قوشاق، چاقچاق - لەتىپىلەرنى يازغان. ئۇنىڭ دوست - يارەنلىرىنىڭ ئەسلىشىچە، ئۇ زېھنى ئۆتكۈر، تەپەككۇرى كۈچلۈك، خەلق تىلىغا باي بولغان، مەلۇم ۋەقە - هادىسە ئۈستىدە هازىرجاۋابلىق بىلەن نەزمە توقۇيدىغان كىشى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىجادىيەتلىرىدىن دىۋان (توپلام) تۈزگەن بولسىمۇ، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقىلىپ كەتكەن. شائىرمۇ زامان دىشۋارچىلىقلىرىنى يەتكۈچە تارتىپ 1961 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

سىلىم ئەلەمنىڭ تەرجىمىھالى ۋە 62 بېيتلىق 12 پارچە شېئىرى چىرا ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن «ئانار چېچەكلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق 3 - سانىدا مۇھەممەتجان ئىسمايىل تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، ئېلان قىلىنغان.

## تۆمۈر هاجى

2000 - يىلى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ سەھىپىسىدە

مۇھەممەتئېلى مەتتىمىن تەرىپىدىن تۆمۈر ھاجىنىڭ بىر بۆلۈ
شېئىرلىرى نەشرگە تەييارلىنىپ، ئېلان قىلىندى. مەلۇما
بېرىلىشىچە، گۇمىدا ئۆتكەن شائىر ئەھمەدىنىڭ ئۆز قەلىمى بىلە
كۆچۈرۈلۈپ تۈزۈلگەن «باياز» غا تۆمۈر ھاجىنىڭ ئەرەبچە، پارس
ۋە تۈركچە يازغان ئون نەچچە پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ
تۆمۈر ھاجى 1892 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ قوشتاغ يېزىس
جايناغۇت كەنتىدە دۇنياغا كېلىپ، 1962 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن
ئۇ بالىلىق ۋە ياشلىق چاغلىرىدا گۇما بازىرى، قەشقەر قاتارلى
جايلاردىكى مەكتەپلەردە ئوقىغان. ئابدىقادىر داموللامغا شاگىر
بولغان. 1932 - يىلى ھەج قىلغان. ئازادلىق ھارپىسىغىچە قوشتاغ
قازى بولغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا ئەدەپ - ئەخلاق، ئىجتىمائىيە
ۋە تۇرمۇش مەسىلىلىرى تېما قىلىنغان بولۇپ، بىر قەدە
ئاممىباپلىققا ئىگە.

## جىلىلى

مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر شائىر جىلىلى (ئابدۇجىلىل
داموللا ھاجىم) 1896- يىلى گۇما ناھىيىسىدە تونۇلغان ئۆلىم
ئابدۇللا مۇپتى ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ 16 ياشقا كىرگەن مەزگىلدە شائىر مەۋلانا ھۇسەيىنخان
تەجەللىنىڭ بايقىشى ۋە تەكلىپى بىلەن ئۇنىڭغا شاگىرت بولغان ھەمد
تەجەللى بىلەن بىللە گۇمىدىن قاغىلىققا كەلگەن. ياش ئابدۇجىلىل
تەجەللىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئۆتكۈ
زېھنى ۋە زور تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە ھەر خىل ئىلىملەرنى پۇخت
ئىگىلەپ، ئىستېدات ۋە قابىلىيەت جەھەتتە تېز ئۆسكەن. ئۈچ يىللىق
تەربىيىدىن كېيىن شائىر تەجەللى ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن بۇرادىر
ئابدۇقادىر داموللام ھۇزۇرىغا قەشقەرگە ئەۋەتكەن. ئابدۇقادى
داموللام تەجەللىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئابدۇجىلىلنى سەممىي قوبۇ
قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىگەن.

ئابدۇجىلىل قەشقەردە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە يەنە شۇ مەزگىلدىك
تونۇلغان بىلىم ئىگىلىرى قولىدىن ئەتراپلىق بىلىم ئالغان
ھىجرىيىنىڭ 1338 - يىلى (مىلادىيە 1929 — 1930 - يىللار)
ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، «داموللا» دېگەن يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشكەن

ئابدۇجېلىل دامولىلام ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن گۇمىغا قايتىپ كېلىپ، تالىپلارغا ئىلىم ئۆگىتىش، خەلق ئارىسىغا ئىلىم-مەرىپەت تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولغان. نادانلىق، خۇراپاتلىق، مۇتەئەسسىپلىك، زالىملىقتەك ئىللەتلەرگە قارشى نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي كۈرەشلەردە بولغان.

1934 - يىلى ئابدۇجېلىل دامولىلا ھەج قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپ، ھىندىستان ۋە ئەرەبىستان قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولغان. ئۇ يەرلەردە كۆپلىگەن ئەدىبلەر ۋە ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن تونۇشقان. ئۇلار بىلەن مۇشائىرىلەر يېزىشقان، ئىلمىي سۆھبەتلەردە بولغان.

ئابدۇجېلىل دامولىلا ھاجىم 1937 - يىلى ھەج سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەن ۋە شۇ يىلى شېڭ شىسەي پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە يۈرگۈزگەن باستۇرۇش، تېررورلۇقنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن.

ئابدۇجېلىل دامولىلا ھاجىم شەخسىي غەرەزلەردىن خالىي، ئومۇمنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ئاجىز - مىسكىنلەرگە ياردەم بېرىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلىدىغان، ساپ نىيەتلىك تەرەققىيپەرۋەر دىنىي ئۆلىما ھەمدە يېتىلگەن شائىر ئىدى. ئۇ ئۆز ئانا تىلى ۋە ئەرەب - پارس تىللىرىدا، ئوخشىمىغان شېئىرىي شەكىللەردە بىر قاتار سالامنامە، تەشەككۈرنامىلەرنى؛ قەسىدە، مۇشائىرە، بېغىشلىما، قىتئەلەر، شۇنداقلا لىرىك شېئىرلارنى يازغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يوقىلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان، ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئون پارچە شېئىرىي مەكتۇبى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىندى.

## مۇھەممەتتۇردى قاسىم (ھەزىنى)

مۇھەممەتتۇردى قاسىم 1897 - يىلى خوتەن شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. باشتا دىنىي مەكتەپتە، ئاندىن 1911 - يىلى خوتەندە ئېچىلغان تۇنجى پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغان. پەننىي مەكتەپ تاقىۋېتىلگەندىن كېيىن قەشقەرگە بېرىپ، ئابدۇقادىر دامولىلامدا ئوقۇغان. قايتىپ كېلىپ خوتەن شەھىرىدە ھۈنەرۋەنلىك قىلغان.

بىلىدىغانلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا «ھەزىنى» تەخەللۇسى بىلەن خېلى كۆپ شېئىر يازغان ۋە شېئىرلىرىنى ئىككى

دەپتەرگە كۆچۈرۈپ چىققان.① ھالبۇكى، شائىر قولغا ئېلىنغاندا مال مۈلكى، كىتاب - قولىيازمىلىرى مۇسادىرە قىلىنغان ۋ يوقىتىۋېتىلگەن. شائىرنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئەدەبىي مىراسى ئۇنىڭ 1937 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە، ئارقىدىنلا «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «خوتەن ئاھالىسىنىڭ ئۆ يىللىق پىغانى» ناملىق شېئىرى بولۇپ، غەزەل شەكلىدە يېزىلغان 84 مىسرادىن تۈزۈلگەن بۇ شېئىردا، شائىر ماخمۇسەن قوشۇنلىرى 1934 - يىلىدىن 1937 - يىلىغىچە خوتەننى بېسىپ ياتقان ئۈچ يىل داۋامىدا خوتەن خەلقىگە سالغان ئازاب - ئوقۇبەت، زۇلۇم - كۈلپەت، ئالۋان - ياساقلىرى، كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلىپ، خەلقنىڭ قايغۇ - ھەسرەت، مۇڭ - زارى ۋە شۇ ئارقىلىق خەلقپەرۋەر شائىرنىڭ خەلقنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىگە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقى، ئەكسىيەتچىلەرگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن.

شېئىر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىلىپ جەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغىغان. خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بۇ شېئىر ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ جېنىغا تەگكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇزۇن ئۆتمەي شائىر قولغا ئېلىنغان ۋە تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن.

تۆۋەندە، بۇ شېئىردىن بەزى پارچىلارنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىمىز:

*«دەرىغ، ئۈچ يىل داۋامىدا خوتەندە بار غېرىب مىللەت،*
*ئەجەب زالىم - بۇلاڭچى قوللىرىدا خارۇ - زار بولدى.*
*ھەمە مىسكىن قېرىنداشلار، ھەمە ئۇششاق ئوغۇل - قىزلار،*
*گۈلار تىرناغى زەخمىدىن گۈلۈمگە ئانچە زار بولدى.*
*يالىڭاچ، ئاچ، دېمەي يايى كېچەسى سەيىسى دەپ ھەيدەپ،*
*سوغۇقتا مۇزلىبان ئۆلگەن تولا يوللار مازار بولدى.*
*مۇنەرۋەن جىنسى قويىماي يىغدى ئەسلا يۇرتتا خاتۇنلار،*
*ھەمە ئىشخانا بىر دەۋزاخ ئازابلار ئاندا بار بولدى.*
*بۇ زالىم يۇرت تۇتۇشتا خۇن تۆكۈشتىن ئۆزگىنى بىلمەس،*
*بۇلاڭچىلىق، زىناخورلۇق ئانگا بىر چوڭ شۇئار بولدى.*

---

① شائىرنىڭ قوۋدا جەمەت تۇغقىنى ۋە ئىخلاسمەن تالىپى مەرھۇم مۇھەممەد ئابدۇللا بەگ ھاجى خوتەندە نەشر قىلىنغان «باياز» ناملىق توپلامدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدە، ئۇ ئىككى دەپتەردىن شېئىرلارنى كۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئېيتقانىدى.

*ئۆي ئىچرە قالمايىن ھېچ شەي① كېتىشكە بولمىدى ھاجەت،*
*خوتەن ۋەيرانلىقى ئۆيلەر كېتىشكىسىز كوھى غار② ئولدى.*
*تامامى زۇلمىنى ئېيتسام يېزىپ بولماس ھەمە بىر - بىر،*
*خوتەن قەغەزلىرى سەيھى ئەنى يازماققا تار ئولدى.*
*ئەزىز مىللەت، ۋەتەنداشلار، ئۇلۇغ ئىقلىمى رەھبەرلەر،*
*بۈگۈن رەھىم ئەيلىگىلىر بىزگە، بۇ يەڭلىغ روزىگار ئولدى.»*

شائىر مۇھەممەتتۇردى قاسىم ئوغلى («ھەزىنى») نىڭ بۇ شېئىرى 1930 - يىللاردىكى رېئالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ياخشى ئۆلگىلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدۇ.

## ئابدۇۋەلى يۈسۈپ

70 يىلدىن ئارتۇق ئۆمرىنى ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ئىشتىياقىدا ئۆتكۈزگەن، ئىلىم ۋە سەنئەت ئىشقىدا يېنىپ، ئۈن - تىنسىز ئۆگەنگەن، ئىجاد قىلغان ئابدۇۋەلى يۈسۈپ داموللا 1901 - يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ دول يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كېيىن ئىلچىدىكى مەدرىسكە ئوقۇشقا كېلىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان. ئۇ بىلىمى مول، زېھنى ياخشى تىل ئۇستىسى بولۇپ، ھەر خىل ئىلىملەر بويىچە ئۆلىما كىشى ئىدى. پارس، ئەرەب ۋە كونىچە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ لۇغەت - يىلتىزلىرىنى، ئۆزگىرىش ھالەتلىرىنى نەۋھى سەرپىنىڭ نازۇك تەلەپلىرى بويىچە پىششىق بىلەتتى. ئۇ ھەر قايسى تىللار بويىچە لۇغەتلەرنى، ئىبارەتلەرنى ئىنچىكە تەرتىپلەپ چىقاتتى. ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنىڭ نەزەرىيىۋى قائىدىلىرىگە ئالاھىدە قىزىقىپ، سەنئەت ئىلمىنىڭ نەزەرىيىۋى بىلىملىرىنى شەرھلەپ بېرىدىغان نۇرغۇن خاتىرە ۋە ماقالىلەرنى يازغانىدى. ئۇ 80 يېشىدا «مەتلەئىل ئۇلۇم» نامىلىق چوڭ كىتابنى تەرجىمە قىلدى، 85 يېشىدا سەئىدىنىڭ «بوستان» نامىلىق پارس تىلىدىكى كىتابىنى نەسرىي يول بىلەن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. 86 يېشىدا «كاشكۇل سەلىمى» نامىلىق كىتابنى پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى. ئۇنىڭدىن

① شەي — نەرسە.
② كوھى غار — تاغ ئۆڭكۈرى.

باشقا پارچە تەرجىمىلىرىمۇ كۆپتۇر. ئۇنىڭ تەرجىمىلىرى ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلانماقتا. 40 يىلغا يېقىن سەھرانىشىن بولۇپ ھايات كەچۈرگەن بۇ مەرىپەت ئىگىسى 1991 - يىلى 6 - ئايدا ئۆز ئۆيىدە تېپىتىنچقىنە ئالەمدىن ئۆتتى.

ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى تالىپلىق ۋاقتىدىن باشلانغان بولۇپ، 40 - يىللاردىكى «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە خوتەندىكى «بىرلىك» گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنغان، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر يېزىپ توپلىغان، ئېلان قىلغان غەزەل ۋە مۇخەممەسلىرى 300 پارچىدىن ئاشىدۇ. 80 - يىللاردا ئۇ خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشقان. «يېڭى قاشتېشى» قاتارلىق ژۇرناللاردا بىر قانچە پارچە شېئىرلىرى ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان، بىر قانچە پارچە ئىلمىي ماقالىلەرنى يازغان. ئۇ ھايات ۋاقتىدا جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىيات-سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى.

## ئەبەيدۇللا (ئەقسەرى)

ئەبەيدۇللا (ئەقسەرى) بىننى مۇھەممەت 1901 - يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇل يېزىسىدا ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 15 يېشىدىن باشلاپ خوتەن شەھىرىدە 10 نەچچە يىل ئوقۇغان. قاغىلىق، يەكەن، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردىكى مەدرىسلەردە ئوقۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرى بويىچە يۇقىرى مەلۇمات ئالغان. ئۇ مۇشۇ مەزگىللەردە بىرقىسىم شېئىرلارنى يازغان ھەمدە 1940 - يىلى ئەسەرلىرىنى «كەنزۇر راغىبىن (قىزىققۇچىلار خەزىنىسى) دېگەن نام ئاستىدا دىۋان قىلىپ تۈزگەن. ئۇ 1987 - يىلى 86 يېشىدا خوتەن شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

«ئەقسەرى» تەخەللۇسلۇق بۇ ئەدىبنىڭ 40 - يىللاردا يازغان بىر بۆلۈك ئەسەرلىرى خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمىي ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلانماقتا. «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 2 - سانىدا ئۇنىڭ يەتتە پارچە غەزىلى مۇھەممەتئىمىن تۇردى، ساھىبجامال مەتسىيىت تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

## مەتقاسىم تۇردى (زەھۇرى)

تىل، تارىخ، ئەدەبىيات، تىبابەتچىلىك ئىلىملىرى بويىچە يۇقىرى بىلىم ۋە ماھارەت ئىگىلىگەن شائىر مۇھەممەت قاسىم تۇردى ئوغلى (زەھۇرى قەلەم ئىسمى) 1901 - يىلى كېرىيە ناھىيە بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق كىچىك تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باللىق ۋە ياشلىق مەزگىللىرىدە يۇرتىدىكى مەدرىسلەردە ۋە چىرا ناھىيىسىنىڭ داملىق يېزىسىدىكى «پۇناق مەدرىسى» دە ئىلىم تەھسىل قىلغان.

شائىر زەھۇرى ھاياتقا ۋە ئىنسان قەلبىگە دانىشمەنلىك نەزىرى بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈپ، تېۋىپچىلىقنى كەسىپ قىلغاچ، يۇقىرى ئىلمىي تەلەپ بىلەن ئىنسان ئۆمرىنى ئەقىلگە ئۇندەيدىغان، ئىدراك ۋە تۇيغۇسىنى سۆيۈندۈرىدىغان نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يازغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىككى پارچە دىۋان قىلىپ تۈزۈلگەن بولسىمۇ، كېيىنكى كۆنلەردىكى سورۇقچىلىق ۋە ئاپەتلىك «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا يوقىلىپ كەتكەن. پەقەت خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمىي ئەسەرلەر ئىشخانىسى تەرىپىدىن 80 - يىللاردا تۈزۈلگەن «ئالمناخ» دا ئۇنىڭ 13 پارچە غەزىلى (67 بېيىت)، 33 پارچە رۇبائىيسى ۋە ئىككى پارچە مۇخەممىسى ئېلان قىلىنىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى بۇ مۆھتەرەم زاتنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەن سۆيۈندۈردى.

شائىر مۇھەممەت قاسىم تۇردى (زەھۇرى) ئۆزىنىڭ مول ۋە ئەتراپلىق بىلىمى، يۇقىرى خەتتاتلىق ماھارىتى، تېرەن تەپەككۇر ئىقتىدارى، مۆئمىنلەرچە تەبىئىتى، كۆيۈمچانلىقى ۋە سۆزدىكى خۇش پېئىللىقى بىلەن خەلق ئارىسىدا شۆھرەت قازانغان بولۇپ، خەلقچىللىقى، ئادىللىقى بىلەن ئىلغار خەلقچىل تەشكىلاتلارغا نامزات قىلىپ كۆرسىتىلگەن. 30-، 40 - يىللاردا بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىلىرىنى ئىشلەپ، مەدەنىي ئاقارتىش، يېڭىچە مەكتەپلەرنى ئېچىش، ئىلىم تارقىتىش ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش پائالىيەتلىرىدە تەشكىلاتچىلىق قىلغان. 1947 - يىلى مەسئۇل دائىرىلەر تەرىپىدىن چۇئېچىكتا ئېچىلىدىغان «گومىنداڭوي» ۋەكىللىكىگە تەكلىپ قىلىنغاندا، ئېنىق ئىپادە بىلدۈرۈپ، ۋەكىللىك سالاھىيىتىدىن ۋاز كېچىپ، بېرىشنى رەت قىلغان. گومىنداڭ دائىرىلىرى شائىرنىڭ بۇ ھەققانىي غۇرۇرىغا ئاداۋەت ساقلاپ، بوھتان ئويدۇرۇپ تۈرمىگە ئالغان. شائىرنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر شېئىرلىرى ئەنە شۇ تۈرمە مەزگىللىرىدە يېزىلغان.

ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، شائىر كۆڭۈل ئارامىغا ئېرىشىپ، بىر قىسىم شېئىرلارنى يېزىپ رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرگەن ھەمدە 1981 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## مۇھەممەد ئابدۇللا بەگ

مۇھەممەد ئابدۇللا بەگ 1907 - يىلى خوتەن شەھەر ئوردا كۆل بېشى مەھەللىسىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1911 - يىلى 4- ئايدا خوتەن شەھەر غوجام كۆل بېشىدىكى دىنىي مەكتەپتە خەت ساۋاتىنى چىقىرىپ، 1919 - يىلى تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىم ئېلىش ئۈچۈن شۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىلىم يۇرتى بولغان يېڭىشەھەر جامە مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1922 - يىلى ئاتىسى بىلەن ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج قىلىپ كەلگەن. 1924 - يىلدىن 1937 - يىلغىچە خوتەن پوچتىخانىدا خىزمەت قىلغان. قوشۇمچە سودىگەرچىلىك، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

تارىخچى ھەم شائىر مۇھەممەد ئابدۇللا بەگ ھاجىم 1928 - يىلىدىن باشلاپ تارىخ ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىغا كىرىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرى ياراتقان تارىخىي، ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئوبرازىنى، ئارزۇ - تىلەكلىرىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەزگۈچى سىنىپلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى، ھەققانىيەت يولىدىكى ئىزدىنىشلىرى، مىللەتنىڭ سائادىتى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشكە بولغان ئارزۇسى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

شائىرنىڭ 1945 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يازغان «قىياپىتى زامان»، «ھايات يوللىرى» دېگەن ئەسەرلىرى ئۆز ۋاقتىدا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى ۋەتەنپەرۋەر شائىرلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان.

مۇھەممەت ئابدۇللا بەگ ھاجىم ياشلىق دەۋرىدە شائىر ئەھمەد زىيائى ۋە بىلال ئەزىزى بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ، ئۆز ئارا شېئىرلارنى يېزىشقان.

ئۇ ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئادالەت، ھۆرلۈك يولىنى ئىزدەپ، خەلقنى نادانلىقتىن قۇتقۇزۇشقا ئىنتىلىپ، جەمئىيەتتىكى سىياسىي تەقىپ، قورقىتىشلارغا پەرۋا قىلماي نۇرغۇنلىغان ئىجادىي

ئەمگەكلەرنى ياراتقان بولسىمۇ، 1949 - يىلىنىڭ باشلىرىدا شۇ چاغدىكى خوتەننىڭ قورچاق ۋالىيسى ئەخمەتتوختى ئەلەم ئۇنىڭ «ۋىجدانسىزلار» دېگەن شېئىرىدىن غەزەپلىنىپ، «مۇھەممەد ئابدۇللا بەگ ھاجىنى چوماقلاپ ئۆلتۈرۈڭلار» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن ۋە ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇشقا پەرمان چۈشۈرۈپ، 550 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب، يازمىلىرىنى بۇلاپ ئەپقېچىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن ھەم شائىرنى تۈرمىگە سولىغان.

مۇھەممەد ئابدۇللا بەگ ھاجىنىڭ ئىجادىي ھاياتى پەقەت ئازادلىقتىن كېيىنلا ئۆز باھارىنى تېپىپ، ئۇنى يېڭىۋاشتىن قولىغا قەلەم ئېلىپ ئۆز خەلقىنى، ئازاد زامانىنى كۈيلەشكە رىغبەت بەردى. ئۇ 50 - يىللارنىڭ بېشىدا چوڭ ھەجىملىك «تارىخىي ۋەتەن، ۋاقىئاتى خوتەن» دېگەن تارىخىي كىتابنى نەزمىلەشتۈرۈپ رەتلەپ چىقتى. شائىر ئەمدىلا قانات پەيلىرىنى تۈزەپ ئىجاد كۆكىدە پەرۋاز قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، بىر دەملىك قوزغىلىپ سولچىل سىياسەت ئۇنى يەنە ھەپسىگە سولاپ، شائىرنى ئىجادىيەت ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مۇھەممەت ئابدۇللا بەگ ھاجى تۈرمە ۋە سۈرگۈن ئازابىدىن قۇتۇلۇپ، نىجاتلىققا ئېرىشىپ، يەنە قولىغا قەلەم ئالاي دېگەندە، ئۇنىڭ يېشى 80 گە يېقىنلاپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان خېلى كۆپ شېئىرلارنى يېزىپ ئېلان قىلدى. يەنە ئېسىدە قالغان ۋە دوستلىرى ساقلاپ كەلگەن ئەسەرلىرىنى يىغىپ، دىۋان قىلىپ چىقتى. خوتەننىڭ مىڭ يىللىق تارىخىنى يېزىپ ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ 1997 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى.

## مەتروزى (شەھىدى)

شائىر مەترۇزى داموللام (تەخەللۇسى شەھىدى) 1907 - يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ جىيا يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ دىنىي بىلىمنى ئۆز يېزىسىدا ئالغان. 1918 - يىلى دادىسىغا ئەگىشىپ يەكەنگە بېرىپ، 1934 - يىلىغىچە يەكەن شەھەر ئىچىدىكى خانلىق مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. بۇ جەرياندا ئۇ يەنە مۇھەممەد سالىھ داموللام (ئەينى ۋاقىتتا يەكەننىڭ قازىسى بولۇپ، كېيىن شىبلى شىسەي تەرىپىدىن تۈيۇقسىز تۇتقۇن قىلىنىپ، ئىز - دېرىكى

بولمىغان)، شائىر ھۈسەيىنخان (تەجەللى) لارنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان.

شائىر 1934 - يىلى 8 - ئايدا ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، تاغىسىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى، يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ دەۋىتى بىلەن مەدرىس ئېچىپ، 20 نەچچە يىل داۋامىدا كۆپلىگەن تالىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.

شائىر مەتروزى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ماھىر رەسسام ۋە ھۆسن خەت ئۇستىسى ئىدى. ئۇ ھەتتا چوڭ‌ئايتىپ سىزغان «مىڭ بىر كېچە» نى نەپىس قولىيازما ۋە قىستۇرما رەسىملەر بىلەن كۆچۈرۈپ چىققان.

مەتروزى ئاخۇنۇم 1960 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تولىمۇ زەئىپلىشىپ، ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان ۋە 1978 - يىلى 28 - ئىيۇن 71 يېشىدا ۋاپات بولغان.

مەتروزى ئاخۇنۇم ئەرەب، پارس ۋە ئوردۇ تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن، مەشھۇر كلاسسىكلار ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تونۇلغان نامايەندىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ئۇنىڭدىن بەدىئىي زوق ئېلىپ، ئۆز ئانا تىلى، شۇنداقلا ئەرەب، پارس تىللىرىدا كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان. شائىر ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ۋە پارس تىللىرىدا يازغان شېئىرلىرىدىن «شەۋقى مەسئىھا - زەۋقى مەلىھا» ناملىق بىر دىۋان، ئەرەب تىلىدا يازغان شېئىرلىرىدىن «دىۋانى مۇھەسسە» ناملىق بىر دىۋان تۈزگەنلىكى مەلۇم بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى دىۋان ھازىرغىچە تېپىلمىدى.

شائىرنىڭ يېقىندا تېپىلغان بىر قىسىم شېئىرلىرى ئەرشىدىن راشىدىن، مەتتوختى ئابدۇۋاقى يولداشلارنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىندى. شائىرنىڭ «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرى ئالتە غەزەل، ئۈچ مۇخەممەس، ئىككى مەسنەۋى ۋە بىر مۇرەببەدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ شېئىرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىر قەدەر ئۇزۇن يېزىلغان. ئالايلى، شائىرنىڭ «ئەبياتى مۇخەممەس دەربەيانى ئەھۋالات» قاتارلىق بەزى شېئىرلىرى 30 نەچچە كۇپلېتتىن تەشكىل تاپقان.

شائىرنىڭ شېئىرلىرى ئۆزىگە خاس ئۇرگىنالللىققا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ھەمدە

خەلق ئەدەبىياتى ۋە خەلق تىلىنى ئۆز ئىجادىيىتىگە ماھىرلىق بىلەن تەدتىبىقلاشنىڭ تىپىك ئۆلگىلىرى قاتارىدا تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

## سىدىق ئاخۇنۇم

ساتىرىك شائىر سىدىق ئاخۇنۇم XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چىرا ناھىيە بازىرى ئىچىدە ئوقۇمۇشلۇق دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۆز ئائىلىسىدە بىلىم ئالغان. كېيىن چىرا يېزىسىنىڭ ئۇقادى كەنتىگە بېرىپ داڭلىق مۇدەررىسلەردىن ئىلىم تەھسىل قىلىپ، بىلىمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن. ئوقۇشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن بىر ئۆمۈر مۇدەررىسلىك قىلىپ، نۇرغۇن شاگىرتلارنى تەربىيىلىگەن ئۆزىنىڭ چوڭقۇر بىلىمى، مول تەسەۋۋۇرىغا ئاساسلىنىپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. يازغان شېئىرلىرىنى «لەۋھەتۇل ئەسەر» ناملىق دىۋان قىلىپ رەتلەپ چىققان. شائىرنىڭ پىكرى ئۆتكۈر، تىلى يۇمۇرىستىك بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى فېئودال يەر ئىگىلىرى، ساختىپەز روھانىيلار، چىرىك ئەمەلدارلارنى كۆرگەن ھامان نەق مەيداندا ۋەزىن، تۇراقلىرى تولۇق چۈشكەن نەچچە كۇپلېت شېئىر توقۇپ ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بەرگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى تىلى چۈچۈك، ئىخچام، ئۆتكۈر، ئاممىباب، ئوخشىتىشلىرى ئىنتايىن جايىدا، ئوبرازلىق بولغاچقا، خەلق ئارىسىدا ناھايىتى تېزلا تارقىلىپ كەتكەن. ھەتتا ئەينى ۋاقىتتا نۇرغۇن شېئىرلىرى زالىم ئەمەلدارلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، شائىرغا زىيان - زەخمەت يېتىش خەۋپى تۇغۇلغان. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا فېئودال پومىشچىكلارنىڭ تېگىشلىك جازاغا ئۇچرىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولۇپ، 1954 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن يورۇقلۇققا چىقىرىلىپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

## ئەھمەدى

گۇما ناھىيىسىنىڭ قوشتاغ يېزىسى شاق چاقار مەھەللىسىدە 1909 - يىلى دۇنياغا كەلگەن شائىر ئەھمەدى ئۆزى تەرىپىدىن دىۋان

قىلىنغان «مەشۇقىستان» ناملىق كىتابى بىلەن ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەھمەدى بالىلىق ۋە ياشلىق مەزگىللىرىدە 16 يىل ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەدەبىيات، تارىخ، دىن، تېبابەت، ئاسترونومىيە جەھەتلەردىن بىر قەدەر يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغان. بىر مەزگىل باش لەڭگەردە مۇدەررىس بولغان. ئۇنىڭ «مەشۇقىستان» ناملىق دىۋانىدىن باشقا، ئۆز ئائىلىسىنىڭ نەسەبى، ئىسكەندەر ئاخۇنۇم (شائىر ئىسمايىل ھاجىنىڭ ئاتىسى)، ئىسمايىل ھاجى، ھۇسەيىنخان تەجەللى، مۇھەممەد رەسۇل شەۋقى، كېلىياڭ ھاپىز ئاخۇنۇم، تۆمۈر ھاجى قاتارلىقلارنىڭ ھاياتى، ئىجادىيەت ئەھۋالاتلىرى قاتارلىقلاردىن مەلۇمات بەرگۈچى يۇرۇشلۇك باياپلىرى بار. ئەھمەدى 1950 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئابدۇرەشىد سىراجىئەھمەد

جامائەتچىلىك ئىچىدە ئابدۇرەشىد ئەلەم نامى بىلەن يادلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ شائىر 1913 - يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ دول يېزىسى راخمانپور كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق مەزگىللىرىدە ئۆز ئائىلىسىدە ساۋادىنى چىقىرىپ خوتەن شەھىرى، قاراقاش ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى مەدرىسەلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇنىڭ شېئىريي ئىستىبداتى ئاشۇ چاغلاردا كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ئۇ ئۆز مەھەللىسىدە مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان. ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئۇ 1940 - يىلىدىن باشلاپ لوپ ناھىيىلىك «شەرىئەت مەھكىمىسى» گە ئەلەم بولغان. 1947 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن يېرىم يىلدەك تۇتقۇن قىلىنغان. ئۇ تەرەققىيپەرۋەر، خەلقپەرۋەر كىشى بولۇپ، كېيىنكى يىللاردا شېئىرىيىتىمىزنىڭ قەسىدىچىلىك ۋە پەندى - نەسىھەتچىلىك ئەنئەنىلىرى بويىچە بىر توپلاملىق شېئىر يازغان بولسىمۇ، بۇ قولىيازما قولدىن - قولغا ئۆتۈپ يوقىلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىللىق 5 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۆتمۈشۈمدىن تارىخ» ناملىق 39 كۇپلېتلىق شېئىرىدىن ھاياتىدا خېلى كۆپ ئەسەرلەرنى يازغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. ئۇ 1962 - يىلى 14 - دېكابىردا ۋاپات بولغان.

## مەتتوختى ئىسمائىل

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۇنى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ مول مەنبەسى قىلغان خەلق شائىرى، چاقچاقچى، خەتتات ۋە رەسسام مەتتوختى ئىسمائىل 1914 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئەدەبىيات - سەنئەتكە قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، رېئال تۇرمۇشتىكى ئەھمىيەتلىك تېمىلارنى ئاددىي - ساددا ئۇسلۇب، جانلىق تىل بىلەن تېز ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلق ئارىسىدا تونۇلغان. 70 - يىللاردىن كېيىن ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇ كېرىيە ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە ئىزچىل تۈردە سەھنە ئەسەرلىرى، ناخشا تېكىستلىرى يېزىپ بېرىپ، ئۆز ئىقتىدارىنى نامايەن قىلغان. ئۇنىڭ پاساھەتلىك ھۆسنخەتلىرى، تەشۋىقات دوسكىلىرى، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولغان رەسىملىرى بىر قانچە يىل ناھىيە مەركىزى ۋە ھەر قايسى يېزىلاردا جامائەتچىلىكنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان.

كېرىيە ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىدا باشلامچىلىق ۋە تەشكىللاتچىلىق رول ئويناپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلغان بۇ ئۇستاز 1989 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## مەتتوختى ھېيت

شائىر، سازەندە، خەتتات مەتتوختى ھېيت ئوغلى 1917 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ سانجۇ يېزىسى قاچىل مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. دەسلەپكى دىنىي ساۋادىنى ئاتىسى ھېيت ئاخۇن مۇدەررىستە چىقارغاندىن كېيىن، قوشتاغ، كۆكتېرەك ۋە گۇما بازار ئىچىدىكى خانىقالاردا ئوقۇغان. ئۇنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئاساس سالغان ۋاقتى قاغىلىق، يەكەن ۋە قەشقەردىكى مەدرىسلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان مەزگىللىدۇر.

ئۇ ئۆمۈر مۇساپىسىدە 300 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ئىككى داستان يازغان. خەلق داستانى «ئابدۇراھمان خوجا»، «نەسىردىن

ئەپەندى لەتىپىلىرى» قاتارلىق مىراسلارنى توپلىغان، بېيىتقان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا، روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا، شۇنداقلا شائىر يازمىلىرىغا ئۆزى ئاھاڭ ئىشلەپ ئىككى تارلىق قويچى راۋابى بىلەن توي - مەشرەپلەردە ئوقۇغاچقا، كۆپلىگەن شېئىرلىرى خەلق قوشاقلىرىغا ئايلىنىپ، كىشىلەر ئارىسىغا ئومۇملىشىپ كەتكەن.

مەتتوختى ئاخۇن داموللامىنىڭ «بوجاڭلىق تورۇز»، «قوشتاغقا سەپەر»، «بۇرگىلەر جېڭى»، «موللىلەر» قاتارلىق 30 پارچىدىن كۆپرەك شېئىرىنى ئەدىب تۇرسۇنمەت ھۇسىيىن توپلاپ ۋە نەشرگە تەييارلاپ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىللىق 4 - سانىدا جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن. «زالىم بەگلەر»، «موللىۋاي بوجاڭ» قاتارلىق شېئىرلىرىمۇ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان. شائىر 1960 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## موللا تۇردى خوتەنى

يېقىندا خوتەن ناھىيىسىنىڭ باغچا يېزىسى تەۋەلىكىدە ياشاپ ئۆتكەن موللا تۇردى خوتەنىنىڭ بىر قولىيازما دىۋانى تېپىلدى. خوتەن قەغىزىگە 12cm × 18 قىلىپ چىرايلىق كۆچۈرۈلۈپ تۇپلەنگەن بۇ كىتابنىڭ باش - ئاخىرى تولۇق بولۇپ، 2 مىڭ 240 مىسرا (1120 بېيىت) دىن تەركىب تاپقان. شائىر بۇ كىتابنى ھىجرىيىنىڭ 1350-يىلى يېزىشنى باشلاپ 1378 - يىلى (قوي يىلى) دا تاماملىغان. ئۇنىڭدا 17 چوڭ ماۋزۇ (تېما) ئايرىم - ئايرىم ھالدا پاساھەتلىك تىل ئارقىلىق ئىخچام ۋە چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن. ئالدىنقى تېمىلاردا قويۇق دىنىي ئەھكاملار بايان قىلىنسا، كېيىنكى تېمىلار مەسىلەن، «ھازىرقى جاھان ۋاقىئاتلىرى»، «ئىنساپلىق ۋە دىيانەتلىكنىڭ بايانلىرى»، «جامائەتكە قوشۇلماقلىقنىڭ پەزىلەتلىرى» قاتارلىقلار دەۋر رېئاللىقىغا زىچ ياندىشىپ، ئاپتورنىڭ لىرىك ھېسسىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. تەتقىقاتچىلار، بۇ دىۋاننى شائىر 40 ياشلارغا كىرگەندە يېزىشنى (تۈزۈش ۋە كۆچۈرۈشنى) باشلىغان، دەپ قاراشتى. ئەدىب مەتقاسىم ئابدۇراخماننىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتقان بۇ كىتاب، تولۇقى بىلەن نەشرگە تەييارلىنىپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى.

## ئابدۇخالىق جىلىل (قاسىرى)

«ئىشقنامە» ماۋزۇلۇق بىر دەپتەرلىك شېئىرلىرى بىلەن هازىرغىچە كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە پىنهان بولۇپ كەلگەن ئابدۇخالىق جىلىل قازى ئوغلى (قاسىرى قەلەم نامى) 1917 - يىلى گۇما ناهىيىسىنىڭ قوشتاغ يېزىسىدا قازى نەسەب ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئىلگىرى - ئاخىر 17 يىل ئىلىم تەھسىل قىلىپ، بىر قەدەر مۇكەممەل تەربىيە ئالغان. ئۇ كەمتەر تەبىئەتلىك، خاتىرىسى ساغلام، ئىنسانىي تۇيغۇسى پاك كىشى بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرگە يېقىندىلا مەلۇم بولغان «ئىشقنامە» توپلىمىدىكى ئۆز قەلىمى بىلەن رەتلىنىپ كۆچۈرۈلگەن بىر بۆلۈك شېئىرلىرى بۇ تەرىپىمىزنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

## قادىرخان يېتىمى

شائىر قادىرخان يېتىمى 1918 - يىلى قاراقاش ناهىيىسىنىڭ سىزىيا دېگەن مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئەسلىي ئىسمى — تۇردى خەلىپە هاجى ئوغلى قادىرخان بولۇپ، يېتىمى — شائىر ئۆزى قوللانغان تەخەللۇس. ئۇ ئون ياشلار ۋاقتىدىلا نۇرغۇن ئەشئارلارنى يادلىۋالغان. شائىرنىڭ 30 - يىللاردىكى ئەهۋالىنى ئەسلىگەنلەر ئۇنى: «شۇ چاغلاردا ياش هەم زېهنىلىك ئىدى. ئەرەب، پارس تىللىرىدا راۋان سۆزلىيەلەيتتى، بېيىت يادلىسا ئادەم زوقلىنىپ كېتەتتى. ئۇ ياش ۋاقتىدىلا هۆرمەتلىك بولغان...» دەيدۇ. ئۇنىڭ «دىۋان يېتىمى» ناملىق بىرلا قولىيازما ئەسىرى بولۇپ، بۇ كىتابنى شائىر 1948 - يىلى 30 يېشىدا ئۆز قەلىمى بىلەن دىۋان قىلىپ رەتلەپ چىققان. دىۋاندا غەزەل، موخەممەس ۋە مۇرەببە شەكلىدە يېزىلغان 1 مىڭ 500 مىسرادىن ئارتۇق شېئىرلىرى بار. شائىر بۇ كىتابنى مەرهۇم ئۇستازى ئوبۇلقاسىم هەزرەتنىڭ تەربىيە هۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوغلى هامۇتخانغا تەقدىم قىلغان. 1989 - يىلى شائىرنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ئابدۇخالىق هاجى ۋە شائىرنىڭ ئىككىنچى ئوغلى شائىر ئابدۇلئەهەد قادىرنىڭ قايتا - قايتا ئەسلەپ ئىزدىشى ئارقىلىق «دىۋان يېتىمى» ناملىق بۇ قولىيازما ئاخىر تېپىلدى. هازىر ئابدۇلئەهەد قادىرنىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

دىۋاندىكى شېئىرلارنىڭ نىگىزىدە ئاساسەن تەسەۋۋۇپ غايىسىدىكى مەزمۇنلار ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن شائىرنىڭ يەسەۋىچە شائىر ئىكەنلىكىنى ياكى شۇ خىل ئەدەبىي ئېقىمنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇرراق ئۇچرىغان شائىر ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىش مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ ئومۇمىي شېئىرلىرىدا شائىرنىڭ ساددا، ئۆزىگە خاس خاراكتېرى، ئۆز غايىسىگە يارىشا ئارزۇ - تىلەكلىرى يۇمشاق، لىرىك ئۇسلۇب بىلەن ناھايىتى قىزغىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

شائىر يېتىمى قىزغىنلىق بىلەن ئۆگەنگەن، ئۆز ھالىغا يارىشا ئىختىرا قىلغان، ھاياتىدىن ئىز قالدۇرغان، ئۆگىنىش ۋە زېھىن يېتىلدۈرۈشتە قىممەت ياراتقان كىشىدۇر.

شائىر 1964 - يىلى 16 - ئاۋغۇست 46 يېشىدا يۈرەك كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. شائىرنىڭ يەنە 1962 - يىلى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى تەركىبىدە ئىچكى ئۆلكە ۋە شەھەرلەردە بولغان تۆت ئايلىق زىيارىتىنىڭ تەسىراتى ئاساسىدا تەييارلىغان «سەپەرلەردىن خاتىرىلەر» ۋە «چەشمە يېتىمى» (پەندى-نەسىھەت خاراكتېرىدىكى ئەسەر) قاتارلىق ئىككى توپلامى، تەرجىمە ئەسەرلىرى، تارىخ ۋە تېبابەتچىلىككە ئائىت قولىيازمىلىرى بار بولسىمۇ، ھېلىغىچە تېپىلمىدى.

## مۇھەممەتئىمىن توختى

«خوتەن تارىخىدىن ئەسلىمە» ناملىق مول ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە كىتابى (خوتەن ۋىلايەتلىك مىللىي قەدىمىي ئەسەرلەر ئىشخانىسى باسمىسى) بىلەن ئۇمۇر مۇساپىسىدىن ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان مۇھەممەتئىمىن توختى 1920 - يىلى خوتەن شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ خوتەن شەھىرىدىكى تۇنجى يېڭىچە مەكتەپتە ۋە 1938 - يىلى خوتەن دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ 2 - قارارىدا ئوقۇغان. چايخانا مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ۋە 1950 - يىلىغا قەدەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، سانايىنەفىسىنىڭ باشلىقى، كېيىنكى يىللاردا قاراقاش ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ، خوتەن خەلق بانكىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

مۇھەممەتئىمىن توختى 1941 - يىلىدىن باشلاپ تارىخىي ۋەقەلەردىن خاتىرە قالدۇرۇشقا تىرىشىپ، 50 - يىللاردا ئۇلارنى

رەتلىگەن بولسىمۇ، پەرسۇدە بولۇپ كەتكەن. ئۇ ئاشۇ خاتىرىلەردىن ئەسكە ئالالىغانلىرىنى ۋە ساقلىنىپ قالغان بىر قىسمىنى دەۋرداشلىرىنىڭ ئەسلىيەلىگەنلىرىگە سېلىشتۇرۇپ، مەنچىڭ هاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن 50 - يىللارغا قەدەر بولغان مۇرەككەپ تارىخىي جەريانلارنى، كۆپلىگەن ئىچىنىشلىق ۋەقەلەرنى دەلىل - ئىسپاتلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىپ، 176 بەتلىك «خوتەن تارىخىدىن ئەسلىمە» ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىققان. بۇ مۆھتەرەم تارىخچىمىز 1995 - يىلى 27 - سېنتەبىر ئالەمدىن ئۆتكەن.

## مۇھەممەتئىمىن توختىنىياز (سۇزۇك)

1920 - يىلى چىرا ناھىيىسىدە بەقەسەمچى كاسىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، 1926 - يىلى ئاتا - ئانىسى بىلەن تىرىكچىلىك يولى ئىزدەپ يەكەنگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان شائىر مۇھەممەتئىمىن توختىنىياز 1933 - يىلى يەكەن شەھىرىدىكى «مەتلەئىل ئىرپان» ناملىق دىنىي - پەننىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان. 1938 - يىللىرى مەكىت، خوتەنلەردە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىدا كاتىپ بولغان. 1946 - يىلى قەشقەر «ئاڭ گېزىتى»نىڭ مۇھەررىرى بولغان. 1947 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللاپ، تەشۋىقاتچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ۋە ئىلغار ئىدىيىدىكى شېئىرلارنى يېزىپ، خەلقنى ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا دەۋەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئازادلىققا قەدەر تۈرمىدە ياتقان.

مۇھەممەتئىمىن توختىيازنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى 1943 - يىلى «خوتەن گېزىتى» دە «سۇزۇك» تەخەللۇسى بىلەن ئېلان قىلىنغان. بۇ يىللاردا «پەلەككە سۆز»، «كۆنلەر»، «زامان»، «غەمگۇزارىمغا» قاتارلىق شېئىرلىرىدا دەھشەتلىك زۇلۇمدىن شىكايەت قىلىپ، خەلقنىڭ دېموكراتىيىگە، ئەركىنلىككە بولغان تەشنالىقىنى ئىپادىلىگەن. 1949 - يىلىدىن كېيىن ئۇ تۈرلۈك ئىجتىمائىي خىزمەتلەرگە قىزغىنلىق بىلەن قاتنىشىپ، يەكەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى، يەكەن ۋالىي مەھكىمە مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى،

يەكەن ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، «يەكەن گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1958 - يىلىدىن 1979 - يىلىغىچە ئۇ خىزمەتتىن قالدۇرۇلۇپ، ناھەق قارىلىنىش ئازابىنى تارتقان. ئۇنىڭ 80 - يىللاردا يازغان بىر بۆلۈك شېئىرلىرى يېڭى ھاياتنى، ئىلىم - پەن باھارىنى كۈيلەش، «ئاپەتلىك يىللار» ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشتەك جۇشقۇن ھېسسىياتقا تولغان.

كلاسسىك شېئىر شەكىللىرىنى ئىجابىي ئۆزلەشتۈرۈپ، خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، شېئىرلىرىنى قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە ئاممىباپلىققا ئىگە قىلىپ، جامائەتچىلىككە «سۆزۈك» تەخەللۇسى بىلەن تونۇلۇپ «كۆڭلى سۆزۈك، ئىجادى تۈزۈك» دەپ تەرىپلەنگەن بۇ شائىرنىڭ 1983 - يىلى «يادىكار» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى)، 1987 - يىلى «ئىلھام چېچەكلىرى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى) ناملىق شېئىرلار توپلىمى، بىر قىسىم كوللېكتىپ توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلىرى، يەكەن تارىخىغا ئائىت بىر قانچە پارچە ماقالىسى، «پەرھات - شېرىن» داستانىنىڭ نەسرىي نۇسخىسى، «سەنۇبەر» ناملىق خەلق داستانى ۋە باشقا كۆپلىگەن ئىجادىي، ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىزنىڭ مەنىۋى مىراسلىرىمىزغا ئايلانغان.

شائىر مۇھەممەتئىمىن توختىنىياز 1992 - يىلى 10 - مارت ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئەسقەرى سۈپۈرگە

ئەسقەرى سۈپۈرگە 1930 -، 1940 - يىللاردا خوتەن شەھىرىدە ياشىغان. ئۇنىڭ تەرجىمىھالى ۋە يازغان تولۇق ئەسەرلىرى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات تېخى تېپىلمىدى. ئۇنىڭ نىزامىدىن توختى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان 226 مىسرادىن ئارتۇق مەسنەۋىلىرىدىن قارىغاندا، بۇ ئەدىبنىڭ بەدىئىي ئىستېداتى خېلى يۇقىرى. ئۇنىڭ «چىن دوستلۇق بىلەن يالغان دوستلۇقنىڭ نەزمىسى» ناملىق شېئىرىدىكى:

*«ئۇستىلار دۇكاندا كۆرمىدىڭمۇ ئاتەشنى،*
*مۇم سۈپەت قىلۇر ئۇستا يۇمشىتىپ تۆمۈر - تاشنى.*

*كۆرسەتكىنى بۇ ئاشىق زاھىرى كۆمۈرچىدۇر،*
*ئىشقىنىڭ دۇكانىدا شۇ كىشى تۆمۈرچىدۇر.*
*بازغانى ئانىڭ شەرگى، سەندەلى تەرىقەتدۇر،*
*مەرىپەت كۆزى كوتدۇر، قۇچلىرى ھەقىقەتدۇر.»*

دېگەن مىسرالىرىدىن ئەسقەرى سوپۇرگىنىڭ شېئىرىي پىكرى چوڭقۇر، ھەر تەرەپلىمە تەربىيە كۆرگەن كىشى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە خەلقچىللىق، رېئالىستىك خاھىش روشەن.

## بىلال ئەزىزى

ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان جەڭگىۋارلىقتا ۋە مۇئەييەن بەدىئىي قىممەتكە ئىگە شېئىرىي ئىجادىيىتى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى سەھىپىسىگە ئۆز نامىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ۋەتەنپەرۋەر، ئىنقىلابىي شائىر بىلال ئەزىزى 1921 - يىلى خوتەن شەھىرىدە بىر مەرىپەتپەرۋەر ئۆزبېك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

بىلالنىڭ ئاتىسى نامرات بولسىمۇ، ئوقۇمۇشلۇق، موللا كىشى بولغىنى ئۈچۈن، ئۆز پەرزەنتىنىڭ بىلىم ئىگىلەپ يارامىلىق ئادەم بولۇشى يولىدا كۆپ كۈچ چىقارغان. بىلال ساۋاتىنى ئائىلىسىدە چىقارغاندىن كېيىن دىنىي مەكتەپتە ئوقىغان. ئۇ چاغدىكى دىنىي مەكتەپلەردە نەۋائى، لۇتفى، نەۋبەتى قاتارلىق كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ رەسمىي دەرس قاتارىدا ئۆتۈلەتتى. كلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇش ئۇنىڭدا كىچىكىدىنلا ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋىسىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ 15 يېشىدىلا ئۆزىنىڭ دەسلەپكى مەشىق شېئىرلىرىنى يېزىشقا كىرىشكەن.

1936 — 1937 - يىللاردا خوتەندە يۈز بەرگەن ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى بېسىققاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاش، خوتەندىمۇ مەدەنىي ئاقارتىش، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى دولقۇنى بارلىققا كەلگەن، مائارىپ، مەدەنىيەت، مەتبۇئات ئورۇنلىرى تەسىس قىلىنغان، «خوتەن گېزىتى» نەشر قىلىنىپ، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى تەشۋىقاتى يولغا قويۇلغان. بىلال ئەزىزى 1939 - يىلى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئېلىنغان 2 - نۆۋەتلىك

دارىلمۇئەللىمىن كۇرسىدا ئوقۇپ كۇرسنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن «خوتەن گېزىتى» دە كوررېكتور ۋە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن.

شائىرنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلەش، بىلىمنىڭ قەدىر - قىممىتى تېمىسىدا بولۇپ، شائىرنىڭ 1938 - يىلىدىن 1942 - يىلىغىچە خوتەندە يازغان ۋە ئېلان قىلغان شېئىرلىرى ئىچىدە يەنە بىرلىك - ئىتتىپاقلىقنى مۇستەھكەملەش، مەدەنىي ئاقارتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ۋە جۇڭگونى ئازاد قىلىش، خوتۇن - قىزلارنىڭ ئازادلىقى ۋە ھوقۇقى تېمىسىدا يازغان «بىرلىك»، «گۈزەل شىنجاڭ»، «ئوقۇش بىلەن»، «كۈرەش بىلەن»، «ئاپرېل قىزىغا»، «ئانا بىلەن قىز» قاتارلىق شېئىرلىرى بولۇپ، بۇ شېئىرلار ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۇلارنى فېئودالىزمنىڭ مۇدھىش ئاسارىتىگە قارشى كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغان.

1942 - يىلىنىڭ باشلىرىدا بىلال ئەزىزى ئۈرۈمچىگە چىقىپ، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن ۋە بىر يىلدىن كېيىن ئۆلكىلىك ساقچى كادىرلار مەكتىپىگە ئېلىنىپ، ئۇ مەكتەپتە 1943 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوقۇغان.

بىلال ئەزىزى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن تونۇشقان ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىنقىلابىي دوستلۇق ئورنىتىلغان. ل. مۇتەللىپ قاتارلىق ئىلغار پىكىرلىك ياشلار بىلەن تونۇشۇش، شۇنداقلا ئەينى يىللاردىكى رەھىمسىز ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلال ئەزىزىنىڭ ئىدىيىسىدە زور بۇرۇلۇش ۋە يۈكسىلىش ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە، قاراڭغۇ زۇلمەتكە بولغان ئىسيانكارلىق روھى، ئىنسانپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ۋەتەننىڭ ئازادلىقىغا بولغان ئىنتىلىش تۇيغۇسى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن. شائىرنىڭ شۇ يىللاردا يازغان «ۋەتەن خىسلەتلىرى»، «ۋەتەن ئۈچۈن»، «يولدىشىمغا»، «قەرزىمىز»، «مۇستەھزات»، «گۈلۈمگە»، «زىيائى غەزىلىگە مۇخەممەس» ۋە «غەزەل» قاتارلىق شېئىرلىرى شۇلار جۈملىسىگە كىرىدۇ.

1943 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىلال ئەزىزى ئاقسۇغا بېرىپ، كونىشەھەر ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدە ئىشلىگەن. ئۇ ئاقسۇغا ئۆزىدىن بۇرۇنراق كەلگەن ل. مۇتەللىپ بىلەن بىرلىشىپ، جاپالىق ئىنقىلابىي كۈرەش پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرغان. شائىر

ئىجادىيىتىدىكى يېڭى يۈكسىلىشنى نامايەن قىلىپ تۇرىدىغان «كۆڭۈل»، «مارت شامىلىغا خىتاب»، «نېمە بولدى»، «يىللارغا سوئال»، «بۇرادىرىمگە» قاتارلىق بىرمۇنچىلىغان جەڭگىۋار شېئىرلىرى شۇ يىللاردا ئاقسۇدا يېزىلغان.

1944 - يىلى غۇلجىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، شائىرنىڭ قەلبىدىكى زۇلۇمغا، تەڭسىزلىككە، جاھالەتكە قارشى غەزەپ ئوتى تېخىمۇ يالقۇنلاپ، ل. مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا قاتارلىق ياشلار بىلەن بىرلىكتە «ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنى قۇرۇشقا يېقىندىن قاتناشقان ۋە بۇ تەشكىلاتنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى مەسئۇللىرىدىن بىرى بولغان. لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار دوستى بىلال ئەزىزىنى ناھايىتى قەدىرلەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر مۇۋەششەسىنى بىلال ئەزىزگە ئاتىغان ھەمدە ئۇنىڭ «يىللارغا سوئال» ناملىق شېئىرىنىڭ ماۋزۇسىغا مۇشائىرە قىلىپ ئۆزىنىڭ مەشھۇر شېئىرى «يىللارغا جاۋاب» نى يازغانىدى.

بىلال ئەزىزى تەشكىلاتتىكى ئۆز سەپداشلىرى بىلەن بىللە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىۋاتقان پەيتتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان ۋە 1945 - يىلى 18 - سېنتەبىردە ئىنقىلابىي دوستلىرى ل. مۇتەللىپ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن.

شائىر بىلال ئەزىزى 25 يىللا ئۆمۈر كۆردى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە ھاياتىدا ئەۋلادلار ئۈچۈن قىممەتلىك بولغان نۇرغۇن ئەدەبىي مىراس قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۇيغۇر تىلىدا راۋان، يەڭگىل يېزىلغان بولۇپ، ئۆز بەدىئىيلىكى بىلەن 40 - يىللار ئۇيغۇر شېئىرىيىتى خەزىنىسىدە مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتى شەكلىدە — بارماق ۋەزنى بىلەن يازدى، شۇنداقلا، كلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ غەزەل، مۇخەممەس، مۇستەھزاد قاتارلىق شەكىللىرىگىمۇ مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنى يېڭى پىكىر، يېڭى ئىنقىلابىي مەزمۇن بىلەن جۇلالاندۇردى.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىلى «بىلال ئەزىزى شېئىرلىرى» نامىدا شائىر شېئىرلىرىنىڭ بىر قەدەر تولۇق توپلىمىنى نەشر قىلدى.

## ئەمەت غوپۇرى

ئۆزىنىڭ «ئۆمۈر ناياپ»، «كۈرەش سۆبھىسى» قاتارلىق جەڭگىۋار شېئىرلىرى بىلەن 40 - يىللار شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە چاقنىغان چولپانلارنىڭ بىرى بولغان ئەمەت غوپۇرى 1921 - يىلى ئاقسۇدا ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1942 - يىلى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بۇ دىيارىمىزغا كېلىپ قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1945-يىلى ناھايىتى ياشلا خوتەندە ئالەمدىن ئۆتكەن بۇ ئەدىبنىڭ بىر بۆلۈك ئەسەرلىرى 80 - يىللاردا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «گۇدۇك» ناملىق توپلام ئارقىلىق كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەن.

## مەتسىدىق مەترېھىم

كلاسسىك شېئىرىيەتنى ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىگە ئۇلىغان ئۆتكۈنچى دەۋردىكى شائىرلارنىڭ بىرى مەتسىدىق مەترېھىمدۇر. ئۇ 1925 - يىلى چىرا ناھىيە چىرا يېزا ماخمال كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئالتە يېشىدىلا دىنىي مەكتەپكە كىرىپ، ناھايىتى تېزلا ساۋادىنى چىقارغان. 14 يېشىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئىشتىياق باغلاپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەم شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن پىششىق تونۇشقان.

شائىر 1950 - يىلى ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتنىشىپ، مۇھىم رەھبەرلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن، بولۇپمۇ چىرا ناھىيىسىنىڭ گۇلاخما يېزىسىدا يېزا باشلىقى بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە بۇ يېزىنىڭ تارىخىنى يېزىشقا بەل باغلاپ، نۇرغۇن تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، 1959 - يىلى «گۈل ئەخمەر» ناملىق زور ھەجىملىك تارىخىي داستاننى يېزىپ چىققان. داستان جەمئىي 17 باب بولۇپ، ئاروز ۋەزنىدە يېزىلغان. داستاندا گۇلاخما يېزىسىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى، تەرەققىياتى بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ بېرىلگەن. شائىر ئۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل شېئىرىي شەكىلدە 200 پارچىدىن ئارتۇقراق شېئىر، 400 پارچىدىن ئارتۇقراق ماقال - تەمسىل، چۆچەك توپلاپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ھەر قايسى گېزىت-

ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرغان. ئۇ 1988 ـ يىلى كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن.

## روزى هوشۇر

خەلق قوشاقچىسى، ماھارەتلىك ئورۇنلىغۇچى روزى هوشۇر 1925 ـ يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ناۋا يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. روزى دادىسى هوشۇرئاخۇننىڭ راۋابچىلىق ۋە قىزىقچىلىق ئۇدۇمىغا ۋارىسلىق قىلىپ، 15 يېشىدىلا جامائەت سورۇنلىرىدا ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان. ئۇ 1945 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ بېشىرىق يېزىسى تۆۋەن ئۇرالڭ كەنتىدە ماكانلىشىپ، قوشاق توقۇپ راۋاب چېلىپ ناھىيە تەۋەسىدە يۇقىرى شۆھرەتكە ئىگە بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن ھەر تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر داۋامىدا قوشاق توزۇپ، ئاھاڭغا سېلىپ، چوڭ ـ كىچىك يىغىلىشلاردا ئورۇنلاپ كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىش بىلەن بىرگە، 1955ـ يىلى باھاردا قەشقەر ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىگە يالغۇز كىشىلىك ناخشا ئورۇنلاپ قاتناشقان. 1964 ـ يىلى ئۇ قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئۈرۈمچىگە سەنئەتچىلەر ۋەكىلى سۈپىتىدە بېرىپ، تۇنجى بولۇپ ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلغان ھەمدە بېيجىڭ سەھنىسىدە قوشاق ئورۇنداپ ئالقىشلانغان. خەلق قوشاقچىسى روزى هوشۇر تېز ئەستە قالدۇرۇش، تېز ئىنكاس قايتۇرۇش، دەرھال سەھنىگە ئېلىپ چىقىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، ئۆزى ئىجاد قىلغان قوشاقلار 700 كۇپلېتتىن ئاشىدۇ. ھازىرجاۋابلىق بۇ خەلق قوشاقچىسى 1978ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ توقۇغان ۋە ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇغان 32 كۇپلېتلىق بىر يۈرۈش ناخشىلارنى ئۇنىڭ شاگىرتى سەنئەتكار مۇھەممەت ئېزىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1984 ـ يىللىق 3 ـ سانى ئارقىلىق جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى.

## خوجايۇپ

60 ـ يىللاردا خوتەن شەھىرىدىكى كىنو ئىلانچىلىقى، تەشۋىقات رەسىملىرى، ھۆسنخەتلەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشلەپ كەڭ جامائەتچىلىككە مەنۋى زوق ئاتا قىلغان خوجايۇپ 1927 ـ يىلى چىرا

بازىرىدا تۇغۇلغان. ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ خەتتاتلىق، رەسساملىق جەھەتلەردە يىراق - يېقىنلاردا كۆزگە كۆرۈنگەن بۇ كەسىپ ئىگىسى 60 - يىللارنىڭ بېشىدا خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومغا يۆتكەپ كېلىنىپ ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرغان. ئۇ ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، «خوتەن گېزىتى» ئىدارىسى، شەھەرلىك «قىزىل يۇلتۇز» كىنوخانىسى، «يېڭى قاشتېشى» ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى، ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى قاتارلىق ئورۇنلاردا خەتتاتلىق، رەسساملىق، ئېلانچىلىق كەسىپلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان ھەمدە 1975 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

## جاپپار ئەمەت

جاپپار ئەمەت 1929 - يىلى 6 - دېكابىردا خوتەن شەھىرىنىڭ گۈلباغ مەھەللىسىدە ئوقۇمۇشلۇق كىچىك سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1938 - يىلدىن 1941 - يىلغىچە خوتەندە باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1941 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە خوتەن دارىلمۇئەللىمىندە، 1942 - يىلدىن 1945 - يىلغىچە ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. 1945 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە خوتەن شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ (چايخانا مەكتەپ) تە ئوقۇتقۇچى، خوتەن ۋالىي مەھكىمە مائارىپ باشقارمىسىدا مۇپەتتىش، ياشلارنىڭ جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش ئىدارىسى باشقۇرغان «تەكلىماكان گۈلى» گېزىتىدە باش مۇھەررىر، خوتەن دارىلمۇئەللىمىندە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1950 - يىلدىن 1970 - يىلغىچە «يېڭى خوتەن» گېزىتى، قەشقەردە چىقىدىغان «جەنۇبىي تيانشان» گېزىتى، «شىنجاڭ گېزىتى» ، خوتەن ۋالىي مەھكىمە مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلاردا مۇھەررىر، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر، تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1980 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. شۇ يىلى ئۆكتەبىردە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ، 1990 - يىلغىچە «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە شېئىرىيەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. ئاتاقلىق شائىر، پېشقەدەم مۇھەررىر، تۆھپىكار تەتقىقاتچى جاپپار ئەمەت كېسەل سەۋەبىدىن 1999 - يىلى

13 - فېۋرال ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە 70 يېشىدا ئۈرۈمچىدە، ئۆز ئۆيىدە بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتكەن.

جاپپار ئەمەت «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1944 - يىلى 21 - ئۆكتەبىردىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان «ۋەتەن ئوغلى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە قېتىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «خۇشتار» تەخەللۇسى بىلەن «شۇنداق ماڭ»، «ئوتلۇق يۈرەكتىن» قاتارلىق شېئىرلارنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. شائىر 1945 - يىلى مايدا ئۆز يۇرتى خوتەنگە قايتىپ، پىكىرداش دوستلىرى ۋە ئىلغار زىيالىيلار ئارىسىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلغان. «تەكلىماكان گۈلى» گېزىتىگە بېسىلغان «ياشلىقىم»، «سۆيىمەن»، «تاڭ ئالدىدا» قاتارلىق شېئىرلىرى ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللاش پوزىتسىيىسىنى ۋە ئازادلىققا بولغان تەشنالىقىنى ئىپادىلىگەن. بۇنىڭدىن قاتتىق ھۆركىگەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شۇ يىلى نويابىردا شائىر جاپپار ئەمەتنى قولغا ئالغان. 1946 - يىلى ئىيۇندا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق بېتىم ئىمزالىنىپ، قاماقتىكى بارلىق سىياسىي مەھبۇسلار قويۇپ بېرىلگەندە، شائىرمۇ ئازادلىققا ئېرىشكەن. تۈرمىدىن چىققان ھامان قاتتىق غەزەپلەنگەن شائىر «تەپتىش ئۆمىكىگە داد»، «قاراقاش ناھىيە ئۇستىدىكى بولۇت»، «مىللەت ۋە تىل» قاتارلىق سىياسىي، ئەدەبىي ماقالىلەرنى يېزىپ، گومىنداڭنىڭ فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بەرگەن. بۇ ماقالىلەر جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان.

1947 - يىلى ئىيۇلدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جاپپار ئەمەتنى يەنە تۇتقۇن قىلغان. شائىر تۈرمىنىڭ ئېغىر ھەم قاتمۇ - قات ئازابلىرىغا مەردانىلىق بىلەن بەرداشلىق بېرىپ، ئازادلىق، ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيىنى تەلەپ قىلىش مەيدانىدا قەتئىي چىڭ تۇرغان. 1950 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە 150 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، داستان، ھېكايە، ئوچېرك، دراما، فېليەتونلارنى يېزىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇن ھەم شەكىل جەھەتتىن رەڭدارلىشىشىغا تۆرتكە بولغان. ئۇ 1968 -، 1969 - يىللىرى «ئازاد گۈلىستانىڭ قېنى»، «جىڭ ئالتۇن» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكىگە ئاشكارا قارشىلىق كۆرسەتكەن. شۇڭا «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» قالپىقى كىيگۈزۈلۈپ،

1970 ـ يىلى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ھەيدەلگەن. ئۇ 1979 ـ يىلى ئۆكتەبىردە تۈرمىدىن چىقىپلا يازغان «سايرا، بۇلبۇل» ناملىق شېئىرىدا «تۆت كىشىلىك گورۇھ» نىڭ تۆمۈر قەپىزىدىن قۇتۇلغان «خۇشناۋا بۇلبۇل» غا خىتاب قىلىش ئارقىلىق، «گۈلباھار پەسلى» نى ئۆمۈرۋايەت كۈيلەش ئارزۇسىنى ئىزھار قىلغان.

ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتكە، ئىزدىنىش روھىغا باي ئەدىب جاپپار ئەمەت 50 نەچچە يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا ئەدەبىياتنىڭ ھەممە تۈرى بىلەن دېگۈدەك شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. «سايرا، بۇلبۇل» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى تۈزگەن. 1985 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن، 1991 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى «تۇپراق ۋە تەر» ناملىق 2 ـ شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلغان. ئۇ 1993 ـ يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىغا «بوستان نەزمىلىرى» ناملىق 3 ـ شېئىرلار توپلىمىنى يوللىغان.

ئۇ پېشقەدەم شائىر ۋە تىببىي ئالىم داموللا ئابدۇلھېمىت ھاجى يۇسۇپى بىلەن بىرلىكتە «فۇزۇلى غەزەللىرىدىن تاللانما» نى؛ زوھرىدىن بابۇر، ھۇۋەيدا (خوجا نەزەرغايىپ نەزەر ئوغلى)، سوپى ئاللايار قاتارلىقلارنىڭ غەزەل ۋە شېئىرلىرىدىن تاللانمىلارنى؛ پارس-تاجىك ئەدەبىياتى پېشۋالىرىدىن ئابدۇراخمان جامىنىڭ «سەلامان ۋە ئەپسال» داستانىنى؛ جالالىدىن رومى، كامال خوجەندى، ئەبۇ ئابدۇللا رۇداكى قاتارلىقلارنىڭ شېئىر، غەزەللىرىدىن تاللانمىلارنى؛ ئابدۇللا ئىنسارى، خوجا نەجمىدىن كۇبرا، سابىر تىرمىزى ۋە ھەكىم سانائى رۇبائىلىرىدىن تاللانمىلارنى؛ ئەمىر تېمۇر كوراگان ھەققىدە ئىران تارىخچىسى شەرەفىددىن ئەلى يەزدى تەرىپىدىن 1424 ـ، 1425 ـ يىللىرى يېزىلغان «زەپەرنامە» ناملىق ئەسەرنىڭ بىر قىسمىنى؛ «شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ رۇبائىلىرىدىن تاللانما» نى؛ ئابدۇللا ئەۋلانىنىڭ «تۈركى گۈلىستان ياخۇد ئەخلاق» ناملىق كىتابىنى؛ ئەمىر خۇسراۋ دېھلەۋىينىڭ «چاھار دەرۋىش» ناملىق قىسسىسىنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى — مىر ئەممام دېھلەۋى تەرىپىدىن 1803 ـ يىلى تولۇقلاپ يېزىلغان «باغۇ باھار» قىسسىسىنى نەشرگە تەييارلىغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى «بۇلاق» ژۇرنىلى ۋە ھەر قايسى نەشرىياتلار ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەن.

جاپپار ئەمەت خەلق ئەدەبىياتىنى قېزىش، رەتلەش، نەشرگە

تەييارلاش جەھەتتىمۇ مول تۆھپە ياراتقان. ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، 3 مىڭ كۇپلېتتىن ئارتۇق بېيىت - قوشاق، 1 مىڭ 500 دىن ئارتۇق ماقال - تەمسىل، «ئەر - يىگىتكە يەتمىش تۈرلۈك ھۈنەر ئاز» ، «ۋاپاسىز ئوغۇللار» قاتارلىق نۇرغۇن چۆچەكلەرنى توپلىغان. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى «بۇلاق» ، «مىراس» ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان؛ بىر قىسمى ئۈرۈمچى تىيانشان رايونى ۋە ئۈرۈمچى سايباغ رايونى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلگەن. 90 - يىللاردىن كېيىن جاپپار ئەمەت گېزىت - ژۇرناللاردا «بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ھېيىت - بايرام مۇراسىملىرىمىز» ، «ياخشى كىشىلەرنىڭ پەزىلەتلىرى» قاتارلىق 12 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئىجتىمائىيەت مەسىلىلىرىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

## ئىبراھىمجان ئىمىن

مەتبۇئاتلاردا ئەسەرلىرى ناھايىتى ئاز ئېلان قىلىنىسىمۇ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بىر ئۆمۈر ئىشتىياق باغلاپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، تەزكىرىچىلىك قاتارلىق ساھەلەردە تىنىمسىز ئىزدەنگەن ئىبراھىمجان ئىمىن 1929 - يىلى يېڭىسار ناھىيىسى 3 - يېزا ئايدىڭكۆل مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1936 - يىلىدىن 1940 - يىلىغىچە ناھىيىلىك خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان. 1943 - يىلى ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى تاماملاپ، 1946 - يىلىغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، خوتەن شەھىرى، قاراقاش قاتارلىق جايلاردا كەسپىي خادىم، ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1952 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، گېزىت تەھرىرى ۋە خوتەن يەر ئىسلاھاتى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1954 - يىلى ئىيۇنغىچە «خوتەن گېزىتى» دە مۇخبىر بولۇپ ئىشلەپ تاكى 2000 - يىلى 31 - مايدا ۋاپات بولغۇچە خوتەن ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۆمۈر مۇساپىسىدا كۆپ دېشۋارچىلىقلارنى تارتقان ئىبراھىمجان ئىمىننىڭ بىر بۆلۈك ئەسەرلىرى «مۇقام پېشۋالىرى» قاتارلىق كىتابلار ئارقىلىق جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن.

## ئابدۇۋەلى ئىسمائىل

شائىر، پېداگوك ئابدۇۋەلى ئىسمائىل 1929 - يىلى لوپ ناھىيە بازىرىدا تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1942 - يىلغىچە دىنىي مەكتەپ ۋە يېڭىچە مەكتەپلەردە، 1943 - يىلى سېنتەبىرگىچە خوتەن دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇغان. 1950 - يىلغىچە لوپ، يورۇڭقاش قاتارلىق جايلاردىكى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى، مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1952 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن. 1953 - يىلىدىن تارتىپ ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى، شىنجاڭ سانائەت تېخنىكومىنىڭ سىياسىي نەزەرىيە ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 60 - يىللاردا خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىي - مائارىپ بۆلۈمى، زىيالىي ياشلار ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن. 70 - يىللاردا ۋىلايەتلىك 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللۇقىنى، 80 - يىللاردىن كېيىن «خوتەن گېزىتى» نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكىنى ۋە 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

ئۇ شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ «بىر گۈل ئېچىلسا بولمايدۇ باھار»، «ئۆرلە، يۈكسەلگىن خوتەن»، «سالام، ئوقۇتقۇچى» قاتارلىق 30 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرىنى «شىنجاڭ گېزىتى»، «يېڭى قاشتېشى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ 20 نەچچە پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى؛ «ئەدەپ - ئەخلاق ئىلمى»، «كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ئەخلاق» قاتارلىق تەرجىمە ئەمگەكلىرى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن.

مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تەر تۆككەن بۇ ھۆرمەتلىك پېداگوك، ئىزدىنىش روھىغا باي شائىر ئابدۇۋەلى ئىسمائىل 2000 - يىلى 14 - مارتتا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئىمىن راشىدىن

شائىر، دراماتورگ، ئاتاقلىق پېداگوك ئىمىن راشىدىن 1939- يىلى 15 - ئىيۇندا پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1958 - يىلى شىنجاڭ ئىككىنچى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى

پۈتتۈرۈپ 1996 ـ يىلىغىچە خوتەندە 38 يىل خىزمەت قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى، بارلىقىنى خوتەننىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ تالاي شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن. ئۇنىڭ ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىش، ئىنتىلىش روھى، سەمىمىي ۋە ئاق كۆڭۈللۈكى، خۇش چاقچاق مىجەزى كەسىپداشلىرى ۋە كەڭ جامائەتچىلىك ئىچىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

ئىمىن راشىدىن 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئۆزىنىڭ ئاددىي ۋە چۇچۇك لىرىكىلىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سەھنىسىدە كۆرۈنۈپ، ھەۋەسكارلارنى ئۇنۇملۇك يېتەكلەپ، خوتەن رايونىنىڭ ئەدەبىيات قوشۇنى ئىچىدە خېلى زور تەسىرگە ئىگە بولغان. 70 ـ يىللاردا ئۇ سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ «ئادارگۇل»، «مۇلايىم چاققان» قاتارلىق دراما ـ ئوپېرالارنى يېزىپ، كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھەر قايسى ژانىرلىرىدا يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ۋە مۇكەممەل قۇرۇلمىغا ئىگە بولغان 150 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە ناخشا تېكىستلىرى، 11 پارچە سەھنە ئەسىرى، سەككىز پارچىدىن ئارتۇق تەرجىمە ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۆمۈر مۇساپىسىدىن ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان.

ئىمىن راشىدىنىنىڭ يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە 26 پارچە ئىلمىي ماقالىسى، بوشلۇق تولدۇرۇش خاراكتېرلىك دەرسلىك كونسپېكلىرى بار بولۇپ، بىر قىسىم ماقالىلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. كەسپىي خىزمەت، ئىجادىيەت ۋە ئىجتىمائىي خىزمەتلەردىكى نەتىجىلىرىگە ئاساسەن ئاپتونوم رايون بويىچە «مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى»، «مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» قاتارلىق شەرەپلەرگە ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان.

ئۇ ئۆزىنىڭ كېيىنكى خىزمەت مۇساپىسىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنى قۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقان. 1980 ـ يىلىدىن باشلاپ، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دراماتورگلار جەمئىيىتى؛ تۈركى تىللار تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىقلارنىڭ ئەزاسى، ئوتتۇرا مەكتەپلەر تىل ـ ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ھەمدە خوتەن پېداگوگىكا ئالىي

تېخنىكومى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرلىقى، شىنجاڭ مېيىپلار كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكومىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى ئىشلىگەن.

شائىر، دراماتورگ، پېداگوك ئىمىن راشىدىن 2003 - يىلى 6 - يانۋار ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

## مەتتۇردى نايىپ

مەتتۇردى نايىپ 1941 - يىلى ئەتىيازدا خوتەن كونا شەھەر چايخانا مەكتەپ يېنىدىكى بىر كەمبەغەل ئائىلىدە تۇغۇلغان. 1957- يىلىدىن 1959 - يىلىغىچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1961 - يىلى 7 - ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىپ، 1963 - يىلى 9 - ئايدا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. 1963 - يىلىدىن 1971 - يىلىغىچە ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىدا خىزمەت قىلغان. 1971 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن «ئەكسىلئىنقىلابچى»، «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» دېگەن تۆھمەت بىلەن كۈرەش - پىپەن قىلىنىپ، شۇ يىلى 30 يېشىدا بەختكە قارشى ۋاپات بولغان.

شائىر مەتتۇردى نايىپنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى 1956 - يىلىدىن تارتىپ باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا «كىتابىم»، «ياش دوستۇمغا»، «ئۇستازىم»، «يارىيار»، «ئاپپىقىم»، «ۋەتەن گۈزەل دىيارىم»، «پاختىكارلار ناخشىسى»، «مەكتەپ بېغىدا»، «كەشتە» قاتارلىق شېئىرىي ئەسەرلىرى ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان.

## مەمتىلى سايىت

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بويىچە ئىزدىنىپ، توپلاش - رەتلەشتە بەلگىلىك ئىلمىي ئەمگەكلەرنى رويابقا چىقارغان مەمتىلى سايىت 1941 - يىلى ئاپرېلدا خوتەن شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1963 - يىلىدىن باشلاپ خوتەن ناھىيە خانئېرىق ئوتتۇرا، خوتەن شەھىرى بازار باشلانغۇچ ھەم ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇ «ئابدۇراخمان خان خوجا»، «يالپۇزخان» قاتارلىق خەلق

داستانلىرىنىڭ مۇكەممەل ۋارىيانتلىرىنى توپلاپ، خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمىي ئەسەرلەر ئىشخانىسى ئارقىلىق كىتابچە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. «بۇلاق» قاتارلىق ژۇرناللاردا بىر قانچە يۈز كۇپلېت خەلق قوشىقى ۋە بىر قانچە پارچە چۆچەك ئېلان قىلغان. ئوقۇتۇش تەتقىقاتى بويىچە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ماقالىلەرنى يازغان. ئۇ 2003- يىلى 1 - مارتتا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## باقى تۇردى

شائىر باقى تۇردى 1942 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئاچچىغۇي يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا باشلانغان بولۇپ، 1956 - يىلى «خوتەن گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان تۇنجى شېئىرى «تېرىم جېڭى» بىلەن مەتبۇئاتلاردا كۆرۈنۈشكە باشلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ تاتلىق مىسرالىرى، ئوبزور، مۇھاكىمىلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» ، «شىنجاڭ ياشلىرى» ، «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم» ) ، «خوتەن گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئارقا - ئارقىدىن جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەندى. ئۇ 1988 - يىلى 16 - دېكابىر ئارمان بىلەن تولغان ھاياتىنى كېرىيە ناھىيىسىدە ئاخىرلاشتۇرغان.

## قاھار جېلىل

ئاتاقلىق يازغۇچى، مۇنەۋۋەر مائارىپچى، قابىل ژۇرنالىست، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى قاھار جېلىل 1943 - يىلى خوتەن ناھىيىسىنىڭ يېڭىئېرىق يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1962 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، 1976 - يىلغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك، خوتەن ناھىيىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1976 - يىلىنىڭ ئاخىرى «تارىم» ژۇرنىلىغا يۆتكىلىپ، ژۇرنالنىڭ تەھرىرى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1988 - يىلىدىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولغان.

قاھار جىلىلىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1960 - يىلىدىن باشلانغان بولۇپ، «چىبچەكلەر»، «چەۋەنداز»، «كۆكتۆل»، «مېھرىبان»، «ئېزىتقۇ» قاتارلىق بەش پارچە ھېكايە، پوۋېستلار توپلىمى، «قىساس» ناملىق رومانى ۋە بىرمۇنچە ھېكايىلىرى نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا بىرنەچچە پارچە ئەدەبىي ئوبزور، سەھنە ئەسىرى ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇ يەنە ئامېرىكا يازغۇچىسى جېك لوندوننىڭ «ھېكايىلەر» ناملىق توپلىمىنى تەرجىمە قىلغان ۋە «غۇنچىلار» ناملىق بالىلار ھەققىدىكى ھېكايىلەر توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىغان.

قاھار جېلىل مۇنەۋۋەر مائارىپچى ھەم قابىل تەشكىلاتچى ئىدى. ئۇ ئون نەچچە يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدا، پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولۇپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. ئۇ «تارىم» ژۇرنىلىدا خىزمەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە ياش تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش، يېتەكلەش، تەربىيىلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، مىللىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنىڭ زورىيىشى، تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ خوتەنگە تۇغقان يوقلاشقا كېلىپ، يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قالغانلىقتىن، 1994 - يىلى 21 - سېنتەبىر كېچىدە يۇرتى خوتەن ناھىيىسى يېڭىئېرىق يېزىسىدا بەختكە قارشى ۋاپات بولغان.

## ئۆمەرجان ئىسمائىل

مائارىپ، مەدەنىيەت سەپلىرىدە بىر ئۆمۈر ئۇن - تىنسىز تەر تۆكۈپ، ئۆزىنىڭ «جاھان شۇنداق»، «خوجىلار ئاپىتى»، «كېلىمىز»، «پۇرسەت»، «قاراماي نەزمىلىرى» قاتارلىق چوڭقۇر ھېسسىيات ۋە جۇشقۇن لىرىكىغا تويۇنغان غەزەل - مۇخەممەسلىرى بىلەن كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلغان شائىر، تېۋىپ ئۆمەرجان ئىسمائىل 1943 - يىلى ئاپرېلدا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ قاراساي يېزىسى باغچىگدە كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ 1962 - يىلىغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغاندىن كېيىن لوپ، قاراقاش قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچى ۋە ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىجادىيەتچى بولۇپ ئىشلىگەن.

ئۆمەرجان ئىسمائىل ئۆزىنىڭ ئىجادىي ھاياتىدا شۆھرەت، نامادىن يىراق بولۇپ، دوستلۇقنى قەدىرلەپ، راستچىللىق ۋە سەممىيەت بىلەن يېزىقچىلىق قىلىپ، سوۋېت ھەم سان جەھەتتە خېلىلا يۇقىرى ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا شۇغۇللانغان تېبابەتچىلىكنى تەتقىقات سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈپ، راك كېسەللىكلىرى ۋە جاھىل خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاش رېتسېپلىرىنى سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ، توپلاپ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇرغان.

مول ئىجادىي ئەمگەكلىك، ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلىك بۇ شائىر 2000 - يىلى 23 - يانۋار ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئابدۇسادىق قۇدرىتۇللا

شائىر، نەققاش، خەتتات ئابدۇسادىق قۇدرىتۇللا 1943 - يىلى خوتەن شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئاتىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىلى ۋە كلاسسىك ئەسەرلەردىن بىر قەدەر يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغان. ئۇ قىسقىغىنە ھايات مۇساپىسىدە كىشىنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلمەيدىغان «كۆكتاتلار مۇنازىرىسى»، «ئەندىشە»، «نادامەت»، «ھاجىم»، «تۆگە بىلەن بوتىلاق»، «‹ يامان › بولدۇم» قاتارلىق بىر قانچە پارچە شېئىر يېزىپ، ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغان.

ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزگە يانداشقان ھالدا، ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، تىلى گۈزەل، چۇچۇك ۋە يۇمۇرلۇق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئۇ يەنە نەققاشلىق، رەسساملىق ۋە خەتتاتلىق جەھەتلەردىمۇ ئالاھىدە ئىزدىنىپ، ئۆزىگە خاس نادىر سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلغان. خوتەن شەھىرىدىكى بىر قىسىم بىنالاردا، خۇسۇسىي قورۇ-جايلاردا ئۇنىڭ نەپىس گەج ئويما نەقىشلىرى، تام سۈرەتلىرى ۋە مەنزىرە سۈرەتلىرى بار.

ھەر تەرەپلىمە يېتىشكەن بۇ تۆھپىكار ئەدىب 1988 - يىلى 10-ئاينىڭ 31 - كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 45 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ھەبىبۇللا روزى

ھەبىبۇللا روزى 1943 - يىلى خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئىلچى يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1959 - يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، دەۋر رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھەر خىل تېمىدىكى شېئىر ۋە ناخشا تېكىستلىرىنى يازغان. ئۇنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ھەمدە «غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر»، «ئارزۇ بوستانى»، «سۆيگۈ» قاتارلىق ئالماناختا تاللاپ كىرگۈزۈلگەن.

ئۇ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كەسپىي ئىجادىيەتچىسى بولغاندىن باشلاپ، سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتى بىلەنمۇ قىزغىن شۇغۇللىنىپ، ئۆمەك ئۈچۈن كۆپلىگەن ناخشا تېكىستلىــرى ۋە كومېدىيىلىك قىسقا ئەسەرلەرنــى يېزىپ بەرگەن. «مۆلجەر تاغ بورانلىرى» قاتارلىق دراملاردا قوشۇمچە رول ئېلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشقا مۇناسىپ تۆھپە قوشقان.

ئۆزىنىڭ ئازغىنە كەم 30 يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا، يۇقىرى بەدىئىي پاساھەتكە ئىگە غەزەللىرى، ناخشا تېكىستلىرى ۋە يەڭگىل شېئىرلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان بۇ خالىس تۆھپىكار 1987 - يىلى ئــاقسۇدا ئالــەمدىن ئۆتكــەن. ئۇنىــڭ «ئوغلۇمغا»، «بۇلبۇلۇم»، «بىر گۇل ئەمەسمۇ؟» قاتارلىق توققۇز پارچە شېئىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1993 - يىلى نەشر قىلىنغان «سامان يولى» ناملىق ئالماناختا ئېلان قىلىنغان.

## روزى سايىت

دېھقانلارغا دىلكەش ئەل سۆيگەن شائىر روزى سايىت 1944 - يىلى سىنتەبىردە گۇما ناھىيىسىدىكى شەيدۇللا دېگەن تاغلىق كەنتتە كونا ئەسكەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1950 - يىلىغىچە ئائىــلە تەربىيىسىدە بولغان. 1954 - يىلىغىچە خوتەن شەھىرى «چايخانا» باشلانغۇچ مەكتىپىدە، 1958 - يىلىغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز سىنىپلىرىدا ئوقۇپ، 1973 - يىلى سىنتەبىرگە قەدەر 15 يىل خوتەن شەھەر ئىلچى يېزىسىدا، خوتەن ناھىيە بۇزاق يېزىسى ۋە «سىبىسقىئوت» دېھقانچىلىق مەيدانىدا دېھقانچىلىق قىلغان.

1973 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ، 1976 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن خوتەن ناھىيىلىك دارىلمۇئەللىمىن ۋە خوتەن ناھىيە لاڭرۇ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1980 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىغا يۆتكىلىپ، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا تەھرىر بولغان. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ھەۋەس قىلغان بولۇپ، 15 يىللىق دېھقانچىلىق ھاياتىدىمۇ ئىجادىيەت ئەشقىنى ئۈزۈپ قويمىغان. 1973 - يىلى «خوتەن گېزىتى» دە ئېلان قىلغان «دېھقانمۇ بولدى داشۆسىڭ» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. ئۇنىڭ «دېھقان ھەيكىلى»، «خىيالدىن تۆرەلگەن خىياللار»، «مۇھەببەتتىن پۈتكەن ناخشىلار» قاتارلىق 11 پارچە شېئىر - داستانلار توپلىمى ۋە ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يۇقىرىقى كىتابلىرىدىن تاللانما سۈپىتىدە «روزى سايىت شېئىرلىرى» نامىدا ئىككى كىتابى نەشر قىلىنغان.

ئۇ مول ھوسۇللۇق شائىر بولۇپ، قىسقىغىنە 28 يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا 25 پارچە داستان، 3500 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، 500 پارچىدىن ئارتۇق ناخشا تېكىستى، 20 پارچە ھېكايە ۋە ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان؛ «خوتەندە راۋان يوللار»، «ئاھ، ئۇزاققا سوزۇلغان چۈش» قاتارلىق دېكلاماتسىيە قىلىنغان مۇزىكىلىق شېئىرلاردىن تەركىب تاپقان ئۈچ دانە قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىسى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان؛ «يىپەك يۇرتىدا نورۇز»، «يورۇڭقاش ۋادىسىدا ئايەم»، «ئايەم كۆلكىسى» قاتارلىق بەدىئىي سەنئەت فىلىملىرىنىڭ سىنارىيىسىنى يېزىپ چىققان.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 17 قېتىم ئۆلكە - مىنىستىر دەرىجىلىك ھەر خىل مۇكاپاتلارغا، 15 قېتىم ۋىلايەت دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتىكى تۆھپىلىرىگە مۇناسىپ «ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خادىمى»، «مەملىكەتلىك چېگرا رايون مۇنەۋۋەر پەرزەنتى» شەرەپ مېدالى قاتارلىقناملارغا ئېرىشكەن. «جۇڭگو ياشلىرى»، «ۋېنخۇي گېزىتى» ۋە مۇناسىۋەتلىك گېزىت - ژۇرناللاردا ئىجادىي پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئۇنىڭ شېئىرلىرى كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەدىئىي جەھەتتىمۇ ئالاھىدە يۇقىرى، شۇ

سەۋەبتىن ئىزچىل ھالدا ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا، ئاۋام خەلقنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولدى.

روزى سايىت ئۆزىنىڭ نەچچە ئون يىللىق خىزمەت ھاياتىدا خەلقچىللىق خىسلىتى بىلەن ۋىلايىتىمىز خوتەننىڭلا ئەمەس، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت، مەدەنىيەت خىزمەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تۆھپە قوشۇپ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى، ئۆزىنىڭ يۇقىرى بەدىئىي تالانتىغا تايىنىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ، پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى كۈيلىدى.

شۆھرەتلىك خەلق شائىرى، ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى روزى سايىت 2001 - يىلى 8 - سېنتەبىر كېچە سائەت بىردىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە 58 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ۋاپاتى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ۋىلايىتىمىز ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز چوڭ يوقىتىش بولدى.

## مەتقۇربان ئىسمايىل

ھازىرجاۋاب شائىر، پېشقەدەم سەنئەتكار، قىزىقچى، مەدەنىيەت تەشكىلاتچىسى مەتقۇربان ئىسمايىل 2000 - يىلى 11 - ئىيۇل 56 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

مەتقۇربان ئىسمايىل 1944 - يىلى 1 - ئايدا چىرا ناھىيە بازىرىدا خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1959 - يىلى سېنتەبىردە خىزمەتكە قاتناشقان. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىجادىيەتچى، ئارتىس، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئاممىۋى مەدەنىيەت يېتەكچىسى، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىدا كەسپىي خادىم بولۇپ ئىشلىگەن. 1995 - يىلى يانۋاردىن ئېتىبارەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان.

مەتقۇربان ئىسمايىل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدىلا ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. «يېڭى قاشتېشى» ، «تارىم» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا 500 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، 8 پارچە ھېكايە، نەسىر ۋە بىر قىسىم دراما، كومېدىيىلەرنى ئېلان قىلغان.

«قەلبىمىز قۇياشقا تەلپۈنىدۇ»، «ئاق مارجان»، «ۋەتەنگە مەدھىيە»، «ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، «يورۇقلۇق شادلىقى»، «خوتەن يولىدا پاياندار» قاتارلىق بىرلەشمە توپلاملارغا ئەسەرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. «دوستلۇق مەڭگۈ ياشايدۇ»، «ئۈستەڭ قوشىقى» قاتارلىق 18 پارچە ناخشا تېكىستى ئاھاڭغا سېلىنىپ، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا ئاڭلىتىلغان. «سىرتماق»، «توي ئالدىدىكى ئۇقۇشماسلىق»، «ئازادىخان چۈشەندى» قاتارلىق 10 نەچچە پارچە دراما، كومېدىيىلىرى سەھنىلەشتۈرۈلۈپ جەمئىيەتتە خېلىلا ياخشى تەسىر قوزغىغان.

مەتقۇربان ئىسمايىل 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ چىرا ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت تەشكىلاتچىسى، چىرا ناھىيىسىدىكى ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئاساس سالغۇچى ئۇستاز ئىدى.

ئۇ ھاياتىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، چىرا ناھىيىلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان.

## ئابدۇللا مەخسۇت

ئابدۇللا مەخسۇت 1945 - يىلى نويابىردا قاراقاش ناھىيىسى پۇرچاقچى يېزىسى ئوتتۇرا ياغاچچى كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1956 - يىلى ناھىيىلىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تۇنجى قارارىدا، 1962 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي مائارىپ فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ، خەنزۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرگە ئوقۇغان. ستۇدېنتلىق مەزگىللىرىنىڭ ئاخىرقى يىلىدا بېيجىڭدا «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» (4 - توم) نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسىغا قاتناشتۇرۇلغان. 1968 - يىلى مايدىن 1976 - يىلى 4 - ئاپرېلغىچە چىرا ناھىيىسىنىڭ دامكۇ يېزىسىدا، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدا تەرجىمانلىق، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدە تەرجىمانلىق، كاتىپلىق، سوتچىلىق قىلغان. 1976 - يىلى ئاپرېلدىن 1984 - يىلى فېۋرالغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومدا تەرجىمان،

مەمۇرىي مەھكىمىدە كاتىپلىق قىلغان. 1986 - يىلىغىچە قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ ئىشلەپ 1988 - يىلىدىن تاكى ۋاپات بولغان 1999 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئايىغىچە ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغان.

ئابدۇللا مەخسۇت ھاياتىدا ئەدەبىي تەرجىمە، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ «يېڭى قاشتېشى» ، «دۇنيا ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا نادىر تەرجىمە ئەسەرلىرى، چىرايلىق شېئىرلىرى ۋە يۇمۇرلىرىنى جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلغان. 1990 - يىلى ئۇنىڭ كونكرېت باشلامچىلىقى بىلەن خوتەندە سۈرەتكە ئېلىنغان «يىپەك يۇرتىدا نورۇز» ناملىق بەدىئىي سەنئەت فىلىمى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر بەدىئىي سەنئەت فىلىملىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە «ئالتۇن تۇلپار» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

## مەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بويىچە تونۇلغان مۇتەخەسسىس، ئىستىبداتلىق نەشرىياتچى، تەلەپكار مۇھەررىر، شائىر مەتتۇرسۇن باھاۋىدىن 1946 - يىلى مايدا خوتەن شەھىرىدە بىر ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1956 - يىلى ئىيۇلغىچە خوتەن شەھىرىدە تۇردى داموللامنىڭ دىنىي مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1956 - يىل ئاۋغۇستتىن 1958 - يىلى ئۆكتەبىرگىچە خوتەن ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1961 - يىلى ئاۋغۇستقىچە خوتەن ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1972 - يىلى ئۆكتەبىرگىچە خوتەن ناھىيىسىنىڭ قىزىلىيۇلتۇز، شورباغ، باغچى قاتارلىق يېزىلىرىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1976 - يىلى ئىيۇلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1985 - يىلى دېكابىرغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1986 - يىلى يانۋاردىن باشلاپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى «بۇلاق» تەھرىر ئىشخانىسىغا يۆتكىلىپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولغان. جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 7-

8- ئۆۋەتلىك كومىتېتىغا ئەزا بولغان. 1988 - يىلى ئاپرېلدا كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1990 - يىلى ئىيۇلدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1992 - يىلى مارتتا «بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان.

مەتتۇرسۇن باھاۋىدىن ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىپ، ئۆزىدە مول بىلىم ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغاندىن سىرت، «غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر»، «بايرام تەنتەنىسى»، «مۇھەببەت لىرىكىلىرى» قاتارلىق كوللېكتىپ توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن ۋە نەشرگە تەييارلىغان «چاغاتايچە لۇغەت»، «نىزارى داستانلىرى»، «باياز (1)»، «شەھنامەئى تۈركىي» قاتارلىق كىتابلار، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆزى نەشرگە تەييارلىغان «ئەجدادلار نەسىھىتى»، «پەرھاد ۋە شېرىن»، «دىۋانى ئەرشى»، «دىۋانى نەۋبەتى»، «نىزارى لىرىكىلىرى»، «لىسانۇت - تەير» قاتارلىق كىتابلار مىللەتلەر نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنىپ، كۆپچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن.

مەتتۇرسۇن باھاۋىدىن ئۆزىنىڭ مول ئىلمىي مېھنىتى بىلەن پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ قەدىرلىشىگە، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. 1980 - يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىگە ئەزا بولغان، 1994 - يىل مارتتا بۇ جەمئىيەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغان. ئۇ يەنە جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپى بولغان.

يولداش مەتتۇرسۇن باھاۋىدىن كلاسسىك مەدەنىي مىراسلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش خىزمىتىگە ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى ۋە ھاياتىنى سەرپ قىلىپ ئۆچمەس تۆھپىلەرنى يارىتىپ بولۇپ، 1988 - يىلى 1 - فېۋرال كەچ سائەت يەتتىدە ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.

## ئۆركەش ئىبراھىم

ئۆركەش ئىبراھىم 1951 - يىلى سىنتەبىردە خوتەن كېرىيە ناھىيىسىنىڭ سايباغ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن 1976 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1976 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە ئاپتونو رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان؛ 1984 - يىلدىن كېيىن «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىد مۇھەررىر ۋە تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

ئۆركەش ئىبراھىمنىڭ «ئاي پەرى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ياخشى تەسىر پەيدا قىلىپ، قايتا نەشر قىلىنغان. يەنە بىر تۈركۈم ئەسەرلىرى قېرىنداش مىللەت تىللىرىغ تەرجىمە قىلىنغان. ئۇ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن، يەنە قېرىنداش مىللەت تىللىرىدىن كۆپلىگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ، خەلققە تەقدىم قىلغان ئىقتىدارلىق ئەدەبىي تەرجىمان ئىدى.

ئۇ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدا 18 يىل مۇھەررىر، تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا، ژۇرنالنى ياخشى چىقىرىش، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ياش ئاپتورلارنى تەربىيىلەش، كەڭ ياشلارنى گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەت، ئۇلۇغۋار غايە، ئاڭ، مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن بىلەن تەربىيىلەش يولىدا ئۇن- تىنىسىز، خالىس خىزمەت قىلغان.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، يازغۇچى، ژۇرنالىست، ئەدەبىي تەرجىمان ئۆركەش ئىبراھىم 2002 - يىلى 3 - ئاۋغۇست ئۈرۈمچىدە قاتناش ھادىسىسىد 51 يېشىدا بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئابدۇكېرىم سۇلايمان

«پەۋقۇلئاددە ساقچى»، «سۆيگۈ ئەقىدىسى»، «تو تراگېدىيىسى» قاتارلىق ھېكايە - نەسىرلىرى ئارقىلىق «يېڭ قاشتېشى»، «ئانار چېچەكلىرى» قاتارلىق ژۇرناللاردا جامائەتچىلى بىلەن يۈز كۆرۈشكەن ئۈمىدلىك پروزىچى ئابدۇكېرىم سۇلايما 1953 - يىلى 2 - فېۋرالدا چىرا ناھىيىسىنىڭ گۈلاخما يېزىس

قوشئىغىل كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن.
1975 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقاندىن تارتىپ ئوقۇتقۇچى، تەشۋىقات بۆلۈم كادىرى، تەپتىش، جامائەت خەۋپسىزلىكى، سىياسىي قانۇن، ئەدلىيە تارماقلىرىدا بۆلۈم خادىمى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.
ئۇ ئۆزىنىڭ 22 يىللىق خىزمەت هاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى سىياسىي قانۇن ۋە ئەدلىيە ساهەسىدە ئۆتكۈزۈپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. 2003-يىلى 3 ـ يانۋار ئالەمدىن ئۆتكەن.

## مۇهەممەتجان ئېكرام

70 ـ يىللاردا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە زوق ـ هەۋەس بىلەن كىرىشىپ، هەر تەرەپلىمە قىزىقىشى بويىچە شېئىرىيەت ۋە دراما ژانىرىدا ئىجاد قىلىپ، بىر بۆلۈك ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان مۇهەممەتجان ئېكرام 1953 ـ يىلى ئىيۇندا خوتەن شەهىرىدە تۇغۇلغان. ئۆسمۈرلۈك مەزگىللىرىدە باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، خوتەن ناهىيىلىك دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ خەنزۇ تىلى كەسپىدە ئوقۇپ، 1976 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. ئۇنىڭ 30 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى «شىنجاڭ گېزىتى»، «خوتەن گېزىتى»، «تارىم» ۋە «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. ئۈچ پارچە كىنو سىنارىيىسى ۋە بىر قانچە پارچە ئەدەبىي خاتىرىلەرنى يازغان. ئۇنىڭ «تېيىپجان ئېلىيۇپ خوتەندە بولغان كۈنلەردە»ناملىق ئاخىرقى ئەسىرى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق سانىدا ئېلان قىلىنغان.
مۇهەممەتجان ئېكرام 70 ـ يىللاردىن بۇيان، خوتەن ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدا ئىشلەپ 2002 ـ يىلى 20 ـ ماي ۋاپات بولغان.

## مىجىت ئېلىپ

ناهايىتىمۇ قىسقا هايات مۇساپىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئىشتىياق باغلاپ «ياڭاق چېچىكى»، «مەنمۇ دادامدەك» قاتارلىق هېكايىلارنى ۋە بىر قانچە

پارچە شېئىرىنى جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلغان مىجىت ئېلىپ 1961-يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ چارباغ يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ «يانتاق چېچىكى» ناملىق ھېكايىسى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ۋە ئارقىدىن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ «تەرمە گۈللەر» ئىستونىدا ئېلان قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەر ئىچىدە قىزىقىش پەيدا قىلغان. ئۇ، 1988- يىلى 30-يانۋاردا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.



*تەۋسىيىلىك ئىلاۋە: خوتەندە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى 1949 - يىلىدىن كېيىن يېڭى تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى. ئەسىرلەردىن بويان يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئۈزۈلمەس ئېقىنلىرىدەك ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەدىبلەر تۈركۈمى بولۇپمۇ XX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا سۈپەت، سان جەھەتتىن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تۈرلۈك ژانىرلىرى بويىچە بىر بۆلۈك نادىر ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. ئىجادىيەت باغچىسىدىكى بۇ پەرۋىشكار باغۋەنلەرنىڭ — خالىس تۆھپىكارلارنىڭ ھاياتى، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى مۇپەسسەل بايان قىلىش، تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئىسلاھەت داۋامىدىكى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن دەۋر روھىنى تېخىمۇ يارقىن ئىپادىلەشكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك ئىش بولاتتى. ئەپسۇسكى، سەھىپە ئېتىبارى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋاقتى قاتارلىقلار ۋەجىدىن، بۇ خىلدىكى ئومۇمىي بايانلىق ماقالىدىن كۆرە، بۇ دىيارىمىزدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەدىبلەردىن بەش كىشىنىڭ ئىجادىيىتى ۋە ئابىرىم ئەسەرلىرى توغرىسىدا ئىجتىھاتلىق ئوبزورچى - تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان ئالتە پارچە ئوبزورنى بەردۇق ھەمدە مۇشۇ ئوبزورلار ئارقىلىقمۇ، ئوقۇرمەنلەر خوتەن دىيارىنىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەھۋالى ئۈستىدە بىر قەدەر ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە بولالايدۇ، دەپ قارىدۇق.*

**مۇھەممەد توختى ئەھمەد**

# ئىزدىنىش يولىدىكى ئىزگۈ قەدەملەر

— خەلق شائىرى، جامائەت ئەربابى مەرھۇم روزى سايىتنىڭ ئىجادىيەتلىرى ھەققىدە

## 1. ئىجادىيەت يولى

*يازماق ئاسان، شائىر بولماق تەس،*
*بىرسى ئەقىل - بۇرچ، بىرسى ھەۋەس.*

*شائىر دېمەس، ئىشىمۇ ئەمەس،*
*گەر لەززىتى قىلالمىسا مەس.*

شائىر قەلبىدىن ئۇرغۇغان يۇقىرىقى مىسرالارنى روزى سايىتنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىجادىيەت ئەمەلىيەت جەريانىدىن ھاسىل قىلغان يەكۈنى دېسەك خاتا بولمايدۇ. ھەقىقەتەن «يازماق ئاسان»، ئەمما يازغىنى خەلققە يارايدىغان «شائىر بولماق تەس». چۈنكى يازغانلىرىڭ كىشىلەرگە مەنىۋى كۈچ ئاتا قىلالمىسا، «سۆ، كۆمۈر، مۇھەببەت گۈلى، جەڭ نەيزىسى» گە ئايلىنالمىسا، «مىللەتنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى، ئالغا ئىلگىرىلەش روھى ۋە كۈرەش ئىرادىسىگە يۆتىلىكاشاڭ بولىدىغان ھەر قانداق ناچار قىلمىشقا شېئىر نەيزىسىنى سانچىپ» ئۆتەلمىسە، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى نېمە؟ جەڭ مەيدانى باھادىرلارنى تاۋلايدۇ. خەلقنىڭ قەلبىمۇ ھەقىقىي شائىرلارنى تاللايدۇ. ھەقىقىي شائىر خەلقنىڭ قەلبىگە ياقىدۇ، «يارىتىش» دېگەن مانا شۇ. روزى سايىت ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى ئۇنىڭ سان ـ سالمىقىنىڭ كۆپلۈكىدە ئەمەس، بەلكى كىشىلەر قەلبىگە يارىغانلىقىدا. يەنە كېلىپ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلىپ، مۇئەييەن ھەسسە قوشالىغانلىقىدا ئىپادىلەندى.

60 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ھەۋەس قىلىپ، 1973 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ئەسەرلىرى مەتبۇئات يۈزىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان شائىر روزى سايىت ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى تىنىقىغىچە بولغان ئىجادىيەت مۇساپىسىدا كۆپلىگەن بەدىئىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقاردى؛ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان خېلىلا زور ھەجىملىك كلاسسىك داستاننى مەزمۇن ئەينەنلىكى ۋە بەدىئىي يۈكسەكلىكىگە تولۇق سادىق بولۇش ئاساسىدا ئۆز بەھرى بويىچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا شېئىرىي يول بىلەن تەرجىمە قىلدى؛ تېلېۋىزىيە بەدىئىي سەنئەت فىلىمى ئۈستىدە قەلەم تەۋرەتتى. ئومۇمەن، تىل ۋە بەدىئىي ئەدەبىيات تەتقىقاتى ھەمدە بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ھەرقايسى تۈر ـ ژانىرلىرىدا ئىزدەندى، ئىختىرا قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شېئىرىي ئىجادىيەت ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىدى. شائىرنىڭ ئىجادىيەت يولى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاروز ھەم بارماق ۋەزنىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تارمىقىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە ئىجاد قىلىش بىلەن خاراكتېرلەندى. يەنە شېئىرىيىتىمىزنىڭ خېلى كۆپلىگەن قەدىمىي مىللىي شەكىللىرى،

مەسىلەن، غەزەل، مۇخەممەس، مۇۋەششەھ (شۇنىڭدەك ۋەلەيزا مۇۋەششەھ)، مۇستەھزاد، مۇسەممەن، مەسنەۋىي، مۇختەمىلات، مۇساۋىيات تەرەپەيىن، تەرجىئىبەند، رۇبائىي، ئەبجەد شەكلى قاتارلىق شەكىللەر ئۈستىدىمۇ قەلەم تەۋرىتىپ ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى پىشۇرۇش بىلەنلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى قەدىمىي شەكىللەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمۇ روزى سايىت ئىجادىيىتىدىكى گەۋدىلىك بىر تەرەپ بولدى. بولۇپمۇ رۇبائىيچىلىق ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە مۇھىم سالماقتا ئىگە بولغان باشقا تۈر - ژانىرلارغا ئوخشاشلا خېلى زور سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ رۇبائىيلىرى مەنتىقىلىق ھەم ئوبرازلىق تەپەككۇر، ئىخچام، پىششىق تىل، باي تەسەۋۋۇر ۋە پەلسەپىۋى پىكىرلەرنىڭ ياردىمىدە تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي ھايات ھادىسىلىرىنى، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى روشەن ھەم تەسىرلىك ئىپادىلەپ بېرەلىگەنلىكى بىلەن دىققەتكە سازاۋەر.

روزى سايىت رۇبائىيلىرىدا تۇرمۇش چىنلىقى تۇتقا قىلىنىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەر، كىشىلەرنىڭ ھايات - تۇرمۇشقا بولغان تونۇشلىرىدىكى ئوخشاش بولمىغان ماھىيەتلىك تەرەپلەر پەلسەپىۋى قاراش ۋە دىئالېكتىك پرىنسىپلار ئاساسىدا ئىپادىلەپ بېرىلگەچكە، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتىگە چوڭقۇر سىڭىپ كىرىپ، قەلبىنى لەرزىگە سالالايدىغان، ھەر بىر كىشىنى ئويلاندۇرالايدىغان ۋە ئۆزىنىڭ توغرا كەسىپ يولىنى تېپىۋېلىشىغا تۈرتكە بولالايدىغان بىر خىل مەنىۋى كۈچكە ئايلىنالىدى. مەسىلەن، ئۇ بىر رۇبائىيسىدا، كەسىپكە ئېتىبارسىز قاراپ، پەقەت كۈنىنىڭ ئۆتكىنىلا غەنىمەت بىلىدىغان كىشىلەرگە قارىتا مۇنداق خىتاب قىلىدۇ:

*پۇلۇ - مال ئىلكىڭدە بىر مەزگىل تۇنەر،*
*ئەمما، مەڭگۈلۈك ئىرۇر كەسىپى - ھۈنەر.*
*سەن ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيگىن، ھەپىلەش،*
*بولمىسا، ئۆمرۈڭ گويا ياغسىز پەنەر.*

ئومۇمەن، ئۇنىڭ رۇبائىيلىرى مەزمۇن جەھەتتىن ھەر تەرەپلىمە بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى روشەن ھېكمەتلىك تۈس، مەنتىقىلىق پىكىرلەر

ئاساسىدا ئوبرازلىق يورۇتۇپ بېرىلگەنلىكتىن، ئوقۇرمەنلەرنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش رولىنى ئوينىدى. خەلقنىڭ شائىرى بولمىش روزى سايىتمۇ بەلگىلىك دەۋرگە مەنسۇپ بولغان تۇرمۇش ئىچىدە ياشىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولىنى شۇ مۇھىت، شۇ دەۋرگە باغلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئىزدىنىش مۇساپىسىدە ئەزەلدىن مۇشەققەت ۋە رىيازەت تەلەپ قىلمايدىغان تۈز ھەم راۋان يول بولمىغىنىدەك، روزى سايىتنىڭ ئىجادىيەت يولىمۇ ئۇنىڭ كەچمىشلىرىگە ماس ھالدا نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىقلاردىن ھاسىل بولغان يول بولدى. ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى بېرىلىپ ئوقۇشقا ئادەتلەنگەن روزى سايىت 1958 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن يېزىدىن ئىبارەت بىپايان زېمىندا دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا دائىم دېگۈدەك ئاڭلاپ تۇرىدىغان ئېتىز ناخشىلىرى، بەزمە - مەشرەپلەر ئۇنىڭ ئاڭلاش ۋە ئوقۇش ھەۋىسىنىلا ئەمەس، يېزىش ھەۋىسىنىمۇ قوزغىدى. جاپالىق تۇرمۇش شارائىتلىرىدىمۇ ھەر بىر ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان كۈچلۈك ئىشتىياقى بىلەن شېئىر يېزىشنى مەشىق قىلدى. ھەتتا ئۇ بەزىدە يېزىقچىلىققا كىرىشىپ كەتكىنىدە، ئۆزىنىڭ نەدە، قانداق ھالدا ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ مۇنداق قىزغىن ئىشتىياقىنى مۇنۇ بىر ۋەقەدىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ: 1964 - يىلى كوممۇنا ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە قاراقاش دەرياسىغا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەمگىكىگە چىققان روزى سايىت بىر كۈنى چۈشلۈك تاماق مەزگىلىدە، ئالدىنقى يىلى بىر تەرىپىنى كەلكۈن بۇزۇۋەتكەن دامبا كەينىدە ئولتۇرۇپ، كەلكۈن توغرۇلۇق:

كەلكۈن، كەلكۈن، كەلكۈن،
سەندىن قورقماس ئەلكۈن.
تېزگىنلەيمىز قاشنى،
دامبا ياساپ ھەركۈن...

دەپ شېئىر يېزىشقا باشلايدۇ. دەل شۇ ئەسنادا ئۇشتۇمتۇت تۇرۇلۇپ كەلگەن كەلكۈن دامبىنىڭ بۇزۇلغان يېرىدىن ئۆتۈپ دەريانى سۇغا توشقۇزۇۋېتىدۇ، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن شېئىر يېزىشقا

بىرلىپ كەتكەن روزى سايىت هاياتىنىڭ خەۋپ ئىچىدە قالغىنىنى تۇيمايدۇ، بىر هازادىن كېيىن كىشىلەرنىڭ قىيا - چىيالىرى ئۇنى سەگىتىدۇ. قارىسا ئەتراپىنى سۇ بېسىپ كەتكەن، ئۇ باشقىلارنىڭ ياردىمىدە ئاران دېگەندە قىرغاققا چىقىۋالىدۇ... ئەپسۇسكى، يېزىقچىلىق نەزەرىيىۋى بىلىملىرىدىن ساۋات كۆرمىگەن بىر ھەۋەسكارنىڭ ئەنە شۇنداق قىزغىن ئىجادىيەت ئىستىكى بىغ ھالىتىدىن مايسا ھالىتىگە كىرىشىۋاتقان ھالقىلىق مەزگىلىدە پۈتكۈل ئېلىمىز «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت «مىسلى كۆرۈلمىگەن» بوران - چاپقۇنلۇق يىللارغا دۇچ كېلىپ، ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى زور داۋالغۇشقا، چېكىنىشكە، خارابلىشىشقا يۈز تۇتتى؛ ئىلىم ئەھلى ناھەقچىلىققا، خانىۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى؛ يازغۇچى - شائىرلار ئۇچۇغدالدى، چەتكە قېقىلدى، خورلاندى، سۈرگۈن قىلىندى. ھەتتا تۇرمە - ھەپسىلەرگە ئېلىندى.. بۇنداق بىر تالاي ئاپەت مەدەنىيەت گۈلشەنلىرىنى نابۇت قىلىش بىلەنلا قالماي، مەدەنىيەتنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىنى ھەتتا «گىياھ» سىز قويۇشقىچە ئېلىپ باردى. مۇنداق ئەھۋالدا كىشىلەرگە ئىستىبتىك زوق ۋە مەنىۋى ئوزۇق بېغىشلىيالايدىغان بىرەر پارچە بەدىئىي ئەسەردىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ يىللاردا ئىجاد قىلىنغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ئومۇمەن دېگۈدەك شۇ ۋاقىتتىكى «سولچىل» لىقنىڭ خاھىشىغا ماس ھالدا ئوخشاش بىر خىل قېلىپتىكى شوئارۋازلىق، كالىندارچىلىق بىلەنلا چەكلەنگەن بولۇپ، مەزمۇن دائىرىسىمۇ تار، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۇرۇشتىن تولىمۇ يىراق ئىدى. بۇ شۇ ۋاقىتتىكى ئومۇمىي ھادىسە بولۇپ، روزى سايىتنىڭ ئىجادىيەت ھالىتىمۇ بۇ خىل مۇھىتتىن چەتتە قالالمىدى. بىراق ئۇ بۇ خىل شارائىتتىكى يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىنى ئۆگىنىش، مەشىق قىلىش، قەلىمىنى پىشۇرۇشقا بېغىشلىدى. ئۇنىڭ 1973 - يىلى ئالىي مەكتەپكە، يەنە كېلىپ ئۆزى سۆيگەن تىل - ئەدەبىيات كەسپىگە ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىشى، بولۇپمۇ قەشقەردىكى قەلەمى پىشقان ئەدىبلەر بىلەن ئۇچرىشىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش شارائىتىنىڭ تۇغۇلۇشى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە يېڭى يۈكسىلىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ تۈرتكىسى بولدى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى سەۋىيىسى ۋە ئەمەلىي يېزىقچىلىق قابىلىيىتى خېلىلا مۇكەممەللىشىپ، خاتىرە - دەپتەرلىرىمۇ شېئىرىي ئەسەرلەر بىلەن

تولۇشقا، يازغانلىرى مەتبۇئات يۈزىدە كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەن مەزگىللىرىدە ئۇنىڭ قەلىمى خېلىلا تاكامۇللىشىپ، ئۆزىگە خاس يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى شەكىللەندى. جەمئىيەت تۇرمۇشىغا ئىككىنچى قېتىم قەدەم قويغاندىن كېيىن، شائىرنىڭ يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتى ھەر تەرەپلىمە ئۆسۈش شەكلى بىلەن راۋاجلىنىپ باردى. لېكىن ئۇنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەن مەزگىلى دەل «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلىشىش ھارپىسى بولۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە شوئارۋازلىق ئادەتلىرى راسا ئەۋجىگە چىققانىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلىشىپ خېلى بىر مەزگىلگىچىمۇ نۇرغۇن ئەدىبلەر ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بۇ شوئارۋازلىق خاھىشىدىن قۇتۇلالمىدى. بۇنى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» كەلتۈرۈپ چىقارغان قالايمىقانچىلىقنىڭ تەسىرىگە باغلاپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەلۋەتتە، روزى سايىتنىڭ بۇ بىر مەزگىللىك ئىجادىيىتى دەۋر ئېتىبارى بىلەن بۇ خىل خاھىشتىن چەتتە قالالمىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» سالغان روھىي كىشەنلەر ئۈزۈل - كېسىل پاچاقلىنىپ، ئىدىيە ئازادلىقى مەيدانىغا كەلگەندىن كېيىن بولسا، ھەرقايسى ساھەلەردىكىگە ئوخشاشلا مەدەنىيەت ساھەسىدىمۇ بۆسۈش خاراكتېرلىك يۈكسىلىشلەر روي بېرىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشتىن ئىبارەت ئالتۇن دەۋرى يارالدى. بۇ دەۋردە يازغۇچى، شائىر، سەنئەتكارلىرىمىز «سولچىل» لىق، شوئارۋازلىق خاھىشىدىن قۇتۇلۇپ، تۇرمۇشنىڭ چىن ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا باشلىدى. روزى سايىتنىڭ ئىجادىيەت يولىمۇ ئوخشاشلا ئەنە شۇ خىل جەريانلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، گۈللىنىش، ئۆرلەش مەنزىلىگە قەدەم قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ھەرقايسى تۈر - ژانىرلىرىدا دادىل ئىجاد قىلىپ، نۇرغۇن ياخشى ئەسەرلەرنى خەلق ئاممىسىغا تەقدىم قىلدى. ئۇ ئىدىيە ئازادلىقنى قەدىرلەش بىلەن بىللە، ئىلگىرى يازغانلىرى ئىچىدىكى شوئارۋازلىق، قېلىپبازلىق ئامىللىرىدىن ئۆكۈنۈپ مۇنداق خىتاب قىلدى:

*ئاچچىق ئۇچەيدەك ئەشئارلىرىم قېلىپلار پەستە.*
*ئۈزۈن ھەم سىبىستىق بىر چاغلاردا*

*يېزىۋېدىم سىلەرنى*
*قىزىپ بەس - بەستە،*
*تىنىپ تۇرۇپ «سولچىل»*
*نەپەستە؛*
*پەرمانىمۇ،*
*گارمانىمۇ يېڭىچە ئەمدى،*
*ئۇنتۇلۇڭلار -*
*قالماڭلار ئەستە! ...*
*رەنجىمەڭلار ئىلھام پەرىسى،*

*گۈزال قىلدىم،*
*گۈزال سىلەرگە...*
*يېڭىتىۋاتىمەن سۆيۈشەيلىچۇ،*
*سۆيۈشكەچ بارايلى ئەتىگار تويىغا.*
*پەيت كەلدى ھازىر،*
*شۇنداق كۆڭۈللەرگە،*
*ئەركىن كۆڭۈللەرگە،*
*قەلەم تولپارىدا كۆككە ئۆرلەرگە!*
*...*

مانا بۇ شائىرنىڭ ئىجادىيەت يولىدىكى يېڭى ۋە ئەھمىيەتلىك بۇرۇلۇشىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئاشۇ بۇرۇلۇشتىن كېيىن ئۇنىڭ «قەلەم تولپارى» شەكلى مىللىي، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك بولۇش نىشانىنى كۆزلەپ، بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ يېڭى مۇساپىسىدە راۋان چېپىشقا باشلىدى.

## 2. ئىجادىيەت ئىدىيىسى

شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى «سۆز ئويۇنىتىش» مەستانىلىقىدىن خالىي ھالدا سەمىمىي، ساغلام، راستچىللىق بىلەن دادىل پىكىر قىلىش ئەمەلىيىتىدىن ئىبارەت بولدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، كىشىلەر قەلبىنىڭ نازۇك تارىنى چەكتى. بىز ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولىغا چوڭقۇر نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ مىللىي روھنى ئۇرغۇتىدىغان، تۇرمۇشنىڭ چىنلىقى ئارقىلىق دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان ئامىباب ئەسەرلەرنى يارىتىپ، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى ھېسابلىغانلىقىنى روشەن ھېس قىلىمىز. مانا بۇ ئۇنىڭ تۈپكى ئىجادىيەت ئىدىيىسىدىن ئىبارەت.

روزى سايىتنىڭ ئەسەرلىرى تېماتىك جەھەتتىن كەڭ ۋە ھەر تەرەپلىمىلىككە ئىگە بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇشكە بېغىشلانغان. بىزگە مەلۇم، ھەرقانداق بىر ئەدىب مۇئەييەن دەۋر، مۇئەييەن مۇھىت - شارائىت، مۇئەييەن زامان - ماكاندا ياشاپ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقتىن، ئۇنىڭ بىۋاستە كۆزەتكىنى، تەسىرلەنگىنى دەل شۇ دەۋر - زامان

مۇھىتىدىكى ھادىسىلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. روزى سايىتنىڭ كۆزەتكىنى، تەسىرلەنگىنى ۋە ئىلھاملانغىنى ئالدى بىلەن ئۆزى ياشاۋاتقان بۈگۈنكى دەۋر ھادىسىلىرىدىن ئىبارەت بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە يورۇتۇپ بېرىلگىنىمۇ دەل مۇشۇ دەۋردىكى رېئاللىقنىڭ كارتىنىسىدىن ئىبارەت بولدى. ئۇ چوڭ - چوڭ ھادىسىلەردىن تارتىپ، ئادەتتىكىچە تۇيۇلىدىغان، ئەمما ئەھمىيىتى بولغان مەسىلىلەرنىمۇ شائىرانە نۇقتىدىن كۆزىتىپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تۇرمۇش رېئاللىقى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ، كىشىلەر قەلبىدە روشەن ۋە جانلىق تۇيغۇ پەيدا قىلالىدى. شائىر ئومۇمىي ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ئوي - پىكرىنى، مۇھەببەت - نەپرەت تۇيغۇسىنى قورۇق سۆز - ئىبارىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ئېنىق كۆز قاراش، يارقىن ھېسسىيات، ساغلام ۋە تىرەن پىكىرلەر ئاساسىدا پەرۋاز قىلدۇردى. مەسىلەن، ئۇ جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 43 يىللىق مەرىكىسىگە بېغىشلاپ يازغان «ساناقلار تىلغا كىرگەندە....» ناملىق ئەسىرىدە، ئېلىمىزنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئىستىقباللىق قەدەملىرىنى ئەنئەنىۋىلىشىپ كەتكەن ئادەت بويىچە قۇرۇقتىن - قۇرۇق ئابستراكت مەدھىيىلەپلا بولدى قىلىشتىن چەتنەپ، ئۇنى ئۇزاق تارىخىي جەريان تەسۋىرى ئىچىگە قويۇپ جانلىق ۋە ئىنچىكە سۈرەتلەش، ئارقىلىق ۋەتەننىڭ تەرەققىيات ۋە يۈكسىلىشلىرىدىن چەكسىز سۆيۈنۈشنى ئىپادىلىسە، «دىلىم ياش - سۆيگۈ ياش» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە «يار» ، «جانان» غا كۆچلۈك تەلپۈنۈش ۋاستىسى بىلەن يېڭى دەۋر كىشىلىرىنىڭ غايە، كۆز قارىشىنى سۈرەتلىدى؛ «باللار پۇلغا زار، چىرىكلەر بەتخەج» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە جەمئىيىتىمىزدىكى چىرىكلەشكەن بىر ئوچۇم كىشىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ رەھىمسىز تۈردە قامچىلىسا، «پاھ، دېھقانىنىڭ ھەيكىلى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە دېھقانلار ئاممىسىنىڭ مىننەت - تەمەدىن خالىي، جاپالىق ئەمگىكى بەدىلىگە تۇرمۇش پاراۋانلىقى يارىتىپمۇ ئۆزىگە ئارتۇقچە ھېچنېمە تەلەپ قىلمايدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتىنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، ئۇلارنىڭ شانلىق ئوبرازى ۋە ئۇلۇغۋار سىماسىنى بەدىئىي يۈكسەكلىكتە بايان قىلدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش» ناملىق ئەسىرى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى دادىل ھەم يۈرەكلىك ھالدا سەممىي ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەن دىققەتكە سازاۋەر. شۇ ئەھۋال ئايانكى، دەۋرنىڭ يېڭىلىنىشىغا ئەگىشىپ يېڭى ۋە مۇشكۈل ۋەزىپىلەرنى

زىممىسىگە ئالغان يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى ماكرولۇق يۈزلىنىش بويىچە چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىۋاتقان، ئىجادىيەت ئۇسۇلى بۇرۇنقى رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىدىن كۆپ خىللىشىپ بېرىۋاتقان بۈگۈنكى شارائىت يازغۇچى شائىرلاردىن ھەقىقىي تۈردە راست سۆزلەشنى، تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى تېخىمۇ مەسئۇلىيەتچان تۇيغۇ بىلەن چىنلىقتا ئۇيغۇن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ھال ئەدەبىياتتا بارچە گۈللەرنىڭ تولۇق يۆنىلىشلىك ۋە كۆپ خىل بولۇش ئاساسىدا بەس - بەس بىلەن پورەكلەپ ئېچىلىش ۋەزىيىتىنى ھەقىقىي يوسۇندا بارلىققا كەلتۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپ، ئۇ دەۋرنىڭ تەرەققىيات ئېقىمىنى ئۇلغايتىش، پۈتلىكاشاڭلىقلارنى تۈگىتىش ئۈچۈنمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇ بەدىئىي ئىجادىيەتتە قۇرۇق مەدھىيىچىلىكنى ۋە زىددىيەتلەردىن قېچىش ياكى ئەگىپ ئۆتۈش خاھىشىنى تۈزەتكەنلىكنىڭمۇ روشەن ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر روزى سايىتنىڭ «دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش» ناملىق بۇ ئەسىرى دەل ئەنە شۇ يېڭى دەۋر ئىجادىيەت تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئۇنىڭدا يېزا تۇرمۇشىدىكى رېئال مەسىلىلەر ئارقىلىق دېھقانلار ئاممىسىنىڭ روھىي كەيپىياتى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرى بەدىئىي يول بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇنى ماھىيەتتە دېھقانلارنىڭ ھەقىقىي يۈرەك سۆزىنى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتكە ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن ئىنكاس قىلىش دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىپ، تۇرمۇش شارائىتىنى تۈپتىن ياخشىلاپ، ئۇلارنىڭ تېزرەك ھاللىق سەۋىيىگە يېتىۋېلىشى ئۈچۈن داغدام يول ئېچىپ بېرىلگەن ھازىرقى كۈنلەردىمۇ، بىر قىسىم يېزىلاردا دېھقانلارنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە دەخلى يەتكۈزىدىغان بەزى «سۈرۈك»لەرنىڭ مەۋجۇدلۇقى بۇ ئەسەردە تېپىكلەشتۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. رېئاللىقنى مەنبە قىلغان بۇ ئەسەر ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىغىمۇ ناھايىتى ئۇيغۇن بولۇپ، ئۇ شائىرنىڭ تۇرمۇش تەسىراتىدىن يەكۈنلىگەن ئىدىيىۋى ھاسىلاتلىرىنى ئوچۇق - يورۇق، دادىل، يۈرەكلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلىشتەك توغرا ئىجادىيەت ئىستىلىنىمۇ نامايان قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئەھمىيەتلىك يەنە بىر مۇھىم تېما — ئىجتىمائىي ئەخلاق تېمىسى بولدى. شائىر بۇ تېما ئۈستىدە ھەر تەرەپلىمە قەلەم تەۋرەتتى. مەسىلەن، ئۇ «‹ئارزۇ›نىڭ ئاقىۋىتى»، «ھەسەتنامە»، «باشلىقىمغا تېلېفون...» قاتارلىق

ساتىرىك ئەسەرلىرىدە، ئىجتىمائىي ئەخلاقتا زىت بولغان شەخسىيەتچىلىك، نەپسانىيەتچىلىك، ھەسەتخورلۇق، خۇشامەتچىلىك، مەزھەپچىلىك قاتارلىق يامان ئىللەتلەرگە قامچا ئۇرسا، «نەسىھەت دۇردانىلىرى»، «غوم ساقلىما»، «غىلىم»، «مۇت يېمە»، «بار مۇشۇنداق بىر ئەيىب» قاتارلىق غەزەل ۋە مۇسەممەسلىرىدە ساپ ئەخلاقنى قەدىرلەش، يامان ئىللەتلەر بىلەن بۇلغانماسلىق قاتارلىق ئەخلاق مەسىلىلىرىنى ھېكمەت ۋە ئىبرەتلىك بايانلار ۋاستىسى بىلەن قايىل قىلارلىق ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىرگە، ھازىر جەمئىيىتىمىزدە، بولۇپمۇ ئاز بىر قىسىم كىشىلەر ئارىسىدا ئېقىپ يۈرۈپ، جەمئىيەت تەرتىپىگە، مىللەتنىڭ ساپاسىغا ئېغىر دەرىجىدە خەۋپ يەتكۈزۈۋاتقان ئاساسلىق تۆت تۈرلۈك يامان ئىللەت ئۈستىدە ياشلارغا مۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ:

*ئەي گۈغۈل، بولغىن ھېبىرى تۆت نەرسىدىن،*
*قاچ، قۇتۇل، دەرھال بۇ «تۆت يۈك» نەرسىدىن.*
*بىرسى بەڭ چەككەنىسىرى كۆڭلۈڭ قارا،*
*بىرسى مەي - كەيپى قىلدۇر دۆت نەرسىدىن.*
*بىرسى بىلگىن، «دەتتىنكام» ئاتلىق قىمار،*
*ئايرىغاي ۋەج - پۇل، گىگىن، بۆك نەرسىدىن.*
*ئەڭ قەبىھ بىرسى — زىنا، نەپسىڭنى يىغ،*
*يۇقتۇرار گۇ «ئاق»قا كىر، كۆك نەرسىدىن.*
*..................*
*ئادەمىي خىسلەت ھاياتقا تاج - بېزەك،*
*قاچ بېزەككە گۇندۇرەر تۈك نەرسىدىن.*
*مەن نەسىھەت ئەيلىدىم، بەرگىن قۇلاق،*
*بولمىسا، مەھرۇم گۈمۈر كۆپ نەرسىدىن.*

دېمەك، شائىر ئەخلاق تېمىسىدا قەلەم تەۋرەتكەندە يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلەتنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىجتىمائىي ئەخلاقتىن ئىبارەت بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ ھەر بىر ھۈجەيرىسىگە قارىتا ئىنچىكە «كۆزىتىش» ئېلىپ بېرىپ، ئايرىم ھۈجەيرىلەردە پەيدا بولغان «كېسەللىك» ئالامەتلىرىنى جىددىي داۋالاشنىڭ زۆرۈرىيىتىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتتى. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ «باشلىقىمغا تىلىفون...» ناملىق شېئىرى دىققەتكە سازاۋەر بولۇپ، ئۇنىڭدا خۇشامەتچىلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن روھىي

خۇنۇك، پۇرسەتپەرەس، تەييارتاپ چىركىنلەرنىڭ تېپىنى يارىتىپ، ئىختىساسلىقلارغا، تۆھپىكارلارغا جىددىي موھتاج بولۇۋاتقان ھازىرقى دەۋرىمىزدە ئۇلارغا چىقىش يولى قالمىغانلىقىنى تېلېفوندا سۆزلىشىش ۋاستىسى بىلەن يىغىنچاق ئوتتۇرىغا قويدى.

ئىلىمنى ئۇلۇغلاش، ئىلىم ئەھلىنى قەدىرلەش، ئىلىملىك بولۇشنى تەكىتلەش شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيىسىدىكى يەنە بىر مۇھىم تېما بولدى. شائىر خېلى بىر قىسىم ئەسەرلىرىدە ئىلىم بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئورگانىك مۇناسىۋىتىنى مەنتىقىلىق ھالدا بايان قىلىپ، ئىلىم - مەرىپەتكە سەل قارالسا، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ يۈكسىلىشى ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىلمىي ھەقىقەتنى يورۇتۇشقا تىرىشتى. ئۇنىڭ «دېمىدىم بۇ سۆزنى قارىسىغىلا»، «ئۇلۇغ كەسىپ»، «ناداننىڭ راھىتى داناغا كۈلپەت»، «بىلمەسلىك باشقا، نادانلىق باشقا» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەسەرلىرى ئەنە شۇ خىل تېمىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇلاردا ھاياتلىق ئالىمىدىكى تۈرلۈك ئالامەتلەر، بولۇپمۇ كىشىلەر روھىيىتىدىكى ماھىيەتلىك مەسىلىلەر ئىخچام ۋە ئېنىق پەلسەپىۋى ئۇقۇملار ئاساسىدا روشەن سېلىشتۇرما قىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ بىلىمسىزلىك، قاشاڭلىق، ئاڭسىز - نادانلىق ئىللەتلىرىدىن ساقلىنىشى، ئىلىم ئۆگىنىپ، ئىنسانىي ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىنى نۇرلاندۇرۇشى زۆرۈر ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. شائىر كىشىلەرنى ئىلىم - بىلىم ئىگىلەشكە دەۋەت قىلىشتىكى مەقسىتى ۋە ئوي - پىكرىنى تېيىزلىقتىن تېرەنلىككە چۆكۈش، كەڭلىكتىن كونكرېتلىققا يۈزلىنىش ئۇسۇلى بويىچە زامان - ماكاننىڭ تەلەپ - ئېھتىياجى ئاساسىدا بايان قىلىپ، دەۋرنىڭ ئىستىقبال نىشانىغا باغلايدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ مۇخەممەس شەكلىدە يېزىلغان «ئادەم ئىزدەش ئېلانى» ناملىق شېئىرى تېخىمۇ دىققەتكە سازاۋەر. بۇ شېئىرنىڭ ماۋزۇسى قارىماققا كىشىگە قاچاندۇر يوقاپ كەتكەن قايسى بىر ئادەم توغرۇلۇق چىقىرىلغان ئېلاننىڭ سەرلەۋھىسىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ. لېكىن شېئىردا بايان قىلىنغىنى قانداقتۇر يوقاپ كەتكەن بىرەر ئادەم ئەمەس، بەلكى جەمئىيىتىمىزدە، ئەتراپىمىزدا بار بولغان ۋە بولۇش زۆرۈر بولغان، دەۋرنىڭ تەلىپى ۋە ئېھتىياجىغا لايىق مۇكەممەل بىلىم - ئىقتىدارىغا، ئىزدىنىش، ئىجاد قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش، تۆھپە قوشۇش روھىغا ئىگە ئادەم. شائىرمۇ شۇ مەزمۇننى ئوبرازلىق سۈرەتلەش ئۈچۈن، جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ دەۋرنى ئادەملەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ تىلىدىن مۇنداق خىتاب

قىلىدۇ:

*ئادەم ئىزدەيمەن — ماڭا ئادەم كېرەك!*
*ئادەم ئىزدەيمەن — ماڭا ياردەم كېرەك!*
*ئادەم ئىزدەيمەن — زېرەك خادىم كېرەك!*
*تاغ كېسەر پەرھاد كېرەك، ھاتەم كېرەك!*
*ئايرىمايمەن، دەپ ئۇ ئەركەك، بۇ چىشى.*

*ئىختىساسلىقلارغا زارمەن، مەرھەمەت،*
*تۆھپىكارغا جان نىسارمەن، مەرھەمەت،*
*ئىلمۇ - ئارىفلارغا يارمەن، مەرھەمەت،*
*يولدا يولداش، ياندا يارمەن، مەرھەمەت،*
*بولسا كىم ئىقبال تېمىنىڭ ئۇل خىشى.*

شائىر دەۋرنىڭ يۇقىرىقى خىتابىغا قارىتا كۆرمىگىلىغان ئىختىساسلىقلارنىڭ ھازىرجاۋاب، تەييار - تەق تۇرغانلىقىدەك ئەمەلىيەتنى ئۇلارنىڭ قەلب ئىزھارى تەرىزىدە مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

*ئەي دەۋر، سەن ئىزدىگەن ئادەمنى كۆر،*
*ئەقلى ساق ھەم تەندۇرۇس — بەردەمنى كۆر.*
*بىر ماڭا ئالدىڭدا، كۆنچ - دىت - پەمنى كۆر،*
*تا مۇرادىڭ قانغۇچە ھەمدەمنى كۆر.*
*بۇ — مۇھەببەتلىك كۆڭۈلنىڭ ئىلغىشى.*

دېمەك، بۇ شېئىردا جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەر تەرەپلىمە يېتىلگەن ئىختىساسلىق كىشىلەرگە تولىمۇ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىدەك رېئاللىق بەدىئىي يول بىلەن كۆرسىتىلىپ، كىشىلەرنىڭ يېڭى دەۋر تەلىپىگە يارامىلىق بولۇپ يېتىلىش زۆرۈرلۈكى ئىزھار قىلىنغان.

شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيىسىدىكى ئەھمىيەتلىك يەنە بىر مۇھىم تېما، ئۆز مىللىتىنىڭ ساپاسىغا داغ يەتكۈزۈۋاتقان نېگىزلىك ئىللەتلەرنى ئېچىپ كۆرسىتىشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ ئۆز مىللىتىنى ماختاشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىللىتىنى پاش قىلىشقا سەل قاراش ياكى جۈرئەت قىلماسلىقتەك بىر تەرەپلىمىلىكلەرگە نىسبەتەن بىر خىل ئۆزگىچە پىكىر ۋە يېڭىچە روھ بولۇپ، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىدىكى كەڭلىك ۋە روشەنلىكنى ئىپادىلەيدۇ. روزى

سايىتنىڭ بۇ تېمىدىكى ئەسەرلىرى ئىچىدە «ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم...» ناملىق چاتما غەزىلى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. شائىر بۇ چاتما غەزەلنىڭ ھەر بىرىدە گەۋدىلىك بولغان بىر ياكى بىر قانچە تارماق مەسىلىنى كۆرسىتىپ، مىللەتنىڭ ساپاسى ۋە ئىستىقبالىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان ئىللەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ پاش قىلغان. ئۇنىڭدىكى بىرىنچى غەزەل مۇقەددىمە ھېسابىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇ قەدىمىي مىللەتنىڭ شانلىق تۆھپىلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ كەلگۈسى تېخىمۇ پارلاق بولىدىغانلىقىغا قارىتا ئىشەنچ ۋە ئارزۇ ئىپادىلىنىش بىلەن بىرگە، كېيىنكى غەزەللەر ئارقىلىق يېشىلىدىغان مۇھىم تۈگۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان؛ ئىككىنچى غەزەلدە، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ناتوغرا قىلمىشلار پاش قىلىنىپ، بۇ خىل ناتونۇش قىلمىشلارنىڭ داغدام «يولنى تار» قىلىش رولىنى ئوينايدىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن:

*ھەسەتلىك دىل، ھەسەتلىك گەپ، ھەسەتلىك كۆز شۇڭا دائىم-*
*ئارام تاپمايدۇ «كولاتىش» تا، تېخى كولاپ تويۇشماغلىق،*
*خىيالىدا ئىلىم - ئىرپان ئەمەس، جاڭجال، رىيا، پىتنە...*
*ئەدەپ، ئەخلاقنى يەر قىلدى قىزىلكۆزلۈك، ئۇرۇشقاقلىق.*
*كىچىكلەر چوڭغا بىھۆرمەت، ئەيۇنى خالىماس چوڭلار،*
*ئۇدۇم بوپ قالدىغۇ چۈجە خورازدەك تەڭ ئۇرۇشماقلىق.*

ئۈچىنچى غەزەلدە، تارىختا ئىلىم - ئىجادىيەت بىلەن جاھانغا تونۇلغان شۆھرەتلىك بىر مىللەتنىڭ كېيىنكى چاغلاردا جاھاننىڭ تەرەققىيات تېزلىكىگە پەرۋاسىزلىق قىلىپ، ھورۇنلۇق، ئويۇن خۇمارلىق، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئىجاد قىلىشتىن كۆرە رەڭۋازلىق قىلىشتەك بىخۇدلۇق ئىللەتلىرى پاش قىلىنغان:

*بۇ مىللەتتە «ساقاللىقلار» نامازخانلىقتا يۈزلەندى،*
*«ساقالسىزلار» لاغايلاشقا، مەمەدانلىقتا يۈزلەندى.*
*گويۇنىپەزلەر سوقۇپ تاش بىرلە تاشنى كۆڭلىنى ئاچسا،*
*«كاراOK» ، «تانسىكەش» نىڭ ۋاقتى بىزمانلىقتا يۈزلەندى.*
*جاھان نەدە، كۆزى نەدە؟ بۇنى كويلايدىغانلار ئاز،*
*ھەجەپ ئىش پەيلى - خۇيدا بىخىرامانلىقتا يۈزلەندى.*
*پاسون - مودا كىيىم، چاچ نۇسخىسى سۆھبەتتىكى ماۋزۇ،*
*ياسانماقنىڭ غېمى ھالى پەرىشانلىقتا يۈزلەندى.*

..................................................

*بۇ مىللەتنىڭ غېمىدە تۇرسا دەۋران، يۈلىسە تىنماي،*
*نېمىشقا يۈلىگەنچە سالپىيۇ — سەرسانلىقتا يۈزلەندى؟*

تۆتىنچى غەزەلدە، ئېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مىللەتنىڭ پاك ئىجتىمائىي ئەخلاقى ۋە ئۇيۇشقاقلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقان يۇرتۋازلىق، شەھۋەتپەرەسلىك، مەيخورلۇق، گۇرۇھۋازلىق ئىللەتلىرى پاش قىلىنسا؛ بەشىنچى غەزەلدە، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ، يىراقنى كۆز تىكمەسلىكتەك ناتوغرا خاھىش تۇپەيلىدىن، مىللەتنىڭ كەلگۈسى - ئىستىقبالى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنى مەكتەپتىن ئايرىۋېلىپ ئېتىز ئىشى ۋە قوي بېقىشقا، نارەسىدە قىزلارنى بالدۇر ياتلىق بولۇشقا زورلاشتەك ھادىسىلەر ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكى، بالىلار ئىلىم - بىلىمسىز قېلىۋاتقانلىقى مەسىلىسى ئېچىپ كۆرسىتىلگەن:

*«گوقۇيمەن!» دەپ تىرەجەپ يىغلىسا، سەن زورلىغاچ تويغا،*
*يېشى گۈن گۈچ ئىنو دىلپارەڭ — قىزىڭ ئايلاندى چوكانغا.*
*گوماق گوغلۇڭ زامانىۋى پەن كۆكىگە گۈرلىمەكچىدى،*
*چىقاردىڭ مەكتىپىدىن، باقتى قوي — ياندائىتى چوپانغا.*
*ئايال - مەزلۇملىرىگدىن قىزغىنىپ نۇر، يۈزنى چۆمكەتتىڭ،*
*«بۇگۇنكى ئۆيكە گەلا» دەپ پۇچەك دان تۇشتى دوپپاڭغا.*

ئالتىنچى غەزەلدە، شائىر ئۆز مىللىتىدە كۆرۈلۈۋاتقان ئىللەتلەردىن بىزار بولۇش، بۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئەشۇ ئىللەتلەر تۇپەيلىدىن جاھان تەرەققىياتىغا ماسلىشالماي قېلىشىدىن ئۆكۈنۈش، بىر قىسىم كىشىلەردىكى ئەجدادلارنىڭ تۆھپىسى بىلەنلا پەخىرلىنىپ، ئۆزلىرى تۆھپە يارىتىشقا كىرىشمەسلىك ھادىسىلىرىدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىش ھېسسىياتىنى ئوبرازلىق بايان قىلىپ، ئىلىم - بىلىمگە ۋە يىراققا نەزەر سېلىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن مىللەتنىڭ ئىستىقبالى تۇتۇق بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويسا، يەتتىنچى غەزەلدە، شائىر ئۆزىگە خىتاب قىلىش ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ، بۇ مىللەتنىڭ ھەر خىل ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ، ئۆزىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى يارىتالايدىغانلىقىغا بولغان ئۈمىدۋارلىقىنى ئىپادىلىگەن.

ئومۇمەن، شائىر ئۆزىنىڭ توغرا ئەدەبىيات - سەنئەت كۆز

قارشى، ساغلام ئىجادىيەت ئىدىيىسى ھەمدە كۆزىتىش، تەسەۋۋۇر قىلىش، ئىپادىلەش، ئەكس ئەتتۈرۈش ماھارىتىنى پۈتكۈل ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ھەر تەرەپلىمە بايانلار ئاساسىدا يورۇتۇپ بېرىش ئارقىلىق، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن شىرىن مېۋىلەرنى تەقدىم قىلدى. شېئىرلىرى شائىرنىڭ مۇددىئاسى ۋە ئارزۇسى بويىچە غاپىللارنىڭ تاپىنىغا سانچىلىدىغان تىكەن، ئاشىقلارنىڭ، گۈلخۇمارلارنىڭ دىمىقىنى ھوزۇرلاندۇرىدىغان خۇشپۇراق بولالىدى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى گەۋدىلىك ئەھمىيەت ئەنە شۇ يەردە.

## 3. يېزىقچىلىق ئادىتى ۋە ئىپادىلەش سەنئىتىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەر

ھازىرجاۋابلىق ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ئادىتىدىكى ئۆزگىچە بىر خىل خاراكتېر بولۇپ، ئۇ ھەرقانداق ئورۇن ياكى سورۇندا يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىرەر شېئىري شەكىل ئارقىلىق تېز ئەكس ئەتتۈرۈش، دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇش ماھارىتىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇنىڭدا تەسىراتنىڭ مۇنداق تېز ئويغىنىشى ئۇنىڭ بەدىئىي دىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، ھەرقانداق بىرەر شەيئى ۋە ھادىسىلەرگە قارىتا ماھىيەت نۇقتىسىدىن نەزەر سېلىپ، تۇيغۇلىرىنى تېز مۇددەت ئىچىدە بەلگىلىك ئوي - پىكىرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، قايتا پىششىقلاپ ئىشلەپچىقالايدىغان قابىلىيىتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، ئۇ تىنۋىشسىز - تىنچ مۇھىتتىمۇ، شاۋقۇن - سۈرەنلىك سورۇنلاردىمۇ، يولدا كېتىۋاتقان ياكى بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ئەھۋالدىمۇ بىرەر ھادىسە ياكى ئىش-ھەرىكەت سەۋەبىدىن نېرۋىسىدا ھاسىل بولغان پىكىر ۋە تەسىراتلىرىنى ھەرگىز كۆڭۈل «ئامبىرى»غا قاچىلاپ قويۇپ كېيىن يېزىشقا قالدۇرماستىن، نەق مەيداننىڭ ئۆزىدىلا ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان مەزمۇنغا ماس بىرەر بەدىئىي شەكىلدە يېزىپ بەلگىلىك مەقسەتنى ئىپادىلىيەلەيدۇ. بۇ ئۇنىڭدىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ھەقتىكى نۇرغۇن مىساللار ئىچىدىن مۇنۇ بىرىنى كۆرۈپ ئۆتسەك كۇپايە بولار: 1986 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىپ ئېلىپ ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلاھات تېمىسىدىكى

ئەسەرلەر مۇھاكىمە يىغىنى مەزگىلىدە، يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا خەنبىلىڭ يېزىسىدا بىر قېتىم سەيلە - ساياھەت سورۇنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئىلىدا بۇلبۇلنى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ سايرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاش ئارزۇسىنى كۆڭلىگە پۈككەن شائىر ئىلىغا بۇلبۇل سايرايدىغان مەزگىلدە بارالماي قالغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ نەق مەيداندا «بۇلبۇلغا خىتاب» ناملىق بىر پارچە شېئىر يېزىپ سورۇندا ئوقۇيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاشۇ سورۇندا بولۇۋاتقان داڭلىق ناخشىچى داۋۇتجان ناسىر مەيدانغا چىقىپ، يۇقىرىقى شېئىرغا جاۋابەن دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ بىر نەچچە ناخشا ئورۇندايدۇ. روزى سايىت بۇ ناخشىلارنى ئاڭلىغاچ ئولتۇرۇپ يېڭىچە ئىلھام بىلەن مۇنداق بىر نەزمە تۈزۈپ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا سورۇن ئەھلىگە ئوقۇپ بېرىپ، كۆپچىلىكنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىدۇ:

*«ئۇتوت يەسىل سايرايدىغان بۇلبۇلى بار-*
*ئىلىنىڭ» دېدى بىرسى، قوبۇل كۆردۈم.*
*كۆيىنى يەسىل تۇسۇپ قالالمىغان،*
*خۇشناۋا داۋۇتجان، دەپ بۇلبۇل كۆردۈم.*
*ئۇنچىلىك بولار بۇلبۇل ئۇنى دېگەن،*
*گۈنىدە مىڭ بۇلبۇلدەك مەرغۇل كۆردۈم.*

ئۇنىڭ يەنە ياش شائىر ياسىن زىلالنىڭ ئابدۇللا مەجنۇنغا ئاتاپ مۇۋەششەھ شەكلىدە يازغان شېئىرىغا دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مۇشائىرە ئۇسۇلىدا مەزمۇن ئۇلاپ، شۇ شەكىل، شۇ ۋەزىن، شۇ قاپىيە بويىچە يازغان «مەجنۇنغا مەجنۇنانە مۇۋەششەھ» ناملىق شېئىرىمۇ يۇقىرىقى پىكرىمىزنى دەلىللەيدۇ.

ھەزىل - چاقچاقتا ئامراق بولۇشتەك تەبىئىي خۇسۇسىيەتنىڭ شېئىرىي پىكىر ۋە شېئىرىي ھېسسىيات بىلەن بىرىكىپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىشى روزى سايىتنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىكى يەنە بىر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، گويا شائىر بىلەن شۇ تاپتا يۈزمۇيۈز پىكىرلىشىپ ئولتۇرغاندەك بىر خىل تۇيغۇغا كېلىمىز. مانا بۇ شائىرنىڭ خاراكتېرىدىكى خۇش چاقچاقلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، ئوچۇق- يورۇقلۇقنىڭ شېئىرلىرىغا قېنىپ سىڭىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. خۇددى ئۇ «ئىلى ۋادىسىدا ئىلچى بالىسى» ناملىق شېئىرىدا:

*«خۇشچاقچاق قىلىشمايدۇ» ، قىلىشسىمۇ،*
*يۈرەكتە ياشلىق ئوتى ساقلىنىدۇ.*
*ھەر كۈلكە كۆرمىڭ سۆيۈن، ئۇنىڭ بىلەن،*
*سولغۇنلۇق، غەم كىرلىرى پاكلىنىدۇ.*

دەپ يازغىنىدەك، ئۇنىڭ مىجەز - خۇلقىدا ھەزىل - چاقچاققا، كۈلكىگە ھېرىسمەنلىكتەك تەبىئىي خاراكتېر بولغانلىقتىن، ئۇ ھەرقانداق ئورۇن ۋە سورۇندىكى سۆھبەتلەردە ئۆزىنىڭ يۇمۇرلۇق سۆزلىرى، خۇش چاقچاقلىرى ۋە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجاد قىلىنغان قىزىقارلىق شېئىرلىرى ئارقىلىق كۈلكە قوزغاپ، «سولغۇنلۇق، غەم كىرلىرى»نى «پاكلاش»قا ئۈنۈملۈك ماسلىشالايدۇ. ئۇنىڭدىكى بۇ خىل يۇمۇرىستىك ماھارەت شېئىرلىرىدىمۇ ناھايىتى روشەن ئىپادە تاپقاچقا، شېئىرلىرىنىڭ جەلپ قىلىش، تەسىرلەندۈرۈش، روھنى ئۇرغۇتۇش كۈچى ئېشىپ بارغان. شۇڭا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغان ئوقۇرمەن شېئىرىي بايانلارغا شۇنچە بېرىلىپ كېتىدۇكى، ھەرگىز زېرىكىش ھېس قىلمايدۇ.

«چىنلىقنى يېزىش، ... ئۇشتۇمتۇت پارتلاش خاراكتېرىدە كەلگەن، يېزىش قىممىتى بار تەسىراتلارنى بوش قويۇۋەتمەسلىك» ئۇنىڭ ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولدى. بىزگە مەلۇم، شېئىردىكى ھېسسىياتنىڭ ھەقىقىي، پىكىرنىڭ روشەن، مەنتىقىلىق، دەل بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم. شېئىرنى شېئىر قىلىپ تۇرغۇچى ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغۇچى بۇ ئامىللار رېئال تۇيغۇنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، رېئال تۇيغۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇش زېمىنىدىن ئىبارەت چىنلىق ئىچىدە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. دېمەك، ئەدەبىيات ئەنە شۇ چىنلىقنى بەدىئىي نۇقتىدىن ئەكس ئەتتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. چىنلىق چىقىش قىلىنمىسا، «ئەسەر» نىڭ قىممىتىمۇ، ئەھمىيىتىمۇ بولمايدۇ. لېكىن ئۇچرىغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىنى قارىغۇيۇق يېزىۋېرىشمۇ ئەدەبىياتنىڭ مەقسىتى ئەمەس. شۇڭا يېزىش قىممىتى بارلىرىغا قارىتا ئومۇملاشتۇرۇش، تىپىكلەشتۈرۈش ئاساسىدا قەلەم تەۋرىتىشكە توغرا كېلىدۇ. روزى سايىت دەل ئەنە شۇنداق قىلدى. ئۇنىڭ قەلىمى ئارقىلىق ئىپادىلەنگىنى پۈتۈنلەي يېزىش قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى

بولغان رىئال مەسىلىلەر بولۇپ، ئۇنى ئوقۇغان كىشى شۇ ئەسەر بايانىدىن تۇرمۇشتىكى روشەن بىر مەنزىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى چىنلىققا باب ئەمەلىي تەسىر مانا شۇ يەردە.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆرنەكلىرىنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ شېئىرىي پىكىرنى تېرەنلىككە ئىگە قىلىشمۇ ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىكى بىر ئالاھىدىلىك بولۇپ، ئۇ شېئىرلىرىدا ئۆزىنىڭ ئوي - پىكرىنى ئىپادىلەشتە خەلق ئىجادىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، شېئىرىي يارقىنلىقىنى كۈچەيتىشكە تىرىشقان. بىزگە مەلۇمكى، خەلق ئېغىز ئىجادىيەتلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش پائالىيەتلىرى جەريانىدىكى بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ مەھسۇلى ۋە تۇرمۇشقا قارىتا يەكۈنلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ھازىرمۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ پارلاق ھاياتىي كۈچكە ئىگە. شۇڭا ئۇنى ئەينەك قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار ھېكمەت ھېسابلايمىز. روزى سايىت ئەسەرلىرىدە بۇ ھېكمەتتىن مەنە ئۆزلەشتۈرۈپ، شېئىرلىرىنىمۇ بىر ھېكمەتلىك تۇسكە كىرگۈزۈشكە تىرىشتى. بۇ توغرۇلۇق مۇنۇ مىساللارنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

*تولۇنئايدەك جامالغا باقما، «كۆرگەن كۆزدە قالماپتۇ»،*
*تەمە كۆلخانىدا يانغاننى يار قوينىغا ئالماپتۇ.*

*«تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال» دېمەكىنىڭ تەبىرى چەكسىز،*
*پۇشايماندا ئۆتەر كىمكى «تېشى پال - پال»نى تاللاپتۇ.*

*

*سەنمۇ دەيسەن، مەنمۇ دەيمەن: ئەر غېمى ئەلنىڭ غېمى،*
*جان غېمى نامەرد غېمى، مەن مەرد يىگىت، مەن زەر يىگىت.*

يۇقىرىقى مىساللاردا «كۆرگەن كۆزدە قالماس» ، «تېشى پال-پال، ئىچى غال - غال» ، «ئەرنىڭ غېمى ئەلدە» قاتارلىق ماقال - تەمسىللەر شېئىرىي پىكىر بىلەن ئورگانىك بىرىكىپ كەتكەن.

شېئىرىي پىكىرنى راۋان، ئاممىباب تىل ۋە مۇناسىپ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ياردىمىدە روشەن ھەم مەنتىقىلىق

بايان قىلىش شائىرنىڭ ئىپادىلەش سەنئىتىدىكى بىر مۇھىم ئالاھىدىلىك بولدى. ئۇ شېئىرىي پىكىرنىڭ ئېنىقلىق مەسىلىسىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «مېنىڭ نەزىرىمدىكى شېئىر ئاخىرىنى خەلق ئويلاپ تېپىشۋالىدىغان تېپىشماق ئەمەس. يازغىنىڭنى ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ چۈشەن، ئۇ ئاممىباب بولسۇن، تىلى راۋان، شوخ ۋە ئويناق بولسۇن، خەلق ئۇنىڭدىن پايدىلىنالىسۇن، بەدىئىي زوق ئالسۇن، ئۇ خەلقنىڭ ۋۇجۇدىدا روشەن كۆچكە ئايلانسۇن!». مانا بۇ ئۇنىڭ ئىپادىلەش سەنئىتىگە بولغان ئېنىق كۆزقارىشىدىن ئىبارەت. ئەلۋەتتە شېئىرىي پىكىرنىڭ ئېنىقلىقى تىلىنىڭ ئاممىباب بولۇشىغا تەقەززا. روزى سايىت ئىجادىيىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ باشتىن - ئاياغ تىلىغا، بولۇپمۇ تىلىنىڭ ئاممىباب، روشەن، ئاھاڭدار، يېقىملىق ۋە رېتىملىق بولۇشىغا، يەنى تىلنى قايتا پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىشقا، باي تەسەۋۋۇر ۋە كۈچلۈك ھېسسىياتنى ئەنە شۇ قايتا «ئىجاد» قىلىپ ئىشلەپچىقىلغان تىل بىلەن بىرگەۋدە قىلىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى ۋە تەرەققىياتىنى ھەم ئىخچام، ھەم چۈشىنىشلىك ھالدا ئىپادىلەپ كۆرسىتىشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كىشىلەر قەلبىگە ھەقىقىي يوسۇندا گۈزەللىك سېزىمى ۋە چىنلىق تۇيغۇسى بېغىشلاپ، كۈچلۈك تەسىرات پەيدا قىلالىشىدىكى سەۋەبمۇ ئەنە شۇ تىلنى قايتا «ئىجاد» قىلىش ماھارىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولدى.

روزى سايىت ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى ۋە تەرەققىياتىنى سۈرەتلەشتە، ئۇنى تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسى ياكى پاسسىپ تەسۋىرى قىلىپ قويماستىن، بەلكى تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىدىن تاللىۋالغان پاكىتلارنى ئېستېتىكا پرىنسىپلىرى، ئاممىباب تىل ۋە ئۆزىنىڭ تەسىراتلىرى ئاساسىدا بەدىئىي يول بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ قايتا ئىشلەپچىقىرىشتەك ئىجادىيەت ئۇسۇلىغا ناھايىتى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئېتىبار بېرىپ سۈرەتلىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ قەلىمىدە ئىپادىلەنگەن تۇرمۇش چوڭقۇر ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىك ئەھمىيەت تاپتى. مەسىلەن، ئۇنىڭ نەپسخور «بۇرادەر» لەرگە كىنايىلىك ئۇسۇل بىلەن دادىل پىكىر قىلىنغان مۇنۇ مىسرالىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

*بۇرادەر، ھاجىتى چۈشكەن قېشىڭغا روزى شەب كەلسە،*

*ئاۋادا قول قورۇق، ياشلىق كۆزى، لەۋزىدە گەپ كەلسە؛*
*يۈزىگە ئىشىك يېپىپ، ھەيدەپ قوغلىغىنى، قوتقا تاشلاردىڭ،*
*بۈگۈن ئۇ كەپتۇ سوۋغاتلىق، كۆلەيمە پايدا - نەپ كەلسە.*
*بىكار كەلمەيدۇ ئۇ بەرھەق غىمى بار، دەردى بار، ھال سور،*
*قولۇڭدىن كەلسە شەپقەت قىل، بىشىنى قوغلا گەپ كەلسە.*

يۇقىرىقى مىسرالاردا سۈرەتلەنگىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كۆرۈلۈۋاتقان بىر خىل مەۋجۇدلۇق بولۇپ، شائىر ئۇنىڭدا سوۋغاتخۇمار نەپسخورغا تەنە قىلىپ، ھاجەتمەن بىچارىگە ھىسداشلىق قىلىش بىلەن بىرگە، نەپسخور «بۇرادەر» لەرنىڭ ئىنسابلىقراق بولۇشىنى، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھالىغا يېتىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. مانا بۇ شېئىرنىڭ مەزمۇن قۇرۇلمىسى. شائىر ئەنە شۇ مەزمۇنىنى، يەنى تۇرمۇش ۋەقەلىكىدىن تاللىۋالغان پاكىتنى ئۆز پېتىچىلا، ئەينەن سۈرەتلەپ قويماي، بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس پرىنسىپلىرى ئاساسىدا قايتا ئىشلەپچىقىرىپ، ئومۇملاشتۇرۇپ ئىپادىلىگەچكە، ئەينەن سۈرەتلىگەنگە قارىغاندا مۇتلەق يۇكسەك ئىجتىمائىي ئەھمىيەت تاپقان.

مەلۇمكى، تىل ئارقىلىق ئوبراز يارىتىپ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە بايان، تەسۋىر، لىرىكا، توقۇلما قاتارلىق ھەر خىل كونكرېت ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ھەمدە تۈرلۈك ئىستىلىستىك ۋاستىلەر قوللىنىلىدۇ. بۇلار ئىپادىلەشنىڭ مۇھىم ئامىللىرى بولۇپ، بايان، تەسۋىر، لىرىكا، توقۇلما قاتارلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇننى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇنىڭ سىماتىك (تارتىش) كۈچىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىسا، نۆۋىتىدە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرمۇ تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئۇنى ئوبرازلىق، جانلىق، كونكرېتلاشتۇرۇشتا ئۈنۈملۈك رول ئوينايدۇ. روزى سايىت ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ئىپادىلەشنىڭ بۇ مۇھىم ئامىللىرىنى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ئىجادىيەت مېتودى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئەسەرلىرىنىڭ ئىپادە روشەنلىكىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئېپىك ۋە لىرىك شېئىرلىرىنىڭ قايسى بىرىنى ئوقۇسا، كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا شۇ ئەسەرنىڭ تۈپكى ئىدىيىسىگە خاس روشەن كارتىنا ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

*ئاق كېچە، ئايدىڭ كېچە، جىمجىت يېزا،*

*كېلىدۇ مۇڭلۇق ناۋا باغ چېتىدىن.*
*نەي گۇنى — نەيىنىڭ كۈيى ياڭراق سادا،*
*چىقىدۇ نەيدىن ئەمەس، دىل قېتىدىن.*

*نەي كۈيى — ياشلىق، مۇھەببەت ئەلچىسى،*
*شوخ يىگىت چىللايدۇ باغقا يارىنى.*
*تەۋرىنەر ياستۇق، قۇلاقنىڭ پەردىسى،*
*ئاھ، شېرىن ئارزۇ چېكەر دىل تارىنى...*

«نەي كۈيى — سۆيگۈ كۈيى» ناملىق يۇقىرىقى شېئىرنى ئوقۇغىنىمىزدا، يارغا بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشىنى نەي ساداسى ۋاستىسى بىلەن ئىزھار قىلىۋاتقان «شوخ يىگىت» بىلەن ۋىسال ئارزۇسىدا ئۇيقۇدىن بىدار بولغان گۈزەل قىزنىڭ يارقىن سىماسى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ.

*بىر كۈمۈشرەڭ لىبىتىمۇ يەلپۈنگىنى،*
*ياكى نۇرمۇ پەسكە ئوخچۇپ ئاققىنى؟*
*................................................*
*زەن سېلىپ باقتىم، كۆرۈندى ئۇ ماڭا،*
*شايى بەلۋاغ باغلىغان مەرد نوچىدەك.*
*گۇنچىسى مارجان بىلىندى، بۇزغۇنى-*
*خۇددى ئاق رومالغا چەككەن چۇچىدەك.*

تاغ سۈيىدىن ئىبارەت بۇ مەۋجۇداتنىڭ شېئىرىي تەسۋىردە مۇنداق جانلىق، روشەن، يېقىملىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى شائىرنىڭ ئىچكى تۇيغۇ - تەسىراتىنى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ياردىمىدە ئوبرازلىق ئىپادىلەشكە تىرىشقانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر شائىر بۇ نۇقتىغا ئېتىبار بەرمىگەن بولسا، شېئىرنىڭ مەزمۇنى سۇنىڭ ئادەتتىكى ئېقىشىدىن ئىبارەت ئۆلۈك تەسۋىرىي چۈشەنچىدىن هالقىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئومۇمەن، خەلق شائىرى روزى سايىت ئىجادىيەت هاياتىدا تۈرلۈك ژانىرلار بويىچە قەلەم تەۋرىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى هاياتى ئۈچۈن بىر يۈرۈش شېرىن مېۋىلەرنى تەقدىم قىلدى، ئىجادىيەت ئېتىزىدىن بىر دۆۋە سامان ئەمەس، بەلكى دان بەردى.

خەلق ئاممىسى بۇ خەلقپەرۋەر شائىرنى يۈكسەك ھۆرمەت ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن ياد ئېتىدۇ.

---



شائىر، تەتقىقاتچى، ژۇرنالىست مۇھەممەت توختى ئەھمەد 1951 - يىلى چىرا ناھىيە بازار ئىچىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1983 - يىلى فېۋرالدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، ھازىر خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى گېزىت - ژۇرنال تەھرىراتىدا ئىشلىمەكتە.

مۇھەممەد توختى ئەھمەد «خوتەن گېزىتى»نىڭ 1964 - يىلى 9 - ئاپرېل سانىدا ئېلان قىلىنغان «ۋەتىنىم» ناملىق شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەندىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى؛ «جانان بىلەن ئېيتقان ناخشىلار» (بىرلەشمە) ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغاندىن باشقا، «گۈلدەستە»، «بۇلبۇل ناۋاسى»، «ئارزۇ بوستانى» قاتارلىق 10 نەچچە پارچە شېئىرلار توپلىمىغا ۋە 1990 - يىلى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئالمائاتا «يازغۇچى» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تەڭرىتاغ سادالىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا بىر تۈركۈم شېئىرلىرى كىرگۈزۈلدى.

ئۇنىڭ يەنە بىر كەۋدىلىك تۆھپىسى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇ 1980 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن باشلاپ «ئېپىك شېئىرلار توغرىسىدا»، «شېئىرىيىتىمىزدە ئارۇز ۋەزنى» قاتارلىق 60 پارچىدىن ئارتۇق ئەدەبىي - ئىلمىي ماقالىلارنى، «تەسەللى ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىدۇر»، «ۋىجدان ھەققىدە ئويلىغانلىرىم» ... قاتارلىق 50 پارچىدىن ئارتۇق پوبلىستىك ماقالىلارنى يېزىپ ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە «ئىمىر ھۈسەيىن قازىھاجى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» قاتارلىق بەزى ئىلمىي ماقالىلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، خەنزۇ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. «تارىم ساھىلىدا» ناملىق ئەدەبىي - ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1999 - يىلى نەشر قىلىندى. ئۇ يەنە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى دۇردانىلىرىنى «بۇلاق»، «مىراس»، «يېڭى قاشتېشى» قاتارلىق ئەدەبىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئابدۇللا مەتقۇربان

# سېيىت ھاجىدىن نىياز ھېكىمبەگكىچە

سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆچمەس قارا داغلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن مىللىي مۇناپىقلار، شۇنداقلا يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تۇندىكى چاقماق»، «داغ» رومانلىرىدا يارىتىلغان مەڭگۈلۈك ئىبرەتلىك، يۇقىرى ئىستىبتىمك قىممەتكە ئىگە بەدىئىي ئوبرازلاردۇر. نىياز ھېكىمبەگ ياقۇپبەگ يېغىلىقى دەۋرىدە خوتەنگە ھاكىمبەگ بولغان، خەلقنى قان يىغلىتىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان شەخس. ئارىدىن بىر يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ نىياز ھېكىمبەگ خوتەندە بىر ئىبرەتلىك شەخس سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. سېيىت ھاجى 1912- يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە، چارروسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىقتىسادىي تالان - تاراج ۋە سىياسىي جەھەتتىكى بۆلگۈنچىلىك سۇيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرۇش غەرىزىدە دىنىي تون ۋە سودا ئاقساقىلى دېگەن يالغان نىقابقا ئورۇنۇپ بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، داغدۇغىسى بىيىجىڭ ۋە ياۋروپادىكى پېتېربورگقىچە يېتىپ بارغان «چىرىيە ۋەقەسى»نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىم «داغ» ۋە «تۇندىكى چاقماق» رومانىدا بۇ ئىككى تارىخىي شەخسنى باش قەھرىمان قىلىپ، بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ رەزىل ھىيلە - مىكىر بىلەنلا خاراكتېرلىنىدىغان ئىچكى دۇنياسىنى چوڭقۇر قېزىپ، ئۇلارنى ھازىرقى زامان ئوقۇرمەنلىرىگە ئىبرەت قىلماقچى بولغان، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يالقۇنلۇق خەلقپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك غايىسىنى نامايان قىلغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدەبىي ئەسەرلەردە، جۈملىدىن رومانلاردا سەلبىي تىپلارنىمۇ باش قەھرىمان قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئەمەلىيەتتە ئارقىلىق سىناق

قىلىپ، بەدىئىي ئەسەرلەردىكى باش قەھرىمانلارنىڭ ئورنىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈن تىرىشقان. يازغۇچىمىزنىڭ بۇ ئىككى پارچە تارىخىي رومانىدا يورۇتقان ئىدىيىسى خەلقىمىز ئۈچۈن مەڭگۈ ۋاقتى ئۆتمەيدىغان ۋە قىممىتىنى يوقاتمايدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك، بىرلىك، ئىتتىپاقلىق ئىدىيىسىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، «تۇندىكى چاقماق» رومانىدا، سېيىت ھاجى ئۆزىنى نېقابلاپ، ئاق كۆڭۈل خەلقنىڭ نادانلىقى، دىنىي مايىللىقى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنى ئالداپ ۋە قورقۇتۇپ، زوراۋانلىق ۋە ئۆكتەملىك قىلىدۇ. ئىچكى جۇڭگودا مەنچىڭ ئىستىبداتى ئاغدۇرۇلغان، يېڭىدىن قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنى تېخى ھەممە كىشى ئېتىراپ قىلىپ ئۈلگۈرمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەن شىكەي دىپلوماتىيە جەھەتتە ساتقۇنلۇق سىياسىتى يۈرگۈزگەن ئاشۇنداق پەۋقۇلئاددە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، خەلقىمىزنى باشپاناھسىز قالدى دەپ بىلجىرلايدۇ، ئۆزىنى يېڭى باشپاناھ قىلىپ كۆرسىتىپ، «ئاقپاشا»نىڭ پۇقرالىق گۇۋاھنامىسىنى تارقىتىدۇ، كەڭ كۆلەمدە بۆلگۈنچىلىك، ئىغۋاگەرچىلىك قىلىدۇ، پۇقرالارغا بولغان ئالۋان - ھاشارنىڭ تۈرىنى كۆپەيتىدۇ، قان تۆكۈپ ئادەم ئۆلتۈرىدۇ. سېيىت ھاجىنىڭ بۇنداق زومىگەرلىكىگە چىدىمىغان يەرلىك خەلق مىراب بېگى سوپۇرگىئاخۇن پاسىبانلىقىدا قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈپ، سېيىت ھاجىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى خەلق ئالدىدا ئاشكارىلايدۇ. شۇ ئارقىلىق ئاپتور «نادان پۇقرالاردىكى نادانلىق تۈپەيلىدىن تۇغۇلغان ۋەتەن قىممىتىنى كەم ساناش، مىللەت غۇرۇرى دېگەن قىممەتلىك نەرسىگە سەل قاراش، ئۆز قەدرىنى چۈشەنمەسلىك» ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرگە ۋەتەننىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغداش، مىللەتنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاش، تارىخ ئالدىدىكى بۇرچىنى ئادا قىلىش، ئەۋلادلار ئالدىدا جاۋابكار بولۇش تەربىيىسى بېرىدۇ.

«داغ» رومانىدا بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئامىتى قاچقان ياقۇپبەگ بۇ مۇقەددەس زېمىننى يەنە بىر قېتىم قانغا بويايدۇ. بىر خوتەننىڭ ئۆزىدىلا ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ، «ھاجى پادىشاھ» ھەبىبۇللاخان ۋە ئۇنىڭ ئوردا ئەركانلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، خوتەن خەلقى تامامەن تەييارلىقسىز تۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خوتەن زېمىنى

باستۇرۇپ كېلىدۇ ۋە پادىشاھ ھەبىبۇللاخاننىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ كەلگەن ئاۋامدىن 40 مىڭ كىشىنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. ئاخىرىدا قانغا بويالغان بۇ زېمىنغا ئىشىكئاغىسى نىيازنى ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەپ قويۇپ كېتىدۇ. نىياز خوتەندە ھاكىمبەگ بولغان 10 نەچچە يىلدا خەلققە قاراتقان ئالۋان - ياساق، زۇلۇم - ستەم ۋە قىرغىنچىلىقتا ئۆزىنىڭ ھەر قانداق خوجايىنىنى بېسىپ چۈشىدۇ. كېيىنچە، ياقۇپبەگ تەختىنىڭ غۇلاپ كېتىش ئېھتىماللىقىنى ئالدىن ھېس قىلغان نىياز يەنە بىر قېتىم خوجايىن ئالماشتۇرۇش نىيىتىدە، ئىچكى جۇڭگودىن كەلگەن زوزۇڭتاڭ، ليۇجىڭتاڭ چېرىكلىرى بىلەن مەخپىي ئالاقە ئورنىتىدۇ، ياقۇپبەگنىڭ غەزىنىسىنى بۇلاپ، ھوشۇربەگنى قاچۇرۇۋېتىدۇ، كورلىغا كېلىپ، ياقۇپبەگنى ئۆلتۈرۈشكە قاتنىشىدۇ، سۇلالە چېرىكلىرىنى خوتەنگە باشلاپ كېلىپ، باش سەركەردىگە پارا بېرىش ھېسابىغا يەنە يەكەننىڭ ھاكىمبېگى بولىدۇ. نىياز ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەنچىڭ چېرىكلىرى، كۇچا خوجىلىرى، خۇيزۇلار ۋە ياقۇپبەگ قاتارلىقلارنىڭ يالىقىنى يالايدۇ. بۇ جەرياندا كىم ئاجىزلىسا شۇنى يىقىتىدۇ، كىم كۈچلۈك بىلىنسە شۇنىڭغا بېقىنىپ، تاپىنىنى يالايدۇ، ئۆزىنىڭ بېشىنى سىلىغانلارنىڭ ئورىسىنى كولايدۇ. مەسىلەن، نىياز كىچىك ۋاقتىدا ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان قاسىم گوتۇنچىنىڭ بىر بارمىقىنى چىشلەپ ئۈزۈۋالىدۇ (نىيازنىڭ بۇ ئىشىنى بەلكىم ئۇنىڭ كىچىكلىكى، خاراكتېرىنىڭ تېخى تۇگەللەنمىگەنلىكى نۇقتىسىدىن كەچۈرۈشكىمۇ بولار، لېكىن بىزدە «بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇملۇق» دەيدىغان بىر گەپمۇ بار) ، ئۆزىگە «ئادەمگەرچىلىك» نىڭ يولىنى ئۆگەتكەن دۆڭ دارېنىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭ نومۇس ۋە پۇشايماندىن ئۆلۈۋېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ؛ ئۆزىنى خېلى يۇقىرى مەنسەپ ۋە تاغلاردەك دەپنە-دۇنياغا ئىگە قىلغان ياقۇپبەگكىمۇ قىلتاق قويىدۇ؛ ئۇ سۇلالە چېرىكلىرى قايتا كەلگەندە، بېشىنىڭ ئامان قالغىنىغا شۈكۈر قىلماي، ئەكسىچە، يەكەننىڭ ھاكىمبېگلىك ئورنىنى كىچىك چاغلاپ توپىلاڭ، كۆتۈرمەكچى بولغىنىدا، قىلمىشى پاش بولۇپ قېلىپ قولغا ئېلىنىدۇ ۋە قەشقەر خان ئامبىلى ئالدىغا يالاپ ئېلىپ مېڭىلغاندا قاسىم گوتۇنچى، يەنى كېپەك دەرۋىش تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. خۇددى

«تۇندىكى چاقماق» رومانىدىكىگە ئوخشاش، «داغ» رومانىدىمۇ يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60-، 70 - يىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ بىر مەزگىللىك ھاقارەتلىك تارىخىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ۋە يۈكسەك دەرىجىدە ئوبرازلاشتۇرۇپ، قايتا ئەسلىتىش ئارقىلىق ئۆز ئوقۇرمەنلىرىگە تارىختىكى ئىبرەتلىك ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىش ۋە ئەستە چىڭ ساقلاش، بىخۇدلۇقتىن ساقلىنىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا، مىللەتنىڭ ئىززەت - غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىشقا ئۇرۇنغان ھەر قانداق ئادەم ۋە ھەر قانداق ھەرىكەتلەردىن پەخەس بولۇشقا بېشارەت بېرىدۇ. بۇ ئىككى پارچە روماندىن يازغۇچىنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىشتە، توقۇلما قىلىنغان ۋەقەلىك ۋە توقۇلما قىلىنغان تىپلارغا قارىغاندا تارىختا ھەقىقىي سادىر بولغان ۋەقەلىك ۋە تارىختا ھەقىقىي ئۆتكەن شەخسلەرنى تەسۋىرلەش ئۈنۈمىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى، پەقەت شۇنداق قىلغاندا، ئاندىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىق تونۇغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

ناۋادا، «تۇندىكى چاقماق» رومانىدىكى ۋەقەلىكنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى چىرا زېمىنىدىلا يۈز بەرگەن، ئاز بىر قىسمىلا ئىلچى بازىرىغا تۇتىشىدۇ دېسەك، «داغ» رومانىدىكى ۋەقەلىك ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭدىكى قوراللىق زومىگەرلىكى، بولۇپمۇ نىياز ھېكىمبەگنىڭ جىنايەتلىك كەچۈرمىشلىرىنى يىپ ئۇچى قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنىڭ ھەممىلا يېرىگە يېيىلىدۇ. ئىككى رومان ۋەقەلىكىدە، بىرىنىڭ بۇنداق يىغىنچاقلىقى، يەنە بىرىنىڭ بۇنداق يېيىلمىچانلىقى ئىگە بولۇشى رومانلاردىكى باش قەھرىمانلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى بىلەن، شۇنداقلا يازغۇچى بەدىئىي ماھارىتىنىڭ بارغانسېرى پىشىپ بېرىۋاتقانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، «تۇندىكى چاقماق» بىلەن «داغ» قوشكېزەك ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ بىلەن قارىغاندا، ھەتتا «تۇندىكى چاقماق»نى «داغ»نىڭ داۋامى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بىرىنچىدىن، «داغ» رومانىدىكى ۋەقەلىك زامان نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60-، 70- يىللىرىدا يۈز بەرگەن بولسا، «تۇندىكى چاقماق» رومانىدىكى ۋەقەلىك XX ئەسىرنىڭ 10 - يىللىرىدا يۈز

بەرگەن. بۇ جەھەتتىن، پەقەت كېيىن يۇز بەرگەن ۋەقەلىك تەسۋىرلەنگەن «تۇندىكى چاقماق» رومانى بىر بەدىئىي ئەسەر شەكلىدە سەككىز يىل بالدۇر دۇنياغا كەلگەن، خالاس. ئۇنىڭ ۋەقەلىكىمۇ كونكرېت ۋە ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن چىرا بىلەنلا چەكلەنگەن. ئەمدى XIX ئەسىرنىڭ 60-، 70 - يىللىرىدىكى ۋەقەلىك ئەكس ئەتتۇرۇلگەن «داغ» رومانى «تۇندىكى چاقماق» تىن سەككىز يىل كېيىن يورۇقلۇققا چىققان، ئۇنىڭ ۋەقەلىكىمۇ تەكرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگە كەڭ يېيىلغان ئاساستا كەڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە قىلىنغان. ئىككىنچىدىن، سېيىت ھاجى خاراكتېرىدىكى نۇرغۇن نازۇك تەرەپلەر نىياز ھېكىمبەگنىڭ كىشىلىك ھايات مۇساپىسىدە بېسىپ ئۆتكەن يولىنى داۋاملاشتۇرغۇچى دېيىشكە بولىدۇ. قىسقىسى، ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «داغ» ۋە «تۇندىكى چاقماق» رومانىنى بىرىكتۇرۇپ ئوقۇغاندا، مەيلى سۇژېت قۇرۇلمىسى، ۋاقىت ياكى پېرسوناژلار خاراكتېرى جەھەتتىن بولسۇن، ئوقۇرمەنگە بېرىدىغان تۇيغۇ ۋە تەسىرى يەككە ھالىتىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ تولۇق، چوڭقۇر ۋە مۇكەممەل بولىدۇ. بۇ، سېيىت ھاجى ۋە نىياز ھېكىمبەگنىڭ خاراكتېر جەھەتتە خېلى كۆپ ئورتاقلىققا ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگ خاراكتېرىدىكى بۇنداق ئورتاقلىق «تۇندىكى چاقماق» ۋە «داغ» رومانىدىلا ئەمەس، بەلكى بۇگۇنكى ئۇيغۇر رومانچىلىقىدىكى ئوبرازلار سىستېمىسىدىمۇ ئۆزگىچە ئورۇن تۇتىدۇ.

سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگ خاراكتېرىدىكى ئورتاقلىقلارنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

ئاچ كۆزلۇكتىن ئىبارەت بۇنداق ئورتاقلىق سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگنىڭ ۋۇجۇدىدا باللىق دەۋرىدىلا بىخلانغان، ئۇلارنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ تەمەخورلۇق بىلەن بىرىكىپ، بارا-بارا ئۇلارنى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قارا نىيەتچىلەرگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن. مەسىلەن، ئۆسمۈر ۋاقتىدىكى نىياز باققان دادىسى قاسىم ئوتۇنچىنىڭ كېچىگە كىرمەي، ئۇنىڭ بىر بارمىقىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېلىپ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، شەھەرگە كېلىپ «ئىگىسىز قوتۇر ئىتتەك ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ يۈرىدۇ»، پاناھلىنىش ئۈچۈن،

قىش كۆنلىرى ئىبخى تەپتى كەتمىگەن تونۇر بېشىدا، خىش خۇمدانلىرى ئالدىدا تۈنەيدۇ، تاپالىسا يەپ، تاپالمىسا ئاچ يۈرىدۇ. ئىش خۇشىياقمىغانلىقتىن، ئوغرىلىق قىلىسا تۇتۇلۇپ، ئۆلگۈدەك تاياق يەيدۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تەقدىر ئۇنى يەكەننىڭ چېرىكچى ئامبىلى دۇڭ دارىنغا ئۇچراشتۇرىدۇ. دۇڭ دارىن نىيازنى بالىچىلاپ بېقىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ تىلىنى ئۆگىتىدۇ. ئۇنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ۋە ھايات قارىشى بويىچە تەربىيىلەپ، ئۇنىڭغا «... ئاغزىڭغا كىم گۆمچەك سالسا، ئاناڭ شۇ، كىم سېنى ئارىغا ئالسا، قەۋمىڭ شۇ» («داغ» رومانى 188 ـ بەت)، «... كۆزۈڭنى ئويغاننىڭ كۆزىنى ئوي، چىشىڭنى تۆككەننىڭ چىشىنى تۆك، قىساسقا كەلگەندە، ئاتاڭ بولسىمۇ ئاياپ ئولتۇرما ...» («داغ» رومانى 190 ـ بەت)، «كىم سېنى ئاكاڭغا ئىشەن دەپتۇ؟ ھېلىغۇ ئاكاڭ ئىكەن ئاتاڭ بولسىمۇ گۇمانلان، ئاناڭ بولسىمۇ گۇمانلان، گېزى كەلسە ئۆزۈڭدىنمۇ گۇمانلان ...» («داغ» رومانى 490 ـ بەت) دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. بالىلىق ۋاقتىدىكى غۇربەتچىلىك تۇرمۇش، بولۇپمۇ دۇڭ دارىننىڭ ئىبرەتلىك نەسىھەتلىرى نىيازنىڭ قەلبىدىن ئادەمگەرچىلىكنىڭ بارلىق ئىزنالىرىنى پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئۇنىڭدا ئۆزۈملا دەيدىغان شەخسىيەتچىلىك ۋە نېسىۋىسىگە مەڭگۈ قانائەت قىلمايدىغان ناشۈكۈرلۈك ـ ئاچ كۆزلۈك خاراكتېرى ئورۇن ئالىدۇ. نىياز ھېكىمبەگ ئاشۇ شەخسىيەتچىلىك، ئاچ كۆزلۈكىنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئۆزىنىڭ بېشىنى سىلاپ قاتارغا قوشقان، بەشىنچى جەرىكىلىك ئىشىكئاغىسى مەرتىۋىسى بېرىپ ئەمەل سورۇنىغا باشلاپ كىرگەن دۇڭ دارېننى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ («داغ» رومانى 191 ـ، 146 ـ بەتلەر)، 10 يىللىق خوجايىنى ياقۇپبەگنى قىلتاقتا دەسسىتىدۇ («داغ» رومانى 524 ـ بەت)، يەكەندە پىتنە ـ پاسات تېرىپ، توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولىدۇ («داغ» رومانى 588 ـ بەت) ۋە ئاخىر ئۆزىنىڭ بېشىنى يەيدۇ.

سىيىت ھاجىدىكى نەپسانىيەتچىلىك بىلەن ئاچ كۆزلۈكمۇ نىياز ھېكىمبەگدىكىگە ئوخشاش ئۇنىڭ بالىلىق ۋاقتىدىلا يىلتىز تارتىدۇ («تۇندىكى چاقماق» رومانى 295 ـ، 296 ـ بەتلەر). ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەن سىيىت ئەسلىي بولۇشقا تېگىشلىك نورمال تەربىيىنىڭ كەملىكىدىن، ئۆز ۋۇجۇدىدا ھالال ياشاش ئەمەس، بەلكى ھارام

تاماقلىق ئادىتى يېتىلدۈرىدۇ. بارلىق مال - مۈلكىنى تاۋكادا ئۇتتۇرۇۋېتىپ، ئەلەمگە چىدىماي ئۆلۈپ كېتىۋاتقان دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، دادىسىنى ئۇتتۇۋالغان قىمارۋاز سودىگەرنىڭ دۇنيا-دەپئىسىنى جىددە شەھىرىدە قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇ سودىگەرنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. سېيىت ھاجىنىڭ ئۆز پاچىقىغا چار پادىشاھنىڭ شوينىسىنى باغلاپ، چىرا زېمىنىغا سودا ئاقساقىلى سالاھىيىتىدە كېلىشىمۇ، بۇ يەردە شايى، ئەتلەس، گىلەمچىلىك ئۇستىخانىلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش؛ قاشتېشى ۋە ئالتۇن كانلىرىنى ئېچىشىمۇ، ئاق مەسچىتكە ئىمام، يۇرتقا قازى، ئابلىز قارىيغا كويئوغۇل بولۇش، ھەتتا بازار بېگى نادىرخان، ئىشبېشى ئابدۇراخمان كۆككۆزلەرنى ئەپچىللىك بىلەن كۆزدىن يوق قىلىشى... ئۇنىڭ ئاشۇ ئاچ كۆزلۈكى، ناشۇكۇرلۇكى ۋە ئۇنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولغان قارا نىيىتىنى ئاساس قىلىدۇ. بۇنداق ئاچ كۆزلۈكنى نىياز ھېكىمبەگ بىلەن سېيىت ھاجى خاراكتېرىنىڭ يادروسى دېسەك، بۇ ئىككى شەخسنىڭ ھەممە قىلمىشى ۋە ئۇرۇنۇشلىرى ئاشۇ يادرونى مەركەز قىلىدۇ. ئاچ كۆزلۈك تارىختىكى ھەر قانداق بىر ئەزگۈچى سىنىپ ۋەكىللىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى دېسەك، نىياز ھېكىمبەگ بىلەن سېيىت ھاجىمۇ دەل ئەزگۈچى سىنىپ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ، ئاچ كۆزلۈكتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدىلىك ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەڭ گەۋدىلىك ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. سېيىت ھاجى چىرىدا تۇرغان بىر مەزگىل ئىچىدە، گەرچە ئاۋام ئالدىدا ئۆزىنى «سەئىد ئەۋلادى» («تۇندىكى چاقماق» رومانى 70 - بەت) دەپ ئاتاپ، قولىدىن تەسۋىينى، ئېغىزىدىن ئىماننى چۈشۈرمەيدىغان ئەۋلىيا سۈپەت كارامەت ئىگىسى قىلىپ كۆرسەتسىمۇ، يەنە كېلىپ ئۆزىنى «باشپاناھسىز قالغان بۇ يۇرت» نىڭ قۇتقۇزغۇچىسى، «يۇرت پۇقرالىرىنى ئەمىنلىك، ئىناقلىققا باشلاش يولىدا باش قاتۇرماقتىمەن، بۇ يەردىمۇ ئاقپاشا يېرىدىكىگە ئوخشاش تەرتىپ - قائىدە تۇرغۇزۇشقا، ئاۋاتلىق، مەمۇرچىلىق بەرپا قىلىشقا تۇتۇنماقتىمەن» («تۇندىكى چاقماق» رومانى 74 - بەت) دەپ پو ئاتسىمۇ، لېكىن ماڭغان - تۇرغانلا يېرىدە نىزاھ پەيدا قىلىپ، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالىدۇكى، ھەمىشە «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس قاتارلىق مۇقەددەس كىتابلارنى شېپى كەلتۈرۈپ دەيدىغان بىرەر

كەلىمە سۆزىگە لايىق قىلچىلىك بىرەر ياخشى ئىش قىلمايدۇ. نىياز ھېكىمبەگنىڭ خوتەنگە ھاكىمبەگ بولغان 10 يىلىنىلا ئالغاندىمۇ، گەرچە ئۇ ئۆزىنى ياقۇپبەگنىڭ ئالدىدا: «جانابىي بۇرادىرىمىز نىياز ھېكىمبەگ گۈزەل خوتەن دىيارىنى مۆرۈۋەتلىك ئالىيلىرىنىڭ چوڭ ئىلتىپاتى ۋە ئامانىتى دەپ بىلىپ، ئادىللىق، ئاسايىشلىقتا تەسەررۇپ قىلىپ تۇرۇپتۇ» («داغ» رومانى 253 ـ بەت) دەپ ماختانغان بولسىمۇ، لېكىن خوتەن كاتتىلىرىغا: «ئالدىڭلاردا تۇرغىنى يۇرت ھاكىم بېگى نامىغا بەرپا قىلىنىمىش 12 ئوردىنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر، خوتەن دىيارىدا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان بۇ مۆجىزاتنى قانغۇچە كۆرۈپ، كۆزۈڭلارنى مۇنەۋۋەر قىلىڭلار» («داغ» رومانى 477 ـ بەت) دەيدۇ. بۇ بىر جۈملە سۆزىدىن ئۇنىڭ خوتەندە تۇرغان 10 نەچچە يىلدا خوتەن خەلقىنى قانچىلىك ئەزگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. نىياز ھېكىمبەگلەر يۇرگۇزگەن قەتلىئامدا يولدىشىدىن، ئوغلىدىن ئايرىلغان بىر ئانا ئاچارچىلىقتىن قەغىش قىلىۋاتقان بالىلىرىنى سىلەرگە چامغۇر پىشۇرۇپ بېرىمەن دەپ، قازانغا تاش سېلىپ قاينىتىپ ئالدايدۇ («داغ» رومانى 112 ـ بەت)، ئايمۇھەممەتنىڭ لايىقى سالامەتخان ئاچارچىلىق ئاپىتىگە چىدىماي، ئۆزىنىڭ قىزلىق ئىپپىتىنى، غۇبارسىز مۇھەببىتىنى تۆت چارەك (36 كىلوگرام) قوناق مېھىر ھەققى قىلىنغان غايىب بىر نىكاھقا تېگىشىشىۋېتىدۇ («داغ» رومانى 162 ـ بەت) ... ئەمما نىياز ھېكىمبەگ ئۆزىنىڭ ئوردىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ ئادەم بويى كېلىدىغان تاملىرىنى پۇتۇنلەي تۇخۇمنىڭ ئېقىدا يۇغۇرۇلغان ئاق سېغىزدا سۇۋىتىدۇ («داغ» رومانى 477 ـ بەت)، بۇ ئۇنىڭ ئاچ كۆزلۈكىنىڭ ئىنتايىن روشەن ۋە ناھايىتى كىچىك بىر دەلىلىدىن ئىبارەت.

ئۆزى دۈچ كېلىۋاتقان ئوبيېكتنى ئىنتايىن ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەھلىل قىلىش، ئوبيېكتنىڭ ئەڭ ئاجىز ھالقىسىدىن قول سېلىش ئارقىلىق كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىش جەھەتتە، نىياز ھېكىمبەگ بىلەن سېيىت ھاجى تومۇرداش شەخسلەر ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، نىياز خوتەندە ھاكىمبەگ بولغاندا، خوتەن خەلقىنىڭ قانلىق تارىخى ۋە قەيسەر خاراكتېرى ئۈستىدە ئەتراپلىق تەھلىل ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ خالمان پانساتتىن سوراپ، جاۋابسىز قالغان بىر سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بېرىپ شۇنداق دەيدۇ:

«دۇرۇس، خوتەندە مازار ـ ماشايىخلار ساماندەك تولا، دېمەك خوتەندە، خوتەنلىكلەرنىڭ قولىدا شۈبھىسىز بولغان سەركەردە، ئەمەلدارلارمۇ ساماندەك تولا. ئۇلار شەمشەر يالىڭاچلاپ، تۇغ تارتىپ، قاياقلاردىندۇر كېلىپ بۇ گۈزەل يۇرتنى ئەل قىلىشماقچى بولۇشقان، خوتەنلىكلەرنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى، خۇي ـ پەيلىنى ھېسابقا ئالمىغان. مانا مۇشۇ چوڭ خاتالىق ئۇلارنى ئەجەل ئاغزىغا سۆرەپ ئاپارغان. ئەرەب دەشتىنى، خارەزىم دالالىرىنى تىترەتكەن ئەرەب، پارس سەركەردىلىرىنىڭ سەۋەنلىكىمۇ، ئىككى ئەۋلاد قاراخانىلار سۇلتانلىرىنىڭ خاتاسىمۇ دەل مۇشۇ يەردە. خۇللاس، خوتەنلىك جاھىللار بىلەن يۈزمۇيۈز تۇتۇشقان ھەر قانداق ئەخمەق سەركەردە خوتەندە ئەزەلدىن نۇسرەت قازىنالمىغان. جەڭگە ئەمەس، رەڭگە، يەنى ئەقىلغا تايانغانلارلا بۇ زېمىندا پۇت دەسسەپ تۇرالىغان ...» («داغ» رومانى 400 ـ بەت). شۇڭا، نىياز ھېكىمبەگ «بىلىش كېرەككى، پۇقرانىڭ مەنئۇيىتىنى رام قىلالمىغۇچە، يۇرتنى ئەل قىلغىلى بولمايدۇ، يۇرت ئالغاندا قىلىچ ياكى پەمگە، يۇرت سورىغاندا ئەقىلغا تايىنىشتىنمۇ ئوبدانراق چارە بولمىسا كېرەك ...» («داغ» رومانى 141 ـ بەت) دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ.

سېيىت ھاجىغا قاراپ باقايلى:

«پېقىر بۇ يەرگە كارۋان تارتىشتىن بۇرۇن، سودا قىلىپ ئۇ تەرەپلەرگە بېرىپ قالغانلاردىن ھازىرقى خوتەنلىكلەرنىڭ مىجەز ـ خۇلقى توغرىسىدا كۆپ گەپلەرنى ئاڭلىدىم. ئۇلار سىرتىدىن قارىغاندا ياۋاشتەك تۇرغىنى بىلەن، ئىچى كۈچلۈك، مۇبادا ئانىي تاپىمەن دېسەڭ، سېنى ئەسلا كەچۈرمەيدۇ. بىرنى بىر دەپ، ئۈز ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇپ، سەن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىدۇ. ئۇنداق چاغلاردا ئۇلار بىر ئاپەت، توسقىلى بولمايدىغان بىر سەل. تۈركىستان تارىخىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئۇنداق ئىشلار ئاز ئەمەس» («تۇندىكى چاقماق» رومانى 259 ـ بەت).

«چىرىيىنىڭ ھەر بىر تېشى ئۆزگە يۇرتتىن كەلگەنلەرنىڭ قېنى بىلەن بويالغان. ھەر بىر زەررە تۇپرىقى سىرتتىن جاھات ئېچىپ كەلگەنلەرنىڭ يېشى بىلەن نەمدەلگەن. ئاشۇ قېتىمقى جەڭدە شۈبھىسىز بولغان 20 نەچچە مىڭ لەشكەرنى قويۇپ تۇرايلى، مەشھۇر لەشكەر باشلىقلىرى ۋە سىپاھلاردىن ئىمامى نەسرىددىن، ئىمامى مۇئىددىن،

ئىمامى زوھىرىدىن، ئىمامى قەۋمىددىن، قاسىم ئۇشلارنىڭ قەبرىسى مانا مۇشۇ يۇرتتا ياتىدۇ. بۇ قەبرىلەر ۋە بۇ شېھىتلىكتىكى مازارلارنىڭ خادىملىرى بىزنى قورال كۈچى بىلەن ئەمەس، ئەقىل كۈچى بىلەن ئىش كۆرۈشكە ئۈندەيدۇ ...» («تۇندىكى چاقماق» رومانى 260-، 261- بەتلەر).

«... بە دۆلەت ئالىيلىرى خوتەن پادشاھى ھەبىبۇللاخان خوجىنى ھىيلە شارابى بىلەن مەستۇمۇستەغرەق ئەيلەپ خوتەننى پەتھى قىلغاندا، ئىلچىغا بېرىپ ،ھاجى ئاتامنى تېپىپ بەر، دەپ غوۋغا قىلىپ، غازاتچىلار بىلەن كالتەك، چوماق ئارقىلىق تۇتۇشقان نەچچە تۈمەن ئادەمنىڭ يېرىمى چىرىلىق، بۇلار مانا مۇشۇنداق توپىلاڭچى خەق. ئاچچىقى كەلسە خۇدادىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدۇ» («تۇندىكى چاقماق» رومانى 261 - بەت).

«دېمىدىممۇ، بىز بۇ يەردە يۇسۇپ قادىرخاننىڭ يولىنى تۇتمايمىز، بەلكى بە دۆلەت ئالىيلىرىنىڭ يولىنى تۇتىمىز.
— ئۇ ئالىيلىرى قانداق يول تۇتقاندىكەن؟
— قانداق يول تۇتاتتى، خوتەنلىكلەرنىڭ قىلىچ، نەيزە بىلەن بويسۇندۇرالمىغان قەلبىنى دىنىي ئېتىقاد مايىللىقى بىلەن ئەيۋەشكە كەلتۈرگەن! رىۋايەتلەردىن مەلۇمكى، نىياز ئىشىكئاغىسى ھەبىبۇللاخانغا ئەجەل شەربىتى ئىچۈرۈپ، نۇرغۇن ئادەمنىڭ قېنىنى دەريا قىلىپ ئاققۇزۇپ، خوتەن تەختىدە ئولتۇرغان بولسىمۇ، پۇقرانىڭ مەنەن مايىللىقىنى زادى قولغا كەلتۈرەلمىگەن. بىرنى ئۆلتۈرسە، مىڭى تىرىلىپ قوپقان. ئىسيان، قوزغىلاڭ زادى بېسىقمىغان. ئاخىرىدا ئۇ خوتەنلىكلەرنىڭ مىجەز - خۇلقىنى پۇختا بىلىۋالغاندىن كېيىن، خەزىنىدىن ئانچە - مۇنچە پۇل ئاجرىتىپ، ماڭدامدا بىر مەسچىت سالغان، مازارلارنى تىكلەپ، ئىستىقامەتنى باشلىۋەتكەن. ئوردىدىمۇ نۇرغۇن راست - يالغان قارىيلارنى قىرائەت قىلدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن پۇقرانىڭ كۆڭلى ئېرىپ، كالتەك، توقماقلارنى تاشلاپ، ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئىسيان قىلىشنى ئۇنتۇپلا كەتكەن ... ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، نۇرى كەنتىدىكى تۆت ئىماملىرىم مازىرىنى نىياز ھېكىمبەگ ئىشىكئاغىسى ئۆز خىراجىتى بىلەن زىننەتلەپ، 40 قوينىڭ گۆشى پاتقۇدەك داش قازان ياساتقانمىش، ھەتتا ئۆزى بۇ مازار زىيارىتىدە بوپتىكەنمىش،

(«تۇندىكى چاقماق» رومانى 264 ـ، 265ـ بەتلەر).
نىياز ھېكىمبەگ ۋە سىيىت ھاجىنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرى بىرىنچىدىن، بۇ ئىككى شەخسنىڭ خوتەن دىيارىنىڭ ئەرەب ئىستىبلاسى ۋە يۇسۇپ قادىرخان دىنىي يېغىلىقىدىن بۇيانقى قانلىق ۋە شانلىق تارىخىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق بۇ يۇرت خەلقىنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى ناھايىتى پىششىق ئىگىلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۇقۇرمەن يۇقىرىقى بايانلارنى ئوقۇۋېتىپ، ئەجدادلىرىنىڭ تارىختىن بۇيانقى قەھرىمانلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك جاسارىتىگە، ھەتتا نىياز ھېكىمبەگ ۋە سىيىت ھاجىغا ئوخشاش دۈشمەن كۆچلەرنىڭمۇ قايىل بولغانلىقىنى چۈشىنىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، بۇ مىللىي ۋە سىنىپىي زومىگەرلەرنىڭ ئۆز مۇددىئالىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھۇجۇم نىشانى سۈپىتىدە خەلقىمىز ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ ئەجەللىك نۇقتىلارنى قارىغا ئالغانلىقىنى بىلىدۇ، ئاخىرىدا، نىياز ھېكىمبەگ بىلەن سىيىت ھاجى يولغا قويغان خەلقنى نادانلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.
سىيىت ھاجى چىرىدا «ئىسلام ئەقىدىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ۋەجىدىن يۇرت يۇقىرالىرىغا بىر كاتتا مەدرىس سېلىپ بەرمەكچى» («تۇندىكى چاقماق» رومانى 265 ـ بەت) بولىدۇ. لېكىن ئۇ ھاپىز مەخسۇمغا:
«پېقىرنى مەدرىسە سېلىپ، قارىغۇنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويسا كېرەك دەپ ئويلاپ قاپتۇلا ـ دە ... ئەيسانىڭ ئېشىكى مەككىگە 40 قېتىم بارسىمۇ، يەنە ئېشەكلىكىنى قىلىۋېرىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، قارىغۇ قارىغۇ پېتىچە قېلىۋېرىدۇ ۋە يېتىلگەن يېرىگە ياق دېمەستىن ماڭىۋېرىدۇ» («تۇندىكى چاقماق» رومانى 266 ـ بەت) دەيدۇ. ئۇ يەنە ھاپىز مەخسۇمغا رەئىيەنى ئاسارەت ئىچىدە تۇتۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ («تۇندىكى چاقماق» رومانى 267 ـ بەت).
مەيلى نىياز ھېكىمبەگ ياكى سىيىت ھاجى بولسۇن، ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقاد مايىللىقىنى خەلقىمىز خاراكتېرىنىڭ ئەڭ ئاجىز ھالقىسى دەپ قارىغان. ئۇلار ئۆزلىرىنى يۇقىرا ئالدىدا ناھايىتى تەقۋادار مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسەتكەن. ئاندىن، جاي ـ جايغا مەسچىت ـ خانىقالارنى سالدۇرغان. ئۆتمۈشتە خۇۋلۇق كۆرمىگەن خەلقىمىز

ئۆزلىرىنىڭ بەختىيار تۇرمۇش ھەققىدىكى ئارزۇ - غايىلىرىنى ئۆلگەندىن كېيىنكى دۇنياغا باغلاپ، قورسىقى تويمىسىمۇ، ئىبادەت بىلەن بولىشۋەرگەن. نىياز ھېكىمبەگ ۋە سېيىت ھاجىلار يۇرتنىڭ بايلىقىنى زۇلۇكتەك شوراپ، ئۆزلىرىنى سەمرىتىشۋەرگەن. بۇنىڭدا ئۇلار ئىشنى ئالدى بىلەن يەرلىك خەلقنىڭ مىجەز - خۇلقىنى چۈشىنىشتىن باشلاپ، ئاندىن ھەرىكەت قىلىشقا ئۆتكەن. مەسىلەن، سېيىت ھاجى چىرا زېمىنىغا قەدەم بېسىپلا، يەرلىك بەگ ئابلىز قارىينىڭ مال - دۇنيا ئۈچۈن جېنىنى بېرىدىغان بېخىللىقىنى بىلىۋېلىپ، ئۇنى ئاچ ئىتقا ئۇستىخان تاشلاش ئۇسۇلى بىلەن ئىندەككە كەلتۈرگەن، ئۆزىنى ئابلىز قارىينىڭ يىقىلاي دەپ قالغان ھاكىمىيىتىنى يۆلەيدىغان غولىماس تاغ «ئاقپاشا» نىڭ ئەلچىسى قىلىپ كۆرسەتكەن، ئابلىز قارىينىڭ ئولتۇرۇپ قالغان قىزىغا خېرىدار بولغان، رەئىيەنىڭ ئالدىدا ھەمىشە قازاندەك سەللىنى ئوراپ، تەسۋىي سىرىپ، بىر قىسىم كىشىلەردە خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلغان ۋە شۇ ئارقىلىق رەزىل مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان ...

يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا، سېيىت بىلەن نىياز ھېكىمبەگ يۇقىرى ئىستىبتىك قىممەتكە ئىگە سەلبىي تىپلاردىن بولۇشقا مۇناسىپ. ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئەخلاق نۇقتىسىدا تۇرۇپ، بۇ ئىككى شەخس ۋۇجۇدىدىكى بارلىق رەزىللىكلەرنى ئېچىپ تاشلىغان ۋە پاش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ھەجۋىي سۈرەتتىكى كۈلكىلىك شەخسلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشتىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلانغان، يەنى سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگكە باشتىن - ئاخىر تىرىك ئادەم سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلغان. بۇ، ھەممىدىن مۇھىمى ئاپتورنىڭ بۇ ئىككى شەخسنى (ئىككى پارچە رومانىدىكى باشقا شەخسلەرگە ئوخشاش) ئىنتايىن مول بىلىملىك، تەدبىرلىك قىلىپ تەسۋىرلىگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. مول بىلىم ۋە كۈچلۈك تەدبىرچانلىق بۇ ئىككى ئوبرازنى جانلاندۇرغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ. ئۇقۇرمەندە بۇ ئىككى شەخسنىڭ ھىيلە - مىكىر ۋە رەزىللىك بىلەن تولغان تەپەككۇرىغا بەزىدە يازغۇچىنىڭ تەپەككۇرىمۇ قوغلاپ يېتەلمەيۋاتقاندەك تەسىرات تۇغۇلىدۇ. نىياز ھېكىمبەگ بىلەن سېيىت ھاجى ھەمىشە ھىيلە - مىكىر بىلەن پىلان تۈزىدۇ، ھىيلە - مىكىر بىلەن ئىش بېجىرىدۇ، ھىيلە - مىكىر بىلەن مەقسىتىگە يېتىدۇ.

ھىيلە - مىكىر بىلەن يېڭىدىن - يېڭى شۇملۇقلارنى ئويلاپ چىقىرىدۇ. ئۇقۇرمەن بۇ ئىككى شەخسنىڭ تەپەككۇرىنىڭ تېزلىكى، كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇق، شۇنداقلا توغرىلىقى ئالدىدا ھەيران قالىدۇ، ئۇنىڭغا قايىل بولماي تۇرالمايدۇ. سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگ ئامىتىنىڭ بىر قانچە قېتىم، بەزىدە ھەتتا ئارقىمۇئارقا ئۇتىدىن كېلىشى، قىسمەن تاسادىپىلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن كۆپىنچە ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكىرگە پەۋقۇلئاددە ماھىر ئىكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇلاردىكى ھىيلە - مىكىرگە يۇزلەنگەن بۇنداق مول بىلىم ئۇلارنى ئىنتايىن سەزگۈر قىلىۋېتىدۇ. ئۇلار شۇ سەزگۈرلۈكىگە تايىنىپ خەلقنىڭ بېشىدا ياڭاق چېقىپلا قالماي، يەنە ھاكىمىيەت ۋە مەرتىۋە قاتلىمىدا ئۆز ئالدىدا توغرا تۇرغان ۋە تۇرۇشى مۇمكىن بولغان ھەر قانداق رەقىبىنى ھالاك قىلىدۇ. مەسىلەن، سېيىت ھاجىنىڭ ئابلىز قارىيغا كۈيئوغۇل بولۇشى، كەڭ مەنىدە ئۇنىڭ چىرىغا تېخىمۇ قانۇنلۇق زومىگەر بولۇش ئۈچۈن باسقان ئەڭ مۇھىم قەدىمى. لېكىن بۇۋىمەرىيەم خېنىمغا چاي ئىچۈرۈپ قويۇلغان بولۇپ، ئابلىز قارىيغا كۈيئوغۇل بولغۇچى باشقا بىرى ئەمەس، دەل ھازازۇل ھەنپە خېنىمنىڭ ئىنىسى نادىرخان بايۋەچچە ئىدى. نادىرخان سېيىت ھاجى ئۈچۈن ھەر جەھەتتىن كۆشەندە ھېسابلىناتتى. ئابلىز قارىينى كۆزگە ئىلمايدىغان نادىرخان سېيىت ھاجىدەك كەلگۈندىلەرنى ئاللىقاچان پوش دەيتتى. ئەمما، شۇ تۇردىكى كىشىلەردە بولىدىغان ئاچ كۆزلۈك كېسىلى بۇ بايۋەچچىدىمۇ شىپا تاپمىغۇدەك دەرىجىدە ئېغىر ئىدى. سېيىت ھاجى بۇ كۆشەندىسىنى چوڭقۇر كۆزىتىپ، ئاخىر ئۇنى «ئاقپاشا» ئېلىگە بېرىپ، مېھنەتسىزلا باي بولۇپ كېلىشكە قىزىقتۇرۇپ، كارۋان بىلەن يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئۆز مەقسىتىگە يېتىدۇ ...

سېيىت ھاجى ئۈچۈن ئالغاندا، كونسۇل ئالدىدا يەرگە قاراپ قېلىش دېگەنلىك، ئۇنىڭ ئۆز قىممىتىنى تامامەن يوقاتقانغا باراۋەر، چۈنكى سېيىت ھاجى ئۆز ئېلىگە ئاسىيلىق قىلغان مۇناپىق، ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۇ قەشقەردىكى ئاشۇ كونسۇلغا سېتىلغان. ئۆز قىممىتىنى يوقاتقان مۇناپىقنىڭ خوجايىنى ئالدىدىكى قىممىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سېيىت ھاجى ئاسماندىكى كۈندەك روشەن بىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ كونسۇلدىن ئەجرىگە لايىق مۇكاپات تەمە قىلىپ يۈرگەندە،

قاياقتىن پەيدا بولغان ئابدۇراخمان كۆك كۆز سېيىت ھاجىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ قالدى. نادىرخاننىڭ سېيىت ھاجىدىن ھېساب ئالغىلى كەلگەن ئەپچىل پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئابدۇراخمان كۆك كۆزنى نادىرخاننىڭ قولى ئارقىلىق ئۆجۈقتۇرۇپ، نادىرخاننى كونسۇلغا جازالىتىش ئۈچۈن قەشقەرگە يولغا سالدى ۋە بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش مەقسىتىگە يېتتى.

نىياز ھېكىمبەگنىڭ خوتەندىن قەشقەرگە — ياقۇپبەگ ھوزۇرىغا بارماقچى بولغاندا دۇچ كەلگەن مەسىلىسى، ئۆزى خوتەندە بولمىغان مەزگىلدە خوتەننى قانداق ئىدارە قىلىش مەسىلىسى ئەمەس، چۈنكى نىياز ھېكىمبەگ «خوتەنلىكلەرنى ئەيلىگەن تېرىدەك يۇمشىتىۋەتكەن» (داغ» رومانى 509 - بەت)، ئۇنىڭ ئەنسىرەيدىغىنى ھاكىمبەگلىك تەختى ئىدى. شۇڭا نىياز سەپەرگە چىقىش ئالدىدا خالمان پانسات، تۆمۈر خەزىنىچى بەگ ۋە موللاجى تۇراپ بىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۇچرىشىپ، ئۇلار ئارىسىغا ئۆمۈرلۈك ئاداۋەت ئۇرۇقى تېرىيدۇ. بۇ ئۇرۇقلار نىياز ھېكىمبەگ قەشقەرگە بېرىپ كەلگۈچە بولغان قىسقىلا ۋاقىتتا ئۈنۈپ، باراقسانلاپ، مېۋىگە كىرىدۇكى، نىياز ھېكىمبەگ ئۇنىڭدىن ناھايىتى ھوزۇرلىنىدۇ، قانائەت ھاسىل قىلىدۇ. نىياز ھېكىمبەگ ئاشۇنداق ھىيلىگە تايىنىپ، قۇدالايىنىڭ سىرىنى بىلىۋېلىپ، ئۇنى ئىندەككە كەلتۈرىدۇ، تۆمۈر خەزىنىچى بەگ ۋە ئىلياس مىرزىلارنى كۆزىدىن يوقىتىدۇ... سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى ھىيلە بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلار كۆڭلىدە ھەممە ئادەمگە قارا سانايدۇ، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە ئىشەنمەيدۇ، بۇ دۇنيادا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق يېقىن ئادىمى بولمايدۇ، ئۆمۈرۋايەت يېگانە ياشايدۇ.

ئېغىزدا بىر خىل، كۆڭۈلدە بىر خىل بولۇش سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگ ۋۇجۇدىدا يەنە بىر ئورتاقلىق شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ نۇقتىدا مەيلى سېيىت ھاجى ياكى نىياز ھېكىمبەگ بولسۇن، ھېچقايسىسى ئۆز مۇددىئاسىنى ئاسان ئاشكارىلىمايدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ ئىچكى مۇددىئاسى ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى كۈچلۈك ئىچكى ئىنېرتسىيە ھاسىل قىلىدۇ، سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگ بەزىدە تاشقى كۈچنىڭ تەسىرىدە مۇددىئاسىغا خىلاپ گەپ - سۆز ۋە ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ

ھەرىكىتى كۆپىنچە ئاشۇ ئىنېرتسىيىنىڭ ئىدارە قىلىشى نەتىجىسىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

نىياز ھېكىمبەگ خوتەندىن ياقۇپبەگنىڭ ھوزۇرىغا ئاخىرقى قېتىم سالامغا كەلگەندە، ياقۇپبەگنىڭ زوزۇڭتاڭ، ليۇجىنتاڭلار تەرىپىدىن يېڭىلىش ئېھتىماللىقى روشەنلىشىپ قالغانىدى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ياقۇپبەگ نىياز ھېكىمبەگنى بىرەر توغرا مەسلىھەت بېرەرمىكىن دېگەن تەمەدە ئالدىغا چىللاپ، داستىخان سېلىپ، بىرلىكتە غىزالىنىپ ئولتۇرىدۇ. نىياز ھېكىمبەگ ياقۇپبەگنىڭ ئۆزىنى تەڭتۇشتەك كۆرۈپ، بۇنچىلىك مول داستىخانغا داخىل قىلىشىنى ئۆزى بىلگەنچە مۇلاھىزە قىلاتتى: «ئېھتىمال مېنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلايدىغانسەن، لېكىن بىلىپ تۇرۇپتىمەنكى، مانجۇلارنىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا پادىشاھلىق كىبىرىڭنى تاشلاپ، بۇرۇن تۇزۇكرەك قاپاق ئاچمايدىغان ئادىمىڭگە ئەمدى بۇ تەرىقە ھەش-پەش قىلىۋاتىسەن. كېچىككەن بولساڭمۇ ھېلىھەم مېھمان قىلىۋەر. بىراق ۋاقتى - سائىتى كەلسە، نىياز ھېكىمبەگنىڭ كۈچلۈكلەرگە تالىق تەقدىرىنى بىر تاۋاق ئاش، بىر كەلىمە چىرايلىق گەپ ھېسابىغا ئاجىزلارغا باغلاپ قويمايدىغان ئادەملىكىنى ئوبدان بىلىپ قالىسەن» («داغ» رومانى 507 - بەت).

بۇنداق ئىچكى ئىنېرتسىيە، مېنىڭچە، بۇ ئىككى ئوبرازنىڭ ئەڭ جانلىق، ئۇقۇرمەننى ئەڭ كۈچلۈك جەلپ قىلىدىغان تەرەپلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا يازغۇچىنىڭ روھىي دۇنيانى تەسۋىرلەش ماھارىتى تولۇق نامايان قىلىنغان. يازغۇچى بۇ ئىككى روماندا ئەخلاقىي مەنىدىكى سەلبىي شەخسلەرنىلا ئەمەس، يەنە شۇ ئەخلاقىي مەنىدىكى ئىجابىي شەخلەرنىمۇ، مەسىلەن، سۇپۇرگە ئاخۇن، ئابدۇللا چاققان، كېپەك دەرۋىش، قاۋۇل قازانچى قاتارلىقلارنىمۇ كۈچەپ تەسۋىرلىگەن، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنىمۇ ئۆزىنىڭ تېگىشلىك يۈرەك قېنىنى سىڭدۈرگەن بولسىمۇ، ئاساسلىق زېھنىنى يەنىلا سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگكە، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى تەسۋىرلەشكە مەركەزلەشتۈرگەچكە، باشقا شەخسلەرگە قارىغاندا بۇ ئىككى شەخس ئۇقۇرمەنگە ئالاھىدە جانلىقلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ. يازغۇچى بولۇپمۇ نىياز ھېكىمبەگ ئوبرازىنى ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى چوڭقۇر قېزىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ تۇرۇپ

ياراتقاچقا، بۇ ئوبراز نورمال ھېسسىياتتىكى ئوقۇرمەننى شۈركۈندۈرگۈدەك دەرىجىدە جانلىقلىققا ئىگە قىلىنغان. نىياز ھېكىمبەگنىڭ خاراكتېرىنى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان، تۇتامى يوق، شۇنداقلا تولۇق مۇقىملاشقان خاراكتېر دېيىشكە بولىدۇ. بۇ يەردىكى «تۇتامسىز» لىق نىياز ھېكىمبەگ خاراكتېرىنىڭ چېچىلاڭغۇ ئىكەنلىكىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مەۋقەدىكى تۇراقسىزلىقىغا قارىتىلغان. نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۆمرىدە بىر قانچە خوجايىنىنىڭ يالىقىنى يالىغانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنداق تەھلىلنى بەلكى نىياز ھېكىمبەگ قوبۇل قىلالماسلىقى مۇمكىن، چۈنكى نىياز ھېكىمبەگنىڭ كىشىلىك ھايات پەلسەپىسى ئاجىزلارنى يېقىتىپ، كۈچلۈكلەرگە بېقىنىشتىن ئىبارەت. يەنە كېلىپ، نىياز ھېكىمبەگ بىر ئۆمۈر دەل شۇ ئۇسۇلنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپ كەلگەن. لېكىن، مېنىڭ قارىشىمچە، نىياز ھېكىمبەگنىڭ خوجايىنلارنى ئۈزلۈكسىز ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشتىن ئىبارەت مەۋقە تۇراقسىزلىقى دەل پسىخولوگىيە جەھەتتىن ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئىزچىل مۇقىملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ مەۋقەسىدىكى نىسپىي تۇراقسىزلىقى بىلەن خاراكتېرىدىكى مۇقىملىق بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ ۋە تولۇقلايدۇكى، مۇكەممەللىك دەل ئۇنىڭ مەۋقەدىكى تۇراقسىزلىقى ئارقىلىق ئاندىن ئىشقا ئاشىدۇ. نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئىنسانىي پەزىلەت ۋە مېھىر - مۇھەببەتتىن تامامەن مەھرۇم بولغان قورقۇنچلۇق مەخلۇققا ئايلىنىپ كېتىشىمۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ مەۋقەسىنىڭ ئاشۇنداق تۇراقسىزلىقىدىن ئايرىلمايدۇ.

ئۆز قەۋمىگە خائىنلىق قىلىدىغان مىللىي مۇناپىقلىقتا سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگ خاراكتېرى يەنە بىر قېتىم تۈز سىزىق ھاسىل قىلىدۇ.

سېيىت ھاجى ئىلچىدا تۇغۇلغان، بالاغەتكە يەتكەندە، ئاچ كۆزلۈك يۈزىسىدىن چاررۇسىيە جاھانگىرلىكى يايغان جاسۇسلۇق تورىغا چۈشۈپ قېلىپ، مىللەتنىڭ ساتقىنىغا ئايلىنىپ كەتكەن. كېيىنچە، چاررۇسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئېلىمىزنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى پارچىلاشتىكى تاجاۋۇزچىلىق سۈيىقەستىنىڭ ۋاستىچىسى بولۇپ، بۆرىنى قوي قوتىنىغا باشلاپ كىرگەن. نىياز ھېكىمبەگنىڭمۇ پۇشتىنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىندىك

قېنى يەكەنگە تۆكۈلگەن. لېكىن، ئۇنىڭ كاللىسىدا مىللەت، قەۋم، يۇرت دېگەن ئۇقۇملار ئاللىقاچان يوقالغان، نەپ دېسە، نىياز ھېكىمبەگ ھېلىغۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىكەن، نۆۋىتى كەلسە ئەرلىكىنىڭ سىرتقى بەلگىسى بولغان ساقال - بۇرۇتىدىن، ھەتتا مىللىتى، قەۋمىدىنمۇ ۋاز كېچىدۇ. سېيىت ھاجى، نىياز ھېكىمبەگ ۋە ياقۇپبەگلەر ئەخلاق جەھەتتىن بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان رەزىل كىشىلەر، سىنىپىي تەۋەلىك جەھەتتىن خەلق دۈشمەنلىرى بولۇپ، نىياز ھېكىمبەگ بىلەن ياقۇپبەگ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت باشتىن- ئاخىر بىر - بىرىدىن پايدىلىنىش ۋە پايدا - نەپ ئۈستىگىلا قۇرۇلغان. ياقۇپبەگنىڭ نىياز ھېكىمبەگدىن بەزىدە ئېھتىيات قىلىپ ھەزەر ئەيلەشلىرىدىن تارتىپ ئاخىر مەسلىھەت سوراشلىرىغىچە، نىياز ھېكىمبەگ بىلەن ياقۇپبەگدىن ئىبارەت ئىككى شەخسنىڭ بىر - بىرىدىن پايدىلىنىش جەريانى، نىياز ھېكىمبەگ بىلەن ياقۇپبەگدىن ئىبارەت ئىككى ئىتنىڭ بىر پارچە ئۇستىخاننى تالىشىش جەريانىدىن ئىبارەت ...

خۇلاسە قىلغاندا، سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگنى گەرچە زامان بىلەن ماكان مەلۇم فىزىكىلىق ئارىلىق بىلەن ئايرىپ تۇرسىمۇ، لېكىن خاراكتېر جەھەتتىكى يۇقىرىقى ئورتاقلىق ئۇلارنى بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە ئەكىلىپ جۈپلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سىممېترىك بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلىپ، بىرىنىڭ خاراكتېرىنى يەنە بىرى تولۇقلايدىغان قوشكېزەك شەخسلەرگە ئايلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، نىياز ھېكىمبەگنى سېيىت ھاجىنىڭ ئەينىكى ۋە ئۇستازى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، سېيىت ھاجى ئۆزىنى ھامان نىياز ھېكىمبەگدىن ئىبارەت ئەينەككە قاراپ توغرىلايدۇ، ھەر ۋاقىت نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئىزىدىن ماڭىدۇ، مېڭىپ بولالمىغان يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. لېكىن، نىياز ھېكىمبەگ ھەر قانچە قىلىپمۇ خوتەن خەلقىنىڭ قەلبىدە يانار تاغ ھاسىل قىلغان قارشىلىقنى ئۆچۈرەلمىگەن، نىياز ھېكىمبەگ ئۇنداق قىلىشقا قادىرمۇ ئەمەس ئىدى. سېيىت ھاجى دەل ئاشۇ يانار تاغنىڭ پارتلاش ئېغىزىدا ئولتۇرغانلىقتىن، يەنە بىرى، زامان ئوخشىمىغانلىقتىن، سېيىت ھاجىنىڭ زومىگەرلىكلىرى ئاشكارا قارشىلىققا ئۇچرايدۇ. يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەتەن ساتقۇچ تاشقى سىياسىتى تۈپەيلىدىن پارتلىغان ھېلىقى يانار تاغ گەرچە گويا

توْندىكى چاقماقتەك تېزلا ئۆچكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نۇرى ئاخىرقى ھېسابتا كىشىلەرگە يورۇقلۇقنىڭ قىممىتىنى تونۇتتى. ئۇنىڭغا قانداق يېتىشىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگەتتى.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم «توْندىكى چاقماق» ۋە «داغ» رومانىدا ئەخلاق نۇقتىسىدا تۇرۇپ سېيىت ھاجى بىلەن نىياز ھېكىمبەگ ۋۇجۇدىدىكى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان رەزىللىكلەرنى ئەڭ كەسكىن، ئەڭ كۈچلۈك ئەيىبلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئېستېتىكا نۇقتىسىدا تۇرۇپ، بۇ ئىككى شەخسنىڭ ئوبرازىنى ھەر تەرەپتىن بېيىتىپ، مۇكەممەل بولغان خاراكتېر دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا ھاقارەتلىك داغلارنى قالدۇرغان نىياز ھېكىمبەگ بىلەن سېيىت ھاجى ئوبرازىنى پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن مۇكەممەل، ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن (يەنى كىشىلەرگە بېرىدىغان تەسىرى نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى زوقى نۇقتىسىدىن) گۈزەل بولغان بەدىئىي ئوبرازلارغا ئايلاندۇرغان. بۇ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ئىككى تارىخىي رومانىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيىتى، ياراتقان يېڭى سەۋىيىسىدىن ئىبارەت. ئاپتور ئۆز ئىجادىيىتى ئارقىلىق رېئاللىقتىكى (شۇنداقلا تارىختىكى) خۇنۇك ۋە رەزىل شەيئىلەرنىڭ يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ قايتا ئىجاد قىلىشى ئارقىلىق سەنئەتتىكى گۈزەل نەرسىلەرگە ئايلىنالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنى پروزا ئىجادىيىتىدىكى يېڭى بىر خىل ئېستېتىك ئىزدىنىش دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ.

مەن «داغ» رومانىنىڭ ئاخىرقى سەھىپىسى بولغان نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى قۇرلىرىنى ئوقۇۋېتىپ، ۋۇجۇدۇمدا مۇشۇ روماندىن ھاسىل بولغان ئاخىرقى بىر قاتتىق سىلكىنىشنى ھېس قىلدىم. ئەسلىدە رومان ۋەقەلىكىنىڭ لوگىكىلىق تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، نىياز ھېكىمبەگنى قەشقەر خان ئامبىلىنىڭ جازالايدىغانلىقى مۇقىملىشىپ قالغانىدى. ئاپتورنىڭ ئۇنى خان ئامبىلىنىڭ قولىدا جازالانغان قىلىپ يېزىشىمۇ تامامەن مۇمكىن ئىدى، بەلكى بۇنداق يېزىش ئەينى دەۋرنىڭ تارىخىي چىنلىقىغىمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى. ئەمما، ئاپتور دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆز قەلىمىنى تارىخىي چىنلىققا خىلاپلىق قىلماسلىق شەرتى ئاستىدا ئۆز ئوقۇرمەنلىرىنىڭ رايى تەرەپكە بۇرايدۇ، يەنى ناۋادا نىياز

ھېكىمبەگنى خان ئامبالنىڭ قولىدا جازالانغان قىلىپ يازغاندا، ئۆز ئوقۇرمەنلىرىنىڭ پسىخىك جەھەتتىن تازا پۇخادىن چىقمايدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، ئۇنى ئايمۇھەممەت بىلەن كېپەك دەرۋىشكە، بولۇپمۇ كېپەك دەرۋىشكە جازالىتىدۇ. كېپەك دەرۋىش نىياز ھېكىمبەگنى ئەزرائىلنىڭ ئېغىزىدىن تارتىۋېلىپ ھاياتلىق ئالىمىدە پەرۋىش قىلغان، ئۇ ئەۋلىيا سۈپەتلىك ئادەم بولسىمۇ، لېكىن نىياز ھېكىمبەگنىڭ زۇلمى دەستىدىن ئۆمۈر بويى خار - زارلىقتا ياشايدۇ. ئۇ نىياز ھېكىمبەگنى ھەممىدىن بەك چۈشىنىدىغان، نىياز ھېكىمبەگنىڭ بارلىق جىنايى شۇملۇقلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولغان ئەڭ ئىشەنچلىك شاھىت. نىياز ھېكىمبەگ خوتەن خەلقىنىڭ كۆز يېشىدا تۈگمەن چۆرگەندە، شۇنداقلا كېپەك دەرۋىشنى پانسات زىندانىدىن «ئازاد قىلىپ»، ئۇنىڭ ئۈستىدىن بىر مۇنچە ئۆسەك سۆزلەرنى تارقاتقاندا، كېپەك دەرۋىش ئۆزىنىڭ نىياز ھېكىمبەگدەك بىر شۇم بالىنى بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىغا مىڭلارچە پۇشايمان قىلىدۇ ۋە خۇدا ئالدىدا نىياز ھېكىمبەگنى ئۆز قولى بىلەن جازالاشقا قەسەم قىلىدۇ، خۇدادىن شۇ چاغقىچە ئۆمۈر تىلەيدۇ. بۇ نۇقتىدا كېپەك دەرۋىش ھەتتا خۇدانىمۇ تەسىرلەندۈرگەندەك قىلىدۇ. يازغۇچى رومانىنىڭ بىر قانچە جايىدا كېپەك دەرۋىشنىڭ بۇ قەسىمىدىن بېشارەت بېرىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرىدا بۇ بېشارەتنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ. يازغۇچى نىياز ھېكىمبەگنى كېپەك دەرۋىشنىڭ قولى ئارقىلىق جازالاش بىلەن بىرىنچىدىن، يورۇڭقاش بويىدىكى قىزغىنچىلىقتىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىپ ئىز - دېرىكى بولمىغان كېپەك دەرۋىش بىلەن ئايمۇھەممەت ھەققىدە ئاخىرقى قېتىم ئۇچۇر بېرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئەڭ ئاخىرقى ھالقىلىق مەسىلىنى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك پېرسوناژى كېپەك دەرۋىشنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا ھەل قىلىدۇ. نىياز ھېكىمبەگنى جازالاپ بولۇپلا، كېپەك دەرۋىشمۇ نەپەستىن قالىدۇ. گەرچە نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۆلۈمى بىلەن كېپەك دەرۋىش ئۆلۈمىنىڭ قىممىتى ئوخشاش بولمىسىمۇ، يەنى كېپەك دەرۋىشنىڭ ئۆلۈمى شەرەپلىك ئۆلۈم بولسىمۇ، ئوقۇرمەندە نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۆلۈمىدىن ھاسىل بولغان پۇخادىن چىقىش تەسىراتى بىلەن كېپەك دەرۋىشنىڭ ئۆلۈمىدىن ھاسىل بولغان ئارمانسىزلىق تەسىرات بىرىكىپ، بىر خىل ئارىلاشما، مۇرەككەپ ھېسسىيات

شەكىللىنىدۇ، ئۇقۇرمەندىكى بۇ خىل ھېسسىيات كېپەك دەرۋىشنىڭ ئاخىرقى تىنىقىدىن ئۆز ئۆزىدىن قانائەتلىنىش ھېسسىياتى بىلەن بىر تۈز سىزىق ھاسىل قىلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئۆز ئۇقۇرمەنلىرىنىڭ مەنە مايىللىقىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنى ئاخىرقى قۇرلارغىچە تولۇق رازى قىلىدۇ، ئۆز ئۇقۇرمەنلىرىنى روھىي جەھەتتىن بولىسمۇ پۇخادىن چىقىۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

---



ئابدۇللا مەتقۇربان 1959-يىلى ئاۋغۇستتا چىرا ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1983-يىلى مايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ھازىر ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي ژۇرناللىرىدا «پىسخىك ئانالىز ھەققىدە»، «مودېرنىزىم ئەدەبىياتى ھەققىدە»، «مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسى ھەققىدە» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلدى. «چەت ئەل ئەدەبىياتى» (ياۋروپا، ئامېرىكا قىسمى)، (ئاسىيا، ئافرىقا قىسمى) ناملىق ئىككى كىتابى 2001-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئابدۇللا مەتقۇرباننىڭ بىر قەدەر كەڭدىلىك ئىلمىي ئەمگەكلىرى 20-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا كۆرىلىدۇ. ئۇ «تارىم»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «تەڭرىتاغ» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا نەزەرىيىۋىلىكى، ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى بولغان بىر يۈرۈش ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئوبزورلارنى ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىلار شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1994-يىلى «زامانىمىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە مۇھاكىمىلەر» ناملىق توپلام بولۇپ نەشر قىلىندى. 1995-يىلى بۇ كىتاب مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئوبزورلار توپلىمى بولۇپ باھالىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتى قاتارلىق ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى.

مۇھەممەت چاۋار

# شېئىرىي گۈزەللىك ۋە شېئىرىي ئىجادىيەت

مەن يېقىندا ئابدۇللا سۇلايماننىڭ «يورۇڭقاش ناخشىلىرى»، «ھايات ئۈنچىلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلاملىرىدىن كېيىنكى «بۇ — مۇھەببەت، بۇ — ياشلىق» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ھاياجان ئىچىدە تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتىم. دەرھەقىقەت، نۆۋەتتە ئۇيغۇر شېئىرىي ئىجادىيەت ئېستېتىكىسى يۈكسەكلىك، چوڭقۇرلۇق، كەڭلىك ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىككە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان جۇشقۇنلۇق پەيتتە كىملەرنىڭدۇ شېئىردىن بىزار بولۇشى، يەنە كىملەرنىڭدۇ شېئىرىيەتتىن ھوزۇر ئېلىش ئوبيېكتى جەھەتتىن ئېيتقاندا چۈشىنىشكە بولىدىغان ئەقىلگە مۇۋاپىق پائالىيەت ھېسابلىنىدۇ. مېنىڭچە بىزدە ئىجتىمائىي ئېستېتىك تەلەپتىن قارىغاندا، شېئىر جان قاقشاتقۇدەك دەرىجىدە كۆپ بولماستىن، بەلكى خېلى زور سالماقتا ئازلىق قىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن شېئىرىي زوق، شېئىرىي ھەۋەس، شېئىرىي ھوزۇر ئۈستىدە سۆزلەش، شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئېستېتىكىسى، پسىخىكىسى ھەققىدە ئىزدىنىش پەخىرلىك ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ.

خەلقىمىز ئۇزاق مەزگىللىك ئىجتىمائىي، تارىخىي پائالىيەت جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئەمگەكچان، تىرىشچان، ئاق كۆڭۈل، دوستانىلىق خىسلىتىنى يېتىشتۈرگەن بولۇپ، غايەت زور ئەقىل - پاراسىتى ئارقىلىق مول ماددىي مەدەنىيەت يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىدە پەخىرلەنگۈدەك مەنىۋى مەدەنىيەتمۇ ياراتتى. شېئىرئۇلار ياراتقان ئاشۇ بۈيۈك مەدەنىيەتنىڭ باشلىنىشى بولغىنىدەك، ئۇنىڭ گۈلتاجىسىمۇ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر پسىخىكىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ تۇرمۇشى باھاسىز ئۆتكەن ئەمەس. ئۇ ھەممە نەرسىگە قىزىقىدۇ، ھەممە نەرسىگە باھا بېرىدۇ، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش،

ھادىسىلەرگە باھا بېرىدۇ، تۇرمۇشقا باھا بېرىدۇ، خىزمەتدىشى، كەسىپدىشى، ئۇرۇق - تۇغقان، ئاتا - ئانا، قوشنىلار — ھەممە نەرسىگە باھا بېرىدۇ. كىمنىڭدۇر مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى، كىمنىڭدۇر مەغلۇپ بولغانلىقى، كىمنىڭدۇر كىيىمۋالغان كىيىمىنىڭ ياراشقانلىقى ياكى ياراشمىغانلىقى... ۋەھاكازالار ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئەدەبىي ھاياتىمىزدىمۇ بىز ھەر كۈنى، ھەر سائەت دېگۈدەك ئەنە شۇنداق قىسقا-قىسقا تەقرىز - باھالاردىن خالىي بولالمايمىز. يېڭىدىن ئېلان قىلىنغان قايسىدۇر بىر رومان، پوۋېست، ھېكايە، شېئىر ياكى تەقرىزنىڭ ئالىلىقاندىقتۇر مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ياكى ئۇنىڭ ئاجىزلىق، يېتەرسىزلىكلىرى ئۈستىدە ئۆيدە، ئىدارىدا، كوچىدا ھەتتاكى كەچكى ئولتۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىدە ھەر دائىم يا ئۇنداق، يا مۇنداق مۇھاكىمىلەر — باھا - تەقرىزلەر، چوقۇشۇشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىككى، شۇنچە قىممەتلىك پىكىرلەر «يېيىلغان ئاياق يېپىلغان بويىچە قالسۇن» دېگەندەك قېلىۋېرىدۇكى، ئاشكارا سورۇنلاردا، بولۇپمۇ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىش غەلىتىلىك، شۈبھىلىك تۇيۇلىدۇ. ھەتتا جامائەت ئارىسىدىكى نادانلىق تۈپەيلىدىن، ئۇنۇملۇك باھا تەقرىزنىمۇ ئىجادىيەتكە توسقۇنلۇق، ئاپتورنى ئۇجۇقتۇرۇش دەپ قارىلىدۇ. بۇ خىل ھالەت ئۇيغۇر بەدىئىي ھاياتىنىڭ زامانىمىزدىكى تەرەققىياتىغا تولىمۇ ماس كەلمەيدۇ. شۇڭا قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، بۇ خىل تۇرغۇنلۇق، بىكىنمىلىك قاراشنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش كېرەك. باغۋەنسىز باغ بولمىغىنىدەك، باھا - تەقرىزسىز ئەدەبىياتمۇ بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن مەن شائىر ئابدۇللا سۇلايماننىڭ يۇقىرىقى ئۈچ پارچە كىتابى ئاساسىدا ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيەت يولىنى ئومۇملاشتۇرۇپ (داستان ئىجادىيىتى بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس) ئۆگىنىش جەريانىدىكى قاراشلىرىمنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن. ئۇستازلارنىڭ، كەسىپداشلارنىڭ تۈزىتىش - تەنقىد بېرىشىگە تەلەكداشمەن.

1

مەلۇم بىر شائىرنىڭ ئىجادىي ھاياتىنىڭ باشلىنىشى ئۇنىڭ ھاياتقا ئىنتىلىش كۈچىنىڭ شېئىر زېمىنىدا بىخلىنىۋاتقانلىقىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

شائىر ئابدۇللا سۇلايمان ئۆزىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىنى ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىن باشلىدى، ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى 1964 - يىلى ئېلان قىلىنغان. بۇنىڭدىن شائىرنىڭ ئانچە كىچىكمەيلا ھاياتىنىڭ شېئىرىي ھاياجانلىق مۇساپىسىگە قەدەم قويغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ. ئەدەبىيات سېپىدە بەزى كىشىلەر ھامان ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى، ئىجادىي پائالىيىتىنى نەسەبىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، تالانتىنىڭ ئىرسىيەتلىكى بىلەن باغلاپ ئىزاھلاشقا ھېرىسمەن كېلىدۇ. مەلۇمكى، ئادەتتە شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ باشلىنىشى شائىر ئورگانىزمىنىڭ ھېسسىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى بىلەن باغلىق بولىدۇ. جانلىق ئورگانىزم (شائىر) بىلەن تۇرمۇشنىڭ ئۆز ئارا تەسىر قىلىش كۈچىدىن پەيدا بولغان ھاياجانلىق ھېسسىيات ئارقىلىق قاناتلانما تەسەۋۋۇرنىڭ، خىيالنىڭ شەكىللىنىشى، مۇقەررەر ھالدا شېئىرىي ئىنتىلىشنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئېرۋا پسىخولوگىيىسىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئادەم مېڭىسىنىڭ ئەقلىي كۈچىنىڭ ئۆسۈشى تۆت ياشتا %15 گە، سەككىز ياشتا %60 گە يېتىپ، 17 ياشتا تولۇق يېتىلگەن بولىدۇ. چەت ئەللەردىكى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى كۆپ سانلىق شائىرلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش تارىخىدىن قارىغاندا، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ يەتتە ياشتىلا تۇنجى شېئىرىنى سورۇندا ئوقۇغانلىقى؛ پۇشكىننىڭ 7، 8 ياشتىلا شېئىر يازغانلىقى؛ پوتېرنىڭ 14 يېشىدا شېئىر توپلىمىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىدەك مىساللارنى كۆپلەپ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ 10 نەچچە يېشىدىلا تۇنجى شېئىرى ئېلان قىلىنغان شائىرلارمۇ كۆپ. شېئىر — ھېسسىياتنىڭ مەھسۇلى، ئەمەلىيەتتە، شائىرلارنىڭ تۇنجى ئەسىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشى يازغۇچىلارنىڭ تۇنجى ئەسىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشىدىن بالدۇر بولىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ شېئىرنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ. روشەنكى، ھېسسىياتنىڭ يېتىلىشى بىلىش خاراكتېرىدىكى تەپەككۇرنىڭ يېتىلىشىدىن بالدۇر بولىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە شائىر ئابدۇللا سۇلايماننىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىلا شېئىر ئىجادىيىتىگە كىرىشكەنلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، نوقۇل ھالدا ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ھېسسىيات تاسادىپىيلىقىنىڭ بەدىئىي ھەرىكەت مۇقەررەرلىكىگە ئايلانغانلىقىنى ئىزاھلاشلا بولماستىن، بەلكى ئېنىقمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئىستىبدات قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇئەييەن

ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

شائىرنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى بالىلىق سەزگۈسىدىن پەيدا بولغان ساددا ھېسسىيات ئاساسىدىكى ئاددىي قۇرۇلمىلىق شېئىرلار بولسىمۇ، ئۇ شائىرنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك قىزىقىشىغا ئىگە ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. «ساۋاقداش ئەلبۇمىغا»، «يېزامدا»، «تەر ۋە يەر»، «مۇرادىڭغا يەت»، «ناخشىچى قىزغا»، «مەن ۋە بۇلبۇل»، «ياشلىق باھارىم» قاتارلىق شېئىرلارنىڭ ھەممىسى ھايات گۈزەللىكىنىڭ ياش شائىر قەلبىدىكى كۆلەڭگۈسى ۋە ئۇنىڭ ھەر تەرەپلىمە قىزىقىشىنىڭ ئىپادىسى. شائىردىكى قىزغىنلىق، ھاياتقا، ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت ئىستىكى چىن، سەمىمىي، پاك بولۇپ، ئۇ گويا سەبىي بوۋاقنىڭ ئانا ئالدىدىكى ئىللىق كۈلۈمسىرىشىگە ئوخشاش ئوماقتۇر. ئەركىن يايلاقتىكى خۇشال تايچاقنىڭ قىيغىتىشىغا ئوخشاش ساددا ۋە يېقىملىقتۇر. شائىر دەسلەپكى ئىجادىيىتىنى مۇنداق باشلايدۇ:

*«خەلق دۆلەت ئىگىسىدۇر، مېھرى ئىللىق،*
*چىقار كۈنگەدىن ملك كىتابلىق ياخشى تېما.*
*گۈل دېگىنىدۇر، ناھايەتكى سەن بىر بېلىق،*
*دولقۇن ئارا زوق - شوق بىلەن گۈزۈپ تېنما.»*

(«يورۇقلاش ناخشىلىرى» دىيازغىن قەلەم» دىن)

بۇ ھەقىقىي ساددا ھېسسىيات، غۇبارسىز قەلبىنىڭ ئەكس ساداسى، چىن مەنىدىكى گۈزەللىك+شائىر+شېئىر+خەلق=ھايات بىرلىكى سەبىي شائىر تەرىپىدىن شۇنداق سۈرەتلىنىدۇ. شائىر قىزغىنلىقىنىڭ ئۇلغىيىشى ئۇنى تىنىمسىزلىققا گىرىپتار قىلىدۇ. ھارغىنسىز كۆزىتىش، ت تەقەززالىقى، تەسەۋۋۇرنىڭ كېڭىيىشى شائىر قەلىمىنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە، قىرانلىققا ئۈندەيدۇ. بىز ئۇنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلغان كۆپلىگەن شېئىرلىرىدىكى ھېسسىيات ساپلىقى ۋە تۇرمۇش ھىدىنىڭ قويۇقلۇقىنى كۆرۈپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ يۈزلىنىشۋاتقانلىقىنى، تەپەككۇر، تەسەۋۋۇر ۋە ئوبراز يېقىمىدىن پىشىشۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئۇنىڭ «گۈلباغ ناخشىلىرى» ناملىق شېئىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئۇنىڭ ئىجادىي

ھاياتنى يېڭى پەللىگە كۆتۈردى. شائىر بۇ شېئىر گۇرۇپپىلىرى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئوبيېكت بىلەن سۇبيېكت بىرلىكىدە تۇرۇپ، مەنىۋى مۇھىت يارىتىشقا، ئوبراز يارىتىشقا باشلىغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ:

*«ئۆتۈپ يامغۇر ھەسەن - ھۈسەن ئويۇقتىن بالقىسا كەچتە،*
*ئۈجمىزارلار كىيەر لىباس، شەپەق رەڭگى ۋە روھى كۆركەم.»*
(«يورۇقلۇق ناخشىلىرى» «كۆركەم» دىن)

*«يىپەك شايى رومال ئارتقان جۇۋان - قىزلار قولىدا گۈل،*
*قارا كۆرپە تۇماق كىيگەن يىگىتلەر ھەم بارار، قايناق.»*
*«گۈپۈلدەيدۇ ھىدى خۇشبۇي تىزىلغان ئالما، قوغۇن.*
*ئېغىزغا كەلتۈرۈپ سۇ، ساپ ئۈزۈمدىن بال تامار، قايناق.»*
*«تىزىلغان رەستىدە پەشخۇن يېپىپ ئىسرىمانى - گۆشكىردە،*
*ئىچىپ قەن چاي، كىشىنىڭ چاڭقىغان قەلبى قانار، قايناق.»*
(«يورۇقلۇق ناخشىلىرى» «ئىلچى بازىرى» دىن)

ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازى، جانلىق ھايات! كىشىنىڭ ھاياجىنىنى قوزغايدىغان شېئىرىي مۇھىت يارىتىش ئەمدى شائىر ئىزدىنىۋاتقان ئاساسىي نىشان بولۇپ قالىدۇ.

*«كۆرۈندى كۆزلىرىمگە تاغ - چوققىلار،*
*چېققانىدەك بەجايىكى كۆلدىن ئۈنۈپ.*
*زەر ئۈزۈك، ھالقا تاقىغان كۆك قىزلىرى،*
*قارىدى سۇ تېگىدىن ماڭا كۈلۈپ.»*
(«ھايات ئۈنچىلىرى» «كۆلگە قاراپ» دىن)

تەسەۋۋۇرنىڭ يېتىلىشى شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي بەلگىسى، تەسەۋۋۇر بەدىئىي ئىجادىيىتىنىڭ ئىستىقبالىنى بەلگىلەيدۇ. شائىرنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇرى بۇ يەردە ئەسلىدىكى شەيئىلەرنى سۈپەتلەشتىن ئۆتۈپ، جانلىق ئوبراز ئارقىلىق مەنىۋى مۇھىت يارىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆز ئالدىمىزدا نەپىس بىر پارچە گۈزەل سۈرەت ئايان بولىدۇ، ئوقۇرمەن تولىمۇ ھۇزۇرلىنىدۇ.

شائىرنىڭ 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە «مۇنەۋۋەر شېئىرلار

توپلىمى» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن «بۇ — مۇھەببەت، بۇ — ياشلىق» ناملىق كىتابىدىكى كۆپلىگەن شېئىرلىرى ئۇنىڭ تەبىئەت قارىشى، كىشىلىك تونۇش قارىشى ۋە سەنئەت قارىشى جەھەتتە ئاڭلىق ئىجادىيەت باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنىڭ شۇ تاسمان ئىجادىيەت ھاياتىنىڭ بۈگۈنكى دەۋرى كىشىگە ئېستېتىك زوق بېرىشتىلا ئەمەس، بەلكى ئېخىمۇ چوڭقۇر ھالدا پەلسەپىۋى تۇيغۇ بېرىشتە ئىپادىلىنىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۇقۇرمەنلەرنى ھايات ھادىسىلىرى ئۈستىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇقۇرمەنلەر بۇ شېئىرلاردىن تەبىئەت ۋە كىشىلىك تونۇشنىڭ تۈرلۈك زىددىيەتلىك توقۇنۇشلىرىنىڭ شېئىرىي مۇھىتىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىدۇ. مېنىڭچە بۇ يەردە ئۇقۇرمەن ئۆزىدىكى شېئىردىن شېئىردىكى ئۆزىگە ئايلىنىدۇ. «كۆكۈل چەشمىلىرى»، «مېنىڭ ئىزلىرىم»، «ھاياتقا مۇھەببەت»، «ھېسسىياتىمنى قەدىرلەيمەن، سۆيىمەن»، «چېچىلغان مارجانلار» قاتارلىق شېئىرلار ۋە شېئىر گۇرۇپپىلىرى بۇنىڭ روشەن دەلىلى.

شائىرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش تارىخىنى تەكشۈرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ ساددا ئىجادىيەت باسقۇچى (1964 - يىلىدىن 1979 - يىلىغىچە)، ئىزدىنىش باسقۇچى (1979 - يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە) ۋە ئاڭلىق ئىجادىيەت باسقۇچى (1985 - يىلىدىن ھازىرغىچە) دىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ سەزگۈ، تەسەۋۋۇر ھەم ھېسسىيات بىرلىكىدە پەيدىنپەي ئۆسۈپ يېتىلىشى، چوڭقۇرلىشىشى ئارقىلىق بالاغەتكە يېتىشۋاتقانلىقىنى، پىشخىك يوشۇرۇن ئىقتىدارىنىڭ ئىجادىي پائالىيەتتە زور رول ئويناۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

شائىر ھېسسىياتىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى ئۇنىڭ روھىي ھالىتى بىلەن زور دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەلۇمكى، شائىرلارنىڭ تونۇشقا يېقىنلىشىشى ھامان ئۇنىڭ دەسلەپكى تەسىراتىدىن باشلىنىدۇ. مۇبادا شائىرنىڭ روھىي ھالىتى ئېخىچە بېكىنمە ھالەتتە تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ مېڭىسىدىكى كونا ئەندىزە تۇپەيلىدىن دەسلەپكى تەسىرات ئادەتلەنگەن سۆز ئەنئەنىسى بويىچىلا بايان قىلىنىدۇ - دە، يېڭى پىكىر كۆمۈلۈپ قالىدۇ. ئەكسىچە شائىرنىڭ روھىي ھالىتى ئەركىن ئىجادىيەت نۇقتىسىدا تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ دەسلەپكى تەسىراتى شۇ ھامان ناھايىتى تېزلا قىزىقىشقا كۆچىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىجادىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش

پائالىيىتىنىڭ قوزغاتقۇچىسى بولۇپ، شائىرنى ئۆزى ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن شائىرنىڭ ئەسلىدىكى ئوبيېكت ئۈستىدىكى تەپەككۇرى ۋە بىلىشى تەبىئىي يوسۇندا راۋاجلىنىدۇ ھەم چوڭقۇرلىشىدۇ. بۇ خىل تەرەققىيات ۋە چوڭقۇرلۇق يەنە كېلىپ شائىر قىزىقىشىنى كېڭەيتىپ، يېڭى نىشان، مەقسەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. يېڭى نىشاننىڭ تېپىلىشى تېخىمۇ يۈكسەك تەپەككۇر پائالىيەت سەۋىيىسىگە ماسلىشالايدىغان يېڭى قىزىقىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ماھىيەتتە بىلىش جەريانىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىيات دىئالېكتىكىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، كېيىنكى باسقۇچ ھامان ئالدىنقى باسقۇچتىن تۇغۇلىدۇ ۋە ھەر جەھەتتە ئۇنىڭدىن ئۈستۈن ھالەتتە تەرەققىي قىلغان بولىدۇ. بۇ شائىر پسىخىكىسىغىمۇ ۋە ئېستېتىكىسىغىمۇ ئۇيغۇن بولغان قانۇنىيەت. بىز تەكشۈرۈپ ئۆتكەن شائىر ئابدۇللا سۇلايماننىڭ ئىجادىيەت يولىدىكى ئۈچ باسقۇچلۇق تەرەققىيات جەريانى بۇ سۆزىمىزنىڭ ھەقلىق يوسۇندا توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

2

ئابدۇللا سۇلايمان ئىجادىيىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ۋەتەننىڭ تاغ - دەريالىرى، گۈل - گىياھلىرىغا بولغان قايناق مۇھەببەت، چوڭقۇر ھېسسىيات كىشىگە ئىلھامبەخش ئېتىدۇ. شائىرنىڭ ۋەتەن تەقدىرىگە تەقدىرداشلىقى، ۋەتەن غېمىگە غەمگۇزارلىقى ئوقۇرمەنلەرنى چوڭقۇر سۆيۈندۈرىدۇ.

ھەممىگە ئايانكى، ئالدىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە چوڭ كېلىمات ۋە كىچىك كېلىماتنىڭ ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن، ئېلىمىزنىڭ سىياسىي ئاتموسفېراسىدا «ئەدەبىياتنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش» تەتۈر قويۇنى كۆتۈرۈلۈپ، بەدىئىي ئىجادىيەتتە ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى ئەسەرلەر سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىدى. ئارىلىقتا تەمتىرەپ يۈرگەن بىر قىسىم كىشىلەر بولسا، ئۆزلىرىنى ئاقىل ھېسابلاپ، ئەتەي ئۆزلىرىنى قايناق تۇرمۇشتىن چەتكە ئېلىپ، ئاي، يۇلتۇز، گۈل، كېپىنەك، قۇرت - قوڭغۇزلار بىلەن بولۇپ كەتتى. بۇ ھالەت ئەدەبىياتىمىزدىكى نورمال بولمىغان خاھىش بولسىمۇ، ئەمما تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يەنىلا مۇناسىپ بازارغا ئىگە بولدى. ئەلۋەتتە،

يەنە قوشۇنىمىزدىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق ئىجادىيەتچىلىرىمىز خەلق ئىشلىرىغا بولغان قىزغىنلىقىنى ئىپادىلىدى. شائىر ئابدۇللا سۇلايمان ئەنە شۇنداق كەسكىن پەيتتىمۇ نىشاندىن ئاداشماي، ئوقچوپ تۇرغان قايناق ھېسسىياتىنى سوۋۇتماي، شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي تېمىسىنى يەنىلا ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىگە قويدى. مېنىڭچە بۇ شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بىر تەرىپى، شۇنداقلا ئۇنىڭ بۇرچ ـ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ روشەن ئىپادىسى.

بىز شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇنىڭدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا يېزىلغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى شېئىرلار تەبىئىي مەنزىرە گۈزەللىكى بىلەن بەختىيار ھايات گۈزەللىكى گىرەلەشتۈرۈپ يېزىلغان بولۇپ، ئۇقۇرمەنگە ئانا ۋەتەننىڭ ئۇلۇغ سىماسى — بۈيۈك ئوبرازى، شانلىق ئىستىقبالىدىن ئۈمىد ۋە شادلىق بېغىشلايدۇ.

يورۇڭقاش دەرياسى مۇنداق سۈرەتلىنىدۇ:

*«ئاقىدۇ ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدىن،*
*زۇمرەتتەك قاشتاش چايقاپ ئانا دەريا.*
*گىرۋىكى قىيالارنىڭ ئۈتكۈر نەيزە،*
*دولقۇنى گويا كۆيگاق شىر، ئەجدىھا.»*

(«ھايات ئۈنچىلىرى» «مۇكاپات» دىن)

*«سۇرمىچىنىڭ سىزمىسىدەك يېشىل تاغلار،*
*ئەرش سۈيگەن چوققىلىرى شەمشەر، پىچاق.*
*پەستە ئېقىمن تىرەنلىكى تەكتىسىرا،*
*كۆمۈش سۈيى تاشلار ئۈيۈپ ئاقار كۆيناق.*
*بۇ ئېقىمنىڭ ئۆركەشلىگەن دولقۇنى بار،*
*زىننەت توپلار ئاۋازىدەك شاۋقۇنى بار.»*

(«ھايات ئۈنچىلىرى» «شاقىراتما ئىلھاملىرى» دىن)

*«سۈزۈك ئاسمان، كۆلدار زېمىن، سۇبھى سەھەر،*
*بويىدا مەن شۇ تاپ مەغرۇر، شوخ تومەننىڭ.*
*شاۋقۇنلىرى يېقىملىق ساز، زۇمرەت دولقۇن-*
*قۇچىقىدا ئاقار ناخشا ـ كۈي تومەننىڭ.*
*ئانا يۇرتۇم قەلبىدەك شاد، كۆيگاق دەريا،*
*مىسالى كۆل ياشلىقىمدەك كۆيناق دەريا.»*

(«ھايات ئۈنچىلىرى» «تومەن دەرياسى» دىن)

نىمدىگەن مەردانە سۇرەت، جانلىق كەيپىيات - ھە!

شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى كۆز قارچۇقىدەك قەدىرلەيدۇ. ئۇ يۇرتىمىزنىڭ تاغ - دەريالىرىنى يازغاندا، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىدا تۇرۇپ مۇنداق يازىدۇ:

*«نۇرلاندى كەچكى شەپەق جۇلالىنىپ،*
*گۈتكۇچە تاغ كەينىگە سىنىپ قۇياش.*
*قىزىللىق سۆيدى ياپراق لەۋلىرىنى،*
*خۇشلىنىش پەيتىدىكى قۇشماق گوخشاش.*
*تاشلاردا، قىيالاردا شەپەق ئەكسى،*
*يېپىلدى كەڭ ئەتراپقا نۇرلار تەكشى.*
*يەر بىلەن كۆك ئارىسى مىسلى گوتقاش.»*

(«بۇ - مۇھەببەت، بۇ ياشلىق» ، «نۇر تەسراتى» دىن)

شائىر ئۆز يۇرتى ھەققىدە شۇنچىلىك ھاياجانلىنىدۇ، شۇنچىلىك سۆيۈنىدۇ. «گۇلۋاغ ناخشىلىرى» ، «جەنۇب غەزەللىرى» ، «تاغ ناخشىلىرى» ، «تۇمەن تەسىراتلىرى» ، «سەھۋالىم تەسىراتلىرى» ۋە «چېچىلدى چىرىغا چېچەك چاچقۇسى» قاتارلىق لىرىكىلاردىكى يۇرت تەسۋىرىنىڭ گۈزەللىكى ۋايىغا يەتكەن.

بىز خۇددى شائىرغا ئوخشاشلا، بۇ ئاۋات، بەختىيار، گۈزەل يۇرتىمىز بىلەن پەخىرلىنىشكە تامامەن ھەقلىق. ئۇ بىزنى تۇغدى، بىزگە قان ۋە جان ئاتا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىزنى ياشاش ئىمكانىيەتلىرى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۇ خەلقىمىزنىڭ ئەقىل - پاراستى بىلەن يارىتىلغان، كۆز قاماشتۇرىدىغان نۇرلۇق گۆھەر، بۇ گۆھەر، ۋەتىنىمىز چولڭ ئائىلىسىدە ئەبەدىلئەبەد شانلىق نۇر چاچىدۇ.

شائىر ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى «بايلىقىم، غۇرۇرۇم، بەختىم ۋەتەننىڭ» ناملىق شېئىرىدا، يۈكسەك ئالڭ ۋە ئەقىدە پەللىسىدە تۇرۇپ، ئالىيجاناب مەزمۇننى روشەن پىكىر ئىنىقلىقىدا، ئىشتىياق بىلەن مەدھىيىلەپ، ھاياجانلىق شېئىريي كەيپىياتىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتىرىدۇ.

*«يۇرسەممۇ گاھىدا «شۇنناڭجەن» بىلەن،*

*ئۇچسامىمۇ ئېگىز، دا مىڭلى مىڭ تۈمەن،*
*كەزسەممۇ كاراچى، پارىژدا چىمەن،*
*چىنارداك قامىتىم ـ بەستىم ۋەتەننىڭ.»*

شائىر ياراتقان لىرىك ھېسلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى، تۇرغۇنلۇق، بېكىنمىلىك ھالەتتىن قۇتۇلۇپ ئېچىۋېتىلگەن شارائىتتا تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ سۆيگۈسى، ۋۇجۇدى، بارلىقى ۋەتەننىڭ ئىشقى، ۋەتەننىڭ سەلتەنىتى بىلەن بىردەك. ئۇ ئۆز بەخت - سائادىتى، تەخت غۇرۇرى، غەلىبە ئىشەنچىسىنى، مۇھەببەت - نەپرىتىنى، ئەقىدە ئېتىقادىنى ۋەتەن مۇھىتىدا جۇلالاندۇرىدۇ.

*«كىرگەندە راۋاقلىق سەيلىگاھلارغا،*
*يولۇقسام مەمەدان خەيرىخاھلارغا،*
*قىلمايمەن پىسەنت غېرىبىم يېگەن ئاھلارغا،*
*ئىناۋەت، ئىززىتىم ـ قەدرىم ۋەتەننىڭ.»*

لىرىك قەھرىماننىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى يۈكسەك ھوشيارلىققا ئىگە بولۇپ، خىلمۇخىل ھادىسىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ پاك ـ ۋىجدانلىق ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى بۇلغىيالمايدۇ. بۇ يەردە شائىرنىڭ تەسىراتى، سەزگۈ تۇيغۇسى غايىۋى ئەقىدىچىلىكتىن قۇتۇلۇپ، كونكرېت مەنىۋى مۇھىت جانلىقلىقىدا ھېكمەتلىك تۈس ئالىدۇ. ۋەتەن ئۇلۇغلۇقىدىن، ساددا، ئىستىخىيىلىك ھالەتتىكى سۆيۈنۈش قىزغىنلىقى تامامەن ئۆزگىچە بولغان ئاڭلىق ئېستېتىك ئىجادىي كەيپىيات بىلەن ئالمىشىدۇ. ئەمدى ئوقۇرمەن شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانىغا ئەگىشىپ، ۋەتەننىڭ نوقۇل ماددىي ئۇلۇغلۇقى، گۈزەللىكى بىلەن ھاياجانلىنىشىدىن تەبىئىي يوسۇندا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۈستىدە ئويلىنىشقا كۆچىدۇ. شېئىرىيەت ئېستېتىكىسى شائىردىن تەلەپ قىلغان شېئىرىي ئۇنۇم دەل مۇشۇ يەردە رېئاللىشىدۇ - دە، شائىرمۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مەسئۇلىيىتىنى تامام قىلغان بولىدۇ.

شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى شېئىرلىرىدىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، بەدىئىي ئېھتىياج ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقان شائىر ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ ئۇنۇمى توغرىسىدا ئىزدەنمەكچى بولىدىكەن، ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن توغرا بولغان ئىجادىيەت ئېڭىغا ئىگە بولۇشى لازىم. بۇ يەردىكى شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئېڭى ئىستىخىيىلىك تۈستىكى ئاڭ

بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تەبىئەت قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، سەنئەت قارىشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئېستېتىك غايە، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە ئۇنۇم تۇيغۇسىنىڭ ئومۇملاشقان جۇغلانمىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ. نەتىجىدە، شائىر كونكرېت ئىجادىيەت جەريانىدا، ئالاھىدە ئىدىيىۋى ھېسسىيات بىلەن ئالاھىدە مەنزىرە ياكى ماددىنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئېستېتىك مۇناسىۋەت جەريانىدىكى بىرلىككە ئېرىشەلەيدۇ. ئەلۋەتتە بۇ يەردە شائىردىكى بەدىئىي ماھارەت مەسىلىسىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن شائىر ئىجادىيەت ئېڭىنىڭ كۈچىيىشى، شۈبھىسىزكى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئالدىنقى شەرتتۇر.

## 3

ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ زامانىمىزدىكى رەڭمۇرەڭ ھادىسىلىرى ئۇ بېسىپ ئۆتكەن ھەر قانداق بىر دەۋرگە قارىغاندىمۇ شائىرلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە بەكرەك تارتىدۇ. ھېسسىيات ئالىمىنىڭ ئەركىسى ئاتالغان شائىرنىڭ ئىنسان تەقدىرىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولغان يېڭىچە زامانىنىڭ خۇشاللىقلىرى، سۆيۈنچىلىرى، مۇھەببەت - نەپرەتلىرى، يېڭىلىقلىرى، ھېس - تۇيغۇلىرى، مەقسەت - ئارزۇلىرى، غايە - ئىپتىخارلىرى، ئېتىقاد - ئەقىدىلىرى، ئىشەنچ- ئىرادىلىرى ئۈستىدە يازماسلىقى مۇمكىنمۇ، ئاخىر! ئابدۇللا سۇلايمانمۇ ئەنە شۇنداق بۈيۈك ئۆزگىرىشلەر، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىدە يازىدۇ.

*«سۇ ئىچەر كۆڭۈلدىن كۆڭۈل شۈبھىسىز،*
*شۇڭلاشقا كۆڭۈللۈك ئۆتەر بۇ ھايات.*
*بىرىگە گەر بىرى بەرمىسە قوتنى،*
*يېتەتتى ئىنساننىڭ ئۆمرىگە مامات.*

*مەۋجۇتلۇق سىرى شۇ مەۋجۇداتلىقنىڭ،*
*بىرسىگە بىرى ماس تۇرغانلىقىدا.*
*سۆيگۈنىڭ قىممىتى بىر جۈپ يۈرەكنىڭ،*

*بىر تىنىق ـ رىتىمدا ئۇرغانلىقىدا.*
(«بۇ مۇھەببەت، بۇ ياشلىق» «كۆكۆلدىن ياشنىسۇن كۈلگۈنچەك هايات» دىن)

شائىر يېڭى زامان سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزنىڭ بەختىيار هاياتىدىن گۈزەللىكنىڭ ماسلىقىنى كۆرۈپ يېتىمدۇ، كۆڭۈللۈك هاياتىدىن سۆيۈنىدۇ، يۈرەك هېسلىرى ئۇخچۇپ تاشىدۇ، كىشىلەر تۇرمۇشىنىڭ ئارامبەخشلىك تەسۋىرىنى يېزىپ چىقىدۇ.

*«قالمىسۇن بىردىن بىرىنىڭ كۆڭلى،*
*كۆڭۈلدىن ياشنىسۇن كۈلگۈنچەك هايات.*
*سەن ئۈچۈن مەن باركى، مەن ئۈچۈن سەن بول،*
*كۆڭۈل يۈكسەكلىكىدە تىكلەيلى سۇبات».*
(يۇقىرىقى شېئىردىن)

پۇل ئۈستىگە، ئالدامچىلىق ـ ساختىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان كىشىلىك مۇناسىۋەتكە تۈپتىن قارىمۇقارشى قويۇلغان يېپيېڭى كىشىلەر مۇناسىۋىتى قانداقمۇ شائىرنىڭ هېس ـ ئىلھاملىرىنى ئۇرغۇتماي تۇرالىسۇن! بىز ئۇنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت توغرىسىدا يازغان شېئىرلىرىدىن دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ باراۋەرلىك ئاساسىدا شەكىللەندۈرگەن «مەن باشقىلار ئۈچۈن، باشقىلار مەن ئۈچۈن» دېگەن يېڭىچە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت گۈزەللىكىنى كۆرۈپ يېتىشكە ئۈلگۈردۇق. مەلۇمكى، سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى كىشىلەرنىڭ هېسسىيات گۈزەللىكى، كىشىلىك تۇرمۇش گۈزەللىكى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت گۈزەللىكىنى ئىپادىلەش ـــ زامانىمىز پوئېزىيىسىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى. بۇ قانداقتۇر «سىياسىيغا بېقىنغانلىق»، «سۇبيېكتىنىڭ ياتلىشىشى» بولماستىن، ئەكسىچە شائىرنىڭ ۋىجدانى ۋە ئۇنىڭ مۇقەررەر چىقىش يولى.

چاقناپ تۇرغان شېئىرىي گۈزەللىك قايناپ تۇرغان رېئال گۈزەللىكتىن كېلىدۇ. شائىر ئىجادىيەت زېمىنىغا ئاتلىنىپ، رېئال گۈزەللىككە يۈزلەنگەندە، ئۆزىنىڭ غايىسى ۋە ئىدىيىۋى هېسسىياتى بويىچە ئىجتىمائىي گۈزەللىك بىلەن تەبىئىي گۈزەللىككە ئېتىبار قىلىدۇ. ئۇ «يورۇقچاش ناخشىلىرى» ناملىق توپلامدىكى «بەختىم»

دېگەن غەزىلىدە «مەن» نىڭ تىلى ئارقىلىق:

*«تارالدى ھەر سابا ئەمبەر پۇراغى گۈلباھارىمدىن،*
*ئاۋالار ياڭرىدى كۆككە، مېنىڭ ياڭراق دۇتارىمدىن.*
*ھېسابسىز شادلىقىم دەريا، ئاساسىي قانۇنۇم قولدا،*
*ئۇ سۆزلەر ھەر زامان ئەركىم، ھوقۇقۇم ئېتىبارىمدىن.*
*مۇقەددەس دەخلىسىز بەختىم، يېزىلىرى ئەمدى قانۇنغا،*
*چاڭىلداپ سايرىدى بۇلبۇل ئېلىمىپ جاي لەيلىزارىمدىن.»*

دەپ مەدھىيىلىسە، مالىمانچىلىق يىللىرىدىن كېيىنكى ئىسلاھاتنىڭ ئورتكىسىدە، پارتىيىنىڭ يېزا ئىقتىسادى سىياستىنىڭ نۇرىدا خۇشاللىققا ئېرىشكەن ئەمگەكچىلەرنىڭ شادلىقىغا قىزغىن ئورتاقلاشىدۇ. ئۇ بىزگە ئۆزىنىڭ ساددا، ئەمما يېقىملىق مىسرالىرى ئارقىلىق مول - ھوسۇل خۇشاللىقى، بېيىش خۇشاللىقىغا چۆمگەن نۇر بوۋاي؛ بېكىنمە سىياسەتنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، «ئۆزۈن سەپەر زەربىدارى» غا ئايلانغان ئەترەت باشلىقى توختى؛ مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى بىلەن «بويتاق» لىقتىن قۇتۇلغان بارات؛ قاشتېشى «شاھى» نىڭ ئىگىسى قادىر («يورۇڭقاش بويلىرىدا» ناملىق سىكلدىن) قاتارلىقلارنىڭ پۈتۈنلەي ئوبرازىنى تەقدىم قىلىدۇ.

شائىرنىڭ ئىجتىمائىي تۇيغۇسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى تارىخىي تېمىلارمۇ چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ. شائىرنىڭ تارىخىي تېمىلارغا مۇراجەت قىلىشىنى ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت ھاياتىدىكى بىر قېتىملىق سەكرەش سۈپىتىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. ئۇنىڭ «بۇ كوچىدىن ئەخمەتجان ئۆتكەن» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بۇ سەكرەشنىڭ روشەن بەلگىسى. ئۆز ۋاقتىدا بۇ شېئىرلار ئۆزىنىڭ تارىخىي قىممىتى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي، بەدىئىي، ئېستېتىك قىممىتى يېقىدىنمۇ كەڭ ئۇقۇرمەنلەر ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىغانىدى. شائىر شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە تارىخىي تېمىلاردا، ئېپىتايلۇق، «جەنۇب غەزەللىرى»، «دادۇخې بويىدا»، «مانا بۇ ياشلىق»، «سەھۋالىم مەسىراتلىرى» قاتارلىق شېئىرلارنى يازدى. بۇ شېئىرلارنىڭ مەمىسىدە دېگۈدەك ماتېرىيالىزملىق تارىخىي قاراشتا چىڭ تۇرۇپ،

تارىخىي شەخس ۋە تارىخىي ھادىسىلەرنى بەدىئىي چىنلىق قانۇنىيىتى بىلەن ئەكس ئەتتۈردى، نەتىجىدە، تارىخىي تېمىلارنىڭ رېئال قىممىتىنى ئۆستۈردى. مەسىلەن، شائىر «كوھمارىم» دېگەن شېئىرىدا:

*«تىلىمدا ئەلنىڭ بۇ غار رىۋايىتى،*
*بولغانكەن نەسلىمىزگە پاناھلىق جاي.*
*تالاپەت يەتكۈزگەچكە تەئىسىز جەڭلەر،*
*قانلارغا بويالغانكەن ئېدىرلىق، ساي.*
*يارىسى ئېغىرلىرى بۇندا يېتىپ،*
*كىرگەچكە جەڭگە قايتا، دەرمان تېپىپ،*
*بولغانكەن قورشاۋچى ياۋ ھالىغا ۋاي.»*

دەپ يېزىپ، چەت ئەل ئىستىلاچىلىرى قوزغىغان ئۇرۇشقا قارشى لەنەت - نەپرەت ياغدۇرسا، خەلقىمىزنىڭ مەردلىكى ۋە قەھرىمانلىقىغا ئاپىرىن - تەھسىن ئوقۇيدۇ. بۇ شېئىردا شائىرنىڭ مۇھەببەت - نەپرەت قارىشى، بەدىئىي تەسەۋۋۇرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان. «دادۇخې بويىدا» دېگەن شېئىرىدا فىزىكىلىق مۇھىت بىلەن پسىخىك مۇھىتنى ئۆز ئارا جىپسىلاشتۇرۇپ، ئىنقىلابىي ئۇرۇش خاتىرىسى بىلەن ئۇرۇشتىن كېيىنكى قۇرۇلۇش كارتىنىسىنى ئورگانىك بىرلەشتۇرۇپ، جانلىق، كونكرېت، ئوبرازلىق شېئىرىي مەنزىرە ياراتقان، ئۇقۇرمەن بۇ خىل مەنزىرە ئارقىلىق، قايتا ئويلىنىش شارائىتى ۋە «ئىككىنچى تەبىئەت» يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

شائىرنىڭ ئىجتىمائىي تېمىدا يازغان شېئىرلىرىنىڭ يەنە بىر قىسمى دوستلۇق، مۇھەببەتتۇر. مۇھەببەت — ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ نازۇك ۋە ئەڭ سەزگۈر ھېسسىيات شەكلى. شائىرنىڭ مۇھەببەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى بىۋاسىتە ھالدا ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ. شېئىرىيەت ئېستېتىكىسىدىن قارىغاندا، ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولمىغان ھەر قانداق ھېسسىياتنىڭ ئېستېتىك قىممىتى ۋە ئۇنۇمىمۇ بولمايدۇ. بۇ مەسىلە ئەزەلدىن بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئىككى خىل كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنىڭ ئېلىشىش نۇقتىسى بولۇپ كەلدى. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات،

مۇھەببەت، ئىنسان تەقدىرى، ئىنسان ھاياتى، ئىنساننىڭ ماھىيىتى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ، «مۇھەببەت، مۇھەببەت، مۇھەببەت ئۈچۈن... ئىنسان مۇھەببەت ئۈچۈنلا ياشايدۇ» دېگەن بۇرژۇئاچە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا قارشى تۇرىدۇ. دۇنيادا ئابستراكت ئادەم بولمىغىنىدەك، ئابستراكت مۇھەببەتمۇ بولمايدۇ. شائىر مۇنداق يازىدۇ:

*«قاياقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك كۆلۈپ بىردىن،*
*ئاتتىنىڭ ماڭا بىر گۈچۈم قار، نازىنىڭ بىلەن.*
*بۇركۇت، كەكلىك ئۈچتى كۆككە قانات قېقىپ،*
*دىل قەلبىڭدىن چالغان لىرىك سازىنىڭ بىلەن.*

*يۈز، كۆزۈمگە تەگكەن ئاشۇ قار يۇمخىرىكى،*
*كەتكەنىدى ئېرىپ سۆيگۈ ئوتۇمدا تېز.*
*بىلدىم، ئالدىڭ بۇ چاغ يەنە سىناق مەندىن،*
*قەلبى قىشنىڭ قارىدەك ئاق، ئەي ئوماق قىز.»*

*«يولۇققاندا مۇشكۇلاتقا قەدىمىمدە،*
*روھلىنىمەن شۇ دەملەرنى ئەسكە ئېلىپ.*
*گۈتسەك دەيمەن: سۆيگۈمىزگە ئىمكان بەرگەن،*
*ھۆر زامانغا كۆڭۈل ياشلىقنى تەقدىم قىلىپ.»*

(«بۇ مۇھەببەت، بۇ ياشلىق» «قار لەيلىسى» دىن)

## 4

سۆيگۈ، ۋاپا - ساداقەت، ئەقىدە ئۈستىدە سۆز بولغاندا، بەزىلەر مۇھەببەتنىڭ شەرتسىزلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇلار، مۇھەببەت، ساپ ئەر - خوتۇنلار، يىگىت - قىزلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئۇنىڭغا ئەمگەك، زامان - دەۋر ئالاھىدىلىكىنى چېتىشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە، يېڭى زامان شارائىتىدىكى ئەر - ئاياللار مۇناسىۋىتى فېئوداللىق شارائىتتىكى ئەر - ئاياللارنىڭ نوقۇل ھالەتتىكى جىنسىي مۇناسىۋىتىدىن پەرقلىنىدۇ. بىزدە ئەر - خوتۇنلار، يىگىت - قىزلار بىئولوگىيىلىك ئېھتىياجىدىن باشقا يەنە

ئۆز ئارا بىر - بىرىدىن ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە پسىخىك ئېھتىياجلارنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ مەسئۇلىيىتى نوقۇل بىئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشتىن كۆرە، كۆپرەك ھالدا مۇشۇ جەھەتتە ئىزدىنىشتىن ئىبارەت. بۇ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئېستېتىك شەكلى، يۈكسەكلىكىنىڭ تەلىپى، شۇڭا ئۇنىڭغا قىلچە ئېتىبارسىز قاراشقا بولمايدۇ.

شائىر «جەنۇب غەزەللىرى» دىكى «سۇمبۇل» غەزىلىدە ئەپچىل-رىۋايەت ئارقىلىق، مۇھەببەتنى كەسكىن توقۇنۇش ئىچىگە قويۇپ يازىدۇ. نەتىجىدە، مۇھەببەت ئۆز قارىشىدىكى نەپرەت ئالدىدا تېخىمۇ روشەن ئىپنقىلىققا ئىگە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ شائىر پسىخىكىسىدىكى توقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ماھىيەتتە ئۇ تۇرمۇش دىئالېكتىكىسىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى ئىدى.

مەلۇمكى، شائىر ئىجادىيەتكە كىرىشكەندە بۇژغۇنلاپ تۇرغان ھېسسىيات، چىن ۋە ھەقىقىي تەسىراتقا ئىگە بولسىلا، كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىترىتەلەيدىغان نادىر شېئىرلارنى يېزىپ چىقالايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئۇ ئىلغار ئىدىيىگە، ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە پىكىر مەنە ئاساسىغا ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن دەۋرنىڭ ساداسىنى، خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئۈزۈلمەس ئېقىمىدا گۈزەللىك، ياخشىلىقنىڭ يالتىراپ تۇرىدىغان دۇردانىلىرى بىلەن بىرگە يەنە، ئۇنىڭ لاي - لاتقىلىرىمۇ بولىدۇ. ئۆز ئىجادىي مۇھىتىدا گۈزەللىك يارىتىش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان شائىرنىڭ ھاياتىنىڭ بۇ كۆڭۈلسىزلىكلىرىدىن ئۆز مەيلىچە ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس.

شائىر شېئىرىي گۈزەللىك يارىتىقاندا، رېئال گۈزەللىك ئۈستىدىلا ئويلىنىپ قالماستىن، بەلكى رېئال سەتلىك بىلەن يامانلىقنى ئۆزگەرتىش فۇنكسىيىسىنىمۇ ئۆتەيدۇ. سەتلىك بىلەن يامانلىق گۈزەللىك بىلەن ياخشىلىقنىڭ قارىمۇقارشى تەرىپى. ئەمەلىيەتتە سەتلىك، يامانلىق ئوبيېكت ئەمەس. ئۇ ئېستېتىك نەزەرىيىدىن ساقىت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان، ئېستېتىك روھىي ھالەتكە سىغمايدىغان نەرسە. ئەمما، رېئال سەتلىك بىلەن يامانلىق

شېئىرغا سىڭىپ كىرىپ، شېئىرىي گۈزەللىككە ئايلانسا، ئۇقۇرمەنلەردە كۈچلۈك ئىستېتىك تەسىرات قوزغىيالايدۇ. ئادەتتە، رېئال سەتلىك بىلەن يامانلىق ئەمەلىيەت جەھەتتىن تازىلاش، روھىي جەھەتتىن بېسىپ چۈشۈش، ھېسسىيات جەھەتتىن ئىنكار قىلىش، ئەخلاق جەھەتتىن سوتلاش ئارقىلىقلا شېئىرىي گۈزەللىككە ئايلىنىدۇ. شائىر «ئويلىشىشنىڭ غەملىرىنى يەپ» دېگەن شېئىرىدا، ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچى بىلەن بيۇروكرات باشلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۆرۈنۈشنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

*«دېدى ماڭا: «كۆرۈپ تۇرۇپسىز،*
*بولغاچقا ئىش شۇنچە ئالدىراش،*
*ئويلىشالماي «مەسىلە» ئىزنى،*
*سەل كېيىنگە سۈردۇق بىز، يولداش.»*

*«شۇ يىللاردا تۇغۇلغان ئوغلۇم،*
*ئون بىرلەردىن ھالقىدى بۈگۈن.*
*ئەجەب ئىش ھە، مېنىڭ «مەسىلەم»،*
*تۇرار شۇ پېتى بولۇپ چوڭ تۈگۈن.*

*ئويلىدىمكى، باشلىق سۆزى ھەق،*
*ئۇنىڭ كېيىنگە سۈرگىنى تۈزۈك.*
*«ئويلىشايلى» دېگەن سۆز بىلەن،*
*باشلىق بولۇپ يۈرگىنى تۈزۈك.»*

(«بۇ مۇھەببەت، بۇ يىلتىز» دىن)

شائىر ئاچچىق ھېسسىيات، كۈچلۈك مەسخىرە بىلەن خەلقنىڭ دەردى - ھالى بىلەن كارى بولمايدىغان، ئىسمى بار، جىسمى يوق لاياقەتسىز ئورگان ئەمەلدارلىرىنى ساتىرىك قامچا ئاستىغا ئالىدۇ. «تويغا توي!» شېئىرىدا، ئابرۇيپەرەس «ھالى بار، دەرمانى يوق» ئايخان ئوبرازى ئارقىلىق، فېئوداللىق ئۆرپ - ئادەتنىڭ كىشىلەرنىڭ تىنچ - بەختىيار تۇرمۇشىنى نابۇت قىلغانلىقىنى پاش قىلىش ئارقىلىق، ئۇقۇرمەنلەرنى پۇتكۈل جەمئىيەت بىزار بولغان بۇ خىل يامان كېيپىياتنى چەكلەشكە دەۋەت قىلىدۇ. «خىسلەت ھەققىدە

مۇخەممەس» دە:

«بەزىلەر باركى، ئۆزى ئادەم، خۇيى هايۋانغا تەڭ،
جىسمى ساق، قەلبى ئۆلۈك، گۆردەك دېمىق ئايۋانغا تەڭ،
ياشلىقى تەر - ئەجرىسىز، ئۇچقان سامان - پايخانغا تەڭ،
قىلىدۇ بىرلا قەدەمنى يۈكسەك داۋان ئاشقانغا تەڭ،
تەمتىرەپ باسقان قەدەمنىڭ ئاندىن يامانىدۇر مىنىنتى.»

گە ئوخشاش مىسرالىرىدا، يامان خۇيلۇق، ئەجرىسىز، مىننەتخور، شەخسىيەتچى، ھەسەتخور كىشىلەرنىڭ يامان خىسلەتلىرىنى ئەيىبلىسە؛

«بۇ بۈيۈك خىسلەتنى ئۆرنەك قىلدى كۆپلەر ئۆمرىدە،
شان - غۇرۇر بىرلە ياشاشنى بىلدى كۆپلەر ئۆمرىدە،
ئەل سۆيىگە ئەل بىلەن تەڭ كىردى كۆپلەر ئۆمرىدە،
تىغ تۇتۇپ ياۋ كۆكسىنى تىلدى كۆپلەر ئۆمرىدە،
شۇ يوسۇن ئەيلەندى بۈگۈلگۈن ھاياتنىڭ جەننىتى.»

دېگەن مىسرالىرى ئارقىلىق، ساپ ئىنسانىي خىسلەتكە ھەمدۇ - سانا ئوقۇيدۇ.

سىلىشتۇرۇش رېئال سەتلىك بىلەن يامانلىقنى شېئىرىي گۈزەللىككە ئايلاندۇرۇشنىڭ بىر خىل ئۇنۇملۇك ۋاسىتىسى. ئادەتتە كونكرېت ئەسەرلەردە سىلىشتۇرما ئوبراز بىلەن ئوبرازنى سىلىشتۇرۇش، ئوبرازنىڭ ئىچكى گۈزەللىكى بىلەن تاشقى سەتلىكى ياكى تاشقى گۈزەللىكى بىلەن ئىچكى سەتلىكىنى سىلىشتۇرۇش، شەيئىلەرنىڭ گۈزەللىك تەركىبلىرى بىلەن كەمتۈك تەركىبلىرىنى سىلىشتۇرۇش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. «مېھمان»، «كۆرۈپ»، «ئورۇنلاشتۇرغۇچى»، نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى» ۋە «كۆزدە پىشقان چېۋىقلار» قاتارلىق غەزەل ھەم سېكىللارنىڭ ھەممىسىدە ئەنە شۇ ئۇسۇلنىڭ ئىزلىرىنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

شائىرنىڭ «ئاي يۈزۈڭنى كۆرۈپ بولسۇن ئاي خىجىل» دېگەن شېئىرى يۇقىرىقى شېئىرلارغا ئوخشاشمايدۇ. بۇ شېئىردا شائىرنىڭ ھېسسىياتى ئاچچىق، مەسخىرىلىك تۇس ئالماستىن، ئەكسىچە بىر

خىل ئازابلىق ئىچىنىشقا كۆچىدۇ. ئۇ ئۆكۈنىدۇ، تەشۋىشلىنىدۇ.

*«ئاچقىنى دىلبەر، چۈمبەردەكنى ئاچقىنا،*
*كۆرەي ماڭا تونۇش چىھرىڭ — يۈزۈڭنى.*
*سۆزەن تىلىدىن گۆھەرلەرنى چاچقىنا،*
*ئاڭلاي سەپەر ھەققىدە سۆزۈڭنى.»*

شائىر ھەجدىن قايتقان قىزدىن ئۈمىدلىنىدۇ. ئۇنىڭ تونۇش چىھرىنى كۆرۈشكە، شېرىن - شېكەر سۆھبەتلىرىدىن ھۇزۇرلىنىشقا تەقەززالىنىدۇ. ئەپسۇسكى، ھەج سەپىرىدىن قايتقان قىز شائىرنىڭ كۆزىگە غەلىتە كۆرۈنىدۇ:

*«چىقسام بۈگۈن يوللىرىڭغا كۆل تۇتۇپ،*
*پەرەنجىگە گورۇلۇپتۇ قامىتىڭ.*
*تەگەججۈپتىن مەندە سوئال تۇغۇلۇپ،*
*دېدىم: شۇمۇ گىزدەپ تاپقان ئامىتىڭ؟»*

ئۈمىد سۇسلىشىدۇ، شائىرنىڭ يۈرىكى ئۆرتىنىدۇ، ئازابلىنىدۇ. بۇ شېئىر شائىرنىڭ ئىستىبتىك كۆز قارىشى بىلەن ئىستىبتىك غايىسىنى ئەڭ ياخشى يورۇتۇپ بەرگەن بولۇپ، خۇراپاتلىقنىڭ كىشىلەر تۇرمۇشىغا كەلتۈرگەن يامان ئاقىۋىتى سەممىي تەنقىد قىلىنغان. نەتىجىدە، ئوخشاشلا شېئىرىي گۈزەللىك يارىتىش مەقسىتىگە يېتىلگەن.

5

شائىر ئابدۇللا سۇلايمانىنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئالەم مۇھىتىدىكى تەبىئىي ھادىسىلەر ئۈستىدىكى لىرىك شېئىرلىرىمۇ ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە كۆرۈنەرلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. تەبىئەت ۋە ئالەمدىكى ھادىسە گۈزەللىكىنىڭ شېئىرىي مۇھىتقا كىرىشى شائىر تۇيغۇسى بىلەن تەسەۋۋۇرىنىڭ كەڭلىككە قاراپ سىلجىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇنىڭ تەبىئەت

قارىشى بىلەن ئالەم قارىشىنىڭ شېئىرىيەت زېمىنىدا بىخلىنىشىدۇر. شېئىرىي گۈزەللىك، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىجتىمائىي گۈزەللىكتىن باشقا يەنە تەبىئىي گۈزەللىكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئادەتتە، تەبىئىي گۈزەللىك ئىنسان ھەرىكىتىنىڭ قوشۇلۇشىدىن پەيدا بولغان تەبىئىي ھادىسىلەر گۈزەللىكى بىلەن، تەبىئەت ۋە ئالەمنىڭ ماددىي بىرلىكىدە نامايان بولغان تەبىئىي شەيئىلەرنىڭ تاشقى گۈزەللىكتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كەڭ كەتكەن سالا ئېتىزلار، ياپيېشىل ئورمانلار، رەڭمۇرەڭ گۈللەرگە تولغان باغچىلار، كۆككە تاقاشقان بىنالار، ئالتۇندەك بۇغدايلار، بولۇتتەك پادا - پادا قويلار، ساپاق - ساپاق ئۈزۈملەر... ئەلۋەتتە ئىنسان ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى. ئىللىق قۇياش، چاقناق يۇلتۇزلار، سۈرەتتەك ئاي نۇرى، زۇمرەتتەك دېڭىز، كۈمۈش لېنتىدەك دەريا، ھەيۋەتلىك تاغلار، ئاھۇ كۆزلۈك بۇلاقلار، بۈركۈت، كەكلىككە ئوخشاش قۇشلار ئىنسان ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. بىراق، رېئال دۇنيادا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا يا ئۇنداق، يا مۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىشىدۇ. يېقىنلىشىدۇ. كىشىلەر بۇ شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ گۈزەللىكىدىن بەھرىلىنىدۇ، غۇرۇرلىنىدۇ. شائىر «جەنۇب غەزەللىرى» ناملىق شېئىرىدا ئىنسان ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى بولغان ئۈجمە توغرىسىدا:

*«گۈزەل مەشرىق بىلەن مەغرىپ يولىنىڭ ئارىسى ئۈجمە،*
*زېمىن گۈلشەنلىرى ئىچرە يېشىللىق تاجىسى ئۈجمە.»*

دەپ يازسا، «يۇلغۇن» شېئىرىدا:

*«گۈزەلچى قەلبىدەك گويىغاق، تۇرار چۆلنى بېقىپ يۇلغۇن،*
*دىيارىم باغرىغا مەزمۇت، تىرەن يىلتىز يېيىپ يۇلغۇن.»*

دەپ يازىدۇ. «تاغ ناخشىلىرى» دىكى «كەكلىك» دېگەن شېئىرىدا:

*«تونۇدۇم، بىر چاغلىرى بۇ جانىۋارلار،*
*تۇراتتى قەپەسلەردە بويۇن قىسىپ.*
*«كەتكىلىك» دەپ سايرىغان مۇڭلۇق ئۈنى،*

*ئاقلانغان ئىدى ماڭا شۇنچە زەڭمپ.*
*قەيەرگە كەتمەكچىدۇر ئۇلار، دەيتتىم،*
*غىمكە قوشۇلۇپ تەك غەملەر يەتتىم.»*

دەپ يازسا، «تاغ يامغۇرى» دېگەن شېئىرىدا:

*«گۈلدۈرلەپ تاغنىڭ ئىچى بىر پەستىلا،*
*چېقىلدى كۆكتە كۈچلۈك چاقماق - چېقىن.*
*يېرىلغان بۇلۇت كۆزى تۆككەندە ياش،*
*ياسالدى قاپتاللاردا قىيان - ئېقىن.*
*توستۇننى بۆسۈپ ئاقتى يامغۇر سۈيى،*
*قاپلىدى تاغ - جىرانى جۇشقۇن كۈيى.*

دەپ يېزىپ، جەسۇرلۇق، مەردانىلىق تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. شائىرنىڭ بۇ تەبىئىي ھادىسە ۋە شەيئىلەرنى مەدھىيىلىشىنىڭ سەۋەبى ناھايىتى روشەنكى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىنسان ھاياتىنى مەدھىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ ھادىسە ۋە شەيئىلەر شۇنىڭ ئۈچۈن گۈزەلكى، ئۇنىڭدا ئىنساننىڭ ماھىيەتلىك كۈچ - قۇدرىتى، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچى، ئەقىل - پاراستى، ئىقتىدارى، خىسلىتى، ئىدىيىسى، ھېسسىياتى ئىپادىلىنىدۇ. دەل مۇشۇ روھ تەبىئىي گۈزەللىكلەرنى شېئىرىي گۈزەللىككە ئايلاندۇرۇشنىڭ مۇمكىنلىكىنى بېرىدۇ.

*«كۆكۈم يايپىتى تاغلار ئۈستىنى،*
*كەڭلىكلەردە شەپەق جىلۋىسى.*
*قۇياش قويىدى ياستۇققا باش،*
*نۇرى گويا تارام - تارام ياش،*
*خىرەلەشتى كەمبە قىلۋىسى،*
*كەڭلىكلەردە شەپەق جىلۋىسى.*

*قىيالارنىڭ ئۈچى قارىيىپ،*
*سۇس تۇماندىن كەيدى دوبۇلغا.*
*تىزمىلارنىڭ كۆكۈملۈق پەيتى،*
*ئىدى خۇددى ھارغان جەڭ ئېتى.*

*ئالماقچىدەك گۈزىنى يانغا،*
*سۇس تۇماندىن كەيدى دوبۇلغا.»*

«گۈزەللىك سۇس پەردە ئىچىدە» دېگەن بۇ شېئىر شائىر ئىجادىيىتىدە شېئىرىي گۈزەللىك يارىتىش غايىسىنىڭ پىشىك ۋە ئېستېتىك نۇقتىنى ئاللىقاچان مەقسەت قىلىپ تاللىۋالغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ پەيدىنپەي رېئاللىققا ئايلىنىشقا باشلىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. غۇۋالىق سەنئەت گۈزەللىكىنىڭ مۇھىم ئالامىتىدۇر. شائىرنىڭ سۇس پەردە ئىچىدىكى گۈزەللىككە ئىنتىلىشى ئۇنىڭ سەنئەت گۈزەللىكىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن شائىر تالانتىنىڭ يوشۇرۇن ئېنېرگىيىسىنى كۆرگەندەك بولدۇق. بۇ ئەلۋەتتە بىزنى ھاياجانغا سالىدۇ.

*«باقتى پەسكە ھەۋەسلىنىپ ئاي،*
*بۇ بىر كۆلۈك ئۇتتۇقنى ساناپ.*
*ئۇز ئەكسىنى كۆردى زەپ ئېنىق،*
*سانسىز چەشمە - بۇلاققا قاراپ.»*

*«تېنىق كۆكتىن چۈشۈپ سەيلىگە،*
*ئاي چۆمۈلدى بۇلاق سۈيىگە.*
*ئاشىقلارنىڭ شادلىق كۈلكىسى،*
*قوشۇلدى يەر - زېمىن كۈيىگە.»*

«ئاي چۆمۈلدى بۇلاق سۈيىگە» ناملىق بۇ شېئىرنىڭ يۇقىرىقى كۇپلېتلىرىدا، شائىر ئالەمنىڭ ماددىي بىرلىكى توغرىسىدىكى ماتېرىيالىستىك قارىشىنى تەسەۋۋۇر ھەم ھېسسىيات بۆلىكىدە ئالغا سۈرسە، «ئانىلارنىڭ ئانىسىدۇر گۈزەللىك» دېگەن شېئىرىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، تەبىئەت، بىئولوگىيىلىك دۇنيا ۋە كائىناتنىڭ دېئالېكتىك مۇناسىۋەت چوڭقۇرلىقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۇنىڭ ئۆزئارا شەرتلىكلىكىگە ۋە تەقەززالىقىغا ئىگە بىر پۈتۈنلۈكتىكى «ھايات چەمبىرىكى» ئىكەنلىكىنى لىرىك يول بىلەن يورۇتۇپ بېرىدۇ. «ئانىلارنىڭ ئانىسىدۇر گۈزەللىك» دېگەن بۇ شېئىرنىڭ

ئىلان قىلىنىشى، شائىر ئىجادىيىتىنىڭ سۈرەتلەش، شېئىرىي مەنزىرە يارىتىشتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، پەلسەپىۋى تەپەككۇر يۈكسەكلىكىنىڭ تەسەۋۋۇر مۇھىتىغا ئاياغ باسقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. «چېچىلغان مارجانلار» ماۋزۇسىدىكى ئون پارچە شېئىرمۇ بۇ پىكرىمىزنى تېخىمۇ روشەن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە.

بۇ يەردە مەسىلىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇشتىن، شائىرلار ئۆز شېئىرلىرىغا پەلسەپىۋى ئۇقۇم بېرىشى كېرەك ياكى شېئىرلارنى تامامەن پەلسەپىۋىلەشتۈرۈش كېرەك دېگەن مەنە كېلىپ چىقمايدۇ. ئەلۋەتتە، شائىر ئىجادىيەتكە قەدەم قويغاندا، ئۆز شېئىرلىرىنى تېخىمۇ يۈكسەك تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر مۇھىتىدا جۇلالاندۇرالىسا، ئۇنىڭ ئۇقۇرمەنلەرگە بەرگەن ئېستېتىك زوقى بىلەن «ئىككىنچى تەبىئەت» دىكى ئەكس ساداسى تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ كەڭ ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر بولىدۇ.

6

ئابدۇللا سۇلايمان تالانتلىق، شىجائەتلىك شائىر. ئۇنىڭ ئۈچ پارچە شېئىرلار توپلىمى ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن شېئىرلىرىدىن شائىرنىڭ تەسەۋۋۇر، ھېسسىيات، پىكىر جەھەتتە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، ئوبرازلىق تەپەككۇر ئالاھىدىلىكىنى، شېئىرىي مۇھىت، شېئىرىي ھېكمەت، شېئىرىي ئوبراز ساھەلىرىدا سالماق ئاياق بېسىۋاتقانلىقىنى، ئېستېتىك قارىشىنىڭ چوڭقۇرلۇققا قاراپ سىلجىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا بولىدۇ.

شائىر ئۆز شېئىرلىرىنى سەنئەتنىڭ ئېستېتىك قانۇنىيەتلىرى ۋە شېئىرىيەتنىڭ توپ خۇسۇسىيەتلىرى ئاساسىدا ئىجاد قىلىدۇ. پىكىر گۈزەللىكى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىك، پىكىر گۈزەللىكى ماھىيەتتە شائىر تەسۋىرلەۋاتقان كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئوبيېكتىپ ھەرىكەت گۈزەللىكى بىلەن ئاڭلىق پائالىيەتچانلىققا ئىگە بولغان شائىر سۇبيېكتىنىڭ ئىچكى گۈزەللىكىدىن تۇغۇلىدۇ. ئابدۇللا سۇلايماننىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرىدىكى سېھرىي كۈچنىڭ ئەكس سادا پەيدا قىلالىغانلىقىنى ئۇنىڭ بۇ شېئىرلىرىدا پىكىر گۈزەللىكىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن

ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

شائىر شېئىرىنىڭ ئىككىنچى ئالاھىدىلىكى، ئوبراز گۈزەللىكى. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا ئوبرازلاشتۇرۇشنىڭ جانلاندۇرۇش، ئادەملەشتۈرۈش، ماددىيلاشتۇرۇش ۋە ئوخشىتىشقا ئوخشاش بارلىق ۋاسىتىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىدۇ. مەسىلەن، شائىر قاراقاش دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدىكى پولات زەنجىرلىك ئاسما كۆۋرۈكنى:

«چوققىنى چوققىلارغا تۇتاشتۇرۇپ،
تۇرىدۇ گەرتىش گۈزرە ئاسما كۆرۈك.»

دەپ مۇبالىغە قىلسا، قۇياشنى قىزغا ئوخشىتىدۇ:

«رەڭلىنىپ ئوتقاش كەبى ئويۇق يېتى،
ئېچىلدى دەرۋازىسى ئۇنىڭ داغدام.
نازاكەت بىلەن چىقتى سەھەر قىزى.
زېمىنغا ئاياغ بېسىپ ئۇنچە ئىلدام.»
(«سەھەر قىزى» دىن)

بۈركۈتنى ئادەملەشتۈرىدۇ:

«ئاھ چۈشىدە، ئاھى ئۆڭىدا،
كۆي تىڭشىدى بۈركۈت بالىسى.
تۇرۇپ ئۆۋا ئۈستىدە تېتىك،
يىراققا كۆز يۈگۈرتۈپ ئىتتىك،
قىلدى گۈزەت ئۇلار ئانىسى،
كۆي تىڭشىدى بۈركۈت بالىسى.»
(«گۈزەللىك سۈس پەردە ئىچىدە» دىن)

شائىر شېئىرلىرىنىڭ ئۈچىنچى ئالاھىدىلىكى، شېئىر شەكىللىرىنىڭ گۈزەللىكى. ئۇ كلاسسىك شېئىر شەكىللىرى (بۇ جەھەتتە شائىرنىڭ «ھايات غەزەللىرى»، ناخشا مۇھەببىتى»، «جەنۇب غەزەللىرى»، «ھايات ئۈنچىلىرى» ۋە «يەتتە غەزەل»

قاتارلىق ئەسەرلەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە) بىلەن يېڭى شېئىر شەكىللىرىنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىدە ئىجاد قىلىندۇ. خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ ھەمدە شەكىل گۈزەللىكىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئەمەل قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شائىر ئۆزىنىڭ يۇقارقى ئۈچ كىتابىغا كىرگۈزگەن شېئىرلىرىدا بەزى يېتەرسىزلىكلەرگىمۇ يول قويىدۇ. مەسىلەن، «شىجائەتلىك ياشاش ئىنسان قىممىتى» دېگەن شېئىرىدا:

*«مەھكۇملۇقتا بۇلبۇل قەلبى پەرىشان،*
*ئۇ قەپەسكە كۆز تىكىنىنى كۆرىدۇ.*
*ئىنتىلگىنى كەڭلىك، باغلار كەڭ نىشان،*
*ئاڭا ئۇچماق بولۇپ پىلان قۇرىدۇ.*

*ئۇۋا سالماس قانچە يىل، ئاي تۇرسىمۇ،*
*كۆيلىرىنى بوغۇچلىغان قەپەسكە.*
*چۈنكى، قۇللۇق مىراسىنى دەيدۇ ئۇ،*
*ئەۋلادىمغا قالدۇرمايمەن ئەبەدكە.»*

دەپ بۇلبۇل ھەققىدە يازسا، «يەتتە غەزەل» دېگەن «كەكلىك» رادىپلىق غەزىلىدە يەنە شۇ مەزمۇننى مۇنداق تەكرارلىغان:

*«گەگەر بولسا كۈمۈش، ئالتۇن قەپەسكە ئۇ بەند - تۇتقۇن،*
*ئاڭا كۆز بەستىنى ئۆرغاي، گويا قەھرى تۇتۇپ كەكلىك.*
*بېرىشكە رازىكى ئۇ جان، قەپەسكە جاي - ئۇۋا سالماس،*
*پايانسىز تاغ، جىرالار ئىشقىدا قەلبى يورۇپ كەكلىك.»*

بىلىش كېرەككى، دۇنيادا ئەڭ جانلىق، ئەڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە نەرسە ئەڭ يېڭى نەرسىدۇر. ئېستېتىك تەسىراتنىڭ خاسلىقى ۋە بەدىئىي ئىپادىلەشنىڭ يېڭىلىقى شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي تەلىپى، شۇنداقلا ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتنىڭ سىرى. شائىر ئۆزىگە خاس تەسىراتقا ئىگە بولۇشى، يېڭى تەسىراتقا ئىگە بولۇشى كېرەككى، ھېسسىياتنىڭ، پىكىرنىڭ، مەزمۇننىڭ تەكرارلىنىشىغا قىلچە يول قويماسلىقى كېرەك.

مەن شائىر ئابدۇللا سۇلايمان ئىجادىيىتىنىڭ يالقۇنلۇق ھايات قاينامىلىرىدا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشىگە تىلەكداشمەن.

1991 - يىلى 13 - ماي، خوتەن



*مۇھەممەت چاۋار 1949 - يىلى 10 - فېۋرال گۇما ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1967 - يىلى قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەن. 1985 - يىلىدىن تارتىپ خوتەن ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسى، مەدەنىيەت باشقارمىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا باشقارما باشلىقى بولغان. 2002 - يىلى ئىيۇلدىن ھازىرغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باش كاتىپى بولۇپ ئىشلىمەكتە.*

*ئۇ 1973 - يىلى «ئۇما قوشىقى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن بولۇپ، 1986- يىلى ئۇنىڭ «بېشىل مۇھەببەت» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، 2003 - يىلى «شاھ سەنەمنىڭ ئىشقى» ناملىق ھېكايە- پوۋېستلار توپلىمى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان. 80 - يىللاردا ئۇ يەنە ئەدەبىي ئوبزورچىلىق بويىچە ئۆزگىچە ئىلمىي قاراشلارغا ئىگە بىر قانچە پارچە ماقالە ئېلان قىلغان.*

*ئۇنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ شېئىر، نەسر، پروزا ژانىرى بويىچە ئىجاد قىلغان بىر بۆلۈك ئەسەرلىرى خەلق ناخشىلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن ھەمدە 70 - يىللاردا قولیازما ھالەتتە قولدىن - قولغا ئۆتۈپ كۆچۈرۈلگەن. «ئېست زېمىن، ئاھ قۇياش»، «خالتا كوچىدىكى چۈشلەر» قاتارلىق ئەسەرلىرى خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.*

*شائىر، يازغۇچى، پوبلىتسىت مۇھەممەت چاۋار 90 - يىللاردىن كېيىن ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ بىر بۆلۈك شېئىرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئېستېتىكا، ئېتنوگرافىيە، مەدەنىيەت جۇغراپىيىسى ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بويىچە يازغان، تۈزگەن ئىلمىي ئەمگەكلىرى يېقىندا ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى.*

*ئۆز ئەسەرلىرىدە قويۇق لىرىكا ئارقىلىق كىشىلىك تۇرمۇش قىممىتىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ، مۇھەببەت ۋە تەبىئەت تەسۋىرىنى ماكان، زامان سەنئىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەن بۇ ئەدىب، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى 14 - دىۋىزىيە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى.*

ئەنۋەر ھوشۇر

# «بەش توپ سەگۇ تېرەك»تىن «يېڭى قوشنا»غىچە

«بەش توپ سەگۇ تېرەك»، «يېڭى قوشنا»، «ئۇ دۇنيادىكى سوراق»، «كىمىرىپ يېيىش»، «شەھلا كۆز» قاتارلىق بىر بۆلۈك نادىر ئەسەرلىرى بىلەن كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ كېلىۋاتقان تالانتلىق يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ ئىزچىل تۈردە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقىنىغا 10 يىل بولۇپ قالدى. ئۇ مۇشۇ 10 يىل جەريانىدا جاپالىق ئىزدىنىشلەر بەدىلىگە ناھايىتى تېزلا ئۆزىنىڭ ئەدەبىياتىمىز ساھەسىدىكى نوپۇزىنى تىكلىدى ھەمدە خېلى مۇكەممەل بولغان ئۆز ئۇسلۇبىنى ياراتتى. ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر 100 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرى، 40 پارچىغا يېقىن ھېكايىسى، تۆت پارچە پوۋېستى شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. «ئۇ دۇنيادىكى سوراق»، «كۈلۈپ كۆرگەنلەر ۋە كۆرۈپ كۈلگەنلەر»، «چۆل ئوغلى» قاتارلىق ھېكايە، نەسىر، پوۋېستلار توپلاملىرى نەشر قىلىندى. ھەر خىل ژانىردىكى ئون نەچچە پارچە ئەسىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ «مىللىي يازغۇچىلار»، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» قاتارلىق نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. بىر مۇنچە ئەسەرلىرى مەملىكەت، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. قىسقىسى، ئۇ ئۆز ئوقۇرمەنلىرىنىڭ يېڭىلىققا تەشنا قەلبىنى چۈشىنىش ئاساسىدا بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ خىلمۇخىل قانۇنىيەتلىرىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىپ ۋە ئۇنى ئىجادىي ھالدا ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت دۇنياسىنى ياراتتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، تىما دائىرىسى كەڭ ھەم قىزىقارلىق بولۇپ، مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتە ئۆزىگە خاس بىر مۇنچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

نۇرمۇھەممەت توختى ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ تېما تاللاشتا ئۆزگىچە يول تۇتقانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ھەممىگە ئايان، تېما ئەسەرنىڭ باش تېمىسىنى، جۈملىدىن كومپوزىتسىيىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ مۇۋاپىق تاللىنىش ياكى تاللىنالماسلىقى ئەسەرنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. نۇرمۇھەممەت توختى دەل مۇشۇ ئىجادىيەتنىڭ بىرىنچى باسقۇچى بولغان تېما تاللاش مەسىلىسىدە ئۆزگىچە يول تۇتۇشقا تىرىشقان.

1) ئۇ تېما تاللىغاندا تېمىسىنىڭ قىزىقارلىق، جەلپ قىلارلىق بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىغان. بىزگە مەلۇم، ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانى ئاپتور، ئەسەر ۋە ئوقۇرمەنلەردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ بىرلىكىدە ئەمەلگە ئاشىدىغان مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر جەريانى، بۇ ئۈچ تەرەپنىڭ ئىچىدە ئوقۇرمەنلەر ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىمۇ بارلىق ئىجادىي پائالىيەتلەرگە ئوخشاشلا ئېنىق مەقسەتچانلىققا ئىگە پائالىيەت، ئۇنىڭ بىردىنبىر مەقسىدى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ھالبۇكى، كەڭ ئوقۇرمەنلەر ئاممىسى ئەڭ ئەركىن كىشىلەر، نېمىنى ئوقۇش، نېمىنى ئوقۇماسلىق، قايسى ئەسەرنى ئوقۇش، قايسى ئەسەرنى ئوقۇماسلىق ئۇلارنىڭ ئۆز ئىلكىدىكى ئىش، ئۇلارغا ھېچكىم، ھېچقانداق كۈچ پالانى ئەسەرنى ئوقۇپ ھوزۇرلىنىسەن دەپ بۇيرۇق بېرەلمەيدۇ ھەم بىرىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، بۇ ھال ئاپتوردىن يۇقىرى بەدىئىي ماھارەتنى يېتىلدۈرۈشتىن سىرت، ئاشۇ ماھارىتىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇشقا ماھىر بولۇشتەك ئىقتىدارىنىمۇ يېتىلدۈرۈشنى، شۇ ئارقىلىق ئەسەرلىرى ئەتراپىغا كەڭ ئوقۇرمەنلەر قوشۇنىنى ئۇيۇشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بولمىسا «خېرىدارىڭ بولسا زىبالىقىڭ نەھاجەت» دېگەندەك، ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىۋەرگىنى بىلەن ئۇنى ھېچكىم ئوقۇمايدۇ-دە، بىر دۆۋە كېرەكسىز قەغەزلەر قاتارىدا تاشلىنىۋېتىلىدۇ. نۇرمۇھەممەت توختى بۇ نوقتىنى ئاڭلىق ھالدا تونۇپ يەتكەن يازغۇچى، ئۇ ھەر ۋاقىت ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۇ ئۆز ئوقۇرمەنلىرىنىڭ

پسىخىكىسىنى ئىگىلەشكە ماھىر. ئۇ كەڭ كىتابخانلار ئاممىسىنىڭ مەلۇم بىر ئەسەرنى ئوقۇشتا ھەرگىزمۇ تەربىيە ئېلىشنى مەقسەت قىلىپ ئوقۇمايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە ئىچ پۇشۇغىنى چىقىرىش، تەنھالىقتىن قۇتۇلۇش، ئۆزىدىكى مەنىۋى بوشلۇقنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە ئوقۇيدىغانلىقىنى، ئەسەرنىڭ تەربىيىۋى رولى ۋە كۆڭۈل ئېچىش رولىنىڭ ئېستېتىك رولى ئىچىدىن خۇددى بولاق سۈيىدەك تەبىئىي ھالدا ئۇرغۇپ چىقىدىغانلىقىنى، پەقەت مەلۇم بىر ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتى بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ھالبۇكى، قىزىقارلىق بولۇش ئۇنىڭ مۇشۇ ھەقىقەتنى بايقاش جەريانىدا ئېرىشكەن مۇھىم بىر ئەڭگۈشتىرى، ئۇ مۇشۇ ئەڭگۈشتىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ يېڭىلىققا تەشنا قەلبىنى سېھىرلەپ، ئۆز ئەتراپىغا بىر بۆلۈك ئوقۇرمەنلەر جامائەسىنى توپلىۋالغان. ئەمەلىي مىسال تەرىقىسىدە ئاپتورنىڭ «باھاۋىدىن ھەقمۇھەممەت» ھېكايىسىغا نەزەرىمىزنى ئاغدۇرۇپ باقايلى: ھېكايىنى ئوقۇغانلارغا ئايانكى، بۇ ھېكايىدا باھاۋىدىن ھەقمۇھەممەتنىڭ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا پارىخورلۇق پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلىقىدەك ۋەقە بايان قىلىنىدۇ. لېكىن ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى ئومۇمىي خاراكتېرلىك تېمىلار ئۈستىگە قۇرۇلغىنىغا قارىماي، كىشىگە يەنىلا يېڭىچە ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ. ئۇنى ئوقۇغان ئادەمنىڭ يەنە ئوقۇغۇسى كېلىدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب نەدە؟ سەۋەبى دەل ئاپتورنىڭ تاللىغان تېمىسىنى قىزىقارلىق كۈلكە خۇرۇچى بىلەن يۇغۇرۇپ، ئۇنى ئىجادىي ئەھمىيەتكە ئىگە قىلغانلىقىدا! ھېكايە باشلىنىشى بىلەنلا بىزنى كۈلكە قىستاشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭدىكى ئۆزگىچە تەمگە ئىگە تەسۋىرلەر، بايانلار بىزنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدۇ. ھايال ئۆتمەي بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا گىلدىڭ باش قارىمىنىڭ يۇمۇرلۇق قىياپىتى نامايان بولىدۇ. بىز ئۆزىمىزمۇ سەزمىگەن ھالدا گىلدىڭ باش قارىمىغا قىزىقىپ قالىمىز. ئۇنىڭ يۇمۇرلۇق چاقچاقلىرى قوينىغا غەرق بولىمىز، يېقىملىق ناخشىنى، خۇش ئاۋاز سازىنى بېرىلىپ ئاڭلايمىز. ئۇ تۇيۇقسىز ئىسكىرىپكا پەدىسىنى مەشھۇر «قۇربانىڭىز بولاي» ئاھاڭىغا يۆتكەيدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بېشى يەنىلا: «ياق، قۇربان بولمايمەن، ياق» دەۋاتقاندەك ئىككى تەرەپكە گىلدىڭشىيدۇ. بىز يەنە

كۆلۈپ كېتىمىز ... 60 — يىللارنىڭ مەلۇم بىر كۈنى گىلدىڭ باش قارىم بازار ئايلىنىۋېتىپ ئىختىيارسىز ھالدا بىر ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچى گورۇھىنىڭ باشلىقىنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكى توغرىسىدىكى ئېلاننىڭ ئالدىغا كېلىپ قالىدۇ. قارىم ئەل قاتارى ئېلان ۋە ئۇنىڭ يېنىغا چاپلانغان ھەجۋىي سۈرەتلەرگە دىققەت بىلەن كۆز يۈگۈرتىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بېشى يەنىلا: «ئۇلار توپىلاڭ كۆتۈرگەن ئەمەس» دېگەندەك توختىماستىن ئىككى تەرەپكە گىلدىڭشىپ تۇرىدۇ. دەل شۇ پەيتتە كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ساقچى بۇنى كۆرۈپ قالىدۇ-دە، قارىمنىڭ تىنىمسىز گىلدىڭشىپ تۇرغان بېشىغا قاراپ: «بۇ قانداق ئەبلەخ؟ ئېلانغا نارازى بولۇپ، كۈپكۈندۈزدە باش چايقىغىنىغا قارا، ھۇ قاپ يۈرەك...» دەيدۇ - دە، قارىمنى تۈرمىگە سولىۋېتىدۇ. بىز بۇ ۋاقىتتا ئاچچىق كۈلىمىز. دېمەك، ئاپتور ھېكايىنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە، گىلدىڭ باش قارىم ھەققىدىكى تەسۋىرلەر ئارقىلىق بىر تەرەپتىن مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى ئاستىرتتىن مەسخىرە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھېكايىنىڭ ئاساسىي قىسمى بولغان باھاۋۇدىن ھەقمۇھەممەت ھەققىدىكى سۆژىتلار ئۈچۈن مەنىۋى مۇھىت ھازىرلايدۇ، ھېكايە ۋەقەلىكى ئاساسىي لىنىيەگە كۆچىدۇ. بۇ قېتىم بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا گىلدىڭ باش قارىمنىڭ ئەكسىچە ھەممىگە باش لىڭشىتىدىغان باھاۋۇدىن ھەقمۇھەممەتنىڭ بىچارە قىياپىتى كۆز ئالدىمىزدا زاھىر بولىدۇ.

باھاۋۇدىن ھەقمۇھەممەت 1956 - يىلىدىكى كوللېكتىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتىدە كادىرلار سېپىگە قوشۇلۇپ، بىر يىلدىن كېيىنلا كۆزگە كۆرۈنگەن؛ 1958 - يىلىنىڭ بېشىدىلا رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە ئۆستۈرۈلگەن كادىر، ئۇ خۇش پېئىل، ياۋاش، كىشىلەرگە ھەر ۋاقىت سىلىق مۇئامىلە قىلىدۇ، ھېچكىمنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەيدۇ. قول ئاستىدىكىلەرنىڭ تەلەپ - ئىلتىماسلىرىغا بولسۇن ياكى يىغىنلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپ - مەسلىھەتلەرگە قارىتا بولسۇن، ھەممىگە قارىغۇيۇق: «بولىدۇ، ماقۇل، شۇنداق قىلايلى، قوشۇلىمەن» دەپلا پوزىتسىيە بىلدۈرىدۇ. ئۇ ھېچقانداق ئىشقا «ياق، ئۇنداق ئەمەس» دەپ باقمايدۇ. نەتىجىدە ئۇ 30 نەچچە يىل «ماقۇل، شۇنداق بولسۇن» دەپ باش لىڭشىتىۋەرگەچكە بېشى توختىماي ئىغاڭلايدىغان بولۇپ قالىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ مەقسەتسىز ھالدا

بازار ئايلىنىۋېتىپ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا گىلەم بازىرىغا بېرىپ قالىدۇ ۋە ھېلىلا پۈتكەن بىر سودىنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ قالىدۇ. ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى گىلەمنى يەرگە يېيىپ پۇل سانىشىۋاتاتتى. باھاۋىدىن ھەقمۇھەممەت گىلەمگە تىكىلىدۇ. ئۇنىڭ بېشى «ياخشى، چىرايلىق گىلەم ئىكەن» دېگەن مەنىگە ئىغاڭلايدۇ. ئويلىمىغان يەردىن باھاۋىدىن ھەقمۇھەممەت گىلەم سېتىۋالغۇچى بىلەن تونۇش چىقىپ قالىدۇ. گىلەم سېتىۋالغۇچى يىراقتىكى قومباغ كەنتىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئالدىنقى ھەپتىسى سۇ داۋاسى قىلىپ باھاۋىدىن ھەقمۇھەممەتنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندى. ئۇلار بىرەر ئېغىزدىن پاراڭلىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا باھاۋىدىن ھەقمۇھەممەتنىڭ بېشى يەنىلا ئىغاڭلاپ تۇراتتى. قومباغ كەنتىنىڭ باشلىقى بۇ خىل غەلىتە ئىغاڭلاشنى: «ماقۇل شۇنداق قىلايلى، بۇ گىلەمدىن تولىمۇ رازىمەن» دېگەن مەنىدە چۈشىنىدۇ - دە، شىپپىدە كۆزدىن غايىپ بولىدۇ. كەچلىكى باھاۋىدىن ھەقمۇھەممەت بۇ گىلەمنى ئۆز ئۆيىدە كۆرىدۇ. شۇندىن كېيىن باھاۋىدىن ھەقمۇھەممەتنىڭ بېشى ئىغاڭلاۋېرىدۇ، پارا كېلىۋېرىدۇ. ئاخىر ئۇ سېپى ئۆزىدىن مەشھۇر پارىخورغا ئايلىنىپ، قانۇننىڭ ئەيىپلىشىگە ئۇچرايدۇ. دېمەك، ئاپتور بۇ يەردە بىر تەرەپتىن «كاللىنىمۇ يېمەسلىك، چىشنىمۇ چاقماسلىق» تەك جاھاندارچىلىق پەلسەپىسىنى ئۆزىنىڭ خىزمەت مىزانى قىلىۋالغان بىر بۆلۈك رەھبىري كادىرلارنى تەنقىد قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تولىمۇ ئۇستىلىق بىلەن، ئەگەردە كىشىنىڭ ھەق-ناھەق تۇيغۇسى، مۇھەببەت - نەپرىتى ئېنىق بولمىسا ئېنىقكى بۇنداق كىشىلەر ھامىنى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ، دېگەن يوشۇرۇن ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ.

ئاپتورنىڭ «پېشكەللىك»، «ناھىيىگە كەلگەن ماۋتەي ھارىقىنىڭ تەقدىرى»، «يېڭى قوشنا» قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ مۇشۇ خىل روھتا يېزىلغان ئەسەرلەر بولۇپ، بىزنى كۈلكە ئىچىدە ئويلىنىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

2) تاللىغان تېمىسىنىڭ مۇمكىنقەدەر ئىجادىي ۋە ئەھمىيەتلىك بولۇشىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان. بۇ نوقتىنى ئۇنىڭ «چېچەك ئىزى»، «تامغا» قاتارلىق ئەسەرلىرى پاكىتلىق ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئوقۇغانلارغا مەلۇمكى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ

ھەممىسىنىڭ تېمىسى ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان، يېزىپ باقمىغان يېڭى ھەم ئەھمىيەتلىك تېمىلاردىن بولۇپ، ئوقۇغان كىشىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدۇ. ئۇنى ئوقۇغان ھەر قانداق بىر ئوقۇرمەن ھاياجانلانماي، ئاپتورنىڭ مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىغا قايىل بولماي قالمايدۇ.

نۇرمۇھەممەت توختى ئىجادىيىتىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك ئەسەرلىرى قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكىدە كۆرۈلىدۇ.

دەرھەقىقەت، تېما تاللاش يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەتكە كىرىشىشتە ئۆتمىسە بولمايدىغان بىرىنچى كېچىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتكۈل ئىجادىيەت مۇساپىسى جەريانىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، لېكىن شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىمكى، تېمىنى ياخشى تاللىغانلىق ھەرگىزمۇ ياخشى ئەسەر يېزىپ چىققانلىق ئەمەس. ئۇ پەقەت ئىجادىيەتنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باسقانلىق خالاس. بۇ يەردە يەنە تاللىغان تېمىنى ئۆزىگە ماس شەكىلدە ئىپادىلەش مەسىلىسى مەۋجۇت. شۇ سەۋەبلىك ئازابلىق كەچمىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ياستۇققا باش قويغىنىدا نى - نى ياخشى ھېكايىلەرنىڭ، ھەتتا رومانلارنىڭ سۇژىتىنى تۈزۈپتىپ، ئەتىسى قولىغا قەلەم ئالغىنىدا قاملاشتۇرۇپ بىرەر بەت نەرسە يازالمىغانلىقىدەك ئەھۋاللارنى ئارتۇقچە ئەيىبلەپ كەتكىلى بولمايدۇ. دېمەكچىمىزكى، ئەھمىيەتلىك تېما پەقەت پاراسەتلىك ئەدىبنىڭ قولىغا چۈشكەندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلالايدۇ. بىز نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيەت مۇساپىسىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇنىڭ بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىغانلىقىنى، يېڭى تېمىلارنى يېڭىچە، شۇنداقلا خىلمۇخىل شەكىللەردە ئىپادىلەشكە ئۇرۇنۇپ، بەلگىلىك نەتىجە ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

«ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە تېما بىلەن پېرسوناژ بىلەن سۇژىت، ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن تەبىئىي مۇھىت ئورگانىك ھالدا زىچ باغلانغان بولۇپ، يېتەكچى ۋەقەلىكتىن تارتىپ ئەڭ كىچىك دېتاللارغىچە بولغان ھەممە نەرسە ھەر قانداق ئېھتىياتسىز قولنىڭ تېگىشىنى كۆتۈرمەيدىغان جانلىق ۋە نازۇك بەدىئىي گەۋدە ھاسىل قىلغان» . بۇ نۇقتىنى ئۇنىڭ «قەندەك دادام، قەندەك بالام» ، «ئۇ

دۇنيادىكى سوراق» ، «يىگىرمە مىڭ باغاق» قاتارلىق ئەسەرلىرى پاكىتلىق ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. تەنقىدىي خاھىشنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك، بىز ماقالىمىزنىڭ بېشىدا نورمۇھەممەت توختى تېما تاللىغاندا تاللىغان تېمىسىنىڭ قىزىقارلىق، جەلپ قىلارلىق بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىغان دېگەنىدۇق. دەرھەقىقەت شۇنداق، لېكىن بۇنداق دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىدىيە يوق، ئۇ پەقەت ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىشنىلا ئاساس قىلىپ يېزىلغان ئەسەرلەر دېگەنلىك ئەمەس. ئەكسىچە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەسەرلەر بولۇپ، روشەن خاھىشچانلىققا ئىگە. ئۇ تورمۇشنى كۆزەتكەندە، تەتقىق قىلغاندا، ئۇنىڭ يورۇق تەرىپىنى كۆرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا قاراڭغۇ تەرەپلىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىغان، يەنى ئۇ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تۈۋرۈكى بولغان دوستلۇق، مۇھەببەت، ۋاپا قاتارلىق گۈزەل پەزىلەتلەرنى مەدھىيىلىگەندە (مەسىلەن، «ئالتۇن ۋەسۋەسى» ، «قەندەك دادام، قەندەك بالام» ، «ئامانەت» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىكىدەك) ، يەنە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى خىلمۇخىل ناچار ئىللەتلەر، يەنى بىلىمسىزلىك، كۆرەلمەسلىك، نەپسانىيەتچىلىك، بېخىنمىچىلىك، مەزھەپچىلىك، مىللىي پوچىلىق قاتارلىق خەلقىنىڭ روھىيىتىنى خورىتىپ، ئۇلارنى ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىدىغان مەنىۋى زەئىپلىك ئىللەتلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەنقىد قىلىش سەنئىتى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەنىۋى زەئىپلىك ئىللەتلىرى ئۈستىدە تەنقىد ئېلىپ بارغاندا ھەرگىزمۇ ئىدىيىنى ئوچۇق - ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقارمايدۇ. مەۋجۇت رېئاللىق ئۈستىدە ئۆز ۋەندىن-ئۆز ۋنغا سوز ۋلغان مۇھاكىمىلەرنىمۇ ئېلىپ بارمايدۇ. پەقەت ئوقۇرمەنلەرگە ئەڭ قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئوقۇرمەن ئەسەر ئىدىيىسىنى، ئەسەردە ئىپادىلىگەن كۈچلۈك تەنقىدىي خاھىشنى ھېكايىنى ئاڭلاش جەريانىدا ئۆزى ھېس قىلىۋالىدۇ. «يىگىرمە مىڭ باغاق» ، «ئاجايىپ» ، «ئۇ دۇنيادىكى سوراق» ، «تامغا» ، «چېچەك ئىزى» ، «ناھىيىگە كەلگەن ماۋتەي ھارىقىنىڭ تەقدىرى» ، «كىمىرىپ يېيىش» ، «دوستلۇق ۋە تەقدىم

قىلىش» قاتارلىق ئەسەرلىرى بۇنىڭ تىپىك دەلىلى. ئاپتور بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەر بىرىدە بىر دىن مەسىلىنى كۆتۈرۈپ چىققان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۇدەك مەۋجۇت رېئاللىققا نىسبەتەن ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن تەنقىد ئېلىپ بېرىلغان. مەسىلەن، ئاپتور «يىگىرمە مىڭ باغاق» ھېكايىسىدە مۇھەممەت خۇدا بەردىنىڭ 6 يىل ئىچىدە ئارقا-ئارقىدىن تولىمۇ قىزغىن كەيپىياتتا 20 قېتىم ئادىمىگەرچىلىك پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، نۇرغۇن نەپكە ئېرىشكەنلىكى، نەتىجىدە ئۇنىڭ قازان ئېسىپ بىرەر مۇراسىم ئۆتكۈزمىسە تۇرالمايدىغان بىر خىل كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقى، ئەڭ ئاخىرىدا بىرەر پائالىيەت ئۆتكۈزۈشكە ئامال قىلالماي سۇ ئامبىرىدىن سۈزۈۋېلىنغان بىر ئىگىسىز جەسەتكە نەزىر ئۆتكۈزۈپ جامائەتنىڭ لەنىتىگە قالغانلىقىدەك قىزىقارلىق ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، نۆۋەتتىكى مىللىي مۇراسىملىرىمىزدىكى بەزىبىر نامۇۋاپىق ئىللەتلەر ئۈستىدىن مەسخىرىلىك كۈلسە، «ئۇ دۇنيادىكى سوراق» ھېكايىسىدا ساۋۇتنىڭ ئۇ دۇنيادا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، مىللىتىمىز مەنىۋى تىراگېدىيىلىرىنىڭ مەنبەسى بولغان مەزھەپچىلىك خاھىشى ئۈستىدىن قامچا ئوينىتىدۇ. «چېچەك ئىزى»، «تامغا» قاتارلىق ھېكايىلىرىدا نۆۋەتتىكى رەھبەرلىك ئىستىللىرىدا ساقلىنىۋاتقان بەزىبىر نامۇۋاپىق ئىدىيىلەر تەنقىد قىلىنسا، «ناھىيىگە كەلگەن ماتېي ھارىقى»، «كېمىرىپ يېيىش» قاتارلىق ئەسەرلەردە قىسمەن رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ساقايماس كېسەل پارىخورلۇق، نەپسانىيەتچىلىك ئىللەتلىرى ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلىدۇ. قارالڭ: «مەن خۇددى ئاشۇ پىلە قۇرتىدەك بۇدرۇقىنە سەمرىگەن خېلى كۆپ ئادەملەرنى بىلىمەن ... ئۇلار خالتا-خالتا سېمونت ۋە ئەينەكلەرنى، ھەتتا نەچچە ئون مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پولات چىۋىق بىلەن قاتتىق سۇ تۇرۇبىلىرىنىمۇ كېمىرىپ يەۋېتەلەيدۇ. بەزى ھاللاردا ئۇلارنىڭ كېمىرىپ يېيىشى بەكمۇ جىددىيلىشىدۇ. ئىسكىلاتتىكى زاپاس لازىمەتلىكلەرنىڭ كاسسىردىكى پاراۋانلىق فوندىنىڭ، ئىشقىلىپ ساقلىنىۋاتقان بارلىق جامائەت مۈلكىنىڭ تىۋىشسىز ئازلاپ كېتىش سۈرئىتى بۇ جىددىيلىكنىڭ دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ... مەن سېمونت بىلەن يېشىل رەڭلىك

سىرلارنىڭ نەقەدەر قۇۋۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئاستا-ئاستا تونۇپ يېتىۋاتىمەن. ئۇلار ئادەمنى نەقەدەر چىرايلىق سەمرىتىدۇ-ھە!؟ ناھايەتكى ئۇلارمۇ بۇلاردىن يىپەك ئىشلەپچىقىرالىسا! ئىھ، مېنىڭ بۇدرۇققىنە سېمىزلىرىم، سىلەر نېمىدېگەن ئۇماق!» «كېمىرىپ يېيىش» تىكى ئاچچىق تەنە بىلەن سوغۇرۇلغان يۇقىرىقى قۇرلاردا نەپسانىيەتچىلەرنىڭ يىرگىنچلىك ئەپتى-بەشىرىسى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئېچىپ تاشلانغان بولۇپ، ئوقۇغان كىشىنى قاتتىق ئويغا سالىدۇ.

ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتە ئۆزىنى چەكلىۋالماسلىق ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك.

بىز نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ پۇتكۇل ئىجادىيەت مۇساپىسىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئىجادىيەتتە رېئالىزمنى ئاساس قىلغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى ئۇستىدىمۇ ئىزدىنىپ ياخشى ئۇنۇم ھاسىل قىلغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئاپتورنىڭ «ئۇ دۇنيادىكى سوراق»، «قەدىمكى جەسەت»، «ئاھ قىبرىندىشىم» قاتارلىق ھېكايىلىرى بۇ نۇقتىنى پاكىتلىق ھالدا ئىسپاتلايدۇ. دېمەك، ئاپتور ئۆز كاللىسىدا شەكىللەنگەن ئىدىيىنى ھەر ۋاقىت ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان شەكىل ۋە ئۇسۇلدا ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشىدۇكى، ھەرگىزمۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن «ئەمەتنىڭ دوپپىسىنى سەمەتكە كىيگۈزۈپ قويۇپ» لا بولدى قىلمايدۇ.

مۇھىت تەسۋىرىنىڭ چىن ۋە يارقىن بولىشى نۇرمۇھەممەت توختى ئەسەرلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكىدۇر.

مۇھىت تەسۋىرىنىڭ چىن ۋە يارقىن بولۇشى پروزا ئەسەرلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى. چۈنكى، پەقەت تەسۋىر ئارقىلىقلا ئوقۇرمەن پېرسوناژ ھەرىكەت قىلىۋاتقان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن تونۇشالايدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، مىجەزى، چىراي - شەكلى ۋە قىياپەت ئالاھىدىلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ. شۇڭا تەسۋىر ئىنچىكە، تەبىئىي، يارقىن، خۇددى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدەك ئېنىق ۋە روشەن بولۇشى، ئوقۇغان كىشىگە كونكرېت زامان ۋە ماكاننى ھېس قىلدۇرالىشى لازىم. نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەر روشەن ھالدا كۆزگە

چېلىقىپ تۇرىدۇ. تۆۋەندىكى تەسۋىرگە قاراپ باقايلى: «شەھەرنىڭ غەربىدىكى خىلۋەت كوچىدا باسىت ماشىنىچىنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن قالغان ھويلا ئارامى: پاكارغىنە دەرۋازىنىڭ يېنىدا دېرىزىسى كوچىغا ئېچىلىدىغان كىچىككىنە ماشىنىچىلىق دۇكىنى بار. دۇكاننىڭ دېرىزىسى كۈن بويى ئوچۇق تۇرىدۇ. ئەنە شۇ دېرىزىدىن كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ شىرىلدىغان ئاۋازى كوچىغا ئاڭلىنىدۇ. قۇياش غەربكە قىيسايغاندا ئۇنىڭ تالا - تالا نۇرلىرى ئەنە شۇ دېرىزىدىن دۇكانغا چۈشىدۇ. دۇكاندىكى ھەممە نەرسىنى — پىچىلغان ۋە پىچىلمىغان رەختلەرنى، تىكىلگەن ۋە يېرىم تىكىلگەن كىيىملەرنى نۇرغا كۆمىدۇ. كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ پارقىراق سىرلىرىدىن، توختىماي يۇقىرى تۆۋەن ئويناپ تۇرغان يىڭنىنىڭ ئۇچىدىن يېرىم ئوڭدا قىلىپ قويۇلغان دەزمالنىڭ سىلىق تاپىنىدىن قايتقان نۇرلار دۇكاننىڭ تاملىرىغا كۈمۈشتەك پارقىراق شولىلارنى چۈشۈرىدۇ.

دۇكاننىڭ دېرىزىسى كۈن بويى ئوچۇق تۇرىدۇ. باسىت ماشىنىچى كوچىدىن ئۆتكەن تونۇش - بىلىشلىرى، يار - بۇرادەرلىرى، خېرىدار - ئۇلپەتلىرى بىلەن ئاشۇ دېرىزە ئارقىلىق سالاملىشىدۇ، ئەھۋاللىشىدۇ، شەھەردىكى يېڭىلىقلاردىن خەۋەر تاپىدۇ. يەنە شۇ دېرىزە ئارقىلىق بۇيرۇتمىلارنى قوبۇل قىلىپ، تىكىپ، دەزماللانغان كىيىملەرنى ئىگىسىگە تاپشۇرىدۇ، نىمكا ئالىدۇ. يەنە شۇ دەرىزە ئارقىلىق كوچىدىن ئۆتكەن چىرايلىق قىز- چوكانلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ لەۋلىرىنى يالاپ قويىدۇ» («يېڭى قوشنا» دىن)

تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدەك بىرىلگەن بۇ جانلىق مۇھىت تەسۋىرىدىن بىز باسىت ماشىنىچىنىڭ ھايات شارائىتى، مۇھىتى، تۇرمۇش ئادىتى، قىزىقىشى قاتارلىق بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇنداق جانلىق تەسۋىرلەر ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

نۇرمۇھەممەت توختى پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەش جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ پېرسوناژلارنى تەسۋىرلىگەندە ئۇلارنىڭ پورترېت تەسۋىرىگە ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىدە ھەتتا پورترېت تەسۋىرى بېرىلمىگەن، بىز پېرسوناژلارنى ئۆزىمىز خالىغانچە قىياپەتتە كۆز

ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز. تىل، پسىخىك تەسۋىر ئانچە كۆپ بېرىلمەيدۇ. ئۇنىڭ بىر قەدەر كۆپ قوللىنىدىغىنى پېرسوناژلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تونۇشتۇرۇش، دېتاللار تەسۋىرى ۋە يان تەرەپتىن تەسۋىرلەش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. شۇڭا ئۇنىڭ نۇرغۇن ھېكايىلىرىدا ئۆز خاراكتېر خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدىغان، قەلبىمىزدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدىغان پېرسوناژلار ئوبرازى بىر ئاز كەمرەك.

ھەممىگە ئايان، ئادەم تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى بارلىق پائالىيەتلەرنىڭ مەركىزى. ئادەم بولمايدىكەن، جەمئىيەتمۇ بولمايدۇ. ماس ھالدا ئەدەبىيات ئادەمنى تەتقىق قىلىدىغان پەن بولغاچقا، مۇقەررەر يوسۇندا ئەدەبىياتمۇ بولمايدۇ. شۇ سەۋەبلىك پېرسوناژلار تەسۋىرى پۈتكۈل ئىجادىيەت جەريانىدا مەركىزىي ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇھىت تەسۋىرى بولسا پېرسوناژلار تەسۋىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ھالبۇكى، پېرسوناژلار تەسۋىرى پورترېت تەسۋىرى، تىل تەسۋىرى، پسىخىك تەسۋىر، پېرسوناژلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەسۋىرلەش، دېتاللار تەسۋىرى ۋە يان تەرەپتىن تەسۋىرلەش قاتارلىق بىر مۇنچە تەرەپلەرنىڭ بىرلىكىدە ئاندىن بىر پۈتۈن مۇكەممەللىككە ئېرىشىدۇ. بۇلاردىن بىرەرى كەم بولۇپ قالسا ياكى ئېتىبارسىز قارالسا، ئېنىقكى، پېرسوناژلار تەسۋىرىنىڭ مۇكەممەللىكىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدۇ - دە، ئەسەرنىڭ بەدىئىي قايىل قىلىش كۈچىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ بەزى ئەسەرلىرىدە بۇ خىل ئەھۋال مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇرىدۇ.

ئۇندىن باشقا، يەنە نۇرمۇھەممەت توختى تۇرمۇش چىنلىقىنى بەدىئىي چىنلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشكە ماھىر. بۇ جەھەتتىن ئۇ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ مۇھىم بىر تۈرى بولغان مۇبالىغە ئۇسۇلىنىڭ رولىدىن، يەنى تۇرمۇشنى كۆپتۈرۈپ تەسۋىرلەش ئۇسۇلىدىن ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن پايدىلانغان. ھەممىگە ئايان، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى. ئەدەبىيات - سەنئەت بولسا بەلگىلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى. لېكىن بىزمۇ دېگەنلىرىمىزگە ئاساسەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ئەدەبىيات - سەنئەتتۇر ياكى رېئال تۇرمۇش ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ئىچىگە شۇ پېتىچە

كۆچۈرۈپ قويۇلىدۇ، دەپ چۈشەنسەك خاتالاشقان بولىمىز. بۇ يەردە يەنە تۇرمۇش چىنلىقىنى بەدىئىي چىنلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش مەسىلىسى مەۋجۇت. چۈنكى تۇرمۇش چىنلىقى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئەمەلىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلارغا قارىتىلغان بولۇپ، بۇلار ئىچىدە ئاساسىي ئېقىم ۋە ئاساس بولمىغان ئېقىم، ماھىيەتلىك ۋە ماھىيەتسىز نەرسىلەر، تاسادىپىي ۋە مۇقەررەرلىككە ئىگە شەيئىلەر تارقاق، چېچىلاڭغۇ ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ نەرسىلەر شۇ پېتىچە كۆچۈرۈپ قويۇلسا، ئېنىقكى، بۇ خىلدىكى «ئەسەرلەر» ھېچكىمنى قىزىقتۇرالمايدۇ. پەقەت ئۇ يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەقىل - پاراسەت بازغىنىدا تاۋلىنىپ، پىششىقلاپ ئىشلەنگەندىلا ئاندىن ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. نۇرمۇھەممەت توختى بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىغان بولۇپ، تۇرمۇش چىنلىقىنى بەدىئىي چىنلىققا كۆتۈرۈش مەسىلىسىدە بەزىبىر يۈرەكلىك سىناقلارنى ئېلىپ بارغان. رېئاللىقنى كۆپتۈرۈپ تەسۋىرلەش يولى بىلەن ئەسەرلىرىنىڭ ھەجۋىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، شۇ ئۇسۇل بىلەن يەنە ئەسەرلەرنى يوشۇرۇن ئىدىيىگە ئىگە قىلىش ئۇنىڭ بۇ يولدا ئېلىپ بارغان سىناقلىرى ئىچىدە ئەڭ ياخشى ئۈنۈم بەرگەن گەۋدىلىك ئۇسۇللارنىڭ بىرى. بۇنىڭغا «يېڭى قوشنا»، «يىگىرمە مىڭ باغاق» ناملىق ھېكايىلىرى ياخشى مىسال بولالايدۇ. ھېكايىنى ئوقۇغانلارغا مەلۇمكى، ئاپتورنىڭ ئالدىنقى ھېكايىسىدا بەزىبىر رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان پارىخورلۇق، نەپسانىيەتچىلىك ئىللەتلىرى تەنقىد قىلىنىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئەسەرنىڭ باش تېمىسىدا ھېچقانداق يېڭىلىق يوق. چۈنكى مۇشۇ بىر تېمىدىلا تالاي يازغۇچىلىرىمىزنىڭ قەلەم تەۋرەتكەنلىكى ھەممىگە ئايان. لېكىن شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق لازىمكى، ئەدىبلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ھەر قانداق بىر تېما مەڭگۈ كونا، شۇنداقلا مەڭگۈ يېڭى! بۇ يەردىكى مەسىلە تېمىنى قانداق يوسۇندا يورۇتۇپ بېرىشتە. نۇرمۇھەممەت توختى بۇ ھېكايىسىدىمۇ ئىلگىرى يازغان بىر بۆلۈك ھېكايىلىرىگە ئوخشاشلا ئىجادىي يول تۇتىدۇ. يەنى ئاپتور ئەر قوشنىسىنىڭ ئۆز ئىمتىيازىدىن قالايمىقان پايدىلىنىپ ھوقۇق، پۇل سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتقانلىقىدەك رېئاللىقنى تەسۋىرلىگەندە، بەزىبىر ئاپتورلاردەك

پارا بېرىش، پارا ئېلىش، ئاخىرىدا قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلىشتەك مەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنى تۈز لىنىيە بويىچە بايان قىلىپ قويۇش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، يەنە ئەر قوشنىسىنىڭ دۆي كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، كەڭ يۇقىرالار ئارىسىدا لەنەتكە قالغانلىقىدەك ئېچىنىشلىق تۇرمۇش رېئاللىقىنىمۇ تەسۋىرلەپ، ئەسىرىگە يېڭى قان ئاتا قىلىدۇ. بىزگە ئايانكى، ئەر قوشنىسىنىڭ دۆي كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى، يەنى ئۇنىڭ تۆت ئۆيدە دۆۋە - دۆۋە تۆت لىگەن گۆشنى سوقىۋېتىپ (ساڭزا، ياغلىق توقاچ، شورپا، قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈم، شاپتۇللار بۇنىڭ سىرتىدا) يېرىم چىلەك سۇنى زوڭ ئولتۇرۇپلا ئېچىۋەتكەنلىكى، دوختۇرخانا ئالدىدىكى دوقمۇشتا يۈز بەرگەن سەتچىلىكلەر بىر مۇبالىغە. لېكىن بىز ئۇنىڭغا ئىشىنىمىز. چۈنكى ئەر قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە سومكا - سومكا گۆشلەر، توخۇلار، باغلام - باغلام پۇللار ھەر ئاخشاملىقى ئۈزۈلمەي كىرىپ تۇراتتى ئەمەسمۇ؟ ئەڭ ئاددىيسى باسىت ماشىنىچى ئەر قوشنىسىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە سېتىپ بېرىش ئۈچۈن بىر قېتىمدىلا ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ چىققان سومكىلارمۇ بەش تاغار كەلگەن ئىدىغۇ؟ ئاپتور بۇ يەردە بىزنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن يۇقىرىقى ئەپسانىگە ئىشەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق بىر يوشۇرۇن ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ: ئادەم نەپسىنى قويۇۋەتمىۋەرسە ئەنە شۇ ئەر قوشنىسىدەك ئادەملىك خىسلىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ. كىشىدە ئادەملىك خىسلەت يوقالسا ئۇنىڭ ھايۋاندىن نېمە پەرقى؟

ئاپتور «يىگىرمە مىڭ باغاق» ھېكايىسىدىمۇ مۇشۇ خىل ئۇسۇلدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىدۇ. يەنى مىللىي مۇراسىملىرىمىزدىكى بەزىبىر نامۇۋاپىق ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان بۇ ھېكايىدە ئاپتور مۇھەممەت خۇدابەردىنىڭ 6 يىل ئىچىدە 20 قېتىم ئادىمىگەرچىلىك پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، نۇرغۇن نەپكە ئېرىشكەنلىكىدەك تۇرمۇش رېئاللىقىنى تەسۋىرلەش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، يەنە مۇھەممەت خۇدابەردىنىڭ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىرەر پائالىيەت ئۆتكۈزۈشكە تەشنا بولۇپ، ئاخىر سۇ ئامبىرىدىن تېپىلغان بىر ئىگىسىز جەسەتكە نەزىر ئۆتكۈزۈپ خەلقئالەم ئالدىدا لەنەتكە قالغانلىقىدەك قىزىقارلىق سۈژېتىنىمۇ قوشۇپ تەسۋىرلەپ، ھېكايىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى تېخىمۇ

ئاشۇرىدۇ. بىلىنىپ تۇرۇپتىكى، مۇھەممەت خۇدابەردىنىڭ سۇ ئامبىرىدىن تېپىلغان بىر ئىگىسىز جەسەتكە نەزىر ئۆتكۈزگەنلىكى بىر ئويدۇرما، لېكىن بۇ ھېكايە بىزگە يەنىلا چىنلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ. بىز ئۆزىمىزمۇ سەزمىگەن ھالدا ئاپتورنىڭ ئۇستىلىق بىلەن توقۇپ چىقارغان «يالغانلىرى» غا يەنىلا ئىشىنىمىز.

قىسقىسى، نۇرمۇھەممەت توختى ئەسەرلىرى مېيلى ئىدىيىۋىلىك ياكى بەدىئىيلىك جەھەتتىن بولسۇن، بەلگىلىك سەۋىيە ياراتقان ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇ ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا لايىق ئورۇنغا ئېرىشىشكە مۇناسىپ.

---



*ئەنۋەر ھوشۇر 1969 ـ يىلى 24 ـ دېكابىر كېرىيە ناھىيىسىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1987 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، 1991 ـ يىلى ئىيۇلدا خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا تەقسىملىنىپ، 1994 ـ يىلغىچە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ھازىر مەكتەپ پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ.*

*ئۇنىڭ ھازىرغىچە ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا «بازار خىرىسى ۋە ئەدەبىياتىمىزنىڭ چىقىش يولى»، «بىزدە مۇتەپەككۇر يازغۇچى، شائىرلار بوقمۇ؟»، «ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر» قاتارلىق ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا ئائىت 50 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىلىرى؛ «مۇغەمبەرلەر كۈلكىسى»، «قايچا» قاتارلىق 20 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايىسى ئېلان قىلىنغان. «ئىجادىيەت ۋە تۇرمۇش» ناملىق ماقالە ـ ئوبزورلار توپلىمى ۋە تۇرغۇن يىلتىز بىلەن بىرلىكتە نەشرگە تەييارلىغان «ئۇزاق كېچە» ناملىق تاللانغان ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان. «خەتەرلىك ئوچىنچى باسقۇچ»، «مۇغەمبەرلەر كۈلكىسى» قاتارلىق ماقالە ـ ئەسەرلىرى ھەر خىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. «خەتەرلىك ئۈچىنچى باسقۇچ» ناملىق ماقالە ـ ئوبزورلار توپلىمى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ.*

*ئەنۋەر ھوشۇر شىنجاڭ بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.*

ياسىن زىلال

# تىرىشچان يازغۇچى، پەرۋىشكار باغۋەن

ئەل باغۋەنگە، گۈلشەنگە، بۇلبۇلغا موھتاج بولغىنىدەك، بۇلبۇل گۈلشەنگە، گۈلشەن باغۋەنگە موھتاج. باغۋەن ئەل شادلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئەجرىگە بەدەل تەلەپسىزلىكتە گۈللەرنىڭ ھۆسنى، ھىدىغا تەشنا ۋە بۇلبۇل نىداسىغا شەيدادۇر. گۈل قۇش بىلەن خۇشلانسا، گۈل باغرىدا قۇش ناۋاسى جۇشلىنار، باغۇ - ناۋالاردىن ئەل زوقلىنار، باغۋەن ئىپتىخار تۇيغۇسىدا بىھۇشلىنار! مانا بۇ يەردە سۆيگۈ - مۇھەببەت، ئىزگۇ - نۇسرەت، بىرىيا - ساداقەت، كامالەتكە كاپالەت، ھاياتقا ھالاۋەت بار.

بىزدە تاڭدەك پاك، قۇياشتەك مېھرىلىك قەدىردانلار بار. بىز چوقۇم قەدىردانلارنى قەدىرلىشىمىز لازىم. قەدىردانلىرىمىز قانچە كۆپ بولسا، قەدىرسىزلەرمۇ قەدىرلىكلەرگە ئايلانسا ...

مەن شۇ قەدىردانلار قاتارىدا بىر ھىممەتلىك كىشىنى كۆرمەكتىمەن. ئۇ كىم؟ ئۇ ئاددىي، ئەمما غۇرۇرلۇق، قارىماققا سالقىن خۇلق، بىراق مېھرىلىك، كۆرمەككە مىجەزى چۇس، گەكسىچە يۇرىكى يۇمشاق ... ھەي، ئاجىز تەرىپلەر — قىسقىسى ساھىمۇ، ماھىرمۇ تونۇشلۇق بولغان تىرىشچان يازغۇچى، ئەدەبىياتىمىزنىڭ پەرۋىشكار باغۋىنى مەتقاسىم ئابدۇراخماندۇر. 50 ياش ھارپىسىدا تۇرۇۋاتقان بۇ ئەدىبنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ھاياتى ھەم ناھايىتى ئاددىي، ھەم تولىمۇ مۇرەككەپ ئۇزۇن بىر داستان. ئۇ ئۆزىمۇ نۇرغۇن كەچمىشلىرىنى ئەسلەپ بولالمىغىنىدەك، بىزمۇ ھەممىنى دەپ بولالمايمىز. ئەمما تۆھپە مەڭگۇ ئۇنتۇلمايدۇ. ئۇنىڭ سەبىيلىككە تولغان گۆدەك چاغلىرىنى ئويلىمىغاندىمۇ، مانا بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئۇنىڭ 32 يىللىق تۆھپىلىك ھاياتى، 15 يىللىق ئىجادىي پائالىيىتى، 10 يىللىق ژۇرنالىستلىق خالىس مېھنىتى، 50 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ھەمدە «پال قاپقىنىنىڭ سىرى»، «كانچىنىڭ ئوغلى» ناملىق ئىككى كىتابى، شۇنىڭدەك كىلاسسىك

ئەدەبىياتىمىزنى ۋە خەلق ئەدەبىياتىمىزنى قوغداش يولىدىكى خاسىيەتلىك ئىزلىرى تۇرۇپتۇ.

مەتقاسىم ئابدۇراخمان ۋىجدان ئالدىدا سوكۇلمەي، شۆھرەت ئالدىدا پۈكۈلمەي، قارغىش ـ ھەسەتلەرنى كۆزىگە ئىلماي، ئاجىزلارغا كىرىلمەي، كاتتىلارغا ئېگىلمەي ياشاپ كەلگەن يازغۇچىدۇر.

مەتقاسىم ئابدۇراخمان 1944 ـ يىلى ئىيۇندا كېرىيە ناھىيىسىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1961 ـ يىلى خوتەن دارىلمۇئەللىمىنىنى تاماملاپ، 1983 ـ يىلى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىغا يۆتكىلىپ كەلگەنگە قەدەر خوتەن ناھىيىلىك 1-، 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، خوتەن ناھىيىلىك سىفەن، خوتەن ۋىلايەتلىك مالىيە- سودا قاتارلىق مەكتەپلەردە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1982 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا بىر يىل بىلىم ئاشۇرغان. 1984 - يىلىدىن 1987 - يىلىغىچە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان.

ئۇ ھازىر جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق 12 مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر ۋە «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرىدۇر.

مەتقاسىم ئابدۇراخماننىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1978 ـ يىلىدىن باشلانغان بولۇپ، 15 يىلدىن بېرى ئىزچىل ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە «يەر ئىگىسى» ، «ھازىدارلار» قاتارلىق 40 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايىسى، «گۈل» ، «رەسسام» قاتارلىق 50 دەك شېئىرى ۋە 14 ئىلمىي نەزەرىيىۋى ماقالىسى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ياخشى ئىنكاس پەيدا قىلدى. يازغۇچىنىڭ خېلى كۆپ ساندىكى ھېكايىلىرى قالاق ئادەت كۈچلىرىگە قورقماي ئوت ئېچىپ، خۇراپاتلىق، نادانلىقنى رەھىمسىز قامچىلاپ، مىللەتنى زامانغا، جاھانغا، ھاياتقا ئەقىل كۆزى بىلەن قاراشقا، دەۋرنىڭ ساداسىغا قولاق سېلىشقا چاقىرىپ، ئىلىم ـ مەرىپەتكە كۈچلۈك دەۋەت

قىلدى. «پال قاپىقىنىڭ سىرى» ناملىق ھېكايە ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، يازغۇچىنىڭ «پال قاپىقىنىڭ سىرى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى 1986 - يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن، «كانچىنىڭ ئوغلى» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى 1993 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغاندىن باشقا، 1987 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۆركەش» ناملىق بىرلەشمە توپلامغا ئۇنىڭ 20 پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەنىدى.

ئاپتورنىڭ تىنىمسىز ئىلىپ بارغان ئىجادىي پائالىيەتلىرى ئالقىشلانماي قالمىدى، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ «يەر ئىگىسى»، «ھازىدارلار»، «سەركە»، «ھەج سەپىرى ئالدىدا» ناملىق تۆت ھېكايىسى، «گۈل» ناملىق شېئىرى 1981 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە ۋىلايەت بويىچە 1-، 2 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا، «ناخشىنىڭ كۈچى» ناملىق ھېكايىسى 1992 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ۋە مەدەنىيەت باشقارمىسى تەرىپىدىن 2 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا، «ئىشچانلىق ۋە تەدبىر — بېيىشتىكى مۇھىم ئامىل» ناملىق ئىلمىي مۇھاكىمە ماقالىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى تەرىپىدىن 2 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

بۇ تۆھپە ۋە شەرەپلەر قانداقتۇر ئاپتورغىلا تالىق ئىپتىخارلىق ئىش بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئەل - يۇرتىمىزغا، دەۋرىمىزگە پەخىر سازاۋەر قىلىدىغان ئىپتىخاردۇر!

مەتقاسىم ئابدۇراخمان يالغۇز ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماي، يۈكسەك مىللەتپەرۋەرلىك روھى بىلەن مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى، يەنى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنى قۇتقۇزۇش، توپلاش، نەشرگە تەييارلاش ساھەسىدىمۇ نەتىجىلىك ئەمگەك قىلدى. ئۇ تەييارلىغان «غېرىب - سەنەم»، «قەلەندەر شېئىرلىرى»، «ئەخمەت زىيائى شېئىرلىرى» ھەمدە نۆۋبىتىنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن «بەكتۇ بىلەن چىگتۇ» قاتارلىق بەش چۆچەكى، 500 كۇپلېتقا يېقىن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى «بۇلاق»، «مىراس» ۋە «يېڭى قاشتېشى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىدى. يېقىندا ئۇ كۆپ يىللاردىن بېرى

يىغىپ توپلىغان «شىرىپ بوجاڭ» داستانىنى نەشرگە تەييارلاپ «مىراس» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدى.

شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش ئارتۇق ئەمەسكى، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ھاياتىدا ۋارىسلىق بىلەن ئىجاد قىلىش مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئىككى قانىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قۇش ئىككى قانات بىلەن پەرۋاز قىلىدۇ. مەيلى قايسىلا قانىتى بولمىسا، ئۇنىڭ ھاياتى ھالاكەتتىن يىراق ئەمەس. تارىخىي تۆھپىلەرگە يۆلىنىپ يېتىۋېلىشمۇ، ئۆزىنىڭ ئىجادىي نەتىجىلىرىنى كۆز - كۆز قىلىپ، تارىخىي ئىنكارچىلىق پوزىتسىيىسىدە بولۇشمۇ ئوخشاشلا مۇخالىپ. بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز ھازىرغىچە ئەنئەنىلەرگە، تارىخىي مىراسلارغا ئېسىلىۋېلىپ، مۇتەئەسسىپلىك بىلەن تاقارىشىپ تۇرۇۋالىدىغان قاتمال خاھىشتىنمۇ، بۇرۇنقى بارلىق نەرسىلەرنى بىراقلا ئىنكار قىلىدىغان مەمەدانە قىلىقلاردىنمۇ خالاس تاپالماي كەلدى. بىز ھەم ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ھەم ئۆزىمىز ئىجاد قىلىشىمىز لازىم. بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەدەبىيات خادىملىرىمىز، ئاپتور، ھەۋەسكارلىرىمىز يۇقىرىقى ئىككى نۇقتىغا تەڭ ئېتىبار بېرەلمىگەچكە، تېخىچە پەرۋازغا مۇيەسسەر بولالماي، بىرلا قانات بىلەن پالاقشىماقتا. بۇ نۇقتىنى ھېس قىلغان يازغۇچى مەتقاسىم ئابدۇراخمان كلاسسىك ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنى يىغىپ، رەتلەپ، نەشرگە تەييارلاپ، ھەم ئۇنى خەلققە تەقدىم قىلدى، ھەم ئۇنىڭدىن ئۆگەندى، ھەم ئۆزى ئىجاد قىلدى. «مەرىپەتپەرۋەرلىك» بىلەن «مىللەتپەرۋەرلىك» تىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئاتالغۇ ھېچقاچان مۇنداقلا دەپ قويسا بولۇۋېرىدىغان قۇرۇق گەپ ئەمەس، ئۇ ئۆزىگە ئېرىشمەكچى بولغان ھەر بىر كىشىدىن ئۇزۇل - كېسىل بېغىشلىنىش ۋە جان پىدا روھ تەلەپ قىلىدىغان مۇقەددەسلىكتۇر.

بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە، ئەدەبىياتنىڭ رولىنى كىچىك چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئەدەبىيات روھلاندۇرۇش، زوقلاندۇرۇش، بىلدۈرۈش ۋە يېتەكلەشتە ئاجايىپ مېھرى كۈچكە ئىگە بولۇپ، بۇ كۈچ مۇئەييەن شارائىتتا شۇنداق غايەت زور قۇدرەت بىلەن نامايان بولىدۇكى، ئۇنىڭ ئورنىنى ھېچقانداق نەرسە ئالالمايدۇ. ئەدەبىيات ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، يەردىن ئۈنمەيدۇ، ئۇنى شۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى بولمىش تەربىيىلەنگەن تالانت ئىگىلىرى ئەمەلىيەت بىلەن روھىيەت قۇچاقلاشقان يەردە ئاپىرىدە قىلىدۇ، خەلقنى تەربىيىلەش ئۈچۈن تەربىيىلىگۈچىلەرنى تەربىيىلەش

ئىنتايىن مۇھىم. يازغۇچى ـ شائىرلار پۇتكۇل جەمئىيەتتىن ئىبارەت زور مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىرىدىندۇر. ئۇلارنى تەربىيىلەش، پەرۋىشلەش، كۆللى جەمئىيەت تەربىيىسى ۋە سۇپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

يولداش مەتقاسىم ئابدۇراخمان بۇ مەسىلىگە جىددىي مۇئامىلە قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمەت ۋە ئىجادىيەت ۋاقتىنىڭ زىچ بولۇشىغا قارىماي، ئاپتورلار قوشۇنىنى غولدىتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن بىر تەشكىلاتچى سۈپىتىدە نەتىجىلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇ، ژۇرنال خىزمىتىگە مەسئۇل بولغاندىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە يەتتە قېتىم ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى تەشكىللەپ، 500 ئادەم قېتىم تەربىيىلەش، تەجرىبە سۆزلەش، ئەسەر ئوقۇش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ئاپتورلارغا ئىلھام ۋە مەدەت بەردى. مۇشۇ خىل تۈرتكە ۋە ئىلھام بېرىشلەر نەتىجىسىدە نۇرغۇن ياش قەلەم ئىگىلىرى بارلىققا كېلىپ، ئۇلارنىڭ ياراتقان ئەسەرلىرى پەللىمۇپەللە سۈپەتلىنىپ، خوتەننىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدە خۇشاللىنارلىق مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

كۆپلىگەن كىشىلەر مەتقاسىم ئابدۇراخماننى «مۇئەللىم» دەپ ئاتىشىدۇ، «مۇئەللىم» دېمەك ئۇستاز دېمەكتۇر. ئۇ مائارىپ سېپىدىن ئايرىلغىلى 10 يىل بولغان بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنى يەنىلا «مۇئەللىم» دەپ ئاتاشنى داۋام قىلماقتا. دەرۋەقە، مەتقاسىم ئابدۇراخمان ھېلىھەم مۇئەللىمدۇر. چۈنكى 300 دىن ئارتۇق ئاپتور، 7 مىڭدىن كۆپ مۇشتەرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى بىر چوڭ مەكتەپ. بۇ مەكتەپ بىر تەرەپتىن قەلەم ساھىبلىرىنى تەربىيىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئاشۇ قەلەمدارلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى بىلەن ئاۋامنى تەربىيىلەيدىغان مەكتەپتۇر. بۇنداق مەكتەپنى ياخشى باشقۇرۇش ئاسان ئەمەس، ئۇنىڭغا زېھىن، ۋاقىت ۋە جاپالىق مېھنەت كېرەك.

ژۇرنالنىڭ مەسئۇلى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر، يازغۇچى، ئەدەبىيات تەشكىلاتچىسى بولغان مەتقاسىم ئابدۇراخمان پۈتۈن ۋاقتىنى ۋە زېھنىي كۈچىنى مەزكۇر ژۇرنالغا بېغىشلاپ، قاشتېشىنىڭ جۇلاسى ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشتى.

مەن تولۇپ ـ تاشقان ھۆرمەت ۋە ئىخلاسمەنلىك ھېسسىياتىم بىلەن مەتقاسىم ئابدۇراخمانغا ئېھتىرام بىلدۈرىمەن ھەمدە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ھەسسىلەپ مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيىدە قاراپ،

تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك، تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشىگە تىلەكداشمەن!

---



تالانتلىق شائىر، فولكلورشۇناس، ئىقتىدارلىق ژۇرنالىست ياسىن زىلال 1961-يىل 15-ماي كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ھېيتگاھ قازان كوچا مەھەللىسىدە زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1984-يىلى ئاۋغۇستتا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى تاماملاپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا كادىرلار ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنغان. 1985-يىلى 3-مايدىن 2002-يىلغىچە «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، باش مۇھەررىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۇيغۇر فولكلور تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» قامۇسىنىڭ مۇئاۋىن (ئىجرائىيە) باش مۇھەررىرى بولغان. ھازىر جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ژۇرنالىچىلىق جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، ئالىي مۇھەررىر.

شائىر ياسىن زىلالنىڭ شېئىرلىرى 1980-يىلدىن باشلاپ «ياسىن ئىمىن» نامى بىلەن مەتبۇئاتتا كۆرۈلۈشكە باشلىغان. 1984-يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ «زىلال» تەخەللۇسىنى قوللانغان. ئۇ «ئانا»، «جۇدالىق پەريادى»، «ساداقەت»، «بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار» قاتارلىق داستانلارنى ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ يۇقىرى شېئىرىي تالانتىنى نامايان قىلدى ۋە كۆپ قېتىم ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولدى. شائىرنىڭ «مۇھەببەت» ناملىق شېئىرلار توپلىمى («شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 2000-يىل 4-ئاي نەشرى) جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ھەمدە بۇ كىتاب 2002-يىلى مەملىكەتلىك 7-نۆۋەتلىك «تۇلپار» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «ساداقەت» ناملىق شېئىر ۋە داستانلار توپلىمى نەشرگە سۇنۇلدى.

ئۇنىڭ خەلق ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتقا ئائىت تەييارلىغان ئەسەرلىرىدىن: «خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى ھەققىدە سوئال-جاۋابلار»، «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» (3-، 4-توم)، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (16-قىسمى)، «سەنۇبەر بىلەن پەرىزات» قاتارلىق توققۇز كىتاب نەشردىن چىقتى.

مۇھەممەت كامال خۇشخۇي

# «مۇھەببەتنىڭ كۆزى يوق» ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن بىرى، تونۇلغان ئەدىب، مۇتەپەككۇر شائىر ئەھمەد زىيائى «شېئىر ۋە شائىر» ھەققىدە توختىلىپ: «شېئىر دېمەك تۇيغۇ دېمەك، شائىر دېمەك تۇيغۇچى دېمەكتۇر. شېئىر يېزىش مۇمكىن، ئەمما شۇئۇرلۇق (تۇيغۇلۇق) شېئىر يېزىش قىيىن، شائىر دېيىش ئاسان، لېكىن يۈرەكنى ھاياجانغا سېلىپ قوزغىتالايدىغان شائىر بولۇش تەس» دېگەنىدى.

قويۇق پەلسەپىۋى پىكىرگە تويۇنغان گۈزەل شېئىرىي مىسرالىرى بىلەن شېئىرخۇمار ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كېلىۋاتقان شائىر ئابدۇللا سۇلايماننىڭ «مۇھەببەتنىڭ كۆزى يوق» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلار ئەدىب ئەھمەد زىيائى ئېيتقاندەك، ئوقۇرمەنلەردە ئىستىخىيىلىك ھالدا ھاياجان قوزغىيالايدىغان مۇنەۋۋەر شېئىرلاردۇر.

بۇ شېئىرلاردا يارىتىلغان شېئىرىي مۇھىت، شېئىرىي مەنزىرە، شېئىرىي كۆرۈنۈش، شېئىرىي ئوبراز ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپلا قالماي، ئۇلاردىكى شېئىرىي پىكىر، شېئىرىي ھېسسىيات، شېئىرىي گۈزەللىك قەلبىمىزنى لەرزىگە سالىدۇ، بىزگە ھاياتنىڭ، تۇرمۇشنىڭ، مۇھەببەتنىڭ، ئېتىقادنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى تونۇتۇپ، ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىمىزنى، ئېتىقادىمىزنى چىڭىتىدۇ.

بىز بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى شېئىرلاردىن كۆرۈۋالالايمىز:

*ئېڭىمدىكى گۈزەللىك ۋە سەتلىك پىكرى،*
*بىر - بىرىدىن توختاۋسىز بەس تالىشىدۇ.*

*گاھ ئايرىلسا ئېلىشىشتا ئېتىنىق چېكرا،*
*گاھ قوشۇلۇپ ئېغىز - بۇرۇن يالىشىدۇ.*
*بىرنى شاللاپ، بىرنى نېچۈن سۆيەلمەيمەن؟*
*گويلىغانچە گۆز - گۆزۈمنى چۈشەنمەيمەن.*

*ياقتۇرغىنىم بىراۋ ئۈچۈن نومۇس قىلمىش،*
*كۆڭۈل دېگىنىم بىراۋ ئۈچۈن گوغرى تىكەن.*
*تىلسىم نېمە، تۇگۈن نېمە ئىنسانلارغا،*
*تىلسىماتلىق بولغىنى دەل قەلبىم ئىكەن.*
*جاھانغا بىر كەلدىم، قايتا تۆرەلمەيمەن،*
*بۇ ئۆمرۈمدە گۆز - گۆزۈمنى چۈشەنمەيمەن.*

«مەن ئۆزۈمنى چۈشەنمەيمەن» دىن

تۆيغۇن ئوقۇرمەن بۇ شېئىردىكى شېئىري پىكىرنى، يەنى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ مۇرەككەپ تىلسىمات باشقا نەرسە بولماستىن، دەل ئادەمنىڭ قەلبى ئىكەنلىكىدەك ماھىيەتنى چۈشىنىپ يەتكىنىدە شېئىرنى ئىختىيارسىز يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشنى ئىستەيدۇ. شېئىرنىڭ مۇنداق قايتا - قايتا ئوقۇلۇشى شېئىرنى چۈشىنەلمىگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى مىسرالار ئارىسىغا ماھىرلىق بىلەن سىڭدۈرۈلگەن ھېكمەت دۇردانىلىرىغا قانماسلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ.

بۇ شېئىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇستەھزاد شېئىرى شەكلىدە يېزىلغان سەككىز كۇپلېت، 48 مىسرادىن تەركىب تاپقان شېئىر بولۇپ، ھەر بىر كۇپلېت، ھەر بىر مىسراسىدىن بىر يېڭى پىكىر، بىر يېڭى تەسۋىر ئۇچرىتىش مۇمكىن.

«ئۆزىنى ئۆزى ئىزاھلىيالمىغان شېئىرىيەت ئۆزىنى يوقاتقان شېئىرىيەتتۇر» دەيدۇ تالانتلىق شائىر، تىرىشچان تەتقىقاتچى قاسىم سىدىق. مانا بۇ مەنىدىن ئالغاندىمۇ بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلارنى بىر ئۈلگە دېيىشكە بولىدۇ

*قەلبىمنىڭ چاقىنى چۆرگىلىتىپ،*
*چۇۋۇيمەن خىيالىم يىپىنى.*
*ۋۇجۇدۇم تەختىدە سۇلتانمەن،*

چالىمەن گۈزۈمنىڭ دېپىنى.
روھ ئۇ تەن كۆزىدە ياشايمەن،
دۇنيانى چايقايمەن، تاسقايمەن.
..............................
سۇ تەلەپ قىلغانتىم چاڭقىغاچ،
بەرمىدى، چىنىمىز يوق، — دېدى.
بولسىمۇ قاپاقنىڭ سۆيى لىق،
ئىچمىدىم، (ئىززىتىم بار ئىدى).
يارامنى سەللەمدە ياپمايمەن،
دۇنيانى چايقايمەن، تاسقايمەن.
..............................

— «دۇنيانى چايقايمەن، تاسقايمەن» دىن.

«مەن» ئىززىتىنى دەپ سۆيىنى ئىچمىنى خالىمىغان قاپاق، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنى نى - نى چاڭقاش، تەشنالىقلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ، بىزنىڭ بۈگۈنىمىزنى بەرپا قىلىشقا ھۆل ھازىرلاپ بەرگەن. شېئىردىكى ھېكمەت پەقەت بۇلا ئەمەس. ئۇ ئىجتىمائىيتىمىزدىكى ئەڭ نازۇك مەسىلىلەرگە تەتبىقلىنىدۇ.

بىز مۇشۇ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋردە ياشاپ تۇرۇپمۇ ئىززىتىمىز، ئابرۇيىمىزنىڭ «يەرگە ئۇرۇلۇشى» دىن ئەنسىرەپ، قاپاقتا بارنى ياراتماي، چىنىدىكىنى تاپالماي ھەشەمەت قوغلىشىپ يۈرسەك، بەرھەقكى، زاماننىڭ كەينىدە قالساق قالىمىزكى، ھەرگىزمۇ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيمىز.

شائىرنىڭ بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن مۇھەببەت ھەققىدىكى شېئىرلىرىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، باشقا شائىرلارنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكى شېئىرلىرىدىن روشەن ھالدا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ:

يايدى تۇمان تۈتۈن ياغلىقنى،
كەچرى باغنىڭ ئۈستىگە تۇتاش.
ئۇدە قىلغان ئۆرۈك ئاستىدا،
بەرمەكتە قىز كۆتۈشكە بەرداش.
تۇشۇپ ئاخىر سەۋر قاچىسى،

*ئىسرىقلىغان ئاۋاز بىلەن تەلك،*
*يىگىتىنى قۇچاقلىماققا،*
*سوزۇپ ئۇ جۇپ غولىچىنى كەلك*
*باردى، بىراق كۆرۈپ يات كەۋدە،*
*توختىدى ئۇ ئالغا تىكىلىپ.*
*كەتمىنىنى تاشلاپ چىملىققا،*
*بوۋاي قاچتى تامدىن ئارتىلىپ...*

«بوۋاي قاچتى تامدىن ئارتىلىپ» دىن

قارالڭ، بۇ شېئىردىكى شېئىرىي مەنزىرە، شېئىرىي مەنە ۋە ھېسسىيات گۈزەللىكىنى. شۇڭا بۇ شېئىرنى قانچە قېتىملاپ ئوقۇساقمۇ زېرىكىش ھېس قىلمايمىز. بۇ شېئىرنىڭ پەقەتلا ئۈچ كۇپلېت بولۇشىغا قارىماي، ئۆزىگە بىر داستاننىڭ سۆزىتىنى سىغدۇرۇۋەتكەنلىكى بىزگە يېغىلىق بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

*كېلىپ، كېتەر ھايات، بۇ،*
*«ئۆمۈر گويا ئاتقان ئوق».*
*قايناق بازار بۇ دۇنيا،*
*سىر، ھېكمەتكە باي، ئۇلۇغ.*
*بۇندا سەۋدا سېتىلار،*
*ئالغۇچى كۆپ تېپىلار،*
*شۇ خېرىدار ئىچىدە*
*مۇھەببەتنىڭ كۆزى يوق.*

*ئىرق، مىللەت ئايرىماس،*
*چېگرا سىزىپ ئۇ قورۇق.*
*ئالماس قايىسى خاقاندىن،*
*بىر قەۋمگە يولىيورۇق.*
*تۇرسا قەسىر، كەپىدە،*
*يۇرسە يالاق، مەيدە،*
*شاھ، گادايىنى تەلك كۆرەر،*
*ئۇنىڭ ئىككى يۈزى يوق.*

«مۇھەببەتنىڭ كۆزى يوق» دىن

توپلامغا تېما قىلىپ ئېلىنغان بۇ شېئىرنى ئارتۇقچە تەھلىل قىلىپ ئولتۇرمىساقمۇ، يەڭگىل، گۈزەل شېئىرىي تىلدىن تۆكۈلگەن ھېكمەت ئۇنچىلىرىنىڭ قەدرىنى ئوقۇرمەن بىلمەي قالمايدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن «ئەل يۇرتتىن، تەبىئەتتىن ئاغرىنمايمەن»، «زېمىن يىغلايدۇ»، «قامەتلەردە سېخىلىك، بويۇكلۇكتە كەڭلىك بار»، «تۇپراق قەسىدىسى»،

«ياشاش ۋە ئۆلۈم ئۆتكىلى» ، «ئېرىشكىنىم كۆپتۇر مىنىڭ يوقاتقاندىن» قاتارلىق شېئىرلارمۇ روشەن ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوقۇرمەن قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرالايدۇ.

مىنىڭ قارىشىمچە، بۇ توپلام شائىر ئابدۇللا سۇلايماننىڭ 38 يىللىق شېئىرىي ئىجادىيىتى داۋامىدا يېزىپ نەشر قىلدۇرغان «يورۇقچاش ناخشىلىرى» ، «ھايات ئۈنچىلىرى» ، «بۇ مۇھەببەت، بۇ ياشلىق» ، «ئۆتەڭدىكى قوڭغۇراق» ناملىق شېئىر توپلاملىرى، «بۇ كوچىدىن ئەخمەتجان ئۆتكەن» ، «بىر ئالەم، بىر ئادەم» ناملىق داستانلار توپلىمى ئىچىدىكى نادىر شېئىرلار توپلىمىدۇر.

مەن بۇ قىسقا ماقالەم ئارقىلىق تالانتلىق شائىر، ئىقتىدارلىق ئەدەبىيات نەزەرىيە تەتقىقاتچىسى، تەلەپچان ئۇستاز ئابدۇللا سۇلايماننىڭ بۇ يىل 50 ياشقا تولغانلىقىنى قۇتلۇقلاش ۋە ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ مول نەتىجە ھەم مۇۋەپپەقىيەت تىلەش بىلەن بىرگە، بارلىق شېئىرخۇمار ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىگە: «مۇھەببەتنىڭ كۆزى يوق» ناملىق بۇ توپلامدىكى شېئىرلارنى ئوقۇمىغانلارنىڭ سۆزى يوق، دەپ جاكارلايمەن.

(«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2002 - يىل 30 - دېكابىر سانىدىن ئېلىندى)



*مۇھەممەت كامال خۇشخۇي 1958 - يىلى 10 - ئايدا گۇما ناھىيىسىنىڭ كۆكتىېرەك يېزا كۆكتاغ كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. 1981 - يىلىدىن 1983 - يىلى ئىيۇلغىچە گۇما ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا ۋە قاراقاش دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان ۋە 1986 - يىلغىچە كۆكتېرەك ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1988 - يىلغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىدە بىلىم ئاشۇرغان. 2001 - يىلى دېكابىرغىچە گۇما ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئەرزىيەت ئىدارىسىدا ئىشلىگەن. ھازىر گۇما ناھىيىلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە.*

*ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1983 - يىلى 31 - ئىيۇل «خوتەن گېزىتى»دە ئېلان*

قىلىنغان «ھايات ئۈنچىلىرى» ناملىق چاتما شېئىرى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە 400 پارچە شېئىر، 30 پارچىدىن ئارتۇق پوۋېست، ھېكايە، نەسر، 15 پارچە ئەدەبىي ئوبزور ۋە نەزەرىيىۋى ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. «ئارزۇ بوستانى» ناملىق تەخمىسلەر توپلىمىغا بىر قىسىم تەخمىسلىرى كىرگۈزۈلگەن. «غەزەللەر»، «زۇغۇيلار پەلسەپىسى» قاتارلىق ئۈچ گورۇپپا شېئىرى ۋە «كۆيگەن ئىقىدە» ناملىق پوۋېستى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا، «ئىلھامغا باي كېچىلەر» ماۋزۇسىدىكى بىر گورۇپپا شېئىرى 6 - قېتىملىق «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»نىڭ 2002 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئەھمەدشاھ قاراقاشى بىلەن نەزمىي مۇتىپنىڭ دوستلۇقى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى «مۆلجەرتاغ ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.

ئۇ يېقىندا «قوۋلىش لىرىكىسى» ناملىق شېئىر - داستانلار توپلىمى بىلەن «ئۇنتۇلغان روھ» ناملىق پوۋېست - ھېكايىلەر توپلىمىنى نەشرىياتقا تاپشۇردى. «ئىلھامغا باي كېچىلەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بىلەن «ئېقىن مۇشۇ يەردىن باشلانغان» ناملىق ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ماقالىلەر توپلىمىنى نەشرگە تەييارلاۋاتىدۇ. ئۇ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. گۇما ناھىيىلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى.



ئابدۇللا سۇلايمان

# خوتەن خەلق ناخشا - كۈيلىرىنىڭ تارىخى، بەدىئىي قىممىتى ھەم پېشۋالار

## 1

تارىم ۋادىسىدىكى ئەڭ قەدىمىي ئانا ماكانلارنىڭ بىرى بولغان خوتەن ئۆزىنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ئورنى، ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئۇندۇرمىسى ئاساسىدا يارىتىلغان بوستانلىق مەدەنىيىتى، تەبىئەت بىلەن گارمونىيىلىك باغلانغان مۇسىقىي سەنئىتى قاتارلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقى، قاتلاملىقى، ئىزچىللىقى بىلەن ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان زېمىندۇر.

ئەجدادلىرىمىز ناھايىتىمۇ ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، تەبىئەتتىكى ئاددىي نەرسىلەردىن چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساپ، كۆڭۈل تارىلىرىنى سازلىغان. سىبغىزدىن ياسالغان چۇراڭ (پۈۋلەپ چالىدىغان بىر خىل ئىپتىدائىي چالغۇ ئەسۋابى)، قومۇشتىن ياسالغان بالىمان (تۆت تۆشۈكلۈك پۈۋلەپ چالىدىغان يەرلىك چالغۇ ئەسۋابى)، مۈڭگۈزدىن ياسالغان بوغۇي (ھازىرقى كاناي - سۇناينىڭ ئىپتىدائىي شەكلى)، ساپايى، داپ، ناغرا قاتارلىقلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، ئۇدۇن ناخشا - كۈيلىرىنىڭ ئاساسىنى ياراتتى.

قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى 247 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىرلىق زېمىندىكى خەلق ياراتقان بۇ ناخشا - كۈيلەر مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، دەۋر - زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خۇددى يورۇڭقاش ۋە قاراقاش دەريالىرىنىڭ ئۈزۈلمەس ئېقىنلىرىدەك جۇغلاندى، قوشۇلدى،

تاۋلاندى ۋە تارقالدى. بۇ ناخشا - كۈيلەر خەلقىمىزنىڭ پەلسەپىۋى، بەدىئىي، ئەخلاقىي، غايىۋى، ئىدېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتىنى، ئېتنىك خاسلىقىنى، خاراكتېرىنى، ھېسسىيات - تۇيغۇلىرىنى ۋە باشقا مىللىي پىسخىك تۈزۈلمىسىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىن، بولۇپمۇ ساپال بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى چېچىلىپ ياتقان بوغداي تېرىقچىلىق خارابىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇنىڭدىن يەتتە ئىرا مۇقەددەم تارىم ۋادىسىدا ئارخايىك دېھقانچىلىق ئىگىلىكى مەيدانغا كەلگەننىدى، بۇ دەۋرلەردە ئەجدادلىرىمىز غار - جىلغا مەدەنىيىتى، يايلاق مەدەنىيىتىدىن ھالقىپ، پەيدىنپەي بوستانلىق مەدەنىيىتى شارائىتىدا سودا كارۋانلىرى تىجارىتىنى ئەۋج ئالدۇردى. نەتىجىدە كارۋان ناخشا- قوشاقلىرى، شەھەر، قەلئە - سارايلاردا كەسپىي سازەندە - ناخشىچىلار، داپ بىلەن ناخشا ئېيتقۇچى ھاپىزلار، قەسىدىچى شائىرلار مەيدانغا كېلىپ، ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

ئېنىقكى، ھىندى - بۇددا مەدەنىيىتى، رىم - گرېك مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، ئەرەب - پارس مەدەنىيىتى گىرەلىشىپ كەتكەن يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنلىرىدىن بىرى بولغان بۇ زېمىندىكى خەلقىمىز، ئەجداتلىرىمىزنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا بايلىقىغا ۋارىسلىق قىلدى ھەمدە ئۇنى يېڭى تارىخىي قاتلاملار بىلەن داۋاملىق بېيىتىپ كەلدى. ئۇلار ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ مول مەزمۇنلۇق مەشرەپ - تىياتىرلىرى، ئەلنەغمە، ئېيتىشىش سورۇنلىرى، قىزىقچىلىق، سۆز تالىشىش، جانبازلىق، دارۋازلىق، مەھەللىۋى ئويۇنلار، توي - مۇراسىم كۆرەكلىرى ئارقىلىق، جامائەتچىلىككە خاس بولغان بۇ ئومۇمىي پائالىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىمىزدىكى ئەڭ پائالىيەتچان، ئەڭ نەپىس، ئەڭ مەپتۇنلۇق سەنئەت ژانىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

خوتەن خەلق ناخشا - كۈيلىرى ھەققىدە ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى يازما مەنبەلىرىدىن لىيوشاڭ (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 677 - يىللار) يازغان «مۇھاكىمە بېغى» دېگەن كىتابتا، پادىشاھ خۇاڭدىنىڭ تاڭغۇتنىڭ غەربىگە، كوئېنلۈن (قاراقۇرۇم) تېغىنىڭ تەسكەي تەرىپىگە لوڭ لۈن دېگەن كىشىنى ئەۋەتىپ، مۇزىكا - كۈي ئىشلەشنى تاپشۇرغانلىقى يېزىلغان. بامبۇك تارىشا پۈتۈكلەردىن رەتلەنگەن

«مۇتيەنزى تەزكىرىسى» ناملىق كىتابتا، غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن جۇموۋاڭنىڭ غەربكە ساياھەت قىلىپ، باتىسخان ئاغىچا (ئۇماي ئانا) تەرىپىدىن ناخشا - مۇزىكا، ئۇسسۇللۇق زىياپەتتە كۈتۈۋېلىنغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. «غەربىي پايتەخت خاتىرىلىرى» نىڭ 3 - جىلدىدا پادىشاھ خەن گاۋزۇنىڭ خانىشى چى فۇرىنىنىڭ ئايال كۈتكۈچىسى جياپېيليەننىڭ «ئۇدۇن نەغمىسى» نى ئوينىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. خوتەن نەغمىلىرىنىڭ خەن سۇلالىسى قۇرۇلۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئوردىدا ئوينىلىشى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. جياڭ چيەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 135 ~ 127 - يىللىرى بىرىنچى قېتىم؛ 119 ~ 115 - يىللىرى ئىككىنچى قېتىم خەن سۇلالىسىنىڭ خاقانى ۋۇدىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن غەربىي دىيارغا ئەلچىلىككە كەلگەندە يىپەك يولى بويلىرىدىكى پىشامشان، ئۇدۇن، سۇلى، پامىر ئارقىلىق سوزۇلغان بەگلىكلەردىن يالغوزەك، بورغا، بالىمان، داپ قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ئۆرنەكلىرىنى چاڭئەنگە ئېلىپ بارغان. سۇي سۇلالىسى «نەزىم كوللىياتى» غا نامەلۇم بىر ئاپتورنىڭ «خوتەندە گۈل سەيلىسى» ناملىق بىر كۇپلېت شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. قەدىمىي تارىخىي مەنبەلەرنى كۆپ ئوقىغان ۋە كۆپ پايدىلانغان يولداش ماۋ زېدۇڭمۇ غەربىي رايون مۇزىكىلىرىنىڭ ئاساسلىق سالمىقىنى تىلغا ئېلىپ، ليۇباڭنىڭ «دافېڭگې» بەزمىسىنى ئەسكە ئالغان ھالدا «ليۇيازىغا مۇشائىرە» ناملىق نەزمىسىدە: «ياڭرىدى ھەر ياندا ساز، يۇيتيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە» دېگەن مىسرانى تىلغا ئالغان. XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ياشىغان ھاجى ئاخۇن قالۇن مۇقام تىپىدىكى كۆپ نەغمىلىك «ئالاي - لاي» كۈيىنى ئورۇنلاپ، كىشىلەرنى بەكمۇ تەسىرلەندۈرگەن. مۇقام تەتقىقاتچىلىرى بۇ نەغمىنى سۇي - تاڭ نەغمىلىرى قاتارىدا تىزىملانغان «سۇلي قىزى»، «كۇسەن جانبازلىقى» نەغمىلىرى بىلەن ئورۇنلانغان «سۇمالاي»، «غۇلاڭ لاي»، «سۇۋلاي» قاتارلىق نەغمىلەر ئىچىدىكى «لاي» نەغمىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ئېھتىمال دەپ قارىغان. 1890 - يىللاردا ياشىغان خەنزۇ شائىرى شى بۇخوا، خۇددى ئاۋرېل ستەين 1899 - يىلى 16 - سېنتەبىر لوپنۇرغا بېرىش سەپىرىدە كۆرگەن دەريا بويىدا ئوينالغان مەشرەپ سورۇنىنى ئۇمۇ ئۇدۇن دىيارىدا كۆرۈپ، ھاياجانلىق ھېسسىياتى بىلەن بۇ مەنزىرىنى: «ئالتە ياشتا ئۇيغۇرلار ئۇسسۇلدا قىلار پەرۋاز، ئۇزۇن ساقال بوۋايلار تەڭكەش قىلار دۇمباق - ساز. ئۇسسۇل ئەۋجى قۇيۇندەك توختىمايدۇ

پىرقىراپ، كىم بىلىدۇ تۆكۈلگەن چېچەكلەرمۇ ئەمەس ئاز» دەپ تەسۋىرلىگەن.

روشەنكى، ئەجداتلىرىمىزنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت سىرلىرىنى بىلىشكە ئىنتىلىشى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارى ـ ئۇرۇنۇشلىرى قاتارلىقلار ماددىي دۇنيا يارىتىش ئۈچۈن بولسا، ئىتتىنىڭ ھەۋىسى ھەم تەسەۋۋۇرىدىكى سەنئەت ئامىللىرىغا دىنىي ئېتىقاد تەسەۋۋۇرى ئاساسىدىكى ئۆرپ ـ ئادەت، دۇئا ـ تىلاۋەت، يىل ـ پەسىل (نەۋرۇز) بايراملىرى بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپ، يېڭىدىن ـ يېڭى مەزمۇن ۋە شەكىللەر بىلەن تۇرمۇشنى ئۈزلۈكسىز بېيىتقانلىقى مەنىۋى دۇنيا يارىتىش ئۈچۈندۇر.

بىزگىچە يېتىپ كەلگەن «خوتەن خەلق ناخشا ـ كۈيلىرى»نىڭ مۇزىكا رېتىمى، ئاھاڭ تېمپىسى، ئورۇنلاش ـ ئوقۇش شەكىللىرى قاتارلىقلار ئېتىبارى بىلەن، يالغۇز ناخشىلار، تاغ ناخشىلىرى، راۋاب قوشاقلىرى، مەشرەپ ـ ئەلنەغمە، داستان ۋە باشقىلارغا بۆلۈنۈشىدىن، شۇنداقلا ئەڭ قەدىمكى شامان دىنى ھەم زەردوش دىنى ئېتىقادى سىڭدۈرۈلگەن «پىر ئۇسسۇلى»، «ئاتەش ئۇسسۇلى» قاتارلىقلارنىڭ مەزمۇن، شەكلىدىن قارىغاندا، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەجداتلىرىمىز قەبىلە ـ ئۇرۇقلار ئىتتىپاقىدىن چارۋىچىلىق ـ يايلاق مەدەنىيىتىگىچە، يېزا ئىگىلىك ـ بوستانلىق مەدەنىيىتىدىن قەلئە ـ شەھەرلەر مەدەنىيىتىگىچە ئۇزاق تارىخىي مۇساپىسى ئارقىلىق بۇ تۇپراقتا ئۆزلىرىنىڭ ئىتتىنىڭ سەنئەت ھاياتىنى جانلاندۇرۇپ كەلدى.

ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى بەش ـ ئالتە ئەسىر يازمىلىرىدا، خوتەن خەلق ناخشا ـ كۈيلىرى ھەققىدە تارىخىي مەلۇماتلار يوق دېيەرلىك. ئەمما شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، خەلقىمىزنىڭ بۇ روھىي بۇلاقلىرى دەھشەتلىك بوران ـ چاپقۇنلار، بەگلىك ـ سۇلتانلىقلارنىڭ جەڭگى ـ جېدەللىرى، جاھالەت پىرلىرىنىڭ دىنىي مەزھەپ توقۇنۇشلىرى ۋە قانلىق قىرغىنچىلىقلىرىدا ئېقىشتىن ھەرگىزمۇ توختاپ قالمىدى.

XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قوزغالغان يىپەك يولى تەتقىقاتى ۋەسۋەسىسىدە، تارىم ۋادىسىدىكى نىيە، ئۇدۇن ـ يوتقان خارابىلىرىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش داۋامىدا ياپونىيە، گېرمانىيە، رۇسىيە، شۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئارخېئولوگلىرى قەدىمىي ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىتتىنىڭ سەنئەت ھاياتىغا ئائىت قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تاپتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، مايمۇن شەكىللىك غوڭقا

چالغۇچىلار، ساقاللىق بالىمانچىلار، قىيسىق كۆز قىزىقچىلارنىڭ قاپارتما ھەيكەللىرى بار. بۇ ھەيكەللەر مەيزاپ ئىدىشلىرىنىڭ بويىنىغا، يانلىرىغا لايدىن چاپلاپ ياسىلىپ خۇمداندا پىشۇرۇلغان. بۇ ئەلۋەتتە قەدىمىي نىيە خارابىسىدىن بايقالغان ئۈزۈملۈك باغلار ۋە مەيزاپ ئەنئەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. سانجۇ قىيا تاش سۈرەتلىرىدىن، ئاۋرېل ستەيىن يۇرتىمىزدىن تاپقان غۇڭقا چېلىنىۋاتقان كۆرۈنۈش ئەكس ئەتكەن لاي قوچاقتىن، شۇنداقلا 80 - يىللاردا تېپىلغان رايونىمىزنىڭ چەت، يىراق يېزىلىرىدا ساقلىنىپ قالغان ئىنتايىن ئىپتىدائىي، ياغاچ قوشۇققا ئوخشاپ كېتىدىغان، ئۈستىدە يۇزلۇكى بولمىغان قويچى راۋابىدىن، ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ جەزبىدار مۇڭلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان دۇتار، غېجەك، ھەشتار، ساتار، قالۇن، بەرباب، بۇرغا، بالىمان، نەي قاتارلىقلاردىن بۇ قەدىمىيلىكنى، بۇ ئۇدۇمنى، بۇ ساقلىنىشچانلىقنى، بۇ ئۆتۈشۈشنى، بۇ ۋارىسچانلىقنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

يۇقىرىقىلار بىزگە، خوتەن خەلق ناخشا - كۈيلىرىنىڭ قەدىمكى ئىقتىساد - مەدەنىيەت ئاساسىدا پەيدىنپەي قۇرۇلغانلىقىنى، بۇ ئىقتىساد ھەم مەدەنىيەتنىڭ ناخشا - كۈيلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى ماھىيەتكە، شەكىلگە ئىگە بولۇشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئايانكى، تارىختا بارلىققا كەلگەن ھەر قانداق بىر مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ ئورتاق مەنىۋى مەھسۇلاتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇندۇرمىسى شۇ خەلقنىڭ مىللىي تەسەۋۋۇر زېمىنىدا شەكىللىنىدۇ، يىلتىز تارتىپ بىخلىنىدۇ. قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ تەسكەي باغرىدىن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئەڭ چەتلىرىگىچە ماكانلىشىپ، بۇ كەڭ رايوندا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن خەلقىمىز ئۆزلىرىنىڭ ھايات مۇساپىسىنى يېزىقسىز بولغان بۇ ناخشا - كۈيلىرى بىلەن قەلبلىرىگە پۈتۈپ، چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىپادىلىدى.

بۇ ناخشا - كۈيلەر خەلقىمىزنىڭ تەقدىرى بىلەن گىرەلەشكەن مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخى بولۇپ، ئەڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى خالىغانچە ئىجاد قىلىش، خالىغانچە چېلىش ۋە خالىغانچە ئوقۇشتىن قۇرۇلمىسى، ئورۇنلاش شەكلى ۋە ئۇسۇلى جەھەتلەردە مەشرەپ - تىياتىر خاراكتېرىنى ئالغان مەھەللىۋىلىككە، رايونلۇققا

قاراپ تەرەققىي قىلدى. مەيلى بۇددىزم دەۋرلىرىدە بولسۇن ياكى ئىسلامىيەت دەۋرلىرىدە بولسۇن، بۇ ناخشا ـ كۇيلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئۇدۇم سۈپىتىدە ئۆتۈشۈپ، ھەر قايسى بوستانلىقلاردا — تىل شېۋە رايونىدا كامالەتكە يەتكەن سازەندىلەر، داپەندىلەر، خۇش ئاۋاز ئېيتقۇچىلارنىڭ ئىز باسارلىرى بولغانلىقى بىلەن ناخشا ـ كۇي مائارىپىنى، تېخىمۇ كونكرېتراق ئېيتقاندا، مۇقام مائارىپىنى شەكىللەندۈرۈپ مەلۇم كۆلەمگە ئىگە قىلدى. خەلقىمىز ھەر بىر مەھەللە ـ كەنتلەردىن يېتىشىپ چىققان ئاتا مىراس ياكى شاگىرت نەغمىچىلىرى، ناخشىچىلىرى، مۇقامچىلىرى، رەققاسلىرى، قىزىقچىلىرى بىلەن شۆھرەتلەندى. ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، بۇ ئۈزۈلمەس ئېقىننى، بۇ خورىماس بۇلاقنى داۋاملىق ئۇرغۇتۇپ، زامانلاردىن ھالقىتىپ، ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى. ھېلىغىچە بۇ زېمىندا 60، 70 ئەۋلادىدىن تارتىپ «قالۇن»، «ساتار»، «راۋاب»، «داپەندى» فامىلىسى (لەقىمى) بىلەن، ناھايىتىمۇ ئۇزاق ئەجدادلىرىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئەلنەغمىچىلەرنىڭ بولۇشى بۇ يەكۈنىمىزنى يەنە بىر جەھەتتىن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

1854 ـ يىلى ئەسمەتۇللا بىننى نېمەتۇللا (موجىزى) «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» (مۇزىكا ئۇستازلىرى تارىخى) ناملىق كىتابىنى يازدى. ناخشا ـ كۇي سەنئىتىمىز، جۈملىدىن مۇزىكا ئۇستازلىرىغا تىكلەنگەن بۇ ئابىدىدە، خوتەن خەلق ناخشا ـ كۇيلىرى ھەمدە يەرلىك مۇقامچى ئۇستازلار تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، بۇ مەشھۇر مۇزىكا تارىخچىسىنىڭ مۇشۇ زېمىندا ياشاپ، ناخشا ـ كۇيلەردىن مەنئۇبىيتىنى تويۇندۇرۇپ، ئۆز ئەتراپىدا چېلىنىۋاتقان، ئوقۇلىۋاتقان ناخشا ـ كۇيلەردىن ئىلھاملىنىپ تەپەككۇرىنىڭ قاناتلانغانلىقى، ناخشا ـ كۇي پېشۋالىرى ھەم ئۇلارنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىنى خەلقئالەمگە تونۇتۇش قىزغىنلىقىدا قەلەم تەۋرەتكەنلىكى بەرھەقتۇر.

«خوتەن خەلق ناخشا ـ كۇيلىرى»دە، قويچى راۋابى بىلەن ئورۇنلىنىدىغان تاغ ناخشىلىرىدىن دۇتار، تەمبۇر بىلەن تەڭكەشلىنىپ ئېيتىلىدىغان يالغۇز كىشىلىك ناخشىلارغىچە؛ 18 تارىلىق، ئۇزۇن دەستىلىك راۋاب ۋاستىسى بىلەن جەڭنامە ـ داستان سۆزلەش ئاساس قىلىنىغان مەدداھلىق (ۋائىزلىق) داستان ئورۇنلاشتىن؛ قالۇن، ساتار، چاڭ، دۇتار، تەمبۇر، بالىمان، غىجەك، داپ، قوشۇق، ساپايىلار تەڭكەشلىكىدە ئورۇنلىنىدىغان كۆپ ئۆزگىرىشلىك نەغمە ـ

مەشرەپلەرگىچە ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، ئۇدار - تېمپىلىرىنىڭ ئاستا - لەرزانلىقىدىن، جۇشقۇن - مەردانە ۋە جاراڭلىقلىقىغىچە ماكان، زامان ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىكتۇر.

خېلى بىر قىسىم «تاغ ناخشىلىرى» ۋە سۆزىتلىق ناخشا - كۈيلەرنىڭ قايسى زامانلاردا ئىجاد قىلىنغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈش قىيىن بولسىمۇ، «خوتەن سەنىمى»، «كىلىياڭ مەشرىپى» قاتارلىق ناخشا - كۈيلەرنىڭ مۇرەككەپ مۇزىكا تۈزۈلۈشىگە، مۇكەممەل ئىچكى قۇرۇلمىغا ئىگە ئىكەنلىكىدىن، بۇ بىر قىسىم ئەسەرلەرنىڭ ئىجاد قىلىنىپ تاكامۇللىشىشىغىچە ئۇزاق ئەسىرلەر كەتكەن دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

يازما مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە XVII ئەسىرلەردە خوتەن دىيارىدا، مەدەنىيەت خەزىنىمىزدىكى بىباھا گۆھەر بولغان 12 مۇقامنى يۇرۇشلۇك ئورۇنلىغۇچىلار — ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالغۇچىلار بولغان. XVII ئەسىرنىڭ بېشىدا بۇ دىياردا ياشاپ ئۆتكەن شائىر نەۋبىتىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانىي پەزىلەت، پاك سۆيگۈ - مۇھەببەت مەدھىيىلەنگەن لىرىك غەزەللىرىنىڭ تاش مەتبەئە نۇسخىسى بولمىغان ھالەتتىمۇ، قولدىن - قولغا ئۆتۈپ، پەقەت نەچچىلا نۇسخا كۆچۈرۈلگەن دىۋانىدىن 12 مۇقام مۇزىكىلىرىغا بىر قانچە تېكىست تاللىنىپ ئوقۇلغانلىقى بۇ سۆزىمىزنى دەلىللەيدۇ. XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياشاپ «خوتەن مۇقاملىرى» نى كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا قالدۇرۇپ كەتكەن ھاجى ئاخۇن قالۇن، مەتيۇسۇپ قالۇن، XIX ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن مەتنىياز ئاخۇن، ھەمدۇللا ئاخۇن، بەردىئاخۇن، توختى غوجىكام ساتارچى، XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مۇقام ئورۇنلاش بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ مىقياسىدا داڭ چىقىرىپ، مەشھۇر مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن قول بېرىشكەن سۇلايمان ئاخۇن قالۇنچى، «خەلق مۇقامچىسى» نامىغا ئېرىشكەن مەرھۇم مەخلەشخان ئاچا ۋە شاھ مۇھەممەت ئاكا قاتارلىقلار بۇ «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» نىڭ مەنىۋىيەت ئاسمىنىدا چاقنىغان چولپانلار بولۇپ، خەلقىمىز ئۇلارنىڭ بۇ ساھەدىكى ئەجىر ئەزىمىلىرىنى ئەبەدىي ئۇنتۇمايدۇ.

«خوتەن خەلق ناخشا - كۈيلىرى» پۈتكۈل تارىم ۋادىسىدا ئىجاد قىلىنىپ، ئەسىرلەردىن بۇيان ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ناخشا - كۈيلەر بىلەن تومۇرداش، شۇنداقلا ئورتاقلىققا ئىگە. خېلى زور سالماقنى تەشكىل قىلغان بۇ ناخشا - كۈيلەر ئاھاڭ، تېمپا ۋە ئورۇنلاش

سەنئىتى جەھەتتىلا ئوخشاشلىقتا ئىگە بولۇپ قالماستىن، بىر قىسىم تېكىستلىرىنىڭ قېلىپلاشقانلىقى، سورۇن تۈزۈش شەكلى ۋە چالغۇلار تۈرلىرىدىكى بىر خىللىق قاتارلىقلار جەھەتتىمۇ قەشقەر، دولان، كۇچار ناخشا - كۈيلىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاشلىقى بار. بۇنداق تومۇرداشلىق ۋە ئوخشاشلىق پەقەت مەلۇم رايون دائىرىسىدە ئاشۇ ناخشا - كۈيلەر ئىجاد قىلىنىپ، باشقا رايونلار ئۇلاردىن ئۆگىنىپ ئېيتقان دېگەننى بىلدۈرمەيدۇ. شۇنى ئالاھىدە قەيت قىلىش لازىمكى: جۇغراپىيىلىك مۇھىت، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، تۇرمۇش شەكلى ۋە تارىم ۋادىسىدىكى ئۆزلۈك بوستانلىقلار ئارىلىقىدىكى مۇساپە قاتارلىقلار سەۋەبىدىن بۇ ناخشا - كۈيلەردە روشەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقى، مەلۇم رايوننىڭ ئۆزىگە خاس ناخشا كۈيلىرىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. بۇ خۇسۇستا، خوتەن خەلق ناخشا - كۈيلىرى مۇجەسسىمى ئىچىدىكى تاغ ناخشىلىرى، مەشرەپ - ئەلنەغمىلەر، مەدداھلىق بىلەن مۇزىكىنى بىر گەۋدە قىلغان جەڭنامە - داستان ئورۇنلاشلار ۋە سۆزىتلىق قىسسىلەر ئالاھىدە خاراكتېرلىقتۇر.

خوتەن خەلق ناخشا - كۈيلىرى قەدىمدىن تارتىپ مۇئەييەن ماكان، زامان، مۇھىت ۋە تەرتىپ بويىچە ئىجرا قىلىنغان. ئەمگەك، ھوسۇل، جەڭ ناخشا - كۈيلىرى بىلەن توي ياكى مەرسىيە، ئايەم-تەنتەنە ناخشا - كۈيلىرى بىر - بىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىپ، خالىغانچە چېلىنمىغان، ئوقۇلمىغان. ھەر خىل مۇراسىم كۈيلىرىمۇ مەزمۇن، تەلەپ ۋە مۇھىتقا قاراپ ئورۇنلانغان (تاشقى ھالەتتىلا كۆرسىتىدىغان بۇ ئۇدۇم، ھەرگىزمۇ ناخشا - كۈيلەرنىڭ ئەزەلدىنلا ئەركىنلىك، ئىختىيارلىق، مۇھىت، سورۇن، ۋاقىت تالللىماسلىق جەريانلىرىدىكى ئەڭ نازۇك ئىچكى ھېسسىيات ئىكەنلىكىنى چەتكە قاقمايدۇ). بۇ ھال يالغۇز شېئىرىيىتىمىزنىڭ مەزمۇنى، شەكلى ۋە رېتىم ئالاھىدىلىكىگە تەسىر قىلىپلا قالماي، چالغۇلىرىمىزنىڭ ئاۋاز تۇسى تەڭشەلەنگەندە تۇتىدىغان ئورنى ۋە سازلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. بۇ ناخشا - كۈيلەرنىڭ مۇئەييەن ماكان، زامان ھەم مۇھىت، ۋاقىت تەرتىپى دېگەندە كونكرېت ئېيتساق، ئوغۇل توي ئىگىسى مەرىكە خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىپ ئۆتكۈزىدىغان توي مەشرىپى (قۇدىلاشقۇچىلارنىڭ تۇغقان بولغانلىقىنى تەبرىكلەيدىغان قۇدا مەشرىپى)، جۇۋان توي (ئايالللار ئىچىدە) مەشرىپى، تۆۋپىق (دوست - ئاغىنىلەرنىڭ تۆپىقتە ئوتتۇرغۇچى ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان مەشرىپى، ئوغلاق (ئوغلاق تارتىشىشتا ئوغلاقنى تاپشۇرۇۋالغۇچى

ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان) مەشرىپى، قارلىق مەشرىپى، ھەر يىلى 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان نورۇز مەشرىپى، يازلىق يىغىمدىن كېيىنكى مېۋىلىك باغلار ياكى مەنزىرىلىك جايلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان سەيلە، مەشرەپ - نەغمىلىرى، قوناق ئاقلاش مەزگىلىدە نۆۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈزلۈك يىغىم مەشرىپى، كۈزلەگ (تاۋۇز پىشقاندا قوغۇنچى ئالاھىدە مېھمان چاقىرىپ ئۆتكۈزىدىغان) مەشرىپى، تىلاۋەت - زاراخەتمە مۇراسىملىرى، كۆھمارىم، ئىمامى ئاسىم سەيلىسى، شۇنداقلا خەلق قىزىقچىلىرى ۋە ئويۇنچىلىرىنىڭ مۇزىكا تەڭكەشلىكىدە ئوينايدىغان «نوغۇچ ئويۇنى»، «بوۋاي ئويۇنى»، «توكۇر پاخشىم»، «چىلىم ئۇسسۇلى»، «داستىخاندىكى ھۆكۈم»، «41 يالغان» قاتارلىق ئويۇنلار، يىگىتلەرنىڭ ساما ئۇسسۇللىرى، چوكان - سىڭىلەكلەرنىڭ «تۇغۇت ئۇسسۇلى»، «چىراغ ئۇسسۇلى»، «چاچ ئۇسسۇلى»، «ئوسما قويۇش ئۇسسۇلى» قاتارلىقلار يۇقىرىقى باياننىمىزنى دەلىللەيدۇ.

قەتئىي ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇسسۇلۇق ئىپادىلەشنى ئاساس قىلغان بۇ ناخشا - كۈيلەر پەقەت مۇزىكا - كۈي ژانىرى بىلەنلا چەكلەنگەن سەنئەت ھادىسىسى بولماستىن، بەلكى ئۇ نەغمە، ناخشا، شېئىر، ئۇسسۇل، تىياتىر قاتارلىق سەنئەت ژانىرلىرىدىن ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش شەكىللىرىنى تۈزگەن؛ پەلسەپە، ئەخلاق، مىللىي تۇرمۇش، قائىدە - يوسۇن ئېگى قاتارلىق مەزمۇنلار بىلەن ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي، تەربىيىۋى قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن بىر پۈتۈن فولكلور ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ.

خوتەن خەلق ناخشا - كۈيلىرى كلاسسىك 12 مۇقامنىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋە تاكامۇللىشىشىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس مەنبەسى. كەسپىي مۇزىكا ۋە كلاسسىك مۇزىكىنى شەكىللەندۈرگەن بۇ ئەلنەغمە ۋە خەلق مۇزىكىلىرى، شۇنداقلا بۇ مۇزىكا - كۈيلەرگە تېكىستلەنگەن خەلق قوشاق - بېيىتلىرى مۇشۇ مىللىي تۇرمۇش تۇپرىقىدا يېتىلگەن مەدەنىيىتىمىزدىن ئوزۇقلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىمۇ، خەلق بىلەن قان - گۆشتەك يېقىن بولغان مۇناسىۋىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.

«كۆڭۈل قۇۋۋىتى ياخشى چالغۇدىن، روھ ئوزۇقى خوش ئاۋازدىن (نەۋائى)» بولغىنىدەك، خوتەن خەلق ناخشا - كۈيلىرىنىڭ ئىجادچىلىرى بولغان كەڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى سەنئەت

پىشۋالىرى، ناخشىچى - غەزەلخانلار ئۆزلىرىنىڭ خوش ئاۋازى، ئاجايىپ ئەستە تۇتۇش ۋە توقۇش ئىقتىدارى، ئورۇنلاش - ئېيتىش جەھەتلەردىكى يۈكسەك ماھارىتى، يۇقىرى ساپاسى بىلەن ماكان، زامان ھالقىغان بۇ «خەلق سەنئىتى مەكتىپى»نىڭ پەرۋىشكار باغۋەنلىرىدۇر.

2

بىر پۈتۈن فولكلور ھادىسىسى بولغان بۇ ناخشا - كۈيلەرنىڭ تېكىستلەشكەنلىكى ئۇنىڭ ئەڭ زور ئەۋزەللىكى بولۇپ، بۇ ئەۋزەللىك مۇزىكىنىڭ تىلسىز ئوتتۇق ساداسىغا - مۇڭىغا، نالىسىگە ئوتتۇقلۇق شېئىرىي مەزمۇن قوشقانلىقىدا گەۋدىلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ناخشا - كۈيلەرنىڭ خەلق بىلەن، يەنى ئۆز ياراتقۇچىلىرى بىلەن مەڭگۈ بىللە ئىكەنلىكىدە گەۋدىلىنىدۇ. پەقەت بىرلا دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولمىغان بۇ تېكىستلەر، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتتىن ئىبارەت ئىككى ژانىردىكى قوشاق - بېيىتلارنى مەنبە قىلغان. ئۇنىڭدا خەلقىمىزنىڭ روھىيىتى ۋە تۇرمۇش يوسۇنلىرى بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ، ھەر بىر قىسمى ۋە ھەر قايسى ژانىرلىرىدا خەلقىمىزنىڭ ئېتنىك مەدەنىيىتى ئىپادىلىنىپ، ئۆتتۇشمە ھاسىل بولغان. بۇ ناخشا - كۈيلەرنىڭ «ئۇدۇن نەغمىسى» ئاساسىدىكى ئالدىنقى تارىخىي قاتلاملىرى، كېيىنكى تارىخىي قاتلاملىرىنى، يەنى كلاسسىك مۇقام تىپىدا خەلق مۇقام تىپلىرىنى ئەنئەنىۋى ئېرسىي ئىقتىدار سۈپىتىدە ساقلاپ، ئۆزى دۇچ كەلگەن غەيرىي مەدەنىيەت - سەنئەت تەسىرلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، مەنىۋى ھاياتىمىزنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان.

پۈتكۈل ئۇيغۇر ناخشا - كۈيلىرى، شۇنداقلا بىباھا سەنئەت گۆھىرىمىز بولغان 12 مۇقامنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە چالغۇ ۋە ناخشا ئاساس بولغىنىدەك، خوتەن خەلق ناخشا - كۈيلىرىمۇ چالغۇلۇق مۇزىكا ۋە ئېيتىملىق مۇزىكا (ناخشا) ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ دىياردا بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ئورتاق بولغان چالغۇلار، ئۇ مىللەت ياكى بۇ مىللەت مەدەنىيەت رايونىدا ئاپىرىندە بولۇپ ئۆزگەرتىلىپ، يەرلىك ئاھاڭلارنى ئىپادىلەشكە لايىقلاشتۇرۇلغان چالغۇلار، تاغ راۋابى، بالىمان قاتارلىقلارغا ئوخشاش تىپىك يەرلىك

چالغۇلار بارلىققا كەلگەن. ئالىملىۋى سورۇنلارغا لايىقلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان بۇ چالغۇلار گەرچە تۇرمۇش رىتىمىنىڭ ئۆزگىرىشى، مۇزىكىغا بولغان ئېستېتىك تەلەپنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئىسلاھ قىلىنغان بولسىمۇ، يەنىلا خەلقىمىزنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى، مىللىي ئۇسلۇبىنى چىقىش قىلىپ، ئەنئەنىۋى ئاۋاز خاراكتېرى ئۆلچىمى بويىچە راۋاجلانغان.

تەكىتلەش لازىمكى، خوتەن خەلق ناخشا - كۈيلىرىنىڭ تېكىستلىرى نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇپ، شەرقتىكى نىيە، كېرىيە، چىرا ناھىيىلىرىدە ئوخشاش بىر كۈيگە (مۇزىكىغا) بىر خىل تېكىست قاچىلىنىپ ئېيتىلغان بولسا، قاراقاش، گۇما قاتارلىق ناھىيىلەردە شۇ بىر كۈيگە يەنە بىر خىل تېكىست قاچىلىنىپ ئوقۇلىدۇ. بۇ ھال ئۆزگىرىشچان تارىخنىڭ تاللاش تەسىرىگە، مۇھىتنىڭ تەقەززاسى، خەلقنىڭ قوبۇل قىلىش ئېھتىياجىغا قاراپ راۋاجلىنىشتۇر. بۇ شۇنداقلا، بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە يۇرۇشلۇك مۇقاملاردىن، مەشرەپلەردىن كۆرە، يالغۇز كىشىلىك ناخشا تېكىستلىرىدىكى بۇنداق مۇقىمسىزلىقنىڭ بولۇشى نورمال ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ.

خوتەن خەلق ناخشا - كۈيلىرىنىڭ تېكىستلىرىگە تاللانغان خەلق قوشاق - بېيىتلىرىدا، سورۇن تۈزۈش ھالىتى بىلەن مەنىۋى كەيپىيات يارىتىش ئەھۋالىغا تولىمۇ ماس كەلگەن ھالدا، يورۇقلۇق، چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك كۈيلىنىدۇ. ئالەمنىڭ بىقارارلىقى، ھاياتنىڭ ئۆتكۈنچىلىكى، ئىنسان ئۆمرىنى مەنىلىك، ئىززەتلىك ۋە كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈش لازىملىقى، مۇھەببەتكە سادىقلىق، ۋاپاغا جاپا قىلماسلىق قاتارلىق ئىدىيىۋى مەزمۇنلار ئالغا سۈرۈلىدۇ.

تېكىستلەر پەقەت مەزمۇن رولىنى ئۆتەپلا قالماستىن، يەنە شۇ كۈينىڭ ئۇدار - تاكىت، مېلودىيىلىك نوتىسى رولىنىمۇ ئۆتەپ كەلگەچكە، نوتا ئومۇملاشمىغان ئەسىرلەر داۋامىدا تېكىستلەر نوتا ھېسابلىنىپ، بىرەر كۈينى ئەسلىگەندە ئالدى بىلەن تېكىستنى يادىغا كەلتۈرۈپ شېئىرىي مىسرا ئارقىلىق مۇزىكىلىق مىسرانى ئەسكە ئېلىشتا ئالاھىدە چوڭ رول ئويناپ كەلگەن.

يىپەك يولىدىكى بۇ مۆجىزىكار ناخشا - كۈيلەر تېكىستلىرىدە پەلسەپە، ئىجتىمائىيەت تېمىسىغا بېغىشلانغان شېئىر - قوشاقلار بار. دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىنسان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەمدە ھاياتلىقنىڭ

دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بارلىق ئېرق - مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان روھىيەت تۈزۈلمىسى ھېكمەت سۈپىتىدە بايان قىلىنغان. خەلق بېيىت - داستانلىرىدىن ئارىيە ئېلىنغان بۇ ھېكمەتلىك مىسرالار، مۇزىكىلىق مىسراغا دەل چۈشۈش، راۋان بولۇش، ئەستە قالدۇرۇشقا ئوڭاي بولۇشتەك تەرەپلەر ئالاھىدە نەزەردە تۇتۇلۇپ تاللىۋېلىنغان.

خوتەن خەلق ناخشا - كۈيلىرىنىڭ تېكىستلىرىدە، ئەنئەنىۋى تېمىلارنىڭ بىرى بولغان ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانىي پەزىلەت تېمىسىغا بېغىشلانغان شېئىر - قوشاقلار بار. مەدھىيىلەش ۋە سۆكۈش ئاساس قىلىنغان بۇ شېئىر - قوشاقلاردا ئېزىلگەن خەلقنىڭ زۇلۇمغا، فېئودال مۇستەبىتلەرگە قارشى نەپرىتى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىنتىلىشى، جاسارىتى ئەكس ئەتكەن. «چەرخى پەلەك» نىڭ ئىنسانغا كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى ئاشكارىلانغان، تاشقى ئالەم كۈلپەتلىرى بىلەن ئىچكى ئالەم، يەنى ئىنسان روھىيىتىدىكى ئىللەتلەر ئەيىبلەنگەن.

ۋەتەنپەرۋەرلىك، يۇرتنى ئۇلۇغلاش تېمىسىدىكى تېكىستلەر مۇزىكىلىق مىسرالارغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىپ، خەلقىمىزنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت - زېمىنلىرىغا بولغان سۆيۈنۈشى، گۈزەل مەنزىرىلىرىدىن زوقلىنىشى، ئۇنىڭ قوينىدا ياشىغان ئۆمرىگە قانائەتلىنىشى، ئاددىي - ساددا قەلبلىرىنىڭ تەلقىنلىق ئىزھارى سۈپىتىدە مۇزىكا بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلانغان.

ئىشىق - مۇھەببەت تېمىسى، خەلق ئەدەبىياتى ۋە خەلق سەنئىتىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس بۇلىقى بولغىنىدەك، بۇ ناخشا - كۈيلەردىمۇ مۇھەببەت تېمىسىدىكى سىياسىي خاھىشچانلىقتا ئىگە شېئىر - قوشاقلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن. ھايات چىنلىقىنىڭ بىر قىسمى، خەلقنىڭ بىۋاستە تۇرمۇش، سەرگۈزەشتىسىنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ شېئىر - قوشاقلار فېئوداللىق قائىدە - يوسۇنلار ۋە نىكاھ تۈزۈمىگە بولغان نارازىلىق، ئازادلىققا، ئەركىنلىككە، بەختلىك تۇرمۇشقا، كىشىلىك ئەركىنلىك ھەم ئەركىن مۇھەببەتكە تەلپۈنۈش، ئېرىشىش ئۈچۈن قىلغان شېرىن ئارزۇ - ئارمانلارنىڭ، ئىزدىنىشلەرنىڭ، كۈرەشلەرنىڭ شېئىرىي ئوچىرىكى. ئۇلاردا، چىن مۇھەببەت قارىشى، يەنى بىر - بىرىگە سادىق بولۇش، مۇھەببەتلىك ئەمگەك ئارقىلىق بەختلىك ئائىلە قۇرۇش، ئەركىن ۋە چىن مۇھەببەتنى بوغقان قارا كۈچلەرنى پاش قىلىپ، نىكاھ ئەركىنلىكىنى

تەلەپ قىلىش، زورلۇق، پۇل - دۇنياغا تايىنىپ «ئۆز يارى» نى تارتىۋالغان فېئودال كۈچلەرنى غەزەپ بىلەن پاش قىلىش، قىزلىرنى مال - دۇنياغا ساتقان ئاتا - ئانىلارنى تەنقىد قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلار ئەكس ئەتكەن.

خوتەن خەلق ناخشا - كۈيلىرى بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ، تەبىئەت بىلەن ئىنسان بىرلىكىنىڭ ئىپتىدا - ئىپتىدا، ئەجداتتىن ئەۋلادقا كۆچكەن ۋە يېتىپ كەلگەن بەدىئىي خاتىرىسى. تەبىئەت ئېكولوگىيىسى بىلەن ھايات ئېكولوگىيىسىنىڭ گارمونىك باغلىنىشى. كۈيلەردىكى تېكىستلەرنىڭ خىلى كۆپلىرىدە تەبىئەتكە قىلىنغان ئىلتىجا، تاغ، دەريا، ئېقىنلارنىڭ بۈيۈكلۈكىگە ئوقۇلغان تەھسىن، گۈل - گىياھلارنىڭ لاتاپىتىنى ئىنسان گۈزەللىكىگە تەققاسلاش، باھار پەسلىدىن، مەيىن شامالدىن «يار» ھالىنى سوراش، گۈل - گىياھلارنىڭ خۇشبۇي پۇرىقىدىن «يار» ھىدىنى ھىدلاش قاتارلىق نازۇك ۋە سۇزۇك ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

تەبىئەت ئېكولوگىيىسى — ياشاش مۇھىتىمىزنىڭ ئاساسى. تېكىستلەردە ئالغا سۈرۈلگەن تەبىئەتنى سۆيۈش، بۇ قەدىمكى زېمىننىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرى، ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتلىرى، گۈل - گىياھلىرى بىلەن غۇرۇرلىنىش ۋە ئۇنى ئاسراشقا ئۈندەش قاتارلىق مەزمۇنلار ئەينى دەۋرلەردىلا ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالماستىن، تارىم بويلىرىدا، جۇملىدىن قاراقۇرۇم باغرىدا قۇم - بوران، قۇرغاقچىلىق، تەبىئىي ئاپەت ھەم ئېكولوگىيىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇش خەۋپى ئىچىدە ياشاپ كۈرەش قىلىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ بۈگۈنكى رېئاللىقىدىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر شەخسلەرگە، ۋاپا - ساداقەت ئۈلگىلىرىگە ئوقۇلغان مەدھىيە تېكىستلەردە مەلۇم سالماقنى تەشكىل قىلغان. مەسىلەن، شېرىپ بۇجاڭ، پاسار تۆمۈرچى، ھەسەن بەگ قاتارلىق تارىخىي شەخسلەر ھەققىدىكى خەلق داستانلىرى، تارىختىن بۇيان خوتەن شەھەر سېپىلى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن ئىلىنغان ئۇزۇك كۆرۈنۈشلەر، «تاغ سەردارى» ئاق تۇرسۇنغا بېغىشلانغان «نېسىدىن پاششا چىقتى» قاتارلىق ناخشا ۋە باشقىلاردا ئۇلارنىڭ پەزىلىتى، پىداكارلىقى، خەلقپەرۋەرلىكى كۆرسىتىلسە؛ ئوبرازلاشتۇرۇلغان پېرسوناژلار مەسىلەن، مەھەممەتجان، ئالىمخان، گۈلسەيدىخان، گۈلئايىم، سالىخان، مېراجىخان، تاجىخان قاتارلىقلارنىڭ قەھرىمانلىقى، پەم -

پاراسەتلىكى، ساداقەت يولىدا جاننى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى گۈزەل ۋە ساددا شېئىرىي تىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ مەزمۇنلار خوسۇسەن داستانلاردا، سۆزنىلىق تېكىستلەردە ھەم راۋاب قوشاقلىرىدا كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

«تاغ ناخشىلىرى» دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتالغان بىر قىسىم ناخشا ـ كۈيلەرنىڭ تېكىستلىرىدە يىراق ئۆتمۈشتىكى يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ، ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ ئوبرازلىق كارتىنىلىرى سىزىپ بېرىلگەن. بۇ خىلدىكى قوشاق ـ بېيىتلاردا يايلاق مەنزىرىسىنىڭ رىۋايەتلىك كۆرۈنۈشلىرى، تاغ قاپتىلىدا مال ـ ۋارانلىرىنى ئوتلىتىۋېتىپ يىراقتىكى يارىنىڭ پىراقىدا نەي چېلىۋاتقان مالچى يىگىت، ئات ئۈستىدە يانمۇيان كېتىۋېتىپ شېرىن ئارزۇلىرى ھەققىدە گەپلىشىۋاتقان ئاشىق ـ مەشۇقلار، يېشىل يايلاق، قارلىق چوققىغا قىلىنغان ئىلتىجالار مەجازى ۋاستىلەر ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

خوتەن خەلقى ناخشا ـ كۈيلىرىدىكى بېيىت ـ قوشاقلار شوخ، جۇشقۇن ۋە جاراڭلىق بولۇپ، خېلى كۆپ ئۇسسۇللۇق ناخشا ـ كۈيلەر (مەشرەپ) نىڭ تېكىستلىرى، ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىگە ماس ھالدا يېنىك، شوخ، لەرزان ياكى ئېغىر، سالماق. بۇ شېئىرىي تېكىستلەر تۆت مىسرادىن تۈزۈلگەن، بوغۇم سانى بەش، تۆت كېلىدىغان؛ 1 ـ، 2 ـ، 4 ـ مىسرالىرى بەش بوغۇمدىن كەلسە، 3 ـ مىسراسى يەتتە بوغۇمدىن كېلىدىغان قوشاقلار؛ ئۆزۈن مىسرالىق نەزمىلەر (بېيىتلار)، يەنى بىر قىسمى غەزەل شەكلىدە كەلگەن، بىر قىسمىلىرى سەككىز بوغۇمدىن ئون ئالتە بوغۇمغىچە بولغان تۆت مىسرالىق نەزمىلەردىن ئىبارەت.

ناخشا ـ كۈيلەرنىڭ تېكىستلىرىدە لىرىكا ۋە ئېپىكا ئامىللىرى ناھايىتى قويۇق بولۇپ، ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتە ئۇ بىۋاستە ئىپادىلەش، سۈبيېكتىپ تەسۋىر ئارقىلىق ئىپادىلەش، تەبىئەت مەنزىرىسى ئارقىلىق ئىپادىلەش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن كلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسىدىكى بىر پۈتۈنلۈكى بۇ ناخشا ـ كۈيلەر تېكىستلىرىدىكى بىرىنچى ۋە تۈپكى بەدىئىي ئالامەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇلاردا رېئالىزم بىلەن رومانتىزم ئورگانىك ھالدا بىرلىشىپ كېتكەن. ئۇلاردا خەلقىمىزنىڭ تارىخي، بېسىپ ئۆتكەن تارىخي

باسقۇچى ۋە مۇشەققەتلىك كۈرەش يولى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. تېكىستلەردە يارىتىلغان گۈزەل، جانلىق ۋە تەسىرلىك ئوبرازلاردىن خەلقىمىزنىڭ ئويبېكتىنىڭ ئەڭ تىپىك، ئەڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى چىن تۇتۇشقا، ئوبرازلاشتۇرۇشقا ماھىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. چۈنكى، كۈيلەنگەن بۇ تۇرمۇش خەلقىمىزنىڭ ئۆز تۇرمۇشى. ئۇلاردا بىۋاستە تەسىرات بولغانلىقتىن، ئىدىيىۋى ھېسسىياتقا جان كىرگەن، جانلىق بەدىئىي سۈرەتكە ئايلانغان. ئېنىقكى، شېئىرىي پىكىر بىلەن تەمسىللىك ئوخشىتىشلارنى شېئىرىي ئوبراز ئاساسىدا بىرلەشتۈرۈش — بەدىئىي سۈرەتنى سىزىشنىڭ ئۇنۇملۇك ۋاستىسى. كۆرسىتىش لازىمكى، تېكىستلەردە سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ كۆپ قوللىنىلىشى دىققەتكە سازاۋەر. ئالايلى، تۆت مىسرالىق ياكى ئىككى مىسرالىق قوشاق - بېيتلارنىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسراسى ياكى بىر مىسراسىدا تەبىئەت ھادىسىلىرىنى سۆزلەپ، كېيىنكى ئىككى ياكى بىر مىسراسىدا ئاساسىي پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئاساسىي پىكىرنى جانلاندۇرۇش بۇ يەكۈنىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. تېكىستلەردە، سىمۋول، ئوخشىتىش، قىلىقلاندۇرۇش، مۇبالىغە قىلىش، مېتافورا قاتارلىقلارنىڭ خۇددى «گۈل گۈلىگە كەلگەندەك» جايىدا كېلىشى ئوقۇرمەنلەرنى ئېستېتىك زوقتا ئىگە قىلىدۇ.

خەلقىمىزنىڭ ياشاش مۇھىتى، تارىختىن بۇيان شەكىللەنگەن تۇرمۇش ئادىتى ۋە ئۇسۇلى، ئىپادىلەش - تەققاسلاش جەھەتلەردىكى پەرقلىرى بىلەن، بۇ ناخشا - كۈيلەردە خوتەن دېئالېكت رايونى ۋە بۇ رايون ئىچىدىكى يەرلىك شېۋىلەرگە خاس بولغان سۆز - ئاتالغۇلار خېلى زور سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەسەر مەزمۇنى، مۇزىكىنىڭ رېتىم - ئۇدارلىرى ۋەجىدىن (مەسىلەن، ھايۋا - هارۋا، دەييا - دەريا، شىپ - يىپ) بۇ خىلدىكى سۆزلەر ھېلىمۇ ناخشا - كۈيلەردە خۇددى جانلىق ئېغىز تىلىدا ئىيتقانغا ئوخشاشلا ئېيتىلىۋېرىدۇ. تېكىست مەزمۇنىدىن كۆرە، مۇزىكا رېتىمىدىكى بوغۇملارنىڭ كۆپىيىپ ياكى ئازىيىپ كېتىشى سەۋەبلىك مۇزىكىدىكى يەرلىك پۇراق، رېتىم ئېھتىياجى بىلەن (مەسىلەن، مۇت - بىكار، يىلاڭ - كۆپىنچە، هونناق - يامان سۈپەتلىك يارا، خام - ماتا، كاتۇ - كارۋات) ساقلىنىپ كېلىشنى ئالاھىدە ئەھۋال دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ خىل فونېتىكىلىق قىسقىراش (مەسىلەن، چاتۇ - چالىدۇ، ئىشتىۋاتتى - ئىتتىرىۋەتتى، ئاتۇرۋات - ئاتتۇرۋات، ئۇرايىم - ئىبراھىم) پەقەت

شېۋە جەھەتتىكى پەرقلەر بولۇپ قالماستىن، خەلق تىلىدىكى يېقىملىقلىقنى ۋە ناخشىلاردا ئېغىزغا ئەپچىل چۈشۈش رولىنى ئوينايدۇ.

تېكىستلەردە خوتەن رايونىدىكى نۇرغۇن يەر ـ جاي ناملىرى، ھۈنەر ـ كەسىپ ئاتالغۇلىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ نامى، ئۆرپ-ئادەت سۆزلىرىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ھېلىمۇ قوللىنىۋاتقان، بىر قىسىملىرى ئەمەلىي ئىستېمالدىن قېلىپ ئارخائىزم سۆزلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، تارىخىي چىنلىق، تۇرمۇش چىنلىقى، مۇزىكا خاسلىقىنى ساقلاشتا، تېكىستلەردە ساقلىنىپ كەلگەن بۇ ئاتالغۇلار ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر. ناخشا ـ كۈيلەردىكى بۇ دېئالېكت ـ شېۋىلەر، يەر ـ جاي ناملىرى قاتارلىقلار قوشۇلۇپ، يەرلىك پۇراقنى ساقلاشنىڭ، بىر گىچە يېتىپ كېلىشىنىڭ مۇھىم ئامىلىدۇر.

يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەردىن باشقا، ئىپادىلىنىش شەكىللىرىدىمۇ ئۆزگىچىلىكلەر بار. ئالايلى، شىمالىي شىنجاڭ رايونلىرىدىكى ناخشا-كۈيلەر بىر قەدەر مۇقىم ۋە سىستېمىلىق مەزمۇنغا ئىگە، شۇنداقلا ئاھاڭلىرى مۇرەككەپرەك، كۆپ يۇرۇشلۇك بولسا، خوتەن خەلق ناخشا ـ كۈيلىرىنىڭ تېكىستلىرىدە مۇستەقىل مەنىلىك قوشاق، مۇقىمسىز ناخشا تېكىستلىرىگە ئىگە ناخشا ـ كۈيلەرنىڭ كۆپرەك بولۇشى، ناخشىلارنىڭ شوخ ۋە يېنىكلىكى، ئاھاڭلىرىدا يەرلىك پۇراقنىڭ كۈچلۈك بولۇشى قاتارلىقلار.

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، رېئال تۇرمۇشنىڭ سەنئەتلىك ئىنكاسى بولغان بۇ ناخشا ـ كۈيلەرنىڭ بىر قىسمى يېڭى دەۋردە ئىجاد قىلىنىپ تارقالغان. ئىلگىرىكى بەزى بېيىت ـ قوشاقلار ئۆزگەرتىلىپ، ئۇلاردا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ ۋە 70 ـ يىللىرىنىڭ ئىجتىمائىيىتى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. بىر خىل داۋامچانلىق، بىر ئاساسىي مېلودىيە ۋە تېز ئىنكاسلىق ئۇلاردىكى يەنە بىر بەدىئىي ئالاھىدىلىكتۇر.

مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى كەڭلىك، چوڭقۇرلۇق جەھەتلەر ھەر قانداق دەۋردىكىدىن ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغىنىدەك، خەلقىمىزنىڭ سەنئەت ھاياتىمۇ مول مەزمۇنغا، خىلمۇخىللىققا، كۆپ قاتلاملىققا ئىگە بولۇپ، گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. ئاسراش، قوغداش، قېزىش، رەتلەش، ئۆگىنىش، ۋارىسلىق قىلىش، ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش جەھەتلەردە يېڭى نەتىجىلەر

يارىتىلدى. «خوتەن خەلق ناخشا - كۈيلىرى»① نامىدىكى بۇ ئىلمىي ئەمگەك ئەنە شۇلارنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ خوتەندە بەش سىزىقلىق نوتىغا ئېلىنىشى، تۆھپىكار سەنئەتكارلار ھاياتىنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى، ئەسىرلەردىن بۇيان رايونىمىزدا بۇ جەھەتلەردە سىستېمىلىق يازما مەنبە بولماسلىقتەك بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، مەدەنىيەت - سەنئەت تەتقىقاتىنى يېڭى ئۇچۇر، يېڭى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. ئىشىنىمەنكى، بۇ ئورىگىناللىق ئىلمىي ئەمگەك ئۆزىنىڭ يۇقىرى تارىخىي ۋە بەدىئىي قىممىتى بىلەن مەدەنىيەت - سەنئەت خەزىنىمىزدىكى ئەبەدىي چاقناق گۆھەر بولۇپ قالغۇسى.

3

ماقالىمىزنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىدا ئالاھىدە تىلغا ئالغىنىمىزدەك، ناخشا - كۈي مائارىپى ئۆگىنىش - ئۆگىتىش ھەم ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ كەلدى. ئىپتىدائىي دەۋرلەردىن كېيىنكى بۈددىزم دەۋرىگىچە، خوتەندە ئىسلام دىنى ئومۇملاشقان دەۋرلەردىن ھازىرغىچە بۇ قەدىمىي زېمىندا ناخشا-كۈي ئۇستازلىرى ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىپ مەنۋىيىتىمىزنى بېيىتىپ، خوتەننىڭ «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» دېگەن تەرىپىنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى. بۈگۈنكى سىستېمىلاشقان، خەلق ناخشا - كۈيلىرى ئاساسىدا مۇكەممەللەشكەن ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇنىڭدىن شاخلىنىپ ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىۋاتقان ھازىرقى ناخشا - مۇزىكىلىرىمىزنى ئاشۇ پېشۋالارسىز، ئاشۇ خالىس باغۋەنلەرسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئۆمۈر تارىخىنى بىلىش ۋە جاپالىق ئىزدىنىشلىرى ئۈستىدە يېڭىدىن - يېڭى تەتقىقات مېۋىلىرىنى تەييارلاش بىز ئەۋلادلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت. شۇ ۋەجىدىن دەسلەپكى قېزىشىمىز نەتىجىسىدە ئېرىشكەن بىر قانچە ئۇستازنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلدۇق. سەنئەت تارىخىمىزدا XVI ئەسىرلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ناخشا - كۈي پېشۋالىرىنىڭ ئىش - ئىزلىرى ئاساسەن بوش قالغىنىدەك، بۈگۈنكى

① «خوتەن ناخشا - كۈيلىرى» ناملىق ناخشا - مۇزىكا قامۇسى 2003 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

دەۋرىمىزدە ياشاۋاتقان ئالاھىدە تۆھپىلىك ئۇستازلارنىڭمۇ شەجەرىسى بېرىلمىدى.

## ۋېيسارىكان

ۋېيسارىكان ۋېيسارىخان جەمەتىدىن بولۇپ، كىچىكىدە داڭلىق سەنئەتكارلاردىن تەلىم ئېلىپ، يارامىلىق سەنئەتكار بولۇپ يېتىشكەن. ئۇنىڭ قايسى ۋاقىتلاردا چاڭئەنگە بارغانلىقى ۋە قاچان، قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. تاڭ دەۋرىدىكى دۇەن ئەنجى يازغان «مۇزىكا مەھكىمىسى خاتىرىسى» بىلەن «كونا تاڭنامە، چىن يىشىلىڭ تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ تاڭ ۋېنزۇڭ تەختتە ئولتۇرغان يىللاردا (مىلادىيە 827 — 840 - يىللىرى) چاڭئەندە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشكەن ھەم نەي چېلىش، ناخشا ئېيتىش ماھارىتى بىلەن ۋېنزۇڭنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ھەمدە پايتەخت جامائەتچىلىكىگە تونۇلغان ئەربابلاردىن سانالغان.

ۋېيسارىكاننىڭ چاڭئەندىكى ئەڭ دەسلەپكى پائالىيىتى تەيجاڭ ئىبادەتخانىسىغا جايلاشقان جۇڭشەن ئوقۇتۇش يۇرتىغا مۇزىكا ئەمەلدارى بولۇشتىن باشلانغان. ئۇ قەدىمكى مۇزىكىلارنى مۇكەممەل بىلىش بىلەن، يەنە نەي، بالىمان، بۇرغا، كۇچا ئەگرى ساپلىق بەربابى، داپ، دۇمباق قاتارلىق نەيلەك، تارلىق، سوقما سازلارغىمۇ ماھىر ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ نەي چېلىش ماھارىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشەلمەيتتى. «كونا تاڭنامە مۇزىكا تەزكىرىسى» بىلەن «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى» دا كۆرسىتىلىشىچە، ۋېيسارىكان ناخشا چولپىنى بولۇپ، ھەر خىل ناخشىلارنى بۇلبۇلدەك قاملاشتۇرۇپ ھېسسىياتلىق توۋلىيالايتتى. بىر ناخشىنى توققۇز خىل ئاۋازدا توۋلىيالايتتى ھەمدە كىشىلەرگە كۈچلۈك ئېستېتىك زوق بېغىشلاپ، تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالاتتى.

ۋېيسارىكان ئاۋۋال ئۆزى ئىجاد قىلغان كۆپ ئۆزگىرىشلىك نەغمە — «يىگجۇ نەغمىسى» نى نەي بىلەن ئورۇنلىغان. ئارقىدىن ئەنئەنىۋى نەغمىچىلەرنى ۋە شىنجاڭدا ئىجاد قىلىنغان بىر مۇنچە ئۇيغۇرچە نەغمىلەرنى، «كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان» ۋە «كىشىگە ھۇزۇر - ھالاۋەت بەخش ئېتىدىغان» ناخشىلارنى

گورۇنداپ، ناھايىتى قىزغىن قارشى ئېلىنغان ھەم يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن. تالڭ ۋېنزۇڭ ۋېيساراكاندىن رازى بولۇپ ناھايىتى خۇشاللانغان ۋە ئۇنى ئوردا ھەربىي ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلىگەن. پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەرنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ۋېيساراكانىغا زور ئىلھام بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مۇزىكا بايلىقلىرىنى قېزىش، توپلاش، ئىسلاھ قىلىش، غەربىي دىيار مۇزىكىلىرىنى، جۈملىدىن چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق بىر مۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلەپ تالڭ ۋېنزۇڭنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىغان. ئۇ يەنە تالڭ سۇلالىسى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان مۇزىكانتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ بەرگەن ۋە كۆپلىگەن يېڭى ناخشا ـ مۇزىكىلارنىمۇ ئىجاد قىلىپ، ئېلىمىز سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

## ۋېيساراكىلىت

ۋېيساراكىلىت (尉迟敬得) تالڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق ئەرباب، سىياسىيئون، مۇشاۋىر بەگ ۋە داڭلىق مۇزىكا ئۇستازى. ئۇ ئەمدىلا دۇنياغا كەلگەن تالڭ سۇلالىسىنى مۇستەھكەملەش، مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان تارىخىي شەخسلەرنىڭ بىرى.

«كونا تاڭنامە» 197 ـ جىلد «خوتەن تەزكىرىسى»، «كونا تاڭنامە، غەربىي دىيار تەزكىرىسى، خوتەن» ۋە يېقىنقى يىللاردا ئېلان قىلىنغان خوتەن خانلىقىغا ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ۋېيساراكىلىت تەخمىنەن ئۇدۇن خان جەمەتى ۋېيساراقۇمى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ۋېيساراكىلىت مەرىپەتلىك ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەنلىكى ھەم گۈزەل ئىجتىمائىي شارائىتتا ئۆسۈپ چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، كىچىككىدىن باشلاپلا زور ئىجتىھات بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلغان. نوم يادلاش، تەبىر ئېيتىش ۋە ئىستىقامەتتە بولۇشنىڭ رەسىم ـ يوسۇنلىرىغا ئوخشاش بىر قاتار دىنىي بىلىملەردىن خېلى چوڭقۇر مەلۇماتقا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى رەسساملىق ۋە ناخشا ـ مۇزىكىلارنىمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەن. قورامىغا يەتكۈچە ئەتراپلىق ھەر تەرەپلىمە يېتىشىپ كۆپ ئىقتىدارلىق ئىختىساس ئىگىسىگە

ئايلانغان.

«يېڭى تاڭنامە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ۋىيساراكىلىت دەسلەپتە مۇھاپىزەتچىلەر ئەمەلدارى بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي تۈركلەرنى يوقىتىش ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن مۇشاۋىر بەگلىك مەنسىپىگە مۇيەسسەر بولغان. ئۇ خىزمەت دائىرىسىگە ئاساسەن مەسلىھەتچى بولۇشتىن باشقا، ئوردىنىڭ نوپۇس، ھەربىي، باج، مالىيە قاتارلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتىگەن.

تاڭ دەۋرىدىكى دۇەن ئەنجى يازغان «مۇزىكا مەھكىمىسى خاتىرىسى» بىلەن «كونا تاڭنامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» دە كۆرسىتىلىشىچە، ۋىيساراكىلىت تاڭ ئوردىسىنىڭ داڭلىق سەنئەتكارى ۋە مۇزىكا ئۇستازى ئىكەنلىكى، ئۇ خوتەننىڭ ئەنئەنىۋى چالغۇ ئەسۋابى بولغان بالىماندىن باشقا نەي، بەرباب، يالغۇزەك، تىك غوڭرا قاتارلىقلارغىمۇ كامىللىقى، چاڭئەنگە بارغاندىن كېيىن غەربىي رايون چالغۇلىرى بىلەن ماھارەت كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى زىلىڭ، شىلىڭ (ھىم نەي)، شىياۋ قاتارلىق جوڭگو ئەنئەنىۋى چالغۇلىرى ۋە باشقا ئاسما ـ سوقما چالغۇلارنىمۇ ئۆگىنىپ، كېيىنچە ئۇنىڭ ماھىرىغا ئايلانغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. ۋىيساراكىلىتنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى تالانتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ غەربىي رايون مۇزىكىلىرى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مۇزىكىسىنى ئوخشاش بىلىشى مۇزىكا مەھكىمىسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان، نەتىجىدە ئۇ مۇزىكا ئۇستازى نامى بىلەن ھۆرمەتلىنىپ، مۇزىكا ئوقۇشى ۋە ئوردا مۇزىكىلىرىنى رەتلەشكە قاتناشقان.

ۋىيساراكىلىت ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە چاڭئەندە تۇرۇش جەريانىدا خەنزۇ مۇزىكىسىنىڭ تەسىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان. نەتىجىدە ئۇ مۇزىكا ئىجادىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇللارنى بۇزۇپ تاشلاپ، چىلىڭ ـ شىياڭ مۇزىكىلىرىغا تەقلىد قىلغان جەنۇبىي جوڭگو مۇزىكىلىرى ۋە باشقا ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىنى، شۇنداقلا چالغۇ ئەسۋابلارغا باي بولغان غەربىي رايون مۇزىكىلىرىنىمۇ كۆپلەپ ئىجاد قىلغان. يەنە مۇزىكا ئۇستازلىق سۈپىتى بىلەن نۇرغۇنلىغان مۇزىكانتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئېلىمىز مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان.

## ۋېيسارا چىن

ۋېيساراچىن تاڭ سۇلالىسى دېزۇڭ (مىلادىيە 780 ـ 805) يىللىرىدا پايتەخت چاڭئەندە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولغان خوتەنلىك مەشھۇر بالىمان ماھىرى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ داڭدار سانغۇنى بولۇپ، ئۇ تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشقان مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ بىرى. خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ۋېيساراچىن خوتەن ۋېيسارا خان جەمەتىدىن بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىيە 746 — 750 ـ يىللار ئەتراپىدا خوتەنگە كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ئىبادەتخانىلاردا زور ئىجتىھات بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلغان. ھەر خىل چالغۇ ئەسۋابلارنى چېلىش، ناخشا ـ مۇزىكا ئىجاد قىلىش جەھەتلەردىمۇ ئالاھىدە زېھنىنى سەرپ قىلىپ، ئۆز ئىقتىدارىنى ھەر تەرەپلىمە ئاشۇرۇشقا تىرىشقان. نەتىجىدە ئۇ قورامىغا يەتكۈچە بالىمان، بەرباب، نەي، داپ، دۇمباق قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى بىمالال چالالايدىغان، مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە ناخشا ئىجاد قىلالايدىغان ئىختىساس ئىگىسىگە ئايلانغان. بولۇپمۇ بالىمان چېلىشتىكى ماھارىتى بىلەن تونۇلۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ كەم تېپىلىدىغان ماھىرىغا ئايلانغان.

خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردىكى تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ۋېيساراچىن تاڭ سۇلالىسى پادشاھى تاڭ دېزۇڭ (لى شى) تەختتە ئولتۇرغان 779 ـ 805 يىللىرىدا چاڭئەنگە بارغان ھەمدە جيەنجۇڭنىڭ 4 ـ يىلىدىكى (مىلادىيە 783 ـ يىلىدىكى) چىڭ يۈەننىڭ ھەربىي ئۆزگىرىشىگە قارشى جەڭگە قاتنىشىپ، تاڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان.

تاڭ شىيەنزۇڭ تەخت ۋارىسى بولغاندىن كېيىن (مىلادىيە 805ـ 820 ـ يىللىرى سەلتەنەت سۈرگەن)، ۋېيسارا چىن لىڭجۇ ئايمىقىنىڭ (بۈگۈنكى يېپىڭ شەھىرىگە قاراشلىق رايونلار بىلەن تيەنجىن ۋە خېبېينىڭ بىر قىسىم جايلىرى) ياساۋۇل بېشى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. ئۇ ۋەزىپە ئۆتەۋېتىپ خېبېيدا ۋاڭ مانۇ ئىسىملىك سازەندە بىلەن تونۇشقان ھەمدە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ليوجۇ ئايمىقىدىكى بىردىنبىر بالىمان ماھىرىغا ئايلانغان. كېيىن يەنە پايتەخت چاڭئەنگە قايتىپ كېلىپ، كەيۈەننىڭ 2 ـ يىلى چاڭئەندە تاڭ شۈەنزاڭ تەرىپىدىن قۇرۇلغان ھەرەمدىكى چاڭلى ئوقۇتۇش يۇرتىدا بالىمان ئۇستازى بولغان. بۇ ئورۇندىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا

ئۆگىنىدىغانلار نەچچە يۈزگە يەتكەن بولۇپ، «مۇزىكا خاتىرىلىرى» بىلەن «ئوقۇتۇش يۈرتى ساتىرلىرى» دىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ۋېيسارا چىن خوتەن بۇددا نەغمىلىرىگە ماھىر بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشقى ـ مۇھەببەت مەزمۇن قىلىنغان شادلىق ۋە قايغۇلۇق مۇزىكىلارغىمۇ ناھايىتى ماھىر بولغان. نەچچە ئونلىغان ياش قىز ـ يىگىتلەر ئۇنىڭ ئىشكىگە تەلمۈرۈپ بالىمان ۋە مۇزىكا ئۆگىنىشكە تەشنا بولغان. ئۇ ئۇدۇن سەنئىتىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىتىپ، ناھايىتى كۆپ سەنئەتكارلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.

## ھاجى ئاخۇن قالۇنچى

ھاجى ئاخۇن قالۇنچى (تۇلكە) كېرىيە ناھىيە ئارال يېزىسىنىڭ ئارالئىبرىق كەنتىدىن بولۇپ، 1795 ـ يىللىرى مەرىپەتپەرۋەر پەيزۇللا ئاخۇنۇمنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ 70 نەچچە يىللىق ھاياتىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ۋاقتىنى ئۇيغۇر مۇزىكىسى ۋە مۇقام ئىشلىرىغا سەرپ قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئەجىر سىڭدۈرۈپ ئۆتكۈزگەن.

ھاجى ئاخۇن قالۇنچى ساتار، تەمبۇر، دۇتار، غېجەك، داپ، نەي قاتارلىق سازلارنى ياخشى چېلىش بىلەنلا قالماي، ئاساسلىقى قالۇن چېلىش ماھىرى ئىدى. ئۇ ئۆزى بىلگەنلىكى چالغۇلار ئارقىلىق، بولۇپمۇ قالۇن بىلەن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپ قىسىملىرىنى ۋە ئۇنىڭ تەزىسى، سەلىقە، نۇسخا جۇلاسى، مەرغۇلى قاتارلىق تارماقلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ مۇكەممەل ئورۇندايتتى.

ئارالئىبرىق كەنتىدىن 92 ياشلىق پېشقەدەم قۇربانجان ئاكا ھاجى ئاخۇن قالۇنچى ھەققىدە توختىلىپ: «مەن 20، 25 ياش چېغىمدا، ھاجى ئاخۇن ئاكىنىڭ قالۇن چالغۇسىنى «گۆشتات» دېگەن ئەسۋاب بىلەن چېلىپ مۇقام توۋلاپ، يۇرت ئىچىدە داڭ چىقارغانلىقى ئېسىمدىن كەتمەيدۇ. ئۇ كېرىيە خەلقلىرىگىلا تونۇشلۇق بولۇپ قالماستىن، باشقا ناھىيە ـ يۇرتلارغىمۇ تونۇشلۇق بولغان ئىناۋەتلىك مەشھۇر مۇقامچى ئىدى» دەپ دەلىللىسە، ھاجى ئاخۇن قالۇنچىنىڭ تۇنجى نەۋرىسى ئابدۇرېشىتئاخۇن (تۇلكە) : «بوۋام ھاجى ئاخۇن

ھاياتىدا يالغۇز كېرىيە تەۋەلىكىدىلا ئەمەس، بەلكى چىرا، لوپ، خوتەن قاتارلىق ناھىيىلەر تەۋەسىگە تەكلىپ بىلەن بېرىپ، نەچچە كۈن، نەچچە ھەپتىلەر تۇرۇپ، ئەلنەغمە سورۇنلىرىدا قالۇن بىلەن مۇقام توۋلاپ، ئەل-جامائەتچىلىكنىڭ ئالقىش-ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. دادام مەتقۇربان ئاخۇنمۇ ئەنە شۇ مۇقامچى ۋە قالۇنچى بوۋىمىزنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا يۇرتىمىزدىكى داڭلىق مۇقامچى بولۇپ يېتىشكەن» دەپ ئەسلەپ ئۆتىدۇ.

ئارال يېزىسىدىكى قۇربانجان ئاكا قاتارلىق بىر مۇنچە پېشقەدەملەر ۋە ھاجى ئاخۇن قالۇنچى جەمەتىنىڭ نەۋرىلىرى ۋە ئۇغقانلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ھاجى ئاخۇن قالۇنچى يېشى توختىغان چاغدىمۇ ئېگىز بويى (170، 180 س م)، يۈزى يۇمىلاق، بۇغداي ئۆڭلۈك، گۈرۈقمۇ، سېمىزمۇ ئەمەس، ساقال-بۇرۇتى ئاقارغان، مىجەز-خاراكتىرى خۇشخۇي، ئوچۇق چىراي، كۆيۈن-تاماشاغا ئامراق ئادەم ئىدى.

مەشھۇر مۇقامچى ۋە قالۇنچى ھاجى ئاخۇن ئاكا ئۆزى ياشىغان دەۋردە كۆپ نەچچە شاگىرت تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ تولىسى مۇقام بابىدا تەسىرلىك ئىز قالدۇرۇپ، كەينى-كەينىدىن بىر-بىرلەپ ۋاپات بولغان.

ھاجى ئاخۇن قالۇنچى 1865-يىلى ۋاپات بولغان بولسىمۇ، بىر ئەسىرگە يېقىن ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان قالۇنى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن قىممەتلىك مىراس سۈپىتىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

## مەتنىياز ئاخۇن

مەتنىياز ئاخۇن كېرىيە ناھىيىسىنىڭ كونا شەھەر رايونى قارلۇق ئۆستەڭ بويى مەھەللىسىدىن بولۇپ، XIX ئەسىردە خوتەن دىيارىدا مۇقام ئېيتىش ۋە ئەلنەغمىچىلىك بىلەن شۆھرەت قازانغان مۇقامچىدۇر.

مەتنىياز ئاخۇن مۇقامنى قالۇن بىلەن گۈرۈنداشنى ئالدىنقى ئەسىردە كېرىيە-چىرىيە ئارىلىقىدا ئۆتكەن مەشھۇر مۇقام پېشۋاسى مەتقارى غوجا ۋە مەشھۇر مۇقامچى ھەبىبۇللا ئاخۇندىن ئۆگەنگەن، ئۇ

مۇقام ئۆگىنىش ئارزۇسى بىلەن جاپادىن قورقماي كىچىك چېغىدا يەكەن ۋە قەشقەرلەرگە بېرىپ، مۇقام پېشۋالىرىدىن مۇقام ئۆگىنىپ، كېيىنكى تولۇقلاپ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن ۋە مۇقامنىڭ تولۇق سىستېمىسىنى ساقلاپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ تارقاتقان.

مەتنىياز ئاخۇن ئۆزىنىڭ 100 يىللىق ھاياتىدا ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇيغۇر سەنئىتى، مۇقامچىلىق كەسپى بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئامىمىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان، مۇشۇ جەريانلاردا كۆپلىگەن شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقان. ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن كېرىيىدىن ھەسەن تەمبۇرچى، شېرىپ بەگ، قادىر رېھىم، ئەبەي تەمبۇرچى، سوپىخان دۇتارچى (مۇقامچى ئايىمخان ھاجىنىڭ ئانىسى)؛ چىرىدىن توختى غوجا، نورۇللا ئاكا، كېرىم بەگ، سۇلايمان قالۇنچى؛ لوپ ناھىيىسىدىن بەرى ئاخۇن سازەندە، شادى ئاخۇن، نەسرۇللا ئاكا؛ خوتەندىن توختى ھاجى، مەتتۇردى ئاكا، ئېلى ئاخۇن، بۇلبۇل ئاخۇن، قارىقاشتىن ئىسمايىل ... قاتارلىق مۇقامچىلار ئۆز يۇرتىنىڭ خەلق ئەلنەغمە مۇقامچىلىق سەنئىتىدە زور تۆھپە ياراتقان.

## ھەمدۇللاخۇن

ھەمدۇللاخۇن XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇقامچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، قاراقاش بازىرىنىڭ تاناي بېشى مەھەللىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇنىڭ ئائىلىسى تەخمىنەن ئىككى ئەسىرلىك سەنئەت تارىخىغا ئىگە بولۇپ، بۇ سەنئەت ئائىلىسى ئىككى ئەسىردىن بۇيان بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ، مۇزىكا-مۇقامچىلىق، دارۋازلىق، جانبازلىق، داستانچىلىق (مەدداھلىق) قاتارلىق سەنئەت تۈرلىرى بويىچە ئۆز دەۋرىنىڭ نوپۇزلۇق سەنئەتكارلىرىدىن بولۇپ كەلگەن. ئۇلار نەچچە ئەۋلاد مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. ھەمدۇللاخۇن ئائىلىسىدىكى قويۇق سەنئەت مۇھىتى ئىچىدە ياشىغاچقا، باللىق چاغلىرىدىن باشلاپلا مۇقام-مۇزىكىغا ئىشتىياق باغلاپ، ئەلنەغمە-مەشرەپ سورۇنلىرىغا ئاتىسىغا ئەگىشىپ باراتتى. شۇنداق سورۇنلاردا ئۇ كىچىك بولۇشىغا قارىماي ھەر تۈرلۈك مۇقام-ئاھاڭلارنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشقا تىرىشاتتى. كىچىككىنە

بالىــــدىكــــى بۇ خىـــل ھېرىسمەنلىـــــكتىـــــن تەسىـــــرلەنگەن مۇقامچى-ئەلنەغمىچىلەر ئۇنى شاگىرتلىرى قاتارىدا تەربىيىـــلەشكە باشلىغان.

XVIII ، XIX ئەسىردە خوتەن دىيارىدا كېرىيە، چىرا، خوتەن، لوپ، قاراقاش قاتارلىق جايلاردىكى روزاخۇن دارۋاز، مەتقارى خوجا قاتارلىق مۇقامچى، دارۋازلارنى ئاساس قىلغان مۇقام-ئەلنەغمىچىلىك جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان بولۇپ، جامائەتچىلىك ئىچىدە زور شۆھرەت قازانغانىدى. ھەمدۇللاخۇن ئۇستازى روزاخۇن دارۋاز (كېرىيەلىك) نىڭ قىزى سۇپىيخان (بۇ ئايال دۇتار چېلىشتا داڭ چىقارغىنى ئۈچۈن «سۇپىيخان دۇتارچى» دەپ ئاتالغان) غا ئۆيلىنىـــــپ، قاراقاشتا 12 مۇقام-نەغمىچىلىك، دارۋازلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا 12 مۇقامنى پىششىق بىلىدىغانلىقى بىلەنلا ئەمەس، دۇتار، تەمبۇر، داپ، راۋاب قاتارلىق ھەر خىل سازلارنى 12 مۇقامغا تەڭكەش قىلىپ چېلىشى، يەرلىك ناخشا-مۇزىكىلارنى پىششىق بىـــلـــىـشـــــىـدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن قاراقاشتىكى مۇقامچىلار ئىچىدە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەن. بىر قانچە يىل مۇقام-ئەلنەغمىچىلىك ۋە دارۋازلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، سەنئەتخۇمار خەلقنىڭ روھىي تەشنالىقىنى قاندۇرۇش بىلەن بىرگە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم شەھەرلەردە مۇقام ئېيتىـــپ ۋە دارۋازلىق ماھارىتى كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر مۇقامچىلـــىـقـــى ۋە دارۋازلىقىنى نامايان قىلغان.

ھەمدۇللاخۇن پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن باللىرىغـــمۇ مۇقام-ئەلنەغمىچىلىك ۋە دارۋازلىق ھۈنىرىنى ئۆگەتكەن. كېيىنكى يىللاردا ھەمدۇللاخۇننىڭ چوڭ ئوغلى نۇرھاجىم (خەلق ئارىسىدا «نۇراجىم مەدداھ» دېيىلىدۇ) داڭلىق داستانچى بولۇپ يېتىشىدۇ. كىچىك ئوغلى ھاشىم ھاجىم (1868 — 1952-يىلى) شىنجاڭ بويىچىلا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھەتتا ئەرەب يېرىم ئارىلى قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردا مۇقامچىلىـــق ۋە دارۋازلىـــقتا نام-شۆھرەت قازىنىدۇ. قىزى ئايىمخان ھاجى (1898 — 1964-يىــلــى) مۇقام-مۇزىكىچىلىقتا نام چىقارغان ماھىر تەمبۇرچى ئىدى.

ئاتاقلىق مۇقامچى، دارۋاز ھەمدۇللاخۇن XIX ئەســرنىڭ 90-يىللىرى قاراقاشتا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## بەردى ئاخۇن

بەردى ئاخۇن (چىچىق) لوپ ھاڭگىيا يېزىسىنىڭ قومباغ كەنتىدىن بولۇپ، تەخمىنەن 1845-يىلى تۇغۇلغان، ئۇ لوپ ناھىيىسى بويىچە مۇقامچى، ئەلنەغمىچىلەرنىڭ ئۇستازى ھىسابلىنىدۇ.

لوپ ھاڭگىيا يېزىسىنىڭ چۇقۇر ئېرىق كەنتىدىكى 80 نەچچە ياشلىق پېشقەدەم ئەلنەغمىچى ئېلى بەگ ۋە بويا، سامپۇل، دول، چاۋاغ (چاھارباغ) قاتارلىق يېزا-كەنتلەردىكى بىر قانچە پېشقەدەم ئەلنەغمىچىلەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بەردى ئاخۇنغا ھاجى ئاخۇن قالۇنچى، ھېيۋۇللا ئاخۇنۇم، مەتنىياز ئاكا، كېرىم موللام قاتارلىق كېرىيىلىك مۇقام پېشۋالىرى ئۇستاز بولغان. بۇنىڭدىن 100 نەچچە يىللار ئىلگىرى كېرىيە-چىرا ئارىلىقىدا ئۆتكەن مەشھۇر مۇقامچى مەتقارى خوجا دېگەن كىشى ئۇنىڭغا ئاساسلىق ئۇستاز بولغانلىقى مەلۇم.

بەردى ئاخۇن داپ، ساتار، تەمبۇر قاتارلىق مۇزىكىلارنى چېلىشقا ماھىر بولۇپ، 12 مۇقامنىڭ نەغمە، داستان ۋە مەشرەپ قىسىملىرىنى خېلى پۇختا ئۆگەنگەن. ئۇ ئۆزى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن سۇنايچى ۋە نەيچى ئۇشتىكام، ساتارچى تۇردۇشكام، تەمبۇرچى دانەك موللام، ئەخمەت ئاكا داپچى قاتارلىق ئەلنەغمىچىلەر بىلەن بىر گۇرۇپپا بولۇپ، يۇرت ئىچىدىكى توي-تۆكۈن ۋە مەشرەپلەردە مۇقام ئېيتىپ، جامائەتچىلىكنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. بۇ ئەلنەغمە گۇرۇپپىسىغا بەردى ئاخۇن مۇقامچى يېتەكچىلىك قىلغان. بەردى ئاخۇن مۇزىكا چېلىش ۋە مۇقام ئېيتىشنى بىلگەندىن باشقا، يەنە ماھىر ئۇسسۇلچى ئىدى. ئۇ 1945-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## توختى غوجىكام ساتارچى

XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قاراقاشتا ياشاپ بىر ئۆمۈر مۇقام مەرىپەتچىلىكى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەلگەن ئاتاقلىق مۇقامچى توختى غوجىكام ساتارچى مۇقام-نەغمىلەرنى يىغىپ ئۆگىنىش، رەتلەش ۋە ئەۋلادلارغا تارقىتىش بىلەن ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان مۇقام پېشۋالىرىنىڭ بىرى.

توختى غوجىكام ساتارچى 1847- يىلى قاراقاش دەرياسىدىن
لۇنۇپ ئاقىدىغان بەھرام سۇيى ئۆستىڭى بويىدىكى قەدىمىي يۇرت
ياقار (ھازىرقى تىۋەت يېزىسى) دا تۇغۇلغان. ئۇ قۇنىكام دېگەن
كىشىنىڭ يالغۇز ئوغلى بولغاچقا، ئەسلىي ئىسمى توختى بولسىمۇ،
ئاتىسى تەرپىدىن ئەتىۋارلىنىپ توختى غوجىكام دەپ ئاتىلىدىكەن.
ئۇ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ ئىسمى توختى غوجى بولۇپ
ئۇزلىشىپ كەتكەن. توختى غوجى كىچىكىدە بالىلىق ھەۋەس بىلەن
ياغاچتىن راۋاب ياساپ چېلىپ يۈرگەنلىكتىن، ئاتىسى ئۇنىڭغا كىچىك
بىر راۋاب ئېلىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ راۋابنى تىرىشىپ
يۈرۈپ يامان ئەمەس چېلىشنى ئۆگىنىۋالغان.

بىر كۈنلىرى مەھەللىدە ئۆتكۈزۈلگەن تويغا سىرتتىن
نەغمىچىلەر تەكلىپ قىلىنغان بولۇپ، نەغمىچىلەر تاماق يېيىشكە
ئولتۇرغاندا كىچىك توختى غوجى ئۇلارنىڭ تامغا يۆلەپ قويۇلغان
ساتارىغا قىزىقىپ قولىنى ئۇزىتىدۇ. نەغمىچىلەردىن بىرى ئۇنىڭغا
قوپال ۋارقىراپ قوغلىۋېتىدۇ، بۇ ئىشتىن قاتتىق خورلۇق ھېس
قىلغان توختى غوجى شۇ چاغلاردا مۇقام-ئەلنەغمىچىلىكتە داڭ
چىقارغان قوشنا يۇرتلۇق ئىشانكام ئەندىك دېگەن كىشىنىڭ يېنىغا
چىقىپ، ئۇ كىشىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش بەدىلىگە ئۆزىگە مۇقام
ئۆگىتىپ قويۇشنى ئۆتۈنىدۇ. كىچىك بالىنىڭ قىزغىنلىقىدىن
تەسىرلەنگەن ئىشان ئەندىك ئۇنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىدۇ، شۇنىڭ
بىلەن توختى غوجى ئىشان ئەندىكنىڭ ھوزۇرىدا قاتتىق تىرىشچانلىق
كۆرسىتىپ، بېرىلىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق ساتار، قالۇن، داپ،
ناغرا، سۇناي، بالىمان قاتارلىق چالغۇلارنى تولۇق چېلىش بىلەن
بىللە، ئۇ كىشىنىڭ بىلىدىغان مۇقاملىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق
ئۆگىنىپ، تاكى ئۇستازى ئۆزى رازى بولۇپ «دۇكان ئايرىپ»
بەرگۈچە تۇرىدۇ.

ياش بولۇشىغا قارىماي، مۇقامنىڭ ئەڭ نازۇك قىسىملىرىغىچە
بىمالال نەغمە قىلالايدىغان ھالەتكە يەتكەن توختى غوجى قاسىم، ئاخۇن
ناغرىچى (1852 — 1958)، قۇربان ئاخۇن داپچى (1886 —
1964)، مەتقۇربان ئاخۇن سۇنايچى (1885 — 1960) قاتارلىق
كىشىلەر بىلەن بىر قوللۇق بولۇپ، يۇرت ئىچىدە
مۇقام-ئەلنەغمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي توختى
غوجى ئاخۇننىڭ نامى تارقىلىپ، شۇ زاماننىڭ ئاتاقلىق مۇقامچىلىرى
قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

توختى غوجى ئاخۇن بىر كۈنى بۇغىچى دېگەن يۇرتقا تەكلىپ بىلەن بارىدۇ. ئۇ سورۇنغا شۇ يەرلىك مۇقامچىلارمۇ تەكلىپ قىلىنغان بولۇپ، توختى غوجى ئاخۇنلار بارغاندا ئۇلار مېھمانلارنى مەنسىتمىگەن ھالەتتە ئولتۇرۇشىدۇ. سورۇن ئىگىسىنىڭ مۇراجىئەت قىلىشى بىلەن توختى غوجى ئاخۇنلار مۇقام باشلاپ «چەشنەم» دېگەن ئاھاڭغا نەغمە قىلىدۇ، نەغمىنىڭ تەسىرلىك كۈيلىرىدىن سېھىرلەنگەن سورۇن ئەھلى توختى غوجى ئاخۇنلارنىڭ ماھارىتىگە قايىل بولۇشۇپ غۇلغۇلا قىلىشىدۇ. ئوڭايسىزلانغان ھېلىقى مۇقامچىلار ئەسۋابلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ غىپپىدىلا چىقىپ كېتىشىدۇ، شۇ ئىشتىن كېيىن كىشىلەر «ئۇستىمەن، ئۇستىنى كۆرسەم يولدىمەن» دېگەن گەپ راست ئىكەن دېيىشىدۇ.

توختى غوجى ئاخۇن مۇقامنى تولۇق ئىگىلەپ، بىر تەرەپتىن ئەل-يۇرتنىڭ مۇقام خۇمارىنى قاندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوغۇللىرى ئىبراھىم ئاخۇن (1903 ــ 1992)، ئىسمايىل ئاخۇن (1906-يىلى تۇغۇلغان) لارنى كىچىكىدىن باشلاپ يېنىدا بىللە ئېلىپ يۈرۈپ، ئۆز ماھارىتىنى پىششىق ئۆگىتىدۇ. توختى غوجى ئاخۇننىڭ ساتارى بىلەن باشلىنىدىغان سېھىرلىك مۇقام كۈيلىرى پۈتۈن قاراقاش ۋادىسىغا تارقىلىپ، كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ «توختى غوجىكام ساتارچى» دەپ ئاتىشىدۇ. توختى غوجىكاملار قاراقاش خەلق ئارىسىدا بۇرۇندىن ئېيتىلىپ كېلىنۋاتقان مۇقام-نەغمىلەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يەرلىك پۇرىقى قويۇقراق بولغان تۆۋەندىكى 12 مۇقامنى ساقلاپ كەلگەن.

1. راك مۇقامى
2. چارىگاھ مۇقامى
3. ناۋا مۇقامى
4. ئوششاق مۇقامى
5. پەنجىگاھ مۇقامى
6. مۇشاۋىرەك مۇقامى
7. چەببىيات مۇقامى
8. بايات مۇقامى
9. مۇقامى ھۇسەينى
10. سىگاھ مۇقامى
11. سەنەم نەغمىسى
12. ئالاي-لاي مۇقامى

ئۇلار يەنە بۇ مۇقاملاردىن باشقا «چەشنەم»، «ئەشراق» قاتارلىق قەدىمىي پارچە كۈيلەرنىمۇ پىششىق ئۆزلەشتۈرۈپ ساقلاپ كەلگەن. 1880-يىللىرى قوشنا ناھىيە خوتەننىڭ جاغلىغا دېگەن يېرىدە يۇرت كاتتىسى ئابدۇللاخاننىڭ ھوزۇرىدا توي ئۆتكۈزۈلگەن. تويغا خوتەن، قاراقاشلاردىن 40 تىن ئارتۇق مەرىپەتپەرۋەر مۇقامچىلار

چاقىرىلغانىدى. شۇ قاتاردا مەزكۇر تويغا چاقىرىلغان توختى غوجىكام ئۆزىنىڭ نۆۋىتىدە چارىگاھ مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسىنى قالۇنىنى ئەڭكەش قىلىپ باشلاپ:

*سېنىڭ دەردىڭنى ئېيتۇرمەن تېنىمدىن جان ئۈزۈلگۈنچە،*
*سالامىم توختىماس ئەي يار تېنىم يەرگە كۆمۈلگۈنچە.*
*يورۇق كۈندە قەرارىم يوق ئوتۇڭدا تاڭ سۈزۈلگۈنچە،*
*قىيامەت ئوتلىرى ئۆرتەر غەمىڭدىن مەن ئۈزۈلگۈنچە.*

*جامالىڭ كۆرگىنىم جەننەت پىغان-غەمدىن قۇتۇلغۇنچە،*
*ۋىسالىڭ غەملىرى ۋەھشىيەت كۆڭۈل مەيلىڭ ئۇتۇلغۇنچە.*
*غېرىپ، پەرھات، يۈسۈپ، تاھىر، ۋامۇق قايتا تۇغۇلغۇنچە،*
*كۆيۈپ ياقسالىڭ نە بولغاي يار، لىۋىڭدىن مەن ئۈزەي غۇنچە.*

دېگەن مىسرالارنى ئوقۇپ، چوڭ نەغمىنى تاماملىغاندا، سورۇندىكى قېرى-ياش ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرىدىن ھاياجان يېشى تۆكۈلگەن ھالدا بۇ مۇقام پېشۋاسىغا ئاپىرىن-تەھسىن ئوقۇشىدۇ...

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، توختى غوجىكام يەنە يۇرتتىكى نىياز بەگنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق بەزمىدە يەرلىك مۇقام تۇسىنى ئالغان كۆپ ئۆزگىرىشلىك تېكىستلىك ئاھاڭ «ئالاي-لاي»نى ئورۇندىغاندا، كۆپچىلىك بىلەن ئوخشاش ھاياجانلانغان نىياز بەگ جامائەتنىڭ ئالدىدىلا توختى غوجىكامنى بىر ئۆكۈز بىلەن تارتۇقلىغان.

پۈتۈن ئۆمرىنى مۇقام-ئەلنەغمىچىلىككە مەشغۇل بولۇپ ئۆتكۈزۈپ، قابىل شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن تۆھپىكار مۇقام ئۇستازى توختى غوجىكام ساتارچى 1953-يىلى 106 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

مەرھۇمنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئىبراھىم ئاخۇن بىلەن ئىسمايىل ئاخۇن ئاتىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مۇقام-ئەلنەغمىچىلىك بىلەن يېقىنقى كۈنلەرگىچە يۇرتداشلارنىڭ توي-مەرىكىلىرىنى قىزىتىپ، مۇقام ناۋاسىنى ئۈزۈلدۈرمەي كەلگەنىدى. چوڭ ئوغلى ئىبراھىم ئاخۇن مۇقام تېكىستلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن بولۇپ، ئادەتتە كوللېكتىپ مۇقام ئورۇنلىغاندا مۇقام ناخشىلىرىنى مۇشۇ كىشى باشلاپ ئېيتىپ، داپ بىلەن مۇزىكىغا جۈر

بولاتتى. بۇ كىشى بەختكە قارشى 1992ـ يىلى 89 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. كىچىك ئوغلى ئىسمايىل ئاخۇن ئاكا ھازىرغىچە ھايات بولۇپ، بۇ كىشى ئادەتتە سۇناي ياكى بالىمان بىلەن مۇقامغا ناۋا قىلىدۇ. ھېلىغىچە ئۆزى يېتىشتۇرگەن ئىككى شاگىرتى بىلەن مۇقام-ئەلنەغمىچىلىكنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. توختى غوجىكامنىڭ ساتارىنىمۇ مۇشۇ كىشى تەۋەررۇك بىلىپ ساقلاپ كەلمەكتە.

## ئىسمايىل موللا

XIX ئۆمرىنى خەلق مۇقامچىلىقىغا بېغىشلىغان ئىسمايىل موللا ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياشىغان. ئۇ قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى تۇخۇلا يېزا يېڭى باغ كەنتىدىن بولۇپ، ياش ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا خەلق مۇقام مۇزىكىلىرىغا ئىشتىياق باغلاپ، مۇقام ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. يۇرت كېزىپ ھەر قايسى جايلاردىكى مۇقام پېشۋالىرىنى زىيارەت قىلغان. يەكەن ھەم كېرىيىلىك ئاتاقلىق مۇقامچىلاردىن قالۇن، ساتار، تەمبۇر، غېجەك، بالىمان، ناغرا-سۇناي قاتارلىق سازلارنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن ھەمدە مۇقامغا تەڭكەش قىلىپ چېلىشتا ئۆزىگە خاس ماھارەت ۋە ئۇسلۇب ياراتقان.

ھازىر تىۋەت يېزىسىدا مۇقام-ئەلنەغمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان پېشقەدەم مۇقامچى ئىسمايىل ئاقى ئاكىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئىسمايىل موللام ھەققەمسايىلىرى مۇقبۇلكام (داپ)، ماھمۇت قارلىغاچ (نەي)، شا تۆمۈر (داپ)، كامال ئاخۇن (سۇناي) قاتارلىقلار بىلەن بىللە ئەل ئىچىدە مۇقام-ئەلنەغمىچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ چاغلاردا خوتەن دىيارىدىكى مۇقام ئىشقىۋازلىرى ئۇ يۇرتتىن بۇ يۇرتقا بېرىش-كېلىش قىلىشىپ، مۇقام ئېيتىشىپ بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىشىدىكەن. بىر كۈنى ئىسمايىل موللام ھەققەمسايىلىرى بىلەن خوتەندىكى يىراق بىر يۇرتقا ئەلنەغمە سورۇنىغا تەكلىپ قىلىنىدۇ. سورۇندا نۆۋەت بۇلارغا كەلگەندە ئىسمايىل موللام ساتارنى قولىغا ئېلىپ مۇقام باشلاشقا تەييارلىنىدۇ، ئويلىمىغان يەردىن بۇرادىرى ماھمۇت قارلىغاچ نەينى مۇڭلۇق بىر پەدىگە باشلاپ چالىدۇ. باشقىلار ئىختىيارسىز ھالدا ئەگىشىدۇ... مۇقام ئاخىرلاشقاندا بۇ مۇڭلۇق كۈيدىنلا ئەمەس،

ئۇلارنىڭ مۇقامنى نەي بىلەن باشلاپ نەغمە قىلىشتەك ئۆزگىچە ۋە ئالاھىدە ماھارىتىدىن ھاياجانغا چۆمگەن ساھىبخان مۇقامچىلار بۇلارغا ئىچ-ئىچىدىن قايىل بولۇپ تەشەككۇر بىلدۈرۈشىدۇ.

ئىسمايىل موللام مۇقام شاگىرتلىرىنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە تەربىيىسىدە ئىشان ئەندىك، توختى غوجىكام، ئىبرايىم ئاقى ۋە ئىسمايىل ئاقى قاتارلىقلار خەلق ئارىسىدىن چىققان ئاتاقلىق مۇقامچى ۋە ئەلنەغمىچىلەردىن بولۇپ يېتىشكەن.

ئىسمايىل موللام يالغۇز ۋاقىتلىرىدا ساتارىنى مۇناجات، ھۆكمەت ئاھاڭلىرىغا چېلىپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان دىلكەش كىشى بولۇپ، پات-پات ئاق تامدىكى ئابدۇراخمان ھەزرىتىم دېگەن ئۇلىمانىڭ ئالدىغا كىرىپ مۇقام بىلەن ھال ئېيتىپ مۇڭدىشىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ قاراقاش خەلقى ئارىسىدا «ئىسمايىل موللام» دەپ ئاتىلىپ ھۆرمەتلەنگەنىكەن. ئەپسۇسكى، بۇ مەشھۇر مۇقام پىشۋاسىنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىللىرى ئانچە ئېنىق ئەمەس.

## ئېلى ئاخۇن ساتار

ئېلى ئاخۇن خوتەن ناھىيە باغچى بازىرىنىڭ پايناپ كەنتىدىن بولۇپ، 1850-يىلى تۇغۇلغان. ئەلنەغمە، مۇقامچىلىقتىكى ماھارىتى سەۋەبلىك، ئۇنىڭ داڭقى خوتەننىڭ ھەر قايسى يېزا-كەنتلىرىگە كەڭ تارقالغان ۋە كىشىلەر قەلبىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان.

ئېلى ئاخۇن ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىلا توي-تۆكۈن، سەيلە-مەشرەپ قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا مۇقامچىلاردىن تەسىرلىنىپ، مۇقام-ئەلنەغمىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق ساتار، تەمبۇر، داپ، دۇتار، قالۇن، غىجەك، بالىمان، ناغرا-سۇناي قاتارلىق چالغۇ-سازلارنى چېلىشنى پۇختا ئىگىلىگەن ھەمدە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى تولۇق ئۆگىنىپ، يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنلاپ، ئاتاقلىق مۇقامچى بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

خوتەن لايقا يېزىسىدىكى ئاتاقلىق ئەلنەغمىچى روزى نىياز ساتارچى (توپاق) ۋە باغچى بازار چالۋاش كەنتىدىكى 92 ياشلىق مۇھەممەت ھۇشۇر ھاجى ھەمدە ئەللامە، بوزاق، شولاق، ئاقتاش

قاتارلىق يېزا-كەنتلەردىكى بەزى پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئېلى ئاخۇن ئاكا ئەينى چاغلاردا ئاكىسى قۇربان ئاكا بىلەن بىللە قەشقەر، يەركەندە مۇقامچىلاردىن بىر يۇرۇش كىلاسسىك مۇقاملارنى ئۆگىنىپ، خوتەن مۇقاملىرىنى توپلاپ، رەتلەپ سىستېمىلاشتۇرۇپ، ئەلنەغمە سورۇنلىرىدا ئۇنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنلاپ، يۇرت-جامائەتچىلىكنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن.

ئېلى ئاخۇن ساتارچى ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى قۇربان ئاخۇن قالۇن باشچىلىقىدىكى مۇقام كوللېكتىپى، يەنى سايىت سۇنايچى، ئىمىن داپچى (ئېلى ئاخۇنىنىڭ ئوغلى)، تۆمۈر نىياز، ساۋۇت داپچى... لاردىن ئىبارەت ئەلنەغمىچىلەر گۇرۇپپىسى مۇقام كۈيلىرىنى ياڭـ رىتىش بىلەن ئەل-جامائەت ئوتتۇرىسىدا داڭ چىقارغان.

ئېلى ئاخۇن ساتارچى ئۆز دەۋرىدە بىر مۇنچە شاگىرت تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. بۇلاردىن سايىت سۇنايچى، ئەسمەتۇللا قالۇنچى (1953 ــ 1873)، مۇھەممەت داپچى (1960 ــ 1895)، نىياز دۇتارچى (1953 ــ 1903)، ساۋۇت داپچى، تۆمۈر نىياز ساتارچى قاتارلىق شاگىرتلارنىڭ كۆپ قىسمى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، بىر قىسمى ھازىرمۇ ھايات. ئېلى ئاخۇن ساتارچى ئۆزىنىڭ 80 نەچچە يىللىق ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇقامغا بېغىشلاپ، ئۇيغۇر سەنئىتى، ئەلنەغمىچىلىكى ۋە مۇقامچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشۇپ، 1983-يىلى ۋاپات بولغان.

## بۇلبۇل ئاخۇن

بۇلبۇل ئاخۇن خوتەن ناھىيىسىنىڭ لايقا يېزىسىدىن بولۇپ، ئۇ خوتەن، قاراقاش، لوپ قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىگە تونۇلغان ئاتاقلىق مۇقامچى بولۇپ، ئۇ 1859-يىلى تۇغۇلغان.

بۇلبۇل ئاخۇن كىچىك ۋاقتىدىلا ئۆزلۈكىدىن مۇزىكا ۋە مۇقامغا قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، يۇرتىدىكى مەشھۇر مۇقامچى نىياز ئاكا (كۇن)، مەتنىياز ئاكا (گۇپ) ئىسىملىك مۇقامچىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ساتار، قالۇن، تەمبۇر، غېجەك، دۇتار، راۋاب، داپ، بالىمان قاتارلىق سازلارنى ھەم ناۋا، مۇشاۋىرەك، ئۇزھال، چەببىيات، ئىشراق (ئوششاق)، راك، پەنجىگاھ، بايات، چارىگاھ قاتارلىق مۇقاملارنى چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپ قاتارلىق

ئىسىملىرى بىلەن پىششىق ئۆگىنىۋالغان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇلبۇل ئاخۇننىڭ ئۇستازلىرىنىڭ ئۇستازى ھەمەر خوجا دېگەن كىشى مەشھۇر مۇقامچى بولۇپ، ئۇ ئەلنەغمە سورۇنلىرىدا قالۇن، ساتار، تەمبۇر بىلەن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئورۇندىيالايدىغان، قايسى چالغۇنى قولىغا ئالسا شۇنى سايرىتىۋېتىدىغان داڭدار كىشى ئىكەن.

بۇلبۇل ئاخۇننىڭ ئەلنەغمىچىلىك ۋە مۇقامچىلىقتىكى ئۆزگىچىلىكى شۇكى، بىرىنچىدىن، ئۇ ئەلنەغمە سورۇنلىرىدا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ چوڭ نەغمىسىنى «خوتەن سەنىمى» گە ئۇلاپ ئېيتاتتى. ئۇ ئېيتقان «خوتەن سەنىمى» ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ساتار ياكى تەمبۇرغا تەڭكەش قىلىناتتى. بۇلبۇل ئاخۇن تەمبۇرنى ئۆزى چېلىپ، مۇقامنىمۇ ئۆزى ئېيتاتتى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ ئەينى دەۋردە خەنزۇ تىلىنىمۇ پىششىق بىلگەچكە (ئۇنىڭ خەنزۇ تىلىنى قەيەردە ئۆگەنگەنلىكى نامەلۇم)، ھەتتا مۇقام ئەلنەغمىلىرىنى خەنزۇ تىلىدا ئۆزىگە خاس پۇراق بىلەن ئېيتالايتتى. ئۇ تەشكىللىگەن ئەلنەغمە سورۇنلىرىغا ئۇيغۇرلاردىن باشقا ھەتتا، خەنزۇ تاماشىبىنلارمۇ قاتنىشاتتى ۋە ئۇنىڭ خوشناۋا ئاۋازىدىن ھۇزۇرلىناتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى نەپىس بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «بۇلبۇل» دەپ ئاتىغان. ئاستا-ئاستا ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئۇنتۇلۇپ، «بۇلبۇل» دېگەن تەخەللۇسى ئۇنىڭ ئىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇ ھەم ئەلنەغمىچى، ھەم مۇقامچى بولغاندىن تاشقىرى، يەنە ماھىر ئۇسسۇلچى ئىدى. ئۇ جامائەت سورۇنلىرىدا خۇش تەبىئەتلىك، قىزىقچى ھەم چاقچاقچى بولۇپ، ئۇنى مەشرەپ سورۇنلىرىنىڭ «گۈلى» دېيىشكە بولاتتى.

خوتەن دىيارىدا نام-ئاتىقى چىققان ئاتاقلىق مۇقامچى بۇلبۇل ئاخۇن ئۆزىنىڭ 80 نەچچە يىللىق ھاياتىدا 60 يىلدىن ئارتۇق قىممەتلىك ۋاقتىنى ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، كۆپ ئەجىر سىڭدۇرگەن. مۇشۇ جەرياندا ئۇ كۆپلىگەن شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. مەسىلەن، ھاشىم ئەلنەغمە (داپچى)، كېرىم داپچى، ئەخمەت نىياز بالىمانچى، ئابدۇللا سۇنايچى، قۇربان نەغمە (ساتارچى)، ساۋۇت ساتارچى، مەشرىق ۋە روزى نىياز ساتارچى... قاتارلىق ئەلنەغمىچى شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ، يېتىشتۈرۈپ قاتارغا قوشقان. ئۇ تەخمىنەن 1939-يىلى 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## زېھۋىدىخان نەغمە

زېھۋىدىخان نەغمە (ئاغا) خوتەن ئىلچى يېزا ناۋاغ مەھەللىسىدىن بولۇپ، 1868ـ يىلى مۇھەممەتشاھ مۇقامچىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

زېھۋىدىخان نەغمىچىنىڭ ئاتىسى مۇھەتشاھ قالۇن، ساتار، دۇتار، نەي، داپ، سۇناي قاتارلىق سازلارنى ماھىرلىق بىلەن چالالايدىغان ھەم ۋايىغا يەتكۈزۈپ مۇقام ئېيتالايدىغان مەشھۇر كىشى ئىدى. زېھۋىدىخان نەغمىنىڭ ئانىسى توختىخان ئاچمۇ ئۇستا دۇتارچى بولۇپ، ئۇنىڭ تۇغقىنى توختى موللا نەي بىلەن سۇناي چالاتتى. زېھۋىدىخاننىڭ ئاچىسى ئىمانىخان دۇتارچى، ئىمانىخاننىڭ قىزى نىساخان دۇتارچى ھەم ئۇسسۇلچى ئىدى. زېھۋىدىخاننىڭ قىزى زورىخان دۇتارچى ھەم ئۇسسۇلچى، ئوغلى ئەخمەت ئاخۇن داپچى ھەم دۇتارچى ئىدى. قىسقىسى، بۇ ئائىلىدىكى ئەۋلادلارنىڭ ھەممىسى ئەلنەغمىچىلەر ھەم مۇقامچىلار ئىدى.

زېھۋىدىخان نەغمە يۇرت-مەھەللىدىكى كۆڭۈل ئېچىش، مەشرەپ ۋە سەيلە سورۇنلىرىدا كۆپىنچە دۇتار بىلەن مۇقام ئېيتىپ، جامائەتنىڭ ئالقىش-ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

بۇ ئائىلىدىكى ئەزالارنىڭ بىرى تەمبۇر چالسا، يەنە بىرى ساتار چېلىپ، بىرى دۇتار چالسا، يەنە بىرى داپ چېلىپ، بىرى ئۇسسۇل ئويناپ ناخشا ئېيتسا، يەنە بىرى باشقا سازلارنى چېلىپ ئادەتلەنگەچكە، يۇرت-مەھەللە جامائەتچىلىكى ئۇلارنى «ئەلنەغمىچىلەر ئائىلىسى» دەپ ئاتىغان.

زېھۋىدىخان نەغمە ۋە ئۇنىڭ ئائىلىۋى ئەلنەغمىچىلەر گورۇپپىسى ئۆز دەۋرىدە يالغۇز خوتەن شەھىرى ۋە يېزا- كەنتلىرى تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى قاراقاش، لوپ تەۋەلىرىگە بېرىپ ئەلنەغمە سورۇنلىرىنى تۈزگەن. شۇنداقلا، قاراقاشلىق ئايال مۇقامچى ئايىمخان ھاجىمنىڭ ئائىلىۋى ئەلنەغمىچىلەر گورۇپپىلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان.

بىر ئائىلىدىن تەشكىللەنگەن بۇ ئەلنەغمىچىلەر گورۇپپىسى زېھۋىدىخان مۇقامچىنىڭ باشچىلىقىدا بىر ئۆمۈر مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. زېھۋىدىخان نەغمە 1933ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## مۇھەممەت تۇردى ئاخۇن

مۇھەممەت تۇردى ئاخۇن (مەتتۇردى ئاخۇن مۇقامچى دەپمۇ ئاتىشىدۇ) 1864-يىلى خوتەن ناھىيىسى گازۇن ئاتچوي (ھازىرقى شورباغ) يېزا سوقىباغ مەھەللىسىدە ئەلنەغمىچى ئىسمايىل سوپى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، خوتەندە ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن مۇقام پېشۋالىرىدىن بىرى.

ئۇ بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا دادىسىنىڭ تەربىيە ۋە تەسىرىدە ئەلنەغمە، مۇقام سەنئىتىگە قىزغىن زوقمەن بولۇپ ئۆسكەن. دادىسى ئىسمايىل سوپى ۋە يۇرتىدىكى ئاتاقلىق مۇقامچى، ئەلنەغمىچىلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ، ساتار، تەمبۇر، دۇتار، بالىمان، نەي، سۇناي، داپ قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن. مۇشاۋىرەك، راك، ئۆزھال، چەببىيات، پەنجىگاھ، ناۋا، چارىگاھ، بايات قاتارلىق مۇقاملارنى ۋە ئۇنىڭ چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپ قاتارلىق ھەر قايسى قىسىم-تارماقلىرىنى تولۇق ئىگىلەپ، ئۇنى يۇرت خەلقلىرىنىڭ توي-مەرىكە، سەيلە-مەشرەپ، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا ئورۇنداپ، جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

مۇھەممەت تۇردى ئاخۇن خەلق سەنئىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى خۇددى ھەسەل ھەرىسىدەك ئۆزىگە يىغقان ئەستايىدىل مۇقامچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئون ئىككى مۇقام پەدىلىرىدىن بىلمەيدىغىنى يوق ئىدى. چالغۇ-سازلاردىن قايسىبىرىنى قولىغا ئالسىلا، مۇقامنىڭ ھەر قايسى بۆلەك قىسىملىرىنى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن تەسىرلىك قىلىپ ئورۇنلايتتى. ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بار ئىدى. مەسىلەن، ئۇ ئەلنەغمە سورۇنلىرىدا مۇقام ئورۇندىسا، مۇقامنى ئاۋۋال داپ بىلەن باشلاپ، ئاندىن ساتارىنى ئىشقا سالاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر قايسى مۇقاملارنى جەزمەن ئۆز رىتىمى، ئۇدار سىستېمىسى، قائىدە-تەرتىپى بويىچە رەتلىك ئورۇنلايتتى. مۇشاۋىرەك مۇقامىنى «بوم مۇشاۋىرەك»، «زىل مۇشاۋىرەك» دەپ ئىككى خىلغا ئايرىغان. ئۇنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە، «زىل مۇشاۋىرەك» مۇقامى ئەۋجىدىن باشلىناتتى، «بوم مۇشاۋىرەك» بولسا، تۆۋەندىن يۇقىرىغا پەيدىنپەي، پەللىمۇپەللە يۇقىرى ئۆرلەپ ئەۋجىگە چىقاتتى.

مۇھەممەت تۇردى ئاخۇن ئۆزىنىڭ 125 يىللىق ئۇزۇن ئۆمۈر

ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇيغۇر مۇقام، ئەلنەغمە سەنئىتى تەرەققىياتى ئۈچۈن زور مېھنەت. ئەجىر سىڭدۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇ ئۆز دەۋرىدە مەتسالى ئاكا، مىرزا ئابدۇللا، ئەخمەت ئاكا، سايىم ساتارچى، سايىت داپچى ۋە ئۆز ئوغلى بەكرى ئاخۇن بالىمانچى (ئۇ ھايات چېغىدا خوتەن «قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكى» نىڭ پېشقەدەم بالىمانچىسى بولۇپ ئىشلىگەنىدى)، ئىمىنىسى مەتروزى ئاخۇن قاتارلىق 10 نەچچە شاگىرتنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، مۇقامچىلار قوشۇنىنىڭ ئىزچىل ئۇلغىيىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلغان. ئۇ 1989-يىلى ۋاپات بولغان.

## ھاشىم ھاجىم دارۋاز

شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھەتتا ئەرەب يېرىم ئارىلى قاتارلىق رايون ۋە دۆلەتلەردە دارۋازلىق سەنئىتى بىلەن نام-شۆھرەتكە ئېرىشكەن ھاشىم ھاجىم دارۋاز 1869-يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ «تانايىبېشى» يېزىسى (ھازىرقى قاراقاش بازىرى تانايىبېشى ئاھالە كومىتېتى) دا مەشھۇر خەلق سەنئەتكارى ھەمدۇللا ئاخۇن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

ھاشىم ھاجىمنىڭ دادىسى ھەمدۇللا ئاخۇنۇم ئاتاقلىق مۇزىكانت ۋە دارۋاز بولۇپ، بالىلىرىنىمۇ ئۆزىگە ئىزباسار قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى نۇراجىم داڭلىق داستانچى بولۇپ، «نۇراجىم مەدداھ» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى. قىزى ئايىمخان ھاجىممۇ مۇزىكا چېلىشتا مەشھۇر بولۇپ، بۇ سەنئەت ئائىلىسى تەخمىنەن ئىككى ئەسىردىن بۇيان بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ، مۇزىكا، مۇقامچىلىق، دارۋازلىق، جانبازلىق، مەدداھلىق قاتارلىق سەنئەت تۈرلىرى بويىچە ئۆز دەۋرىنىڭ ئەتراپلىق يېتىلگەن نوپۇزلۇق ماھىرلىرىدىن بولۇپ كەلگەن. ئۇلار نەچچە ئەۋلاد مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.

ھاشىم ھاجىمنىڭ ياشلىق مەزگىللىرىدە، بۇ سەنئەت ئائىلىسىنىڭ داڭقى تېخىمۇ كەڭ يېيىلغان. ھاشىم ھاجىم كېيىنكى ۋاقىتلاردا قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان كوچارغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ سەنئەت

ماھارىتى ئۆزلۈكسىز يۈكسەلگەن. ئۇ ھەر كۈنى دار ئۈستىدە مىڭلىغان تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، دارۋازلىق سەنئىتىنى مۇقام بىلەن زىچ بىرلەشتۇرگەن. دارغا چىقىش ئالدىدا مۇزىكا بىلەن مۇقامنىڭ مۇقەددىمە قىسمىنى ئوقۇپ، دار مەيدانىدا مۇقام ساداسىنى ياڭراتقان.

ئۇ كوچارنىڭ يەرلىك مۇقام شېۋىلىرى بىلەن خوتەن، قەشقەر مۇقام شېۋىلىرىنى ئۆزئارا بىرلەشتۇرۇپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ساقلاش ۋە تارقىتىش جەھەتلەردە كۆپ ئەجىر سىڭدۇرگەن.

ئۇ كوچاردا تۇرغان مەزگىللىرىدە كونىشەھەر مەركىزىدىكى داڭلىق ئاشخانىدا ھەر كۈنى مۇقام ئېيتقان. «ھاشىم ھاجىمنىڭ مۇقامىنى ئاڭلايمىز» دەپ، سەنئەتخۇمار كوچار خەلقى تاڭ سەھەردىلا بۇ ئاشخانىغا توپلىنىدىغان بولغان. ھاشىم ھاجىمنىڭ نامى بىلەن بۇ ئاشخانىنىڭ سودا ئىشلىرىمۇ روناق تاپقان.

ھاشىم ھاجىم تەشكىللىگەن سېرك-دارۋازلىق ئۆمىكىدە باي ناھىيىسىدىن بايىز ئاخۇننىڭ ئوغلى ئىبرايىم قارى ھەمدە ئىسلام تەمبۇر، ھېلىم ئاخۇن ساتار قاتارلىق داڭلىق مۇقامچى ۋە سازچىلار بولۇپ، ھاشىم ھاجىم ئۇلارغا ئۇستاز بولغان.

ھاشىم ھاجىم قەشقەردە تۇرغان چاغلىرىدا تۇردى ئاخۇن ئاكا ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى ئىمىن ئاخۇن، قاسىم ئەلنەغمە قاتارلىق مەشھۇر مۇقامچىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنگەن. بۇ مەزگىلدە قەشقەردىكى مۇزىكانت (دۇتارچى) مەھراخانىم بىلەن نىكاھلىنىپ، پەرزەنتلىرى شىرئېلى، ھەيدەر ئېلى قاتارلىقلارنى تەربىيىلەپ ئاتاقلىق مۇزىكانت قىلىپ يېتىشتۇرگەن.

ھاشىم ھاجىم يالغۇز ئۆز ئەۋلادىنى سەنئەتكار قىلىپ يېتىشتۇرۇپلا قالماي، يەنە كوچارنى مەركەز قىلىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدە مۇزىكا كۇرسى ئېچىپ، يۈزگە يېقىن مۇزىكانتنى تەربىيىلەپ يېتىشتۇرگەن، ئۇيغۇر سەنئەت مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان.

ھاشىم ھاجىم 1934-يىلى ھەج سەپىرىدىن قايتىشىدا سەئۇدى ئەرەبىستانى، سۇرىيە، ئىران، ئىراق، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق ئەللەردە سەييارە دار باغلاپ، دار ئويۇنى كۆرسىتىپ قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن. قارا قول يولى ئارقىلىق ئاقسۇغا قايتىپ كېلىپلا، ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە مۇزىكىلىق مارش

تەييارلاشقا قاتناشقان. بۇ يىللاردا كوچارغا كومپارتىيە ئەزاسى لىن جىلۇ ھاكىم بولۇپ، ئۇ باشچىلىق قىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنى ھاشىم ھاجىم قىزغىن قوللىغان ھەمدە سەييارە دارۋازلىق، مۇقامچىلىق يولى بىلەن تاپقان كىرىمىدىن مىڭ سەر كۈمۈش تەڭگە ئىئانە قىلىپ، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلىگەن.

ھاشىم ھاجىم 1949-يىلى ئازادلىق ھارپىسىدا بىر ئوچۇم جاھىل گومىنداڭ قاچقۇنلىرى تەرىپىدىن «ئالتۇن، كۈمۈش بېرىسەن» دەپ قاتتىق ئۇرۇلغانلىقتىن، تاياق زەربىسىدە 1952-يىلى ۋاپات بولغان. لېكىن ھاشىم ھاجىمنىڭ ئىز باسارلىرىدىن نۇراخۇن دارۋاز، سىدىق ئاخۇن دارۋازلار ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر دارۋازلىق ئۆمىكىنىڭ ئۇلىنى سالغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى.

## كىرەم ئاخۇن ساتار

كىرەم ئاخۇن ساتار (ئەل ئىچىدە كىرەم ئاخۇن نەغمە دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تەخمىنەن 1872-يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ مۇغاللا بازىرىغا قاراشلىق ھال كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇز يۇرتىدا باشلانغۇچ دىنىي ساۋات ئالغان. ياش ۋاقتىدىن باشلاپ كېرىيىدىكى داڭلىق مۇقامچى، نەغمىچىلەردىن شېرىپ بېگىم، ئابلىزخان قاتارلىق سازەندىلەر بىلەن تونۇلۇك سورۇنلاردا مۇقام ئورۇنلاپ داڭ چىقارغان. كىرەم ئاخۇن سازەندىلەر ئىچىدە ساتار چېلىپ مۇقام باشلىغاچقا، «ساتار» ئۇنىڭ لەقىمىگە ئايلىنىپ كەتكەن. كىرەم ئاخۇننىڭ ئوغلى ئىسمايىل ئاخۇن دادىسىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «دادام كىرەم ئاخۇن 12 مۇقامنى تولۇق بىلەتتى، مۇقام تېكىستلىرىنى (نەۋائى، دېگەن كىتابتىن ئۆگىنەتتى». كېرىيىدىكى ئەسلىمىلەرگە باي بولغان پېشقەدەم ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، كىرەم ئاخۇننىڭ مۇقام ئورۇنلاش ماھارىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئاھاڭ ۋە تېكىستلەرنى بەكمۇ تولۇق، توغرا ئىپادىلىگەن، يۇرت-يۇرتلاردىن مۇزىكا، مۇقام ھەۋەسكارلىرى كېلىپ ئۇنى ئۇستاز تۇتۇپ مۇقام، نەغمە ئۆگەنگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر مۇقامچى سۇلايمان ئاخۇن قالۇنمۇ بار

ئىكەن.

بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، كېرەم ئاخۇن 1957-يىلىدىكى 12 مۇقامنى تونجى قېتىملىق سىنىغا ئېلىنىشقا ئالاھىدە ئۇرۇمچىگە چاقىرتىلىپ قاتناشتۇرۇلغانىكەن. ئۇ 1954-يىلى خوتەن ۋىلايىتىدە، 1955-يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە قەشقەردە، 1957-يىلى شىنجاڭ بويىچە ئۇرۇمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق سەنئەتچىلىرى كۆرىكىگە قاتنىشىپ مۇقام، خەلق ناخشىلىرىنى ئورۇنلاپ ئالاھىدە مۇكاپاتلانغان.

ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر چېلىپ ئۆتكەن تەۋرۈك ساتارىنى كېرىيە بازىرىنىڭ قوتاز بېشى مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق يۈسۈپ قوتاز دېگەن كىشىگە بېرىشنى ئالاھىدە ۋەسىيەت قىلغان. ئۇ 1970-يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆز يۇرتىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## تۇردى ھاجى

تۇردى ھاجى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ كونىشەھەر رايونى قارلۇق ئۆستەڭبويى مازار ئېرىق مەھەللىسىدىن بولۇپ، تەخمىنەن XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىلىرىدا ياشاپ ئۆتكەن. ئۇ ئەينى زاماندا كېرىيە تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى چىرا، لوپ، خوتەن قاتارلىق ھەر قايسى ناھىيە خەلقلىرى ئىچىدە، ھەتتا ئەرەبىستان، پاكىستان قاتارلىق چەتئەل كىشىلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى سۇناي بىلەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداپ داڭ چىقارغان تالانتلىق مۇقامچى ئىدى.

ئۇ ئۆز دەۋرىدە ھەج تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن ئەرەبىستانغا قاراپ يولغا چىققاندا، سۇناينى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ بىللە ئېلىپ ماڭغان. ئۇ ھەج تاۋاپ قىلىش سەپىرىدە پاكىستان، ئەرەبىستان قاتارلىق جايلاردا سۇناي ئارقىلىق چەببىيات، مۇشاۋىرەك، ناۋا، چارىگاھ، ئۆزھال، بايات ... قاتارلىق بىرمۇنچە مۇقاملارنى تولۇق، جانلىق ئوبرازلىق ئورۇنداپ، چەتئەللىكلەرنىڭ قىزغىن ئالقىش-ھىمايىسىگە سازاۋەر بولغان.

ئاتاقلىق مۇقامچى تۇردى ھاجى تەكلىپكە بىنائەن ھەرەمدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، ساقسىز بولۇپ قالغان، ئۇ ۋاپات بولۇش

ئالدىدا ئۆزىنىڭ ھېلىقى سۆيۈملۈك سۇنىيىنى ئانا يۇرتى كېرىيىدىكى شاگىرتى يۇسۇپ ئاكا سۇنايچىغا سوۋغا قىلىپ ئەۋەتىپ بەرگەن.

يۇسۇپ ئاكا سۇنايچى ئەينى چاغلاردا مۇشۇ سۇنايىنى ئېلىپ خوتەنلىك ئەخمەت سۇنايچى بىلەن بىللە قەشقەرگە بېرىپ، قەشقەر كونىشەھەر سېپىلى ئۈستىدە تۇرۇپ سۇناي بىلەن مۇقام كۈيلىرىنى ئورۇندىغاندا، قەشقەر خەلقى ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ، بۇ بىر جۈپ ماھارەتلىك سۇنايچى-مۇقامچىغا ئاپىرىن ئوقۇغان ۋە ئالقىش ياغدۇرغان.

## قۇربان چوڭ

نەغمىچى قۇربان چوڭ 1874-يىلى گۇما ناھىيە كىلىيالىڭ يېزىسىدا تۇغۇلغان، 25 ياشقا كىرگىچە بولغان ئارىلىقتا دۇتار، تەمبۇر چېلىپ نەغمە قىلىشنى، مۇقام ئېيتىشنى ئۆگىنىۋالغان. 1937-يىلىدىن 1940-يىلىغىچە يەركەنگە بېرىپ تۇردى ئاخۇن، ئىمىن ئاخۇن قاتارلىق مۇقامچىلاردىن ساتار، راۋاب، داپ، ناغرا قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلارنى چېلىشنى ھەم 12 مۇقامنى خېلى مۇكەممەل ئۆگىنىۋالغان. 1941-يىلى كىلىياڭغا قايتىپ كېلىپ، مۇزىكا ھەۋەسكارلىرىنى يىغىپ، خەلق ئاممىسىغا ئويۇن-مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ بەرگەن. مۇھەممەت قۇربان قاتارلىق بىر قانچە كىشىلەرگە مۇزىكا چېلىشنى، مۇقام ئېيتىشنى ئۆگەتكەن. ئۇ 1961-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## روزەم

خەلق سازەندىسى روزەم 1879-يىلى گۇما ناھىيە كۆكتېرەك يېزىسىدا تۇغۇلغان. 11 يېشىدا دادىسى ئىسلام ئاخۇنغا ئەگىشىپ مەشرەپ سورۇنلىرىغا كىرىپ كەلگەن. ئۇ ئاساسەن ساتار، داپ ۋە دۇتار ئارقىلىق راك، پەنجىگاھ، مۇشاۋرەك، ناۋا مۇقاملىرىنىڭ داستان، مەرغۇللىرىنى كامىل چالالايتتى. يەنە گۇما ناھىيىسىدە تارقالغان خەلق ناخشا ئاھاڭلىرىنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ ئورۇنلاپ، تونۇلغان خەلق سازەندىسىگە ئايلانغان. ئۇ ناخشا ئېيتىشتىن سىرت ئۆزى قوشاق توقۇپ ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇش ئىقتىدارىغىمۇ ئىگە

بولغان. 1941-يىلى «يوغان قورساق شۇڭگەن بېگىم تاپانچىنى قىسىپ كەلسۇن» دېگەن قوشاقنى توقۇپ، ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان. تۈزمىدىن چىققاندىن كېيىن قارا تاغىزنىڭ باش ئۆجمىلىك دېگەن يېرىگە كۆچۈپ بېرىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ يەردە ياشىغان. ئۇنىڭ نۇرغۇن ناخشا ئاھاڭلىرى لېنتىغا ئېلىنىپ ساقلانماقتا. ئۇ 1976-يىلى 97 يېشىدا ۋاپات بولغان.

## شاھ ساۋۇت

شاھ ساۋۇت كېرىيە ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1880-يىلى ئوقۇمۇشلۇق دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئاتا-ئانىسىدىن يېتىم قالغاندىن كېيىن، بەزى تەركىدۇنيا كىشىلەرنىڭ پاناھىدا مازارلاردا يېتىپ-قوپۇپ، خەير-ساخاۋەت ھېسابىغا جان باقىدۇ. باللىق ھاياتى دەرۋىشلىك بىلەن ئۆتىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا ناخشا، مۇقام ئۆگىنىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە جاھان كېزىپ يۈرگەن دەرۋىشلەر ياش ساۋۇتنى ناخشا-مۇقام سەردارى مەنىسىدە «شاھ ساۋۇت» دەپ ئاتايدۇ.

شاھ ساۋۇت ئۆزىنى پاناھىغا ئالغان دەرۋىشلەرگە ئەگىشىپ خوتەندىن يېڭىسارغا كېلىدۇ. بۇ يەردە ئۇ ساتار چېلىپ، مۇقام ئېيتىدىغان بىر قىزغا «ئاشىق» بولۇپ قالىدۇ ھەمدە دەرۋىشلەردىن ئايرىلىپ، شۇ قىزنىڭ ئائىلىسىدە ئىشلەمچى بولۇپ تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ قىزدىن ساتار چېلىشنى، مۇقام ئېيتىشنى ئۆگىنىش جەريانىدا ئۆز مۇھەببىتىنى قىزغا ئىزھار قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ. بىر يىلى ئۇ ئايالى بىلەن قەشقەر ئاپاق خوجا سەيلىسىگە كېلىدۇ. سەيلە كۈنلىرى ھەر قايسى يۇرتلارنىڭ مۇقامچىلىرى بىر قېتىملىق مۇقام، مۇزىكا ئورۇنداش سورۇنىدا شاھ ساۋۇت ئورۇندىغان مۇزىكا، مۇقاملارنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق مۇقامچىسى توختىيار قالۇن شاھ ساۋۇتنىڭ تالانتىنى بايقاپ، ئۇنى قەشقەردە ئېلىپ قالىدۇ. كېيىن قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىپ، توختىيار قالۇندىن مۇقام ۋە مۇزىكا ئۆگىنىدۇ. 1920-يىللاردا توختىيار قالۇن ۋاپات بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شاھ ساۋۇت قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق مۇقامچىسى بولۇپ قالىدۇ.

شاھ ساۋۇت مۇقام مۇزىكىلىرىنى كۆپىنچە مۇڭ پەدىگە

چالىدىغان، ئۇنىڭغا خەلق ۋە ئۆزىنىڭ دەرد-ئەلەملىرىنى سىڭدۈرۈپ مۇقامنىڭ سېھرىي كۈچىنى كۆرسىتەلەيدىغان مۇقامچى ئىدى. شۇنداقلا تېكىست تاللاشقا بەكلا ئەھمىيەت بېرەتتى.

شاھ ساۋۇت تۆت ئوغۇل، ئىككى قىز پەرزەنت كۆرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى مۇقامچىلىق، سېركچىلىك، قورچاق ئويۇنى (ئۇيغۇرلاردا قورچاق ئويۇنى بىلەن رىۋايەتلەر، تارىخىي ۋەقەلەر، كۈلكىلىك ئىشلار، ھەر خىل ئىتوتلار ئوينىلاتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن قالغان قورچاق تىياتىرچىلىقى، قورچاق ئويىا ئويۇنى قاتارلىقلار يېقىنقى يېرىم ئەسىر مابەينىدە ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەم بولمىغانلىقتىن ئۈزۈلۈپ قالغان)، تاكا («تېكە ئويۇنى» بولسا كېرەك — مۇھەررىر) ئويۇنى قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللانغان خەلق سەنئەتكارى ئىدى. شاھ ساۋۇت 1930-يىللاردا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئەيسا نەغمىچى

ئەيسا نەغمىچى 1884-يىلى گۇما ناھىيە سانجۇ يېزىسىنىڭ سىستىلە مەھەللىسىدە تۇغۇلغان، 13 يېشىدىن باشلاپ شۇ يەردىكى پېشقەدەم نەغمىچىلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ ساتار چېلىش، نەغمە قىلىشنى ئۆگەنگەن. ياشلىق مەزگىللىرىدە توي مەرىكە-مەشرەپلەردە نەغمە قىلىپ، بارا-بارا داڭ چىقارغان. ئۇ ساتارنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن چالىدىغان كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ يېقىملىق، ياڭراق ئاۋازى ساتاردىن ياڭرىغان ساداغا بەكمۇ ماس كەلگەچكە، كىشىلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان. پەنجىگاھ، ئۆزھال، ناۋا مۇقاملىرىنى ۋە سانجۇ ئاھاڭلىرىنى ئىنتايىن تەسىرلىك، يېقىملىق ئورۇنلايدىغانلىقى سەۋەبلىك ئەل ئارىسىدا يۇقىرى ھۆرمەتكە نائىل بولغان. ئۇ 1957-يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

## كېرىم بەگ

كېرىم بەگ ئەسلىدە كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قالۇن ئۆستەڭ بويى مەھەللىسىدە 1886-يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، بالىلىق چېغىدىلا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن چىرا ناھىيىسىگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. كېرىم بەگ بالىلىق چېغىدىلا ساتار، تەمبۇر،

دۇتار، سۇناي، نەي، داپ قاتارلىق سازلار بىلەن مۇقاملارنى ئورۇنداشنى ئۆگەنگەن.

ئۇ پېشقەدەم مۇقام ئۇستازلىرىنىڭ سەنئەت مىراسلىرىغا ۋارسلىق قىلىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ مەشىق قىلىش جەريانىدا، چەبىيات، مۇشاۋىرەك، يەك (راك)، پەنجىگاھ (چاگانىم)، ناۋا، بايات، ئەجەم قاتارلىق مۇقاملارنى خېلى مۇكەممەل ئىگىلەپ ئۆزلەشتۈرۈۋالغان.

ئەينى زاماندا ئۇ كاتتا باي ۋە چىرىنىڭ بېگى بولغاندىمۇ، ئەلنەغمە ۋە مۇقامچىلىقنى قىزغىن سۆيۈپ ۋە ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلاپ، بىر ئۆمۈر مۇقامچىلىقنى ئۆزىنىڭ مۇھىم بىر كەسپى قىلغان ھەمدە ھەر قايسى جايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن ئەلنەغمە سورۇنلىرىدا ساتار ۋە بەزىدە سۇناي بىلەن مۇقام ئورۇنداپ، ئەل-جامائەت ئوتتۇرىسىدا داڭ چىقارغان.

چىرا ناھىيىسىدىكى مۇقامچىلاردىن 73 ياشلىق نۇرمۇھەممەت خوجا بىلەن 88 ياشلىق مەتسايىم مەتسەيدى قاتارلىق پېشقەدەملەرنىڭ دەلىللىشىچە، كېرىم بەگ 12 مۇقامنىڭ چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپلىرىنى ئۆز سىستېمىسى ۋە ئۆز تەرتىپى، رىتىمى بويىچە تولۇق ئېيتالايدىغان نوپۇزلۇق مۇقامچى بولۇش بىلەن، مۇقام ئېيتىش سورۇنلىرىدا باشقا ئەلنەغمىچىلەرگە باشلامچىلىق قىلغان. مۇقامنى بۇزۇپ ئېيتىدىغان ياكى خالىغانچە ئۆزگەرتىدىغان ئەھۋاللارنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭغا دەرھال تۈزىتىش بەرگەن، ئۇلگە كۆرسەتكەن ۋە ئۇنىڭ كلاسسىكلىق خۇسۇسىيىتىنى ساقلاشقا تۆھپە قوشقان.

ئاتاقلىق مۇقامچى كېرىم بەگ ئۆزىنىڭ يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقتىنى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئېيتىش ۋە ئۇنى تارقىتىش بىلەن ئۆتكۈزگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇشۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ ئۈچ پەرزەنتىنى مۇقامچى قىلىپ يېتىشتۈرگەندىن باشقا يەنە يۇنۇس ساتارچى، مۇھەممەت ئىبراھىم تەمبۇرچى قاتارلىق زور بىر تۈركۈم مۇقامچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. ئۇ 1936-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئۆلمەس مۇقامچى — سۇلايمان قالۇن

1957-يىلى 12 دىيارىمىزدا ياشاپ ئۆتكەن مۇقام پېشۋالىرىدىن

مۇقامنى لېنتىغا ئالدۇرۇشتەك تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە شەرەپلىك ئىشقا ئىشتىراك قىلغان «سۇلايمان ئاخۇن قالۇن» ئاتلىق بىر ئۇستاز بار. سۇلايمان ئاخۇن 1891-يىلى چىرا ناھىيىسىنىڭ چىرا يېزا چوڭ كۆل كەنتىدە ئاخۇن خوجىكام ئىسىملىك ناخشا-سازغا ئامراق دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپلا ناخشا-سازغا ھەۋەس قىلىپ، ئاتىسىنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ داپ چېلىش، دۇتار، ساز چېلىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ. كېيىن دىنىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇپ ساۋادىنى چىقىرىدۇ. دىنىي مەكتەپتىكى ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، يەنە بۇرۇنقى ھەۋىسى بويىچە ناخشا-ساز ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، يىراق-يېقىندا ئۇيۇشتۇرۇلغان ئەلنەغمە سورۇنلىرىغا دائىم بارىدۇ ھەم شۇ چاغلاردا يۇرت ئىچىدە ئەلنەغمىچىلىكتە داڭ چىقارغان كېرىم بەگ قاتارلىق سازەندىلەر بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلاردىن خېلى كۆپ ناخشا ۋە ئاھاڭلارنى ئۆگىنىۋالىدۇ. ئەنە شۇنداق توسۇپ بولماس قىزغىنلىقى بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، سازەندىچىلىكتە كۈندىن-كۈنگە كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان ياش سۇلايمان ئاخۇن بىر كۈنى يۇرتتىكى توختى بەگنىڭ ھويلىسىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان مەشرەپكە داخىل بولىدۇ. بۇ سورۇندا شۇ چاغلاردا چىرا، كېرىيە تەۋەسىدە مۇقامچىلىقتا شۆھرەت قازانغان مەتنىياز ئاخۇن دېگەن كىشى ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، سورۇندا بۇ كىشى قالۇن ھەم ساتار بىلەن بىر قانچە مۇقام ئاھاڭلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چېلىپ، سورۇن ئەھلىنى ھاياجانغا سالىدۇ. يېڭىدىن-يېڭى مۇقام-نەغمىلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلەنگەن سۇلايمان ئاخۇن مەتنىياز ئاخۇندىن ئۆزىنى شاگىرتلىققا ئېلىشنى ئۆتۈنىدۇ ھەم ئۇ كىشىگە ئەگىشىپ كېرىيىگە بېرىپ ئۇ يەردە ئۈچ يىل تۇرۇپ نۇقتىلىق ھالدا قالۇن چېلىشنى ئۆگىنىدۇ.

ئۇ 1921-يىلى چىرىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يۇرتتىكى ئەلنەغمىچىلەردىن يۇنۇس ئاخۇن ساتارچى، يۇسۇپ ئاخۇن داپچى، نۇرۇللا قارى قاتارلىقلارنى يېتەكلەپ، بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئۇيۇشۇپ، يۇرت ئىچىدە مۇقام-ئەلنەغمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. سۇلايمان ئاخۇن ئاكا قالۇن بىلەن مۇقام ئورۇنلاشتىكى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى ۋە ماھىرلىقى بىلەن شۇ چاغلاردىن تارتىپ ئەل ئىچىدە «سۇلايمان قالۇن» دەپ نام ئالىدۇ. 1930-يىللارنىڭ باشلىرىدا سۇلايمان ئاخۇن ئاكا مۇقامچىلىق ماھارىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش، 12 مۇقامنى تېخىمۇ تولۇق ھەم پىششىق ئىگىلەش مەقسىتىدە يۇرتتىن چىقىپ، خوتەن،

قاراقاش ناھىيىلىرىنى ئارىلاپ، يەرلىك مۇقام پېشۋالىرى بىلەن تونۇشۇپ، مۇقام ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ. كېيىن يەكەن، قەشقەرلەرگىچە بېرىپ سەيلە-ساياھەت قىلغاچ، ئۇ يەرلەردىكى ئاتاقلىق مۇقام ئۇستازلىرىنى زىيارەت قىلىدۇ. 1931-يىلى باھار ئايلىرىنىڭ بىرىدە، يەكەنگە بېرىپ بىر قونالغۇغا چۈشكەن سۇلايمان ئاخۇن ئاكا، ئاخشىمى تاماقتىن كېيىن ياتاقداشلىرىغا قالۇن بىلەن مۇقام ئېيتىپ بېرىدۇ. مۇقام باشلىنىپ ئاخىرلاشقۇچە ياتاق ئۆينىڭ ئىچى-تېشى ئادەمگە تولۇپ كېتىدۇ. ئارىدىن بىر كىشى سۇلايمان ئاخۇن ئاكىنىڭ ئىسمى-شەرىپىنى، يۇرتىنى سوراپ كۆپچىلىك نامىدىن بارىكاللا ئېيتقاندىن كېيىن شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسى يەكەن شەھەر ئىچىدىكى ھەرەم باغ دېگەن يەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپكە تەكلىپ قىلىدۇ ھەم بۇ كىشى ئەتىسى ئەتىگەن كېلىپ، سۇلايمان ئاخۇن ئاكىنى ھەمراھلىرى بىلەن مەشرەپ بولىدىغان باغقا باشلاپ بارىدۇ. مەشرەپ باشلىنىپ مەشھۇر مۇقامچى تۇردى ئاخۇن ئاكا ئىككى سائەتكە يېقىن مۇقام ئېيتىدۇ. تۇردى ئاخۇن ئاكا بۇ چاغدا تېخى سۇلايمان ئاخۇن ئاكا بىلەن تونۇشمايتتى، سۇلايمان ئاخۇننىڭ بۇ سورۇنغا كەلگەنلىكىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى. تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ مۇقامى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دەم ئېلىپ يەنە بىر مۇقامنى باشلىغۇچە ئارىلىقتا سۇلايمان ئاخۇن ئاكىنى باشلاپ كەلگەن كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ: «تۇردى ئاخۇن ئاكا دەمىنى ئېلىپ بولغۇچە، خوتەندىن چىققان مېھمان سۇلايمان ئاخۇن ئاكىنىڭ بىرەر مۇقام ئېيتىپ بېرىشىنى تەكلىپ قىلىمىز!» دەپ ئۈنلۈك جاكارلايدۇ. سورۇن ئەھلى چاۋاك چېلىشىپ قارشى ئالىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشىدۇ. سۇلايمان ئاخۇن سورۇنغا چۈشۈپ، قالۇننى يۇقىرىراق ئاۋازدا تەڭشەپ مۇشاۋىرەك مۇقامىنى باشلايدۇ... مۇقام ئاخىرلاشقاندا تۇردى ئاخۇن ئاكا ئىتتىكلا ئورنىدىن تۇرۇپ سۇلايمان ئاخۇن بىلەن قول ئېلىشىپ تۇرۇپ: «مەن ئۆزلىرىنى تونۇمىغاندىن كېيىن ئالدىلىرىدا ئەدەپسىزلىك قىپتىمەن، ئەپۇ قىلغايلا، قالۇن بىلەن ساتار بىر-بىرىگە گۆش بىلەن ياغدەك كېلىشىدىغان سازلاردۇر. بىرىمىز خوتەندە، بىرىمىز يەكەندە بولغاچقا، ئارىلىق يىراق ئۇچرىشالمايمىز، بۇ قېتىم خوتەندىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئۇزۇنراق تۇرۇپ بېرىشىنى ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق كېلىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دەيدۇ. سۇلايمان ئاخۇن ئاكىمۇ: «ھەر بىرلىرىنىڭمۇ خوتەن تەرەپلەرگە بېرىپ كېلىشلىرىنى تەكلىپ قىلىمىز» دەپ جاۋاب

قايتۇرىدۇ.

مۇشۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتىن كېيىن سەنئەتخۇمار يەكەن خەلقى سۇلايمان ئاخۇن ئاكىنىڭ يەكەندە ئۇزۇنراق تۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشىدۇ ھەم ئۆيمۇئۆي تەكلىپ قىلىشىپ مۇقام ئېيتقۇزىدۇ. بىرەر ئايچە ۋاقىتتىن كېيىن سۇلايمان ئاخۇن ئاكا يەكەندىكى ئاشىنالىرىغا ئۆزرە ئېيتىپ، خوتەنگە قايتىشقا تەييارلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ خوتەنچە ئۇسلۇبتىكى مۇقام-نەغمىلىرىگە ئېچىكىپ قالغان يەكەن خەلقى سۇلايمان ئاخۇن ئاكىنى ئۇزۇنراق تۇتۇپ قىلىش ئۇچۇن مەسلىھەتلىشىپ، سۇلايمان ئاخۇن ئاكىغا ھەنىپەخان ئىسىملىك بىر ئايالنى نىكاھلاپ قويۇشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇلايمان ئاخۇن ئاكا يەكەندە ئون يەتتە ئاي تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ جەرياندا كۆپ قېتىم تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن بىللە سورۇنلاردا مۇقام ئېيتىدۇ. ئۆزئارا سىردىشىپ مۇقام ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرىدۇ، بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىش، ئۆزئارا ئۆگىنىش ئاساسىدا ھەمكارلىق ئورنىتىپ، مۇقامنىڭ كەم جايلىرىنى تولۇقلاپ رەتكە سالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سۇلايمان ئاخۇن ئاكا قەشقەر، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردا بولۇپ، شۇ چاغلاردا يېڭىدىن تارقىلىۋاتقان «مۇشكۇلات»، «خارەزىم»، «ئەجەم» قاتارلىق يىرىك مۇزىكىلارنى ئۆگىنىپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىدۇ. 1939-يىلىغىچە چىرا تەۋەسىدە مۇقام-ئەلنەغمىچىلىكنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن سۇلايمان ئاخۇن ئاكا، شۇ يىلى ناھىيىدە قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەركىبىدە تەشكىل قىلىنغان سانايىنەفىسەنىڭ مۇزىكا ئۇستازلىقىغا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۇ بۇ ئۇمەكتە باشلاپ چالغۇچى مۇزىكا يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلەپ، ئۇمەكتىكى ياش مۇزىكانتلارنىڭ مۇقام ئاھاڭلىرى ۋە خەلق ناخشا-مۇزىكىلىرىنى پىششىق ئۆزلەشتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىش بىلەن بىللە، ئۇمەك تەركىبىدە چەت يېزا-قىشلاقلارغىچە بېرىپ ماھارەت كۆرسىتىپ، خەلقنىڭ مۇقام-ئەلنەغمە نومۇرلىرىغا بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرىدۇ.

1941-يىلى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى دارىلئىبتام مەكتىپىدە بىر مەزگىللىك مۇزىكا كۇرسى ئېچىلىپ، مۇزىكا ھەۋەسكارلىرى تەربىيىلىنىدە، سۇلايمان ئاخۇن ئاكا بۇ كۇرستىكى مۇزىكا ھەۋەسكارلىرىغا يېتەكچى بولۇپ، مۇقام ئاھاڭلىرى ۋە خەلق ناخشا-مۇزىكىلىرىنى ئۆگىتىدۇ. شۇ يوسۇندا 1947-يىلىغىچە سانايىنەفىسەدە ئىشلەپ، ئاز بولمىغان

مۇقام-ئەلنەغمىلەرنىڭ قېلىپلىشىشىغا، خەلق ئارىسىغا تارقىلىشىغا، شۇنداقلا بىر قانچە چالغۇچى، سازەندىلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا تۆھپە قوشىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن سۇلايمان ئاخۇن ئاكا 1951-يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق (ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» ئاساسىدا 1950-يىلى 6-ئايدا «شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» دەپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان ئىتتىپاق بولۇپ، ھەر قايسى ۋىلايەتلەردە «ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق» نامىدا ئىش يۈرگۈزەتتى) نىڭ قارمىقىدىكى سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇ بۇ ئۆمەكتە نوقتىلىق ھالدا چالغۇچىلارنىڭ مىللىي مۇزىكىلارنى ئۆگىنىش ۋە ئورۇنلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئىشىنى تۇتۇپ، ئۇنتۇلۇشقا يۈزلەنگەن خەلق ئاھاڭلىرىنىڭ قايتىدىن ھاياتىي كۈچىنى تېپىشىغا ئاساس سالىدۇ.

1952-يىلى شىنجاڭ بويىچە قەشقەردە تۇنجى قېتىملىق سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلگەندە، سۇلايمان ئاخۇن ئاكا خوتەن سەنئەتچىلىرى تەركىبىدە بۇ كۆرەككە قاتنىشىپ خوتەن سەنئەت ئۆمىكى تەييارلىغان، قاراقاشنىڭ شاخلىق يېزىسىدىكى فېئوداللار ئائىلىسىنىڭ دېھقانلار ئۈستىدىن ئېكسپلاتاتسىيە يۈرگۈزۈشى پاش قىلىنغان «يىمىرىلگەن قۇللۇق» دراممىسىدا فېئودال مەمتىلىخان خوجىغا ۋاكالىتەن ئىش يۈرگۈزىدىغان غوجىدارنىڭ رولىنى ئېلىپ چىقىدۇ. بۇ دراما شۇ كۆرەكتە شىنجاڭ بويىچە 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. سۇلايمان ئاخۇن ئاكا يەنە بۇ كۆرەكتە قالۇن بىلەن مۇقام ئورۇنلاپ مۇكاپاتلىنىدۇ. 1953-يىلى شىنجاڭ بويىچە ئۈرۈمچىدە چوڭ كۆلەملىك ئەدەبىيات-سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلگەندە، تەشكىل سۇلايمان ئاخۇن ئاكىنى خوتەن سەنئەتچىلىرىگە مۇزىكا يېتەكچىسى قىلىپ بەلگىلەپ، كۆرەككە قاتنىشىدىغان سۇلايمان ئاخۇن ئاكا باشچىلىقىدىكى 28 كىشىنى شۇ چاغدا ۋىلايەت بويىچە ۋالىي مەھكىمىسىدىلا بار بولغان ئىككى گاز ماشىنىنىڭ بىرىدە ئۈرۈمچىگە يولغا سالىدۇ. سۇلايمان ئاخۇن ئاكا بۇ قېتىمقى كۆرەك تەييارلىقى ئۈچۈن مۇزىكانتلارنى تەربىيىلەشتە ھېرىپ-چارچىغىنىنى ئۇنتۇپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەيدۇ. مۇزىكانتلارغا راك مۇقامىنىڭ تەزە مەرغۇلىنى ئومۇمىي مۇزىكا قىلىپ ئۆگىتىدۇ. ئۈرۈمچىگە بېرىش جەريانىدىكى توققۇز كۈنلۈك سەپەردە ماشىنا ئۈستىدىمۇ مۇزىكانتلارنى ئېغىزدا مەشىق قىلىشقا ئۈندەپ ھەم ئۆزى باشلاپ، تەييارلىغان مۇزىكا ئاھاڭلىرىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاپ، يۇقىرى

سەۋىيىدە ئورۇنلىنىشى ئۈچۈن پۇختا تەييارلىق كۆرىدۇ. كۆرەكتە خوتەن سەنئەتچىلىرى مۇزىكا ئورۇنلاپ، 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. سۇلايمان ئاخۇن ئاكىمۇ قالۇن بىلەن مۇقام ئورۇنلاپ، «مۇنەۋۋەر قالۇن چالغۇچى» بولۇپ مۇكاپات ئالىدۇ. كۆرەك ئاخىرىدا ئۇ شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن قالۇن چېلىپ راك، مۇشاۋىرەك مۇقاملىرىنى ۋە بىر قانچە يەرلىك ناخشا-مۇزىكىلارنى ئورۇنلاپ لېنتىغا بېرىدۇ. مۇشۇ قېتىمدا لېنتىغا ئېلىنغان سۇلايمان ئاخۇن ئاكىنىڭ ئورۇنلىشىدىكى «مۇشاۋىرەك مۇقامىنىڭ تەزە مەرغۇلى» ھازىرغىچە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى تەرىپىدىن ئاڭلىتىلىپ كەلمەكتە.

ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تەشكىل سۇلايمان ئاخۇن ئاكىنى خوتەندىن قەشقەرگە جەنۇبىي شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكەپ، ئاتاقلىق مۇقامچى تۇردى ئاخۇن بىلەن بىللە ئۆمەكنىڭ مۇزىكا ئۇستازلىقىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ تۇردى ئاخۇن، مۇقامچى روزى ھوشۇر، تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ چوڭ ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن، تالىپ ئابدۇللا، سەمەت ئابدۇللا قاتارلىقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، بىر تەرەپتىن، مۇقامنى ۋە يەرلىك ئاھاڭلارنى رەتلەش، پىششىقلاش بىلەن مەشغۇل بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مۇقام مۇزىكىلىرى ئاساسىدا يېڭى سەنئەت نومۇرلىرىنى تەييارلاشقا كىرىشىپ، ئوششاق، راك مۇقاملىرىدىن پايدىلىنىپ، «قەشقەر سەنىمى»، «راك مۇقام مەشرىپى» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى سەنئەت نومۇرلىرىنى ئىشلەپ چىقىدۇ. ئۇلار يەنە ئۆمەكتىكى ئۈمىدلىك ياشلاردىن ئۆمەر ئېلى، تۇرسۇن چاڭچى، مەھەممەت ھېيىت، تۇردى روزى قاتارلىقلارغا مۇقام ۋە خەلق ئاھاڭلىرىنى ئۆگىتىپ، بۇلارنىڭ ئۆز كەسپى بويىچە مۇكەممەل يېتىشىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. بۇ جەرياندا 1956-يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق ئەدەبىيات-سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىدۇ. كۆرەك جەريانىدا سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان مەشرەپ سورۇنىدا ماھارەت كۆرسىتىپ ئالاھىدە تەقدىرلىنىدۇ. كۆرەكتىن كېيىن يۇقىرىدىن ئۈرۈمچىدە ئېلىپ قېلىشنى ئۇقتۇرغاندا سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، تەكلىپنى سىلىق رەت قىلىپ قايتىپ كېلىدۇ. سۇلايمان ئاخۇن ئاكا جەنۇبىي شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكىدە 1957-يىلىغىچە ئىشلەپ، 12 مۇقام ۋە كۆپلىگەن يەرلىك خەلق ناخشا-مۇزىكىلىرىنىڭ رەتلىنىشى، قېلىپلىشىشى

ئۇچۇن، شۇنداقلا بۇ ساھەدە ئىقتىدارلىق شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولالماسلىقى سەۋەبىدىن، شۇ يىلى قەشقەردىن خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ كېلىدۇ.

سۇلايمان ئاخۇن ئاكا مەيلى ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى كەمبەغەلچىلىكتە ئۆتكەن ھاياتىدا بولسۇن، مەيلى ئازادلىقتىن كېيىنكى بىر قەدەر گۈزەل شارائىتلارغا ئېرىشكەن چاغلىرىدا بولسۇن، خەلق مۇقامىدىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك مۇزىكا مىراسىغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ ۋە ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلىپ، مۇقامنى ئۆزى مۇكەممەل ئۆگىنىش ۋە شاگىرتلارغا ئۆگىتىش، خەلق ئارىسىغا تارقىتىش يولىدا كېرىيەدىن يەكەن، قەشقەرلەرگىچە جاپا-مۇشەققەتلىك يوللارنى بېسىپ بېرىپ، ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان. ئۇ قالۇن چېلىپ مۇقام ئېيتىشتا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يېتىلدۈرۈپ، مۇقامنىڭ ئەڭ نازۇك ھەم مۇرەككەپ ئاھاڭلىرىنىمۇ قالۇنى بىلەن بىمالال چېلىپ ۋە خۇشخۇي ئاۋاز بىلەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىپ، كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. شۇ چاغلاردىكى ئەھۋاللارنى بىر قەدەر پىششىق بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، سۇلايمان ئاخۇن ئاكا شۇ مەزگىللەردە شىنجاڭ بويىچە نامى ئاتالغان ئۈچ نەپەر مۇقامچىنىڭ بىرى سانالغان. باشقا ئىككى كىشى قەشقەردىن مۇقام ئۇستازى تۇرداخۇن ئاكا بىلەن غۇلجىدىن روزى تەمبۇر ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا مۇقامنى رەتلەپ لېنتىغا ئالدۇرۇشتا تەشەببۇسكار بولۇپ، ھەر جەھەتتىن ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بەرگەن يولداش سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ 12 مۇقامنى زامانىمىزغا يەتكۈزۈپ بېرىشتە، سۇلايمان ئاخۇن ئاكىنىڭ تۆھپىسىنى تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ تۆھپىسىدىن تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەنلىكى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. 1951-يىلى ئۈرۈمچىدە پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەنئەت مۆجىزىسى بولغان 12 مۇقامنى قوشقۇز ۋۇش خاراكتېرلىك لېنتىغا ئېلىپ توپلاپ - رەتلەش خىزمىتى باشلىنىپ، دەسلەپكى قەدەمدە لېنتىغا ئېلىش، توپلاش، رەتلەشتىن تارتىپ، نوتىغا ئېلىش، مۇقامغا دائىر مەسىلىلەرنى كەڭ دائىرىلىك تەكشۈرۈش ۋە 12 مۇقام نوتا توپلىمىنى نەشر قىلىشقا

تەييارلاشقىچە بولغان خىزمەتلەر 1958-يىللىرىغىچە داۋاملىشىدۇ.

بۇ جەريانىدا ئاتاقلىق مۇزىكىشۇناس ۋەن تۇڭشۇ باشچىلىقىدىكى «12 مۇقامنى رەتلەش خىزمىتى گورۇپپىسى» 1957-يىلى 8-ئايدا «12 مۇقامنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى، تارقىلىشىنى، ئېقىمىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، مۇقام ئوقۇلىدىغان سورۇنلارنى ۋە ئۇنىڭ شەكلى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلەش ئۈچۈن» جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىدۇ. ۋەن تۇڭشۇنىڭ شۇ چاغدا قالدۇرغان تۆۋەندىكى خاتىرىسىدىن بىز سۇلايمان ئاخۇن ئاكىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئەينى ۋاقىتتا خوتەن رايونىدا 12 مۇقامنى پىششىق بىلىدىغان يېتىلگەن مۇقام ئۇستازى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز: «(1957-يىلى) 8-ئاينىڭ 26-كۈنى بىز قاتناش-ترانسپورت ئىدارىسىنىڭ ئۈزۈن يوللۇق ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ، (قەشقەردىن) خوتەنگە يولغا چىقىپ، 27-كۈنى خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن مەھكىمىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. ئۇلار بىزنى مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇردى. مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ 2-قەۋىتىدىن ئىككى ئېغىز چوڭ ئۆينى بوشىتىپ، تەكشۈرۈش گورۇپپىسىنىڭ خىزمەت قىلىدىغان ئىشخانىسى قىلىپ بەردى. بىز خوتەندىكى داڭلىق خەلق سازەندىلىرىدىن سۇلايمان ئاخۇن، سايىم ئاخۇن، تۇرسۇن ئاخۇن، كېرىيەدىكى كېرىم موللا، چىرىدىكى يۇنۇس ساتارچى، يۇسۇپ داپچى (كېيىنكى ئىككى كىشى سۇلايمان ئاخۇننىڭ بىرلىكتە مۇقام ئوقۇيدىغان ھەمجۆرىلىرى — مۇئەللىپ) قاتارلىقلارنى تەكلىپ قىلىپ، سۆھبەت-مۇھاكىمە ئېلىپ باردۇق. سۆھبەت داۋامىدا خوتەندىكى مۇقامنىڭ يەنىلا قەدىمىي چوڭ كۆي شەكلىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى، بەلكى ئەينى ۋاقىتتا پەقەت سۇلايمان ئاخۇن بوۋايىنىڭلا بىر قەدەر تولۇق ئوقۇيالايدىغانلىقىنى بىلدۇق...» كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، سۇلايمان ئاخۇن ئاكا مۇقاملارنى ئەسلىگە سادىق ھالدا قەدىمىي پۇرىقىنى ساقلاپ، تولۇق ھەم پىششىق ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇ شۇ قېتىمدا ئۆزى ئىگىلىگەن مۇقاملارنى ئۆزى قالۇن چېلىپ، ھەمجۆرىلىرى يۇنۇس ئاخۇن بىلەن يۇسۇپ ئاخۇننىڭ ساتار بىلەن داپتا جۆر بولۇشىدا لېنتىغا تولۇق ئوقۇپ بېرىدۇ.

سۇلايمان ئاخۇن ئاكا خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەش جەريانىدا، سالامەتلىكىنىڭ بارغانچە ناچارلىشىپ كېتىشى سەۋەبلىك ئاخىرقى ئۆمرىنى شاگىرت، ئىز باسار يېتىشتۈرۈشكە

سەرپ قىلىپ، يېقىنغىچە خوتەننىڭ سەنئەت سەھنىسىدە جەۋلان قىلىپ كەلگەن پېشقەدەم سەنئەتكار نادىرخان، بالىمانچى دىمىن ئىمىن قاتارلىقلارنى كۆتۈل قويۇپ تەربىيىلەيدۇ. 1961-يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن دەم ئېلىشقا چىقىپ، 1963-يىلى ئەتىيازدا ئېغىر يۈرەك كېسلى بىلەن 72 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

«تارىخ ئۇنى ئىگىلىگۈچىلەر ئۈچۈن مەخپىي گەمەستۇر» دېگەنىكەن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇستازلاردىن بىرى. بەختكە يارىشا، 1996-يىلى 9-ئايلاردا مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ هازىرغىچە مەلۇم بولماي كەلگەن «ئابۇ چەشمە» ۋە «مۇستەهزاد» تىن ئىبارەت ئىككى مۇهىم قىسمى بىلەن مۇقام ئالىمى ئامانىسساخان ئىجاد قىلغان «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنىڭ تېپىلغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن دۇنياغا جاكارلىدى. كىشىنى هاياجانغا سالىدىغان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ سۆيۈنمىگەن ئادەم قالمىدى. كۆپ ئۆتمەي، بۇ قىممەتلىك ئۈچ گۆهەرنىڭ ئۆزۈندىن بىرى مۇشۇ هەقتە ئىزدىنىپ يۈرگەن مۇقام ئىشقىۋازلىرىدىن ئابلىز شاكىر بىلەن خالىق هاجىلارنىڭ چىۋەرلىك بىلەن بايقىشى ئارقىسىدا، قاسىم ئەلنەغمە، روزى هوشۇر، سۇلايمان قالۇن قاتارلىق مۇقام ئۇستازلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئېلىۋېلىنغان ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىدىن سۈزۈپ چىقىلغانلىقى مەلۇم بولدى. خەيرىيەت، تارىخ ئۆزى يېتىشتۈرگەن تۆهپىكارلارنى ئاخىرى يەنە ئەۋلادلىرىغا تونۇتتى. سۇلايمان ئاخۇن ئاكا بىر ئۆمۈر 12 مۇقامنى توپلاپ ئۆگىنىش، تارقىتىش ۋە مۇقام ۋارىسلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، شۇنداقلا يوقىلىشقا يۈزلەنگەن قەدىمي ئۇيغۇر چالغۇسى بولغان قالۇننى بىر ئۆمۈر چېلىپ دەۋرىمىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكىدەك ئۆلمەس ئەمگەكلىرى بىلەن، تارىخىمىزدىكى پەخىرلىك مۇقام ئۇستازلىرى قاتارىدا مۇقام قامۇسىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئالغۇسى!

## ئەخلەت ئاخۇن تەمبۇر

ئەخلەت ئاخۇن تەمبۇر 1895-يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ قوشتاغ يېزا قىشلاق ئالدى مەھەللىسىدە سازەندە ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، دەسلەپكى ساۋاتىنى دىنىي مەكتەپتە چىقارغان. ئۇنىڭ دادىسى ئەينى دەۋردە خېلىلا كۆزگە كۆرۈنگەن مۇقامچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ

ئەتىۋارلىق ئوغلىنى ئۆزىنىڭ ۋارىسى قىلىپ تەربىيىلەش مەقسىتىدە ۋاقىت تاپقان ھامان ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ مۇقام-مەشرەپ سورۇنلىرىغا قاتناشتۇرۇپ ۋە بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇنىڭدا مۇقام-مەشرەپلەرگە بولغان دەسلەپكى قىزىقىشنى شەكىللەندۈرگەن. 13 ياشقا كىرگىچە «12 مۇقام» نىڭ خېلى كۆپلىگەن تېكىستلىرى ھەم ئاھاڭ-ئۇدارلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش بىلەن بىرگە، ئاتىسىنىڭ ئۆگىتىشى ئارقىلىق 12 مۇقامنىڭ بىر قىسىم ناخشا ۋە مەرغۇللىرىنى پەدىگە كەلتۈرۈپ چېلىشنى ئۆگىنىۋالغان. ئۇ تازا يېتىلىۋاتقان كۈنلەردە ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئاتىسىنىڭ ئارزۇسىنى قەلبىگە پۈككەن ئەخلەت ئاخۇن، مۇقام سەنئىتىگە بولغان ئوتتەك ئىشتىياقى بىلەن جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق تەمبۇر چېلىشتا ۋايىغا يەتكەن. شۇ ئەتراپتىكى مۇقام-مەشرەپ سورۇنى ئۇنىڭسىز قىزىمايدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. ئۇ خەلق سەنئىتىنى تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشقا تۆھپە قوشقان. 1955-يىلى خوتەن ۋىلايىتىدە ئېچىلغان ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش، كەمبەغەل دېھقانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتناشقان، بىر مەھەل قوشتاغ يېزىلىق ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلىگەن. 1957-يىلى ئەتىيازدا ۋىلايەتتە ئېچىلغان ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرىكىدە «قارا قۇش ئۇسسۇلى» ، «قادىر مەۋلان» قاتارلىق نومۇرلارنى نەتىجىلىك ئورۇنلاپ شۆھرەت قازانغان. 1973-يىلى 1-ئايدا ۋاپات بولغان.

## ئايىمخان ھاجى

ئايىمخان ھاجى ئاغا (ئۇسسۇلچى ئايال مەنىسىدە) قاراقاش بازار ئىچى تانايىبېشى مەھەللىسىدىكى مۇقامچى ھەمدۇللا ئاكىنىڭ ئائىلىسىدە 1898-يىلى تۇغۇلغان. ئۇ بالىلىق چېغىدىلا سەنئەتكە قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، ئاتىسى ھەمدۇللا ئاكا بىلەن ئانىسى سوپىيخان دۇتارچى ۋە ئاكىسى مەشھۇر دارۋاز ھاشىم ھاجىلارنىڭ تەربىيىسى بىلەن دۇتار، تەمبۇر، ساتار، داپ، راۋاب قاتارلىق سازلارنى چېلىشنى ھەمدە مۇقاملارنى ئۆگىنىۋالغان.

مۇقامچى ۋە ئۇسسۇلچى ئايىمخان ھاجى ئاكىسى ھاشىم ھاجى دارۋاز بىلەن بىللە 1934-يىلى ھەج تاۋاپ قىلغىلى ئەرەبىستانغا يول

ئالغاندا، ئۆزىنىڭ ئەلگە سۆيۈملۈك يېقىن دوستى ساتارنى ھەمراھ قىلىپ بىللە ئېلىپ ماڭغان. ئۇ چەت ئەلگە بېرىش-قايتىش جەريانىدا ئەرەبىستان، پاكىستان، كەشمىر قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولۇپ، چەت ئەل مېھمانخانىلىرىدا تەكلىپ بىلەن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى جانلىق ئورۇنداپ، چەت ئەللىكلەرنىڭ قىزغىن ئالقىش، ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

چەت ئەللىكلەر ئۇيغۇر قىزى ئايىمخان ھاجىنىڭ ناخشا-مۇزىكا، ئۇسسۇل، مۇقام سەنئىتىگە مەپتۇن بولۇپ، ئۇنىڭ چەت ئەلدە قېلىپ قېلىشىنى نەچچە قېتىم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئايىمخان ھاجى ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتى ۋە قېرىنداشلىرىنى سېغىنىپ قايتىپ كەلگەن.

ئايىمخان ھاجى ئۆز ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇقام، ئەلنەغمە سەنئىتىگە بېغىشلاپ، 1964-يىلى قاراقاشتا ۋاپات بولغان.

## ئەيسا تۇران

ماھارەتلىك چالغۇچى، خوش ئاۋاز ئېيتقۇچى ئەيسا تۇران 1917-يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ لەڭگەر يېزا بازىرىدا تۇغۇلغان. دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ ساۋادىنى چىقارغان. كىچىكىدىن باشلاپ مەھەللە ئولتۇرۇشلىرى، نەغمە-مەشرەپلەرگە قاتنىشىپ ناخشا-مۇزىكىغا بولغان قىزىقىشىنى يېتىلدۈرگەن. 15 يېشىدىن باشلاپ نەغمە-مەشرەپ سورۇنلىرىغا بېرىپ تەڭكەش قىلغۇچى بولغان. ئۇزۇن يىللىق ئوتتەك ئىشتىياق، جاپالىق تىرىشچانلىق ۋە بوشاشماي مەشىق قىلىش ئارقىلىق سۇناي، بالىمان، راۋاب، تەمبۇر، دۇتار قاتارلىق كۆپ خىل سازلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالالايدىغان بولغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ يۇقىرى ماھارەت بىلەن سۇناي، بالىمان چېلىپ ناغرىغا تەڭكەش قىلىپ ئورۇنلىغان كۆپلىگەن كۈي-ئاھاڭلىرى ھېيت-بايرام، توي-تۆكۈنلەرنى ئالاھىدە قىزىتقان. ئۇنىڭ نامىمۇ ئەل ئارىسىدا مەشھۇر بولغان.

ئۇنىڭ سەنئەت تالانتى مۇقام ئورۇنلاش بىلەن تېخىمۇ جانلانغان. ئۇ، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى ئۆگىنىش، ئورۇنلاشقا ئالاھىدە ئىشتىياق باغلاپ، مۇشاۋىرەك، ئۆزھال، چەببىيات قاتارلىق مۇقاملارنى مۇكەممەل ئورۇندىغاندىن سىرت، باشقا مۇقاملاردىن نادىر ئاھاڭلارنى

ئورۇنلاپ كەلگەن. ئۇ 1980ـيىللاردا ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات ئورنى، مۇقام ئانسامبىلىنىڭ ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى توپلاش، رەتلەش، تولۇقلاش، تەتقىقات ئىشلىرىغا ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىپ، مۇقام تەتقىقاتچىلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇ يېزا تەشكىللىگەن ئويۇن قويۇش ئەترىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ سەنئەت-مۇزىكا يېتەكچىلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ يەتتە نەپەر شاگىرت يېتىشتۈرۈپ، مىللىي سەنئىتىمىزنى ياراملىق ئىز باسارلارغا ئىگە قىلغان. ئەيسا تۇران ماھىر چالغۇچى بولۇپلا قالماي، خۇش ئاۋاز ئېيتقۇچى ۋە نەچچە سائەتلەپ ھارماي-چارچىماي ئۆزى چېلىپ، ئۆزى ئوقۇپ ئورۇنلىغۇچى خەلق سەنئەتكارى ئىدى، ئۇنىڭ دولقۇنلۇق، ساپ، ياڭراق ئاۋازى كىشىگە ھوزۇر ۋە زوق ئاتا قىلاتتى. ئۇ خەلق ناخشىلىرىنى كۆپ بىلەتتى ۋە تازا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلايتتى. ئۇ ناخشا ـ مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ «پارتىيە ھەققىدە»، «ئازاد زامان» قاتارلىق ناخشىلارنىڭ تېكىست ۋە ئاھاڭلىرىنى ئۆزى ئىجاد قىلغانىدى.

ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق سەنئەتچىلىرى كۆرىكىگە كۆپ قېتىم قاتنىشىپ تەقدىرلەنگەن خەلق سەنئەتكارى ئەيسا تۇران 1987ـيىلى نويابىردا 70 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## مەڭلەشخان

داڭلىق خەلق سەنئەتكارى مەڭلەشخان ھاشىم 1922ـيىلى مايدا كېرىيە بازىرىنىڭ ئۆستەڭ بويى رەستىسىدە تۇغۇلغان. 1931ـيىلىدىن 1940ـيىلىغىچە دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1943ـيىلىغىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1943ـيىلىدىن 1949ـيىلىغىچە خىزمەتتىن چېكىنىپ، جەمئىيەتتىكى خەلق سەنئەتكارلىرى بىلەن ئارىلىشىپ، مۇزىكا ۋە ناخشا ئۆگىنىپ، كېيىنكى سەنئەت ھاياتى ئۈچۈن ئاساس سالغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مەڭلەشخان باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولغان، كېيىنچە ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلىگەن.

ئۇ مەكتەپ ۋە سەنئەت ئۆمىكىدە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى

ئورۇنلاش، خەلق ناخشىلىرىنى ئوقۇش، تەمبۇر، دۇتار، ساتار چېلىش ماھارىتىنى نامايان قىلىپ، خەلق ئىچىدە زور شۆھرەت قازانغان. 1956-يىلى ناھەق قارىلىنىپ خىزمەتتىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن قولىدىكى سازى بىلەن خەلقىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىگە سەنئەتتىن ئوزۇق يەتكۈزۈشنى ئۈزۈپ قويمىغان. 1958-يىلى 6-ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق سەنئەتچىلىرى كۆرىكىگە قاتنىشىپ، ئۆز تالانتى ۋە سەنئەت ماھارىتىنى ئورۇمچى سەھنىلىرىدە نامايان قىلىپ زور ئالقىشقا ئېرىشكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆپ قېتىم ۋىلايەت، ناھىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق سەنئەتچىلىرى كۆرەكلىرىگە قاتنىشىپ، تەقدىرلەنگەن ۋە مۇكاپاتلانغان.

ئۇ، پۈتكۈل سەنئەت ھاياتىدا ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى ئۆگىنىش، ئوقۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، مۇشاۋىرەك، ئۆزھال، ئەجەم مۇقاملىرىنىڭ مۇقەددىمە، داستان، مەشرەپ، مەرغۇللىرىنى بىر قەدەر تولۇق ساقلاپ كەلگەن ھەم ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلىغان. باشقا مۇقاملارنىمۇ تاللاپ ئۆگەنگەن ۋە ئورۇنلىغان. ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا سەھنىدە «خوتەن سەنىمى» دەپ ئاتالغان گۈزەل ئاھاڭلىق 11 يۈرۈش خەلق ناخشىسىنى بىردىنبىر ساقلاپ قالغۇچى ئىدى. ئۇ بىر قەدەر قەدىمىي بولغان، يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان خەلق ناخشىلىرىنى قېزىپ، ئۆگىنىپ، ئوقۇپ دەۋرىمىزگىچە ئۇلاپ سەنئەت تارىخىمىز ئۈچۈن ئۆچمەس سەھىپىلەرنى قالدۇردى. ئۇنىڭ تالانتى ۋە ئەجرى پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ۋە قەدىرلىشىگە ئېرىشتى. 1992-يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى ئۇنىڭغا «خەلق مۇقامچىسى» دېگەن شەرەپلىك نام ۋە گۇۋاھنامە بەردى ھەمدە مۇكاپاتلىدى.

مەڭلەشخان خەلق ناخشا-ئاھاڭلىرىغا، ئەلنەغمە-مەشرەپلىرىگە باي بولۇپ، مەلۇماتلارغا قارىغاندا 100 دىن ئارتۇق خەلق ناخشىلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلىيالايدىكەن. ئۇ يېتىشتۈرگەن خەلق سازەندە-ناخشىچىلىرى تۈرلۈك سورۇنلاردا «مەڭلەشخان ئاچام ناخشىلىرى» دېگەن نام بىلەن ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن نادىر ناخشا-كۈيلىرىنى ئورۇنداپ ئالقىشلانماقتا. خەلقىمىزنىڭ بۇ مەشھۇر سەنئەتكارى 1997-يىلى ئاپرىلدا 75 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## نادىرخان ھاجى ئابدۇۋەلى

نادىرخان ھاجىم 1923ـ يىلى خوتەن شەھرىدە تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1938ـ يىلىغىچە دىنىي مەكتەپلەردە، 1939ـ يىلى خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن چايخانا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

نادىرخان ئابدۇۋەلىنىڭ سەنئەت ھاياتى 1940ـ يىلى خوتەندە ئېچىلغان تۇنجى مۇزىكا كۇرژۇكىنىڭ مەسئۇلى ھەم ئوقۇغۇچىسى بولۇپ ئۆگەنگەندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك سانابى نەفسەنىڭ مۇزىكانتى بولۇش بىلەن باشلانغان ئۇ، بۇ مەزگىللەردە ئوينالغان «چىمەنگۈل» ، «قانلىق داغ» ، «رابىيە ـ سەئىدىن» ، «غېرىپ ـ سەنەم» ، «لەيلى ـ مەجنۇن» ئوپېرالىرىغا قاتنىشىپ، چالغۇچى، سەھنە خادىمى، تەشۋىقات بۆلۈم مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن. 1945ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ يەنە چايخانا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن.

1947ـ يىلى 10ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئىمتىھان بېرىپ، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىغا ئوقۇشقا بارغان. ئۇ بۇ مەكتەپتە 1950ـ يىلىنىڭ باشلىرىغىچە ئوقۇپ، كېيىنچە سەۋەبى بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرمەيلا قايتىپ كېلىپ، يەنە سانايىنەفسەدە ئىشلىگەن.

نادىرخان «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئەڭ پېشقەدەم ئاساسچىلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ تالانتى خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى پىششىق ئىگىلەش، ئىسكىرىپكىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چېلىش، مەشرەپ ۋە ئەنئەنىۋى ئويۇنلارنى تەشكىللەش، ئويۇشتۇرۇش، خەلق سەنئەتكارلىرىنى ئۆزئارا تونۇشتۇرۇش جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ.

خەلقىمىز ئارىسىدا تونۇلغان مۇزىكانت نادىرخان ئابدۇۋەلى 1930ـ يىللاردىن 1980ـ يىللارغا قەدەر، ئۆزىنىڭ سەنئەتكە بولغان قىزغىن ئىشتىياقى بىلەن «تۇن ۋە كۈن» قاتارلىق داڭلىق مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان.

ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللار داۋامىدىكى سەھنە ھاياتى، خوتەننىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى سەنئەت تارىخى ۋە داڭلىق خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا «خوتەننىڭ ئەدەبىي سەنئەت تارىخى» ناملىق ئەسلىمىسىنى يازغان.

1984ـ يىلى «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىدىن دەم ئېلىشقا

چىققان بۇ ئۇستاز سەنئەتكار 2002-يىلى 4-ئاينىڭ 19-كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن.

## دىمىن ھاجى ئىمىن

خەلق ناخشا-مۇزىكىلىرىنى ئۆگىنىش، ۋارىسلىق قىلىش، ئۆگىتىش ۋە ئەنئەنىۋى چالغۇ - ئەسۋابلارنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتلەردە بىر ئۆمۈر يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلغان پېشقەدەم سەنئەتكار دىمىن ھاجى ئىمىن 1924-يىلى خوتەن ناھىيىسىنىڭ باغچى بازىرىدا دۇنياغا كەلگەن.

ئۇنىڭ خەلق ناخشىلىرى ۋە ئەنئەنىۋى چالغۇلارغا ھەۋەس قىلىشى 1935-يىلىدىن 1938-يىلىغىچە ئەسكەر بولۇشتىن قېچىپ گۇما قارا تاغىز ۋە ئايدىڭكۆل جاڭگاللىرىدا باشقىلارنىڭ قوي-كاللىرىنى بېقىش جەريانىدا نەي ئۆگىنىشتىن باشلانغان. بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە يەتكۈچە غۇربەت چەككەن بۇ ناۋاينىڭ ئوغلى 1940-يىلى خوتەن ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى دارىلئېتام مەكتەپكە (1-باشلانغۇچ مەكتەپكە) كىرىپ ئوقۇغان. 1940-يىلى 10-ئايدىن 1941-يىلى 6-ئايغىچە ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى مۇزىكا كۇرسىغا قاتنىشىپ، نەي چېلىش جەھەتتە تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، ۋىلايەتلىك سانابى نەفىسەنىڭ مۇزىكانتى بولغان. 1943-يىلىدىن 1955-يىلىغىچە سەنئەت يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلەپ، چوڭ تىپتىكى تىياتىرلاردىن يالغۇز كىشىلىك ناخشىلارغىچە مۇزىكا ئورۇنلاش، نوتا ئىشلەش، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت مۇسابىقىسىگە نومۇر تەييارلاش قاتارلىق جاپالىق ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق ئۆز تالانتىنى نامايەن قىلغان. 1957-يىلى مەدەنىيەت يۇرتىغا ئالمىشىپ، ئىشتىن سىرتقى سەنئەت پائالىيەتلىرى ۋە خەلق سەنئەتچىلىرىنى تەربىيىلەش خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. 1964-يىلىغىچە يېزا-قىشلاقلاردا ئويۇن قويۇش، خەلق ناخشا-مۇزىكىلىرىنى رەتلەش، توپلاش، ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولغان. 1964-يىلىدىن باشلاپ سەنئەت مائارىپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى، خوتەن ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپى قاتارلىق مەرىپەت گۈلزارلىقىدا 20 يىل سەنئەت ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەشكە ئەجىر سىڭدۈرگەن. 1984-يىلى دەم

ئىلىشقا چىققان بۇ پېشقەدەم سەنئەتكار چىرا، خوتەن شەھىرى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى مەدەنىيەت يۇرتلىرىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، 47 نەپەر خەلق سەنئەتچىلىرىگە ناغرا، سۇناي، نەي ۋە بالىمان چېلىشنى ئۆگىتىپ خالىس تۆھپە قوشقان. ئىمىن ھاجى دىمىن ئوغلىنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسىدە 18 قېتىمدىن ئارتۇق مۇزىكا كۇرس يېتەكچىسى بولۇپ، شاگىرتلارنى تەربىيىلىگەنلىكى، ئۇ چاچقان ئۇرۇقلارنىڭ بۇ قەدىمىي زېمىندا پورەكلەپ ئېچىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپ تاكى ئاخىرقى نەپەسكىچە ئۆزىنى خەلق سەنئىتىگە بېغىشلىغان بۇ ئۇستاز 2000-يىلى 9-ئاينىڭ 10-كۈنى يورۇق دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقان.

## مەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن

مەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن 1931-يىلى نىيە ناھىيىسى نىيا يېزىسىنىڭ لەمپە كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 9 يېشىدىن باشلاپ ئەيسا ئاخۇن راۋاب دېگەن خەلق سازەندىسىگە شاگىرتلىققا كىرىپ قويچى راۋابى چېلىشنى ئۆگەنگەن ھەمدە ئۆمۈر بويى ئەلنەغمە كەسپى بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىپ، 23 خىل خەلق ئاھاڭى، 800 كۇپلېتتىن ئارتۇق خەلق قوشاقلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن. ۋىلايەتتە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق سەنئەتكارلىرى كۆرىكىدە بىر قېتىم 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ناھىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق سەنئەتكارلىرى كۆرىكىدە ئالتە قېتىم مۇنەۋۋەر ئورۇنلاش مۇكاپاتى قاتارلىق ھەر خىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. 1993-يىلى 10-ئايدا ۋاپات بولغان.

## ماخمۇت ئېلى ھاجى

ماخمۇت ئېلى ھاجى 1948-يىلى گۇما بازىرىدا مەرىپەتپەرۋەر خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە ئىسكىرىپكا چېلىشقا قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان گۆدەك ماخمۇت 19 يىل جاپالىق مەشىق قىلىش ئارقىلىق

ماھىر ئىسكىرىپكىچى بولۇپ يېتىلگەن ۋە مۇشۇ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن 1975-يىلى گۇما ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغان. 1990-يىللاردا گۇما ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا يۆتكەلگەن. 1993-يىلىدىن 2002-يىلىغا قەدەر مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى بولغان.

ماخمۇت ئېلى ھاجى كۆپ تەرەپلىمە قىزىقىشقا ئىگە تىرىشچان، زېھنى ئۆتكۈر كىشى بولۇپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىسكىرىپكا چېلىشتا خېلى يۇقىرى ماھارەت ئىگىلەپلا قالماي، دۇتار، غىجەك، خۇشتار قاتارلىق سازلارنى چېلىشتىمۇ خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن. خەلق ئاھاڭلىرىنى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق «نىگارىم» قاتارلىق 10 نەچچە مۇزىكا ئەسىرىنى ئىجاد قىلغان. گۇما ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ «غېرىپ-سەنەم» دراممىسىنى سەھنىلەشتۈرۈشكە رېژىسسورلۇق قىلغان ھەمدە غېرىپ رولىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ كەڭ ئاممىغا تونۇلغان. بۇ دراما 1980-يىللارنىڭ بېشىدا خوتەننىڭ ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلىرىدە ۋە قېرىنداش ۋىلايەتلەردە بىر قانچە ئون مەيدان ئوينىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە «ئۆچمەس ئۇچقۇن»، «ھۆكۈم»، «گۈزەللىك ئەخلاقتا»، «پاجىئەدىن كېيىنكى مۇھەببەت»، «ئالدىنىش» قاتارلىق دراما، كومېدىيە نومۇرلىرىنى يازغان ۋە سەھنىلەشتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلغان.

ماخمۇت ئېلى ھاجى مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، مەدەنىيەت يۇرتى ئىچكى قىسمىدا تارقىتىدىغان «گۇما مەدەنىيىتى» ناملىق ئىچكى ژۇرنالنى ياخشى باشقۇرۇپ، 300 كۇپلېتتىن ئارتۇق قوشاق، 25 پارچىدىن كۆپرەك چۆچەك، بىر قانچە يۈز پارچە خەلق ماقال-تەمسىللىرىنى رەتلەپ ئېلان قىلغان. ئۇ يەنە كۆپلىگەن ھۆسنخەت، فوتوگرافىيە ئەسەرلىرى ۋە گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭ پىلانلىشى بىلەن مەدەنىيەت يۇرتىدا تەييارلانغان «گۇما ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات كۆرگەزمىسى» ۋە «گۈزەل-سەنئەت، فوتو-سۈرەت، ھۆسنخەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى» جەمئىيەتنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

ماخمۇت ئېلى ھاجى 1996ـيىلى «گوما ناھىيىلىك 12 مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغاندىن كېيىن، خەلق مۇقام، ئەلنەغمە ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، مۇقام ۋارىسلىرىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتلەردىمۇ كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەنىدى.

ئۇ 2002ـيىلى 17ـمارتتا يۈرەك كېسىلى ئۇشتۇمتۇت قوزغىلىپ، 54 يېشىدا خىزمەت ئۈستىدە ۋاپات بولغان.

پايدىلانمىلار :
1. ليۇ رىشياۋ «ئۇيغۇر تارىخى» (1 ـ قىسىم) مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى 10 ـ ئاي، 1ـ نەشرى.
2. چيەن بوچۇەن: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999ـ يىلى 10 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.
3. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىلى 8 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.
4. «مۇقام پېشۋالىرى» ، «خوتەن خەلق ناخشا ـ كۈيلىرى» قاتارلىق كىتابلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك بايانلىرى.



تۇرسۇنجان ئابدۇللا

# خوتەن خەلق ناخشا - كۈيلىرىنىڭ ئاھاڭ ئالاھىدىلىكى

12 مۇقام پۈتكۈل ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىگە قارىتا ئاساسىي مېلودىيە جەھەتتىن يېتەكچى ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ خەلق ئىچىدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان بارلىق كۈي شەكلى، رىتىمى ۋە كۈي شىۋىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. ھەر قايسى رايونلاردا قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ، بىيىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلق نەغمە - مەشرەپلىرى، ناخشا - قوشاقلىرى ۋە داستانلىرىدا بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان يەرلىك ئالاھىدىلىكلەر كېلىپ چىققان. مۇشۇنداق يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھېسابقا ئېلىنىشى ئارقىسىدا، ھەر قايسى جايلارنىڭ نەغمە - مەشرەپلىرى (ناخشىلىرى) «ئىلى سەنىمى (ناخشىلىرى)»، «تۇرپان سەنىمى (ناخشىلىرى)»، «قۇمۇل سەنىمى (ناخشىلىرى)»، «كۇچا سەنىمى (ناخشىلىرى)»، «ئاتۇش سەنىمى (ناخشىلىرى)»، «قەشقەر سەنىمى (ناخشىلىرى)»، «خوتەن سەنىمى (ناخشىلىرى)» دەپ ئاتاپ پەرقلەندۈرۈلمەكتە.

بۇ يەردە خوتەن ناخشا - كۈيلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتىمىز:

## 1. خوتەن خەلق ناخشا - كۈيلىرىنىڭ رايونلارغا تارقىلىش ئالاھىدىلىكى

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى يېزا - كەنتلىرىدە خەلق ناخشا-كۈيلىرىنىڭ مەلۇم بىر ياكى بىر قانچە تۈرلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ

ساقلاپ كەلگەن ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى بىلەن بۇ خەزىنىنى تولۇقلاپ كېلىۋاتقان خەلق سەنئەتكارلىرى بار بولسىمۇ، شۇنداقلا ھەر بىر يېزا - كەنتتە ھەر خىل مەدەنىيەت - سەنئەت پائالىيەتلىرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئوخشاش بولمىغان رايونلاردا، ئوخشاش بولمىغان ناخشا - كۈيلەر تارقالغان ۋە يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. بۇلارنى ئاھاڭ پەرقى ۋە ئورۇنلاش ۋاستىسى جەھەتتىكى پەرقىگە ئاساسەن، ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) راۋاب قوشاق (تاغ ناخشىلىرى) رايونى

بۇ رايون چىرا ناھىيىسىنىڭ چاقار، ئۇلۇغساي، نۇرى، بوستان يېزىلىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا، خوتەن ناھىيىسىنىڭ لاڭرۇ، قاشتېشى يېزىسى، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئاتچان يېزىسى، نىيە ناھىيىسىنىڭ يېيىق، سالغۇزەك يېزىسى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، قاراقۇرۇم تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي يانباغرىدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرى بىلەن يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ رايوندا ژانىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۆزى چېلىپ ئۆزى ئورۇنلايدىغان راۋاب قوشاقلىرى ۋە ئۇسسۇل ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. يۇرۇشلەشكەن مۇقام، مەشرەپ ژانىرى ئانچە ئومۇملاشمىغان. ئورۇنلاش ۋاستىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا پەدىسىز راۋاب (قويچى راۋابى، ئالىچى راۋابى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، داپ، دۇتار، نەيمۇ خېلى ئومۇملاشقان. تېكىست جەھەتتە بىردەك خەلق قوشاقلىرى ئاساس قىلىنىدۇ. كلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ تېكىستلىرى ئانچە كۆپ تارقالمىغان. دېمەك، چارۋىچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان بۇ رايوندا مەۋجۇت بولۇۋاتقان خەلق ناخشا - كۈيلىرى مەيلى ژانىر ياكى ئورۇنلاش ۋاستىسى جەھەتتە بولسۇن، يەككە - يېگانە يۇرۇپ مال باقىدىغان چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

(2) ئۇنىۋېرسال ناخشا - كۈي رايونى

بۇ رايون گۇما ناھىيىسىدىن نىيە ناھىيىسىگىچە بولغان 7 ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ تاغ ئالدى چۆكۈندى تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان

بارلىق دېھقانچىلىق يېزا ـ كەنتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ژانىر جەھەتتىن بۇ رايوندا مۇقام، نەغمە، مەشرەپ، مۇزىكىلىق ناخشا، راۋاب قوشاق، لەپەر (ئېيتىشىش)، ئۇسسۇل، مۇزىكىلىق داستان، سېھىرگىچىلىك ـ سېھىرىگەرلىك، دارۋازلىق قاتارلىق ئۇيغۇر سەنئىتىنى تەشكىل قىلغۇچى ھەر خىل ژانىردىكى سەنئەت شەكىللىرى ھەممىسى دېگۈدەك تارقالغان. بۇ رايوندىكى سەنئەت شەكىللىرى بىر قەدەر تولۇق بولۇپ، قاراقاش ناھىيىسىنىڭ كۆيا يېزىسى قاتارلىق جايلاردا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «پىر ئۇسسۇلى» تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن 2 مىڭ نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرىكى شامان دىنى ئېتىقادى دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، تېكىستلەرنىڭ مەزمۇنىدا ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، ئۇسسۇل شەكلى جەھەتتە يەنىلا قەدىمىي شەكىل ساقلانغان.

ئورۇنلاش ۋاستىسى جەھەتتە بۇ رايوندا داپ، دۇتار، تەمبۇر، غىجەك، راۋاب، چاڭ، قالۇن (يېقىنقى دەۋرلەردە ئۈزۈلۈپ قالغان)، ساپايى، ناغرا، سۇناي، نەي، بالىمان، تاش، قوشۇق قاتارلىق ئەنئەنىۋى چالغۇ قوراللىرى بىر قەدەر ئومۇملاشقان. تېكىستولوگىيە جەھەتتە كلاسسىك ئەدەبىيلەرنىڭ تېكىستلىرىمۇ، خەلق ناخشا، قوشاق تېكىستلىرىمۇ ئوخشاشلا كەڭ تارقالغان.

بۇ رايوندا سۇلايمان ئاخۇن قالۇن، كېرەم ئاخۇن ساتار قاتارلىق ۋايىغا يەتكەن مۇقامشۇناسلار يېتىشىپ چىققان. خوتەن سەنىمى، لوپ سەنىمى (بۇنىڭ تەكتى كېرىيە سەنىمى)، لەڭگەر (كېرىيە) مەشرىپى قاتارلىق رەتلەپ يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان مەشرەپ ـ سەنەم نەغمىلىرى شەكىللەنگەن.

بۇ رايون پۈتكۈل ئۇيغۇر نەغمە ـ سەنئىتى بىلەن تەڭ قەدەمدە ئىلگىرىلەپ مېڭىش بىلەن بىللە، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى ساقلاپ كەلگەن، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ خەلق سەنئىتىنىڭ سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئالاھىدىلىك بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

(3) ئۆتكۈنچى بەلۋاغ رايونى

بۇ رايون گۇما ناھىيىسىنىڭ كىلىياڭ يېزىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قوشتاغ، باشلەڭگەر، پىشنا يېزىسى قاتارلىق قاغىلىق

ناھىيىسىگە چېگرىداش بولغان تاغلىق رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
بۇ رايوندا «كىلىيالىڭ مەشرىپى» دەپ ئاتىلىدىغان 27 ئاھاڭدىن تەركىب تاپقان مەشرەپ نەغمىسى ساقلانغان. بۇ قېتىم خوتەن خەلق ناخشا - كۈيلىرىنى رەتلەش داۋامىدا بىز بۇ ئاھاڭلاردىن بىر قىسمىنىڭ روشەن ھالدا دولان مەشرەپ - مۇقام ئاھاڭلىرى ئىكەنلىكىنى، يەنە بىر قىسىم ئاھاڭلارنىڭ ئارىلاش مېلودىيىدىن تەركىب تاپقانلىقىنى ھېس قىلدۇق. بۇ ئەھۋال دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىنىڭ غەربىي «چېگرىسى» قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن چەكلەنمەيدىغانلىقىنى، بەلكى گۇما ناھىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بىر قىسىم يېزىلىرىغا قەدەر تارقالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
بۇ ئۆتكۈنچى بەلۋاغ رايونىدا مەشرەپ، مۇقام، ناخشا، ئۇسسۇل قاتارلىق ژانىرلار كەڭ تارقالغان. مەشرەپ، مۇقام ئاھاڭلىرى خوتەن، دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىنىڭ ئارىلاشمىسى بولغىنىدەك، ئۇسسۇل شەكلىدىمۇ خوتەن - دولان ئۇسسۇللىرى ئارىلىشىپ كەتكەن. ئورۇنلاش ۋاستىسى جەھەتتە داپ، دۇتار، تەمبۇر، غېجەك، راۋاب قاتارلىق چالغۇ قوراللىرى ئاساس قىلىنىدۇ. تېكىستولوگىيە جەھەتتە كلاسسىك تېكىستلەرمۇ، خوتەن خەلق ناخشا-قوشاق تېكىستلىرىمۇ، دولان مەشرەپ - مۇقام تېكىستلىرىمۇ ئارىلاش ئىشلىتىلگەن.

## 2. خوتەن خەلق ناخشا - كۈيلىرىنىڭ كۈي شەكلى ئالاھىدىلىكى

خوتەن ناخشىلىرى كۈي شەكلى جەھەتتىن بىر قەدەر ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە بولۇپ، ياۋروپانىڭ 12 تاۋۇشلۇق سىستېمىسىغا تەۋە ھەر خىل كۈيلەر ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك، ماكان ئالاھىدىلىكى ئەكس ئېتىدىغان مىللىي كۈي شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇيغۇر 12 مۇقامىدىكى كۈي شەكىللىرىنىڭ ھەممىسى خوتەن خەلق ناخشا - ئاھاڭلىرىدا مەۋجۇت. بۇنىڭ ئىچىدە خوتەننىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىر قەدەر روشەن ئەكس ئەتكەن گارمونىيىلىك كۈي سىستېمىسى ۋە تەبىئىي چوڭ - كىچىك كۈيلەر بىر قەدەر كۆپ.

خوتەن خەلق ناخشىلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان گارمونىيىلىك كۆيلەر:

(1) گارمونىيىلىك چوڭ كۆي ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل كۆي شەكلى بولۇپ، ياۋروپانىڭ ئاكورد قائىدىسى بويىچە، ئاساسىي ئاۋاز ئۈستىدە بىر ئۇچلۇق چوڭ ئاكورد تەشكىل قىلغۇچى ئاۋازلاردىن تەشكىل قىلىنىدۇ. ئۇ تۆۋەندىكى فورمۇلا بويىچە تەشكىللىنىدۇ:




(ئىككى پۈتۈن، بىر يېرىم، بىر پۈتۈن، بىر يېرىم، بىر ئارتتۇرۇلغان، بىر يېرىم.)

بۇ كۆي شەكلىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى، V دەرىجە بىلەن IV دەرىجىنىڭ ئارىلىقى كىچىك ئىككى گرادۇس، IV دەرىجە بىلەن IIV دەرىجىنىڭ ئارىلىقى ئارتتۇرۇلغان ئىككى گرادۇس بولغانلىقىدا.

(2) گارمونىيىلىك كىچىك كۆي مۇھىم ۋە ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل كۆي شەكلى. ياۋروپانىڭ ئاكورد قائىدىسى بويىچە ئاساسىي ئاۋاز ئۈستىدە بىر كىچىك ئۇچلۇق ئاكورد تەشكىللىگۈچى ئاۋازلاردىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ تۆۋەندىكى فورمۇلا بويىچە تۈزۈلىدۇ:




(بىر چوڭ، بىر كىچىك، ئىككى چوڭ، بىر كىچىك، بىر ئارتتۇرۇلغان، بىر كىچىك.)

خوتەن خەلق ناخشىلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان كۆيلەردىن يەنە

لىدىسكى كۈي شەكلى، ئىئونىسكى كۈي شەكلى، ئارىلاشما لىدىسكى كۈي شەكلى، ئەئولىسكى كۈي شەكلى، فىرىگىسكى كۈي شەكلى قاتارلىقلارمۇ بار. بۇنىڭدىن سىرت دورىسكى كۈي شەكلىمۇ بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى تۆۋەندىكى فورمۇلا بويىچە بولىدۇ:




(بىر كىچىك، ئىككى پۈتۈن، بىر كىچىك، ئۈچ چوڭ.)

بۇ كۈي شەكلى ياۋروپا ئاكورد قائىدىسى بويىچە ئاساسىي ئاۋاز ئۈستىدە بىر ئۈچلۈق كىچىك ئاكورد تەشكىل قىلغۇچى ئاۋازلاردىن تەشكىل قىلىنىدۇ. بۇ خىل كۈي شەكلىدىكى ئاھاڭلار كىشىگە ناھايىتى لىرىك تۇيغۇ بېرىدۇ. بۇ كۈي شەكلىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرى، I دەرىجە بىلەن II دەرىجىنىڭ ئارىلىقى كىچىك ئىككى گرادۇسلۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئاھاڭ راۋاجىدا قايتىش يۆنىلىشىدە تونىكىغا قايتىش بىر قەدەر جىددىي بولىدۇ. بۇ ھال ھېسسىيات ئىپادىسى جەھەتتە يۇقىرىلاش يۆنىلىشىدە سالماق، تۆۋەنلەش يۆنىلىشىدە جىددىيلىك تۇيغۇسى بېرىپ، كىشىگە قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشقانلىقىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

(3) خوتەن خەلق ناخشا ئاھاڭلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان كۈي شەكلىنىڭ بىرى بولغان تۆۋەندىكى كۈي شەكلىمۇ خوتەن خەلق ئاھاڭلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تەشكىللىنىش فورمۇلىسى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:



(بىر كىچىك، بىر ئارتتۇرۇلغان، بىر كىچىك، بىر چوڭ، بىر كىچىك، بىر ئارتتۇرۇلغان، بىر كىچىك)

بۇ خىل كۆي شەكلىنىڭ ئالاھىدىلىكى I، II، III، VI دەرىجىلەر ۋە V، IV، IIV، (I) دەرىجىلەر ئايرىم ھالدا بىر گۇرۇپپا تەسىرىنى بېرىدۇ. كىچىك ئىككى گرادۇسلار ۋە ئارتتۇرۇلغان ئىككى گرادۇسلار بۇ كۆي شەكلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلىگەن بولۇپ، ئارتتۇرۇلغان ئىككى گرادۇسلار ئاھاڭ راۋاجلىنىشىنى بەلگىلىك ھالدا تېزلەتسە، كىچىك ئىككى گرادۇسلارنىڭ بىر - بىرىگە تەقەززالىق بىلەن ئېغىشى ئاھاڭنىڭ راۋاجىنى مۇقىملاشتۇرۇپ بىر-بىرىنى تولۇقلاپ تۇرىدۇ. بۇ خىل كۆي شەكلى خوتەن تاغ ناخشىلىرى ئىچىدە گەۋدىلىك بولۇپ ئاھاڭى راۋان، يورۇق تەسىر بېرىپ، قۇملۇق كارۋانلىرى سالماق سۇرئەتتە ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. شۇڭلاشقا، كومپوزىتورلار يىپەك يولىدىكى كارۋانلارنىڭ سەپەر ھالىتىنى كۆپ ھاللاردا بۇ خىل كۆي شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەشنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، خوتەن خەلق ئاھاڭلىرىدا ئاددىي كۆي ئۆزگىرىشلىرىمۇ كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەھۋال ئاھاڭلارنىڭ ھېسسىياتىدا ناھايىتى ياخشى رول ئويناپ، مۇزىكىلىق ئوبراز يارىتىشتا تېكىستتىكى يالقۇنلۇق ئىپادىنى مۇزىكىلىق تىل ئارقىلىق كۈچەيتىپ ئىپادىلەش جەھەتتە ناھايىتى ياخشى رول ئوينىغان.

يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر ئۇيغۇر12 مۇقامى ۋە ئۇيغۇر خەلق ئاھاڭلىرىنىڭ ھەر قايسى ماكان، زامان تۈسلىرىنىڭ ھەممىسىگە سىڭگەن بولۇپ، خوتەن خەلق ئاھاڭلىرىدا بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان بولغاچقا، ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇق.

### 3. خوتەن خەلق ناخشا - كۈيلىرىنىڭ رىتىم ئالاھىدىلىكى

رىتىم مۇزىكىدا ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى، ئۇ ئاۋازلارنى تەشكىللەپ مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەت پەيدا قىلغۇچى ئامىلدۇر. ئۇ مۇزىكىغا خاس ئۇقۇم بولماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى

بارلىق پائالىيەتلەرنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە ئىقىمىغا سىڭدۈرۈلگەن ھالەت يۆنىلىشىنى ئىپادىلەيدىغان فورمۇلىدۇر. بىز بۇ يەردە سۆزلەۋاتقان رىتىم ئۇقۇمى مەنە جەھەتتىن شۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رىتىم ئۇقۇمى بىلەن ئوخشاش مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئۇ مۇزىكا ئەسەرلىرىنىڭ سۈرئىتىنى ۋە دولقۇنلىرىنى ئىپادىلەيدىغان، شۇنداقلا مۇزىكىلىق ئوبراز يارىتىشقا خىزمەت قىلىدىغان بەلگىلىگۈچى ئامىلدۇر.

رىتىم مۇزىكىدا ئەڭ ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئوخشىمىغان ئاۋازلارنى تەشكىللەش ئارقىلىق ئاھاڭنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭلاشقا مۇزىكا ئىجادىيىتىدە رىتىم ئىجادىيىتى ئومۇمىي ئىجادىيەت ئاساسىدۇر. رىتىم ئىجادىيىتى ئاۋازلارنى تەشكىللەش ئىجادىيىتى بولۇپ، رىتىم ئارقىلىقلا ئاھاڭلار بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان تەسىر بېرىپ، ئىجادىي ئاڭلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا رىتىم خوتەن خەلق ئاھاڭلىرىنى يەرلىك شېۋىگە ئىرىشتۈرگەن مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى، ئاۋازلارنى تەشكىللىگۈچى رىتىم، ئۇدارنىڭ راۋان، جۇشقۇن بولغانلىقىدا. بولۇپمۇ خوتەن خەلق ئاھاڭلىرىنىڭ رىتىم ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن ئامىللارنىڭ بىرى، كەسمە ئۇدارلار بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئادەتتە كەسمە ئۇدارلار مۇزىكىلىق ئىجادىيەتلەردە ھېسسىياتنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلغان. بۇ خىل كەسمە ئۇدارلار خوتەن خەلق ئاھاڭلىرىنىڭ تېتىك، جۇشقۇنلۇقىنى ۋە يەرلىك سۆز شېۋىسىدەك چۈرۈك ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

## 4. خوتەن خەلق ناخشا - كۈيلىرىنىڭ شېۋە ئالاھىدىلىكى

ھەممىمىزگە مەلۇم، ناخشا بولسا ئادەتتىكى سۆز - ئاھاڭلارنىڭ قانۇنىيەتلىك ھالدا مۇبالىغە قىلىنىشىدۇر. شۇڭلاشقا، ھەر قايسى ماكان ۋە زاماندىكى ئاھاڭلارنىڭ شېۋىسى بىر - بىرىدىن پەرقلەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ئۇيغۇر تىلى بىلەن سۆزلىشىدۇ.

لېكىن، ھەر قايسى يۇرتلارنىڭ سۆز ئاھاڭى ۋە شېۋىسىدە ھېلىھەم بەزى ئوخشاشمايدىغان پەرقلەر مەۋجۇت. بۇ ئامىل ھەر قايسى يۇرتلارنىڭ مۇزىكىلىق ئاھاڭلىرىنىڭ شېۋە ئالاھىدىلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر 12 مۇقامى ۋە ئۇيغۇر خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرىمۇ ئىلى خەلق ناخشىلىرى ... قاتارلىق ماكان ئالاھىدىلىكىنى ۋە قەدىمكى زامان، يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان ناخشا - ئاھاڭلىرىنىڭ تىپىك پەرقىنى شەكىللەندۇرگەن.

## 5. خوتەن خەلق ناخشا - كۈيلىرىنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى

خوتەن خەلقىنىڭ راۋاب بىلەن ئورۇنلىنىدىغان ناخشا - قوشاقلىرى كۆپ تارقالغان رايونلار ئاساسەن تاغلىق يېزىلار بولۇپ، بۇ جايدىكى خەلق ئاممىسى چارۋىچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ. بۇ رايونلاردىكى چارۋىچىلارنىڭ ناخشا - قوشاق ئورۇنلاشتا چالغۇ قىلىنىدىغان قويچى راۋابىنىڭ تۈزۈلۈشى بۇ ئاھاڭلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلىگەن. بۇ راۋابنىڭ قۇرۇلمىسى ئۆزگىچە بولۇپ، شەكىل جەھەتتىن قورساق قىسمى ئادەتتىكى راۋابتىن چوڭ، دەستە قىسمى قىسقا، قولاق قىسمى باشقا راۋابلارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئېلىپ يۇرۇشكە ئەپلىك، جەمئىي بەش تار سېلىنىپ، ئۈچ ئاۋازغا تەڭشىلىدۇ. يەنى g ،a ،d دىن ئىبارەت بولۇپ g تارىسى تومراق بىر تال ئۈچەي تار، a ۋە d تارلىرى ئادەتتىكى دۇتارغا ئىشلىتىلىدىغان ئىنچىكە تار بولۇپ، قوش سېلىنىدۇ. دەستىگە ئاۋاز ئورنى بېكىتىلگەن پەدە قويۇلمايدۇ. ئادەتتە كۆپ ئىشلىنىدىغان ئاۋاز دائىرىسى: a g f e d c b a g بولۇپ، ئالاھىدە ئەھۋالدا يۇقىرىغا قارىتا ئازراق يۇقىرىلاپ چېلىشقا بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا بۇ راۋابنى چالغۇچى چارۋىچىلار قۇرۇق تار ۋە قولاق يېنىدىن قولنى بەك يۆتكىمەي چالىدۇ. پاۋۇزلاردا ئاددىي پاۋۇزنى چالغاندىن باشقا ناخشىغا ئەگەشكەن ئاساستا، ئۈچ تارىدىن پايدىلىنىپ تەڭكەش قىلىش شەكلىدە ئورۇندايدۇ. ئادەتتە ياغاچ زەخمەك بىلەن چېلىنىدىغان بولۇپ، تەڭكەش قىلغان ۋاقىتتا، مېلودىيىلىك تەڭكەش ئاساس

قىلىنىدۇ.

قويچى راۋابىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى خوتەن تاغ ناخشىلىرىنىڭ رېتىمى شوخ، مېلودىيىسى ئاددىي، يېقىملىق بولۇشتەك ئۆزگىچىلىكىنىڭ ئاساسى بولۇپ، تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك بۇلاق سۇلىرىدەك راۋان مېلودىيىسى بىپايان يايلاقلارنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ئەسلىتىدۇ. تاغ ناخشىلىرى قۇرۇلما جەھەتتىن ئاددىي، ئاساسەن بىر بۆلەك ئاھاڭ شەكلىدە بولسىمۇ، لېكىن كىشىگە مۇستەقىل، مۇكەممەل ئاھاڭ تۇيغۇسى بېرىدۇ.

چىرا ناھىيىسىنىڭ تاغلىق يېزىلىرىنى ئاساس قىلغان راۋاب قوشاق رايونلىرىدا ئىجاد قىلىنىپ تارقىلىپ بېيىپ كېلىۋاتقان خەلق ناخشا ـ قوشاق ئاھاڭلىرى ئىنتايىن مول، مېلودىيىسى ئاددىيراق، رېتىمى شوخ، كۆپىنچە ھاللاردا ئاۋاز دائىرىسى تار، كىشىگە ئىنتايىن يېقىملىق شۇنداقلا يېڭىلىق تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ.

بۇ رايوندىكى خەلق ئاھاڭلىرىغا غەرب مۇزىكا ئامىللىرى قىلچە تەسىر كۆرسەتمىگەن بولۇپلا قالماستىن، ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنىڭ ھەر قايسى شېۋە رايونلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ ئاساسەن تەسىر قىلمىغان (ئارىلىشىپ قالمىغان) بولۇپ، قەدىمىي ئالاھىدىلىك ۋە ئىزچىللىقىنى ساقلاپ قالغان. ھالبۇكى، بۇ رايونلاردىكى خەلق ئاھاڭلىرى ھازىرغىچە سىستېمىلىق ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىنمىغان. بۇ ئاھاڭلارنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا توپلاش ۋە تەتقىق قىلىش بىزنىڭ ھازىرقى زامان سەھنە سەنئىتىمىزنى پۈتمەس ـ تۈگىمەس مۇزىكا بايلىقى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ئۇنىۋېرسال ناخشا ـ كۈي رايونلىرىدا يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ژانىرى بىر قەدەر تولۇق، ئۇيغۇر چالغۇلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئومۇملاشقان. شۇنداقتىمۇ ھەر قايسى جايلاردا يەنە ئۆزىگە خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەر ساقلانغان.

كېرىيە ناھىيىسىدە نەغمە ـ مەشرەپ، ناخشا ـ كۈي ئەسەرلىرى كەڭ تارقالغان. بۇلار ئىچىدە رەتلەپ، گۇرۇپپىلانغان ناخشا ـ كۈيلەر خېلى كۆپ، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، كۆپ ئۆزگىرىشلىك، شۇنداقلا ئاھاڭلىرى ئۆزگىچە بولۇپ، سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى.

لوپ ناھىيىسىدە تارىختىن بۇيان ناغرا، سۇناي، نەي قاتارلىقلار توي - تۆكۈن ۋە مەھەللىۋى مەشرەپلەردە ناخشىغا تەڭكەش قىلىنىپ ئورۇنلىنىدۇ. بۇ خىل شەكىل مەشرەپ كەيپىياتىنى يۇقىرى ئەۋجىگە چىقىرىدۇ. مەشرەپلەردە سەككىزدىن ئونغىچە ناغرا - سۇناي چالغۇچىلار بىر گورۇپپا بولۇپ مەشرەپ قىلىدۇ. بىر ناغرىچى كۆپ بولغاندا يۇقىرى - تۆۋەن تەڭشەلگەن ناغرىدىن بەشكىچە، ئاز بولغاندىمۇ ئىككىدىن ئۈچكىچە ناغرا چالىدۇ. بۇ مەشرەپلەرنىڭ ناغرا- سۇناي نەغمىسىنىڭ داغدۇغىسى پەلەككە يېتىپ كىشىنى ئاجايىپ ھاياجانغا سالىدۇ. ئاھاڭلىرىنىڭ رىتىم ۋە يۈرۈشى مۇشۇ خىل شەكىلگە ماس ھالدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

قاراقاش ناھىيىسى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئەڭ چوڭ ناھىيە بولۇپ، مۇزىكىلىق داستانلار ئەڭ كۆپ تارقالغان. بۇ داستانلار راۋابنىڭ تەڭكەشلىكىدە ئورۇنلىنىدىغان بولۇپ، خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن داستان - رىۋايەتلەر خەلق مۇزىكا پېشۋالىرىنىڭ ئاھاڭ سىلىشى بىلەن تېخىمۇ يۇقىرى جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان. بەزى داستانلار رىتىم ۋە مېلودىيە جەھەتتىن گەرچە دېكلاماتسىيىگە ئوخشاپ كەتسىمۇ، ئورۇنلىغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىياتلىرىنى يۇغۇرۇش جەريانىدا شەكىللەنگەن قوشۇمچە سۆز - ئىبارىلەر ھەممە ئارىلىقلارغا قىستۇرۇلغان ئاددىي ئەمما يېقىملىق مېلودىيىلەر داستان مەزمۇنىنى مۇزىكىلىق پىكىر بىلەن تەمىن ئېتىپ، كىشىگە چوڭقۇر ھاياجان بەخش ئېتىدۇ.

گۇما ناھىيىسىنىڭ كىلىياڭ يېزىسىدىن تېپىلغان يەرلىك مەشرەپ ئاھاڭلىرى مېلودىيە ۋە رىتىم جەھەتتە بىر قەدەر ئالاھىدىرەك بولۇپ، ئالاھىدىلىكى ۋە رىتىم ئاھاڭ يۈرۈشى ۋە رىتىم ئالاھىدىلىكى بىر قەدەر قەدىمىي تەسىر بېرىدۇ، يەرلىك پۇرىقى بىر قەدەر كۈچلۈك. ئۇندىن باشقا گۇما ناھىيىسىدىكى نەۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسىدىكى تاجىك خەلق ئاھاڭلىرىمۇ راۋان، شوخ مېلودىيە جەھەتتە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

بۇ قىسقا ماقالىدە، خوتەن خەلق ناخشا - كۈيلىرىنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. پەقەت

بەزى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىلا بايان قىلىندى. بەزى قاراشلاردا يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

2002 ـ يىل 16 ـ دېكابىر

---



تۇرسۇنجان ئابدۇللا 1971 ـ يىلى 28 ـ دېكابىر قاراقاش ناھىيىسىنىڭ پۇرچاقچى يېزىسىدا خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1977 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان ۋە مۇزىكىغا قىزىقىپ 2 ـ سىنىپتىن باشلاپلا ئۆزلۈكىدىن دۇتار چېلىش، ناخشا ئېيتىشنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. 1985 ـ يىلى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېتى ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىپ، ياۋروپا چالغۇسى ئوبو (oboe) چېلىشنى ئۆگەنگەن. 1988 ـ يىلى تولۇق كۇرس سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىپ، ئوبو چېلىش كەسپىدە داۋاملىق ئوقۇغان. 1992 ـ يىلى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدە مۇزىكانت بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. بۇ ماقالە ئۇنىڭ تۇنجى ئىلمىي ئەمگىكى.



ئابدۇللا مەجنۇن

# خوتەن مۇقاملىرى

## 1. خوتەن مۇقاملىرىنىڭ كۈي ئورنى ۋە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن قىسمى

خوتەن مۇقاملىرىنى تولۇق ئورۇنلاشتا مۇقاملارنىڭ مېلودىيىلىك مۇزىكا قۇرۇلمىسىغا قاراپ، چالغۇلارنىڭ ئاساسىي تۈزىكىنى ئۈچ قېتىم ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر زۆرۈر بولسا ئۆزگەرتمەي ئورۇنلىغان مۇقاملارغا قارىغاندا، تۈزەكنى ئۆزگەرتىپ ئورۇنلىغان مۇقاملار پۇراقلىقراق بولىدۇ. ھەربىر تۈزەك تەۋەلىكىدە ئۆتتىن بەشكىچە مۇقام پۈتۈن ئورۇنلىنىدۇ. بۇنداق تۈزەك ئۆزگەرتىش چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ ئەسلىي ئەھۋالىغا قاراپ بولىدۇ. مەسىلەن، رېزونانس سىملىرى بولغان ساتار، كۆپ قولاقلىق راۋاب قاتارلىق چالغۇلارنىڭ ستېرېئو سىملىرىنى كۈي ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىشلا مەقسەت ھاسىل بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا قالۇن، تەمبۇر قاتارلىق بىر يۈرۈش چالغۇلارنى چوڭ تۈزەك، ئوتتۇرا تۈزەك، كىچىك تۈزەكلەرگە تەڭشەپلا ئورۇنلىسا بولىدۇ.

& G تۈزەكتە راك، چەببىيات، مۇشاۋرەك، پەنجىگاھ قاتارلىق مۇقام كۈيلىرى ئورۇنلانسا، C=F"& تۈزەكتە چارگاھ، ئۇشاق، بايات، مۇقامى ھۇسەن قاتارلىق مۇقاملارنىڭ كۈيى ئورۇنلىنىدۇ. C=D& تۈزەكتە بولسا، ئۇندىن باشقا مۇقام كۈيلىرى ئورۇنلىنىدۇ.

خوتەن مۇقاملىرى مۇزىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتە ئۈچ چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگىنىدەك، چالغۇ تۈزەكلىرىنى چوڭ جەھەتتىن ئۈچ قېتىم ئۆزگەرتىشنىڭمۇ ئىلمىي ئاساسى بار. خوتەن مۇقاملىرى

كىچىك جەھەتلەردىمۇ بىر قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. خوتەن مۇقاملىرىنىڭ ھازىرغىچە بىزگە يېتىپ كېلىپ، ساقلىنىپ قالغىنى تۆۋەندىكىلەر:

1. راك مۇقامى. مۇقەددىمە 16 مىسرا غەزەل، نەغمە تەۋەلىكىدە تەزە 32 مىسرا، 17 ئاھاڭ؛ تەزە مەرغۇلى، چاتما، كىچىك سەلىقە 44 مىسرا، 12 ئاھاڭ؛ سەلىقە مەرغۇلى، چاتما، ئۈچ داستان، ئۈچ داستان مەرغۇلى بولۇپ 85 مىسرا غەزەل، 54 ئاھاڭ. بەش مەشرەپ، 105 مىسرا غەزەل 10 ئاھاڭ، جەمئىي 1 مىڭ 25 مىسرا غەزەل، 182 ئاھاڭدىن تەركىب تاپقان.

2. چەببىيات مۇقامى. مۇقەددىمە 16 مىسرا غەزەل، 12 ئاھاڭ، تەزە 45 مىسرا غەزەل، 16 ئاھاڭ، تۆت داستان، تۆت مەرغۇل، 20 مىسرا غەزەل، 16 ئاھاڭ، جۇلا 15 مىسرا غەزەل، جۇلا مەرغۇلى سەككىز ئاھاڭ، سەنەم 16 مىسرا غەزەل، 4 ئاھاڭ، چوڭ سەلىقە 16 مىسرا خەلق قوشىقى، سەككىز ئاھاڭ، تۆت مەشرەپ، 40 مىسرا قوشاق، 14 ئاھاڭ، جەمئىي 244 ئاھاڭ، 162 مىسرا غەزەل ۋە قوشاقتىن تەركىب تاپقان.

3. مۇشاۋرەك مۇقامى. مۇقەددىمە، تەزە، تۆت داستان ۋە داستان مەرغۇلى، جۇلا، سەنەم، يەتتە مەشرەپ بولۇپ، جەمئىي 87 ئاھاڭ، 219 مىسرا غەزەل ۋە خەلق قوشاقلىرى ساقلىنىپ قالغان.

4. چارىگاھ مۇقامى. مۇقەددىمە، نەغمە، ئۈچ داستان ۋە مەرغۇلى، بەش مەشرەپ بولۇپ، جەمئىي 68 ئاھاڭ، 124 مىسرا غەزەل.

6. ئۇشاق مۇقامى. مۇقەددىمە، نەغمە، ئۈچ داستان ۋە مەرغۇلى، ئالتە مەشرەپ بولۇپ جەمئىي 75 ئاھاڭ، 130 مىسرا غەزەل.

7. بايات مۇقامى. مۇقەددىمە، ئۈچ مەشرەپ بولۇپ، جەمئىي 30 ئاھاڭ، 32 مىسرا غەزەل ئوقۇلىدۇ.

8. ئەجەم مۇقامى. مۇقەددىمە، نۇسخا، تۆت داستان ۋە مەرغۇلى، تۆت مەشرەپ بولۇپ، جەمئىي 66 ئاھاڭ، 128 مىسرا غەزەل.

9. سىگاھ مۇقامى. مۇقەددىمە، 16 مىسرا غەزەل، سەككىز

ئاھاڭدىن باشقا قىسمى يوق.

10. ناۋا مۇقامى. مۇقەددىمە، تەزە، نۇسخا، سەلىقە، تۆت ئستان ۋە مەرغۇلى، جۇلا - سەنەم، چوڭ سەلىقە، ئالتە مەشرەپ، جەمئىي 58 ئاھاڭ، 188 مىسرا غەزەل ۋە قوشاق.

11. ئۆزھال مۇقامى. مۇقەددىمە، نەغمە، تۆت داستان ۋە مەرغۇلى، جۇلا - سەنەم، چوڭ سەلىقە، سەككىز مەشرەپ بولۇپ، جەمئىي 48 ئاھاڭ، 184 مىسرا غەزەل ۋە قوشاق.

12. مۇقامى ھۇسەن. مۇقەددىمە، تۆت مەشرەپ بولۇپ، جەمئىي 24 ئاھاڭ، 40 مىسرا غەزەل.

13. ئىراق مۇقامى. مۇقەددىمە، ئىككى مەشرەپ بولۇپ، 12 ئاھاڭ، 28 مىسرا غەزەل، جەمئىي 936 ئاھاڭ، 1 مىڭ 764 مىسرا غەزەل ۋە قوشاقتىن تەركىب تاپقان.

14. ئالايلوي مۇقامى. مۇقەددىمە، ئىككى مەشرەپ.

## 2. خوتەن مۇقاملىرىنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى

خوتەن مۇقاملىرى ئۆزىگە خاس قويۇق يەرلىك شىۋە، مۇكەممەل مۇزىكىلىق قۇرۇلمىغا ئىگە بولۇپ، مۇزىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتە چوڭ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. كىچىك جەھەتلەردىن بىرنەچچە كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى قىسمى نەغمە قىسمى، ئىككىنچى قىسمى داستان قىسمى، ئۈچىنچى قىسمى مەشرەپ قىسمى بولۇپ، ھەر بىر چوڭ قىسىم ئارىلىقىدا مۇقام چۈشۈرگىسى بولىدۇ. ھەر بىر كىچىك بۆلەكلەر ئارىلىقىدا كۈيلەرنى زەنجىرسىمان ئۇلاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مەرغۇللار ۋە چاتمىلار بولۇپ، مۇقاملارنىڭ راۋان ئورۇنلىنىشىغا زور ياردىمى بولىدۇ.

بىرىنچى قىسىم: نەغمە

نەغمە — خوتەن مۇقاملىرىنىڭ بىرىنچى چوڭ قىسمى. نەغمە تەۋەلىكىدە ھەربىر مۇقامدا ئۈچتىن، تۆتكە قەدەر كىچىك بۆلەكلەر بولۇپ، بىر پۈتۈن نەغمە گەۋدىسىنى ھاسىل قىلغان. نەغمە بېشى بىلەن تەزە ئارىلىقىدىكى مەرغۇلىنىڭ، داستان بىلەن مەشرەپ

ئارىلىقىدىكى مەرغۇلنىڭ يوقلۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، نەغمە، داستان قىسىملىرىنىڭ ھەربىر كىچىك بۆلىكى ئارىلىقلىرىدا كۈيلەرنى ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مەرغۇللار ۋە چاتمىلار بار. مەسىلەن:

1. نەغمە بېشى ياكى مۇقەددىمە
2. تەزە — تەزە مەرغۇلى ۋە چاتمىسى
3. نۇسخا — نۇسخا مەرغۇلى ۋە چاتمىسى
4. سەلىقە — مەرغۇلى ۋە چاتمىسى
5. چۇشۇرگىسى

نەغمە بېشى ئەدەبىي تىل بىلەن ئېيتقاندا مۇقەددىمە (شەرەخبەر) مۇزىكا بولۇپ، لەرزان، تەسىرلىك بولىدۇ. باشلىنىش مۇزىكىسى بولمىغان بىرەر مۇقام بولمايدۇ. باشلىنىش مۇزىكىسى، يەنى مۇقەددىمە مۇزىكىسىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى شۇ موغەنىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھېسسىياتىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. باشلىنىش مۇزىكىسى تېكىستسىز بولماستىن، كۆپىنچە ھاللاردا كلاسسىك شائىرلارنىڭ غەزەللىرى ئاساسىدا ئون نەچچە مىسرالىق ياكى بىر يېرىم - ئىككى غەزەل (ئون تۆتلۈك) بىلەن ئورۇنلىنىدۇ. موغەنىنىلەر گۇرۇپپىسى ئۇنى ئورۇنلىغاندا ئۇلار ئىچىدىكى ئاساسلىق مۇقامچى قولىغا قالۇن، ساتار ياكى تەمبۇر ئېلىپ مۇقامنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، داپ چېلىنىش بىلەن تەڭ سازەندىلەر توپى قوشۇلۇپ، تەزە ئورۇنلاشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. تەزىنىڭ تېكىستلىرىمۇ ئاساسەن ئون نەچچە مىسرالىق بولىدۇ. تەزە ئورۇنلىنىپ بولغاندا تەزە مەرغۇلى ئورۇنلىنىدۇ. مەرغۇلدىن كېيىن چاتما، چاتمىدىن كېيىن ئىككىنچى كىچىك بۆلۈم نۇسخا ئۇلىنىدۇ. نۇسخىنىڭ رەت تەرتىپىمۇ تەزىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سەلىقە باشلىنىدۇ. سەلىقىنىڭ رەت تەرتىپىمۇ يۇقىرىقىلارغا ئوخشايدۇ. ئاخىرىدا چۇشۇرگە ئۇلىنىدۇ. چۇشۇرگىدە مۇقەددىمىدە ئورۇنلانغان مۇزىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىسراسى قايتا بىر تەكرار قىلىنىپ، مۇقامنىڭ بىرىنچى چوڭ قىسمى تۈگەيدۇ. يۇقىرىقى ئۈچ قىسىم مۇزىكىلىرىنىڭ ئورۇنلاش سەنئىتى ئوخشاش بولغىنى بىلەن داپ تېمپىلىرى ئوخشىمايدۇ. خوتەن مۇقاملىرى نەغمە قىسمىنىڭ داپ ئۇرۇلۇشى ئاساسەن 4/4 تاكتلىق بولىدۇ.

بۇ يەردە ئوقۇرمەنلەرگە چۈشىنىكسىز بولغان، مۇقام كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارلا چۈشىنەلەيدىغان بەزى ئاتالغۇلار ئۇچرايدۇ. بۇ ئاتالغۇلارنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار دەپ قارايمەن. ئۇنداق قىلمىغاندا تۇردى ئاخۇن ئاكا قالدۇرغان بەزى ئاتالغۇلار بىلەن يەرلىكتىكى ئاتالغۇلارنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. بۇ يەردە مەرغۇل ئۈستىدە ئارتۇقچە توختىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. «چاتما» سۆزى ئۈستىدە قىسقىچە توختالماقچىمەن. تۇردى ئاخۇن ئاكا بۇ سۆزنى ئۆزى ئورۇنلىغان مۇقاملاردا بىرەر جايىدىمۇ قوللانمىغان. چاتما — مۇقاملارنىڭ نەغمە قىسمىدىلا ئۇچرايدۇ. باشقا بۆلۈملەردە ئۇچرىمايدۇ. «چاتما» سۆزى ئۇيغۇر تىلىدىكى چېتىشلىق مەنىسىدىكى سۆز بولۇپ، مۇقاملاردا بولسا بىر بۆلۈم بىلەن ئىككىنچى بىر بۆلۈمنى چېتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. بۇنىڭدا ئالدىن ئورۇنلىنىپ بولغان بىرىنچى قىسىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كۇپلېتى قايتا تەكرار قىلىنىپ، سازەندىلەرنىڭ توساتتىن باشقا كۈيلەرگە ھالقىپ كەتمەسلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئۆتەيدۇ. بۇ سۆز تۇردى ئاخۇن ئورۇنلىغان مۇقاملاردا چۈشۈرگە مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنىپ كەلگەن، تۇردى ئاخۇن ئاكا مۇقەددىمە چۈشۈرگىسىنىمۇ چۈشۈرگە، چاتمىنىمۇ چۈشۈرگە دەپ ئالغان. مېنىڭچە چۈشۈرگىنى چۈشۈرگە، چاتمىنى چاتما دەپ قوللىنىپ، بۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنىسىنى ئايرىۋەتمىگەندە، مەلۇم ئوقۇشماسلىق يۈز بېرىشى مۇمكىن. بۇ سۆز خوتەن مۇقامچىلىقىدا ئاللىقاچان ھەل قىلىنىپ بولغان.

ئىككىنچى قىسىم: داستان

خوتەن مۇقاملىرىدا ئىككىدىن تۆتكە قەدەر داستان ئورۇنلىنىدۇ، داستانلارغا ئاساسەن «غېرىپ - سەنەم»، «يۇسۇپ - ئەخمەت»، «يۇسۇپ - زۇلەيخا»، «ھۆرلىقا - ھەمراجان»، «پەرھاد - شېرىن»، «سەنۇبەر» قاتارلىق تارىخىي داستانلارنىڭ غەزەللىرى تاللاپ تېكىستلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ھەر بىر داستان ئارىلىقىدا بىر مەرغۇل بار، داستانلارنى يەككە چالغۇ بىلەن بىر ئادەم ئورۇنلىغىلىمۇ، بىرنەچچە چالغۇنى تەڭكەش قىلىپ ئورۇنلىغىلىمۇ بولىدۇ. خوتەن 13 مۇقامىدىكى داستانچىلىق تۇردى ئاخۇن ئاكا

قالدۇرغان داستانچىلىق بىلەن تېكىستلەردىكى ئۆزگىچىلىكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشايدۇ.

ئۈچىنچى قىسىم: مەشرەپ

خوتەن مۇقامچىلىقىدا مەشرەپچىلىك ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. تارىختا ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ نەغمە قىسمى قەشقەر، داستان قىسمى ئىلى، مەشرەپ قىسمى خوتەن تەۋەلىكىگە چوڭقۇرراق ئومۇملاشقان بولۇپ، خوتەن مۇقامچىلىرىنىڭ ئادەتتىكىلىرىمۇ بىرەر ئىككى مۇقامنىڭ مەشرىپىنى ئوقۇيالايدۇ. ھەتتا كوچا - كويلاردىكى سائىللارمۇ مۇقامنىڭ مەشرەپلىرىنى ساپايى ياكى راۋاب بىلەن ئورۇنلاپ چىلتەن قىلىشىدۇ. خوتەن مۇقاملىرىدا 4 ~ 8 گە قەدەر مەشرەپ بولۇپ، مەشرىپى بولمىغان بىرەرمۇ مۇقام يوق. خوتەندە قۇربان خاكسار، روزى مەشرەپ قاتارلىق بىرنەچچە ئاتاقلىق مەشرەپچىلەر ئۆتكەن. ئۇلار مەشرەپچىلىكتە جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەلىكىدە داڭ چىقارغان. ئۇلاردىن بىزگە تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقىنى راك، چەببىيات، مۇشاۋرەك قاتارلىق 13 مۇقامنىڭ مۇقەددىمە، مەشرەپلىرىدىن ئىبارەت. خوتەن مەشرىپىنىڭ تېكىستلىرى ئاساسەن خەلق قوشاقلىرى ۋە شاھ مەشرەپ، نۆۋبىتىلەرنىڭ غەزەللىرىدىن تەركىب تاپقان.

مۇزىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتە، خوتەن مۇقاملىرى نەغمە، نۇسخا، جۇلا، سەنەم، چوڭ سەلىقە، داستان، مەشرەپ قاتارلىق بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدۇ.

مۇقاملارنى قىسىملارغا بۆلۈشتە تۇرداخۇن ئاكا جۇلا، سەنەم، چوڭ سەلىقىلەرنى نەغمە تەۋەلىكىگە كىچىك بۆلۈم قىلغان. خوتەن مۇقاملىرىدا جۇلا، سەنەم، چوڭ سەلىقىلەر نەغمە تەركىبىگە ئەمەس، مۇزىكىلىق قۇرۇلما ئېھتىياجىغا قاراپ مەشرەپ تەۋەلىكىگە ئايرىلغان. بۇنداق قىلىشنىڭ ئەلۋەتتە ئىلمىي ئاساسى بار. ئۇيغۇر مۇقاملىرىدا، بولۇپمۇ تۇردى ئاخۇن ئاكا قالدۇرغان قەشقەر ۋارىيانتىدا خوتەن مۇقاملىرىغا قارىغاندا بىرنەچچە بۆلۈم كۆپ بولغىنى بىلەن، بۆلۈملەر مۇزىكا قۇرۇلمىسى جەھەتتە بۆلەكلەرگە توغرا ئايرىلمىغان. تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ چوڭ نەغمىگە جۇلا، سەنەم،

سەلىقىنى قوشۇپ ئورۇنلىشى بەلكىم مۇقام كۆپ، ئورۇنلاش ياكى ئاڭلاش جەھەتلەردىكى قىسقا ۋاقىتلىق زېرىكىشلىك ھالەتتىن خالىي بولۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك ۋە ياكى ئۇلار ئەركىن چالغۇچىلار بولغانلىقى ئۈچۈن مۇزىكا قانۇنىيىتىدىن بۆسۈپ چىقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

مۇقاملارنىڭ تەزە، نۇسخا، سەلىقە تېمپلىرى 4/4 لىك ئۇداردا كەلسىمۇ ئورۇنلاش سۈرئىتى تەزە نۇسخىلىرىغا قارىغاندا پەۋقۇلئاددە تېز بولىدۇ. بۇنداق تېز تېمپلىك كۈيلەرنى نۇسخا بىلەن كىچىك سەلىقىدەك ئاستا تېمپلىك كۈيلەرنىڭ ئارىلىقىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئورۇنلاش، كۈيچىلىك قانۇنىيىتىگە توغرا كەلمەيدۇ. بۇنداق تېزلىكتىكى تېمپلار داستاندىن كېيىن، مەشرەپكە يېقىنراق ئورۇنلاشتۇرۇلسا كۈيچىلىك قانۇنىيىتىگە، ئورۇنلاش سەنئىتىگىمۇ توغرا كېلىدۇ. خوتەن مۇقاملىرىدا جۇلا، سەنەم داستاندىن كېيىن، مەشرەپكە يېقىن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بۇ مەسىلە توغرا بىر تەرەپ قىلىنغان. ھازىرغىچە خوتەندە ئومۇملاشقان ئۇسلۇبىمۇ ئەنە شۇنداق. بۇ يەردە ئۈلگە سۈپىتىدە بىر مۇقامنىڭ رەت تەرتىپىنىڭ سېلىشتۇرمىسىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

| تۇردى ئاخۇن | خوتەن |
|---|---|
| مۇقەددىمە | مۇقەددىمە |
| تەزە | نەغمە |
| نۇسخا | نۇسخا |
| جۇلا | داستان |
| سەنەم | جۇلا |
| تاكت | سەنەم |
| داستان | چوڭ سەلىقە |
| مەشرەپ | مەشرەپ |
| چۇشۇرگە | چۇشۇرگە |

يۇقىرىدا خوتەن مۇقاملىرىنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى ئۈستىدە ئازراق توختىلىپ، تۇردى ئاخۇن ئاكا ساقلاپ كەلگەن مۇقاملار بىلەن خوتەن مۇقاملىرى ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇلما جەھەتتىكى قىسمەن

ئاتالغۇلاردىكى پەرقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇم.

تۆۋەندە تۇردى ئاخۇن ئاكا ساقلاپ قالغان قەشقەر 12 مۇقامى نامىلىرى بىلەن خوتەن مۇقاملىرىنىڭ نامىلىرى ۋە تىزىملىكىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

قەشقەر مۇقاملىرى:

1. راك مۇقامى
2. چەببىيات مۇقامى
3. مۇشاۋرەك مۇقامى
4. چارىگاھ مۇقامى
5. پەنجىگاھ مۇقامى
6. ئۆز ھال مۇقامى
7. ئەجەم مۇقامى
8. ئۇشاق مۇقامى
9. بايات مۇقامى
10. ناۋا مۇقامى
11. سىگاھ مۇقامى
12. ئىراق مۇقامى

خوتەن مۇقاملىرى

1. راك مۇقامى
2. چەببىيات مۇقامى
3. مۇشاۋرەك مۇقامى
4. چارىگاھ مۇقامى
5. پەنجىگاھ مۇقامى
6. ئۇشاق مۇقامى
7. بايات مۇقامى
8. ئەجەم مۇقامى
9. سىگاھ مۇقامى
10. ناۋا مۇقامى
11. ئۆز ھال مۇقامى
12. مۇقامى ھۇسەن
13. ئالايلوي مۇقامى

بىز يۇقىرىدا قەشقەر 12 مۇقامى بىلەن خوتەن 13 مۇقامىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆتتۇق. قىسمەن مۇقاملارنىڭ رەت تەرتىپىدە ئۆزگىرىش بولغىنى بىلەن مۇقام نامىلىرىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش ياكى پەرقىنىڭ يوقلۇقى ئىسپاتلاندى. بىراق، خوتەن مۇقاملىرى تەۋەلىكىدىكى «مۇقامى ھۇسەن» مۇقامى بىلەن «ئالايلوي» مۇقامى تۇرداخۇن ئاكا-ساقلاپ كەلگەن «12 مۇقام» تىزىملىكىدە ئۇچرىمىدى. ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات ئورنىمۇ بۇ مۇقاملارنى رەتلەش، تەتقىق قىلىشنى پىلان دائىرىسىگە كىرگۈزمىدى. شۇڭلاشقا، بۇ ئىككى مۇقام خوتەندىلا ساقلىنىپ ۋە مۇقامچىلار تەرىپىدىن سورۇنلاردا ئورۇنلىنىپ كەلمەكتە.

## 3. ئالايلوي مۇقامى

كەڭ خەلق ئاممىسى سەنئەتنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى

ياراتقۇچى بۇلاقتۇر. ئۇلار ئارىسىدا ئاجايىپ كاتتا سەنئەت قىممىتىگە ئىگە بولغان خىلمۇ خىل مەدەنىي پائالىيەتلەر، ھېكايە - چۆچەكلەر، شېئىر - قوشاقلار ۋە كىشى قەلبىنى تىترەتكۈچى مۇڭلۇق، شوخ ئاھاڭ - كۈيلەر مەۋجۇت. ئۇلارنى قېزىپ چىقىپ، بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ھەر بىر سەنئەتكارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ۋە باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىدۇر. ئەنە شۇ سەنئەت شەكىللىرىنىڭ بىرى بولغان ئاھاڭ - كۈيلەر ئارىسىدا خوتەن خەلقىنىڭ «ئالايلوي» ئاھاڭى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە مۇزىكا قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولغانلىقى بىلەن سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە.

«ئالايلوي» خوتەننىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا خامان تېپىش مەزگىلىدە ئوقۇلىدىغان ۋە كەڭ تارقالغان خامان ناخشىسىنىڭ نامى بولۇپ، مەن ئۇنىڭ مۇزىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئۇنى «خوتەن ئالايلوي مۇقامى» دەپ ئاتىدىم. ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق شارائىتىدا دېھقانلار بۇغداي، ئەنجۈرلىرىنى ھايۋانلارغا دەسسىتىش ئۇسۇلى بىلەن خامان تېپەتتى. بۇنىڭدا خاماننىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكلەنگەن مومىغا، چېگىلگەن ئارغامچىغا كاللارنى قاتار قىلىپ چېتىشتۇرۇپ، مومىنى مەركەز قىلىپ ئايلاندۇرىدۇ. كاللارنىڭ ئارقىسىدىن بىر ئادەم ئىز بېسىپ ماڭىدۇ. ئەنە شۇ ئادەم بىر قولى بىلەن قۇلىقىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قوشاقلار ئارقىلىق «ئالايلوي» مۇقامىنى توۋلايدۇ. بۇ ئاھاڭلار ناھايىتى يېقىملىق، لەرزان ۋە مۇڭلۇق بولۇپ، كۆچلۈك يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ ئاھاڭلارغا ھېچقانداق چالغۇ تەڭكەش قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭ كۈيلىرىدىكى تېمپىلارنى خامانغا قوشۇلغان كاللارنىڭ تۇيىقىدىن چىققان ئاۋازلار بەلگىلەيدۇ. «ئالايلوي» ئاھاڭىغا سېلىنغان تېكىستلەر خوتەن خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان شېۋە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. چۈنكى، «ئالايلوي» ئاھاڭلىرىنىڭ تېكىستلىرىنى دېھقانلار ئۆزلىرى يارىتقان بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆزىگە مەزمۇن قىلىدۇ. كونىلار ئالايلوي مۇقامىنى ئوقۇشنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ، ئالايلوي مۇقامىنى ئۈنلۈك (يۇقىرى) ئاۋاز بىلەن ئوقۇغاندا، باقىي ئالەمدىكى قېرىنداشلىرى ھوسۇل ئېلىش مەزگىلى بولغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇلارمۇ مول - ھوسۇل مەۋسۇمىغا تەنتەنە قىلىشىدۇ... دېيىشىدۇ.

«ئالايلوي» ئوقۇپ خامان تەپكەندە، خامان تېز يۇمشايدۇ دېگەن ئەقىدىلەرمۇ كەڭ تارقالغان. ئالايلوي مۇقامىنىڭ ئاھاڭلىرى ۋە تېكىستلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنى قىزىپ چىقىپ رەتلەپ، سىستېمىلاشقان مۇزىكا ھالىتىگە كەلتۈرۈپ بۇگۈنكى دەۋر سەنئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى زور.

ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىنسانلارغا ئېلىپ كەلگەن ئەۋزەل شارائىتلار، ھايۋان ئارقىلىق خامان تېپىشنىڭ ئورنىغا زامانىۋى ئۈسكۈنىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق خامان ئېلىشتىن ئىبارەت ئىلغار دېھقانچىلىق ئۇسۇلىنى ئومۇملاشتۇرغان بۈگۈنكى كۈندە، «ئالايلوي» مۇقامىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلار يېشى 70 ~ 80 دىن ئاشقان ساناقلىق مويسىپىتلاردىنلا ئىبارەت بولۇپ قالدى. نەتىجىدە ئەمگەكچى خەلق ئىجادىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ قىممەتلىك تەۋەرۈك يوقىلىش گىردابىغا قاراپ يۈز تۇتماقتا. مەن «ئالايلوي» مۇقامىنى ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىۋاسىتە تونۇشلۇقى بولغان سەنئەتكارلارنىڭ بۇ مۇزىكا مىراسىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 4 . خوتەن مۇقاملىرىنىڭ تېكىستلىرى

ئومۇمەن مۇقاملار تېكىستولوگىيە خۇسۇسىيىتىگە ئىگە كۈيلەر سىستېمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ تېكىستلىرى ئۇزاق دەۋرلەر مابەينىدە ئىجاد قىلىنىش، تاللىنىش، ئۆزگەرتىلىش ھادىسىلىرىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئۆزگىرىشچان زامان خۇسۇسىيىتىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ كەلگەن.

خوتەن بۇددا دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئۇزلەڭلىككە تارقىلىشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. خوتەن خەلقىمۇ شۇ دەۋرلەردىن باشلاپ بۇددا ئېتىقادى مەزمۇنىدىكى تۈرلۈك سەيلە - باراۋەت پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، شۇ ۋاقىتتىكى دىنىي پائالىيەتلەرنى مول مەزمۇن، خىلمۇ خىل شەكىللەرگە ئىگە قىلغان، ھەر يىلى 4 - ئايدىن باشلاپ 10 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا نۇقتىلىق سەيلىگاھلارغا بېرىپ سەيلە - تاۋاب قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. X ئەسىردىن كېيىن ئىسلام

دىنىنىڭ خوتەندە ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ بۇ خىل سەيلە ـ تاۋابلار بۇددا ئېتىقادى مەزمۇنىدىن ئىسلام دىنىي ئېتىقادى مەزمۇنىغا كۆچكەن. بۇ دەۋرلەردىكى سەيلىچىلەر ئىسلام غازاتچىلىرىنىڭ شېھىت بولغان سەركەردىلىرى نامىدىكى مازارىي ـ ماشايىقلارنى سەيلە ـ تاۋاب قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ، تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. مەسىلەن، باھار ۋاقتىدا باشلىنىدىغان ئىمامى ئاسىم سەيلىسى، يازدا بولىدىغان ئۇجمە مازار غوجام سەيلىسى، كۈزدە قىزىيدىغان سەھۋالىمدىكى ئۈزۈم سەيلىسى...

بۇ سەيلە ـ تاۋاب سورۇنىدا ئاشپەزلەر تاماق ئېتىۋاتقان، ناۋايلار نان يېقىۋاتقان، كاۋاپچىلار كاۋاپ پىشۇرۇۋاتقان، قوشاقچىلار قوشاق ئوقۇۋاتقان، چېلىشچىلار چېلىشىۋاتقان، مۇقام ـ مەشرەپچىلەر مەشرەپ قىزىتىۋاتقان، مەدداھلار جەڭنامە قىسسىلىرىنى سۆزلەۋاتقان، ھاپىزلار زىكىر قىلىشىۋاتقان قايناق بىر مەنزىرە شەكىللىنىدۇ. ئاشۇ سەيلىگاھلاردا ئورۇنلانغان قوشاقچىلىق، مەدداھلىق، زىكرى ـ سۆھبەت ۋە مۇقام ـ مەشرەپ قاتارلىق ئەلنەغمە تۈرلىرى خوتەن مۇقاملىرى تېكىستلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە تاكامۇللىشىشىغا مۇھىم زېمىن ھازىرلىغان. XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، ئەينى دەۋردىكى سەيلە ـ باراۋەت، بەزمە ـ مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئوقۇلغان مۇقام تېكىستلىرىنىڭ ئورنىنى نەۋائىي باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم مەشھۇر شائىرلارنىڭ لىرىك شېئىر ـ غەزەللىرى ئىگىلىدى. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە بولسا، نۆۋبىتى، زەلىلى، قەلەندەر، مەشرەپ قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ ئاجايىپ نادىر شېئىر ـ غەزەللىرى خوتەن مۇقاملىرىنىڭ ئاساسلىق تېكىستلىرىگە ئايلاندى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، يەنە يەرلىك خەلق قوشاقلىرى خوتەن مۇقاملىرىنىڭ جۈلا، سەنەملىرىدە تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ تېكىستلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

يۇقىرىقى تارىخىي ئاساسلارغا قاراپ، خوتەن مۇقام تېكىستلىرىنى تۆۋەندىكى ئىككى چوڭ نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

1) كلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىر ـ غەزەللىرى خوتەن مۇقام تېكىستلىرىدە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. «12 مۇقام» نىڭ مەيلى

قەشقەر ۋارىيانتى ياكى خوتەن ۋارىيانتى بولسۇن، ھەر ئىككىلىسىدە نەۋائىي، نۆبىتى، زەلىلى، قەلەندەر، ھۇۋەيدا، فۇزۇلى، مەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ شېئىر - غەزەللىرى تېكىست قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بىر مۇقامنىڭ ئىككى يۇرتتا ئوقۇلغان تېكىستلىرىدە مەلۇم ئوخشىماسلىق مەۋجۇت. تۆردى ئاخۇن ئورۇنلىغان چارىگاھ مۇقامىنىڭ قەشقەر ۋارىيانتىدىكى مۇقەددىمىسىگە نەۋائىينىڭ:

*سەھەر خاۋەر شەھى چەرىغ ئۆززە كىم خەيلى ھەشەم چەكتى،*
*شۇئاگىسى خەت بىلەن كوھسار ئۆزرە زەررىن ئەلەم چەكتى.*

دېگەن سەدىرە بىلەن باشلانغان غەزىلى تېكىست قىلىنغان بولسا، خوتەن ۋارىيانتىدىكى مۇقەددىمىگە نۆبىتىنىڭ:

*كۆرۈپمەن گۈلتۇرۇپتۇ باغ ئىچرە بىر دىلدار،*
*يۈزى ئايۇ، كۆزى چولپان، پەرۋەرىش ھۆرنگۈل رۇخسار.*

دېگەن مىسرالار بىلەن باشلانغان غەزىلى تېكىست قىلىنىدۇ.

تۆردى ئاخۇن ئاكا ئورۇنلىغان ئۇز ھال مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسىگە زەلىلىنىڭ:

*كىمىكى ئايرىلدى تىرىكلىك مەۋسۇمىدە يارىدىن،*
*زەپىران بەرگىسى تۆكۈلگەي ھەر نەپەس دىدارىدىن.*

دېگەن مىسرالار بىلەن باشلانغان غەزىلى تېكىست قىلىنغان بولسا، خوتەن ۋارىيانتىدا يەنە زەلىلىنىڭ:

*نامايان بولدۇڭ ئەي دىلبەر، يۈزۈڭنى ئاپتاپ ئەيلەپ،*
*قاراركاكۇل بىلەن زۇلپى، جامالىڭنى نىقاب ئەيلەپ.*

دېگەن مىسرالار بىلەن باشلانغان غەزىلى مۇقەددىمە قىلىنغان.

چەببىيات مۇقامىنىڭ قەشقەر ۋارىيانتىدىكى مۇقەددىمىسىگە

نەۋائىسىنىڭ:

*ئەي جامالىڭ مىھرىدىن، روشەن كەزەلدىن تائەبەت،*
*زەررە يەڭلىغ گۈل يورۇقلۇق ئىچرە سەرگەردان خىرەت.*

دېگەن مىسرالار بىلەن باشلانغان غەزىلى تېكىست قىلىنىپ ئوقۇلغان بولسا، خوتەن ۋارىيانتىدا مەشرەپنىڭ:

*ئادەمدىن كىشى دۇنياغا كەلدى پېشىۋاسى بار،*
*بۇ يولدا ھەر دىلنىڭ بىر مۇددىئاسى بار.*

دېگەن مىسرالار بىلەن باشلانغان غەزىلى تېكىست قىلىنغان. يۇقىرىقىدەك ئوخشاشماسلىقلار باشقا مۇقاملاردىمۇ، مۇقاملارنىڭ بۆلەكلىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. سەھىپە ئىخچاملىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالمىدۇق.

2. خوتەن مۇقاملىرىنىڭ نەغمە قىسمىغا كلاسسىكلارنىڭ قىسقا بەھىرلىك بەزى شېئىر ـ غەزەللىرى تېكىست قىلىنغاندىن سىرت، خەلق قوشاقلىرى ئىچىدىكى ئەھمىيەتلىك مەزمۇن ۋە يۇكسەك ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە نادىر ئۈلگىلەرمۇ تېكىست قىلىنغان. بۇ قوشاقلار مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

تارىخىي قوشاقلار. بۇ خىل قوشاقلار ئۆز زامانىسىنىڭ رېئاللىقىنى كۆرۈنۈش قىلىپ توقۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرد ـ ئەلەم، غەم ـ كۈلپەتلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇش ئارقىلىق، زامانىنىڭ زۇلۇم ـ زورلۇقلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان. مەسىلەن:

*ئىلىغوغا ماڭغۇنچە،*
*قاشقادا قونۇپ قالدۇق.*
*مۇساپىرلىق يامان ئىكەن،*
*دۇتارچى بولۇپ قالدۇق.*

*ئىلىخوغا كەلگۈنچە،*
*تاپىنىمغا تاش پاتتى.*
*ئۆز يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ،*
*غېرىبلىقتا باش قاتتى.*

يۇقىرىقى قوشاقلاردا مانجۇ ئىستىبداتلىرىنىڭ زورلىشى بىلەن ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن ئالتە شەھەر كۆچمەنلىرىنىڭ يۇرتىغا بولغان سېغىنىشلىق ھېسسىياتى، دەرد - ئەلەملىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۆرپ - ئادەت قوشاقلىرى. بۇ خىل قوشاقلار كىشىلەرنىڭ توي-تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغ قاتارلىق خىلمۇخىل ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنىڭ ئومۇملىشىپ، كۈندىلىك تۇرمۇش بىلەن باغلىنىپ مۇقىملىششى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن:

*سەپەرگە چىقار بولساڭ،*
*ياغ قويۇپ توقاچ ياقتۇ.*
*يول بولامدۇ، بولمامدۇ؟*
*داخانىغا چىراغ ياقتۇ.*

سەيلە - تاۋاپ قوشاقلىرى. كىشىلەر گۈزەل سەيلىگاھلاردا، ئەجدادلار تەرىپىدىن ئۇلۇغلىنىپ كەلگەن مازايى - ماشايىقلاردا سەيلە-تاۋاپ، تاماشا قىلىشقانلاردا ئۆز ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان نازۇك ھېسسىياتلىرىنى ناخشا - قوشاقلار ئارقىلىق ئىپادىلەپ كەلدى. مەسىلەن:

*مەن يارىم بىلەن باردىم،*
*سەھۋالىمغا سەيلىگە.*
*مېنى تاشلاپ كېتەرمۇ؟*
*قويۇپ بەرسەم مەيلىگە.*

مۇھەببەت قوشاقلىرى. بۇنىڭدا مۇھەببەتكە بولغان ئىنتىلىش،

سادىقلىق، ۋاپادارلىق، يارنى سېغىنىش، ۋىسال ئۈمىدى، جۇدالىق ھەسرىتى... قاتارلىق نازۇك تۇيغۇلار يەڭگىل، راۋان، ئوبرازلىق قوشاق شەكىللىرى ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. مەسىلەن:

*بېغىمىنىڭ بۇرجىكىدە،*
*بىر ئېتىزدا بىدە بار.*
*سەن يارىمىنىڭ دەردىدە،*
*يۈرىكىمدە زىبدە بار.*

ئەمگەك قوشاقلىرى. ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ۋە بەخت - سائادىتى ئەمگەكتىن ئايرىلالمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ پۈتكۈل پائالىيىتى ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ئارقىلىق تەبىئەتنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە پايدىلىق قىلىپ ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. ئەمگەك قوشاقلىرى ئەنە شۇنداق كۈرەشلەر داۋامىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، كۆچنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ھارغىنلىقنى بېسىش، غەيرەت - شىجائەتنى ئۇرغۇتۇش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

*بۇ يىل قوناق بەك بولدى،*
*ھەر تۇپىدە ئىككى باش.*
*ئىشچان بىلەن ئىشلەيمەن،*
*ھوزۇن بولسالڭ كەت ئاداش.*

خوتەن مۇقاملىرىنىڭ نەغمە قىسمىغا تېكىست قىلىنغان خەلق قوشاقلىرى يۇقىرىقىلار بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى مەۋسۇم-مۇراسىم قوشاقلىرى، ئوۋ قوشاقلىرى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە ئەئەللۇق بولغان ھەر خىل تۇر ۋە مەزمۇندىكى قوشاقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز بۇ يەردە پەقەت بىر قانچە تۇرنى كۆرسىتىش بىلەنلا كۇپايىلەندۇق.

خوتەن مۇقاملىرى ئۇچۇن تېكىستلىك رول ئوينىغان شېئىر - غەزەللەر بىلەن قوشاقلار ئۆزىدە ئىپادە قىلىنغان ئەھمىيەتلىك مەزمۇنلار بىلەنلا ئەمەس، بەلكى شەكىل تۈزۈلۈش جەھەتتىكى

يۈكسەك بەدىئىي قىممىتى بىلەنمۇ سەنئەتخۇمار خەلقنىڭ ئېستېتىك زوق رىتىمىغا ئۇيغۇنلىشىپ ۋە ماسلىشىپ كەلدى. مۇقەددىمە، داستانلار ئۈچۈن تېكىستلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن كلاسسىك بەدىئىي نەمۇنىلەر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوقۇلۇپ كېلىۋاتقان مۇقاملار ئۈچۈن ئورتاق بولغاچقا، بىز بۇ يەردە ئۇ تېكىستلەردىكى بەدىئىي بالاغەتلەر ئۈستىدە سۆز ئاچماي، پەقەت خوتەن مۇقاملىرىنىڭ نەغمە قىسمىدا ئاساسلىق تېكىست بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقان خوتەننىڭ ئۆزىگە خاس بولغان يەرلىك ناخشا - قوشاقلىرىنىڭ بەدىئىي ئارتۇقچىلىقى ۋە تىل جەھەتتىكى بەزىبىر خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا توختىلىمىز. مەنىۋى مەھسۇلاتلار تۈركۈمىگە تەۋە بولغان بارلىق سەنئەت شەكىللىرى ئۆزىدە مەلۇم بەدىئىي ئېلېمېنتلارنى جۇلالاندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن سەنئەت كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولالايدۇ. بۇ دېيىلىۋاتقان بەدىئىي ئېلېمېنت مۇئەييەن سەنئەت ئەسىرى ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولغان ھېسسىياتنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا تاللىغان شەكىل، ماتېرىيال ۋە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ يىغىندىسىدۇر. شۇڭا ھەرقانداق سەنئەت ئەسىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ياكى ئىنكار قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭ مېغىزى ھەققىدىلا ئەمەس، ئۇنىڭ شاكىلى توغرىسىدىمۇ سۆز ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ.

خوتەن مۇقاملىرىغا تېكىست قىلىنغان شېئىر - قوشاقلارمۇ تارىختىن بۇيان ئۆزىدە ئىپادە قىلىنغان ئەھمىيەتلىك مەزمۇنلارنى ئەپچىل، راۋان رېتىم، رەڭدار شەكىل ۋە پىشقان، ئوبرازلىق، چۈچۈك تىل ياردىمى بىلەن بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، تېخىمۇ چوڭقۇرلۇقتا ۋە كەڭ دائىرىلىككە ئىگە قىلغان. مەسىلەن:

*ھاۋادىكى بىر قۇشمەن،*
*يار دەردىدە بىھۇشمەن.*
*بېشىڭغا كۈن كەلگەندە،*
*ئالتۇن بىلەن كۈمۈشمەن.*

بۇ قوشاقتا «يار دەردىدە بىھوش» بولغان ئاشىق «مەن» يارى ئۈچۈن گاھى يار ئاسمىنىدىن ئايلىنىپ كېتەلمەيدىغان بىر قۇش بولسا، گاھى ئالتۇن - كۈمۈش بولۇپ يارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە يارىساز بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مۇھەببەتتىكى سادىق، ۋاپادارلىقنى جانلاندۇرۇش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ، ئادەمنى ئەرسىلەشتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن جانلىق ئىپادىلىگەن.

*يارىمنى كەلسۇن دېسەم،*
*گۆزى كەلسۇن دەممىتۇ؟*
*يورۇتقاش دەرياسىدا،*
*ئېقىپ ئۆلسۇن دەممىتۇ؟*

بۇ قوشاقتا يار ئىشقىدا ئوت - كاۋاپ بولۇۋاتقان ئاشىقنىڭ نازۇك رەنجىش تۇيغۇسى مۇبالىغە ۋاستىسى بىلەن بەدىئىي يۈكسەكلىككە ئىگە قىلىنغان.

*سۆيۈنۈالدىم دالىدا،*
*قاپاق تېرەك ئالدىدا.*
*دوزاخ ئوتى ئوتمىكەن،*
*كۆيۈك ئوتى ئالدىدا.*

بۇ قوشاقتا دوزاخ ئوتى بىلەن كۆيۈك ئوتى سېلىشتۇرۇلۇپ، ئىشق - مۇھەببەت ئۇلۇغلانغان.

*قالىغاچلار ئۇۋۇلايتۇ،*
*پېشايۋاندا پەرماندا.*
*بىر شۇنداق ئۆتەرمىزمۇ،*
*كۆيۈك ئوتى — ئارماندا.*

*يارىمنىڭ قارا ساچى،*
*چۈشۈپتۇ زىناقىغا.*

*خەقنىڭ يارىنى يار دەپ،*
*گۈلەيمۇ ئاياقىغا.*

بۇ قوشاقلار شۇنچىلىك تەبىئىي ئېيتىلغانكى، ئۆزىنىڭ پىكىر ئىپادىلەشتىكى سېھرىي كۈچى بىلەن كىشىنى ھاياجانغا سالىدۇ. خوتەن مۇقام تېكىستلىرىنىڭ تىل ئىستېمالىدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بار. يەنە چاغاتاي ئامىللىرى، خەنزۇ تىل ئامىللىرى، يېڭى زامان تىلى، بولۇپمۇ يەرلىك شېۋە ئامىللىرى دېگۈدەك كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، تۆۋەندىكى قوشاقلارنى كۆرۈپ باقايلى:

*گۈل يېنىمدا بەنجالىڭ ياتىتۇ،*
*سول يېنىمدا پەيجالىڭ ياتىتۇ.*
*تاڭ - تاڭ قىلماي ئاستا كەلسىلە،*
*بىزنىڭ مەلىنى بۇجالىڭ باقىتۇ.*

*بىزنىڭ باغدا زارالىخىزا،*
*ئىچىملىيتىۇ بەش ياڭخىزا.*
*مەن ھېچكىمگە كۆيمەيتتىمىز.*
*ساڭا كۆيدۇم ياڭگاڭخىزا.*

چاغاتاي تىلى ئامىللىرى خوتەن مۇقام تېكىستلىرىدە ناھايىتى قويۇق، ئۇنى كۆپتىن - كۆپ ئۇچرىتىش مۇمكىن. ئەسلىي تىل ئىستېمالىدا ھازىرقى زامان تىلى بىلەن ئارىلىشىپ كېتكەن. بۇ يەردە يەنە تىلغا ئېلىش زۆرۈر بولغىنى، خوتەن مۇقام تېكىستلىرىدىكى يەرلىك شېۋە ئامىللىرىنىڭ بىرقەدەر قويۇقلۇقىدىن ئىبارەت. تۆۋەندىكى قوشاقلارنى كۆرۈپ باقايلى:

*ئۈستەڭ بېشىدا كاتتۇ،*
*ئايىمخان دۇتا چاتتۇ.*
*ئايىمخان دۇتا چالسا،*

*گەمتاخۇن ھالىڭ قانتو.*

*ئۈستەڭلەگە سۇ كەلدى،*
*ئازما - ئازما ئاقسياپ.*
*مىنىڭ يارىم ساي كەلدى،*
*تولۇنئايدەك ياقسياپ.*

تېكىستلەردىكى بۇ خىل يەرلىك ئالاھىدىلىك خوتەن مۇقاملىرىنىڭ يەرلىك خۇسۇسىيىتىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ توردى ئاخۇن ئاكا ئۇقۇغان «12 مۇقام» نىڭ قەشقەر ۋارىيانتى ۋە باشقا جايلار ۋارىيانتىدىن پەرقلىق بولغان خاسلىقىنى نامايان قىلىدۇ.

## 5. خوتەن مۇقاملىرىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا

«12 مۇقام» نى ھازىرقى زامان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش توغرىسىدا سۆز ئېچىلسا، خېلى كۆپ كىشىلىرىمىزنىڭ كۆڭلى بىرقىسما بولىدۇ ياكى ياقتۇرمايدۇ، ھەتتا قارشى تۇرىدۇ. بىزنىڭ بۇ خىل كۆزقاراشتىكى كىشىلەرنى ئەيىبلەش نىيىتىمىز يوق. خۇددى بىزنىڭ «12 مۇقام» نى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش تەسەۋۋۇرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئەركىنلىكىمىز بولغاندەك، ئۇلارنىڭمۇ «12 مۇقام» نى شۇ پېتى ساقلاپ قېلىش، ئۇنى قىلچە ئۆزگەرتمەي قانداق ئەسلى ھالىتىدە — قىلماسلىق تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئەركىنلىكى بار. «12 مۇقام» پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت بايلىقى. سەنئەتكارلارنىڭ «12 مۇقام» نىڭ ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ، ئۇنى دۇنيا سەھنىسىدە تېخىمۇ جەۋلان قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەر تۆكۈش مەجبۇرىيىتى بار. شۇڭا «12 مۇقام» تەتقىقاتىغا ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنىڭ چىقىشى بىزنىڭ تەتقىقاتىمىزنىڭ تېخىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق. قايسىبىر ئالىم: «جاۋاھىراتلارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن چاقنىغان ئوت

يالقۇنلىرىدىن ھەقىقەت چىقىدۇ» دېگەنىكەن. ئەمدى گەپ مۇقامنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنى ھازىرقى ئىسلاھات دەۋرىگە ماسلاشتۇرۇش مۇمكىنمۇ، يوق، دېگەن مەسىلىدە.

ئۇيغۇر مۇقاملىرى نۇرغۇنلىغان ئالىملىرىمىز ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە شۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، دەۋر روھىدىن ئۆز ۋۇجۇدىغا مەلۇم ئوزۇق قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىي غولىدىن ئاجراپ كەتمىگەن ئاساستا تەرەققىي قىلىپ، تېخىمۇ تاكامۇللىشىپ باردى. مەسىلەن، مۇقامنى ئورۇنلاشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ ئېيتساق، پارسلاردىن ئەرەبلەرگە كىرىپ، ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان راۋاب، تەمبۇر، ساتار قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلارغا ئاساسەن شۇ دەۋردە ئۇيغۇر مۇزىكا ئۇستازى قىدىرخان يەركەندى بەش تارلىق راۋابنى ئىجاد قىلغان. پارس ۋە ئەرەبلەر ئىشلەتكەن دەسلەپكى تەمبۇرنىڭ يۇزىگە تىرە تارتىلغان بولۇپ، شۇ چاغدا ئۈچ تارلىق ئىكەن. ئۇيغۇر سازەندىلىرى ئۇنى ياغاچقا ئۆزگەرتىپ بەش تارلىق قىلىش بىلەن ھازىرقى ھالەتكە كەلتۈرگەن. يازما ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر سازەندىلەر پارسلارنىڭ «سەيتارى» بىلەن ھىندىلارنىڭ «ساتار» ىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق ھازىرقى ساتارنى ئىختىرا قىلغان. يۇقىرىقى ئەھۋالدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئەجدادلىرىمىز ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى رەتلەپ قېلىپلاشتۇرۇشتا، چالغۇ ئەسۋابلارنى ئۆزگەرتىپ ياساش ياكى يېڭىدىن كەشىپ قىلىشتا، ئەرەب - پارس مەدەنىيىتىنىڭ بايلىقلىرىدىن مەلۇم دەرىجىدە پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆز مۇزىكا سەنئىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ تاكامۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان.

نۇرغۇنلىغان پاكىتلاردىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، دۇنيادا ھېچقانداق بىر ساپ مىللەت بولمىغىنىدەك، ھېچقانداق بىر ساپ مەدەنىيەتمۇ بولمايدۇ. ئەگەر بىر مىللەت ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ساپلىقىنى نەچچە ئەسىر شۇ پېتى ساقلاپ قېلىش كېرەك بولغاندا، ئىشىك - دېرىزىلەرنى مەھكەم تاقىۋېلىپ، ھەتتا قوشنىلىرى بىلەنمۇ

بېرىش - كېلىش قىلماسلىققا توغرا كېلىدۇ. نەتىجىدە،شۇ مىللەت ۋە شۇ مىللەتنىڭ پەن - مەدەنىيىتى قانچىلىك ۋاقىت بېكىنمە ھالەتتە تۇرغان بولسا، دەۋر تەرەققىياتىدىن شۇنچىلىك ئارقىدا قالغان بولىدۇ. بىز دۆلىتىمىزنىڭ يېقىنقى تارىخىغا نەزەر سالساقلا بۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز، جۈملىدىن بىزنىڭ مۇزىكا سەنئىتىمىزمۇ شۇنداق. ئۇيغۇر مۇقاملىرىمىز ئۇزاقتىن بېرى ئۆز غولىنى زورايتىش ئۈچۈن، ئۆزىنى مىللەتنىڭ ئېستېتىك زوقىدىكى ئۆزگىرىشكە، يۇكسىلىۋاتقان مىللىي روھىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق تۈردە يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىپ كەلدى. بۇ خىل قوبۇل قىلىش ھەرگىزمۇ ئەسلىدىكىدىن ۋاز كېچىش بولماستىن، بەلكى ئەسلىدىكىدىن تېخىمۇ قۇدرەت تاپقۇزۇش، گۈللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇر مۇقام - مۇزىكىلىرى ئەسىرلەردىن بېرى تەرەققىي قىلىپ، تاكامۇللىشىپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، كىشىنىڭ كۆزىنى چاقناتقۇدەك قىممەتلىك گۆھەرگە ئايلاندى.

مەن ئۇيغۇر مۇقام مۇزىكىلىرىنى ھازىرقى زامان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا، ۋارىسلىق قىلىش، ساقلاپ قېلىش ئاساس، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاچقۇچ بولۇشى كېرەك، دەپ قارايمەن. بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم، ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى ئالدى بىلەن ئۆز مىللىتىگە مەنسۇپ بولغان مۇقام مۇزىكىلىرىنى ئۆگىنىشى، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشى، ئۇنى ئۆزىنىڭ سەنئەت ھاياتىدا روھقا ئايلاندۇرۇشى كېرەك. ئەگەر بۇ ئۇيغۇر سەنئەتكارى قانداقتۇر ئۇيغۇر مۇقام مۇزىكىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ياخشى ئىگىلىمەي تۇرۇپ، ئۇنى ئۆزگەرتىمەن، ئىسلاھ قىلىمەن دەيدىكەن، ئۇ چوقۇم ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ۋارىسلىق قىلىش كېرەك. بىراق ۋارىسلىق قىلىش دېگىنىمىز، مۇقامنى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە بېشىمىزغا ياستۇق قىلىپ يېتىۋېلىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى دەۋر روھىنى، دەۋر تەرەققىياتىنى، كىشىلەرنىڭ سەنئەتكە بولغان ئېستېتىك زوقىنى توغرا مۆلچەرلەپ، مۇقام مۇزىكىلىرىنى دەۋر تەرەققىياتىنىڭ، كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك زوقىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇشتىن

ئىبارەت. چۈنكى دەۋر روھى ئۆزگەردى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك زوق تەلىپىدە، سەنئەتكە بولغان باھاسىدا ۋە ئۆلچىمىدە ئۆزگىرىش بولدى. مانا بۇ ئامىللار بىزنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتىمىزنىڭ ئالدىغا ھەم قىيىن، ھەم مۇرەككەپ، ھەم يېڭى بىر مەسىلىنى قويدى. بۇ مەسىلە بىزنىڭ ئەسلىدىكى تۇز لىنىيىلىك تەرەققىيات ئۇسلۇبىمىزنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئەسلىدىكىدىن باشقا تىك، توغرا لىنىيىلىك ۋە كۆپ قاتلاملىق تەرەققىيات ئۇسلۇبىنى يېتىلدۈرۈشىمىزگە تۈرتكە بولدى. بىر نەچچە يىلدىن بېرى، بىزنىڭ مۇقام مۇزىكىلىرىمىزنى بېيىتىش روھىمىز بىر تۈركۈم ياش تاماشىبىنلارنىڭ سالقىن مۇئامىلىسىگە ئۇچرىدى. سەھنىلەردە، توي-تۆكۈن، سورۇنلاردا ئەنئەنىۋى سەنئەتنىڭ ۋەكىلى بولغان ئۇيغۇر مۇقام مۇزىكىلىرىنىڭ تەدرىجىي يوقاپ كېتىشى ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتقان ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىنى قاتتىق ئويغا سالماي قويمايدۇ. ئەھۋال مۇشۇ پېتى تەرەققىي قىلىپ كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تاماشىبىنلىرى پەقەت پېنسىيىگە چىققانلار ۋە ياشانغانلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدۇ. ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە بالىلار مۇقام مۇزىكىلىرىغا قىزىقمىسا، كەلگۈسىدە ئاشۇ پېشقەدەملەردىن كېيىن قالغاندا ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىدە قانداق ئىشلار يۈز بېرەركىچى؟

مەنىۋى ئوزۇقنى بىز مىسال ئۈچۈن بىر خىل مەھسۇلات دەپ قارىساق، ھەرقانداق بىر مالنى بازار ئېھتىياجىغا قاراپ ئىشلەپچىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىستېمالچىلارنىڭ قىزىقىش تەلىپىگە قاراپ، مالنى ئۆز ۋاقتىدا يېڭىلاپ تۇرمىغاندا، ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچرىشىمىز تەبىئىي. بىزنىڭ مۇزىكا سەنئىتىمىز بىر خىل مەنىۋى ئوزۇق. بىر چاغلاردا بىزدە مەنىۋى ئوزۇق تولىمۇ كەمچىل ئىدى. بىز پەقەت مۇقامدىن ئىبارەت ئوزۇقىلا قاراشلىق ئىدۇق. پەقەت مۇشۇنىڭدىن لەززەتلىنىپ شۈكۈر ـ تاقەت قىلاتتۇق. ياشلارمۇ، پېشقەدەملەرمۇ، بالىلارمۇ شۇنداق قىلاتتى. ھازىر ئۇنداق ئەمەس. سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بېرى پاكىستان، ھىندىستان، تۈركىيە، ياپونىيە، ئامېرىكا... قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مۇزىكا سەنئىتى بىزنىڭ مەدەنىيەت

بازارلىرىمىزغا ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى. ئەگەر بىز مۇشۇ دەۋردە چەت ئەل مۇزىكا سەنئىتى بىلەن بازار تالىشىش ئۈچۈن جىددىي ئاتلانمايدىغان بولساق، ئۇ چاغدا ئۆز بازىرىمىزنى چەت ئەل سەنئىتىگە تارتقۇزۇپ قويىمىز ـ دە، تۇپرىقىمىزدا تۇركۈملەپ چەت ئەل سەنئىتى زوقمەنلىرىنىڭ يېتىلىپ چىققىنىنى چىققان بولىدۇ. بىز ئۇنىڭغا ئاغزىمىزنى ئاچقىنىمىزچە قاراپ قېلىۋېرىمىز.

بازار تالىشىش دېگىنىمىز، چەت ئەل سەنئىتىنىڭ سەھنىلىرىمىزدە كۆرۈلۈشىنى چەكلەش دېگەنلىك ئەمەس. قوپاللىق بىلەن چەكلەش كىشىلەردە بىر خىل قارشىلىشىش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ ـ دە، ئەكسىچە چەكلەش تەشەببۇس قىلىنغان نەرسە تېخىمۇ يامراپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۆز مىللىي مۇزىكا سەنئىتىمىزنىڭ رىقابەتچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، يېڭىچە ئىپادىلەش ئۇسلۇبى، يېڭىچە تېخنىكا ۋە ئۆزگىچە خۇسۇسىيەت بىلەن مۇقام مۇزىكا سەنئىتىنىڭ جامائەتچانلىقىنى كېڭەيتىشىمىز ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم.

نۆۋەتتىكى ئىسلاھات دەۋرىدە مۇقام مۇزىكىلىرىنىڭ سەنئەت بازىرىدىكى ئورنىنى كېڭەيتىش، ئۇنى ھازىرقى زامانغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭ بىر قىسىم سەنئەتلىرىنى مۇقام سەنئىتىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا كىرگۈزۈشكە بولامدۇ، يوق؟ بۇمۇ بىزنىڭ ئەستايىدىل ئويلاپ كۆرۈشىمىزگە تېگىشلىك بىر مەسىلە. مېنىڭچە كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك زوق ۋە سەنئەت ئۆلچىمىگە بولغان قارىشىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇيغۇر «12 مۇقام» نى ھازىرقى زامان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا، چەت ئەلنىڭ ئىلغار چالغۇ ـ ئەسۋابلىرىنى ۋە ئىپادىلەش تېخنىكىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. بىراق بۇلارنى ئۆزىمىزنىڭكىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۆزىمىزنىڭكىنى ئىسلاھ قىلىپ، دەۋر ئېقىمىغا ماس ھالدا تېخىمۇ بېيىتىش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرساق، بۇ ئەلۋەتتە پايدىلىق. لېكىن مۇقامنى ئىسلاھ قىلىشتا ئۆز مەدەنىيىتىمىزگە يۇغۇرۇلمايدىغان بەزى نەرسىلەرنى زورلاپ تاڭساق، ئۇ چاغدا ئۆز مەدەنىيىتىمىزنى تۈيۈق يولغا باشلاپ قويىمىز. خەلقىنىڭ، تارىخىنىڭ لەنەت ـ نەپرىتىگە قالىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن جۈرئەتلىك ھەم

**ئېھتىياتچان پوزىتسىيىدە بولۇشىمىز كېرەك.**

**بىز مۇقاملارنى يېڭى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئېستېتىك تەلىپى ۋە سەنئەت ئۆلچىمىگە لايىق ھالدا ئىسلاھ قىلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىمىزدا، مۇقاملارنىڭ تېكىستىنىمۇ ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسىنى دىققەت نەزەرىمىزدىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەك.**

---



*ئاتاقلىق مۇقامچى ۋە مۇقام تەتقىقاتچىسى ئابدۇللا مەجنۇن 1955 - يىلى 4 - ئايدا خوتەن شەھىرى يېڭى كۆلباغ مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1962 - يىلىدىن 1975 - يىلىغىچە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇغان. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام ئانسامبلى مۇقام تەتقىقات ئىشخانىسىدا ئىشلەۋاتىدۇ.*

*ئابدۇللا مەجنۇن سەنئەتخۇمار ئائىلىسىنىڭ تەسىرىدە كىچىكىدىنلا ناخشا - مۇزىكىغا ئوتتەك ئىشتىياق باغلاپ، ئۆزىنىڭ كېيىنكى سەنئەت تالانتىغا پۇختا ئاساس سالغان.*

*ئۇ 1971 - يىلى يېزىغا چۈشكەن مەزگىلدە زىيالىي ياشلارنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر يۈرۈش ناخشىلارنى ئىجاد قىلىپ، ناخشا - مۇزىكا ئىجادىيىتىنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باستى؛ كەڭ ھەۋەسكارلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بىر نەچچە قارار كۇرس ئېچىپ، بىر قىسىم مۇقامچى، سەنئەتكارلارنى تەربىيىلىدى؛ «ئابدۇراخمان خان پاشا»، «ياليۇزخان»، «ھەۋزىخان»، «ئەبەيدۇللاخۇن» قاتارلىق خەلق داستانلىرىنى رەتلىدى ۋە بىر قىسىملىرىنى «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇردى. «قاراقاش خەلق قوشاقلىرى» توپلىمىنى ئىشلىدى؛ «ئالمىچى ئانا»، «يول بولسۇن» قاتارلىق قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى نەشر قىلىندى؛ «دىلتار» ناملىق چالغۇ ئەسۋابىنى كەشىپ قىلىپ، پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى؛ ياپونىيە قاتارلىق نۇرغۇن دۆلەت ۋە شەھەرلەردە ئويۇن قويۇپ، ئېلىمىزگە شان - شەرەپ كەلتۈردى؛ ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون، مەملىكەت دەرىجىلىك مۇسابىقە، كۆرەكلەردە بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ھازىر ئۇ «ئەجەم»، «بايات»، «سىكاھ» قاتارلىق مۇقاملارنى رەتلەش، تولۇقلاش ئىشلىرىغا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلماقتا.*

ئابدۇللا سۇلايمان

# خوتەندە سانايىنەفسەنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى

خوتەندە سانايىنەفسەنىڭ قۇرۇلۇشى «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە قەيت قىلىپ ئۆتىمىزكى، 1933 - يىللىرى ئۈرۈمچى ۋە ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ھەر مىللەت ئۇيۇشمىلىرى ئارقىمۇئارقا قۇرۇلغان بولسىمۇ، خوتەندە 1938 - يىلى 3 - ئايدا ئاندىن بۇ خىل ئۇيۇشمىلارنىڭ قۇرۇلۇشى يەرلىك مىلىتارىست ما جۇڭيىڭ ۋە ما خوسەننىڭ خوتەندە قۇرغان بۆلۈنمە ھاكىمىيىتى بۇ زور ئېقىمنى بەش يىل توسۇپ تۇرغانىدى. 1931 - يىلى قوزغالغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا «ياردەم بېرىش» نامى بىلەن شىنجاڭغا چىققان ما جۇڭيىڭ زور سىياسىي مۇددىئاسىنى چىقىش قىلىپ، شەرقىي شىنجاڭ ۋە ئۈرۈمچى ئەتراپلىرىدا ئايلىنىپ ئۇرۇش قىلغاندىن كېيىن، 1934 - يىلى 4 - ئايدا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. جەنۇبىي شىنجاڭدا بۆلۈنمە ھاكىمىيەت قۇرۇشنى پىلانلىغان بۇ بالاخور 1934 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئىگىلىدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن، ئۇنىڭ 36 - دېۋىزىيىسى مارالبېشى، قاغىلىق ۋە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرى بىلەن چەرچەننىڭ ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. 1934 - يىلى 6- ئاينىڭ 13 - كۈنى قاراقاشقا كەلگەن ما جۇڭيىڭ ۋە ماخوسەن قىسمى 1937 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە خوتەن خەلقىنىڭ شىللىسىگە مىنىپ، 40 نەچچە خىلدىن ئارتۇق باج - سېلىق، ئالۋان- ياساق بىلەن بىگۇناھ خەلقنى زار - زار قاقشاتتى. دوتەيلىكتىن ئۇنبېشىلىقىچە ماخوسەن تەرىپىدىن قويۇلغان بۇ بۆلۈنمە ھاكىمىيەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك قورچاق ئەمەلدارلىرى خەلق ئىچىدىكى

ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلدى. ئۈرۈمچى ۋە باشقا ۋىلايەتلەردىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ خەۋەرلىرىنى قاتتىق قامال قىلدى. قاراقىغۇ تاغ ۋە تەۋەككۇل قاتارلىق جايلاردا 1935 - ، 1936 - يىللىرى ما خوسەننىڭ زۇلۇمى ۋە باج - سېلىقىغا قارشى كۆرەشلەر مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، دەھشەتلىك تۈردە باستۇرۇلۇپ، تالاي كىشىلەر ئۆلتۈرۈلدى. 1937 - يىلى 10 - ئۆكتەبىردە ئۆلكە ئارمىيىسى خوتەنگە كەلگەندىلا ئاندىن شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى خوتەندە تىكلىنىپ، ئۇيۇشمىلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى.

خوتەن ۋىلايەتلىك «ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قارىمىقىدىكى بۇ سانايىنەفىسە ئەينى چاغدىكى فېئودال خۇراپاتلىق، نادانلىق، قاششاقلىق، نامراتلىق ئىلكىدە تۇرۇۋاتقان خوتەن رايونىغا نىسبەتەن چوڭ ئىش ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى ناخشا - ئۇسسۇلغا ئامراق، غەم - قايغۇلىرىنى، كۈلكە - شادلىقلىرىنى، ئارزۇ- ئارمانلىرىنى ناخشا - ئۇسسۇل ئارقىلىق ئىپادىلەپ كېلىۋاتقان خەلقنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا يېڭى جانلىنىش ئېلىپ كەلدى.

«چايخانا مەكتەپ» (1 - باشلانغۇچ مەكتەپ) خوتەن سانايىنەفىسەنىڭ ئورنى بولۇپ، تۇنجى تۇركۇمدە تۆت مۇزىكانت ئۇيۇشما تەرىپىدىن مەخسۇس بەلگىلىنىپ، مائاشى ئورنىغا بۇغداي بېرىلىپ، كەسپىي خىزمەتلەر قانات يايدۇرۇلدى. سانايىنەفىسەنىڭ دەسلەپكى مۇدىرى ئوبۇلقاسىم ئابىت ئۇيۇشمىنىڭ بىۋاستە ئىقتىسادى بىلەن مەتتىمىن توختى، قاھارجان، ئابابەكرى تۇرسۇن، مەھەممەت رەجەپ قاتارلىق ئىلغار پىكىرلىك ياشلارنى جەلپ قىلىپ، بىر تەرەپتىن، بازار - رەستىلەردە نۇتۇق سۆزلەپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىئانە توپلاشقا سەپەرۋەر قىلسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئارتىس قوبۇل قىلىش، مۇزىكا ئاھاڭلىرى ۋە ئۇسسۇل تەييارلاش، تېكىست يېزىش، سەھنە كىيىملىرىنى تېپىش قاتارلىق ئىشلارنى ئالدىراش، قىزغىن ۋە خالىسلىق بىلەن ئىشلىدى.

خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ھوشۇرنىياز مۇپتى ئاخۇنۇم، مۇئاۋىن رەئىسى ياقۇپجان، ئەۋقاپ (مالىيە) مۇدىرى ئەمەت ھاجى قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر، خەلقپەرۋەر زاتلارنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە بىۋاستە ياردىمى بىلەن بۇ سانايىنەفىسە تۇنجى قېتىم ئۇيۇشما ئورۇنلاشقان سارايىنىڭ ھويلىسىدا ئويۇن كۆرسەتتى.

خوتەن سانايىنەفىسە تەركىبىدە، تالىپ ئاخۇن، ئابدۇرېھىم

لىتىپ (ئىسكىرىپكىچى)، ئابلىز (چاڭچى)، ئوبۇل (نەيچى)، نادىرخان (داپچى) قاتارلىق مۇزىكانتلار؛ جورنۇاي، ئابلىز ھاجى، زىيائىدىن، ئابدۇرۇپ، روزى قارى، ماخمۇتجان قاتارلىق ناخشىچى، ئۇسسۇلچى ۋە رەسساملار ئىشلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، 1938 - يىلى 7 - ئايلاردا، زىياۋۇدۇن، ھاجى خانىم، ھوشۇر ئەيسا، نۇسرەت، ئابدۇقادىر روزى، ئابلىز ماخمۇتجان، تۇرسۇن توختى، دىمىن ئاخۇن، ئىمىن ئاخۇن، ئوبۇل ئاخۇن، ئابدۇقادىر خوجا قاتارلىق سەنئەتكارلار سانايىنەفىسىگە ئىشتىراك قىلىنىپ، كەسپىي ۋە كۆلەم جەھەتتە دەسلەپكى ئاساس يارىتىلدى.

خوتەندە بۇ سانايىنەفىسەنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە دەسلەپكى ئويۇننى قويۇشقا قەدەر بولغان قىسقا جەرياندا ئىلغار پىكىرلىك خەلقپەرۋەر زات، يېڭىچە مەكتەپ مائارىپى ئۈچۈن تۆھپە كۆرسەتكەن پېداگوگ، ماھىر سەنئەتچى ھاجى خانىممۇ ئالاھىدە رول ئوينىدى. ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشى «ئىمانسىزلىق» دەپ قاتتىق ئەيىپلىنىدىغان ئاشۇ يىللاردا ئوتتۇرا شەرق ۋە مەركىزىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدە ئوقۇپ، يۇقىرى مەلۇماتى بىلەن ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنى ياقىلاپ، ئۆز يۇرتى ۋە خەلقى ئۈچۈن ھارماي - تالماي تەشۋىقاتچىلىق قىلىۋاتقان بۇ ئايالنىڭ سانايىنەفىسە ئۈچۈن كۆرسەتكەن زور تىرىشچانلىقلىرى ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى خىزمەت ئەمەس ئىدى.

خوتەن سانايىنەفىسەنىڭ شەھەر ئىچىدىكى ئويۇن قويۇش ئورنى «سىپسىق كۆل» (ھازىرقى خوتەن شەھەر ئىلچى يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدۇ) بىشىدىكى «جورنۇاي چايخانىسى»، يەنى بورا كەپە بولۇپ، كەپە ئىچىگە سەھنە تەييارلىنىپ، گازۋاي چىراغ ئېسىلىپ، نومۇرلار كۆرسىتىلەتتى. دەسلەپكى مەزگىللەردە ئايال ئارتىسلارنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىشقا مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، شۇنداقلا ئاياللار ئىچىدىن ئارتىس بولۇشنى خالايدىغانلار ئاساسەن بولمىغانلىقتىن، ئەر ئارتىسلاردىن ئەمەت ئۆمەر، يۈسۈپ نىياز، زىيائىدىن قاتارلىقلار ئاياللارنىڭ رولىنى ئېلىپ چىقاتتى. ئۇلارنىڭ ئايالچە نەپىس كىيىم - كېچەكلىرى، لاتاپەتلىك ئۇسسۇللىرى، ناز - كەرەشمىلىرى، زىل ۋە خۇشخۇي ئاۋازلىرى تاماشىبىنلاردا زور قىزىقىش ۋە قايىللىق ھېسسىياتىنى پەيدا قىلغانىدى.

1938 - يىلى «ئايخان» (ئۆزبېكىستاندا يېزىلىپ ئوينالغان) ئوپېراسى تۇنجى بولۇپ بۇ سانايىنەفىسە تەرىپىدىن ئوينالدى. ئايال باش پېرسوناژ رولىنى ئېلىپ چىققان زىيائىدىن تاماشىبىنلار

تەرىپىدىن ئالاھىدە ئالقىشلاندى. شۇ يىلى يەنە بۇ ئۆمەك مەمتىمىن توختى، ئابابەكرى تۇرسۇننى ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىپ، ئۇرۇمچى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدىن كۆچۈرۈپ ئەكەلگەن «مونەكۋاي» ناملىق كومېدىيىنى سەھنىلەشتۈرۈپ، نويابىر ئايلىرىدا تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. ناخشا - مۇزىكىنى ئاساس قىلغان بۇ كومېدىيىدە نەشىكەشلەر ئۆتكۈر ھەجۋىي قىلىنغان بولۇپ، كۆرگۈچىلەر تەرىپىدىن قىزغىن ئالقىشلانغاچقا، قاراقاش، لوپ ناھىيىلىرىدىمۇ ئوينالدى.

1939 - يىلى بۇ سانايىنەفىسىگە تۇرسۇن قادىر، ئابلىمىت روزى، ئەيسا ياسىن، ھەدىيەخان، ھاۋا ساقى، ھاۋاخان، تۇنىساخان، مۇنەۋۋەرخان، سانىخان (خۇيزۇ)، ئالىمخان، ئەمبەرنىسا قاتارلىقلار قوشۇلدى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بىر ئىش شۇكى، شۇ يىلى خوتەن شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى گۈلباغدا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مەبلىغى ۋە بىۋاستە ئىشلىشى بىلەن زامانىۋى پاسونلۇق 1 مىڭ 200 كىشىلىك «خەلق كۇلۇبى» سېلىنىپ (كېيىنرەك «قىزىل يۇلتۇز» كۇلۇبى دەپ ئاتالغان بۇ تىياتىرخانا 1973 - يىلى كۆيۈپ كەتتى)، ئويۇن تەييارلاش، ئويۇن قويۇش ۋە باشقا تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن دەسلەپكى قەدەمدە ياخشى شارائىت ھازىرلاندى.

1940 - يىلى خوتەندە تۇنجى قېتىملىق مۇزىكا ئۆگىنىش كۇرسى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ كونكرېت تەشكىللىشى بىلەن ئوقۇش باشلىدى. ئون نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان بۇ ئۈچ ئايلىق كۇرسقا تاشكەنتلىك ھاجى مۇھەممەت ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنىپ ئىسكىرىپكا، نەي، چاڭ، تەمبۇر، داپ قاتارلىقلارنى ئۆگىنىش ئاساس قىلىندى.

ئويۇن تەييارلاش، ئويۇن كۆرسىتىش جەھەتلەردىكى كەسپىي خادىم، ئورۇن قاتارلىق زۆرۈر تەييارلىقلار پەيدىنپەي تولۇقلانغان ۋە ياخشىلانغانلىقتىن، بۇ سانايىنەفىسە 1941 - يىلىدىن باشلاپ ناخشا-ئۇسسۇل، ئېتوت ۋە مۇقام مۇزىكىلىرىنى كۆرسىتىشتىن، دراما - ئوپېرالارنى سەھنىلەشتۈرۈپ ئويناشقا تەرەققىي قىلدى. بۇ يىللاردا، «چىمەنگۈل» (1941 - يىلى)، «قانلىق داغ» (1942 - يىلى)، «رابىئە - سەئىدىن» (1943 - يىلى)، «غېرىپ - سەنەم» (1943-يىلى)، «لەيلى - مەجنۇن (1944 - يىلى)، «پەرھات - شېرىن» (1945 - يىلى)، «تاھىر - زۆھرە» (1945 - يىلى)، «ھارۋا باسقان» (1945 - يىلى)، «ئارشىن مال ئالان»، «ئوينىغاننىڭ

دەردى شۇ» ، «سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ» ، «ئۆگەي ئانا» (1946 - يىللىرى) قاتارلىق دراما - ئوپېرالار سەھنىلەشتۈرۈلۈپ، كەڭ تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ سەھنە ئەسەرلىرى «خەلق كۈلۈبى» ، «چايخانا مەكتەپ» قورۇسى، قاراقاش ۋە لوپ ناھىيىلىرىدە بەزىلىرى بىر قانچە ئون مەيدان، بەزىلىرى ئۈچ - تۆت مەيدان كۆرسىتىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، ئۇلارنىڭ كۈنسېرى ئويغىنىۋاتقان ئېڭىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، خوتەن سانايىنەفىسىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللۇق كونسېرت نومۇرلىرى، ئارقىمۇئارقا سەھنىلەشتۈرۈپ ئوينىغان دراما - ئوپېرالىرى ھەر ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەر، سەنئەتخۇمار كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىپ، خوتەندە دراما ئويناش قىزغىنلىقىنى پەيدا قىلدى. شۇ سەۋەبتىن، 1943 - يىلى خوتەن قورچاق جىڭساجۇي ئۆز ئالدىغا «سەنئەت گۇرۇپپىسى» تەشكىللەپ، ئەييۇك باشلامچىلىقىدا رېژىسسورلار، مۇزىكانتلار، ئارتىست ۋە ئارتىستكىلار ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا جەم بولۇپ، ئۆز ئالدىغا «غېرىپ - سەنەم» ۋە «لەيلى - مەجنۇن» ئوپېراسىنى تەييارلاپ، ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. بۇ «سەنئەت گۇرۇپپىسى» ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۆلۈم ئەزالىرى، كەسپىي دوختۇر، تەرجىمان قاتارلىق مەمۇرىي ۋە كەسپىي خادىملار بولۇپ، غۇلجا، ئۈرۈمچى، كۈچار، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىن كېلىپ خوتەندە خىزمەت قىلىۋاتقان بۇ كىشىلەر كەسىپكە پىششىقلىقى، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى قىزغىنلىقى بىلەن ھۆرمەتكە ئېرىشىپلا قالماستىن، سەنئەت ماھارىتى خېلىلا يۇقىرى بولغاچقا، ئۇلار ئوينىغان يۇقىرىقى دراما - ئوپېرالارنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىمۇ كۆرۈنەرلىك بولغانىدى.

خوتەن سانايىنەفىسىنىڭ ئون نەچچە يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىدە مەشھۇر كومېدىيىلىك ئارتىس، شۆھرەتلىك خەلق قىزىقچىسى مەرھۇم ئەمەت ئۆمەرنىڭ رولى ئالاھىدە زور بولدى. 1939 - يىلى 9 - ئايدا ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى خوتەن باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلگەن ئەمەت ئۆمەر ئۆزىنىڭ تۇغما سەنئەت تالانتى، ئوچۇق - يورۇقلۇقى، يۇمۇرىستىك تىلى ۋە ئۇسسۇل ماھارىتى بىلەن ئۆمەكتە چاپسانلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇ 1943 - يىلىدىن 1947 -

يىلىغىچە بۇ سانايىنەفىسنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەش داۋامىدا لەپەر ئورۇنلاپ، كومېدىيە ۋە دراما - ئوپېرالاردا ئاساسلىق رول ئېلىپ، قىزغىنلىقى، زېرەكلىكى بىلەن كەسپىي خىزمەتلەرنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇردى. ئۆتكۈر ھەجۋىي، يۇمۇرىستىك تىل بىلەن خۇراپاتلىقنى، نادانلىقنى، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ زوراۋانلىقىنى پاش قىلىپ ۋە قامچىلاپ، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولدى. بىر قانچە يىل ئىچىدە ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «پەرھات - شىرىن» ئوپېراسىدا پادشاھ رولىنى؛ «شاڭخەي كېچىسى» دراممىسىدا ياپون ئوفىتسېرىنىڭ رولىنى؛ «قانلىق داغ» دراممىسىدا لوزۇڭ رولىنى؛ «غېرىپ - سەنەم» ئوپېراسىدا جۇنەيدىل باغدادى رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ چىقىپ، كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازغا ئايلاندى.

خوتەندە سانايىنەفىسنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىيات مۇساپىسىدە خەلقنىڭ قىزغىن قوللىشى، ياردەم بېرىشى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇيۇن تەييارلاشتىن سەھنە ياساشقىچە؛ خوتەندىن يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ ئويۇن كۆرسىتىشتىن، قاينام - تاشقىنلىق ئاممىۋى يىغىلىشلاردا ئويۇن قويۇشقىچە ئۇلار ئارتىسلارغا ئىلتىپات كۆرسىتىپلا قالماي، ئات - ئۇلاغ، گىلەم، سۇ مېيى، ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ تامىقى قاتارلىقلاردا خالىسلىقنى ئىپادىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ سەنئەت سۆيەر كۆڭلىنى ھەمىشە ئىزھار قىلىپ كەلدى، بۇ ھەقتە تەسىرلىك ۋەقەلەر كۆپ.

خوتەندە سانايىنەفىسەنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىيات مۇساپىسىدە 1937 - يىلى 11 - ئايدا خوتەنگە كەلگەن 9 نەپەر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ ياردىمى، رولى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ئەھمىيەتكە ئىگە. مارۇي (ماجاۋسۇڭ)، گوجىنۇەن (گوشيەننەن)، تەن گۈيباۋ (تەن چىڭدىڭ) قاتارلىق بۇ كىشىلەر خوتەننىڭ سانائەت، مالىيە - سودا، مەدەنىيەت - مائارىپ ۋە ساقلىقنى ساقلاش خىزمەتلىرىدە، «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش» تەشۋىقات - تەرغىبات ئىشلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپلا قالماستىن، سانايىنەفىسگە مالىيە ياردىمى، ئويۇن مەزمۇنى ۋە بەدىئىيلىكى جەھەتلەردىكى ياردەملىرىنى كۆرسەتتى. ياپونغا قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتى ۋە پارتىيىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئۆمەك ئەزالىرىغا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئاڭ - سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولدى.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىش لازىمكى، خوتەن سانايىنەفىسە نوقۇل

ئويۇن قويۇشنى ئاساس قىلىدىغان كەسپىي ئۆمەك بولۇپلا قالماستىن، يېڭىچە مەكتەپ مائارىپىنى، مەدەنىيەت ـ ئاقارتىشنىڭ ئەھمىيىتىنى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي كۈرەش خەۋەرلىرىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەلىبىسىنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى خوتەن خەلقىگە تەشۋىق قىلىدىغان تەرغىبات قوشۇنى ئىدى. مەسىلەن، 1938 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى خوتەندە «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپ ياردەم جەمئىيىتى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ سانايىنەفىسە ئەزالىرىنىڭ بىر قىسمىدىن تەشكىللەنگەن تەشۋىقات ئەترىتى بىر قانچە ئاي كوچا ـ بازارلاردا تەشۋىق قىلىش، نۇتۇق سۆزلەش ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىئانە توپلاشقا سەپەرۋەر قىلدى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بىر يىل ئىچىدە 5 مىليون 770 مىڭ 80 سەر قەشقەر تەڭگىسى، 18 سەر سەككىز مىسقال ئاق تەڭگە، 15 سەر ئىككى مىسقال كېپەك ئالتۇن قاتارلىق خالىس مال ـ دۇنيا توپلىنىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئەۋەتىپ بېرىلگەندى.

خوتەن سانايىنەفىسە 1937 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 1942 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە بولغان جاللات شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىدىكى خوتەن رايونىنىڭ، 1942 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1949 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە بولغان گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى خوتەن رايونىنىڭ قاباھەتلىك يىللىرىدا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى، دەرد ـ ئەلەملىرىنى، غەزەپ ـ نەپرىتىنى، يالقۇنلۇق ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى كۈيلەپ، «تاڭ خورىزى» بولۇپ، ھۆرلۈك ناخشىلىرىنى قىچقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچىنى شەرەپ بىلەن ئادا قىلىپ، خوتەندىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋالدى.

2002 ـ يىلى نويابىر

(بۇ ماقالە ئەسلىدە «قاشتېشى دىيارىدىكى سەنئەت ئۈچقى» سەرلەۋھىلىك ئۈچ قىسىملىق بولۇپ، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا قىسقارتىلىپ ئېلان قىلىنغان. تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى نەزەردە تۇتۇلۇپ، بۇ كىتابقا بىرىنچى قىسمىلا تاللاپ ئېلىندى).

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇنارجان توختاخۇن
مەسئۇل كوررېكتورى: مۇنىرە مۇساجان
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

— ئەدەبىيات-سەنئەت

تۈزگۈچى: ئابدۇللا سۇلايمان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى№348 پوچتا نومۇرى: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
ئۈرۈمچى رېنشياڭ باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880×1230مم، 1/32،
باسما تاۋىقى: 13.75، قىستۇرما ۋارىقى: 2
2003-يىل 8-ئاي 1-نەشرى
2003-يىل 8-ئاي 1-بېسىلىشى
تىراژى: 3800 — 0001

ISBN 7—228—08242—7
ئومۇمىي باھاسى (ئالتە پارچە): 98.50 يۈەن

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## ناملىق يۈرۈشلۈك كىتابلار

- ★ يىللار، ئادەملەر، ۋەقەلەر
- ★ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، بوستانلىق ۋە ئېكولوگىيە
- ★ مەدەنىيەت، مائارىپ، تىبابەت
- ★ يىپەكچىلىك، قاشتېشى، گىلەمچىلىك
- ★ ئەدەبىيات - سەنئەت
- ★ ھېكايەتلەر
- ★ خەلق قوشاقلىرى (تاللانما)
- ★ خەلق چۆچەكلىرى (تاللانما)
- ★ خەلق داستانلىرى
- ★ ئەپسانە - رىۋايەتلەر
- ★ خوتەندە ئۆتكەن مەشھۇر كىشىلەر
- ★ خوتەن يەر - جايناملىرى
- ★ چەت ئەللىكلەر نەزىرىدىكى خوتەن
- ★ خوتەن كىتابلىرى ئۇچۇرى
- ★ خوتەن كارخانىچىلىرى

ISBN 7-228-08242-7

9 787228 082421 >

ISBN 7-228-08242-7
(民文)总定价(共六册):98.50元